# تەپەككۇر ئىلھاملىرى

(ماقالىلەر توپلىمى)

(2)

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

# تەپەككۇر ئىلھاملىرى

(ماقالىلەر توپلىمى)

(2)

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشرىياتى

بۇ كىتابنىڭ بېسىلىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلغان خەير-ساخاۋەتچىلىرىمىزدىن ئاللاھ رازى بولسۇن! جانابى ئاللاھ ئۇلارنى ھەر ئىككى دۇنيادا مۇراد-مەقسەتلىرىگە نائىل قىلسۇن!

مۇھەممەديۇسۇپ مۇھەممەدتۇرسۇن

# تەپەككۇر ئىلھاملىرى

(ماقالىلەر توپلىمى)

(2)

TEFEKKÜR ILHAMLERİ (2)

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشرىياتى

2024-يىلى 3-ئاي بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى
تۈركىيە -ئىستانبۇل

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 7

ئىسلام ۋە ھىجرەت ........ 9

دۇنياۋى ئىقتىسادىي كىرىزىس ئىسلام قانۇنىنىڭ ئادىللىقىنى ئىسپاتلىماقتا ........ 16

ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى ........ 20

ئىسلام قانۇنىنىڭ تۆت ئاساسى ........ 24

پىلانلىق ياشاش ـــ ھاياتنىڭ بەرىكىتىدۇر ........ 30

پىرىنسىپى مۇستەھكەم كىشىلەر قەدىرلىنىشكە لايىقتۇر ........ 36

قايتا كەلمەيدىغان نەسىل ........ 38

قەلب ئىبادەتلىرى ........ 42

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تومۇرىدىكى قان ـــ ئىماندۇر ........ 48

مۇسۇلمانلاردا كەم نەرسە ئىلىم ـ مەرىپەت ئەمەس، بەلكى ئىماندۇر ........ 83

سەۋرچانلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........ 90

سەجدە ۋە دۇئا ........ 96

كىشىلەرگە تەبەسسۇم قىلىش شۇنچىلىك قىيىنمۇ؟ ........ 99

ئىسلام دىنى ۋە تەركىدۇنيالىق ........ 101

شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ساقلىنىش يوللىرى ........ 105

ياخشىلىق ۋە دۇنيانىڭ چايانلىرى ........ 107

يۈرەكنى ياشارتىشنىڭ سەككىز خىل دورىسى ........ 110

بەخت ـ سائادەت ئىزلىشتا ئەمەس، بېرىشتە ........ 112

تەۋبە ـ ئىستىغپارنىڭ ئەھمىيىتى ........ 114

خۇشاللىق نەدە؟ ..... 119

سەممىي نەسىھەت — دىنىي زۆرۈرىيەتتۇر ..... 121

شۈكۈر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ..... 126

شەرقىي تۈركىستان مۇجادىلىسىدىكى ئىنكارچىلىق ئېڭىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ..... 134

فىتىر سەدىقىسى ھەققىدە 40 سوئالغا جاۋاب ..... 138

قانداق قىلغانىدا ھاياتىڭىزنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايسىز؟ ..... 148

ئادەملەر نېمە ئۈچۈن تەنقىدتىن قورقىدۇ؟ ..... 157

ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىڭ ..... 159

ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدسىزلەنمەيلى! ..... 163

ئىچىڭىز تېشىڭىزدىن گۈزەل بولسۇن ..... 168

ئىسلام فىقھىسى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ..... 170

ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق ..... 172

ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا يۈرەك سۆزلىرىم ..... 176

ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى ..... 187

ئىستىقامەت كارامەتنىڭ ئۆزىدۇر ..... 190

ھىجرەتنىڭ مەنىسى ۋە ھۆكمى ..... 197

مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىش ئېقىمى ..... 210

كەئبىنىڭ ئىشىكىگە ئىسمى يېزىلغان ئۇيغۇر خەتتات ..... 213

سەلەف سالىھلار ۋە سەلەفىيلىك دەۋاسى ..... 216

تەكفىر ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى ..... 224

دىن — سەممىيلىكتۇر ..... 252

ئاللاھ ھېچ نەرسىنى بىھۇدە ياراتمىغان ..... 254

بىر ئايەت ھەققىدە تەپەككۇر ..... 257

خائىنلىق ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان زىيىنى ..... 259

ئىنسان نېمە ئۈچۈن گۇناھ قىلىدۇ؟ ..... 262

يېڭى يىل بايرىمى (روژدېستۋا بايرىمى)نى قۇتلۇقلاش ھارامدۇر ..... 263
تۇنجى قاتىللىق جىنايىتى ..... 265
يېڭى يىل شۈكۈر قىلىش ۋە ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ۋاقتىدۇر ..... 270
ئىپپەت-نومۇس مۇسۇلمان خانىم-قىزلارنىڭ ھاياتىدۇر ..... 275
ئەجابىي بولۇڭ ..... 279
ئەجابىيلىق ئېسىل كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر ..... 285
ئىجتىمائىي ئىشلاردىكى ئىلاھىي تەلىماتلار ..... 287
ئىخلاس سىزنى مەقسەتكە يەتكۈزىدۇ ..... 297
ئىسلام ۋە ئىنسان تەبىئىتى ..... 302
ئىمان ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ ..... 305
ئىمانىنىڭ ھالاۋىتى ۋە بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ..... 307
ئىناقلىقنىڭ دۈشمىنى - سۇخەنچىلىك ..... 309
ئىنسانلارنىڭ بىلىش جەھەتتىكى دەرىجىسى ..... 312
ئەپۇ قىلىش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ..... 316
ئەقىل ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ..... 321
سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ..... 330
ياخشىلىق ۋە يامانلىق يەنىلا سىزنىڭ تاللىشىڭىزدۇر ..... 333
زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تەسىرى ..... 335
بىر ئايەت ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ..... 343
پىرىنسىپنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى ..... 346
خائىنلارغا ۋە ساتقۇنلارغا ياخشى ئاقىۋەت يوق ..... 348
روھ ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ..... 352
ئىلىم-پەننىڭ ياراتقۇچىنى ئىسپاتلاشتىكى رولى ..... 355
سىز چوقۇم قىلالايسىز ..... 358
گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش چارىلىرى ..... 360

شەيتاننىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى 363
غەپلەت ئادەمنىڭ ئەڭ قاراڭغۇلۇق چاغلىرىدۇر 366
قۇربانلىق ۋە بىز 368
«قۇرئان كەرىم» رىسالە بىلەن مۆجىزىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان كىتابتۇر 374
قۇرئان كەرىم» بىرلا ۋاقىتتا ئەقىلغا ۋە ھېسسىياتقا خىتاب قىلىدىغان كىتابتۇر 376
قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنىدىغا يېگانە كىتابتۇر 379
قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىر كۈچى 383
قۇرئان كەرىمدىكى ئىلمىي مۆجىزىلەر 386
قېتىرقىنىپ قىلغان ئىش راۋاجلىق ئىشتۇر 396
قىلغان ئىبادەتلىرى بىكار بولۇپ كېتىدىغانلار 399
ئەقلىيفون خۇمارىغا قانداق تاقابىل تۇرىسىز؟ 403
مۇۋەپپەقىيەتكە ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشاڭ 407
مېھرىبانلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇكەممەللىكىدۇر 411
مەزھەپ ھەققىدىكى مەسىلىلەر 415
نەپس جەننەتكە كىرىشنىڭ ۋەسىلىسىدۇر 428
نەسىھەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالايلى! 434
نەسىھەتنى سۈيئىستېمال قىلغۇچىلاردىن ھەزەر ئەيلەڭ 438
ھەسەت ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى 442
ۋاقىتنىڭ قىممىتى ۋە ۋاقىت ئوغرىسى 447
ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر 450
ئاللاھ تائالانىڭ «القريب» (يېقىن) دېگەن ئىسمى ھەققىدە 455
ئاللاھ تائالانىڭ «ئەل جەببار» دېگەن ئىسمى ھەققىدە 460
ئالىي ھىممەت سىزنى يۇلتۇزلارغا تاقاشتۇرىدۇ 465
يانفون ۋە غەيۋەتچى ئاياللار 468
ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەسلىك كىرىزىسى 471

ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ تۇرايلى! 478
بىزدە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن سۈننەت ئەمەل 483
ئۇيغۇرلاردا پاكىزلىق مەدەنىيىتى 485
يېزىلمىغان قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنىڭ ئەھمىيىتى 487
ئىبادەتتىن تەلەپ قىلىنغىنى كۆپ قىلىش ئەمەس، ياخشى قىلىشتۇر 489
بىزگە قانداق تىجارەتچىلەر كېرەك؟ 494
ئەھلى سۈننەت ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى 498
بىكار نەرسە يوق 504
چېقىمچىلىق ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىرى 507
ھىجرەت 509
ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ 517
گۇناھ قىلمايدىغان ئادەم يوق 519
شەرم ـ ھايا 522
ھايا بىلەن ئىمان قوشكېزەكتۇر 525
ھايا ۋە نومۇسچانلىق چوڭ نېمەت 528
سەۋرچانلىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسىدۇر 530
غەربلىكلەر نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆچ كۆرىدۇ؟ 534
ئىجابىي كىشىلەرگە گۈلدەستە 537
ئىبادەت ۋە ئادەت 539
زەمزەم قۇدۇقىغا سىيگەن سەھرالىق ۋە ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىكى سىيگەكلەر 543
سۇدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز 545
مۇھاجىرەتتىكى توي مۇراسىملىرىمىزغا نەزەر 549
ئىماننىڭ نېگىزى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر 552
دىندارلىق بىزنىڭ نىجاتلىق يولىمىزدۇر 556

قازاقستان سەپىرىم ... 560
ھايات سىناقتۇر 572
قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى 575
يەھۇدىيلار ۋە زىيونىزىم 581
ياخشى سۆز ۋە يامان سۆز 590
پەرزەنت تەربىيەسى 592
دىنىي ۋە مىللىي كىملىكنى قوغداش 596
ئوسمان مەۋلىۋى 597
ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ئىككى كەلىمە سۆز 601
يولباشچىلىق پاراسەت ۋە كۆيۈمچانلىق تەلەپ قىلىدۇ 605
سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قورقايلى 607
ھۇزۇرىڭىزنى بۇزۇشقا يول قويماڭ 610
ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلەيلى 613
ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ 616
گۇناھنى تونۇغان ئادەم ياخشى ئادەمدۇر 619
ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلگەن بەندىگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن 621
ئۆلۈك بېلىقتىن باشقىسى سۇنىڭ ئېقىشىغا ماگمايدۇ 624
ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئىلمى ئۆزلىرى بىلەن كەتمىسۇن 626
ئۆلىمانىڭ تور ئەخلاقى 628
ئۆلگە ۋە ئۈلگىلىك رولىنىڭ ئەھمىيىتى 632
ئۈمىد ـ ھايات چىرىغىدۇر 645
بالدۇر ئۆيلىنىشنىڭ 10 چوڭ پايدىسى 648
ئۇيغۇرچە دۇئا 654

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

ئەڭ گۈزەل ماختاش ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن قەلبىمدىن مەدھىيەلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىننى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت-سائادەت تىلەيمەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر يىللاردىن بېرى ژۇرناللاردا ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنغان دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى ماقالىلىرىمنىڭ توپلىمى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى نەشر قىلىنغان «قەلەم ئىلھاملىرى» ناملىق ئىككى قىسىملىق ماقالىلەر توپلىمىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ، خەلقىم بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئۆزۈم ئۈچۈن شەرەپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇلارنى رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بۇ توپلامدىكى ماقالىلەردە خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان كىرىزىسلارنى يېڭىش چارىلىرى، بەزى مۇھىم دىنىي مەسىلىلەرنىڭ بايانى، ھاياتىمىزدا ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ، شۇنداقلا تۇرمۇشىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ۋە ئائىلىمىزنى جەننەت باغچىلىرىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى ئورۇن ئالغان. يەنە بۇنىڭدا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنى قەلبى ئاللاھ تائالاغا باغلانغان، ۋەتىنىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان، ئانا تىلىنى، مىللىي ۋە دىنىي ئەنئەنىلىرىنى قوغدايدىغان، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇپ ياشايدىغان، ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولغان ياراملىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ يوللىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

بۇ ئەسەرنى تولۇق سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ سەمىمىي تەكلىپ ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى قىزغىن قارشى

ئالىمەن. ئۇلۇغ رەببىمدىن بۇ ئادەدىي ئەمگىكىمنى سالىھ ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن.

ــ مۇھەممەد يۈسۈپ

1445 ـ يىلى رامىزاننىڭ 8 ـ كۈنى
2024 ـ يىلى 18 ـ مارت، دۈشەنبە
ئىستانبۇل، تۈركىيە

# ئىسلام ۋە ھىجرەت

ھىجرەت — دىنىي مەقسەت بىلەن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىسلام تارىخىدا ھىجرەت ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بىرى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككىدىكى باشلىنىش دەۋرى؛ يەنە بىرى، مەككە ئازاد بولغاندىن كېيىنكى دەۋرىدۇر.

1. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مەككىدىكى بۇتپەرەس ئەرەبلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان تۈرلۈك قىيىن- قىستاقلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانكەشلىكلىرى سەۋەبلىك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى دەسلەپتە ھەبەشىستانغا، كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھرىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن. ھەتتا ھىجرەتتىن ئايرىلىپ قېلىش چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانالغان، چۈنكى شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ھەممە بىرلىكتە بۇ تۇنجى دۆلەتنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىش، كۈچ- قۇدرىتىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلامغا قارشى كۈچلەر ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىش يولىدا قۇدرەت تېپىشقا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى قاتتىق تەشەببۇس قىلىنغان، ھەتتا ئۆزرىسىز تۇرۇپ ھىجرەتنى تەرك ئەتكۈچىلەردىن دوستلۇقنى ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ھەققىدە ئايەتلەر نازىل بولغان. شۇلارنىڭ قاتارىدىن: ﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمْ يُهَاجِرُواْ مَا لَكُم مِّن وَلَٰيَتِهِم مِّن شَيْءٍ حَتَّىٰ يُهَاجِرُواْ﴾ «ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ھىجرەت قىلمىغانلار تاكى ھىجرەت قىلغانغا قەدەر سىلەرنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش مەجبۇرىيىتىڭلار يوقتۇر»[1]. ﴿فَلَا تَتَّخِذُواْ مِنْهُمْ أَوْلِيَآءَ حَتَّىٰ يُهَاجِرُواْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ﴾ «ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار»[2] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلاردىن ئۆزىنىڭ بىزار ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

[1] ئەنفال سۈرىسى 72 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] تەۋبە سۈرىسى 89 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

2. ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت بەرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى بەرپا بولغان ۋە ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنىڭ مەركىزى بولغان مەككىمۇ ئازاد بولۇپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەندىن كېيىن ھىجرەتنىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا: «مەككە ئازاد بولغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق، پەقەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە نىيەتلا قالدى. جىھادقا چاقىرىلغان ۋاقىتلاردا دەرھال چىقىڭلار»[1] دېگەن مەشھۇر سۆزنى جاكارلىدى.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، سەھرالىق بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھىجرەت توغرىسىدا سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھىجرەتنىڭ ئىشى بەك قاتتىق، سېنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى تۆگىسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «تۆگىنىڭ زاكىتىنى بېرىۋاتامسەن؟» دەپ سورايدۇ. ئادەم بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تۇرغان يېرىڭدە ئىشىڭغا داۋام قىلغىن، ئاللاھ سېنىڭ ئەمەلىڭدىن ھېچ نەرسىنى مۇكاپاتسىز قويمايدۇ»[2] دەيدۇ. يەنى بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنى ھىجرەت قىلىشتىن قايتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىدا تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئەمەل- ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان.

سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، مەككىدە «ھىجرەت قىلمىغان ئادەمنىڭ دىنى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ مەدىنىگە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ مەككىدە ئاڭلىغان ھېلىقى سۆزنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن مەككىگە قايتقىن، سىلەر شۇ جايدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىڭلار، ئەمدى ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەتلا قالدى» دەيدۇ.[3]

## ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدىمۇ؟

ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تېخى تۈگىگىنى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەت قالدى» دېگەن سۆزنى ئۆلىمالار «مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمما كۇپۇر يۇرتىدىن ئىسلام يۇرتىغا ھىجرەت قىلىش تا قىيامەتكىچە باقىيدۇر» دەپ

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

شەرھلەيدۇ.

دېمەك، كۇپپۇر يۇرتىدىن ئىسلام يۇرتىغا ھجرەت قىلىشنىڭ يولى تا قىيامەتكىچە ئۇچۇقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۇپپۇر يۇرتى بىلەن ئىسلام يۇرتىنىڭ سۈپىتىنى بىلىش كېرەك.

## كۇپپۇر يۇرتى بىلەن ئىسلام يۇرتىنىڭ سۈپىتى

كۇپپۇر يۇرتى بىلەن ئىسلام يۇرتىنى سۈپەتلەپ بەرگەن بىرەر ئايەت ياكى ھەدىس يوق. رايونلارنى ئىسلام يۇرتى ۋە كۇپپۇر يۇرتى دەپ ئىككىگە ئايرىش پەقەت ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىجتىھادى بىلەن بولغان ئىشتۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۆلىمالارنىڭ كۇپپۇر يۇرتى بىلەن ئىسلام يۇرتىغا بەرگەن تەرىپلىرى بىر خىل بولمىغان. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدلەر كۇپپۇر يۇرتىنى «كاپىرلارنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرى تولۇق ئىجرا قىلىنىدىغان دۆلەت» دەپ تونۇشتۇرغان بولسا، ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بولغان سەرەخسى ئىسلام يۇرتىنى «مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى كاپالەتكە ئىگە بولغان دۆلەت» دەپ تونۇشتۇرغان.

شافىئىي مەزھىپىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان بىيجۇرمى مۇنداق دېگەن: «تارىختا ئىسلام ئەھكاملىرى يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، لېكىن ئاھالىسى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلاردىن تەركىب تاپقان ياكى ئەسلىدە مۇسۇلمانلار ياشىغان بولسىمۇ، ئۇلار قوغلاپ چىقىرىلغان ھەر قانداق بىر جاي ئىسلام يۇرتىدىن سانىلىدۇ».

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىسلام يۇرتى دېگىنىمىز، مەيلى ئۇ جايلارنى كاپىرلار مۇستەملىكە قىلىۋالغان بولسۇن ياكى مۇسۇلمانلارنى قوغلاپ چىقىرىپ ئۆزلىرى ئىگىلىۋالغان بولسۇن، ئىسلام ئەھكاملىرى يۈرگۈزۈلگەن زېمىن بولسىلا ھېچبىر ۋاقىت كۇپپۇر يۇرتىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئەسلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتى. پەلەستىن بىلەن چېچەنىستان بۇنىڭ مىسالىدۇر.

ئەمما مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشى بويىچە، ئىسلام يۇرتى كاپىرلارنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرى يولغا قويۇلۇش بىلەن كۇپپۇر يۇرتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولغان، ئىسلام ئەھكاملىرى ئىجرا قىلىنىدىغان، مۇسۇلمانلار ئەزاننى ئەركىن ياڭرىتىپ، ئىبادەتلىرىنى توسالغۇسىز، ئازادە قىلالايدىغان دۆلەتنى ئىسلام يۇرتى دەپ قارايدۇ.

## خۇلاسە

كۇپۇر يۇرتى — ئاھالىسىنىڭ كۆپ سانلىقى كاپىرلاردىن بولۇپ، كاپىرلارنىڭ ھاكىمىيىتى مۇتلەق يۈرگۈزۈلىدىغان دۆلەتتۇر.

ئىسلام يۇرتى — ئاھالىسىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، ئىسلام ئەھكاملىرى كۆپرەك يۈرگۈزۈلىدىغان ياكى ئەسلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتى بولۇپ، كاپىرلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىگەن دۆلەتتۇر.

## ئىسلام يۇرتىنىڭ كۇپۇر يۇرتىغا ئايلىنىش مەسىلىسى

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈنلەي كاپىرلارنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرى يۈرگۈزۈلمىگىچە، كۇپۇرلۇق ھەر تەرەپتە ئومۇملاشمىغۇچە ۋە ھېچبىر مۇسۇلمان ئامانلىق ھېس قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلمىگىچە ئىسلام يۇرتى كۇپۇر يۇرتىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ.

مالىكىي مەزھىپىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى ئەرفە دۇسۇقى مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىنى كاپىرلارنىڭ بېسىۋېلىشى بىلەن ئىسلام ئىبادەتلىرى پۈتۈنلەي چەكلىنىپ كەتمىسىلا ھەرگىز كۇپۇر يۇرتىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ»[1].

ھازىرقى زامان ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقى زامانىمىزدىكى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ئوخشاش، گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام ئەھكاملىرى تولۇق ئىجرا قىلىنمايدىغان دۆلەتلەرمۇ ئىسلام يۇرتى ھۆكمىدىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلىگەن:

1. نوپۇسىنىڭ كۆپ سانلىقى كاپىرلاردىن تەشكىل تاپقان ۋە كاپىرلارنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرى يۈرگۈزۈلىدىغان دۆلەت كۇپۇر يۇرتىدۇر. بۇ خۇددى زامانىمىزدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئوخشاش.

2. ئىسلام يۇرتىنى كاپىرلار بېسىۋېلىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن ۋە ئاھالىلىرىنى پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقارغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز كۇپۇر يۇرتىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ، چۈنكى ئۇ زېمىن ئەسلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدۇر.

---

[1] «حاشية دسوقي» 2 - توم 188 - بەت

3. ئىسلام يۇرتىنى كاپىرلار بېسىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلغان ۋە كاپىرلار سانى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇيالايدىغان ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلىرىنى قىلالايدىغان ھالەتتە بولسا، بۇنداق دۆلەت ئىسلام يۇرتلىق ھالىتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

4. خۇددى ئىمام ئەزەم ئېيتقاندەك، ئىسلام يۇرتىدا پۈتۈنلەي كاپىرلارنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرى يۈرگۈزۈلمىگىچە، كۇپۇرلۇق ھەر تەرەپتە ئومۇملاشمىغىچە ۋە ھېچبىر مۇسۇلمان ئامانلىق ھېس قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلمىگىچە كۇپۇر يۇرتىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ.

## كۇپۇر يۇرتىنىڭ ئىسلام يۇرتىغا ئايلىنىش مەسىلىسى

شافىئىي مەزھىپىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە ماۋەردى مۇنداق دېگەن: «كاپىرلارنىڭ دۆلىتىدە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ئىبادەتلىرىنى ئازادە ۋە ئەركىن قىلالىسا، ئۇ دۆلەت ئىسلام يۇرتى قاتارىدىن سانىلىدۇ. مۇنداق بىر دۆلەتتە تۇرۇش ھىجرەت قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. مۇنداق قىلىشتا باشقىلارنىمۇ مۇسۇلمان قىلىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ»[1].

ھازىرقى زاماندىكى كۆپ سانلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئەسلىدە كۇپۇر يۇرتى بولسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغان دۆلەتلەرمۇ ئىسلام يۇرتى قاتارىدىن سانىلىدۇ. مۇنداق دۆلەتلەردە ئىسلام ئىبادەتلىرى ئاشكارا ۋە ئازادە قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، بەلكى مۇنداق دۆلەتكە ھىجرەت قىلىپ بېرىش لازىم كېلىدۇ.

## ھىجرەتنىڭ ھۆكمى

ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بويىچە، كۇپۇر يۇرتىدىن ئىسلام يۇرتىغا ئۆزىنىڭ دىنىنى قوغداش يۈزىسىدىن ھىجرەت قىلىشنىڭ ھۆكمى پەرز ۋە مۇستەھەبتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1. كۇپۇر يۇرتىدا دىنىنى ئاشكارا قىلىشقا پېتىنالمايدىغان ۋە زورلۇق بىلەن دىنىدىن ياندۇرۇلۇش خەۋپىدە قالغان ئادەم ئۈچۈن كۇپۇر يۇرتىدىن ئىسلام يۇرتىغا ھىجرەت قىلىش پەرزدۇر.

[1] «فتح الباري» 7 - توم 229 - بەت

2. دىنىنى ئاشكارا قىلالايدىغان، ئىبادەتلىرىنى ئازادە ئورۇندىيالايدىغان، ئۆزىنىڭ ئامانلىقى كاپالەتكە ئىگە بولغان ئادەمنىڭ كۇپپۇر يۇرتىدىن ئىسلام يۇرتىغا ھىجرەت قىلىشى مۇستەھەبتۇر[1].

قايسىبىر دۆلەتتە ۋە قايسىبىر ۋاقىتتا ھىجرەت قىلىشقا زۆرۈرىيەت تېپىلسا، ھىجرەت قىلىشنىڭ يولى ئوچۇق ۋە ھۆكۈمى باقىيدۇر. چۈنكى ئەقىدىنى مۇھاپىزەت قىلىش بولسا دىنىمىزدا جان تىكىپ قوغداشقا تېگىشلىك بەش چوڭ قىممەتنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمىدۇر. بۇ بەش چوڭ قىممەت بولسا دىن، جان، ئەقىل، نومۇس ۋە مال- مۈلۈكتۇر.

## ھىجرەت قىلغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدىغان جاي بولۇشى شەرت

ھىجرەت قىلىنماقچى بولغان يۇرت ئۆزىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ جېنى بىلەن مال- مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلالىشى شەرت. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى بىرىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغىنىدا، ئۇلارنى «ھەبەشىستانغا بېرىڭلار، چۈنكى ئۇ جايدا ئۆز تەرىپىگە كەلگەنلەرگە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر پادىشاھ بار» دەپ بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئارقىلىق ئۇ جايغا ھىجرەت قىلىپ بارغانلارنىڭ ھەقسىزلىككە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ۋە جېنى بىلەن مال- مۈلكىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا بۇ ئىشەنچ بولمىسا ئىدى، ساھابىلىرىنى ئۇ جايغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇمىغان بولار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەدىنىلىك ئەنسارىلاردىن كاپالەت ئالغان ۋە ئۇلارغا: «سىلەر مېنى ئۆزۈڭلارنى قوغدىغاندەك قوغداشقا، مېنىڭ ئائىلەمنى ئۆز ئائىلەڭلارنى قوغدىغاندەك قوغداشقا ۋەدە بېرەلەمسىلەر؟» دېگەن. ئەنسارىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى خۇددى ئۆزلىرىنى ۋە ئۆز ئائىلىسىنى قوغدىغاندەك قوغدايدىغانلىقىغا چىن ۋەدە بېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان.

دېمەك، ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇھاجىرلارنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت بېرىشى شەرت. مۇنداق بولمىغاندا، ھىجرەت قىلىشنىڭ شەرتى ھازىرلانمىغان بولىدۇ.



[1] مۇستەھەب قىلسا ساۋاب بېرىلىدىغان، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

## قايسى دۆلەتلەر ھىجرەت قىلغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ؟

بۈگۈن دۇنيادا پاناھ ئىزدەپ ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى ئەينى ۋاقىتتىكى مەدىنىلىك ئەنسارىلار مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلارنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلىدىغان بىرەر ئىسلام دۆلىتى بارمۇ؟

جاۋاب: ھازىرقى دۇنيادا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، باغرىغا باسىدىغان ۋە ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغان ھېچقانداق بىر ئىسلام دۆلىتى يوق! ئەمما مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەر مەۋجۇت، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆز پۇقرالىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز گىراژدانلىقىغا ئالىدۇ.

ئەمما مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەر مۇسۇلمانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق بىر ئىنسانغا مەقسەتسىز بىرەر ياخشىلىق قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بەكمۇ يىراقنى كۆزلەپ ئىش كۆرىدۇ، پىلانسىز ئىش قىلمايدۇ. ئۇلار يېنىغا ھىجرەت قىلىپ بارغانلارنى ئىسلامىي ئەقىدىسىدىن ياندۇرالمىسىمۇ، ئالدىرىماستىن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ نەۋرە- چەۋرىلىرىنى يولدىن چىقىرالايدۇ. شۇڭا ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە تۇغۇلغان بالىغا ئاتا- ئانىسى ئىگە بولۇشتىن ئاۋۋال ھۆكۈمەت ئىگە بولۇپ بولىدۇ. ئۇلار بىر ئائىلىلارنى قىلىپ بالىلارنىڭ قەلبىنى ئوۋلاشنى، ئاندىن ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئىگە بولۇشنى ئوبدان بىلىدۇ.



نۇرغۇنلىغان دىندار قېرىنداشلىرىمىز مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بېشىنى سىغدۇرالمىغانلىقى سەۋەبلىك، چارىسىزلىكتىن ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ھىجرەت قىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالماقتا. ئۇلار گەرچە بۇ دۆلەتلەردە ياشىغان بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھەرگىزمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇلار گەرچە ماددىي جەھەتتىن غەمدىن قۇتۇلغان بىلەن ئەقىدىسىنى قانداق قىلىپ ساغلام ساقلاپ قېلىش، بالىلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى قوغداپ قېلىش، توغرىسى ئۆز بالىلىرىغا ئۆزلىرى ئىگە بولۇشنىڭ غېمىدە ياشىماقتا.

# دۇنياۋى ئىقتىسادىي كىرىزىس ئىسلام قانۇنىنىڭ ئادىللىقىنى ئىسپاتلىماقتا

تۆۋەندە ئامېرىكا خەلقئارالىق قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستازى دوكتور ھۇسەيىن ھەسسانىنىڭ «دۇنياۋى ئىقتىسادىي كىرىزىس ئىسلام قانۇنىنىڭ ئادىللىقىنى ئىسپاتلىماقتا» دېگەن ماقالىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنماقچىمەن.

كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنلىرى ئۆزىنىڭ دەۋرگە ماسلىشالمايدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئىسپاتلاپ كەلگەن بولسىمۇ، نۆۋەتتىكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كىرىزىس بۇ ئىككى قانۇننىڭ ھەقىقەتەن يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىسلام قانۇنىنىڭ بارچە قانۇنلاردىن ئۈستۈن ۋە ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياغا نامايان قىلدى. چۈنكى كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم ئىقتىسادىي قانۇنلىرى ئىنسان تەبىئىتىگە يات ھالدا، ئىنسانىي ئېھتىياجلاردىن غەرەزلىك ھالدا پايدىلىنىپ، قەرزگە موھتاج بولغانلارنى قاتمۇقات ئۆسۈم تۆلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەمما ئىسلام قانۇنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا قەرز بېرىشىش ئىشلىرىنى بەدەلسىز ھالدا ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ. دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چۆكۈشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۆسۈمدىن ئىبارەت بولغانلىقىنى ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرى سۆزلىمەكتە ۋە كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەرمەكتە، چۈنكى ئۆسۈم ئىنسانلاردىكى ئۆزئارا دوستانىلىقنى ۋە ياردەمسۆيەرلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى يىمىرىپ تاشلايدىغان، ھەممە نەرسىنى ماددىغا باغلايدىغان بىر يامان ئاپەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سەۋەبتىن ئۆسۈمنى قەتئىي ھارام قىلىۋەتكەن. مەلۇمكى، ئۆسۈم ئەخلاقىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن ئىنسانلارنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىدىغان بىر ئاپەتتۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى ئۆسۈمنى قەتئىي ھارام قىلىپ ئۆسۈم مۇئامىلىسى قىلغۇچىلارنى دۇنيادا ۋەيرانچىلىق ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇردى. دۇنيا ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرى ئۆسۈمنى نۆلگە چۈشۈرۈش ياكى ھېچبولمىغاندا ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىش لازىملىقىنى سۆزلىمەكتە.

پۈتۈن ساماۋى دىنلار ئۆسۈمنى ھارام دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ساماۋى دىنلار ئىنسانلارنى ھەر ئىككى ئالەمدە بەختلىك قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغانلىقتىن، ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئۆسۈم يېيىشى بۇ دىنلارنىڭ روھىغا توغرا

كەلمەيدۇ، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھەق دىنىنىڭ تەلىماتىغا خىلاپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانىي ئەخلاقىمۇ زىت كېلىدىغان يامانلىقتۇر. شۇڭا بارلىق ساماۋى دىنلار ئۆسۈمنى ھارام سانايدۇ. پەقەت يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «تەۋرات»نى ئۆزگەرتىۋەتكىنىدىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ يەھۇدىيلاردىن باشقىلارغا جازانە قىلىشىنى، ئۇلاردىن ئۆسۈم يېيىشىنى ھالال سانىغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَمۡحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرۡبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ ٢٧٦﴾ «ئاللاھ جازانىنى (بەرىكەتسىز، پايدىسىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارىلاشقان مالنى) تۈزۈتۈۋېتىدۇ، سەدىقىنى (ئۆستۈرۈپ، پايدىسىنى) زىيادە قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەرقانداق تۈزكور گۇناھكارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ»[1]. ئىنسانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ بىراۋلاردىن قەرز سورىسا، ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشنى پۈتۈن دىنلار پەزىلەت ۋە ئىنسانىي خىسلەت دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۆسۈمنى بولسا بەدەلسىز سۈمۈرۈش دەپ تونۇيدۇ. ئىنسانلار ماددىغا چوقۇنۇشقا باشلاپ، ئىلاھىي تەلىماتلارنى ئۇنتۇغاندىن كېيىن، دىنىي ۋە ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىمۇ ئۇنتۇپ كەتمەكتە؛ بىراۋغا بىرەر ياخشىلىق قىلىپ قويسا ئۇنىڭ بەدىلىنى سورايدىغان، قەرز بېرىپ تۇرسا ئۇنىڭ ئۆسۈمىنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالماقتا. مېھىر- مۇھەببەت، ئۆزئارا ياردەم يوقالغان جەمئىيەتتە ھەرخىل كرىزىسلارنىڭ يۈز بېرىشى نورمال ئەھۋال، ئەلۋەتتە.

ئىسلامىي بانكىلار ئىسلام ئىقتىساد قانۇنىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ، ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەرەب قولتۇقى رايونلىرىدىكى بەزى ئىسلامىي بانكىلار ئاز ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىلىك يۈكسىلىپ، ئۆزىنى ۋە ئىنسانلارنى مەمنۇن قىلالىغان. مەسىلەن، قاتارنىڭ گاز شىركىتى 7 مىليارد دوللار بىلەن ئىش باشلىغان بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈكسىلىپلا قالماستىن، كۆپلىگەن نامرات دۆلەتلەرنىڭ يوللىرىنى ياساش، كۆۋرۈك سېلىپ بېرىش، ئايرودۇرۇم قۇرۇپ بېرىش، يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا قىلىش قاتارلىق كۆپلىگەن ئىنسانىي ياردەملەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا، كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىسلامىي بانكىلارمۇ كۈندىن- كۈنگە يۈكسەلمەكتە ۋە ئىنسانىي خىزمەتلىرىنىڭ تۈرلىرى ئاشماقتا. نۆۋەتتىكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىستا سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ھېچقانداق كرىزىس ياكى زىيانغا ئۇچرىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، بۇ مەملىكەتلەردىكى بانكىچىلىق ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ئىسلامىي پرىنسىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىندۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 276 - ئايەت

ئىنسانلار باشقىلارنىڭ ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ پايدا- زىيانلىرىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىلاھىي تەلىماتلارغا ۋە ئىلاھىي قانۇنغا ھەر ۋاقىت موھتاج.

## ئىشلەپچىقىرىش پەرزدۇر

ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىشلاردىن بىرى شۇكى، ئىشلەپچىقىرىش پەرزدۇر! ئىسلام دىنىدا ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش پەرز ھەم ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ كَمَا ٱسْتَخْلَفَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ ٱلَّذِى ٱرْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا﴾ «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى»[1]. بۇ يەردە ئېيتىلغان ياخشى ئەمەل، مەيلى ئىبادەت بولسۇن ياكى دۇنيا تىرىكچىلىكى بولسۇن، ئاللاھ رازىلىقى كۆزلەنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمانلار چوقۇم باي بولۇشى ۋە ئۆزىنى باشقىلار ئالدىدا خار قىلماسلىقى لازىم، چۈنكى ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئىشلەشكە، ئىجاد قىلىشقا ۋە كەشىپ قىلىشقا چاقىرىدۇ، شۇنداقلا توغرا نىيەت بىلەن قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنى ئىبادەت قاتارىدىن ساناپ، ئاللاھنىڭ ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى بايلىقلارنى پۈتۈن ئىنسانلارغا يېتىدىغان مىقداردا بەرگەن بولسىمۇ، ئىنسانلاردىكى شەخسىيەتچىلىك ۋە ئاچكۆزلۈكلەر نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ نامراتلىق ۋە يوقلۇق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشىگە سەۋەب بولماقتا. ئەگەر مۇسۇلمان بايلار زاكاتلىرىنى تولۇق ئايرىپ، كامىل ئادا قىلغان بولسا، دۇنيادا نامراتلىقتىن قىينىلىدىغان مۇسۇلمان قالمىغان بولاتتى. چۈنكى، دۇنيادا پۇل- ماللىرىغا مىليونلاپ زاكات كېلىدىغان مۇسۇلمان بايلارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەلۇم بىر پاي شىركىتىنىڭ دەسمايىسى 600 مىليارد دوللار بولۇپ، ئەگەر 2.5% نىگە زاكات ئايرىيدىغان بولسا، مىليونلاپ زاكات ئايرىيدۇ. بۇ مىقداردىكى زاكات بىلەن نۇرغۇن نامرات ئائىلىلەرنى قۇتقۇزغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىدە، تۈركىيەدە ۋە باشقا مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدىمۇ مىليونلاپ زاكات ئايرىيدىغان بايلار ئاز ئەمەس. مۇسۇلمانلار زاكاتلىرىنى تولۇق ئايرىغان بولسا، ئافرىقا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋە ناچار تۇرمۇش سەۋىيەسىدىكى مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزغىلى ۋە ئۇلارنى نورمال



[1] نۇر سۈرىسى 55 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

تۇرمۇش سەۋىيەسىگە ئېلىپ چىققىلى بولاتتى؛ (ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان،) غەززە ۋە باشقا دىيارلاردىكى ئېغىر كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەردلىرىنى ھەم يەڭگىللەتكىلى بولاتتى.

# ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام قانۇنى قۇرئان، ھەدىس، ئىجما ۋە قىياستىن ئىبارەت تۆت مەنبەنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، بۇ قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە كەلگەن بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر.

ئىسلام ئۆلىمالىرى مانا مۇشۇ تۆت ئاساسلىق مەنبەگە تايىنىپ نۇرغۇنلىغان ئىسلامىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كەلمەكتە، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىشلار ۋە مەسىلىلەرنى جاۋابلاندۇرۇپ ماڭماقتا. يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن كۆپلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھالال- ھاراملىق ھۆكمىمۇ مۇشۇ تۆت ئاساسلىق مەنبەگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بەلگىلىنىپ ماڭماقتا.

ئەپسۇسكى، يېقىنقى زامانلاردىن بېرى چىققان بىر قىسىم كىشىلەر قۇرئاننىلا ئاساس قىلىپ سۈننەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەرغىباتىنى ئېلىپ بارسا، يەنە بىر پىرقە كىشىلەر مەزھەپكە ئەگىشىشنى ئەخمەقلىق ساناپ، مەزھەپ پىشقەدەملىرىگە تىل ئۇزارتماقتا. ئەلۋەتتە ئالدىنقىسىنىڭ خەتىرى كېيىنكىسىدىن چوڭدۇر، چۈنكى مەزھەپكە ئەگىشىش پەرز ياكى ۋاجىپ ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئاۋام خەلقنىڭ مەلۇم بىر مەزھەپ سىستېمىسى بويىچە ماڭغىنى ئۇلار ئۈچۈن ياخشى. ئەمما «بىز سۈننەتتىن بىھاجەت» دېگۈچىلەرنىڭ تۇتقان يولى پۈتۈنلەي خاتا، سۆزلىگەنلىرى جاھالەت ۋە مەقسىتى كىشىلەرنى ئازدۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. «بىز قۇرئانچىلارمىز»، «بىز پەقەت قۇرئانغىلا تايىنىمىز»، «قۇرئاننىڭ ئۆزىلا بىزگە كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان ئاڭلىنىشى چىرايلىق، ئەمما باتىل مەقسەت قىلىنغان شوئارلارنى توۋلاپ يۈرگۈچىلەر ئىسلام دىنىنى يىقىتىشتىن باشقا مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بۇ سۆزلەر ئەمەلىيەتتە باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆزلەردۇر، چۈنكى «بىز قۇرئانچىلارمىز» دېگەن سۆز — ھەق سۆزدۇر. ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان قۇرئانچىدۇر: ئۇ قۇرئاننى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بولغان سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسلارنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نىيىتى باتىلدۇر. ئۇلار بۇ چىرايلىق سۆزى ئارقىلىق ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەتنى ئەمەس، بەلكى باتىلنى مەقسەت قىلغۇچىلاردۇر. يەنى ئۇ باتىل بولسا، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى ۋە ئىزاھاتى بولغان سۈننەتنى

ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنى ئۆز خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى پۇچەكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت نىجىس مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر!

قۇرئانچىلارنىڭ فىقھى مەزھەپلىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى «ئۇيدۇرۇلغان دىن» دەپ كەمستىشىنىڭ ئارقىسىدىكى رەزىل پىلانمۇ قۇرئان كەرىمنى مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ شەرھلىرىدىن ئۈزۈپ تاشلاپ، ئاندىن ئۆزى خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئۇلار توختىماستىن مەزھەپكە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى ھەدىستىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

«قۇرئاننىڭ ئۆزىلا بىزگە كۇپايە قىلىدۇ»، «ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» ۋە «ئىسلامدىكى مەزھەپلەر ئۇيدۇرما دىنلاردۇر» دەپ تەشۋىق قىلغۇچىلار ئۆزلىرى ھېس قىلماستىن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ئاۋانگارتلىرىدۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەربىرى ئىسلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن پىلانلار بولۇپ، ئەلۋەتتە بۇلارنى پىلانلىغۇچىلار مۇسۇلمانلار ئەمەس.

ئاللاھ تائالا ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت ھەر ئىككىسىنى ئۆز تەرىپىدىن نېمەت قىلىپ بەرگەن. نېمە ئۈچۈن؟ سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئۇچۇقلىشى، چۈشەندۈرۈشى ۋە شەرھلىشى ئۈچۈن! ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا قىلغان خىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱذۡكُرۡنَ مَا يُتۡلَىٰ فِي بُيُوتِكُنَّ مِنۡ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ وَٱلۡحِكۡمَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ لَطِيفًا خَبِيرًا ٣٤﴾ «ئۆيۈڭلاردا ئوقۇلۇۋاتقان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ھېكمەتنى (ھەدىسلەرنى) ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە) ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، (ئەھۋالىڭلاردىن) خەۋەرداردۇر»[1].

ئىمام شافىئىي، ئىبنى كەسىر، قەتادە قاتارلىق ئۆلىمالار يۇقىرىقى ئايەتتىكى «ھېكمەت» سۆزىدىن سۈننەت كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ئوقۇلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن.[2]

قۇرئان كەرىمنى سۈننەتتىن ئايرىيمىز دېگۈچىلەر خۇددى قۇشنى قانىتىدىن ياكى بېلىقنى سۇدىن ئايرىپ ھالاك قىلماقچى بولغانلارغا ئوخشايدۇ، چۈنكى قۇرئاننى سۈننەتسىز توغرا رەۋىشتە چۈشەنگىلى بولمايدۇ. شۇڭا شىئەلەر: «قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى سۈننەتنىڭ ياردىمىسىز چۈشىنىپ كېتەلەيمىز» دېگەن

[1] ئەھزاب سۈرىسى 34 - ئايەت

[2] «جامع بيان العلم وفضله» 17 - بەت، «الرسالة» 78 - بەت

دەۋانى قىلغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىسلامىي مەسىلىلەردە خاتالاشقان. بۇنىڭ ئاددىي بىر مىسالى، ئەگەر ئۇلار سۈننەتكىمۇ مۇراجىئەت قىلغان بولسا، تاھارەت ئالغاندا پۇتلارنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا ھەرگىزمۇ يالاڭ پۇتنىڭ ئۈستىگە مەسىھى قىلمىغان بولاتتى. ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى بولسا قۇرئان كەرىم ئايىتىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئالغاندا پۇتلىرىنى يۇغانلىقى ھەققىدە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ: «تاھارەت ئالغاندا پۇتلارنى يۇيۇش پەرز» دەپ قارايدۇ. چۈنكى شىئەلەر قۇرئاننىڭ تاھارەت ھەققىدە كەلگەن ئايىتىنى تەۋىل قىلىشتا خاتالاشقان. ئەگەر ئۇلار ھەدىسكىمۇ ھەم ئەگەشكەن بولسا مۇنداق قىلمىغان بولاتتى.

«قۇرئاننىلا تۇتۇپ، سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسنى قوبۇل قىلمايمىز» دېگۈچىلەر ئۇنداقتا قېنى ئېيتىپ باقسۇن، ئاق چېكىملىك ھالالمۇ ياكى ھاراممۇ؟ ئەگەر ئۇ ھارام بولسا، قۇرئان كەرىمدە ئۇنىڭ ھاراملىقىنى سۆزلىگەن ئايەت بارمۇ؟ جاۋاب: يوق! ئۇنداقتا ئاق چېكىملىك ھالالمۇ؟ بۇنى ئىسلام ئۈممىتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دىن ئەھلى ۋە بارلىق ئىنسانىيەت شەكسىز ھارام دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنىڭ قۇرئان كەرىمدە ھارام ئىكەنلىكىگە ئېنىق ئايەت كەلگەن ھاراقتىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھەممە ياخشى بىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاق چېكىملىكنى قايسى دەلىلگە ئاساسەن ھارام دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلالىدى؟ شەكسىزكى، قىياس دەلىلىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق ھۆكۈم قىلدى. ئەگەر ئىسلام ئۆلىمالىرى «ئاق چېكىملىكنىڭ ھارام ئىكەنلىكى توغرۇلۇق بىزنىڭ دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىمدە ئېنىق ئايەت يوق، شۇڭا ئۇنى ھارام دېيەلمەيمىز» دېگەن بولسا ئەھۋال قانداق بولاتتى؟ شۈبھىسىزكى، دىنىنىڭ ئىنسانىيەتنى بارچە ھالاكەتلەردىن ساقلاش ۋە ئۇلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىك مەقسىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتەلمىگەن بولاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، «بىزگە پەقەت قۇرئان بولسىلا يېتەرلىك، سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق» دېگۈچىلەرمۇ كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار قايسى دەلىلگە ئاساسلىنىپ نامازنى بەش ۋاخ ئوقۇيدۇ؟ بەش ۋاخ ناماز رەكئەتلىرىنىڭ سانىنى نەدىن بىلدى؟ ئەجەبا قۇرئاندا «بامداتنى مانچە رەكئەت، پېشىننى مانچە رەكئەت ئوقۇڭلار» دەپ بارمۇ؟! ئۇنداقتا بۇنى نەدىن بىلدۇق؟! تەبىئىيكى، سۈننەتتىن بىلدۇق. ناۋادا سۈننەت بولمىغان بولسا، بىز ئاللاھ تائالانىڭ نامازغا بۇيرۇشتىكى مەقسىتىنى، ئۇنى قانداق شەكىلدە ئادا قىلىش لازىملىقىنى نەدىن بىلگەن بولاتتۇق!؟

گەرچە قۇرئان كەرىمدە زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئايەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قاچان ئادا قىلىنىدىغانلىقى، كىملەرگە پەرز بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ

مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى... قاتارلىق ھۆكۈملەر بايان قىلىنغان ئەمەس، بەلكى بۇلار سۈننەتتە بايان قىلىنغان. «سۈننەتكە ئەمەل قىلمايمىز» دېگۈچىلەر «نەق پۇل ۋە ئالتۇن- كۈمۈشتىن %2.5 زاكات بېرىلىدۇ» دېگەن قائىدىنى نەدىن ئۆگەندى؟!

بۇنىڭدىن باشقا، شەرىئەتنىڭ ھالال- ھارامغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرىدىن بولغان «ئېمىلداشلار بىر- بىرى بىلەن نىكاھلىنالمايدۇ» دېگەن پىرىنسىپنى نەدىن ئۆگەندى؟ تەبىئىيكى سۈننەتتىن ئۆگەندى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلزُّبُرِۗ وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «(ئۇ پەيغەمبەرلەرنى) ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر ۋە مۇقەددەس كىتابلار بىلەن (ئەۋەتتۇق). بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق»[1].

ئەجەبا «ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان (ئەھكاملار)نى» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەردى؟ تەبىئىيكى، ئۆزىنىڭ سۈننەتلىرى بىلەن چۈشەندۈردى.



---

[1] ئەھزاب سۈرىسى 34 - ئايەت

# ئىسلام قانۇنىنىڭ تۆت ئاساسى

## بىرىنچى، قۇرئان كەرىم

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱتَّبِعُوا۟ مَآ أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا۟ مِن دُونِهِۦٓ أَوْلِيَآءَ﴾ «(ئى ئىنسانلار!) سىلەر رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (ساختا) ئىگىلەرگە ئەگەشمەڭلار»[1].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَعْتَدُوهَا ۚ وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ ٱللَّهِ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ﴿٢٢٩﴾﴾ «ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر»[2].

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەر ئارىسىدا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە ئەھكاملىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ ۖ فَٱحْكُم بَيْنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ ۖ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَآءَهُمْ عَمَّا جَآءَكَ مِنَ ٱلْحَقِّ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ ھەق كىتاب (قۇرئان)نى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھ بولغۇچى قىلىپ نازىل قىلدۇق. سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن چەتنەپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن»[3].

[1] ئەئراف سۈرىسى 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] بەقەرە سۈرىسى 229 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[3] مائىدە سۈرىسى 48 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

## ئىككىنچى، سۈننەت

سۈننەت ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرى، قىلغانلىرى، كۆرسەتكەنلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ئىسلام روھىغا مۇۋاپىق ھالدا قىلغان ئىشلىرىغا قارىتا قىلغان تەستىقنى كۆرسىتىدۇ. سۈننەت بىلەن ھەدىس ئىككىسى بىر مەنىدە كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى سۈننەتكە ئەگىشىشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَآ ءَاتَىٰكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَىٰكُمۡ عَنۡهُ فَٱنتَهُواْۚ﴾ «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ﴾ «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى قۇرئان كەرىمدە كەلگەن مۇجمەل ئەھكاملارنى ئوچۇقلاش، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش ۋە تەپسىلىي بايان قىلىشتەك ئالاھىدە مۇھىم خۇسۇسىيىتى بويىچە «قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى» دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا «ھېكمەت» نامى بىلەن سۈننەت ھەم ئاتا قىلغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈننەتتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىپ، ئۇنى قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە ئەمر قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى، بۇيرۇغانلىرىنى، توسقانلىرىنى ۋە جىمى ئەھكاملىرىنى گاھىدا ئەمەلىيىتى بىلەن، گاھىدا سۆزى بىلەن ۋە گاھىدا باشقىلارنىڭ توغرا قىلغان ئىشلىرىغا سۈكۈت قىلىش، خاتا قىلغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ئارقىلىق يەتكۈزگەن.

---

[1] ھەشر سۈرىسى 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] نىسا سۈرىسى 80 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

## ئۈچىنچى، ئىجما

ئىجما — ئىسلام ئۈممىتىدىن بولغان زاماندىكى ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرىئەت مەسىلىلىرىدىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بىردەك ئىتتىپاققا كېلىشى دېگەنلىكتۇر.[1]

ئىجما ئىسلام قانۇنىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئىجما قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتلەردە ھۆكمى بولمىغان يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدىلا بولىدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ھۆكمى بايان قىلىنىپ بولغان مەسىلىلەرگە ھېچكىمنىڭ چېقىشى پاتمايدۇ. ئىجما قىلىش پەقەت ئىجتىھاد (بار كۈچىنى سەرپ قىلىپ شەرىئەت دەلىللىرىدىن دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ئەھكاملىرىنى چىقىرىش) سالاھىيىتىگە توشقان ئۆلىمالارغىلا خاستۇر.

ئىجما ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇلار:

بىرىنچىسى، ئىجتىھاد قىلىش سالاھىيىتى بولغان ئۆلىمالاردىن ھەر بىرىنىڭ ئۆز قارىشىنى ئاشكارا سۆزلىشى ئارقىلىق بولىدىغان ئىجما بولۇپ، بۇ «ئىجما سەرىھ» (ئاشكارا ئىجما) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئۆلىمالاردىن بەزىسى ياكى بىرەرسى بىرەر مەسىلىدە پەتىۋا چىقارغان بولسا، ئۇنى ئاڭلىغان باشقا ئالىملار ئۇنى ئىنكار قىلماستىن سۈكۈت قىلغان ئىجما شەكلى بولۇپ، بۇ «ئىجما سۇكۇتىي» (مۇۋاپىقلاشقان ئىجما) دەپ ئاتىلىدۇ.[2]

ئىجما تۇنجى ئىسلام خەلىپىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدىن باشلاپلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزى قارار چىقىرىپ ھەل قىلاتتى، ساھابىلەرنىڭ ئىجما قىلىشىغا ھاجەت يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يېڭى كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە بۇرۇن بولمىغان ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىغاندا، ساھابىلەر قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتتە ھۆكمى بولمىغان مەسىلىلەرنى ئىجما قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا ئىسلام دىنىنى يوق قىلماقچى بولغانلار زاكات بېرىشنى رەت قىلىش يولى بىلەن بۇ نىجىس پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغاندا، بىرىنچى

---

[1] «روضة الناظر» 2 - توم 439 - بەت، «إرشاد الفحول» 63 - بەت، «الإحكام للآمدي» 1 - توم 196 - بەت

[2] «روضة الناظر» 2 - توم 492 - ۋە 496 - بەتلەر، «إرشاد الفحول» 74 - ۋە 75 ـ بەتلەر، «الإحكام للآمدي» 1 - توم 252ـ بەت.

خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھوشيارلىقى ئارقىسىدا ساھابىلەر زاكاتنى رەت قىلغۇچىلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا بىرلىككە كەلگەنلىكى ۋە غەلىبە قىلغانلىقى؛ ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى توپلاپ، دۆلەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئىجما يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى؛ ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ ئىجما يولى بىلەن قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇپ، ھەرقايسى ئىسلام شەھەرلىرىگە ئەۋەتكەنلىكى، جۈمە نامىزىغا ئىككى قېتىم ئەزان ئوقۇش مەسىلىسىنىڭ ئىجما ئارقىلىق يولغا قويۇلغانلىقى، زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغۇچىلار قاتارىدىن «كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار»نىڭ چىقىرىپ تاشلانغانلىقى ۋە باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر ساھابىلەرنىڭ ئىجما قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنغا ۋە بۇ دىننىڭ دەستۇرى قۇرئان كەرىمگە ئىنچىل ئەمەل قىلىدىغان ئەڭ ئۈلگىلىك زاتلار ئىدى. تا قىيامەتكىچە ھېچقانداق بىر ئالىمنىڭ ياكى تەقۋادارنىڭ ساھابىلەرنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇلار ئەنە شۇنداق تەڭداشسىز پارلاق يۇلتۇزلار ئىدى.

بۈگۈنكى دەۋردە، شۇ ئۈلگىلىك ساھابىلەر ئەمەل قىلغان ۋە تا ھازىرغىچە ئەسىرلەر بويى ئىسلام ئۈممىتى بىردەك ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن ئىجمانى رەت قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى نېمە چاغلايدىغاندۇ؟ ئۇلار ئەجەبا ساھابىلەردىنمۇ ئالىم ياكى ئۇلاردىنمۇ ئۇلۇغمۇ؟! ئۇلارغا نىسبەتەن ئەجەبا ساھابىلەردىنمۇ بەكرەك ئەگىشىشكە ھەقلىق كىشىلەر بارمىدۇ؟! ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇئمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگەشمىگۈچىلەرنى ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُشَاقِقِ ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ ٱلۡهُدَىٰ وَيَتَّبِعۡ غَيۡرَ سَبِيلِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ نُوَلِّهِۦ مَا تَوَلَّىٰ وَنُصۡلِهِۦ جَهَنَّمَۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا ١١٥﴾ «كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، (ئاخىر) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»[1].

## تۆتىنچى، قىياس

قىياس — قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ھۆكمى كەلمىگەن بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئىككىسىدە ئېنىق ھۆكۈمى كەلگەن بىرەر مەسىلىگە قىياس قىلىش (ئوخشىتىش) ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن،

[1] نىسا سۈرىسى 115 - ئايەت

هاراقنىڭ هاراملىقى ۋە قەتئىي مەنئى قىلىنغانلىقى قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن ئايىتى ئارقىلىق بېكىتىلگەن ھۆكۈمدۇر. ئەمما نەشە، ئەپيۇن ۋە ئاق چېكىشنىڭ هاراملىقى ۋە مەنئى قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ئوچۇق ھۆكۈم كەلمىگەن، چۈنكى بۇ نەرسىلەر قۇرئان كەرىم نازىل بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ياشىغان زامانلاردا يوق ئىدى. ئىسلام ئۆلىمالىرى نەشە، ئەپيۇن ۋە ئاقتىن كېلىپ چىقىدىغان دىنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تەن ساقلىقىغا بولغان زىيانلارنى هاراقنىڭ زىيىنىغا قىياس قىلىپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق بۇلارنىڭ هارام ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقلاشقان. چۈنكى هاراقنىڭ هارام قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى بۇلاردا ھەتتا ئارتۇقى بىلەن تېپىلىدۇ.

قىياس ئىسلام قانۇنىنىڭ تۆتىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. قىياسنىڭ ئىسلام قانۇنىنىڭ مەنبەلىرىدىن ئىكەنلىكىگە قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى دالالەت قىلماقتا.

1. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَمَا بَدَأْنَآ أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُۥ﴾ «مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز»[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، قىيامەت كۈنىدە مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈشنى ئۇلارنى دەسلەپتە يوقتىن پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاتقان. مانا بۇ قىياستۇر.

2. ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسى ئۈچۈن روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكمىنى سوراپ كەلگەن بىر ئايالدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «قاراڭ، ئەگەر ئانىڭىزنىڭ ئۈستىدە بىراۋنىڭ قەرزى قالغان بولسا، ئۇنى تۆلەمتىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئۇ ئايال: «ھەئە، ئەلۋەتتە تۆلىگەن بولاتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا ئانىڭىز ئۈچۈن روزا تۇتسىڭىز بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ھەدىستە ئايالنىڭ ۋاپات بولغان ئانىسىنىڭ گەدىنىدە قالغان روزىنى، تۆلىيەلمەستىن زىممىسىدە كەتكەن قەرزگە ئوخشاتقان. مانا بۇمۇ قىياستۇر.

ئىسلام قانۇنىنىڭ تۆت ئاساسلىق مەنبەسى تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىسكە ئىخچاملانغان:

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 104 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

مۇئـاز ئىبنـى جەبـەل رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن نەقـل قىلىنىدۇكـى، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئۇنـى يەمەنگـە قـازى قىلىـپ ئەۋەتكەنـدە، ئۇنىڭدىـن: «بىـرەر مەسـىلىگە دۇچ كەلسـەڭ قانـداق قىلىسـەن؟» دەپ سـورىغانىدى، مۇئـاز رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ جـاۋاب بېرىـپ: «ئاللاھنىـڭ كىتابـى بويىچـە ئىش كۆرىمـەن» دېـدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام يەنـە ئۇنىڭدىـن: «ئاللاھنىـڭ كىتابىـدا بولمىسـا قانـداق قىلىسـەن؟» دەپ سـورىغانىدى، مۇئـاز رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ جـاۋاب بېرىـپ: «رەسـۇلۇللاھنىڭ سـۈننىتى بويىچـە ئىـش كۆرىمـەن» دېـدى. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام يەنـە ئۇنىڭدىـن: «رەسـۇلۇللاھنىڭ سـۈننىتىدىمۇ بولمىسـا قانـداق قىلىسـەن؟» دەپ سـورىغانىدى، مۇئـاز رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ: «ئـۆز رەيىـم بىلـەن ئىجتىھـاد قىلىـپ بىـر تـەرەپ قىلىمـەن» دەپ جـاۋاب بـەردى. بـۇ ۋاقىتتـا پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇئازنىـڭ كۆكسـىگە قېقىـپ تـۇرۇپ: «پەيغەمبىرىنىـڭ ئەلچىسـىنى ئـۆزى ۋە پەيغەمبىـرى رازى بولىدىغـان ئىشـقا مۇۋەپپـەق قىلغـان ئاللاھقـا ھەمدىلـەر بولسـۇن» دېـدى. بـۇ ھەدىـس ئىسـلام قانۇنىنىـڭ ئاساسـلىق مەنبەلىرىدىـن بولغـان قۇرئـان، سـۈننەت ۋە ئىجتىھـاد ئۈچىنـى تەرتىـپ بىلـەن بايـان قىلغـان. ئىككىنچـى خەلىپـە ئۆمـەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بەسىرە شـەھىرىنىڭ قازىسـى ئەبـۇ مۇسـا ئەشـئەرى رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا يازغـان مەكتۇپىـدا: «قۇرئـان ۋە سـۈننەتتە ھۆكمـى بولمىغـان مەسـىلىلەر توغرۇلـۇق كىشـىلەر سـەندىن ھۆكـۈم سـوراپ كەلگەنـدە، ئـۇ مەسـىلىلەرنى سـەن ھۆكمىنـى بىلىدىغـان مەسـىلىلەرگە قىيـاس قىلغىـن، ئاندىـن ئالـلاھ تائالانـى ئـەڭ رازى قىلىدىغـان، ھەقىقەتكـە ئـەڭ ئۇيغـۇن رەۋىشـتە ھۆكـۈم چىقارغىـن» دېگـەن.[1]

دېمـەك، خەلىپـە ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـۇ ئەبـۇ مۇسـا ئەشـئەرى رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا يازغـان مەكتۇپىـدا ئىسـلام قانۇنىنىـڭ تۆتىنچـى ئاساسـلىق مەنبەسـى بولغـان قىيـاس ئارقىلىـق ھۆكـۈم قىلىشـقا بۇيرۇغـان.

ئالـلاھ تائالادىـن بىزلەرگـە ھەقىقەتنـى كۆرەلەيدىغـان قەلـب ئاتا قىلىشـىنى، قۇرئان ۋە سـۈننەتكە ئەمـەل قىلىدىغـان، ئىسـلام مەنبەلـىرى ۋە ئەھكاملىرىنـى قوغدايدىغـان غەيـرەت ئاتـا قىلىشـىنى سـورايمىز.

---

[1] «أخبـار القضـاة» 1 - تـوم 70 - بـەت، «أصـول التشـريع الإسـلامي» 17 - ۋە 79 - بەتلـەر، «مقدمـة فـي الفقـه» 17 - ۋە 38 - بەتلـەر.

# پىلانلىق ياشاش — ھاياتنىڭ بەرىكىتىدۇر

ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا خۇددى سۇدەك ھېسابسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆمرى ۋە ۋاقتىدۇر. ئىنسان تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، ئەقىل- ھوشىنى تېپىپ بولغىچە، ئۇ تېزلا قېرانلىق چاغلىرىغا يېتىپ قالىدۇ.

مىسىرلىق دوكتور ئىبراھىم فەقى ئۆزىنىڭ «مەسئۇللۇقنىڭ سېھرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «كۆپ سانلىق ئىنسانلار قېران چاغلىرىغا يەتكەنگە قەدەر ئۆزىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بىرەر پىلان ياكى بىرەر غايە تۇرغۇزالماستىن، پىلانسىز ۋە غايىسىز ياشايدۇ. ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، دۇنيادا ھاياتى ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، شۇ پىلان بويىچە ماڭىدىغانلارنىڭ نىسبىتى ئاران 3% نى، ئەمما ھاياتى ئۈچۈن بىرەر پىلان ياكى غايە تۇرغۇزماستىن ياشايدىغانلارنىڭ نىسبىتى 97% نى تەشكىل قىلىدىكەن. ‹مەن كىم؟›، ‹نەگە كېتىۋاتىمەن؟› دېگەن سوئاللارنى ئۆزىدىن سوراپ قويمايدىغانلار ھەر جايدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ياراتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: ﴿وَلْتَنظُرْ نَفْسٌ مَّا قَدَّمَتْ لِغَدٍ﴾ ‹ھەركىم ئەتە ئۈچۈن نېمە قىلىدىغانلىقىغا قارىسۇن›[1] دەپ خىتاب قىلغان. بۇ ئايەت ئىنسانغا بۇ ھاياتلىق سەپىرى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشنى ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈنمۇ ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن پىلان تۈزمەيمىز؟

كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بىرەر پىلان ۋە بىرەر غايە تۇرغۇزماسلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

### *(1) تۈزگەن پىلانغا ئەمەل قىلالماسلىقتىن قورقۇش*

ئىنسانلار بۇ قورقۇنچنى ئېغىزى بىلەن سۆزلىمىسىمۇ، بىرەر پىلان تۈزۈپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلالماي ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن ۋە شۇنىڭ



[1] ھەشر سۈرىسى 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

بىلەن روھىي مەنىۋىيىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى قائىدە- تۈزۈملەرنى ياخشى كۆرگىنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ قائىدە- تۈزۈملەر دائىرىسىدە ياشىشىنى ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى ئىنسان تەبىئىتى ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىكنى بەكرەك ياقتۇرىدۇ. ئەمما ھاياتتا ئۆزىگە مەلۇم پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىپ، شۇ پىلانلار بويىچە ئىش كۆرگەن ئادەمنىڭ پىلان- غايىسىز ياشىغان ئادەمدىن نەچچە ھەسسىلەپ كۈچلۈك بولۇشىدا شەك يوق.

### (2) ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق

بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئىرادىسىزلىكىنى يوشۇرۇش ۋە ئۆزىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن «ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنى ئەڭ ياخشىسىدۇر» دەيدۇ. دۇرۇس، بۇنىڭغا ئىمانىمىز كامىل، چۈنكى ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئەمما ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان مەزكۇر كىشىلەر ئېيتىلىۋالغان بۇ سۆز گەرچە ھەق بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن باتىل مەقسەت قىلىنغان. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى پىلانلىق ۋە غايىلىك ياشاشقا بۇيرۇغان. ھايۋانلار پىلانسىز ۋە غايىسىز ياشايدۇ، ئەمما ئىنسان پىلانلىق ياشاشقا يارىتىلغان مەخلۇقتۇر.

### (3) كېچىكتۈرۈش

قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرگەنلىك ۋاقىتنى ئوغرىلىغانلىق بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆز ھاياتىنىڭ نېسىۋىلىرىنى ۋە سائادىتىنى كېچىكتۈرگەنلىك بولىدۇ. كېچىكتۈرۈش مىكروبلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئادەم ھەر ئىشنى كېچىكتۈرىدۇ. «ئەتە قىلىمەن»، «ئۆگۈن قىلىمەن» دەيدۇ- يۇ، ھەرگىز قىلمايدۇ. ئۇ ئاخىرى ئۆزىگە كېلىدىغان مۇناسىپ پۇرسەتنى كۈتۈش جەريانىدا ئارمان بىلەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

### (4) پىلانلىق ياشاش ۋە قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن پىلان تۈزۈشنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشەنمەسلىك

كۆپ ئادەملەر پىلانسىز، غايىسىز ياشاشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكتىن، پىلان تۈزۈشنى ياقتۇرمايدۇ ۋە پىلانلىق ياشاشنىڭ پايدىلىرىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. بەزىلەر: «مەن يىللاردىن بىرى پىلانسىز ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما ئىشلىرىم غەلىبىلىك كېتىپ بارىدىغۇ» دەيدۇ. بۇ دىگەن ئاندا- ساندا بولۇپ قالىدىغان ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى ئايرىم ھالەتلەر يۇقىرىقى قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەمما ھاياتنى مۇنداق ئاندا- ساندا ئېشقا ئېشىپ قالىدىغان مەجھۇل تەلەي ئۈستىگە قۇرۇش خەتەرلىكتۇر.

31

### *(5) قانداق پىلان تۈزۈشنى بىلمەسلىك*

بەزى كىشىلەر ھاياتتا پىلان تۈزۈپ، شۇ پىلان بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلسىمۇ، قانداق پىلان تۈزۈشنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرى كېلىپ پىلان تۈزۈپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئالەمدىن كېتىپ قالىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن پىلان تۈزۈش زۆرۈر؟

ھاياتلىق ئىشلىرىدا پىلان تۈزۈش ۋە شۇ پىلان بويىچە ئىش كۆرۈش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە زۆرۈردۇر. ھاياتىمىزدا پىلان تۈزۈشنى بىز ئۈچۈن زۆرۈر قىلىدىغان 5 چوڭ سەۋەب بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### *(1) ئۆزىنى ئىدارە قىلىش*

چۈنكى ئىنساننىڭ ھايات ئىشلىرىدا، ئۇنىڭ بىرەر مۇكەممەل پروگراممىسى ۋە بىرەر مۇنتىزىم پىلانى بولسا، ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە ئاقىۋىتىنى ئۆزى كونترول قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۆزى باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ- دە، پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىدىكى ھەممە ئىشتا يېتەرلىك كۈچ- قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىنساننىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن پىلان تۈزۈشتىن ئالىدىغان كۈچ- قۇۋۋىتى ئەلۋەتتە تولىمۇ چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر. مۇنداق كۈچ- قۇۋۋەت ھاياتلىقنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى يېڭىشتە چوڭ ياردەمچى بولىدۇ، چۈنكى ھەر ئىشنى پىلانلىق ئېلىپ بارغان ئادەم ئىشلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، مەخپىي تەرەپلىرىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ- دە، ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ نىشانىغا يېتىش يولىدا تۈزگەن پىلانلىرى ئۇنىڭ بارچە مۈشكۈلاتلارنى ۋە توسقۇنلۇقلارنى يېڭىشى ئۈچۈن زاپاس قۇدرەتكە ئىگە قىلىدۇ. پىلان بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم ھاياتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن ھۇزۇر- ھالاۋەت ھېس قىلىدۇ. خۇددى ئارىستوتېل ئېيتقاندەك: «باشقىلار مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق نېمىدېگەن گۈزەل- ھە!».

### *(2) ئۆزىگە ئىشىنىش*

ھاياتتا پىلانىڭىزنى ئۇچۇق قىلىپ يېزىشىڭىزنىڭ ئۆزىلا سىزگە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزمۇ بىردىنلا ئاشىدۇ. ئاندىن ھاياتتىكى ئىشلىرىڭىزنى ئۆز كونتروللۇقىڭىزدا تۇتۇپ پىلانىڭىز بويىچە ئىش كۆرگىنىڭىزدە، بۇ ئىشەنچ ھەسسىلەپ ئاشىدۇ ۋە سىزنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىتتىرىدۇ. ئاخىرىدا، سىزنى كۆزلىگەن مەقسەتكە ۋە زور ئۇتۇقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەمنى ھېچكىم توختىتالمايدۇ ۋە يولىنىمۇ توسۇپمۇ قالالمايدۇ.

### (3) قىممەت يارىتىش

ئىنساننىڭ ھاياتلىقتىكى قىممىتى ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. قىممەت يارىتىش بولسا، پىلانلىق ھالدا ئىزچىل ئىشلەش ۋە توختىماستىن ئىلگىرىلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. پىلان بويىچە ئىش كۆرۈپ نەتىجە قازىنىشنىڭ ئۆزى ئىنساننىڭ ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە ئىشەنگەنلىكى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنسان ئۆز قەدىر- قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ.

### (4) ۋاقىتنى تېجەش

ئىنسان قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىن پىلانلىۋالغاندا، كۆپ ۋاقىتنى زايە بولۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئۇنى تېجەپ قالىدۇ، چۈنكى مۇنداق ئادەم ئاۋۋال نېمە قىلىش لازىملىقىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا ۋاقىت سەرپ قىلمايدۇ ۋە قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى ئالدى بىلەن قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ۋاقىتنى بىھۇدە زايە قىلغانلىقى ئۆزىنى ئۆلتۈرگىنىگە تەڭدۇر، چۈنكى ۋاقىت — ئۆمۈر، ۋاقىت — ھاياتلىقتۇر.

ھاياتتا بىرەر پىلانى ۋە مۇئەييەن بىرەر مۇددىئاسى بولمىغان ئادەملەرنىڭ ھاياتى ئىزتىراپ ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە پىلان بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، ئۆزلىرى بەختلىك كېلىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ھاياتىنىڭ تەمىنى بارچە لەززەتلىرى بىلەن تولۇق تېتىغان بولىدۇ، چۈنكى مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى زاپاس ئېنېرگىيە ئۇلارنى ھاياتنىڭ تەمىنى تېخىمۇ تولۇق تېتىشقا ئۈندەيدۇ. خۇددى روزۋېلت ئېيتقاندەك: «سائادەت پىلانلارنىڭ ۋە يارىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغاندۇر».

## ھاياتتىكى پىلانىمىزنى قانداق تۈزىمىز؟

ھاياتلىقتىكى ئۇتۇق ماددىي جەھەتتىكى ئۇتۇقلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. مۇنداق بىر ئۇتۇقتا تەن ساقلىقنىڭ ياخشى بولۇشى ياكى دوستلارنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ياكى ئالىي دىپلومغا نائىل بولۇش بىلەنلا يەتكىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتتا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۇتۇقنىڭ بىرەردىن پارچىسىدۇر، خالاس. ئەمما ھەقىقىي ئۇتۇق ھايات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل ئۇتۇقتۇر. شۇڭا ھايات قايناملىرىدا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەڭپۇڭلۇقنى ئاساس قىلغان مۇكەممەل بىر پىلان تۈزۈش ۋە ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى بەش چوڭ

ئاساسقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### (1) مەنىۋى تەرەپ

ھەر تەرىپى تەڭپۇڭلاشقان بىر ھاياتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرىنىڭ بىرى — ئۇنىڭ روھانىي تەرىپىدۇر. بۇ ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىمانى، ئېتىقادى، قىممەت قارىشى ۋە پىرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھاياتتا ئۆزىنىڭ ئاز- تولا ئۇتۇقلىرى بىلەن ماختىنىپ، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئۇنۇتقان ھالدا ياشايدىغانلار خام خىيال ئىچىدە ياشىغۇچىلاردۇر. ھەمىشە ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھالەتتە ساقلاپ تۇرىدىغان كىشىلەر ھەمىشە خاتىرجەملىك، كۆڭلى توق ۋە تولۇق بىر سائادەت ئىچىدە ياشايدۇ. چۈنكى بۇ مۇناسىۋەت ئۇلارغا ئەنە شۇنداق ھوزۇر- ھالاۋەتلىك بىر ھاياتنى تەقدىم قىلىدۇ. مۇنداق ئادەم ھاياتلىق سەپىرىدىكى مۈشكۈلاتلارغا قارشى كۈچ- قۇۋۋەت ۋە يېتەرلىك مەدەتكە ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىقى ئارقىلىق ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا ئۇ ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە مۇكەممەل ئۇتۇقلارغا قازىنالايدۇ.

### (2) شەخسىي تەرەپ

بۇ تەرەپ شەخسنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوقۇش، ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىش، ئارام ئېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ئىشلارنىمۇ ئالدىن تۈزۈلگەن پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

### (3) كەسىپ ۋە ئىش- خىزمەت

بۇ شەخسنىڭ كېلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك كەسىپى ياكى خىزمىتى ۋە ياكى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يولىدا بىلىم ئېلىش، كەسىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا بولغان تاقىتى ۋە قۇۋۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### (4) ماددىي تەرەپ

بۇ شەخسنىڭ كىرىمى، مائاشى ۋە قولغا كەلتۈرۈشى پىلانلانغان مال- دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### (5) تەن ساقلىق

بۇ شەخسنىڭ يېمەك- ئىچمەكتىكى يوسۇنى، پىرىنسىپى ۋە ئادىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقى بەش ئاساسقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇلار ھەققىدە تۈزگەن پىلانلارنى ئورۇنداش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ئۆزى ئىنسانىنى بەختلىك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. ئەمما بۇلارنىڭ بەزىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بەزىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش كۆزلىگەن سائادەتنى ھاسىل قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

# پىرىنسىپى مۇستەھكەم كىشىلەر قەدىرلىنىشكە لايىقتۇر

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى ئۆز پىرىنسىپىغا سادىق بولۇپ، قانداقلا بىر شارائىتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز پىرىنسىپىدا مۇستەھكەم تۇرسا؛ يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئەمما پىرىنسىپى مۇستەھكەم ئىنساننى باشقىلار قەدىرلەيدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئابدۇراھمان ئەرىفى «ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پىرىنسىپى ۋە ئېتىقادى مۇستەھكەم كىشىلەرنى ھەركىم قەدىرلەيدۇ، چۈنكى پىرىنسىپى مۇستەھكەم ئىنساننى باشقىلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنالمىغان ۋاقىتلاردا سۆككەن بىلەن، قەلبىدىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلغۇسى كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ ۋە ئۇنى چوڭ بىلىدۇ. بېشىغا كۈن كەلگەن چاغلاردا يەنىلا ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. پىرىنسىپال ئىنسانلار خاتالىقلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن، نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قانداق دىن، ھەر قانداق پەلسەپە ۋە ھەر قانداق بىر قانۇن ئىنسانلارنى پىرىنسىپال بولۇشقا، ھەركىم ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇشقا چاقىرىدۇ».

## پىرىنسىپال ئىنسانلار زىيان تارتمايدۇ

مەزكۇر كىتابتا يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «پىرىنسىپىدا ھېچكىمدىن پارا ئالماسلىق بولغان مەسئۇل كادىر، كىشىلەردىن پارا ئېلىپ ئەقلىنى ۋە روھىنى بۇلغىماسلىق ئۈچۈن نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرىدۇ، ئەقلىنىڭ ۋە ۋىجدانىنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا ئىش كۆرىدۇ. ئۇ <ھەدىيە> ياكى <سوۋغات> دېگەندەك چىرايلىقناملار بىلەن بېزەلگەن پارىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىر- بىرىگە قەتئىي يالغان ئېيتماسلىقنى پىرىنسىپ قىلغان ئەر- ئاياللارمۇ ھەر قانچە قىيىن شارائىتقا چۈشۈپ قالغاندىمۇ بىر- بىرىگە قەتئىي يالغان ئېيتمايدۇ. خېرىدارلارغا سەممىي ۋە راستچىل بولۇشنى پىرىنسىپ قىلغان سودىگەر ياكى دۇكاندار يالغان ئېيتمىسا زىيان تارتىپ قېلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولغان شارائىتلاردىمۇ قەتئىي يالغان

ئېيتمايدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى: «ھەقىقىي راستچىللىق — يالغان ئېيتىشتىن باشقا چارە قالمىغان ۋاقىتتىمۇ راست سۆزلەشتۇر» دېگەن قائىدىنى ئوتتۇرا قويغان. ئەرەبلەردە: «راست سۆزلىگەن ئادەم چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. شۇڭا قانداقلا بىر شارائىتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، راستچىللىقنى ئۆزىگە پرىنسىپ قىلغان ئادەم راستچىللىقى سەۋەبلىك چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، قەتئىي زىيان تارتمايدۇ. تەبىئىيكى، بىر سودىگەرنىڭ يالغان ئېيتىپ تاپقان بۈگۈنكى ئون دوللار ھارام پۇلىدىن راستچىل سودىگەرنىڭ راست سۆزلەپ تاپقان بىر دوللار پۇلى ئەۋزەلدۇر، كۆپتۇر ۋە بەرىكەتلىكتۇر».

# قايتا كەلمەيدىغان نەسىل

بىر كۈنى ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر مەجلىستە ئىدى. ئىككى ياش يىگىت بىر ئادەمنى تۇتۇپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇلار جاۋاب بېرىپ:

— بۇ ئادەم ئاتىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، — دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىدىن:

— بۇ راستمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشىمۇ تەن ئېلىپ:

— ھەئە شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى:

— تۆگىسى بىلەن مېنىڭ ئېتىزلىقىمغا كىرىۋاپتىكەن، توسسام قايتمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تاشنى ئاتقانىدىم، بېشىغا تېگىپ ئۆلۈپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئۇنداقتا، ساڭا ئۆلۈم جازاسى كېلىدىكەن، — دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئېتىراپىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭ كىم ۋە قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئىسمىنىمۇ سورىمايلا ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ قىساس ئېلىشتىن ئىبارەت ھۆكۈمىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆتۈنۈپ تۇرۇپ:

— ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئاسمان- زېمىننى تۇرغۇزغان ئۇلۇغ زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ماڭا بىر كۈن مۆھلەت بەرگەن بولساڭ، مەن يېزامغا بېرىپ ئايالىم ۋە بالىلىرىم بىلەن رازىلىشىۋالغان بولسام. ئائىلەمنى ئاۋۋال ئاللاھ، ئاندىن قالسا مەندىن باشقا باقىدىغان ھېچكىم يوق، — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— سەن ھازىر كەتسەڭ يەنە قايتىپ كېلىشىڭگە كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟ —

دەپ سورىغانىدى، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سۈكۈتكە چۆكۈپ، ھېچكىم بىر نەرسە دېمىدى. چۈنكى ھېچكىم بۇ ئادەمنى تونۇمايتتى، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ 10 ياكى 20 دىرھەم پۇلنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى جان مەسىلىسى ئىدى. جان كېتىدىغان بىر ئىشقا ھېچكىم ئۆزى تونۇمايدىغان بىر ئادەم ئۈچۈن كېپىل بولۇشنى خالىمىدى.

مەزكۇر ئادەمنىڭ ھالىغا قارىسا كىشىنىڭ تولىمۇ ئىچى ئاغرىيتتى. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇششاق نارىسىدىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھەر ئىشى بۇ ئادەمنىڭ زىممىسىدە ئىدى. بۇ ئادەم ۋاپات تاپسا ئۆيىدە قالغان چارىسىز نارىسىدىلىرىنىڭ ھاياتىمۇ خەۋپتە قالاتتى، ھەتتا ئاچلىقتىن ۋاپات تېپىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىگە كىم ئارىلىشالىسۇن؟! كىممۇ ئۇنى ئۆلۈمدىن سوراپ قالالىسۇن؟! كىممۇ بۇ توغرىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېغىز ئاچالىسۇن؟! چۈنكى ھەممە بىلىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسى، خۇسۇسەن قىساس قانۇنى باي- كەمبەغەل، رەئىس- پۇقرا، ئابرۇيلۇق- ئابرۇيسىز دەپ ئايرىمايدۇ. قىساستا شاپائەتمۇ قىلىنمايدۇ، چۈنكى مۇنداق قىلىش قىساس ئالغۇچىلارنىڭ ھەققىگە قىلىنغان خىيانەت ھېسابلىنىدۇ. ساھابىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان بىلگەنلىكتىن قاتتىق باش قاتۇردى ۋە سۈكۈتكە چۈشتى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ گاڭگىراپ قالدى.

ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى ئىككى ياشقا قاراپ سورىدى:

— بۇ ئادەمنى كەچۈرەمسىلەر؟

— ياق، چۈنكى ئۇ ئاتىمىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، ئۇنى كەچۈرمەيمىز، ئاتىمىزنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىمىز، — دېيىشتى ئۇلار.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپچىلىككە قاراپ شۇنداق سورىدى: «بۇ ئادەمنىڭ ئائىلىسى بىلەن رازىلىشىپ كېلىشىۋېلىشى ئۈچۈن كىم كېپىل بولىدۇ؟».

بۇ ۋاقىتتا ساھابىلەرنىڭ كاتتىلىرىدىن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئادەم ئۈچۈن كېپىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەلۇمكى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرنىڭ ياشتا چوڭلىرىدىن بولۇپ، تەقۋالىقى ۋە راستچىللىقى بىلەن تونۇلغان ساھابە ئىدى. ئۇنىڭ «مەن كېپىل بولىمەن» دەپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەيران قالدۇردى.

— بۇ ئۆلۈم ئىشى، — دېدى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا قاراپ. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— مەيلى قاتىل بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا كېپىل بولىمەن، — دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— سەن ئۇنى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— تونۇمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئۇنداقتا تونۇمىغان بىر ئادەمگە نېمىشقا كېپىل بولىسەن؟ — دېگەنىدى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— بۇ ئادەمدە ھەقىقىي مۇسۇلمانغا خاس بىر يۈزنى كۆردۈم، شۇڭا ئۇنىڭ يالغان ئېيتمايدىغانلىقىغا ئىشەندىم. ئاللاھ خالىسا ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى ئىشەنچ بىلەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى ئەبۇ زەر، شۇنى بىلگىنكى، بۇ ئادەمنى سېنىڭ كاپالىتىڭدە قويۇپ بېرىمەن. ئۈچ كۈن ئىچىدە كەلمىسە، سەن بېشىڭ بىلەن جاۋاب بېرىسەن، — دېدى.

— ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! بۇ ئىشتا ئاللاھتىن ياردەم سورايمەن، — دېدى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

ئۇ كىشى كېتىپ قالدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەن بولۇپ، ئۇ كىشى ئائىلىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۆزىدىن قىساس ئېلىنىشى ئۈچۈن ھازىرلىنىپ كەلمەكچى ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنە شەھىرىدە جامائەتنى يىغىپ تەييارلاندى. ئاتىسىنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ھېلىقى ئىككى ياشمۇ كېلىپ بولدى. ۋاقىت ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ھەش- پەش دېگۈچە ئۈچىنچى كۈننىڭ ئەسىر نامىزى ۋاقتى كىرىپ قالغان ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ پات- پات سوراپ قوياتتى:

— قېنى ئۇ ئادەم كەلمەيدىغۇ؟

— ئاللاھ خالىسا چوقۇم كېلىدۇ!

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پات- پات ئاسمانغا قارايتتى، كۈن ناھايىتى تېزلىكتە پېتىش تەرەپكە ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ساھابىلەر سۈكۈت ئىچىدە كۈتەتتى، چۈنكى ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بىر ئاللاھقىلا ئايان ئىدى.

توغرا، ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىدىكى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئورنى چوڭ ئىدى، ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنى

ئۆزىنىڭ بىر پارچىسى دەپ بىلەتتى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىشتا جازالانغۇچى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۈز- خاتىرە قىلىشقا بولمايتتى.

كۆپ پاتقىلى ئاز قالغاندا ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ھېلىقى ئادەم يېتىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن ساھابىلەر «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ تەكبىر ئېيتتى ۋە خۇشاللىقىنى باسالماي ئۇ كىشىگە:

— سەن يېزاڭدىن قايتىپ كەلمىگەن بولساڭ، سېنىڭ بار يېرىڭنى بىز بىلمىسەك، سېنى نەدىن تاپار ئىدۇق؟ — دېگەنىدى، ئۇ كىشى:

— ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! مەن پەرزەنتلىرىمنى سۇسىز، دەل- دەرەخسىز چۆلدە خۇددى قۇشنىڭ باللىرىدەك تاشلاپ قويۇپ، ئۆلۈمگە ھازىر بولۇپ كەلدىم. چۈنكى ئىنسانلاردا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش تۈگەپ كېتىپتۇ دېيىلىشتىن قورقتۇم، — دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

— سەن نېمىشقا ئۆزۈڭ تونۇمايدىغان بىر ئادەمگە كېپىل بولدۇڭ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئىنسانلاردا ياخشىلىق تۈگەپ كېتىپتۇ دېيىلىشتىن قورقتۇم ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! — دېدى. ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىساس تەلەپ قىلىۋاتقان ئىككى ياشقا قاراپ:

— نېمە دەيسىلەر؟ — دېگەنىدى، ئۇ ئىككى ياش:

— ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! بولدى، بىز بۇ ئادەمنى كەچۈرۈۋەتتۇق. «ئىنسانلاردا كەچۈرۈم قىلىش تۈگەپ كېتىپتۇ» دېيىلمىسۇن، — دېدى كۆز يېشى قىلغان ھالدا.

بۇ مەنزىرىگە شاھىد بولغان ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياجاندىن كۆز ياشلىرى سىرغىپ چۈشۈپ ساقىلىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

قاتىل بولسىمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان ئۇ كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!

ئاتىسىنىڭ قاتىلىنى كەچۈرۈۋەتكەن ئىككى ياشقا ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!

ئۆزى تونۇمايدىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!

ئادالىتى بىلەن تونۇلغان ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!

# قەلب ئىبادەتلىرى

ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى جىسمانىي ئىبادەتلەرگە، خۇسۇسەن زاھىرىي ئىبادەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، قەلب بىلەن قىلىنىدىغان كىشىلەر كۆرمەيدىغان ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھالبۇكى، قەلبنىڭ ئەمەللىرى بەدەنىنىڭ ئەمەللىرىدىن مۇھىم ۋە تېخىمۇ ئېتىبارلىقتۇر. قەلبنىڭ ئەمەللىرى ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قەلبنىڭ ئىخلاسى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئادەمنىڭ ئاخىرىتىنى بەلگىلەيدۇ. ساغلام قەلب ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ كاپالىتىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ لَا يَنفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ ﴿٨٨﴾ إِلَّا مَنْ أَتَى ٱللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ ﴿٨٩﴾﴾ «ئۇ كۈندە مال- دۇنيامۇ، بالا- چاقىلارمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن ئادەملا (پايدا تاپىدۇ)»[1]. قەلبنىڭ ساغلاملىقى ئادەمنىڭ مۇكەممەللىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ؛ ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئۇ قەلبتۇر».[2]

قەلب بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر جىسمانىي ئىبادەتلەردىن مۇھىم ۋە ساۋاب جەھەتتە يۇقىرىدۇر. قەلب ئەمەللىرىنىڭ مۇھىملىرىدىن: ئىخلاس، تەقۋالىق، سەۋر، قورقۇش ۋە ئۈمىدتۇر.

## 1. ئىخلاس

ئىخلاس — قىلىدىغان ئەمەلنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىش، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا بىر مەقسەتنى ئويلىماسلىق دېگەنلىكتۇر. ئىخلاس ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن بىرىنچى شەرتتۇر، چۈنكى دىندا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلىنمىغان ئىخلاسسىز ئەمەل قوبۇل بولمايدۇ.

[1] شۇئەرا سۈرىسى 88 - ، 89 - ئايەتلەر

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىخلاس — قەلب قىتىدىن كەلگەن سەممىي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن ساداقەتتۇر. ئىخلاسنىڭ ئەكسى رىيادۇر. قىلىنغان ئىبادەت ۋە ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشلاردا ھېچقانداق بىر مەنپەئەت ياكى پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى مەقسەت قىلىش ئىخلاسنىڭ ئاساسىدۇر. ھەقىقىي ئىخلاس ھەققىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ قىسسىسى ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زالىم نەمرۇد تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان ۋاقتىتا، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ: «خالىساڭ ساڭا ياردەم قىلاي ۋە سېنى ئوتتىن قۇتۇلدۇراي» دېگەن تەكلىپىگە قارىتا: «پەرۋەردىگارىم مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلىدۇ شۇنداقمۇ؟!» دەپ سورايدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە بىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا ساڭا ئېھتىياجىم يوق، مېنىڭ بۇ ھالىمنى ئاللاھ تائالانىڭ بىلىشى ماڭا يېتەرلىكتۇر» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي چىن ئىخلاسنىڭ بىردىنبىر مىسالىدۇر.

ئىخلاس توغرىلىق كەلگەن ئايەت ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىگە ئاساسلانغاندا، نىجات يولى پەقەت ئىخلاستىدۇر. ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى دۇنيالىق سائادىتى ۋە ماددىي- مەنىۋىيىتىگە كېپىللىك قىلالايدىغان ئىخلاستىن بۆلەك ئىككىنچى بىر خىسلەت يوقتۇر. بەندە ئۆزىنىڭ ھەربىر ئەمىلىنى ئىخلاس بىلەن قىلىشى ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇھىمدۇر، چۈنكى زەررىچىلىك ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەل — ئىخلاسسىز قىلىنغان مىڭلارچە ئەمەل- ئىبادەتتىن ئۈستۈندۇر.

ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىخلاس تەلەپ قىلىنىدۇ. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، يېتىم- يېسىرلارغا ياردەم قىلىش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىدە ئىخلاسنىڭ تېپىلىشى شەرتتۇر. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىخلاسى بار. مەسىلەن، سەممىي ئىخلاس بىلەن باغلانغان مۇھەببەتنىڭ بىر زەررىسى — بىرەر مەنپەئەت يۈزىسىدىن باغلانغان مۇھەببەتتىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە قىممەتلىكتۇر. ئىنسانلار ئىچىدىكى چىن مۇھەببەتنى كۆرۈشنى خالىغان كىشى ئانىلارنىڭ تەبىئىتىگە قارىسا بولىدۇ. ئانىلارنىڭ مۇھەببىتى ھەقىقىي چىن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان مۇھەببەتتۇر. ئۇلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان جاپا- مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، چىن دىلىدىن بالىلىرى ئۈچۈن كۆيۈپ- پىشىپ چوڭ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن بالىلىرىدىن ھېچقانداق مۇكاپات ياكى سوۋغا- سالام تاما قىلمايدۇ، پايدا- مەنپەئەتمۇ كۆزلىمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بەندە قىلغان ھەربىر ئىش- ئەمىلىدە ئاللاھ تائالاغا شۇنداق چىن ئەقىدە ۋە سۆيگۈ بىلەن ئىخلاس قىلغاندا، ئاندىن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇخلىسىغا

ئايلىنالايدۇ.

ئاللاھ تائالا پەقەت چىن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەل- ئىبادەتلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى خالىس ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىشلىرىنى، دۇئالىرىنى سەممىي قىلىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئىبادەتتە قەلب بەك مۇھىمدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئەمەل- ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش بىلەن ياكى كۆپ كىشىلەرنى دىنغا ئەگەشتۈرۈش بىلەن قازىنىلمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى پەقەت ئىخلاس بىلەنلا قازىنىلىدۇ. شۇڭا بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز ياكى بىرەر ياخشى نىيەت ھەقىقىي سائادەتكە ۋە مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەل- ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ قىلىنىشىغىلا قارىماستىن، بەلكى قەلبتىكى ئىخلاسقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، چۈنكى كېرەك بولغىنى ئىخلاستۇر. مەن بۇ سۆزۈم بىلەن، ئەمەل ئىبادەتلەرنى ۋە دىنغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىنى پايدىسىز دېمەكچى ئەمەسمەن، بەلكى مۇشۇ ئەمەل ئىبادەتلەرنىڭ ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ قىممەتكە ئىگە بولۇشى ئىخلاس بىلەن بولىدۇ دېگەننى ئۇچۇقلىماقچىمەن. زادى ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن باشقا مەقسەت ۋە مەنپەئەتلەرنى كۆزلەپ قىلىنغان پۈتۈن ئەمەللەر ۋە ئىبادەتلەر بىكاردۇر. مەسىلەن، كۆمۈر كىلوگىرام بىلەن، ھەتتا تونىلاپ، ئالتۇن بولسا گىراملاپ تارتىلىدۇ. ئىخلاسلىق ئەمەل ئالتۇن بولسا، ئىخلاسسىز ئەمەل خۇددى كۆمۈرگە ئوخشايدۇ. بۇ مىسالدىن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئىبادەت بىلەن ئىخلاسسىز ئەمەل- ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

## 2. تەقۋالىق

تەقۋالىق — ئاللاھ تائالاغا ۋە ئىنسانىيەتكە قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشاش دېگەنلىك بولۇپ، بۇمۇ قەلبنىڭ ئەمەللىرىدىن سانىلىدۇ. ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى بىلىپ، ئۇلارنى تولۇق ئورۇندىغان ئادەم تەقۋا ئادەم دېيىلىدۇ، چۈنكى تەقۋا سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى — ساقلىنىش دېگەنلىك بولىدۇ. نېمىدىن ساقلىنىش؟ تەبىئىيكى، گۇناھتىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىش، شۇنداقلا ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر. شۇڭا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ئادەم تەقۋا ئادەمدۇر. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە، ئىنسانلارنىڭ ھەق- ھوقۇقلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشىشى ئۇنىڭ تەقۋالىقىدۇر.

تەقۋا سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى — بىر- بىرىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىغا توساق قويۇش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچرىغۇچىنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىدىن قوغداش دېگەنلىكتۇر. ئەرەبلەرنىڭ «اتقى بترسه» (قالقىنى بىلەن ئۆزىنى قوغدىدى) دېگەن سۆزى ۋە ساھابىلارنىڭ قاتتىق ئۇرۇش ئەسناسىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا كېلىۋېلىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئوقيالىرىدىن قوغدانغانلىقىنى «اتقينا برسول الله» دەپ ئىپادىلىگەنلىكى بۇنىڭ مىسالىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنى بايان قىلىپ: «ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى باشقىلارغا سېتىش ئۈچۈن بۇ مالنى ماختاپ، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ ئۇنىڭ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر- بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، ئۆزئارا تۇزاق قۇرۇشماڭلار، بىر- بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار. ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە موھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار ۋە تۆۋەن كۆرمەيدۇ. تەقۋالىق بۇ يەردىدۇر» دەپ ئۆزىنىڭ كۆكسىگە ئىشارەت قىلغان ۋە: «تەقۋالىق بۇ يەردىدۇر!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. گوياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق دەپ سانىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئىنساننىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنى خار كۆرۈشى يېتەرلىكتۇر، مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى بوزەك قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر؛ ئۇنىڭ قېنى، مال- مۈلكى ۋە نومۇسىغا تېگىش ھارامدۇر» دېگەن.

### 3. سەۋر

سەۋر — قەلبنىڭ ئەمەللىرىدىن بىرى بولۇپ، سەۋرنىڭ دەرىجىسى ئالاھىدە يۇقىرىدۇر. سەۋر مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىشتا چىدام كۆرسىتىش؛ ئىككىنچىسى، گۇناھ- مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇشتا ئىرادىلىك بولۇش؛ ئۈچىنچىسى، بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلار ۋە مۇسىبەتلەر ئالدىدا سەۋرلىك بولۇش قاتارلىقلاردۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سەۋر قۇرئان كەرىمدە توقسان دىن كۆپرەك ئورۇندا زىكىر قىلىندى، چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتا خىسلىتى ۋە ئىماننىڭ يېرىمىدۇر، ئىماننىڭ قالغان يېرىمى شۈكرىدۇر».

## 4. قورقۇش

ئاللاھ تائالادىن قورقۇش — قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر ۋە ئىبادەتلەرنىڭ كاتتىسىدۇر. ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم چوقۇم ئاللاھ تائالادىن قورقۇش بىلەن ئۇنىڭدىن ئۈمىد قىلىش ئارىسىدا ياشايدۇ.

- مۇئمىن ئادەم ئەمىلىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن قورقىدۇ.
- مۇئمىن ئادەم گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنماسلىقىدىن قورقىدۇ.
- مۇئمىن ئادەم بىرەر مۇسۇلمانغا ئەزىيەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقىدۇ.
- مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلالماي قېلىشىدىن قورقىدۇ.
- مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا لايىق بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدۇ.

دېمەك، مۇئمىن ئادەم ھەمىشە ھوشيار ياشايدۇ، غەپلەتتە قالمايدۇ، ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ، گۇناھكارلار قاتارىدىن بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ماختىلىدىغان قورقۇش بولسا، سېنى ھارام ئىشلاردىن توسقان قورقۇشتۇر». ئىبراھىم شىيان رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر قورقۇش سېنىڭ قەلبىڭدە ئورۇن ئالسا، ئۇ شەھۋەتنىڭ ئورۇنلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە سېنىڭ دۇنيالىققا بولغان قىزغىنلىقىڭنى سوۋۇتىدۇ». يەنە بىر ئالىم مۇنداق دېگەن: «قورقۇش دېگەن كۆز يېشى قىلىش ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي قورقۇش ساڭا ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىشىڭدۇر».

## 5. ئۈمىد

ئۈمىد — ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئۇ ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَن كَانَ يَرۡجُواْ لِقَآءَ رَبِّهِۦ فَلۡيَعۡمَلۡ عَمَلٗا صَٰلِحٗا وَلَا يُشۡرِكۡ بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدَۢا ١١٠﴾ «كىمكى رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن، رەببىگە قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»[1]. مۇسۇلمان ئادەم قورقۇش بىلەن ئۈمىد، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ دوزىخىدىن قورقۇش بىلەن ئۇنىڭ جەننىتىنى ئۈمىد قىلىش ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ. قورقۇش بىلەن ئۈمىد ئىككىسى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى لازىم. ناۋادا قورقۇش ئېشىپ كېتىپ ئۈمىد ئاجىزلىشىپ قالسا، ئادەم گۇناھكار بولىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە

[1] كەھف سۈرىسى 110 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ۋە شەپقىتىگە ئىشەنمىگەنلەر قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ؛ ناۋادا ئۈمىد ئېشىپ كېتىپ، قورقۇش ئاجىزلىشىپ قالسا، يەنە گۇناھكار بولىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەمەل قىلماي تەمە قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىنى كۆزگە ئىلمىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئىنسان ھەربىر ئىش- ئەمەلىدە قورقۇش بىلەن ئۈمىدتىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى لازىم. ئۆلىمالاردىن بىرى: «ئۈمىدكىلا يۆلىنىۋالغان ئادەم ئەمەلدىن قۇرۇق قالىدۇ، قورقۇشقىلا يۆلىنىۋالغان ئادەم ئۈمىدسىزلىككە پاتىدۇ. شۇڭا ھەر ئىككىسىنى تەڭ تۇتۇش لازىم» دېگەن ئىكەن.

# ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تومۇردىكى قان — ئىماندۇر

ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرى يىراق ئۆتمۈشلەردە قېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئېغىر كۈنلىرى خۇددى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ سىنا چۆللىرىدە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىگە ئوخشاپ قالماقتا.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى پىرئەۋنىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇپ، پىرئەۋنىنى سۇدا غەرق قىلغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنى باشلاپ پەلەستىندىكى مۇقەددەس زېمىنغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار پەلەستىنگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ئۇ جايدا كۈچلۈك قەۋملەرنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدۇ ۋە پەلەستىنگە كىرىشتىن باش تارتىپ: ﴿يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّا لَن نَّدۡخُلَهَآ أَبَدٗا مَّا دَامُواْ فِيهَا فَٱذۡهَبۡ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَٰتِلَآ إِنَّا هَٰهُنَا قَٰعِدُونَ ٢٤﴾ «ئى مۇسا! ئۇلار ئۇ يەردىلا بولىدىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز. شۇڭا سەن رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى»[1] دەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىنا چۆلىدە 40 يىل ئازدۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار توغرۇلۇق ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق پەرمانى كېلىدۇ: ﴿فَإِنَّهَا مُحَرَّمَةٌ عَلَيۡهِمۡۛ أَرۡبَعِينَ سَنَةٗۛ يَتِيهُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ﴾ «ئۇلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشى قىرىق يىلغىچە چەكلەندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ»[2].

ئىسرائىل ئەۋلادى سىنا چۆلىدە قايمۇقۇپ يۈرۈش جەريانىدا ھەمىشە چىقىش يولى ئىزدەيدۇ، ھەر كۈنى توختىماستىن يول يۈرىدۇ، ئەمما چۆلدىن قەتئىي چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ تولۇق 40 يىل ئادىشىدۇ. بۇ ئارىدا مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمۇ خۇددى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ سىنا چۆلىدىكى ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن چىققان غەيۇر ئەزىمەتلەر بۇ ئۈممەتنى خورلۇق، بېقىندىلىق ۋە كۈچلۈكلەرگە ئەسىرلىك

[1] مائىدە سۈرىسى 24 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] مائىدە سۈرىسى 26 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

هالىتىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت- ئابرۇيىنى ۋە كۈچ- قۇۋۋىتىنى قايتا تىكلەشكە چاقىرىپ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئوتتۇرىدا ئۇلارنى شانلىق ئۆتمۈشىگە باغلايدىغان ھالقىلاردىن مۇھىم بىر ھالقا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، كۆزلىگەن مەقسەت ئەمەلگە ئاشماي كەلمەكتە.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بۇزۇلغان قىنىنى ئانالىز قىلغاندا، ئۈزۈلۈپ قالغان بۇ مۇھىم ھالقىنىڭ دەل «مۇستەھكەم ئىمان» ئىكەنلىكى ۋە ئىمانىنىڭ كەملىكىدىن بۇ ئۈممەتنىڭ تېنىگە ئاغرىق يەتكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز، چۈنكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قان — مۇستەھكەم ئىمان بولۇپ، ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار شۇنىڭ بىلەن قەد كۆتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن دۇنياغا ھۆكۈمران بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئىززەت- ئابرۇي ۋە كۈچ- قۇۋۋەت قازانغان ئىدى. مۇسۇلمانلار قاچانكى ئىمانىنىڭ كۈچىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ خورلۇق دەۋرى باشلاندى.

ئەگەر بىزدىن «ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ دەلىلى نېمە؟» دەپ سورالسا، بىز ئېيتىمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا بۇنى ناھايىتى چۈشىنىشلىك ھالدا بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر زامان كېلىدۇكى، خۇددى ئاچ قالغانلارنىڭ ھەممىسى بىر لېگەنگە ئالدىراپ قول ئۇزاتقاندەك، بارچە مىللەتلەر ھەر تەرەپتىن سىلەرگە قول سالىدۇ». بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن شۇنداق بولامدۇ؟» دەپ سوراشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ياق، بەلكى ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ بولىدۇ، ئەمما سىلەر ئۇ ۋاقىتتا خۇددى سەل سۈپۈرۈپ ئېلىپ ماڭغان تاشلاندۇقلارغا ئوخشاش قەدىرسىز بولۇپ قالىسىلەر، چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ ۋاقىتتا دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ كۆڭلىدىكى ھەيۋىتىڭلارنى ئېلىپ تاشلاپ، قەلبىڭلارغا دۇنيانى سۆيۈش ۋە ئۆلۈمدىن قورقۇش ئىللىتىنى سېلىپ قويىدۇ» دېگەن.[1]

چۈنكى ئىمان بىلەن قەد كۆتۈرگەن بىر ئۈممەتنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغىنىدىن كېيىنكى ئەھۋالى ئەجەبا شۇنداق بولماي قانداق بولماقچىدى!؟

شەكسىزكى، ھەقىقىي جانلىق ئىمان مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىكى قوزغاتقۇچ كۈچتۇر. مۇسۇلمان ئادەم شۇ كۈچ سايىسىدا ھاياتتىكى دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلالايدۇ ۋە كۈچ- قۇۋۋەت ھاسىل قىلالايدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿وَأَنتُمُ ٱلْأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾ «ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىسىلەر»[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى 139 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى چىن مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٩﴾ «راستتىنلا ئاللاھ مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر»[1]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ مَوۡلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَأَنَّ ٱلۡكَٰفِرِينَ لَا مَوۡلَىٰ لَهُمۡ ١١﴾ «بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ ئىمانىدا چىڭ تۇرغانلارنىڭ مەدەتكارىدۇر، كاپىرلارغا ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر»[2].

ئەللامە مۇھەممەد ئەمىن مىسرى بۇ ماۋزۇدا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشنى ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ ئېتقىسادىنى، ياكى ئەخلاقىنى، ياكى تەن ساقلىقىنى ۋە ياكى سىياسىي ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىغان. باشقا جەھەتتىكى ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسى ئىماندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ھەل بولغان. ئەقىدىلىك ئىنسان تۈرلۈك پاساتچىلىقلارنى ئىسلاھ قىلالايدۇ، چۈنكى ئەقىدىلىك ئىنسان غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كېچە- كۈندۈز تىرىشىدۇ ۋە ئاخىرى غەلىبە قىلىدۇ. ئەقىدىلىك ئىنسان ھەر ۋاقىت ئاللاھتىن ياردەم سورىغان ھالدا شەرت- شارائىتنى ئۆزى يارىتىدۇ».[3]

ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئتە غازىتىدا بايراقنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرغان بولۇپ، ئۇ كاپىرلار قوشۇنىنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتكەن ۋە بىر قولىدا بايراق، يەنە بىر قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا ئۇرۇشقان. ئوڭ قولى كېسىلگەندە بايراقنى سول قولىدا كۆتۈرگەن، سول قولىمۇ كېسىلگەندە بايراقنى ئىككى بىلىكى بىلەن تۇتقان. شۇنداق ئۇرۇشۇپ ئاخىرى شەھىد بولغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇ 33 ياشتا بولۇپ، تېنىنىڭ 90 نەچچە يېرىگە نەيزە سانجىلغان ۋە قىلىچ ئۇرۇلغان. بۇنداق بىر قەھرىمانلىقنىڭ ئەقىدىسىز ئەمەلگە ئېشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ!؟

خۇددى ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدەۋى رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، مۇئمىن ئادەمنىڭ قەلبىدە چاقنىغان ئىماننىڭ كۈچىگە ئاتومنىڭ كۈچىمۇ يەتمەيدۇ، چۈنكى ئىمان ئاجايىپ كۈچلۈك ئادەتلەرنى يارىتىشقا قادىر بولغىنىدەك، ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كىرىزىسلىرىنى ھەل قىلىشقا ھەم ئەلۋەتتە قادىردۇر. دۇنيادىكى ھەقسىزلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردىكى شەخسىيەتچىلىك، نەپسى- خاھىشىغا چوقۇنۇش ۋە ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ئىللەتلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىمان ئەنە شۇنداق ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ھەققانىيلىق، ئادالەت،

---

[1] ئەنفال سۈرىسى 19 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] مۇھەممەد سۈرىسى 11 - ئايەت

[3] مۇھەممەد ئەمىن مىسرىنىڭ «مەسئۇلىيەت» ناملىق ئەسىرى 39 - بەت

يول قويۇش، كەڭ قورساقلىق قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئۆگىنىدۇ ۋە بىر ئۇممەتنى باشقىچە بىر ئۇممەت قىلىپ دۇنياغا چىقىرىدۇ.[1]

دېمەك، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشى پەقەت ئىماننى يېڭىلاش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش بىلەن بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك ماددىي سەۋەبلەرنى قولدىن بېرىش مەنىسىگە كەلمەيدۇ، بەلكى ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تەرەپتىن كۈچلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## ئاللاھ تائالاغا قايتىش قەد كۆتۈرۈشنىڭ يولىدۇر

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قايتىپ، ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ۋە رازىلىقى ئاستىدا ياشاش — قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشنىڭ ۋە قولدىن كەتكەن كۈچ- قۇۋۋەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى ھەربىر شەخسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھەر كىم ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، چۈنكى شەخسلەرنىڭ تۈزىلىشى بىلەن جەمئىيەت تۈزىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تۈزەلگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىدىن رازى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى بارچە ياخشىلىقنىڭ كاپالىتىدۇر.

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن: «ئى رەببىم! سەن ئاسماندا، بىز زېمىندىمىز. سېنىڭ بىزدىن رازى بولغانلىقىڭ بىلەن غەزەپ قىلغانلىقىڭنى قانداق بىلىمىز؟» دەپ سورىغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: «سىلەرنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ياخشى كىشىلەردىن بولغانلىقى مېنىڭ رازىلىقىمنىڭ، يامان كىشىلەردىن بولغانلىقى مېنىڭ غەزىپىمنىڭ ئالامىتىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.[2]

دېمەك، ئىسلام مىللىتىنىڭ كۈچ- قۇۋۋىتى، ئىززەت- ئابرۇيى، تەرەققىياتى ۋە سەلتەنىتى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزدىن رازى بولغاندا، قۇدرەت تېپىشنىڭ، قەد كۆتۈرۈشنىڭ ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ ماددىي سەۋەبلىرىنى ئۆزى تولۇقلاپ بېرىدۇ ۋە ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ھەتتا ئازراق سەۋەب بىلەن كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِن يَنصُرۡكُمُ ٱللَّهُ فَلَا غَالِبَ لَكُمۡۖ وَإِن يَخۡذُلۡكُمۡ فَمَن

[1] ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدەۋىنىڭ «ئىمان نۇرى ئاستىدا» ناملىق ئەسىرى 23 - بەت

[2] ئىبنى ئەبۇ دۇنيانىڭ «ئەل ئۇقۇبات» ناملىق ئەسىرى 278 - بەت

ذَا ٱلَّذِي يَنصُرُكُم مِّنۢ بَعۡدِهِۦۗ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ﴿١٦٠﴾ «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرمىسە، ئۇ چاغدا سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا كىم ياردەم بېرىدۇ!؟ مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تايانسۇن»[1].

## ئاۋۋال چىن مۇسۇلمان بولۇش شەرت

ئىمان بىرىنچى، ماددىي سەۋەب ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چىن مۇسۇلمان بولۇش — دوختۇر بولۇش، ئىنژېنېر بولۇش، فىزىكا مۇتەخەسسىسى بولۇش، بىيولوگىيە مۇتەخەسسىسى بولۇش ۋە ھەر قانداق ئىشتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

قىسقىسى، ئىسلام مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى شەخسلەرنىڭ چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولۇشىدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ماددىي ئىمكانىيەتلەرگە تايىنىپ ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە يېتىشىپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمان دوختۇر، مۇسۇلمان مۇئەللىم، مۇسۇلمان دېھقان، مۇسۇلمان تىجارەتچى، مۇسۇلمان كادىر، مۇسۇلمان ئىشچى ۋە مۇسۇلمان ھۈنەرۋەن بارلىققا كەلگەن بىر ئۈلگىلىك جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىش غايە قىلىنىدۇ. ئىمام ھەسەنۇل بەننا مۇنداق دېگەن: «چىن مۇسۇلمان تېپىلغان يەردە غەلىبىنىڭ بارلىق سەۋەبلىرىمۇ تېپىلغان بولىدۇ».

## چىن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ مەنىسى چوڭقۇر

چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولۇش دېگەنلىك شۇ زاھىرىي ئىبادەتلەر بىلەنلا بولمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغاندەك بولۇش ۋە پۈتۈن يۈرۈش- تۇرۇش، ئىش- ھەرىكەت، گەپ- سۆز، مۇئامىلە ۋە ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن ئۆلچەمگە قېلىپلاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قەدىر- قىممىتى ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىق دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ. مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋانى تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىق — ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىش دېگەنلىكتۇر. تەبىئىيكى، ئاللاھ تائالانى رازى قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرگىلى بولمايدۇ.

چىن مۇسۇلمانلىق ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن باشلىنىدۇ. بىراۋنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئۇنىڭ تاشقى دۇنياسىدىن ئەۋزەل بولغاندا، چىن مۇسۇلمانلىق ئۆز



[1] ئال ئىمران سۈرىسى 160 - ئايەت

ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. مۇبادا ئادەمنىڭ تاشقى دۇنياسى ئىچكى دۇنياسىدىن ئەۋزەل بولۇپ قالسا، قەلبىگە مۇناپىقلىق كىرىپ قالغان بولىدۇ، چۈنكى مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى خاراب، تاشقى دۇنياسى چىرايلىقتۇر.

چىن مۇسۇلمانلىقنىڭ ئالامىتى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ شۇ كىشى ئۈچۈن بارچە مەۋجۇداتتىن سۆيۈملۈك بولۇشىدۇر، چۈنكى ئاللاھ سۆيگۈسى ۋايىغا يەتمىگىچە ئىمان تولۇقلانمايدۇ.

چىن مۇسۇلمانلىق ئىپادىسى ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش ۋە ئۆزىنى كىچىك ساناش بىلەن بولىدۇ. چىن مۇسۇلمانلىق ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇئامىلىنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇئامىلە ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىش، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، غەزىپىدىن ھەزەر قىلىش، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

چىن مۇسۇلمانلىق ھەر كىمنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بىلەن بولىدۇ، چۈنكى چىن مۇسۇلمان ئادەم جەمئىيەتتە ئەڭ ياخشى شەخس، ئائىلىسىدە ئەڭ ياخشى ئەزا، مەھەللىسىدە ئەڭ ياخشى قوشنا، ئىش ئورنىدا ئەڭ ياخشى خىزمەتداش بولىدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم ئايالى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ئەر، بالىلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ئاتا، ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن ئۈلگىلىك بالا، قوشنىلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك قوشنا، خىزمەتداشلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك خىزمەتداش، ساۋاقداشلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ساۋاقداش بولالايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەمنىڭ سۆيگۈسى ۋە نەپرىتى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا بولىدۇ. ئۇ ياخشىلىق يولىدا توختىماستىن ئىلگىرىلەيدۇ، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. خاتالاشقان ياكى بىرەر گۇناھ ئىشلەپ سالغان ھامان دەرھال تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم خۇددى خۇشپۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە يېتىپ بارىدۇ. بىر ھەدىستە: «بىر مۇسۇلماننىڭ تۈزەلگەنلىكى بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بالىلىرىنى، نەۋرىلىرىنى، مەھەللىسىدىكىلەرنى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى تۈزەيدۇ» دەپ كەلگەن.

## بىز موھتاج بولغان مۆجىزە ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزدە بار

16 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ ئىسلام مىللىتى چېكىنىشكە باشلىغان بولۇپ، ئاۋۋال ئىسلام ئەقىدىسىدىن يىراقلاشتى؛ ئاندىن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەپلەردىن ئىزچىل چېكىنىپ كەلدى. بۇ ئارىدا مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىنىڭ نېگىزلىك ئەقىدىسىگە يات خۇراپاتلار، تەركىدۇنيالىق ئېقىمى، سۇپىزملىق تەرغىباتلىرى ئورىۋالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەجنەبىيلەرنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچرىدى. پەقەت 20- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلامىي ئويغىنىش باشلىنىپ ئىسلام ھەققىدىكى توغرا پىكىر ۋە توغرا چۈشەنچىلەر تارقىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان ئىسلامىي ئەسەرلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىشتا بەلگىلىك رولى بولدى.

21 - ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىنىڭ ناھايىتى تېز دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنى ھەققىدىكى توغرا چۈشەنچىلەر كىشىلەرنىڭ زېھنىلىرىدە ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى ھەمدە كۆپلىگەن سەلبىي چۈشەنچىلەر ۋە ئېتىقادلارغا تۈزىتىش بېرىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ شەكسىز ھەق دىن ئىكەنلىكى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كەمچىلىكلىرى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەسىلە ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ مەقسىتىنى ۋە تەلىماتلىرىنى چۈشەنمەسلىكتە ئەمەس، چۈنكى ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىسلام دىنىنى چۈشىنىدۇ ۋە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلىدۇ. مەسىلە بولسا چۈشەنگەنلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك مەنىۋى كۈچ- قۇۋۋەتكە ۋە ئىچكى تۈرتكىگە ئىگە بولالماسلىقتۇر. چۈنكى ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغارلىقىنى، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىش بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامسىز قەد كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىدۇ ۋە قايىل بولىدۇ. ئەمما شۇ چۈشەنگەنلىرىنى ۋە ئۆزلىرى قايىل بولغانلارنى تەتبىق قىلمايدۇ. گوياكى غايىبتىن بىر كۈچ كېلىپ ئۇلارنى تەتبىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغاندەك كۈتىدۇ. قىسقىسى، ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىسى دىنىنى چۈشەنمەسلىكتە ياكى بىلمەسلىكتە ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلماسلىقتا.

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى ھەمىشە ئىلگىرىلەشكە، ئىشلەشكە، بىلگەنلىرىنى تەتبىق قىلىشقا ئىتتىرىپ تۇرىدىغان ئىچكى تۈرتكىگە موھتاج. شەكسىزكى، ئىچكى تۈرتكىنىڭ مەنبەسى مەنىۋى قۇۋۋەتتۇر.

## مەنىۋى قۇۋۋەت دېگەن نېمە؟

مەنىۋى قۇۋۋەت ــــ ئىنساننىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدىغان كۈچلۈك ئىرادە بولۇپ، ئىنسان بىرەر ئىشتىن تەسىرلەنگەن ۋاقىتتا ئۇنى كونترولى ئاستىغا ئېلىۋالىدىغان ھالەتتۇر. شۇنداق ھالەتتە ئىنسان گوياكى ئۆزىنى ئىچىدىن بىرەر كۈچنىڭ ئۇنى بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئىتتىرىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. مەسىلەن، ئادەم ئاللاھ يولىدا خەير- ساخاۋەت قىلىشنىڭ ياخشىلىقى، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى كاتتا مۇكاپاتى توغرۇلۇق بىرەر ۋەز- تەبلىغ ئاڭلىغىنىدا، ئۇنىڭدا پەيدا بولغان شۇ ۋاقىتتىكى ھاياجان ئۇنىڭدا شۇنداق بىر ئىرادە ۋە غەيرەتنى يارىتىدۇكى، ئۇ قول ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىنى خەير- ساخاۋەت قىلىۋېتىشقا تەييار بولىدىغان بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ.

شۇنىڭدەك، بىراۋ يولدا كېتىپ بارغىنىدا، بىر چوڭ ئادەمنىڭ بىر كىچىك بالىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى رەسمىي بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ ئىچىدىن ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇشقا ۋە بۇ بالىنى قۇتقۇزۇشقا ئىتتىرگەن بىر كۈچلۈك ئىرادە ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ چىقىدۇ- دە، ئېتىلىپ مەيدانغا كىرىدۇ ۋە شۇئاندا ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە بىر كۈچ- قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالىدۇ.

بۇلاردىن مەلۇمكى، مەنىۋى قۇۋۋەت بىزنىڭ ئىچىمىزدە پەيدا بولىدىغان ۋە بىزنى بىرەر ئىشقا ئىتتىرىدىغان كۈچتۇر. ئەمما بۇ كۈچ ھەمىشە داۋام قىلمايدۇ، بەلكى بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز قوزغالغان چاغدا پەيدا بولغىنى بىلەن بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز توختاپ قالغاندا، ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى تېلېۋىزوردا ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغان ئافرىقىلىق بالىلارنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇلارغا ياردەم قىلىش ھېسسىياتىمىز بىردىنلا قوزغىلىپ، بىزنى ئىچىمىزدىن بىر كۈچنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى تۇيغىنىمىزغا ۋە ئەتىسى بۇ كۈچنىڭ بىزدىن غايىب بولغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش.

## بىز دائىملىق مەنىۋى قۇۋۋەتكە موھتاجمىز

مۇنداق ۋاقىتلىق تەسىرلىنىش ۋە ۋاقىتلىق ھېسسىياتلىنىپ قويۇش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ. بۇ ھالەتتە بىز مەنىۋى كۈچىمىزدىن پايدىلىنالمىغان بولىمىز. بىزگە بىزنى كېچە- كۈندۈز، ھەمىشە بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئىچىمىزدىن دائىمىي ئىتتىرىپ تۇرىدىغان مەنىۋى قۇۋۋەت كېرەك. ساھابىلەردىكى مەنىۋى قۇۋۋەت ئەنە شۇنداق داۋام قىلىپ تۇرىدىغان، ھېچ توختاپ قالمايدىغان تۈرتكە بولغانلىقتىن، ئۇلار ھەر دائىم جەننەت ئۈچۈن تىرىشىش ۋە دىن يولىدا كۈرەش

قىلىشتىن توختاپ قالمىغان. نەتىجىدە، ھاياتىنىڭ ھەربىر قەدىمىدە زەپەر قۇچۇپ ماڭغان.

دېمەك، بىزنىڭ داۋاملىق بىزنى ئىچىمىزدىن ئاللاھ رازىلىقىغا ئىتتىرىپ تۇرىدىغان دائىملىق مەنىۋى قۇۋۋەتكە موھتاج ئىكەنلىكىمىز ئايان بولدى. ئەمدى بۇنداق دائىملىق مەنىۋى قۇۋۋەتنى قانداق ھاسىل قىلىمىز؟ ئۇ زادى ئۆزىمىزدە تەييار بارمۇ ياكى ئۇنى يارىتىشقا توغرا كېلەمدۇ؟

## قۇرئان — دائىملىق مەنىۋى قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسىدۇر

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت، ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەرنىڭ قەلبىگە شىپا؛ ئۇنى دەستۇر قىلىپ، ھاياتىنى خارلىقتىن ئەزىزلىككە، ئاجىزلىقتىن كۈچ- قۇۋۋەتكە ئۆزگەرتىش يولىدا ئۇنىڭ مۆجىزىسى ۋە تەسىرىدىن ئوزۇقلانغانلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يېتەكچى قىلىپ نازىل قىلغان. قۇرئان كەرىم دۇنيا تارىخىدىكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور بولغان كىتاب بولۇپ، ھېچقانداق نەرسىنىڭ ھاسىل قىلغان تەسىرى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ. قۇرئان كەرىم بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئەقىل، ھەم ھېسسىياتقا خىتاب قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىش ۋە كىشىلەرنى ئىچىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈشتۇر.

## قۇرئان رىسالە بىلەن مۆجىزىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان كىتابتۇر

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى تەۋرات، ئىنجىل ۋە باشقا ساماۋى كىتابلارغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ رىسالە بىلەن مۆجىزىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانلىقىدۇر، چۈنكى قۇرئانمۇ باشقا ساماۋى كىتابلارغا ئوخشاش كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا تەرەپكە باشلايدۇ، ئۇلارغا ھىدايەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى قانداق يېڭىشنى ئۆگىتىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ رىسالە تەرىپى بولۇپ، بۇ جەھەتتە تەۋرات ۋە ئىنجىللارغا ئوخشايدۇ.

ئەمما، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان مۆجىزىلىك تەرىپى بولسا، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدىكى ئۈستۈنلۈكى، ئەسىرلەردىن بىرى بۇرمىلىنىش ۋە ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلىنىپ قالغانلىقى، كۆرسەتمىلىرىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ ئىكەنلىكى، شۇنداقلا دىللارنى مايىل قىلىشتىكى سېھرىي كۈچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، روھىيىتىنى يېڭىلاش ۋە ئىچكى

مەنىۋى ھاياتنى ئويغىتىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ مۆجىزىلىرى دىللارنى ياشارتىدىغان، ئۆلگەن قەلبلەرنى تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئابىي ھايات بېغىشلايدىغان مۆجىزىدۇر. ﴿أَوَ مَن كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَاهُ وَجَعَلْنَا لَهُۥ نُورًا يَمْشِي بِهِۦ فِي ٱلنَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُۥ فِي ٱلظُّلُمَٰتِ لَيْسَ بِخَارِجٍ مِّنْهَا﴾ «ئەسلىدە (مەنىۋى جەھەتتىن) ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى (ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا يورۇتىدىغان نۇر بەرگەن ئادەم بىلەن زۇلمەتلەر ئىچىدە قېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان ئادەم ئوخشاشمۇ!؟»[1]

قۇرئان كەرىمنىڭ رىسالىسى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ مۆجىزىسى كىشىلەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ توغرا يولغا يېتەكلەش، ئۇلارنى جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن چىقىرىپ، ئىماننىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر.

قۇرئان كەرىمدە بۇ ئىككى چوڭ ۋەزىپىسىنى بايان قىلغان نۇرغۇن ئايەتلەر كەلگەن. مەسىلەن، مائىدە سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿قَدْ جَآءَكُم مِّنَ ٱللَّهِ نُورٌ وَكِتَٰبٌ مُّبِينٌ ﴿١٥﴾ يَهْدِي بِهِ ٱللَّهُ مَنِ ٱتَّبَعَ رِضْوَٰنَهُۥ سُبُلَ ٱلسَّلَٰمِ وَيُخْرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذْنِهِۦ وَيَهْدِيهِمْ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿١٦﴾﴾ «ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى. [15﴿ ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى ئىزدىگەنلەرنى نىجاتلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ [16﴿»[2].

بۇ ئايەتلەردە قۇرئان كەرىمنىڭ رىسالىسىدىن ئىبارەت كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ۋەزىپىسى بىلەن ئۇنىڭ مۆجىزىسىدىن ئىبارەت كىشىلەرنى قاراڭغۇلۇقلاردىن چىقىرىش ۋەزىپىسى بايان قىلىنغان. چۈنكى، ھىدايەتكە باشلاش، ئۇنىڭغا چاقىرىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرى نورمالدا كىشىلەرگە ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما كىشىلەرنى كۇفرى ۋە زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش بولسا، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئۇلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئېنېرگىيەنى يارىتىش ۋە ئۇنى قوزغىتىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسىدىن باشقىسى ئورۇندىيالمايدۇ.

[1] ئەنئام سۈرىسى 122 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] مائىدە سۈرىسى 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 16 - ئايەت

## قۇرئان بىرلا ۋاقىتتا پىكىر ۋە ھېسسىياتقا تەڭ خىتاب قىلىدۇ

قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ چوڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا پىكىر بىلەن ھېسسىياتقا تەڭ خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەقىلگە خىتاب قىلىپ ئۇنى قايىل قىلىدۇ ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ خىتاب ھېسسىياتقا تەسىر قىلىپ، ئۇنى قوزغىتىدۇ، ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ ۋە ئىچكى ئېنېرگىيەنى ئويغىتىدۇ. شۇڭلاشقا قىلىپ، بۇ قايىللىق بىلەن ئويغىنىش مۇستەھكەم ئىمانغا ئايلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن باشقا سۆزلەر ئىنساندا بۇنداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمايدۇ.

دۇنيادا كىشىلەرنى ھەر قانداق بىر پىكىرگە ياكى ئېقىمغا چاقىرىدىغانلار ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. گەرچە بۇ قايىللىق قەلبتە ئورۇنلاشسىمۇ يەنىلا ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئىگە بولالمىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى كونترولى ئاستىغا ئالالمىغانلىقىدۇر، چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنداق قىلالىشى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزىسى بولغانلىقىدىندۇر.

دوكتور مۇھەممەد ئابدۇللاھ دىراز مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىنساندا تەپەككۇر قۇۋۋىتى ۋە ۋىجدان قۇۋۋىتى دەپ ئىككى خىل قۇۋۋەت بار بولۇپ، ئىنساننىڭ بۇ ئىككىسىگە بولغان ئېھتىياجى ئايرىم- ئايرىم ھالەتتىكى ئېھتىياجلاردىندۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى ھەقىقەتنى تونۇشقا ياردەم قىلسا، يەنە بىرى تەسىرات ئاتا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا قىلىپ تەپەككۇر بىلەن ۋىجداندىن ئىبارەت بۇ ئىككى قۇۋۋەت ئىنسانغا خۇددى قۇشلارنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش خىزمەت قىلىدۇ».

بىز ئۆلىمالارنىڭ، ئەدىبلەرنىڭ ۋە شائىرلارنىڭ سۆزلىرىنى بىلىمىز. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئاشۇرۇۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كەمچىل قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ ئەسەرلىرى ۋىجدانىي تەرەپتىن مۇكەممەل بولسا، پىكرىي تەرەپتىن يېتەرسىز قالىدۇ؛ يەنە بەزىلەرنىڭ پىكرىي تەرەپتىن مۇكەممەل بولسا، ۋىجدانىي تەرەپتىن ئاجىز كېلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپتىن تەڭ مۇكەممەل بولالمايدۇ.

سىز بىرەر ئەدىبنىڭ ئەسىرىنى ياكى بىرەر شائىرنىڭ شېئىرىنى ئوقۇغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ بىرەر ئىلمىي نەزەرىيەنى ياكى بىرەر ئىشنىڭ يولىنى تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ئەقلىنى مەركەز قىلغان ئۇسلۇب ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئەگەر ئۇنىڭ كىشىلەرنى بىرەر ئىشتىن نەپرەتلەندۈرۈش

ياكى سۆيۈندۈرۈش ئۈچۈن كۈشكۈرتۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىمىز، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ۋىجداننى مەركەز قىلغان ئۇسلۇب ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

ئەمما بىر ئۇسلۇب ۋە يۆنىلىشتە كېتىپ بېرىپ ھەم ئەقلىي، ھەم ۋىجدانىي ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاشلا مەركەز قىلغان ۋە ھەر ئىككىسىگە ئوخشاشلا خىتاب قىلغان ئۇسلۇبنى قۇرئان كەرىمدىن باشقا ھېچبىر ئەسەردىن تاپالمايسىز. بۇ خۇددى ياپراق، چېچەك ۋە مېۋىلەرنى باراۋەر كۆتۈرۈپ تۇرغان دەرەخ شېخىغا ئوخشايدىغان ئۇسلۇب بولۇپ، ئىنساننىڭ سۆزىدە مۇنداق مۇكەممەل ئىپادىنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

قۇرئان كەرىم ئەنە شۇنداق بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئەقىلنى، ھەم ۋىجداننى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدىغان كىتابتۇر. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئايەتكە نەزەر تاشلايلى. ئاللاھ تائالا قىساس توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِصَاصُ فِي ٱلۡقَتۡلَىۖ ٱلۡحُرُّ بِٱلۡحُرِّ وَٱلۡعَبۡدُ بِٱلۡعَبۡدِ وَٱلۡأُنثَىٰ بِٱلۡأُنثَىٰۚ فَمَنۡ عُفِيَ لَهُۥ مِنۡ أَخِيهِ شَيۡءٞ فَٱتِّبَاعُۢ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَأَدَآءٌ إِلَيۡهِ بِإِحۡسَٰنٖۗ ذَٰلِكَ تَخۡفِيفٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَرَحۡمَةٞۗ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٞ ١٧٨﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ئازاد ئادەم ئۈچۈن ئازاد ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن (قىساس ئېلىنىدۇ). قاتىل ئۈچۈن قېرىندىشى (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى) تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، قاتىلدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى، (قاتىلنىڭمۇ دىيەتنى) ياخشىلىق بىلەن بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن (يەنى دىيەتنى بەرگەندىن) كېيىن (قاتىلغا) ھۇجۇم قىلغان ئادەمگە قاتتىق ئازاب بار»[1].

ئايەتنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دېگەن خىتاب بىلەن باشلاش مۆئمىنلەرنى ئىتائەتچانلىققا ئۈندەيدىغان ئۇسۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۆئمىنلەردىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ياكى ئېسىگە ئالغان ئادەم مۆئمىنلەرگە لايىق ئىشلارنى قىلىشنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەرقانداق بىر ئەمر- پەرماننى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنداش لازىملىقىنى ئەستىن چىقارمايدۇ.

ئايەتتىكى «قېرىندىشى» دېگەن سۆز، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ھەتتا بىر- بىرىنى ئۆلتۈرۈشكىچە ئېلىپ بارغان زىددىيەتلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار دىنىي جەھەتتىن قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالدۇرۇش ئارقىلىق

[1] بەقەرە سۈرىسى 178 - ئايەت

كەچۈرۈمچانلىققا ۋە بىر- بىرىنى ئەپۇ قىلىشقا ئۈندەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئايەتتىكى «چىرايلىقچە تەلەپ قىلىش» بىلەن «ياخشىلىق بىلەن بېرىش» دېگەن سۆزلەر ئۇدۇل ھېسسىياتقا خىتاب قىلغان جۈملىلەر بولۇپ، قىساس تەلەپ قىلىنىدىغان مۇنداق قاتىللىق ۋەقەسىدە ھەر ئىككى تەرەپنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ۋە ئۇلارنى يۇمشاقلىققا ئۈندەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئايەتتىكى «بۇ (ھۆكۈم) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن يېنىكلىتىش ۋە رەھمەتتۇر» دېگەن جۈملە — ئاللاھ تائالاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بۇرچىنى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنى قاتىلغا قارىتا رەھىم- شەپقەتلىك بولۇپ، ئىمكانقەدەر دىيەتنى يېنىكلىتىشكە تەشەببۇس قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. دېمەك بۇ ئايەت — ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەر ئىشتا يېنىكلىتىش ۋە رەھمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئىكەن، بەندىلەرمۇ بىر- بىرىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئايەتنىڭ ئاخىرى تەھدىت بىلەن ئاياغلاشقان. قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچكەنلەر ناۋادا سۆزىدىن يېنىۋېلىپ قاتىلنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ياكى قاتىل قىساس ئېلىنىشتىن قۇتۇلۇۋېلىپلا ئۆزى ۋەدە قىلغان دىيەتنى بېرىشتىن باش تارتسا، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىدە ھەددىدىن ئاشقانلىق بولۇپ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، بىرلا قىساس ئايىتىدە كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئويغىتىش، ئەقلىنى ئىشقا سېلىش، كۆڭلىنى يۇمشىتىش، سىلىقلىققا چاقىرىش، شەپقەت قىلىشقا ئۈندەش ۋە ئاخىرىدا تەھدىت قاتارلىق ئۇسلۇبلار بىلەن قىساس مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. بۇنداق ئېسىل ۋە تەسىرلىك بايانني ئىنسانلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قايسىبىرىدىن تاپقىلى بولسۇن!؟

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدە بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەقىل بىلەن ۋىجدان ھەر ئىككىسىگە تەڭ خىتاب قىلغانلىقىنىڭ ئۆرنەكلىرى ئىنتايىن كۆپ. قۇرئان كەرىم ئەر- خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئىنتايىن نازۇك بىر مەسىلە ھەققىدىكى ئايىتىدە، ئۇنى ئوقۇغان كىشى مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ھېچكىمنىڭ غۇرۇرىنى زېدىلىمەيدىغان ۋە ھەركىم راھەت ئوقۇيدىغان ئۇسۇل بىلەن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿نِسَآؤُكُمْ حَرْثٌ لَّكُمْ فَأْتُوا۟ حَرْثَكُمْ أَنَّىٰ شِئْتُمْ ۖ وَقَدِّمُوا۟ لِأَنفُسِكُمْ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّكُم مُّلَـٰقُوهُ ۗ وَبَشِّرِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢٢٣﴾﴾ «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار. ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەرنى) قىلىڭلار،

60

ئاللاھتىن قورققۇچىلار ۋە بىلىڭلاركى، سىلەر چوقۇم ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن»[1].

## قۇرئان كەرىم بىزنىڭ قەد كۆتۈرۈشىمىزگە كاپالەت قىلىدىغان كىتاب

ئىسلام مىللىتى ھەممە جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈشكە موھتاج. ئەمما ئۇلار مەنىۋى جەھەتتىن قەد كۆتۈرمەي تۇرۇپ باشقا جەھەتلەردىن ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. ئىسلام مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە كاپالەت قىلالايدىغان قۇۋۋەت مەنبەسى قۇرئان كەرىمدۇر.

قۇرئان ئىسلام مىللىتىنى ئىسلاھ قىلىشقا، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى يېڭىلاشقا قادىر ۋە ئۇلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە كاپالەت قىلىدىغان بىر كىتاب تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇلار ئەمەلگە ئاشمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار قۇرئاننى شۇنچە كۆپ ئوقۇپ تۇرۇپ، ھەتتا رامىزان ئايلىرىدا كېچىلىرى ئۇخلىماي قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى يەنىلا ئىسلاھ بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قۇرئان ئۇلارنى قەد كۆتۈرگۈزمەيدۇ؟

بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىشتىن بەكرەك، ئۇنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكى؛ ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ئۈچۈنلا خاس قىلىۋالغانلىقى؛ قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشتىن غاپىل ھالدا، ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلغىنىدىن پەخىرلىنىپ مەيدىسىگە ئۇرغانلىقىدىندۇر.

## قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىدىغان يول ئېنىق كۆرسىتىلگەن

ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىششقا ئېلىپ بارىدىغان توپتوغرا يولنى ئىزدىگەن ئادەمنىڭ قۇرئان كەرىمگە چىڭ ئېسىلىشى شەرتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ لِّلۡعَٰلَمِينَ ٢٧ لِمَن شَآءَ مِنكُمۡ أَن يَسۡتَقِيمَ ٢٨﴾ «بۇ (قۇرئان) پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى توغرا يولدا بولۇشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن پەقەتلا ئۈگۈتتۇر»[2]. قۇرئان كەرىم شۇنداق بىر نۇرلۇق مەشئەلكى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغانلارنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ، قەلبلەردىكى شەك- شۈبھىلەرنى ۋە قاراڭغۇلۇقلارنى يوق قىلىپ تاشلايدۇ.

[1] بەقەرە سۈرىسى 223 - ئايەت

[2] تەكۋىر سۈرىسى 27 - ، 28 - ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ جَآءَكُم مِّنَ ٱللَّهِ نُورٌ وَكِتَٰبٌ مُّبِينٌ ﴿١٥﴾ يَهْدِى بِهِ ٱللَّهُ مَنِ ٱتَّبَعَ رِضْوَٰنَهُۥ سُبُلَ ٱلسَّلَٰمِ وَيُخْرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذْنِهِۦ وَيَهْدِيهِمْ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿١٦﴾﴾ «ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى. [15﴾ ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى ئىزدىگەنلەرنى نىجاتلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ [16﴾»[1].

قۇرئان كەرىم ئارقىلىق ھەر كىشى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىدىغان يولنى تاپالايدۇ: ﴿هَٰذَا بَصَآئِرُ مِن رَّبِّكُمْ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٢٠٣﴾﴾ «بۇ (قۇرئان) رەببىڭلار تەرىپىدىن (كەلتۈرۈلگەن) دەلىللەردۇر، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر»[2].

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭغان ئادەم ئاللاھ تائالا ئېيتقان «سىراتۇل مۇستەقىم»نىڭ ئۆزىدە ماڭغان بولىدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُم بُرْهَٰنٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكُمْ نُورًا مُّبِينًا ﴿١٧٤﴾﴾ «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن كەسكىن دەلىل كەلدى، سىلەرگە ئوپئوچۇق نۇر (قۇرئان)نى نازىل قىلدۇق»[3].

شۇنداق، قۇرئان كەرىم ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ ماھىر يولباشچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ۋە ئەڭ ئاز تىرىشچانلىق بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئېلىپ بارىدۇ. ﴿أَوَلَمْ يَكْفِهِمْ أَنَّآ أَنزَلْنَا عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ يُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَرَحْمَةً وَذِكْرَىٰ لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٥١﴾﴾ «ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان قۇرئاننى ساڭا نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا يېتەرلىك مۆجىزە ئەمەسمۇ؟! بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك - شۈبھىسىز رەھمەت ۋە نەسىھەت بار»[4].

قۇرئان كەرىمنى قويۇپ باشقا يوللار بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىمىز دېگۈچىلەر ئەخمەقلەردۇر، چۈنكى ئۇلار ئىزدەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى مۇكەممەل ھالدا قۇرئان كەرىمگە جەملەنگەندۇر.

[1] مائىدە سۈرىسى 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 16 - ئايەت
[2] ئەئراف سۈرىسى 203 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] نىسا سۈرىسى 174 - ئايەت
[4] ئەنكەبۇت سۈرىسى 51 - ئايەت

## قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان كىتاب

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭ ئوقۇش قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ھالدا توغرا ئوقۇپ، مەنىسىنى توغرا چۈشىنىپ، مەقسەت ۋە غايىلىرىنى بىلىپ، بىزدىن تەلەپ قىلغىنىنى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان: ﴿كِتَٰبٌ أَنزَلۡنَٰهُ إِلَيۡكَ مُبَٰرَكٞ لِّيَدَّبَّرُوٓاْ ءَايَٰتِهِۦ وَلِيَتَذَكَّرَ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٢٩﴾﴾ «(بۇ) ئۇلار ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈگۈت ئالسۇن دەپ، بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر»[1].

## مۇسۇلمانلار يۇقىرىقى ئايەتكە ئەمەل قىلىۋاتامدۇ؟

ئەپسۇسكى، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن بولغان ئاساسلىق مۇناسىۋىتى ئۇنى تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. بىز قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىپ، ئويلاپ، مەقسەتلىرىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىشنىڭ ۋەسىلىسى قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تېكىستىنى تىلاۋەت قىلىشقىلا كۆپايە قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا قۇرئاننى ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان تۇرسا، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىشنى ئەمەل سانىۋالدى». فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قۇرئان چوقۇم ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى <ئەمەل قىلىش> دەۋالدى». مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ لەۋزى بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت- ئابرۇيى، كۈچ- قۇۋۋىتى ۋە قەد كۆتۈرۈشىنىڭ مەنبەسىدىن مەھرۇم قالماقتا. ئۇلار بۇ ئارقىلىق يولىنى يورۇتىدىغان نۇرنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈرۈپ قويماقتا. نەتىجىدە، باشقىلارنىڭ سايىسىدا، ئۇلارنىڭ رەھىم- شەپقىتىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدىغان، قەدىر- قىممىتىنى ۋە ئېتىبارىنى يوقىتىپ قويغان بىر ئۈممەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئۆتمۈشلەردە دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سەلتەنەتلىك مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە باشقىلارنىڭ سەلتەنىتىگە بېقىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ئەسلىدىكى سەلتەنىتىگە ۋە ئىززەت- ئابرۇيىغا قايتا ئېرىشتۈرىدىغان سېھىرلىك كۈچ ئۇلارنىڭ قولىدا ھېلىھەم بار ئىدى. ئەمما، ئۇلار ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلىشقا كۇپايە قىلىپ، مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنالماي كەلمەكتە.

---

[1] ساد سۈرىسى 29 - ئايەت

## مۇسۇلمانلارنىڭ شان-شەرىپى قۇرئان بىلەندۇر

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەخت- سائادەتنىڭ مەنبەسى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ شان- شەرىپى ۋە ئىززىتىنىڭمۇ مەنبەسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ أَنزَلْنَآ إِلَيْكُمْ كِتَٰبًا فِيهِ ذِكْرُكُمْ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ «ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ شان- شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدۇق. سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟!»[1].

ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار بارچە كۈچىنى قۇرئان كەرىمدىن ئالاتتى. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن نازىل بولغان كىتاب ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى ۋە ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، ئۈچ قىتئەگىچە سوزۇلغان ئىدى. ئۇلار دۇنيادا ئادالەت بىلەن ھەققانىيەتنى ئومۇملاشتۇرغان ئىدى.

ئەمما ئەپسۇسكى، ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىن كېيىنكى ۋە ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا قۇرئان كەرىم ھازىر ۋە غايىب ھالەتتە بولۇپ قالدى. ھازىر دېگىنىمىز — قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا، قارىيلارنىڭ دىلىدا باردۇر؛ غايىب دېگىنىمىز — قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىشنىڭ يوقالغانلىقىدىن ئۇنىڭ روھىنىڭ، مۆجىزىسىنىڭ ۋە ھاياتتىكى باشلامچىلىق رولىنىڭمۇ تەڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزدىن يوقالغانلىقىدۇر. ئەمەلىيەتتە، بىز مۇسۇلمانلار قۇرئان ئوقۇپ ساۋاب تېپىش بىلەنلا كۇپايە قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلغانلار قاتارىدا ساناپ قېلىۋاتىمىز.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالى مۇنداق دېگەن: «بىز قۇرئاننى ھاياتىمىزدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئۇنى ئۆيلەردە، دۇكانلاردا ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا ساقلاپ تەۋەررۇك قىلىش، ئۇنى ئېچىپ بىر ياكى ئىككى ئايەت ئوقۇپلا يېپىپ قويىدىغان بۇيۇم ئورنىدا مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ»[2].

شۇنداق، قۇرئاننى ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا ئاللاھ تەلەپ قىلغان ئەمەل ئادا قىلىنغان بولمايدۇ، مەسىلە ھەل بولمايدۇ ۋە مەقسەت ئادا بولمايدۇ، چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى «تلاوة» سۆزى «تلا / يتلو» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن بولۇپ، «داۋام قىلىش»، «ئارقىسىدىن يۈرۈش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەرەب تىلىدا، بىراۋ يەنە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغاننى «يتلو» دەيدۇ.

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 29 - ئايەت

[2] «قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟» ناملىق ئەسەر 59 - بەت

دېمەك، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەنلىك — بىر قانچە ئايەت ياكى بىر قانچە سۈرىنى ئوقۇپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئوقۇغاننىڭ مەنىسىنى بىلىپ، روھىغا ئەمەل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش، قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن توختاپ قالماسلىق دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام ھەسەنۇل بەننا رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىم يۇقىرى ئۇپۇقتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىش، ياكى مازار بېشىدا ئوقۇش، ياكى مۇسىبەتلەردە تىلاۋەت قىلىش، ياكى قارىيلارنىڭ يادلاپ قويۇشى بىلەن كۇپايىلىنىش، ياكى كىتاب ھالىتىدە ساقلاپ قويۇش ۋە ياكى ئۆزىنى يادلاپ ئەھكاملىرىنى تاشلاپ قويۇش ئۈچۈن نازىل بولغان كىتاب ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەتنى بەختلىك ھاياتقا باشلاش ئۈچۈن نازىل بولغان كىتابتۇر: ﴿قَدْ جَآءَكُم مِّنَ ٱللَّهِ نُورٌ وَكِتَـٰبٌ مُّبِينٌ ۝١٥ يَهْدِى بِهِ ٱللَّهُ مَنِ ٱتَّبَعَ رِضْوَٰنَهُۥ سُبُلَ ٱلسَّلَـٰمِ وَيُخْرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَـٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذْنِهِۦ وَيَهْدِيهِمْ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ۝١٦﴾ <ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى. [15﴾ ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى ئىزدىگەنلەرنى نىجاتلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ [16﴾>[1].

ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلىتىنى ياخشى بىلگەن. شۇڭا ئۇلار ئۇنى ھاياتىنىڭ دەستۇرى ۋە قانۇن- تۈزۈملىرىنىڭ مەنبەسى، قەلبىنىڭ نۇرى ۋە ئىبادىتىنىڭ گۈلى قىلغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە مەنىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەلبى بىلەن بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ھەۋزى كەۋسىرىدىن قانغۇچە ئىچكەن، شۇنىڭ بىلەن روھىنى سۇغۇرغان. شۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيانىڭ سەلتەنىتىنى ئاتا قىلغان. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتلەرنى ۋەدە قىلغان. ئەپسۇسكى، بىز ئۇلارغا ئوخشاش بولالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ھازىرقى خارلىققا پېتىپ قالدۇق. دۇنيالىق ئىشلىرىمىزدا ئارقىدا، دىنىي ئىبادەتلىرىمىزدە ئاجىز بولۇپ قالدۇق»[2].

## قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغان يېگانە كىتابتۇر

قۇرئان كەرىم ساماۋى كىتابلار ئىچىدە چىرايلىق تىلاۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغان يېگانە كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسى تىلاۋەت قىلىنمايتتى ۋە تىلاۋەت قىلىشقىمۇ

[1] مائىدە سۈرىسى 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 16 - ئايەت

[2] ھەسەنۇل بەننانىڭ «نظرات في كتاب الله» ناملىق كىتابى 34 - بەت

بۇيرۇلمىغان ئىدى. شۇنداقلا قۇرئان كەرىمدىن باشقا ھېچقانداق بىر كىتابنى ئوقۇغانغا ساۋاب يېزىلمايدۇ. پەقەت قۇرئان كەرىملا ئوقۇغانغا ساۋاب يېزىلىدىغان كىتابتۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، بارچە ساماۋى كىتابلار بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان بولسا، قۇرئان كەرىم باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ، ئاز- ئازدىن 23 يىلدا نازىل بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنى قەلبلەردە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ ٱلْقُرْءَانُ جُمْلَةً وَٰحِدَةً ۚ كَذَٰلِكَ لِنُثَبِّتَ بِهِۦ فُؤَادَكَ ۖ وَرَتَّلْنَٰهُ تَرْتِيلًا ﴿٣٢﴾﴾ «كاپىرلار: <قۇرئان (مۇھەممەدكە) بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈلسە بولمامتى؟> دېدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن شۇنداق (بۆلۈپ- بۆلۈپ نازىل قىلدۇق)، ئۇنى دانە- دانە ئوقۇپ بەردۇق»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشى ئىنتايىن ئاستا بولۇپ، ئەڭ ئاستا ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەمدىنمۇ ئاستا ئوقۇيتتى. تىلاۋەت ئەسناسىدا ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ، تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇيتتى. ھەتتا بەزى ئايەتلەرنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلاپ ئوقۇيتتى.

## قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن ئاساسلىق مەقسەت ئۇ ئارقىلىق ئەمەللىرىمىزنى تەسىرلەندۈرۈش (ئىسلاھ قىلىش)تۇر

قۇرئان تىلاۋەت قىلغانلىنىڭ ساۋابى ئىنتايىن يۇقىرى. ھەتتا بىر ھەرپ ئوقۇغانغا 10 ساۋاب يېزىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر ساۋاب ئون ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. مەن <ئەلىف، لام، مىم> نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى <ئەلىف> بىر ھەرپ، <لام> بىر ھەرپ، <مىم> بىر ھەرپتۇر».[2] ئەمما «قۇرئان ئوقۇغاننىڭ پايدىسى ۋە تەسىرىنى ھەقىقىي كۆرەي» دېگەن ئادەم چوقۇم ئۇنى ئۇنىڭدىن تەسىر ئالغۇدەك دەرىجىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ تىلاۋەت قىلىشى كېرەك. ھازىرقى مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ تەسىرىگە ھەممىدىن بەك موھتاج. ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئەڭ كاتتىسى — ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى ئۆز تەۋەلىرىنى قۇرئاننى ئاڭلاپ قېلىشتىن توسقان ئىدى. ﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَسْمَعُواْ لِهَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ وَٱلْغَوْاْ فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَغْلِبُونَ ﴿٢٦﴾﴾ «كاپىرلار: <سىلەر بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، (قۇرئان ئوقۇلغاندا غەلۋە

---

[1] فۇرقان سۈرىسى 32 - ئايەت

[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

قىلىپ) ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار، قۇرئاننى توسۇشتا) غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن> دېدى»[1].

بىز قۇرئان كەرىمنىڭ هاياتىمىزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان دەرىجىدىكى زور تەسىرىگە ئېرىشەلمەستىن، ئۇنى قانچىلىك كۆپ تىلاۋەت قىلساقمۇ ئۇنىڭدىن كۆزلىگەن پايدىنى ئالالمايمىز، چۈنكى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىرى ئىدى، شۇڭا قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشتىكى بىرىنچى مەقسەت ئۇ ئارقىلىق ئەمەللىرىمىزنى تەسىرلەندۈرۈش (ئىسلاھ قىلىش) بولۇشى لازىم.

قۇرئاننىڭ تەسىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى هەر كۈنى ئاز بولسىمۇ تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشنى ئادەت قىلىش؛ تىلاۋەت قىلغاندا تىنچ ئورۇننى تاللاپ، ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك مىقداردا ئاۋاز چىقىرىپ، ئالدىرىماي، مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇش لازىم. ئىمكانقەدەر قۇرئاننى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇش تولىمۇ ياخشىدۇر، چۈنكى مۇنداق قىلىش هېسسىياتنى ئۆرلىتىش، دىلنى يۇمشىتىش رولىغا ئىگە. بىرەر ئايەتتىن تەسىرات هاسىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، شۇ ئايەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇشىمىز لازىم. بىر هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ﴿إِن تُعَذِّبۡهُمۡ فَإِنَّهُمۡ عِبَادُكَۖ وَإِن تَغۡفِرۡ لَهُمۡ فَإِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ١١٨﴾ «ئەگەر ئۇلارنى ئازابلىساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر؛ ئەگەر ئۇلارنى ئەپۇ قىلساڭ، شەكسىزكى، سەن غالىب ۋە هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»[2] دېگەن ئايەتنى تەهەججۇد نامىزىدا بىر كېچە تەكرارلاپ چىققانلىقى نەقىل قىلىنغان.

## قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

قۇرئان ئوقۇش ۋە ئۇنى ئاڭلاشتا ساناپ بولغۇسىز ھۇزۇر ـ هالاۋەت بار. ئۇنى پەقەت «ئاللاھ تائالا ماڭا خىتاب قىلىۋاتىدۇ» دېگەن تۇيغۇغا كېلەلىگەن ئادەملا هېس قىلالايدۇ. مەسىلەن، ﴿وَلَا تَمۡشِ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَرَحًا﴾ «زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن»[3]، ﴿فَٱحۡكُم بَيۡنَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡحَقِّ وَلَا تَتَّبِعِ ٱلۡهَوَىٰ﴾ «كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن هۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاهىشىڭا ئەگەشمىگىن»[4]، ﴿وَٱسۡتَقِمۡ كَمَآ أُمِرۡتَ﴾ «بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) مۇستەهكەم بولغىن»[5] دېگەن ئايەتلەرنى

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 26 - ئايەت

[2] مائىدە سۈرىسى 118 - ئايەت

[3] لوقمان سۈرىسى 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[4] ساد سۈرىسى 26 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[5] شۇرا سۈرىسى 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ئادەم «ئاللاھ تائالا بۇ سۆزلەرنى ماڭا قارىتىپ سۆزلەۋاتىدۇ» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە تەلەپ قىلغان بويىچە بولۇۋاتقانلىقى ياكى ئەكسىچە كېتىپ بارغانلىقىنى بىلىدۇ- دە، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بۇ ئايەتلەردە بۇيرۇلغان بويىچە توغرىلايدۇ.

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿أَلَمۡ تَرَ إِلَىٰ رَبِّكَ كَيۡفَ مَدَّ ٱلظِّلَّ﴾ «رەببىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟!»[1] ۋە ﴿فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٠﴾﴾ «زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن»[2] دېگەن ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلىغاندا «ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىنى ئورۇندىغان ئادەم قۇرئان كەرىمنىڭ پايدىسى ۋە تەسىرىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرگەن بولىدۇ.

ئەبۇلھەسەن نەدەۋى[3] ئىسلام شائىرى مۇھەممەد ئىقبال[4] ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۇسلۇبى باشقىلارنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ مۇشۇ ئۇسلۇبىنىڭ بەرىكىتى بىلەن قۇرئاننىڭ ھالاۋىتىنى ئەڭ تولۇق تېتىيالىغان ۋە ئۇنىڭ سايىسىدا ھۇزۇرلۇق ھايات كەچۈرگەن شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر».

ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازغان: «مەن ھەر ئەتىگىنى بامدات نامىزىدىن كېيىن قۇرئان ئوقۇشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدىم. ھەر كۈنى دادام مەندىن: <نېمە قىلىۋاتىسەن؟> دەپ سورايتتى. مەن: <قۇرئان ئوقۇۋاتىمەن> دەپ جاۋاب بېرەتتىم. دادام ھەر كۈنى شۇ بىر خىل سوئالنىلا سورايتتى، مەنمۇ شۇ بىر خىل جاۋابنىلا بېرەتتىم. بىر كۈنى مەن دادامدىن: <دادا، ھەر كۈنى قۇرئان ئوقۇۋاتقىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە مەندىن نېمە قىلىۋاتقىنىمنى سوراشتىن زېرىكمىدىڭىزمۇ؟> دەپ سورىغانىدىم، دادام ماڭا:

---

[1] فۇرقان سۈرىسى 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] قەسەس سۈرىسى 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[3] ئەبۇلھەسەن نەدەۋى رەھىمەھۇللاھ ھىندىستانلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى، كۆپلىگەن ئىسلام ئەسەرلەرنىڭ يازغۇچىسىدۇر. ئۇ 1913 - يىلى ھىندىستاننىڭ شىمالىدا دۇنياغا كېلىپ، 1999 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

[4] مۇھەممەد ئىقبال ئىسلام مۇتەپەككۇرى، شائىر، پەيلاسوپ ۋە ئەدىب بولۇش سۈپىتى بىلەن ھىندىستان تەۋەسىدە، شۇنداقلا دۇنيادا زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن شەخس. ئۇ 1877 - يىلى شۇ ۋاقىتتىكى ھىندىستاننىڭ پەنجاب ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە 1938 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. مۇھەممەد ئىقبال ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق مەيدانىدا چىڭ تۇرغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخلاق -پەزىلەتلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەن.

‹بالام، مەن ساڭا قۇرئاننى خۇددى ساڭا نازىل بولغاندەك ئوقۇغىن، دېمەكچى ئىدىم› دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن قۇرئاننى خۇددى ئاللاھ تائالا ماڭا نازىل قىلغاندەك ھېس- تۇيغۇ بىلەن ئۇنى چۈشىنىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ پارلاق نۇرىدىن ۋە جەۋھەرلىرىدىن مېنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىم بارلىققا كەلدى»[1].

## قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىر كۈچى

قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىر كۈچى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇرئان كەرىمنىڭ قەلبلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلىشتەك مۆجىزىسى بىلەن ئىمان ئېيتقان ئىدى. ئىسلامغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىڭلىسى تىلاۋەت قىلىۋاتقان ئايەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ چىقىشى بىلەن بىردىنلا قەلبى ئېرىپ مۇسۇلمان بولغانلىقى ۋە مۇسۇلمان بولغىنىدىن كېيىن ئىسلامنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوغدىغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىختا ئۆچمەس نامى ۋە ئىش- ئىزلىرىنى قالدۇرغانلىقى؛ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاش بىلەن بىردىنلا پىكرى ئۆزگىرىپ ئىمان ئېيتقانلىقى بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىندۇر.

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى شام نامىزىنىڭ پەرزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇر سۈرىسىنى تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە: ﴿أَمْ خُلِقُوا۟ مِنْ غَيْرِ شَىْءٍ أَمْ هُمُ ٱلْخَـٰلِقُونَ ۝٣٥ أَمْ خَلَقُوا۟ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ ۚ بَل لَّا يُوقِنُونَ ۝٣٦﴾ ‹ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ!؟ [35﴾ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ!؟ بەلكى ئۇلار (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ [36﴾› دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، بىردىنلا دىلىم ئىمانغا كېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ھاياجان قاپلىۋالدى، قەلبىم خۇشاللىقتىن ئۇچۇشقا ھازىر بولغاندەك بولۇپ قالدى»[2].

ئۇبادە ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازدا تۇرغىنىدا مۇشرىكلارنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئوقياسى تېگىپ قانلىرى ئېقىپ تۇرسىمۇ، قۇرئاننىڭ قەلبىگە بولغان تەسىرىدىن نامىزىنى بۇزمىغانلىقى ۋە قىرائىتىنى توختاتمىغانلىقى نەقىل قىلىنغان.

ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن كەلگەن نەجرانلىق خرىستىيانلار ئۆمىكىمۇ ئاڭلىغان قۇرئاننىڭ تەسىرىدىن يىغلاپ كەتكەن. بۇ

[1] ئەبۇلھەسەن نەدەۋىنىڭ «ئىقبال شېئىرلىرى» ناملىق ئەسىرى 38 -، 39 - بەتلەر

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ۋەقەلىكنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿وَإِذَا سَمِعُوا۟ مَآ أُنزِلَ إِلَى ٱلرَّسُولِ تَرَىٰٓ أَعْيُنَهُمْ تَفِيضُ مِنَ ٱلدَّمْعِ مِمَّا عَرَفُوا۟ مِنَ ٱلْحَقِّ ۖ يَقُولُونَ رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱكْتُبْنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٨٣﴾ وَمَا لَنَا لَا نُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَمَا جَآءَنَا مِنَ ٱلْحَقِّ وَنَطْمَعُ أَن يُدْخِلَنَا رَبُّنَا مَعَ ٱلْقَوْمِ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٤﴾﴾ «ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان (ئايەتلەر)نى ئاڭلىغان چاغدا، ھەقىقەتنى تونۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلار ئېيتىدۇ: ‹ئى رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (ھەقىقەتكە) گۇۋاھ بولغۇچىلار قاتارىدا يازغىن. [83﴾ بىز رەببىمىزنىڭ بىزنى ياخشىلار بىلەن بىللە (جەننەتكە) كىرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھقا ۋە بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى!؟›»[1].

قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىرى پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى جىنلارمۇ ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بامدات نامىزىدا ئوقۇغان قىرائىتىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ تەسىرىدىن مۇسۇلمان بولغان ئىدى. قۇرئان كەرىم جىنلارنىڭ تىلىدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَقَالُوٓا۟ إِنَّا سَمِعْنَا قُرْءَانًا عَجَبًا ﴿١﴾ يَهْدِىٓ إِلَى ٱلرُّشْدِ فَـَٔامَنَّا بِهِۦ ۖ وَلَن نُّشْرِكَ بِرَبِّنَآ أَحَدًا ﴿٢﴾﴾ «بىز ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، بىز رەببىمىزگە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز»[2].

قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىر كۈچىنى ئىنسان ئەقلىنىڭ مۆلچەرلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَوْ أَنزَلْنَا هَٰذَا ٱلْقُرْءَانَ عَلَىٰ جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُۥ خَٰشِعًا مُّتَصَدِّعًا مِّنْ خَشْيَةِ ٱللَّهِ ۚ وَتِلْكَ ٱلْأَمْثَٰلُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١﴾﴾ «ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلغان بولساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ. بىز بۇ مىساللارنى ئىنسانلارغا تەپەككۇر قىلسۇن دەپ بايان قىلىۋاتىمىز»[3].

شۇنى كەسكىن ئېيتىمىزكى، قولىمىزدىكى قۇرئان ئىسلام مىللىتى مۇھتاج بولۇۋاتقان مەنىۋى ئېنېرگىيەنىڭ ئۆزىدۇر. قاچانكى، بىز قۇرئاننى مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنىڭ مەنبەسى ۋە ئىچىمىزدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان روھىيەت بۇلىقىغا ئايلاندۇرالىساق، ئۇنىڭ ھەۋزى كەۋسىرى بىلەن روھىمىزنى تىرىلدۈرەلەيمىز ۋە قاقشاللىقتىن چۆلدەرەپ كەتكەن مەنىۋى ھاياتىمىزنى چوقۇم ياشارتالايمىز. نەتىجىدە تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز.

---

[1] مائىدە سۈرىسى 83 - ، 84 - ئايەتلەر

[2] جىن سۈرىسى 1 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 2 - ئايەت

[3] ھەشر سۈرىسى 21 - ئايەت

بەزىلەر مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: «قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلارنىڭ قەلبىگە شۇنداق زور تەسىر قىلغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەسمۇ؟». سەييىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دەۋىتىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ مېۋە بېرىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات بولۇشىغا باغلىق بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا بۇ دەۋەتنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئومۇم قىلمىغان، ئۇنى ساماۋى دىنلارنىڭ ئاخىرقىسى قىلمىغان ۋە تا قىيامەتكىچە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى بۇ دىنغا باغلىمىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى قوغداشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئىسلام دەۋىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان ۋە مېۋىسىنى بېرىپ تۇرىدىغان قىلغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى 23 يىللىق دەۋەتتىن كېيىن ۋاپات قىلدۇرغان بولسىمۇ، ئۇ باشلاپ بەرگەن ئىسلام دەۋىتى تا بۈگۈنگىچە داۋام قىلماقتا.

ئىسلامنىڭ تۇنجى ئەۋلادلىرى بولغان ساھابىلەرنى تۈپتىن ئۆزگەرتكەن مەنبە قۇرئان كەرىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بولسا، بۇ مەنبەنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورالغىنىدا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ‹ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى› دېگەن[1]».[2]



## ساھابىلەر قۇرئان كەرىمگە قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟

سەييىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ياكى بىلىم ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئوقۇمايتتى، بەلكى ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىش، ئەمەل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيتتى.

توغرا، ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلەر قوماندانىدىن بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالغاندەك ئىجرا قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار كۈندىلىك ئالىدىغان تەلىملىرىدە زىيادە قىلىشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۇلار كۈندىلىك ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى تۇرمۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە ئىجرا قىلىپ ماڭغانلىقتىن، ئۈستىلىرىگە كۆپ تەكلىپلەرنى ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلىۋېلىپ ئەمەل قىلالماي قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئېيتقاندەك: ‹ئون ئايەتنى ياخشى ئۆگىنىپ ۋە يادلاپ، ئۇنىڭ روھى

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] «معالم في الطريق» (يول بەلگىسى) ناملىق كىتاب 11 - ، 12 - بەتلەر

بويىچە ئەمەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن باشقىسىغا يۆتكىلەتتى>.[1]

ئۇلارنىڭ قۇرئان ئەمرلىرىنى ئىجرا قىلىش مەقسىتى بىلەن نازىل بولغاندەك قوبۇل قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھالاۋەت ئۇپۇقلىرىنى ئېچىپ بېرەتتى. ئۇلار قۇرئاننى ئىزدىنىش، مەلۇمات ئىگىلەش نىيىتى بىلەن ئوقۇغان بولسا، بۇنداق ھالاۋەت ئۇپۇقلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئېچىلمىغان بولاتتى. قۇرئان ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي دەستۇرىغا ئايلانغان ئىدى. قىسقىسى قۇرئان كەرىم خۇددى ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدا ئاققان قانغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ھايات ساھەلىرىدە ئۆز نۇرىنى كۆرسەتكەن ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ خەزىنىسى پەقەت ئۇنىڭغا تولۇپ تاشقان جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن يۈزلەنگەن ئادەمگىلا بېرىلىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئوقۇپ كۆڭۈلنى خۇش قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان كىتاب ئەمەس ۋە ياكى ئەدەبىيات، تارىخ كىتابى ئەمەس، بەلكى ئۇ ھاياتلىقنىڭ دەستۇرى بولۇش ئۈچۈن نازىل بولغان كىتابتۇر»[2].

## قۇرئان كەرىمدىن مەنپەئەت ئېلىشنىڭ شەرتلىرى

قۇرئان كەرىم مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان، قەلبلەرنى تىرىلدۈرىدىغان بىر كىتاب تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇ مۆجىزىلەرنى بىزدە يارىتالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ قەلبىمىزنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ساھابىلەرگە ئوخشاش قىلىۋېتەلمەيدۇ؟

قۇرئان كەرىم بىزنىمۇ خۇددى ساھابىلەرنى ئۆزگەرتكەندەك ئۆزگەرتىشكە ۋە بىزدىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان پەزىلەتلەرنى يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىر، ئەمما ئۇنىڭ بىرلا شەرتى بار، ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ قۇرئان كەرىمگە خۇددى ساھابىلەر مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالغىنىدەك قوبۇل قىلىپ ئىجرا قىلىدىغان ھالەتكە كېلىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

بۇنداق ھالەتكە كېلىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى قەلبىمىزنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى بىلەن تولۇشىدۇر. قاچانكى بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر تۇيغۇغا ئايلانغىنىدا، قۇرئان كەرىم چوقۇم بىزگە تەسىر قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿فَذَكِّرْ بِٱلْقُرْءَانِ مَن يَخَافُ وَعِيدِ ﴿٤٥﴾﴾ «مېنىڭ

[1] «ئىبنى كەسىر تەپسىرى»نىڭ مۇقەددىمىسىدە نەقىل قىلىنغان.

[2] «معالم في الطريق» (يول بەلگىسى)ناملىق كىتاب 11 -، 12 - بەتلەر

ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلغىن»[1] دەپ بۇيرۇغان. بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەرمۇ ئىنتايىن كۆپتۇر. بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ئايەتتىلا بۇ شەرت ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن: ﴿ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ ٢﴾ «بۇ كىتابتا ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا [2] يېتەكچىدۇر»[3]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡقُرۡءَانَ لِتَشۡقَىٰٓ ٢ إِلَّا تَذۡكِرَةٗ لِّمَن يَخۡشَىٰ ٣﴾ «قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت (ئاللاھتىن) قورقىدىغانلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق»[4].

قولىمىزدىكى قۇرئان ئەينى ۋاقىتتا ساھابىلەر تىلاۋەت قىلغان قۇرئان شۇدۇر، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى دىللارنىڭ سۈزۈكلۈكىگە ۋە قوبۇل قىلىشتىكى ئەھۋالىغا قاراپ بىر خىل بولمايدۇ: ﴿قُلۡ هُوَ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ هُدٗى وَشِفَآءٞۚ وَٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ فِيٓ ءَاذَانِهِمۡ وَقۡرٞ وَهُوَ عَلَيۡهِمۡ عَمًى﴾ «(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، بۇ (قۇرئان) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە شىپادۇر. ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدا (قۇرئاننى ئاڭلاشقا قارىتا) بىر ئېغىرلىق بار، (ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمىگەنلىكتىن) ئۇ (قۇرئان) ئۇلارغا نىسبەتەن بىر قاراڭغۇلۇقتۇر»[5].

قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشتىن مەقسەت ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان قەلبنىڭ ئويغاق ۋە سەگەك بولۇشى شەرتتۇر: ﴿وَمَا عَلَّمۡنَٰهُ ٱلشِّعۡرَ وَمَا يَنۢبَغِي لَهُۥٓۚ إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ وَقُرۡءَانٞ مُّبِينٞ ٦٩ لِّيُنذِرَ مَن كَانَ حَيّٗا وَيَحِقَّ ٱلۡقَوۡلُ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ٧٠﴾ «بىز ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەدكە) شېئىر ئۆگەتمىدۇق، ئۇنىڭغا (شېئىر) مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ يەتكۈزۈۋاتقىنى پەقەت (قەلبى) تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز - نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر»[6].

## قۇرئان كەرىم كىملەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت؟

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىدىغان، جازاسىغا يولۇقۇپ



[1] قاف سۈرىسى 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] تەقۋادار ‌ الله نىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچى؛ الله تىن قورققۇچى دېگەنلىكتۇر.

[3] بەقەرە سۈرىسى 2 - ئايەت

[4] تاھا سۈرىسى 2 - ۋە 3 - ئايەتلەر

[5] فۇسسىلەت سۈرىسى 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[6] ياسىن سۈرىسى 69 - ۋە 70 - ئايەتلەر

قىلىشتىن قورقىدىغان، غەزىپىگە دۇچار بولۇشتىن ھەزەر قىلىدىغان كىشىلەر ئۇچۇن ئەڭ ياخشى ۋەز- نەسىھەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە قادىردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَيَذَّكَّرُ مَن يَخۡشَىٰ ١٠﴾ «ئاللاھتىن قورقىدىغان ئادەم ۋەز- نەسىھەت ئالىدۇ»[1]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَعِبۡرَةٗ لِّمَن يَخۡشَىٰٓ ٢٦﴾ «شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئاللاھتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار»[2]. دېمەك، پەقەت ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغانلارلا قۇرئان كەرىمدىن مەنپەئەت ئالالايدۇ.

## قۇرئان كەرىم ئىماننىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدۇر

ئىسلام مىللىتىنىڭ ئەڭ چوڭ دەردى ئىماننىڭ ئاجىزلىقى مەسىلىسىدۇر. «مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سەۋەبى ئەمەلىيەتتە ئىمانىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىندۇر» دېسەك مۇبالىغە قىلغانلىق بولمايدۇ. بىز ئىمانىمىزنى كۈچلەندۈرمەي تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرەلمەيمىز، قەد كۆتۈرەلمەيمىز ۋە بېشىمىزغا كەلگەن بەختسىزلىكلەردىن قۇتۇلالمايمىز، چۈنكى دەسلەپكى ئىسلام مىللىتى ئىماننىڭ كۈچى بىلەن قەد كۆتۈرگەن، ئەزىز بولغان ۋە دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن بولۇپ، بىزمۇ ھەم دەل شۇنىڭ بىلەن قەد كۆتۈرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرىنىڭ ئەھۋالى پەقەت ئالدىنقىلىرىنىڭ ئەھۋالى تۈزەلگەن نەرسە بىلەنلا تۈزىلىدۇ»[3].

ئىماننى كۈچەيتىشنىڭ چارىلىرى ۋە سەۋەبلىرىمۇ كۆپ. مەسىلەن، تائەت-ئىبادەتنى خالىس قىلىش، قۇرئاننى تەجۋىدكە ئۇيغۇن رەۋىشتە تىلاۋەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش يولىدا ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش قاتارلىقلار ئىماننى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئىماننى كۈچەيتىش چارىلىرى ئىچىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئالدىنقى ئورۇندا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتۡ قُلُوبُهُمۡ وَإِذَا تُلِيَتۡ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُهُۥ زَادَتۡهُمۡ إِيمَٰنٗا وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ٢﴾ «ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگە تايىنىدىغان كىشىلەرلا

[1] ئەئلا سۈرىسى 2 - ئايەت
[2] نازىئات سۈرىسى 26 - ئايەت
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر»[1].

قۇرئان كەرىمنىڭ قەلبلەرگە بېرىدىغان تەسىر كۈچى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ھېچقانداق مەنبە ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتكە چۈشەلمەيدۇ. دۇنيا تارىخىدا ئىنسانلارنى ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە باشقا تەرەپلەردىن پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر كىتاب كۆرۈلگەن ئەمەس. قۇرئان كەرىم ئەينى ۋاقىتتا پىكىر ۋە ئېتىقادتا خۇراپاتقا چۆكۈپ كەتكەن، ئىجتىمائىي تەرەپتىن ئىنتايىن تارقاق، سىياسىي جەھەتتىن ئۇرۇشقاق، قىساسخور، ھەتتا ئەتراپتىكى مىللەتلەر ئۇلارنى مىللەت قاتارىدىنمۇ سانىمايدىغان ئەرەبلەرنى تەربىيەلەپ، ئۆزگەرتىپ، دۇنياغا ئادالەت، رەھىم - شەپقەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدىغان، گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن ئىدى.

ئىسلام شائىرى مەرھۇم مۇھەممەد ئىقبال قۇرئان كەرىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن:

*دېمە «قۇرئان ئۇ پەقەت كىتابلا» دەپ،*
*جىسمىڭ نۇرلىنار ئۇ قەلبىڭگە كىرسە.*
*ھەتتا دۇنيا ئۆزگىرەر ھەقكە تولۇپ،*
*ئەگەر قەلبىڭ ئۆزگەرسە ۋۇجۇد بىرلە.*

توغرا، قۇرئان كەرىم قەلبلەردىن چىن ئورۇن ئالغان ۋاقىتلاردا ئىنسانلار ئۆزگەرگەن، ئاندىن ئۇلار دۇنيانى ئۆزگەرتكەن ئىدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ كارامىتى تارىختىن بۇيان ھېچ ئۆزگىرىپ قالغىنى ياكى سۇسلاپ قالغىنى يوق، شۇنداقلا ئۇ تەسىرىنى يوقىتىپ قويغان ياكى كونا سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالغانمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ تېكىستى ۋە جىمى مۆجىزىسىدە خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش داۋام قىلىپ كەلمەكتە ھەمدە تاكى قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدىغان مۆجىزىلىك كىتابتۇر. قاچانكى بىز قۇرئان كەرىمگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش چىن قەلبىمىز ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن يۈزلىنىدىغان بولساق، ئۇ بىزنى چوقۇم ئۆزگەرتىشكە قادىردۇر. ساھابىلەر ئوقۇغان ۋە ئۇ ئارقىلىق ھاياتىنى ئۆزگەرتكەن قۇرئان قولىمىزدىكى قۇرئاننىڭ ئەينەن ئۆزىدۇر. دېمەك، مەسىلە قۇرئاندا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزدە.

ئىمام ھەسەنۇل بەننا ئەتراپىدىكىلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر

---

[1] ئەنفال سۈرىسى 2 - ئايەت

ئىسلام مىللىتىنىڭ قەلبىنى تىرىلدۈرىدىغان يېڭى روھسىلەر. سىلەر بۇ مىللەتنى قۇرئان بىلەن تىرىلدۈرسىلەر».

پاكىستاندىكى ئىسلام جامائىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مەرھۇم ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى مۇنداق دېگەن: «ئى مۇسۇلمانلار! قۇرئاننى كۆتۈرۈڭلار، ئۇنىڭ بىلەن قەد كۆتۈرۈڭلار، يۇقىرى ئۇپۇقلارغا ئۆرلەڭلار! باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ يۈرۈش بىزنىڭ شەنىمىزدىن ئەمەس، بەلكى بىز ئۆز پرىنسىپىمىزدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم».

## قۇرئان يادلاش

قۇرئان كەرىمنى يادقا ئېلىش ناھايىتى ياخشى پەزىلەتتۇر ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئادەتتۇر. ئەينى ۋاقىتتا ساھابىلەردىن قارىي بولغانلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. دۇنيادا قۇرئان كەرىمدىن باشقا ھېچقانداق كىتاب بۇنچىلىك يادقا ئېلىنىپ باقمىغان ۋە بۇنداق يادلاش شەرىپىگە ئېرىشىپ باقمىغان. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى يادقا ئالغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئەمما قۇرئاننى يادلىغان قارىيلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلىدۇ. ھەتتا ھەربىر مەھەللىدىنمۇ بىر قانچىسى تېپىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىز قۇرئان ئەھلىگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى تارىختىن بۇيان قەغەز يۈزىگە يېزىلغان ۋە قارىيلارنىڭ دىلىدا ساقلانغان ھالدا ساقلاپ كەلمەكتە.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بالىلارنىڭ قۇرئان يادلىشى — ئىسلامىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە باشلاشنىڭ مۇقەددىمىسى سانىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا كۆپلىگەن ئىسلامىي فاكۇلتېتلارغا قوبۇل قىلىشتا ئوقۇغۇچىنىڭ قۇرئاننى كامىل يادقا ئالغان بولۇشى ۋە ياكى ھېچ بولمىغاندا 15 پارا ياكى 20 پارا يادقا ئالغان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. بەزى فاكۇلتېتلاردا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادقا ئېلىپ بولىدۇ، چۈنكى قۇرئاننى يادلاش ئىسلامىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئەرەب تىلىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇنى تولۇق ئىگىلەش ئۈچۈن ئالاھىدە ياردەمچى بولىدۇ.

بىزنىڭ تۈركىستان دىيارىمىزدىمۇ بالىلارغا قۇرئان يادلىتىش ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئىشتۇر. بولۇپمۇ ھازىرقى ۋاقىتلاردا بالىلارنى قارىي قىلىش جەھەتتە ئىزچىللىق كۈندىن- كۈنگە ئاشماقتا. ھەتتا دىنىي ئىلىم ساھەسىدە ئوقۇغانلار ئىچىدە قۇرئان يادلاش دولقۇنى ھەممىدىن كۈچلۈك بولماقتا. بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش. ئەمما ئەپسۇسكى، بىز ئۇيغۇرلاردا قۇرئاننى يادلاپ بولغان

ئوقۇغۇچى خۇددى ئىسلامىي ئىلىملەردە تولۇق يېتىشىپ بولۇپ، ئۇستازلاردىن شاھادەت ئېلىپ چىققان كاتتا ئالىملاردەك ياكى بىرەر ھۈنەرنى ئۆگىنىپ بولۇپ دۇكان ئايرىغان ھۈنەرۋەندەك قۇرئاننىڭ خەتمە تونىنى كىيگەندىن كېيىنلا دۇكان ئايرىپ چىقىپ، شۇنىڭغا كۇپايە قىلىدىغان؛ ئىلىم تەھسىل قىلىش، ھېچ بولمىغاندا ئۆزى يادلىغان شۇ قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلىش ئۈچۈن يول ئالمايدىغان يېتەرسىزلىك بار. بۇ توغرا ئەمەس. گەرچە قۇرئان يادلىغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك كالامىنى دىلىغا يەرلەشتۈرۈپ ئۇنى يادىدا ساقلىغان بولسىمۇ، تاكى ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىگىچە ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلمىغىچە، خۇددى قۇرئاننى ساقلىغان قاپچۇق ياكى ساندۇق بولۇپ قېلىشتىن باشقا ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالمايدۇ.

شۇنداق، قۇرئاننى ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەستىن، روھىغا ئەمەل قىلماستىن قەلبىدە ساقلىغان ئادەم ھەقىقەتەن ساندۇققا ياكى قاپچۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەيدۇ.

## قۇرئاننى قانداق ساقلاش كېرەك؟

ئەرەبلەر قۇرئان كەرىمنى يادقا ئېلىپ، مەنىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭ قانۇن-پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئۇنى تىلى، دىلى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياشناتقان ئادەمنى «ھامىلۇل قۇرئان»، يەنى «قۇرئاننى كۆتۈرگۈچى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ «كۆتۈرۈش» قۇرئاننى يادلاپ مېڭىدە ساقلاپ، نەگە بارسا شۇ يەرگە كۆتۈرۈپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇ قۇرئاننىڭ تېكىستىنى، مەنىسىنى، قانۇن-پىرىنسىپلىرىنى، ئەمر- پەرمانلىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئاۋۋال ئۆزىگە ۋە ئەخلاق- پەزىلەتلىرىگە يەرلەشتۈرۈپ، ئاندىن كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، باشقىلارغا ئۆگىتىش دېگەننى تەقەززا قىلىدىغان كۆتۈرۈشتۇر. بۇ «كۆتۈرۈش» قۇرئاننى يادلاپ قويۇپلا، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆگەنمىگەنلەرنى ياكى ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلمىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى «ھامىلۇل قۇرئان» دېگەن نام — كاتتا پەزىلەتلىك بىر ئۇنۋان بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ «قارىم»، «قاراخۇنۇم» ۋە «قارىھاجىم» دېگەن ئۇنۋانلىرىمىزدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر.

## «قارىيلىق» بىر ئاتاقتۇر

شۇڭا باللارغا قۇرئاننى يادلىتىپ بولۇپ توختاپ قېلىش، گويا ئۇلار قۇرئاننى يادلاپ بولۇش بىلەنلا مەقسەت ھاسىل بولغاندەك مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىش ئىنتايىن خاتا ئىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزى يادلىغان،

قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرغان، تىلى بىلەن شۇنداق چىرايلىق تىلاۋەت قىلىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ قۇرئاندا نىملەرنىڭ سۆزلەنگەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى نېملەرگە بۇيرۇغانلىقىنى ۋە نېملەردىن توسقانلىقىنى بىلمىگەن قارىيلار ياخشى- يامانىنى، گۇناھ- ساۋابنى بىلمەيدۇ. ھەتتا قۇرئان ئىنسانلارغا سوۋغا قىلغان گۈزەل ئەخلاقلارنىمۇ بىلمەيدۇ. تېخى ئۇلاردىن بەزىسى ئۆزلىرىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى تەن ئالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنى دىنىي ئۆلىمالارغا ئوخشىتىدۇ ياكى ئۇلاردىنمۇ ئۈستۈن كۆرۈپ، داۋاملىق ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇ «قارىم» دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشنى ئۆزلىرىگە ھاجەتسىز دەپ بىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇنداق قارىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا رامىزاندا خەتمە ئوقۇپ بېرىش، نەزىر- چىراغلاردا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئەجەبا بىز باللىرىمىزنى پەقەت مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ئوقۇتىمىزمۇ؟! ئۇلار كىمگە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ؟!

ھامىلۇل قۇرئان بولۇش ھەقىقەتەن شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ ئەمەلدۇر. ئۇ قارىيلىقتىنمۇ چوڭ ئۇنۋان ۋە پەزىلەتتۇر. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمنىڭ «لەيل سۈرىسى»نى يادقا ئېلىش ئۈچۈن يېرىم سائەت ياكى كۆپ بولغاندا بىرەر سائەت كېتىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنى شۇ يېرىم سائەت ئىچىدە «لەيل سۈرىسى»نى يادقا ئالغان ئادەمنى بۇ سۈرىدە بۇيرۇلغان ئىسلامىي ئەخلاقلارنى ئۆزىگە يەرلەشتۈرگەن ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟!

## قۇرئان بىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىمىزدۇر

قۇرئان كەرىم ئىلگىرى دۇنيانى تىترەتكەن ئەركەكلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىغان ئىكەن، ھېلىھەم چىقىرىشقا قادىردۇر. بۇ ئارزۇ- ئارمان ياكى خىيال ئەمەس، بەلكى تارىخ ئىسپاتلىغان ھەقىقەت ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن خۇش بېشارەتتۇر. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىختىلاپلار ۋە پىتنىلەر ھەققىدە خەۋەر بەرگەندە، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىن:

— ئەگەر مەن شۇنداق مۇسىبەتكە يولۇقسام قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆگەنگىن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن. ئۇ سېنىڭ چىقىش يولۇڭدۇر، — دەپ جاۋاب بەرگەن. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە قايتىلاپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭغا:

— ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆگەنگىن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن. ئۇ سېنىڭ چىقىش يولۇڭدۇر، — دېگەن.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدىن قايتىپ كېلىپ تۇنجى خۇتبەسىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ كىتابىدا نۇر ۋە ھىدايەت باردۇر. ئۇنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ يولىدا يۈرگەن ئادەم ھىدايەت ئۈستىدە بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭ سىرتىدا ماڭغان ئادەم ئېزىپ كېتىدۇ».[2]

## شەكلەن ئۆزگىرىش پايدا بەرمەيدۇ

ئىسلام دۇنياسى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجىزلىق، خورلۇق ۋە پارچىلىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلار بېشىغا ھەقىقەتەن ئېغىر مۇسىبەتلەر ۋە ئازاب- ئوقۇبەتلەر كەلمەكتە. ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇش، ئەقىدىسىنى سۇسلاشتۇرۇش جەھەتتە زور غەلىبە قازانغان بولۇپ، ئاخىرقى ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلاردا قىسمەن ئويغىنىشلار ۋە شەكلىي ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇلار كۈتۈلگەندىن ئەلۋەتتە خېلىلا يىراقتا تۇرماقتا.

ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمانلارغا «دىنىغا ھەقىقىي قايتىش» سەپەرۋەرلىكى كەڭ يېيىلغان بولۇپ، بەزى شەكلىي جەھەتلەردە ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ باشلىرىغا ئىسلامىي ھىجاب ئارتىشى، مەسجىدلەردە ناماز ئوقۇيدىغانلار سانىنىڭ كۆپىيىشى، ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كېلىدىغانلار سانىنىڭ كۆپىيىشى دېگەنگە ئوخشىغان بەزى ئىجابىيلىقلار ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئەمما بۇ ئىشلار ئاساسىي مەقسەتتىن خېلى بەك يىراقتا بولغانلىقتىن، نە ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى ئۆزگەرمىدى، نە ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى تۈزەلمىدى، نە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ھەل بولمىدى.

مەسجىدى ھەرەمدە ھەر جۈمە كۈنى مىڭلارچە مۇسۇلمانلار پەلەستىنىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئازاد بولۇشىنى، يەھۇدىيلارنىڭ يوقىلىشىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قازىنىشىنى ئاللاھ تائالادىن تىلەيدۇ. ئەمما نېمە ئۈچۈن بۇ دۇئا ئىجابەت بولمايدۇ؟ ئەڭ ئۇلۇغ جاي ھەرەمدە قىلغان دۇئالار نېمە ئۈچۈن ئىجابەت بولمايدۇ؟ چۈنكى مۇنداق دۇئا قىلىش يىللاردىن بېرى ئادەتكە ۋە رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى خاراب، نىيىتى

[1] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بۇزۇق، ئەخلاقى ناچار، ئىمانى ئاجىز بولۇپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالا بۇ كائىناتتا شۇنداق بىر ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتنى بېكىتتۇەتكەنكى، ئۇنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ھەتتا پەيغەمبەر ئۈچۈنمۇ ئۇنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ ﴿وَأَن لَّيۡسَ لِلۡإِنسَٰنِ إِلَّا مَا سَعَىٰ ٣٩﴾ «ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»[1] دېگەن قانۇنىيەتتۇر. ئەگەر سەۋەب قىلماستىن، دۇئانىڭ ئىجابەت بولىدىغان ئامىللىرى ئۈچۈن تىرىشماستىن دۇئا قىلىپ قويۇش بىلەنلا ئىش ھەل بولىدىغان بولسا ئىدى، ئىنسانىيەتنىڭ ئېتىخارلىق ئۈلگىسى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىھاد قىلمىغان بولاتتى ۋە دۇئاغىلا تايىنىپ ئىشنى ھەل قىلغان بولاتتى. ئەمما ئاللاھنىڭ زېمىن يۈزىدىكى قانۇنىيىتى ئۇنداق ئەمەس. سەۋەب بىلەن دۇئا بىرلەشمىگەندە مەسىلە ھەل بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىگە قارشى تەدبىر ئالماستىن، ئۇلارغا شۇلار قوراللانغان پەن- تېخنىكا بىلەن قوراللىنىپ تاقابىل تۇرماستىن، ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتتۇەتكەن سەۋەب قىلىش قانۇنىيىتى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلاھىي قانۇنىغا ئەمەل قىلماستىن ھەرگىزمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ. پەلەستىن ۋە باشقا ئىسلام دىيارلىرى كاپىرلارنىڭ مۇستەملىكىسىدە داۋاملىشىپ مېڭىۋېرىدۇ، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

دېمەك، مۇسۇلمانلاردىكى شەكلىي ئۆزگىرىش ۋە زاھىرىي ئىبادەتلەرنى ئورۇنداپ قويۇش ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۈستىدىكى خارلىقنى كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. پەقەت ئۇلار قەلبىدىن ئۆزگەرمىگۈچە، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەۋزى كەۋسىرى بىلەن ئىچكى دۇنياسىنى پاكلىمىغۇچە نۇسرەت كەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار سەۋەب قىلماي مەسجىدىل ھەرەمدە مىڭ يىل دۇئا قىلسىمۇ ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە ۋە ئىززەت قولغا كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتتۇەتكەن قانۇنىيەتكە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا زىت ئىشتۇر.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى، مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دېگەن — كەم- زىيادە قىلىشقا بولمايدىغان، ھەتتا بارماقلار بىلەن سانىغىلى بولىدىغان ئازغىنە ئىبادەتلەر ئەمەس؛ بەلكى ئۇ، ئىنساننىڭ ھاياتىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە سالاھىيەتلىك بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. بىرەر زاۋۇتنى ياسىماقچى بولغان ئىنژېنېر ئۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتلارنى كۆزدە تۇتماستىن، بەلكى بۇ زاۋۇتنىڭ ھەممىشە ئىشلەپچىقىرىشقا سالاھىيەتلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئايروپىلاننىڭ سالاھىيىتى — ئۇنىڭ ئۇچۇش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى، قەلەمنىڭ سالاھىيىتى — يېزىش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى؛ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش،

[1] نەجىم سۈرىسى 39 - ئايەت

ئىنسانىنىڭ ئەمەل- ئىبادىتىنىڭ ھەمىشە ئاللاھقا يارايدىغان بولۇپ، قوبۇل بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن بولىدۇ. ئىنسانىنىڭ نىيىتى ھەر ئىشتا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت بولغاندىلا، ئۇنىڭ ھاياتتىكى پۈتۈن ئىشلىرى ئۆزلۈكىدىن ئىبادەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. پۇل چىقىرىدىغان زاۋۇتمۇ ئۇنىڭغا كىرگەن قىممەتسىز خام- ئەشيالارنى قىممەتلىك پۇل قىلىپ چىقارغىنىدەك، ئىنساننىڭ نىيىتى سالاھىيەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ھاياتتىكى پۈتۈن ئىشلىرى كاتتا ئىبادەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ».[1]

## ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى پەقەتلا ئىسلام ئارقىلىق بولىدۇ

بۈگۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر كۈنلەر كەلمەكتە. مۇسۇلمانلار زامانىمىزدىكىدەك پارچىلىنىش، خورلىنىش ۋە بوزەك قىلىنىشلارنى مۇندىن ئىلگىرى ھېچبىر ئەسىردە كۆرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك. ئىسلام دۈشمەنلىرى بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنىڭ زەئىپلەشكىنىدىن پايدىلىنىپ، كۈچ ۋە سىياسەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يەر- زېمىنلىرىنى تالان- تاراج قىلىشتا، بىرلىكىنى پارچىلاشتا غەلىبە قىلىپ مېڭىۋاتقان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن كۈچلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇشتا غەلىبە قىلماقتا.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىسلام دۇنياسىدا ئىمانى ئاجىز، ئەخلاقى ناچار، ئەقىدىسى زەئىپ ئىنسانلار كۆپلۈكنى ئىگىلەيدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنغا قىلىدىغان مۇئامىلىسى شەكلىي مۇئامىلە تۈسىنى ئالغان. زاھىرىي ئىبادەتلەرگىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەمما ئىچكى دۇنياسىنى پاكلاشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغان. مەسىلەن، مۇسۇلمان ئاياللاردا ئىسلامىي كىيىنىش نىسبىتى كۆپىيىۋاتىدۇ، نامازئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى كۈندىن- كۈنگە ئېشىۋاتىدۇ، ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە بارىدىغانلارنىڭ سانىمۇ يىلدىن- يىلغا زور دەرىجىدە كۆپىيىۋاتىدۇ، ھەتتا مەسجىدىل ھەرەمگە سىغمايدىغان ھالەت شەكىللىنىۋاتىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمايۋاتىدۇ. يەنە شۇ ئالدامچىلىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، سودىدا ساختىپەزلىك، يالغان سۆزلەش، ئازراق مەنپەئەت ئۈچۈن پىرىنسىپىدىن ۋاز كېچىش قاتارلىق ئىللەتلەر شۇ بويىچە داۋام قىلىۋاتىدۇ.

ئەمما، قارشىمىزدىكى ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنى سەلبىي تەرەپكە ئۆزگەرتىشتە تولۇق غەلىبە قىلىپ ماڭماقتا. مۇسۇلمان ياشلارنىڭ قەلبىدىكى ئىمان بىلەن ئەخلاقنى گاھ كۈچ بىلەن، گاھ ھەر خىل ئازدۇرغۇچى ھىيلە- مىكىرلەر

[1] مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىنىڭ «بۇ بىزنىڭ دىنىمىز» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

بىلەن يىمىرىپ تاشلاشقا توختىماستىن ھەرىكەت قىلماقتا. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنى ھەق دىنىغا قايتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىش، ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا چوڭ توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلار ئېھتىياج بولۇۋاتقان ئەڭ چوڭ جىھاد — ھەقىقىي ئىمانغا قايتىشتۇر. ئۇزۇن يىللىق ئېچىنىشلىق تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ كىچىكىمىزدىن يادلىۋالغان نوقۇل ئىمانىمىز بىلەن زاھىرىي ئىبادەتلىرىمىز بىزنى قۇتقۇزالمايدۇ.

ھازىر بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دۆلىتىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزدە ۋە ئىچكى دۇنيارىمىزدا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش ۋاقتىمىزدۇر. بىز ئىسلامنى ئۆزىمىزدە ۋە ئائىلىمىزدە قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن جەمئىيەتتە قۇرۇشقا تىرىشىمىز. مانا بۇ — پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام دەۋىتىگە بۇيرۇغان تۇنجى ئەمرىدە ئۇنىڭغا: ﴿وَأَنذِرۡ عَشِيرَتَكَ ٱلۡأَقۡرَبِينَ ٢١٤﴾ «(ئى پەيغەمبەر! ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»[1] دېگەن. ھەتتا نامازغا بۇيرۇشتىمۇ: ﴿وَأۡمُرۡ أَهۡلَكَ بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱصۡطَبِرۡ عَلَيۡهَا﴾ «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا چىداملىق بولغىن»[2] دەپ بۇيرۇق قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دۆلىتىنى ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مەككىدە 13 يىل ئىمان بىلەن ئەخلاققىلا دەۋەت قىلغان. ئاندىن مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىنكى 10 يىللىق دەۋىتىنى ئىسلام دۆلىتىنى يەر يۈزىدە قۇرۇش، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى تەسىس قىلىش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئېلان قىلىپ ئىجرا قىلىشقا ئاتىغان.



[1] شۇئەرا سۈرىسى 214 - ئايەت

[2] تاھا سۈرىسى 132 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

# مۇسۇلمانلاردا كەم نەرسە ئىلىم - مەرىپەت ئەمەس، بەلكى ئىماندۇر

گەرچە ئۇچۇر ۋاستىلىرى ھەرقانچە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلاردىكى كەم نەرسە ئىلىم - مەرىپەت ياكى ئىسلامىي ئۇچۇرلار ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىمان بىلەن ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى يېڭىپ چۈشىدىغان مەنىۋى قۇۋۋەتتۇر.

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يولى شەخسلەرنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىنىدۇ، شەخسلەرنى ئىسلاھ قىلىش ئائىلىدىن باشلىنىدۇ، چۈنكى ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمىدۇر. دېمەك، بۇنىڭدىن ئائىلىدىكى ئىسلام تەربىيەسىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.



## بىزدىن تەلەپ قىلىنغان ئىسلاھ بولۇش نېمە؟

بىزدىن تەلەپ قىلىنغان ئىسلاھ بولۇش — ئاللاھ تائالاغا باغلانغان، ئەقىل - پىكرىمىزنى ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇندۇرغان، ئىش - ھەرىكىتىمىزدە ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەل قىلىدىغان؛ قەلبىمىزنى ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە بېغىشلىغان ۋە ئۇ ياقتۇرغاننى ياقتۇرۇپ، ئۇ يامان كۆرگەننى يامان كۆرىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشتىن مەقسەت نېمە؟

ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشتىكى ئاساسلىق مەقسەت — ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان بىر ئائىلە ۋە مۇسۇلمان بىر جەمئىيەتنى تەسىس قىلالايدىغان مۇكەممەل بىر مۇسۇلمان قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بىزدىن تەلەپ قىلغىنىمۇ دەل بۇدۇر. شۇندىلا بىز قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿قُلۡ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحۡيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ١٦٢﴾ «ئېيتقىنكى: <مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە

ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر» [1] دېگەن ئايەتنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇنلاشقان بولىمىز. شۇ ۋاقىتتىلا ئىمانىمىز تاكامۇللىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە ھىمايىسىگە لايىق بولالايمىز.

### ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش نېمە بىلەن بولىدۇ؟

ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىمىغۇچە ئاللاھ تائالانىڭ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىق تەرەپكە ئۆزگەرتمەيدىغانلىقى ئېنىق بولغان ئىكەن، بىزگە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشقا چارە يوق. ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش ئەقلىمىزنى، قەلبىمىزنى ۋە نەپسىمىزنى ئۆزگەرتىش كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ. يەنى ئەقلىمىزدىكى خاتا ئېتىقاد ۋە خاتا چۈشەنچىلىرىمىزنى تۈزىتىپ توغرىسىنى يەرلەشتۈرۈش، قەلبىمىزدىن ھاۋايى-ھەۋەسنى چىقىرىپ تاشلاپ ئىمانىمىزنى قايتىدىن نۇرلاندۇرۇپ كۈچەيتىش ۋە نەپسىمىزنى ئەقلىمىزگە بويسۇندۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىشقا كۆندۈرۈش بىلەن بولىدۇ. بۇ گەرچە جاپالىق باسقۇچ بولسىمۇ، لېكىن مېۋىسى مۆلچەرلىگۈسىز كۆپ ۋە مۇكەممەلدۇر.

### ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش قانداق بولىدۇ؟

ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرمەستىن ئەمەلگە ئاشمايدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ: قىلماقچى بولغان ئىشقا ئەقلنى قايىل قىلىش.

ئىككىنچى باسقۇچ: قەلبنى ئەقلنىڭ چاقىرىقىغا بويسۇندۇرۇش.

ئۈچىنچى باسقۇچ: قەلبتىن ۋۇجۇدىمىزدىكى ئورۇندىغۇچى ئورگانلارغا بۇيرۇقنىڭ سادىر بولۇشى.

يۇقىرىقى ئۈچ باسقۇچ خۇددى زەنجىردەك بىر- بىرىگە چېتىشلىق بولغانلىقتىن، ئۇلاردىن بىرەرسى ئورۇندالماي قالسا، ئۇنىڭدىن كۈتۈلگەن نەتىجە ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ.

### ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ قۇرالى نېمە؟

شەكسىزكى، ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ قۇرالى قۇرئان كەرىمدۇر. ئاللاھ

[1] ئەنئام سۈرىسى 162 - ئايەت

تائالانىڭ ئىزنى بىلەن قۇرئان كەرىم بىزنى تۆپتىن ئۆزگەرتىپ باشقىچە ئىنسان چىقىشقا ئەلۋەتتە قادىر.

قېنى ئويلاپ كۆرەيلى. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ نارەسىدە قىزىنى ئېلىپ بىر چۆلگە چىقىدۇ. ئاندىن قىزىنى قۇم ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئورەك كولايدۇ. قەلبى خۇددى ئاپئاق ئاققۇدەك بۇ نارەسىدە قىز ئاتىسىنىڭ ئورەكنى نېمە ئۈچۈن كولاۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئاتىسىغا قاراپ بىر تاتلىق كۈلۈپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ پاك خىيالى بىلەن مەشغۇل بولغان ھالدا ئولتۇرىدۇ. ئورەك كولىنىپ بولىدۇ. ئادەم قىزىنى يۇلۇپلا كۆتۈرۈپ ئورەككە تاشلايدۇ ۋە ئۇنى تىزدىن كۆمۈشكە ئالدىراپ، ھاسىراپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم تۆكىدۇ. قىز بولسا، جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ پەرياد قىلىدۇ، ئاتىسىغا يالۋۇرىدۇ، يىغلايدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى پايدا بەرمەيدۇ، چۈنكى ئادەم قىزىنى تىرىك كۆمۈشكە بەل باغلىغان بولۇپ، بۇ ئىشنى بېجىرمەستىن قايتمايتتى. شۇنداق قىلىپ قىز پەرياد قىلىدۇ، ئاتا ئۈستىگە قۇم تاشلايدۇ. ئاخىرى قىزنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلىدۇ، ئورەكمۇ كۆمۈلۈپ بولىدۇ. ئادەم ئۆيىگە قايتىدۇ.

قىزنىڭ گۇناھى نېمە ئىدى؟ پەقەت ئۇنىڭ قىز بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغانلىقى ئىدى. قىز ئۆزىنىڭ قانداق بولۇشىنى تاللىغانمۇ؟ ياق. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ تاللىشى ئىدى.

كۈنلەر ئۆتىدۇ، ئايلار ئۆتىدۇ، ھەتتا يىللار ئۆتىدۇ. بىر كۈنى بۇ ئادەمنىڭ تاشتەك شۇ قاتتىق قەلبىگە ئىسلام نۇرى كىرىدۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرى ئۇنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالىدۇ، چۈنكى شۇ ۋاقىتتا سىڭلىسى ئۇنىڭدىن قورقۇپ خۇپىيانە ئوقۇۋاتقان قۇرئان ئايىتى ئۇنى باشقا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. شۇ تاش يۈرەك ئادەم ئەمدىلىكتە شۇنداق بىر كۆڭلى يۇمشاق، كۆيۈمچان ۋە شەپقەتلىك بىر ئىنسانغا ئايلىنىدۇكى، ئۇ: «مېنىڭ دەۋرىمدە بىرەر مۇسۇلمان ھەقسىزلىككە ئۇچرىسا، ئاللاھ تائالا مېنى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىدۇ» دېگەن سۆزنى ياڭرىتىش بىلەن بىرگە، كېچە- كۈندۈز خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ھەتتا پۇقراچە كىيىنىپ ئاخشاملىرى مەدىنە كوچىلىرىدا كىشىلەرنىڭ دەرد-شىكايەتلىرىنى تىڭشايدىغان، مەدىنىدە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندە پۈتۈن بايلىق ۋە ھاكىمىيەت ئۆزىنىڭ قولىدا تۇرسىمۇ، خەلقنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن: «خەلقىمنى ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ، تائاملىنىپ ھوزۇرلىنىش مەن ئۈچۈن ھارام» دېگەن ئىرادىسىدە چىڭ تۇرۇپ، قۇرۇق نان يېيىشكە داۋام قىلغانلىقتىن، ئورۇقلاپ ئاخىرى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان دەرىجىدە ئۆزگەرگەن.

ئۇ كىم ئىدى؟ ئۇ ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئىدى. قۇرئان كەرىم بۇ ئادەمنى قانداق ئۆزگەرتكەن بولسا، باشقىلارنىمۇ شۇنداق ئۆزگەرتىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئەمما، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگەرتىشكە نائىل بولۇش ئۈچۈن ھەقىقەتنى ئىزدەشتە تەرەپسىز بولۇش ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش شەرتتۇر.

قۇرئان كەرىمنى مەلۇمات ئېلىش ياكى بىلىم ئاشۇرۇش ياكى ساۋاب تېپىش مەقسىتى بىلەنلا ئوقۇغان ئادەم ئۇنىڭ تەسىرىدىن ئوزۇق ئالالمايدۇ. نەتىجىدە قۇرئان كەرىم ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. پەقەت ئۇنى ھىدايەت تېپىش مەقسىتى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ، چۈشىنىپ ئوقۇغان ئادەملا ئاندىن ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرەلەيدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسلاھ قىلىش سايىسىگە كىرگەن بولىدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىم ھىدايەت كىتابىدۇر.

## قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ ئارغامچىسىدۇر

ئەرەبلەر ئىسلامدىن ئىلگىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىنتايىن نامرات، سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپسىز ۋە ئۇرۇشقاق، ئىجتىمائىي جەھەتتىن چېچىلاڭغۇ، ھەربىر قەبىلە ئۆزىنى باشقىلىرىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان، كىشىلەرگە قەبىلىسى ۋە نەسەبى بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان، بايلار نامراتلارنى ئېزىدىغان، جەمئىيەت ناھەقچىلىكلەرگە ۋە جەبىر- زۇلۇمغا تولغان، ھەركىم ھاياتتىن زېرىككەن، كېلەچەكتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ۋە بىر- بىرەر قۇتقۇزغۇچى ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالمىسا، ھەممە تۈگىشىش ئالدىدا تۇرغان بىر ۋەزىيەتتە ئىدى. شۇ ۋەزىيەتتە گويا ئاسماندىن بىر ئارغامچا چۈشتى. ئۇلار ھەممىسى شۇ ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئۇلارنى كۆتۈۋاتقان ھالاكەتتىن ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئارغامچىسى بولغان قۇرئان كەرىم يەر يۈزىدىكى شەھۋەتپەرەسلىك، نەپسى- خاھىشقا بېرىلىش، ئۇرۇش- جېدەل، مەنمەنچىلىك، چوڭچىلىق تالىشىش، نىشانسىز ۋە ئۆزى ئۈچۈنلا ياشاش قاتارلىق پەسلىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەقىل بىلەن ۋىجداننىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىش، ئىنسانلىقتا يارىشىدىغان شەكىلدە ياشاش، باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش، رەھىم- شەپقەتلىك، ھەققانىي ۋە ئادالەتلىك بولۇش قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرگە كۆتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ: «قۇرئان — ئاللاھنىڭ ئاسماندىن يەرگە ئۇزاتقان ئارغامچىسىدۇر» دېگەن.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىپ يەنە مۇنداق

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى، ئەللامە ئەلبانى «السلسلة الصحيحة» ناملىق ئەسىرىنىڭ 5 - توم، 38 - بېتىدە «سەھىھ» دەپ باھالىغان.

دېگەن: «بۇ قۇرئاننىڭ بىر تەرىپى ئاللاھنىڭ قولىدا، يەنە بىر تەرىپى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنى چىڭ تۇتۇڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار مېنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ھالاك بولمايسىلەر ۋە ئېزىپ كەتمەيسىلەر».[1]

تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان: «ئاللاھنىڭ كىتابىغا چىڭ ئېسىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشسەڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر».[2]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەقەرە سۈرىسىنىڭ ﴿فَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا ٱنفِصَامَ لَهَا﴾«كىمكى تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ»[3] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن «سۇنماس، مەھكەم تۇتقا»نى قۇرئان دەپ تەپسىر قىلغان.[4]

## قۇرئان كەرىم ئىسلام خەرىتىسىنى سىزىپ بېرىدۇ

قۇرئان كەرىم ئۇنى تىلاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ زېھنىدە ئىسلام خەرىتىسىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە تەپسىلىي قىلىپ سىزىپ بېرىدۇ. سىزغاندىمۇ ھەر بىر نەرسىنىڭ خەرىتىسىنى ئۆزىنىڭ ھەجىمىگە ۋە ئەھمىيىتىگە مۇناسىپ شەكىلدە سىزىدۇ. مەسىلەن، قەلب ئەمەللىرىنىڭ جىسمانىي ئەمەللەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى ئېنىق. قۇرئان كەرىم ھەج سۈرىسىدە بۇ ھەقتە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَن يَنَالَ ٱللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَآؤُهَا وَلَٰكِن يَنَالُهُ ٱلتَّقۡوَىٰ مِنكُمۡ﴾ «ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ياكى قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىپ بارىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر»[5]. ئىنسان ئەقلى زېھنىگە سىزىلغانلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا قايىل بولغاندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنىڭ قوبۇل قىلىنغانلارنى مېڭىگە يەرلەشتۈرۈش ۋە مەھكەم ئورنىتىشتىن ئىبارەت مۆجىزىسى ئىشقا چۈشىدۇ- دە، ئۇنى ھەر خىل بايانلار ۋە تۈرلۈك مىساللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ﴿وَلَقَدۡ صَرَّفۡنَا فِي هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ لِلنَّاسِ مِن كُلِّ مَثَلٖۚ وَكَانَ ٱلۡإِنسَٰنُ أَكۡثَرَ شَيۡءٖ جَدَلٗا ۝٥٤﴾ «شەكسىزكى،

[1] ئىبنى ھىببان، تەبەرانى، ئىبنى ئەبۇ شەيبە رىۋايىتى، ئەللامە ئەلبانى «السلسلة الصحيحة» ناملىق ئەسىرىنىڭ 2 - توم، 330 - بېتىدە «سەھىھ» دەپ باھالىغان.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[3] بەقەرە سۈرىسى 256 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[4] ئىبنى ئەبۇ شەيبە «فضائل القران» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلغان ھەدىس

[5] ھەج سۈرىسى 37 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق»[1].

يۈرۈش- تۇرۇشتىكى خاتالىقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى قەلبتىكى ئىماننىڭ ئاجىزلىقى، نەپسىي ئىستەكلەرنىڭ ئىماننىڭ كۈچىگە غالىب كېلىپ قالغانلىقىدۇر، چۈنكى ياخشى ئەمەللەر قەلبتىكى ئىماننىڭ كۈچىگە ۋە ئۇنىڭ قىممىتىگە قاراپ بولىدۇ. ﴿ذَٰلِكَۖ وَمَن يُعَظِّمۡ شَعَٰٓئِرَ ٱللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقۡوَى ٱلۡقُلُوبِ٣٢﴾ «(ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنى) مانا مۇشۇدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۇلۇغلايدىكەن، شەكسىزكى، بۇ دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر»[2].

## ئىمان ۋە ھاۋايى- ھەۋەس

قەلب ئىماننىڭ ئورنى بولغىنىدەك، ھاۋايى- ھەۋەسنىڭمۇ ئورنىدۇر. قەلب ئىنساننىڭ تەسىراتلىرى ۋە ھېسسىياتلىرى توپلىشىدىغان جايدۇر. بۇ دېگەننىڭ مەنىسى، قەلبكە تەسىر قىلغان بىرەر ئىش يا ئىماننى زىيادە قىلىدۇ ياكى ھاۋايى- ھەۋەسنى زىيادە قىلىدۇ. مەسىلەن، قەلب ھاۋايى- ھەۋەس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىرەر ئىشتىن تەسىرات ئالغىنىدا، ئۇنىڭدىكى ھاۋايى- ھەۋەس كۈچى زىيادىلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك، قەلب ئىمانغا خىزمەت قىلىدىغان ئىشتىن تەسىرات قوبۇل قىلغىنىدا، ئۇنىڭدىكى ئىماننىڭ كۈچى ئېشىپ كېتىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ قەلبتە ئىماننى كۈچەيتىشتە ۋە ھاۋايى- ھەۋەسلەرنى ئۇنىڭدىن قوغلاپ چىقىرىشتا ئاجايىپ سېھىرلىك تەسىرى ۋە مۆجىزىسى بار. بۇ ئۇنىڭ ئىنساننىڭ ھېس- تۇيغۇسىغا بولغان تەسىر كۈچىنىڭ قۇدرىتىدە كۆرۈلىدۇ. ﴿ٱللَّهُ نَزَّلَ أَحۡسَنَ ٱلۡحَدِيثِ كِتَٰبٗا مُّتَشَٰبِهٗا مَّثَانِيَ تَقۡشَعِرُّ مِنۡهُ جُلُودُ ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُمۡ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمۡ وَقُلُوبُهُمۡ إِلَىٰ ذِكۡرِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهۡدِي بِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٍ٢٣﴾ «ئاللاھ ئەڭ گۈزەل سۆز (قۇرئان)نى (ئايەتلىرى) بىر- بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، (مەزمۇنلىرى) تەكرارلىنىدىغان بىر كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى. (ئۇ تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) رەببىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى ئۇنىڭ (تەسىرى)دىن تىترەيدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ (مۇئمىنلەرگە بولغان) رەھمىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى ئارام تاپىدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇر. ئاللاھ شۇ (قۇرئان) بىلەن خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچبىر يول كۆرسەتكۈچى بولمايدۇ»[3].

---

[1] كەھف سۈرىسى 54 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] ھەج سۈرىسى 32 - ئايەت

[3] زۇمەر سۈرىسى 23 - ئايەت

قۇرئان كەرىمنى توغرا رەۋىشتە، جاراڭلىق ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ قەلبلەرگە بېرىدىغان تەسىر كۈچى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ، ھېس-تۇيغۇنى ئويغىتىدۇ، ئاندىن ئەقىل قوبۇل قىلغان ھەقىقەتلەرنى ئىمانغا ئايلاندۇرىدۇ. قەلب قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقان دەقىقىلىرى دەل بۇ ئايەتلەرنىڭ قەلبكە كىرىپ، ئۇنىڭدىكى ئىماننى كۈچەيتىۋەتكەن ۋاقىتىدۇر. ئىمان قەلبتە مۇستەھكەملەشكەنسېرى ئۇنىڭ تەسىرى ئەمەلدە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

## قۇرئان كەرىم ۋە نەپسى-خاھىش

نەپسى-خاھىش ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىش يولىدىكى ئەڭ چوڭ توساق بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ئىنساننىڭ ئەقلىنى ئازدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئىنساننىڭ نەپسى-خاھىشقا ئاسانلا بويسۇنۇپ كېتىشىنىڭ سىرى ئۇنىڭ شەھۋەت ۋە ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا بۇ خىل تەبىئەتنىمۇ ياراتقان.

نەپسى-خاھىش ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ئېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ: گاھىدا ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى ئۆزىنىڭ كۆزىدە چوڭ كۆرسىتىپ مەغرۇرلاندۇرىدۇ، گاھىدا ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئالداپ، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلدۇرۇش ئارقىلىق مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

مەلۇمكى، نەپسى-خاھىشنىڭ مۇھەببىتى كۈچلۈك، ئوتى ياماندۇر. نەپسى-خاھىش چاقىرغان نەرسىلەرنىڭمۇ مۇھەببىتى ھەمىشە شۇنداق كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا نەپسى-خاھىشقا قارشى كۈرەش قىلىش جىھاد تۈرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. نەپسى-خاھىشنى يېڭىش جېڭى بەكمۇ قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك بىر جەڭدۇر. شۇنداقتىمۇ قۇرئان كەرىم بۇ كۈرەشتە ئىنسانغا غەلىبە ئاتا قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئىنسانلارمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ كۈرەشتە غەلىبە قىلغانلىقتىن، دۇنيانىڭ ئەخلاق ئۇستازلىرىغا ئايلانغان.

# سەۋرچانلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

«سەۋر»، «سەۋرچانلىق»، «سەۋر قىلىش» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما سەۋرنىڭ مەنىسىنى ھەممىلا ئادەم بىلمەيدۇ.

مەلۇمكى، كۆپ سانلىق كىشىلەر سەۋرنىڭ مەنىسىنى ئاددىي ۋە دوگما مەنىسىدە چۈشىنىدۇ. بولۇپمۇ «سەۋر» سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەرنى بىلمەيدۇ. «سەۋر» سۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىدىن، ئۇ قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ تەكرارلانغان سۆزلەردىن بىرىدۇر.

سەۋرنى مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئۆزىنى تۇتىۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر؛ ئىككىنچىسى، ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر؛ ئۈچىنچىسى، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر؛ تۆتىنچىسى، چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋردۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى ٱلصَّٰبِرُونَ أَجْرَهُم بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ھېسابسىز بېرىلىدۇ»[1] دېگەن ئايەت سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان ئومۇمىي ئايەتتۇر. تۆۋەندە سەۋرنىڭ تۈرلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

## 1. ئۆزىنى تۇتىۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر

ئۆزىنى تۇتىۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر — كۆڭۈل ھاۋايى- ھەۋەسىنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە ئەقلىنىڭ نىداسىغا قۇلاق سالغان ھالدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، يامان ئىشلاردىن، گۇناھ- مەئسىيەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش، نەپسىنى باشقۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، مۇنداق سەۋرنىڭ مۇكاپاتى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. بۇ خۇددى رامىزاندا روزا تۇتقان مۇسۇلمان ئادەم كۈنىنىڭ ئوتتەك ئىسسىقى ۋە ئۇزۇن كۈنلىرىدە كۆڭلى مۇزدەك سۇنى قاتتىق ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى يىغىپ، ئۆزىنى

[1] زۇمەر سۈرىسى 10 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

تۇتۇۋېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مۇزدەك سۇنى ئىچىپ راھەتلىنىشتىن ۋاز كەچكىنىگە؛ بىراۋنىڭ نەپسى گۇناھ- مەئسىيەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرۇپ، يامان ئىشتىن ساقلانغىنىغا ئوخشاش ئىشلاردۇر. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بۇنداق سەۋر قىلغۇچىلارغا شۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنِّي جَزَيْتُهُمُ ٱلْيَوْمَ بِمَا صَبَرُوٓاْ أَنَّهُمْ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ﴾ «ئۇلار سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەن بۈگۈن ئۇلارنى مۇكاپاتلىدىم. شەكسىزكى، ئۇلار مەقسىتىگە يەتكۈچىلەردۇر»[1].

ئادەتتە ئۆزى قىزىقىپ كەتمەيدىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، قىزىقىدىغان نەپسانىيەتچىلىكتىن ئۆزىنى تارتىش پەقەت سەۋرچانلىق بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، چۈنكى ئىرادىلىك كىشىلەر ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا نەپسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىستەكلىرىنى سەۋرچانلىقنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن قايرىپ قويالايدۇ ۋە ئۆز نىشانىدىكى ھەق يولىغا داۋام قىلىدۇ.

## 2. ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر

ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر — بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى تېزلا كۆرۈشكە ئالدىراپ ئۇ ئىشنى بۇزۇپ قويماسلىق ۋە ھەر نەرسىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ساقلاش ۋە كۈتۈشلەر دۇنيا قانۇنىيىتى ۋە رەت تەرتىپىدۇر. مەسىلەن، يەرگە ئۇرۇق سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ، ئۈنگەن تەقدىردىمۇ دەرھال ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى ھەر بىر ھەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ كېيىمىدۇر. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدىماسلىقنىڭ ئوتىدا ئازابلىنىمىز خالاس، ئەمما قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

كىرىزىس كۈچىيىپ مۇرەككەپلەشسە، قىيىنچىلىق ئېغىرلىشىپ زۇلمەتلىك كېچە ئۇزارسا، پەقەت سەۋرلا ئىنسانغا گاڭگىراشتىن قوغدايدىغان نۇر، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يول ئاتا قىلىدۇ. سەۋر ھەر قانداق ئىنسان دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان پەزىلەتتۇر. ئىنساننىڭ ئىش- ھەرىكىتى، ئارزۇ- ئۈمىدلىرى، سەۋرچانلىق ۋە چىدام بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇشى زۆرۈر. بىر ھەدىستە: «سەۋر — چىراغدۇر» دەپ كەلگەن. خۇددى چىراغ قاراڭغۇنى يورۇتقاندەك، سەۋرچانلىقمۇ ئىنساننىڭ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەش



[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى 111 - ئايەت

يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.[1]

ئۆرۈكنى پىشىشتىن بۇرۇن قېقىۋەتكەن باغۋەن مول هوسۇلدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا «سەۋر قىلساڭ غورىدىن هالۋا پۈتىدۇ» دېگەن هېكمەت بار. ئىنسان ئۆزىنى سەۋر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان، مەنزىل يىراق بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىق قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمايدىغان، ئىرادىلىك، پاراسەتلىك، قىيىنچىلىقتىن كېيىن هامان ئوڭايلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن يورۇقلۇقنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئۈمىدۋار، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك بولۇشى لازىم.

## 3. قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر

قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر — ئۆلۈم- يېتىمگە، بالايىئاپەتكە ئوخشىغان، تەقدىرگە تەن بەرمەستىن باشقا چارىسى بولمىغان مۇسىبەتلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى تۈگەشتۈرمەستىن، ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش ئارقىلىق هاياتنى ھەسرەت ۋە نادامەتسىز داۋام قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا هاياتلىق مۇساپىسىدىكى كۆلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىققا چىداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى يوقاتماسلىقمۇ بۇ تۈردىكى سەۋرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق كىشىلەرنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنَبۡلُوَنَّكُم بِشَيۡءٖ مِّنَ ٱلۡخَوۡفِ وَٱلۡجُوعِ وَنَقۡصٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡوَٰلِ وَٱلۡأَنفُسِ وَٱلثَّمَرَٰتِۗ وَبَشِّرِ ٱلصَّٰبِرِينَ ١٥٥ ٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَٰبَتۡهُم مُّصِيبَةٞ قَالُوٓاْ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ ١٥٦ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَيۡهِمۡ صَلَوَٰتٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَرَحۡمَةٞۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُهۡتَدُونَ ١٥٧﴾ «ھەقىقەتەن بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز ئاچارچىلىق بىلەن ۋە پۇل- ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان- زەخمەت بىلەن ئەلۋەتتە سىنايمىز. ئۆزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: <بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز> دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن. [155 ــ 156﴾ ئەنە شۇلار رەببىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر [157﴾»[2].

[1] ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىنىڭ «خلق المسلم» ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

[2] بەقەرە سۈرىسى 155 - ئايەتتىن 157 - ئايەتكىچە

## 4. چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋر

چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋر — مۇشەققەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا بوي ئەگمەستىن، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش؛ چىداملىق بولۇش، ئارقىغا قايتماسلىق، ئىرادىلىك بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خىلدىكى سەۋرگە ئىگە بولغان ئادەم ھاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تىت ـ تىت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

بۇ دۇنيا سىناق ۋە ئىمتىھان دۇنياسى بولغانلىقتىن، ئىنسان باشتىن كەچۈرگەن ھەرخىل سىناقلار ئىچىدىكى بىر ھالقىدۇر. ئېغىر سىناقلارنىڭ سەۋەبلىرىمۇ يوشۇرۇن بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنى جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەردەك ھەر سىناققا ھازىر تۇتۇشى زۆرۈردۇر. كىشىلەر ئادەتتە سەۋردىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە گاڭگىراپ قالىدۇ، بىئارام بولىدۇ. ئىنسان ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلسە كەڭ جاھان ئۇنىڭغا تار تۇيۇلىدۇ، كۈنلەر قىيىنلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. سەۋرچانلىق بۈيۈكلۈكنىڭ نامايەندىسى، مۇكەممەللىكنىڭ بەلگىسى، روھنىڭ ئەتراپتىكى ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.[1]

چىداملىق بولۇش تۇرمۇشقا ئادىل قارايدىغان كىشىلەرنىڭ شوئارى، پىشىپ يېتىلگەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مىزانى بولۇپ، سەۋر بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سەۋرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن قىيىن بولىدۇ، شۇڭا چىداملىق بولۇش ئۈچۈن سەۋرچان بولۇش كېرەك.

### سەۋرچانلىق پىشىپ يېتىلگەنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر

سەۋرچانلىق پىشقان ئەرلىكنىڭ، يۈكسەك باتۇرلۇقنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ھاياتلىقنىڭ سىناقلىرىغا تۇتۇرۇقسىز ئادەملەر بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئادەتتە بىراۋدا يۈتكىمەكچى بولغان ئېغىر يۈك بولسا، ئۇ كىشى كىچىك بالا، كېسەلچان ياكى ئاۋاق كىشىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ، بەلكى كۈچلۈك ئەرنى تاللايدۇ. ھاياتلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ھاياتلىقنى بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈش ۋەزىپىسىنى پەقەت ئەڭ چىداملىق، سەۋرچان ۋە پىشقان كىشىلەرلا ئۈستىگە ئالالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېتەكچى ۋە يولباشچىلارنىڭ سىناق ۋە مۇشەققەتلەردىكى

[1] ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىنىڭ «خلق المسلم» ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

نىسبۇىسى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

## سەۋرچانلىقنىڭ ئەھمىيتى

سەۋر قىلىش ۋە چىدامىلىق بولۇش ھەر قانداق بىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل ئەخلاق ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتلەردىن بىرىدۇر. سەۋر بىلەن چىدام ئىنساننىڭ روھى ۋە نەپسى- خاھىشى بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، بىر ھەدىستە: «ھېچكىمگە سەۋردىن ئارتۇق كەڭ سوۋغا بېرىلگىنى يوق»[1] دېيىلگەن. چۈنكى سەۋرچانلىق بىلەن چىدام ئىنساننىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئىنسان رېئال تۇرمۇشتا تەقدىرنىڭ نۇرغۇن سىناقلىرىغا ئۇچرايدۇ. بەزىلەر شۇ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋايساپ تەقدىردىن ۋە زاماندىن ئاغرىنىدۇ، سىناقلار ئالدىدا تەمتىرەيدۇ، بۇنى ھەرگىزمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن سىناق دەپ قارىمايدۇ. نەتىجىدە شۇ سىناقلاردىن ئۆتەلمەي بىر ئۆمۈر قايمۇقىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا سىناق ۋە كۈلپەتلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، بۇ سىناق ۋە كۈلپەتلەرنى يېڭىش ئۈچۈن بارلىق سەۋەبلەرنى ۋە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئاللاھنى ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ ئۇنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، سىناقلاردىن ئۆتۈشكە ياردەم قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقىغا ۋە چىدامىلىق بولغانلىقىغا كاتتا ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىدۇ.

## ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىش سەۋرچانلىق ئەمەس

كۆپلىگەن كىشىلەر چۈشىنىۋالغىنىدەك، سەۋر ھەرگىزمۇ ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا ۋە يامانلىققا كۆز يۇمۇپ جىم تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس؛ ئەكسىچە، يامانلىقنى قايتۇرۇش، زۇلۇمنى يوق قىلىش ۋە ھەققانىيلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھارماي- تالماي كۈرەش قىلىش ۋە بۇ يولدا چىدامىلىق بولۇش بولۇپ، مانا بۇ سەۋرنىڭ جەۋھىرىدۇر.

نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ تائالا ساۋاب ۋە كۆپ ئەجىر بېرىشنى ۋەدە قىلغان سەۋرچانلىقنى توغرا چۈشەنمەستىن، زۇلۇمغا، ناھەقچىلىككە ۋە ئېزىلىشكە رازى بولۇپ قاراپ تۇرۇش قاتارلىقلارنى سەۋرنىڭ قاتارىدىن سانايدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى يامان كۆرىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَٰرِهِمۡ وَهُمۡ أُلُوفٌ حَذَرَ ٱلۡمَوۡتِ فَقَالَ لَهُمُ

[1] ئۇسۇلى خەمسەدە نەقىل قىلىنغان.

ٱللَّهُ مُوتُواْ ثُمَّ أَحۡيَٰهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشۡكُرُونَ ﴿٢٤٣﴾
«ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟[1] ئاللاھ ئۇلارغا <ئۆلۈڭلار> دېدى (ۋە ئۇلار ئۆلدى)، ئاندىن كېيىن (ئاللاھ) ئۇلارنى تىرىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلمايدۇ»[2] دېگەن ئايەتتە قىسسىسى بايان قىلىنغان ئىنسانلارمۇ زۇلۇمغا رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ئىدى.



[1] بۇ ئايەتتە بەنى ئىسرائىلدىن بولغان بىر قەۋمنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبىرى ئۇلارنى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان، ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان، ﷲ نىڭ قازاسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلگەن، ئاندىن پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن تىرىلگەن.

[2] بەقەرە سۈرىسى 243 - ئايەت

# سەجدە ۋە دۇئا

ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق قوش پايدىغا ئېرىشىدۇ، يەنى دۇئا قىلغۇچى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق ھەم ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ، ھەم تىلىگەن ھاجىتى راۋا بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿ٱدۡعُونِيٓ أَسۡتَجِبۡ لَكُمۡ﴾ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن»[1]. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌۖ أُجِيبُ دَعۡوَةَ ٱلدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن»[2]. دېمەك، دۇئا — ئىبادەتتۇر. ئىبادەت بولغاندىمۇ ئەڭ سەمىمىي ۋە ئەڭ ئۇبرازلىق ئىبادەتتۇر، چۈنكى ئىنسان ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى تىلەپ ئۇنىڭغا يالۋۇرغان ۋاقتىدا، ئىبادەتنىڭ غايىسىنى تولۇق ۋايىغا يەتكۈزگەن بولىدۇ. ئىبادەت ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ مەنە دۇئادا ئەڭ تولۇق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىنسان باشقا ئىبادەتلەرنى كۆڭلى باشقا يەردە تۇرۇپمۇ ئادا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، ئەمما دۇئانى ئۇنداق قىلمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالاغا بولغان ھاجىتىنى تىلى ۋە دىلى بىلەن ئىزھار قىلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ، كۆز يېشى تۆكىدۇ، ھاجەتلىرىنى تەكرار- تەكرار سورايدۇ. دۇئا — مۇسۇلماننىڭ قالقىنىدۇر. شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، دۇئا قىلىش سەۋەب قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. يەنى قولدىن كېلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر.

دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئورۇنلار بولغىنىدەك، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارمۇ باردۇر. دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارمۇ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. بەزىسى بەزىسىدىن مۇھىم بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە شەپقەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارغا

[1] غافىر سۈرىسى 60 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] بەقەرە سۈرىسى 186 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

دۇئا قىلىشقا مۇناسىپ ۋاقىتلارنى ۋە ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋاقىتلارنى بەلگىلەپ بەرگەن. مۇسۇلمان ئادەم بۇ ۋاقىتلارنى غەنىيمەت بىلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى سەجدە ئىكەنلىكىدە شەك يوق، چۈنكى ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتىدۇر. سەجدە — نامازنىڭ جەۋھىرى ۋە مەركىزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلغان ۋاقتىدۇر، سىلەر سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئۇنتۇمىغىنكى، سېنىڭ ئاللاھقا قىلغان ھەربىر سەجدەڭ ئارقىلىق سېنىڭ مەرتىۋەڭ بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئېنىقكى، ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسىغا سەجدە قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇلچىلىقىنى ئىزھار قىلىۋاتقان ۋاقتى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ شەرەپلىك دەملەردۇر، چۈنكى ئۇ بۇ دەملەردە ئالەملەرنىڭ رەببى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنتايىن كاتتا بىر ئىبادەت ئىچىدە ۋە ياراتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ قەلبى ئېچىلىپ كېتىدۇ، مەنىۋىيىتى يۈكسىلىدۇ، كۆڭلى ھاياجانغا تولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ئۇل ھازىرلايدۇ. سەجدىدە ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار تولىمۇ كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنچىلىك كۆپ زىكىر ئېيتاتتى ۋە كۆپ دۇئا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۆپ قىلغان دۇئاسى: «اللَّهُمَّ يا مُقَلِّبَ القُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي على دِيْنِكَ» «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن» دېگەن دۇئا ئىدى. بۇ دۇئانى سەجدىدە قىلىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ توغرىسىدا بۇنى چەكلەيدىغان بىرەر ھەدىس كەلمىگەن.

شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ھەركىمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس ياكى ئارتۇقچە بىر ئىبادەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ٱدۡعُونِيٓ أَسۡتَجِبۡ لَكُمۡ﴾ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن» دېگەن ئايەت كەسكىن بۇيرۇقتۇر. دۇئانى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا قىلىش لازىم. بولۇپمۇ سەجدىدە كۆپرەك قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇفتىسى ئەللامە ئابدۇللاھ ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەمنىڭ نامازدا دۇئا قىلىشى زۆرۈردۇر. ناماز مەيلى پەرز ناماز بولسۇن ياكى نەپلە ۋە ياكى سۈننەت ناماز بولسۇن، ھەر قانداق بىر نامازدا دۇئا قىلىشنى تاشلىماسلىقى كېرەك. نامازدىكى دۇئا قىلىدىغان ۋاقىت سەجدە قىلغان ۋاقىتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى ۋاقىت بىلەن

نامازنىڭ ئاخىرىدىكى تەشەھهۇدتىن كېيىنكى ۋاقتىمۇ دۇئا قىلىش كېرەك بولغان ۋاقىتلاردۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رۇكۇدا ئاللاھنى ئۇلۇغلاڭلار، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىشقا تىرىشىڭلار».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلاتتى. بولۇپمۇ سەجدىدە: «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلَّهُ: دِقَّهُ وَجِلَّهُ، وَأَوَّلَهُ وَآخِرَهُ، وَعَلاَنِيَّتَهُ وَسِرَّهُ» «ئى ئاللاھ! چوڭ - كىچىك، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، ئىلگىرى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن» دېگەن دۇئانى ۋە «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ، وَبِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقوبَتِكَ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ، لاَ أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ، أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ» «ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭنى تىلەپ غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىڭنى تىلەپ ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سەندىن ساڭا سېغىنىمەن. سېنى سەن ئۆزۈڭنى مەدھىيىلىگەندەك تولۇق مەدھىيىلەشتىن ئاجىزمەن» دېگەن دۇئانى كۆپ قىلاتتى. يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدە: «ئى ئاللاھ! قەلبىمگە نۇر ئاتا قىلغىن، قۇلىقىمغا نۇر ئاتا قىلغىن، كۆزۈمگە نۇر ئاتا قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمگە نۇر ئاتا قىلغىن، سول تەرىپىمگە نۇر ئاتا قىلغىن ۋە ھەر تەرىپىمگە نۇر ئاتا قىلغىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدە: «ئى رەببىم! نەپسىمگە تەقۋالىق بەرگىن، ئۇنى پاكلىغىن، سەن نەپسنى پاكلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن، سەن ئۇ نەپسنىڭ ئىگىسى ۋە باشقۇرغۇچىسىسەن» دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ھەدىسلەر سەجدىدە دۇئا قىلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشكە يېتەرلىكتۇر.

## دۇنيالىق تىلەپ دۇئا قىلىش خاتا ئەمەس

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مەرھۇم ئىبنى ئۇسەيمىن مۇنداق دېگەن: «بەزى فىقھشۇناس ئالىملار: <سەجدىدە دۇنيالىق تىلەپ دۇئا قىلسا ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ> دېگەن سۆزنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ دىنىمىزدا ئاساسى يوقتۇر. توغرىسى شۇكى، مۇسۇلمان ئادەم سەجدىدە مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك پۈتۈن تىلەكلىرىنى تىلىسە بولىدۇ، چۈنكى دۇئا ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنى سەجدىدىكى ياكى باشقا ۋاقىتتىكى دۇئالاردا دۇنيالىقنى تىلەپ دۇئا قىلىشتىن توسمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى — ئۇنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر> دېگەن سۆزى ئومۇمىي بولۇپ، بۇ ھەدىس سەجدىدىكى ۋاقىتتا ھەر قانداق دۇئانى قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ».

# كىشىلەرگە تەبەسسۇم قىلىش شۇنچىلىك قىيىنمۇ؟

پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ سۆزى بويىچە، قوپاللىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى كىشىلەرگە خۇشچىراي ئېچىش ۋە تەبەسسۇم قىلىش بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. تەبەسسۇم قىلىش كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرۈش ۋە روھنى كۆتۈرۈشتەك سېھىرلىك مۆجىزىگە ئىگە. ئەرەبلەردە: «سەن ھاياتقا كۈلسەڭ، ھايات ساڭا كۈلىدۇ» دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆز بار.

مىسىرلىق دوكتور ئەھمەد ئابدۇلجەۋۋاد ئۆزىنىڭ «قانداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى قازانغىلى بولىدۇ؟» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «كىشىلەرگە تەبەسسۇم بىلەن ئوچۇق چىراي ئېچىش سىزدىن ھېچقانداق بىر چىقىم تەلەپ قىلمايدۇ، ئەمما سىز بىلەن ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئىللىتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ پەزىلەتكە قاتتىق تەشەببۇس قىلغان ھەمدە بۇ ھەقتە مۇنداق سۆزلەرنى بايان قىلغان: <ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسىنى ئاددىي سانىما، بىراۋنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىشىڭمۇ ياخشىلىقتۇر>، <بۇرادىرىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم قىلىشىڭنىڭ ئۆزىدە سەدىقىنىڭ ساۋابى بار>، <كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي بىلەن سالام بېرىشتە سەدىقىنىڭ ساۋابى بار>. باشقىلارغا ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرەر تەكلىپنى سۇنغان ۋاقتىمىزمۇ ئۇلارغا بۇ تەكلىپنى خۇش چىراي ئاچقان ۋە تەبەسسۇم قىلغان ھالدا سۇنۇش ئەلۋەتتە ياخشى نەتىجە قازاندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر نەرسىگە كۈلۈمسىرەش بىلەن باقىدىغانلار قىيىنچىلىقلارغىمۇ كۈلۈمسىرەيدۇ ۋە ھەر قانچە زور قىيىنچىلىقنىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ يېڭەلەيدۇ. ئەمما ھەر نەرسىگە قاپىقىنى تۈرۈپ باقىدىغانلار ئۇچۇن ھەممە ئىش قىيىن ۋە تەس تۇيۇلىدۇ. ئازراق قىيىنچىلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە چوڭ كۆرۈنىدۇ. تەبەسسۇم دېگەن سىزدىن بىر تىيىن تەلەپ قىلمايدىغان، ئازراقمۇ مۇشەققەتكە قويمايدىغان، ناھايىتى ئاسان ۋە ئەرزان بىر نەرسىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىرى ۋە ئىجابىي نەتىجىلىرى ئىنتايىن كۆپ. تەبەسسۇم قىلىش سىزدىن ھېچقانچە بىر ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى يىللارچە، ھەتتا بىر ئۆمۈر كۆڭۈللەردە قالىدۇ. دۇنيادا تەبەسسۇم قىلىشقا چامى يەتمەيدىغان پېقىر يوق، شۇنىڭدەك، ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالايدىغان بايمۇ ھەم يوق. ھەركىم ئۇنىڭغا موھتاجدۇر».

مىسىرلىق خىرىستىيان يازغۇچى دوكتور رەسمى ئابدۇلمەلىك «باشقىلار بىلەن قانداق ئۆتۈۋاتىسىز؟» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «سىز باشقىلارغا ئوچۇق چىراي ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىش ئۈچۈن يۈزىڭىزدىن ئاران 13 مۇسكۇلنى ئىشلىتىسىز، ئەمما قاپىقىڭىزنى تۈرگەن ۋاقتىڭىزدا 74 مۇسكۇلنى ئىشلىتىسىز. تەبەسسۇم قىلىش قان تومۇرلارنى كېڭەيتىدۇ، قاننىڭ بەدەننىڭ ھەممە جايلىرىغا يېتىپ بېرىشىنى تەمىن ئېتىدۇ، كۆپ مىقداردىكى ئوكسىگېننى بەدەننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا ئەۋەتىش ئارقىلىق بەدەندىكى زىيانلىق ماينى يوقىتىشقا ياردەم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تەبەسسۇم قىلىش ئادەمنىڭ چىرايىدىن قېرىلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى يىراق قىلىدۇ. شۇنداق پايدىلىق بىر تەبەسسۇمغا نېمانچە بېخىللىق قىلىسىز؟ ياكى ئۇ سىزدىن چىقىم تەلەپ قىلامتى؟!».

مىسىردىكى «ئەلئېھرام» گېزىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مەشھۇر يازغۇچى ئەھمەد ئەمىن «شېرىن ئەسلىمىلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ھاياتقا تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلارنىڭ سائادىتى ئۆزلىرىنى بەختلىك قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇلار ئىشلەشكە ئەڭ قادىر، مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈشتە ئەڭ كۈچلۈك، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتا ئەڭ يارامىلىق ۋە ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا پايدىلىق بولغان كاتتا ئىشلارنى بېجىرىشتە ماھىر كېلىدۇ. مەن كۆپ مال- دۇنيا ياكى چوڭ مەنسەپ بىلەن ئازغا شۈكۈر قىلىدىغان قانائەتلىك نەپس ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە ئىككىنچىسىنى تاللىغان بولاتتىم، چۈنكى شادلىقتىن ئەسەر بولمىغان مۇز چىراي بىلەن ياشاپ كۆپ مال- دۇنياغا ئېرىشكەننىڭ ياكى كاتتا مەنسەپكە چىققاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟! خۇددى جىنازا نامىزىدىن قايتىپ كەلگەن ئادەمدەك چىرايى تۇتۇق يۈرگەن كىشىگە بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟! چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، ئۆيىنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇۋالغان ساھىبجامال ئەگەر ئېرىنىڭ قەلبىنى ئاچالمىسا، ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىنىڭ نېمىگە ئەھمىيىتى بولسۇن؟! ساھىبجاماللىق دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ، ئۆيىنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدىغان چىرايى نورمال بىر ئايال ئۇنداق ساھىبجامالدىن مىڭ ئەلادۇر!».

# ئىسلام دىنى ۋە تەركىدۇنيالىق

زاھىدلىق بىلەن تەركىدۇنيالىق ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. زاھىدلىق — شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلارغا يېقىنلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىقتىن، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن تامامەن يىراقلىشىش دېگەنلىك بولسا؛ تەركىدۇنيالىق — دۇنيالىق ئىشلاردىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىسلام دىنى زاھىدلىقنى قوللىسىمۇ، لېكىن تەركىدۇنيالىقنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، چۈنكى تەركىدۇنيالىق ئىنساننىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىگە زىت كېلىدىغان بىر ئىشتۇر. تەركىدۇنيالىقنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ ئىپادىسى بار:

(1) ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن دۇنيالىق ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش؛

(2) زاھىدلىق دەۋاسى بىلەن ئۆيلىنىشتىن يۈز ئۆرۈش؛

(3) زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەشتىن باش تارتىش.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىشلاردۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ماددا بىلەن روھ، دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىك، ئاللاھنىڭ ھەققى بىلەن نەپسىنىڭ نېسىۋىسى، تەلەپ بىلەن ئەمەلىيەت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى تەكشۈكلاشتۇرۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. ھالبۇكى، تەركىدۇنيالىق ئىسلام دىنىنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىگە زىت كېلىدۇ.

بىرىنچى، ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇش نىيىتى بىلەن دۇنيالىق ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈشنى ئىسلام دىنى ياقتۇرمايدۇ.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە 3 نەپەر زاھىد كىشىلەر كىرىپ كەلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى سوراشتى. ئاندىن ئۇلاردىن بىرى: «مەن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەستىن ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولىمەن» دېدى، ئىككىنچىسى: «مەن يىل بويى ئۈزۈلدۈرمەستىن روزا تۇتىمەن» دېدى، ئۈچىنچىسى: «مەن كېچىلىرى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيمەن» دېدى. پەيغەمبەر

ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئاللاھقا ئەڭ تەقۋالىق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن ئەڭ قاتتىق ئېھتىيات قىلىدىغان كىشىمەن. مەن بەزى كېچىلىرى ناماز ئوقۇيمەن، يەنە بەزى كېچىلىرى ئۇخلايمەن؛ رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا گاھىدا روزا تۇتىمەن، گاھىدا ئاغزىم ئوچۇق يۈرىمەن؛ مەن ھەم ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ تۇتقان يولۇمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېدى.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى ئۇخلىماسلىقنى ئادەت قىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنى مۇنداق قىلىشتىن توسىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «سېنىڭ ئۈستۈڭدە بەدىنىڭنىڭ، كۆزۈڭنىڭ، ئائىلەڭدىكىلىرىڭنىڭ ۋە مېھمانلىرىڭنىڭ ھەققى باردۇر. ئۇلارنى ئادا قىلىشىڭ كېرەك».

مۇسۇلمان كىشى شەرىئەتتە بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىب، سۈننەت ۋە مۇستەھەب ئەمەللەرنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، دۇنيالىق ئىشلىرىنى ھەم ئورۇنلىشى لازىم. مۇسۇلمان ئادەم ياخشى ۋە خالىس نىيىتىنىڭ شارابىتى بىلەن ئادەتتىكى دۇنيالىق ئىشلىرىنىمۇ ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. چۈنكى ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، بالىلارنى بېقىش، تەربىيەلەش ئۈچۈن مېھنەت قىلىش؛ جەمئىيىتىنىڭ، خەلقىنىڭ ۋە دىنىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسى نىيەتنىڭ ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئىبادەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش دەۋاسى بىلەن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەسلىك خاتادۇر.

ئىسلام دىنى ئۆيلىنىشنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَٰجًا لِّتَسْكُنُوٓا۟ إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١﴾﴾ «ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئاياللاردىن ئۇنىسى- ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر- مۇھەببەت ئورناتقانلىقىدۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك- شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار»[2].



---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] رۇم سۈرىسى 21 - ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ساھابىلارنىڭ ئىبادەتكىلا بېرىلىش ئۈچۈن ئايالliرىدىن يىراق تۇرۇش تەلەپلىرىنى رەت قىلغان ھەمدە ئۇلارغا دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىككى تەرەپنى تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئەمما، ئىلىم تەھسىل قىلىش، جىھاد بىلەن مەشغۇل بولۇش ياكى باشقا ئۇلۇغۋار مەقسەتلەر سەۋەبلىك ئۆيلىنىشنى تەرك ئېتىشتە گۇناھ يوقتۇر. ئىسلام تارىخىدا، ئوقۇش ۋە كىتاب يېزىش بىلەنلا مەشغۇل بولغانلىقتىن، ھاياتىدا ھېچ ئۆيلەنمەستىن ئالەمدىن كەتكەن ئالىملارمۇ ئۆتكەن. مەسىلەن، ئىمام نەۋەۋى ۋە ئىبنى تەيمىيەلەر شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

لېكىن، يۇقىرىقى ئۆزرىلەردىن باشقا، تەركىدۇنيالىق نىيىتى بىلەن ئۆيلىنىشنى تەرك ئېتىش گۇناھ ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر.

ئۈچىنچى، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەشتىن باش تارتىش ئىسلام نەزىرىدە خاتادۇر.

بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى يەر يۈزىدە ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىگە ئىزباسار قىلىپ ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتكە زىت كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ وَٱسۡتَعۡمَرَكُمۡ فِيهَا﴾«ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرغۇچى قىلدى»[1]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقۡتُ ٱلۡجِنَّ وَٱلۡإِنسَ إِلَّا لِيَعۡبُدُونِ ٥٦﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم»[2]. زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئىشى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، ھۈنەر- كەسىپ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تىرىكچىلىكلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

دۇنيالىق ئۈچۈن ھەركۈنى ۋە ھەر ۋاقىت رىزىق تەلەپ قىلىپ تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەتتا جۈمە كۈنىدىمۇ جۈمە ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىش چەكلەنگەن ئەمەس. ئىسلام دىنىدا خىرىستىيان دىنىغا ئوخشاش تەركىدۇنيالىق يوق. خۇددى شۇنىڭدەك، يەھۇدىيلارنىڭ دىنىغا ئوخشاش تىرىكچىلىك قىلىش چەكلەنگەن كۈنمۇ ھەم يوقتۇر. شۇنداقلا ئاللاھ ياراتقان دۇنيا زىننەتلىرىدىن پايدىلىنىشتىن بىھاجەت بولۇشمۇ ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ يارىتىپ بەرگەن شەيئىلەردىن ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلغان يول بويىچە پايدىلىنىش ۋە باشقىلارنىمۇ ئۇنىڭدىن

[1] ھۇد سۈرىسى 61 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] زارىيات سۈرىسى 56 - ئايەت

مەنپەئەتلەندۈرۈش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كىشىلەر ئىلگىرىكى دىنلارغا كىرگۈزۈۋالغان تەركىدۇنيالىقنى تەنقىدلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمۡ عِندَ كُلِّ مَسۡجِدٖ وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ۝٣١ قُلۡ مَنۡ حَرَّمَ زِينَةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِيٓ أَخۡرَجَ لِعِبَادِهِۦ وَٱلطَّيِّبَٰتِ مِنَ ٱلرِّزۡقِ﴾«ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر قېتىم ناماز ئوقۇيدىغان چاغدا چىرايلىق كىيىنىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ. [31﴾ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى: <ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن چىقىرىپ بەرگەن زىننەتلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟>»[1].

ئاللاھ تائالا ھەرگىزمۇ پاك نەرسىلەرنى يارىتىپ ئاندىن ئۇلارنى بەندىلىرىنىڭ قوللىنىشىدىن چەكلىگەن ئەمەس. ئاللاھ تائالا چەكلىگەنلەر پەقەت زىيانلىق ۋە پاسكىنا نەرسىلەردۇر، خالاس.

مۇسۇلمانلاردىن بولغان بەزى تەرىقەتچىلەر ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇۋالغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نەرسىلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغان. ئۇلار بۇ پەلسەپەنى باشقا دىنلاردىن قوبۇل قىلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىسلام دىنى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە بارچە ھالال مەنپەئەتلىرىدىن پايدىلىنىشنى توسمايدۇ. ساھابىلارنىڭ ئىچىدىمۇ ناھايىتى چوڭ بايلار بار ئىدى. ئۇلار دىن ۋە دۇنيالىق ئىككىسىنى بىر- بىرىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكۈزمەستىن تەڭ ئېلىپ ماڭالىغان. مەسىلەن، ساھابىلارنىڭ كاتتا بايلىرىدىن ئوسمان ئىبنى ئاففان ۋە ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار جەننەتكە كىرىدىغانلىقى توغرىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن خۇشخەۋەر بېرىلگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بايلىقى ئۇلارنى جەننەت ئەھلى بولۇشتىن توسالمىغان.

مۇھىم بولغىنى، دۇنيانىڭ سىزگە ئىگە بولۇشى ئەمەس، بەلكى دۇنياغا سىزنىڭ ئىگە بولۇشىڭىزدۇر. دۇنيا يۈرىكىڭىزدە بولماستىن، بەلكى قولىڭىزدا بولۇشى كېرەك.

خۇلاسە ئورنىدا سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى مۇنۇ ھەدىس بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئۆزۈڭلارغا ئىبادەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇۋالماڭلار، يېڭىلىپ قالىسىلەر. سىلەردىن ئىلگىرىكى قەۋملەرمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئورۇنديالمىغانلىقتىن يېڭىلىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قەدىمىي ئىبادەتگاھلىرىدا ساقلانماقتا».

[1] ئەئراف سۈرىسى 31 - ئايەت ۋە 32 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

## شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ساقلىنىش يوللىرى

### ئەللامە ئىبنى جىبرىن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ساقلىنىش يوللىرىنى كۆرسەتكەن كۆپلىگەن ھەدىسلەر كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەيتان بەزىدە سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا <ئاللاھنى كىم ياراتقان؟> دەيدىغان شۈبھىنى سالىدۇ. سىلەر شۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، چىن قەلبىڭلاردىن: <مەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم> دەڭلار. شۇندىلا سىلەردىكى بۇ ۋەسۋەسە دەرھال يوقىلىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «قەلبىدە بۇنداق ۋەسۋەسە پەيدا بولغان ئادەم دەرھال <ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم> دەپ ئىمانىنى يېڭىلىسۇن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «شەيتان سىلەرگە كېلىپ: <بۇنى كىم ياراتتى؟>، <ئۇنى كىم ياراتتى؟> دەپ سورايدۇ، ھەتتا: <رەببىڭنى كىم ياراتتى؟> دەپ سورايدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىلەر ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭلار ۋە كۆڭلۈڭلارنى دەرھال باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىڭلار»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «سىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىڭلار، ئەمما ئاللاھنىڭ زاتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. يەنە بىر ھەدىستە: «ئاللاھنىڭ يارىتىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىڭلار، ئەمما ئۇنىڭ زاتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماڭلار» دەپ كەلگەن.

يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسلىنىپ دەيمىزكى، بىراۋنى شەيتان ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ئىمانغا زىيان يەتكۈزىدىغان خىياللارغا باشلىغاندا، دەرھال بۇ خىيالنى توختىتىپ ۋە ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەش لازىم. تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ۋەسۋەسىدىن ساقلىنىشقا ياردەمچى بولىدۇ:

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(1) ئەقىدىگە زىيانلىق ھەرقانداق بىر ئوي- پىكىر خىيالغا كەلگەن ھامان دەرھال ئىماننى يېڭىلاپ «ئامەنتۇ بىللاھ» (ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم) دېيىش.

(2) شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەش ۋە «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ۋە مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ تۇرۇپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن، يامان ئىشقا كۈشكۈرتىشىدىن ۋە باشلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن دۇئانى ئوقۇش.

(3) ۋەسۋەسگە ئۇچرىغاندا، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈش.

(4) ۋەسۋەسە كەلگەندە خىيالنى باشقا ياققا بۇراپ، زېھنىنى باشقا مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل قىلىش ئارقىلىق شەيتانغا پۇرسەت بەرمەسلىك.

(5) ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇش. چۈنكى ئىخلاس سۈرىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرى ئىخچام ھالدا بايان قىلىنغان ھەمدە بۇ سۈرىنى ئۈچ قېتىم ئوقۇش قۇرئان كەرىمنى تامام قىلغانغا ئوخشاش ساۋابلىقتۇر.

(6) ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرى، نېمەتلىرى ۋە پەزلى- ئېھسانلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىنسان ئەقلىنى ئاللاھ تائالاغا باشلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

# ياخشىلىق ۋە دۇنيانىڭ چايانلىرى[1]

بىر ياخشىلىق سۆيەر دانىشمەن ئادەم دېڭىز بويىدا ئولتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ دېڭىزدىكى ۋە ئەتراپتىكى گۈزەل سەنئەتلىرىنى ۋە قۇدرەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بىر چايان ئۆمىلەپ كېلىپ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى ۋە سۇنىڭ ئېقىشىنىڭ تەتۈرىگە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قاتتىق كۈچىدى، ئەمما پەقەتلا سۇدىن چىقالمىدى. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئادەم چايانغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى سۇدىن قۇتقۇزۇپ قويماقچى بولدى ۋە قولىنى سوزۇپ چايانىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن تۇتقانىدى، چايان ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋالدى، ئادەم چايانىنى تاشلىۋېتىپ قولىنى تارتىۋالدى. بىرەر مىنۇت ئۆتمەستىن ئادەمنىڭ كۆزى يەنە چايانغا چۈشتى، كۆڭلى يەنە بىردىنلا ئېرىپ ئۇنى قۇتقۇزغۇسى كەلدى- دە، قولىنى چايانغا سوزۇپ ئۇنى تۇتقىنىدا چايان يەنە ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋالدى. ئۇنى يەنە تاشلىۋېتىپ قولىنى تارتىۋالدى، بۇ قېتىم قولى بەكلا ئاغرىدى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە چايانىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەمشەلگىنىدە، يېنىدا ئولتۇرغان بىر ياش ئۇنىڭغا: «سىز قانداق ئىبرەت ئالمايدىغان ئادەمسىز؟! ئىككى قېتىم قولىڭىزنى چېقىۋالغان چايانىنى يەنە قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆزىڭىزگە زىيان يەتكۈزەمسىز؟» دېدى. ئەمما دانىشمەن ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي يەنە چايانغا قولىنى سوزدى ۋە ئاخىرى ئۇنى سۇدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ دېڭىز بويىغا قويۇپ بەردى. ئاندىن ھېلىقى ياشنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئى ئوغلۇم! چايانىنىڭ خاراكتېرى چېقىش، مېنىڭ خاراكتېرىم سۆيۈش ۋە ياردەم قىلىش تۇرسا، مەن قانداقمۇ خاراكتېرىمنى ئۇنىڭ خاراكتېرىغا بويسۇندۇرىمەن» دېدى.

سىز نۇرغۇن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ ئۇلاردىن يامانلىقتىن باشقىنى كۆرمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەجەبا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى سىزنى ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن توسۇپ قالسا توغرا بولامدۇ؟ ياق. ياخشىلىق قىلىش ئېسىللىكنىڭ ئالامىتىدۇر. بىراۋنىڭ پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىش، ياخشىلىق قىلغۇچىغا رەھمەت ئېيتىش ئادىمىيلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ، قەلبىنىڭ پاك ۋە سۈزۈكلۈكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر- بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، قولىدىن كەلگەن ياردەمنى سۇنۇش ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش قاتارلىق

---

[1] كۇۋەيتتە چىقىدىغان «ئەلمۇجتەمە ژۇرنىلى»دىن تەرجىمە قىلىندى.

پەزىلەتلەر ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدا مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە يېقىنلىق ئاشىدۇ.

ياخشىلىق قىلىشنىڭ چېكى يوق. ياخشىلىق چەكسىز، مىننەتسىز ۋە ئىككىلىنىشسىز قىلىنىدىغان پەزىلەتتۇر.

## قانداق قىلغاندا ئۆزىڭىزنى ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرەلەيسىز؟

ئىنسان ياخشىلىق قىلىش يولىدا بەزى قىيىنچىلىقلارغا ۋە توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ۋە ياردىمىڭىزنى كۆرگەن ئىنسانلاردىن سىزگە يامانلىق كەلگەندە، ئەگەر سىز كۈچلۈك ئىمانغا، مۇستەھكەم ئىرادىگە ۋە سەۋر- تاقەتكە ئىگە بولمىسىڭىز بىر ئاندىلا ياخشىلىق قىلىشتىن سوۋۇپ قېلىشىڭىز، ھەتتا ۋاز كېچىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئاش بەرگەن قازاننى چېقىپ تاشلايدىغان تۈزكور، نان بەرگەن قولنى چىشلەيدىغان ئىت مىجەز ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

تۆۋەندىكى ئىشلار سىزنىڭ ياخشىلىقتا داۋام قىلىشىڭىزغا ياردەمچى بولىدۇ:

1. سىز باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى دەپ بىلىشىڭىز لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىگە ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە بىزلەرنىمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇغان زاتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَحۡسِن كَمَآ أَحۡسَنَ ٱللَّهُ إِلَيۡكَ﴾ «ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك سەنمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغىن»[1]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَلۡ جَزَآءُ ٱلۡإِحۡسَٰنِ إِلَّا ٱلۡإِحۡسَٰنُ ٦٠﴾ «ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەت ياخشىلىقتۇر»[2]. ھەر كىمگە ياخشىلىق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بولغان ئىكەن، بۇ بۇيرۇقنى «باش ئۈستىگە» دەپ ئورۇندىشىڭىز سىزنىڭ ئىمانىڭىزنىڭ تەقەززاسىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان ئاتا- ئېھسانلىرى، رىزىقلىرى، نېمەتلىرى ۋە ياخشىلىقلىرى بىلەن سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. بۇ ۋاقىتتا سىزگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان ياخشىلىقلارنىڭ قانچىلىك كۆپ ۋە چوڭلۇقىنى، سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغانلىرىڭىزنىڭ نەقەدەر كىچىك، ھەتتا ھېچ نەرسە ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغانلىرىڭىزمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ھىدايىتى بىلەن بولغانلىق يۈزىسىدىن، ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ئاللاھنىڭ ياخشىلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيسىز.

[1] قەسەس سۈرىسى 77 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] رەھمان سۈرىسى 60 - ئايەت

3. قۇرئان كەرىمدىكى ياخشىلىققا بۇيرۇغان ئايەتلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، ئۆزىڭىزدە ھەمىشە جارى قىلدۇرۇپ تۇرۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزدە سىزنى ھەمىشە ياخشىلىققا ئۈندەپ تۇرىدىغان تۈرتكىنى ھاسىل قىلالايسىز. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱرْكَعُوا۟ وَٱسْجُدُوا۟ وَٱعْبُدُوا۟ رَبَّكُمْ وَٱفْعَلُوا۟ ٱلْخَيْرَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ۩ ﴿٧٧﴾﴾ «ئى مۇئمىنلەر! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن رەببىڭلارغا رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار»[1].

4. ھەر قانداق بىر ياخشىلىقنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىنىڭ ئىنتايىن بۈيۈك ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماڭ. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ياخشىلىقنى تېخىمۇ كۆپ قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا قىلغان ۋەدىلىرىنى ئەسكە ئېلىش ياخشىلىق قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِّلَّذِينَ أَحْسَنُوا۟ ٱلْحُسْنَىٰ وَزِيَادَةٌ ۖ وَلَا يَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌ وَلَا ذِلَّةٌ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۖ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٢٦﴾﴾ «ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم- قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر»[2].

بۇ دۇنيادا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ ئېسىل قەسىرلىرىگە كىرگۈزىدۇ. جەننەت ئەھلى جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە كۆڭۈلگە كەلتۈرۈپ باقمىغان نازۇ- نېمەتلەر بىلەن نېمەتلىنىدۇ.



[1] ھەج سۈرىسى 77 - ئايەت
[2] يۇنۇس سۈرىسى 26 - ئايەت

# يۈرەكنى ياشارتىشنىڭ سەككىز خىل دورىسى

پسىخولوگىيە ئالىملىرى يۈرەكنى ياشارتىپ خۇشال ياشاشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى ھەققىدە توختىلىپ تۆۋەندىكى 8 خىل ئىشنى تەۋسىيە قىلغان:

بىرىنچى، مېھرىبان بولۇش، يەنى كىشىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىش. ئادەمدە مېھرىبانلىق بولمىسا، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئادەم ھېسابلانمايدۇ. باشقىلارغا ھەمىشە مېھرىبانلىق قىلىپ ياشىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى توق، روھىي كەيپىياتى يۇقىرى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئاق كۆڭۈل بولۇش. ئادەم چوقۇم ئاق كۆڭۈل بولۇشى ۋە ئۇنىڭدا كىشىلەرگە ياردەم بېرىش روھى بولۇشى لازىم.

ئۈچىنچى، توغرا كەيپىيات بولۇش. ئادەمدە توغرا كەيپىيات بولغاندىلا ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بەختلىك قىلالايدۇ. ناۋادا كەيپىيات ياخشى بولمىسا، ئادەمنىڭ تەن ساقلىقىمۇ ياخشى بولالمايدۇ.

تۆتىنچى، كەڭ قورساق بولۇش. كەڭ قورساق بولۇش توغرا كەيپىيات بولۇشتىنمۇ مۇھىم. چۈنكى ئادەم پەرىشتە ئەمەس، ئۇ خاتالىشىدۇ. ئادەم كەڭ قورساق بولۇپ باشقىلارنى كەچۈرۈشنى بىلگەندىلا ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە تەن ساقلىقىنى ئاسراپ قالالايدۇ. ئەكسىچە تولا ئاچچىقلانغىنىدا ئىمانى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، تەن ساقلىقىنىمۇ ھەم ھالاك قىلىۋېتىدۇ.

بەشىنچى، ۋاپادارلىق. ياشانغانلارنىڭ بەختلىك بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنلەرنىڭ يەكۈنىگە كۆرە، ياشانغانلارنىڭ بەختلىك بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي ئامىل پۇل، مەرتىۋە بولماستىن، بەلكى بالىلىرىنىڭ ۋاپادارلىقى بولۇپ چىققان. شۇڭا ۋاپاسىز بالىلارنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ كەيپىياتى ۋە روھىيىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، مۇنداق بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى مەڭگۈ تىنچ قويمايدۇ ئەمەسمۇ!؟

ئالتىنچى، ياۋاشلىق لايىقىدا بولۇش. ئادەم بەكلا ياۋاش بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ، زىيادە شوخ بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ياۋاشلىقى نورمال دەرىجىدە بولۇش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى، ياۋاشلىقنى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق

بەلگىلەش كېرەك.

يەتتىنچى، ئۆزىنى بېغىشلاش. ئىنساندا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى قانچە كۈچلۈك بولسا شۇنچە ياخشى. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان ئاز- تولا ياخشى ئىشلىرى بىلەن نامى يۈكسىلىپ بەختلىك بولىدۇ، روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن بولىدۇ.

سەككىزىنچى، باشقىلاردىن ياخشىلىق قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلماسلىق، تەمەسىز قىلماسلىق. قىلغان ھەربىر ياخشىلىقىنىڭ قايتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئادەم كۆڭۈللۈك ياشىيالمايدۇ، بەخت ئىچىدە ھايات كەچۈرەلمەيدۇ. دۇنيادا تۇزكور ئىنسانلار كۆپ بولۇپ، سىز ھەربىر ياخشى ئىشىڭىز ئۈچۈن ئۇلاردىن شۇنىڭ بەدىلىنى كۈتسىڭىز، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئازابلارغا قويىسىز ۋە ئاۋارىچىلىك ئىچىدە ياشايسىز. شۇڭا ياخشىلىقنىڭ بەدىلىنى ئىنساندىن كۈتمەڭ، ئىشىنىڭكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بەدىلىنى باشقا يوللار بىلەن سىزگە ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

مەزكۇر پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بايانىغا كۆرە، يۇقىرىقى 8 خىل شىپالىق دورىنىڭ تۆۋەندىكىدەك 6 تۈرلۈك رولى بار:

بىرىنچى، سەممىي ئادەم بولغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ئىشتا ئەستايىدىل بولغىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ؛ تۆتىنچى، تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ؛ بەشىنچى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىلى بولىدۇ؛ ئالتىنچى، بالا- قازادىن خالىي بولغىلى بولىدۇ.

## بەخت - سائادەت ئېلشتا ئەمەس، بېرىشتە

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى ھىندىستان پادىشاھلىرىدىن بىرى ئىنتايىن بەختسىز ھايات كەچۈرىدىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلىرى تولىمۇ مەنىسىز ۋە غەمكىن ئۆتىدىكەن. ئۇستا تېۋىپلارنى چاقىرتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى پادىشاھنىڭ بەختسىزلىكىگە چارە تاپالمايدىكەن. بىر كۈنى بىر ھەكىم پادىشاھنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ قەسىرىگە كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ: «شانۇ- شەۋكەتلىك پادىشاھىم! سىلىنىڭ بۇ بەختسىزلىك كېسەللىرىنىڭ شىپاسى يوق، پەقەتلا بىر چارە بار. شۇنى قىلىپ كۆرسىلە بەلكىم بەختلىك بولۇپ قېلىشلىرى مۇمكىن» دەپتۇ. پادىشاھ ئالدىراپ- تېنەپ ئۇنىڭغا: «ماقۇل، سەن دېگەن شۇ چارىنى سىناپ باقاي، ئۇ قانداق چارە؟ قېنى ئېيتىپ بەرگىنە» دەپ سوراپتۇ قىزىقىپ ۋە ئالدىراپ. ھەكىم پادىشاھقا: «پادىشاھىم! ئۇنداقتا، سىلى ئۆز دۆلەتلىرىدىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمنى تېپىپ، شۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىۋالسىلا، شۇ چاغدا سىلى بەختلىك بولۇپ قالىلا» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ بەختلىك ئادەم ئىزدەش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ھەر تەرىپىگە بېرىپتۇ. كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ھەربىر ئادەمدىن: «سەن بەختلىكمۇ؟» دەپ سوراپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى «مەن بەختلىك، ئەمما ئايالىم بىلەن چىقىشالمايۋاتىمەن» دېسە، يەنە بىرى: «مەن بەختلىك، ئەمما كېسەلچانمەن» دەپتۇ، يەنە بىرى بولسا: «مەن بەختلىك، ئەمما بەك يوقسۇلمەن» دەپتۇ. پادىشاھ شۇنداق قىلىپ كۆلۈمسىرەپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرەردىن قىيىنچىلىقى بارلىقىنى بايقاپتۇ. پادىشاھ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ تۇرسا، جاڭگال تەرەپتىن مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى كەپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە: «بەلكىم مۇشۇ ئادەم ئەڭ بەختلىك ئادەم بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ- دە، دەرھال جاڭگال تەرەپكە يول ئېلىپ، ناخشا ئاۋازى كەلگەن جايغا كەپتۇ. قارىسا بىر كىشى يالغۇز ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقانىكەن. پادىشاھ ئۇ كىشىدىن:

— سەن بەختلىكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

— ھەئە، مەن تولىمۇ بەختلىك، ھېچقانداق دەردىم يوق، — دەپتۇ. شۇنىڭ

بىلەن پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— ئۇنداقتا، كۆڭلىكىڭنى ماڭا بېرىپ تۇرغىن، مەن ئۇنى كىيىپ بەختلىك بولۇۋالاي، — دەپتۇ. ئۇ كىشى بىر ئاز تۇرۇپ كېتىپ، پادىشاھنىڭ كۆزىگە تىكىلگەن ھالدا:

— پادىشاھىم! كۆڭلىكىمنى سىلىگە بەرسەم بولاتتى، ئەمما مەن ئۇنى خېلى بۇرۇنلا ئېھتىياجلىق بىرسىگە بېرىۋەتكەن ئىدىم، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئويلىنىپ كېتىپ، «بەخت- سائادەت دېگەن ئېلىشتا ئەمەس، بېرىشتە» ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

## تەۋبە - ئىستىغپارنىڭ ئەھمىيىتى

ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرى، خاتالىقلىرى ۋە گۇناھلىرىنى تونۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىستىغپار ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ تۇرۇش — سەممىيلىك ۋە كەمتەرلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە كۆپىنچە كىشىلەرگە: «تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتىڭلار» دېيىلسە، خۇددى تەۋبە - ئىستىغپارنى پەقەت چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان ياكى جىنايەت ئىشلىگەن ئادەم ئېيتىدىغاندەك ياكى «خۇداغا شۈكرى، بىز بەش ۋاخ نامىزىمىزنى مۇكەممەل ئادا قىلىپ كېلىۋاتىمىز، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېمىدۇق، بىراۋغا زۇلۇم قىلمىدۇق، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلمىدۇق، شۇڭا ئىستىغپار ئېيتساقمۇ ياكى ئېيتمىساقمۇ بەك مۇھىم ئەمەس» دەپ ئويلاپ، تەۋبە - ئىستىغپاردىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئەمەلگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەت ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس. تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتىش پەقەت چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان كىشىلەرگىلا خاس ئەمەس، چۈنكى ئىستىغپارنى ھەتتا گۇناھلاردىن پاك پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 70 قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتىمەن» دېگەن.[1] ئۇنداقتا، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن گۇناھلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان بىر پاك پەيغەمبەرنىڭ كۈندە ئاللاھ تائالاغا 70 قېتىمدىن ئارتۇق تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەۋبە دېگەننى گۇناھ قىلغانلارلا قىلامدۇ؟ ئەلۋەتتە ياق! تەۋبە - ئىستىغپار قەدىمىمىزنىڭ تېيىلىپ كەتمەسلىكى، توغرا يولدا ئىزچىل يۈرۈشىمىز ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر.

### تەۋبە - ئىستىغپار ئادەمنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ

تەۋبە - ئىستىغپار ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، خاتالىقلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئەگەر بىز خاتالىقلىرىمىزنى دەرھال تۈزىتىپ، گۇناھلىرىمىزغا ھەر دائىم تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى سوراپ تۇرمىغىنىمىزدا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىر قانچە خاتالىقلارنى

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تۇغـۇپ مېڭىۋېرىـدۇ. دە، دەسـلەپكى ئـاز گۇناھلىرىمىزغـا سـەل قارىغانلىقىمىـز سـەۋەبلىك قەلبىمىزنـى قـارا داغ قاپلايـدۇ، شـۇنىڭ بىلـەن ئۆزىمىزنـىڭ ئىمانىمىزنـى پـاكلاپ دەسـلەپكى سـۈزۈك ۋە تەقـۋا ھالەتكـە ئەكىلىشـىمىز تېخىمـۇ تەسلىشـىپ كېتىـدۇ. بـۇ خـۇددى كۆڭلەكنىـڭ بىرىنچى تۈگمىسـىنى خاتـا ئېتىـش بىلـەن ئۇنىـڭ پۈتـۈن تۈگمىلـىرى خاتـا ئېتىلىـپ ماڭغىنىغـا ئوخشـاش. كۆڭلەكنىـڭ دەسـلەپتە خاتـا ئەتكـەن تۈگمىسـىنى قايتىدىـن توغـرا ئەتكەندىـن كېيىنـلا، باشـقا تۈگمىلەرمۇ توغـرا ۋە جايىـدا ئېتىلىـپ ماڭىـدۇ.

ئـۆز خاتالىقىنـى بىلگـەن ھامـان ئۇنىڭدىـن دەرھـال قـول ئۈزگـەن، بىـر گۇناھنـى ئىشـلىگەن ھامـان ئۇنىڭغـا پۇشـايمان قىلىـپ تەۋبـە قىلغـان ئـادەم قايتـا خاتالىـق سـادىر قىلىشـتىن ۋە گۇناھقـا چۆشـۈپ قېلىشـتىن ئـۆزىنـى يىـراق تۇتالايـدۇ. دېمـەك، تەۋبـە ـ ئىسـتىغپار ئادەمنىـڭ ئىـش ـ ھەرىكەتلىرىنىـڭ توغـرا ۋە مۇسـتەھكەم بولـۇپ داۋام قىلىشـىنى كاپالەتلەندۈرىدىغـان بىـر پەزىلەتتـۇر. شـۇڭا تەۋبىنىـڭ ئەھمىيىتـى زور، پايدىسـى كۆپتـۇر.

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «ھـەر قانـداق ئـادەم بالىسـى خاتالاشـقۇچىدۇر، خاتالاشـقۇچىلارنىڭ ئـەڭ ياخشىسـى تەۋبـە قىلغۇچىـلاردۇر».[1] تەۋبـە ـ ئىسـتىغپار ـــ ئىنسـانىنىڭ توغـرا يولدىـن ئېزىـپ كەتمەسـلىكى ئۈچـۈن ئۇنىـڭ قەدىمىنـى مۇسـتەھكەم قىلىـپ تۇرىدىغـان؛ خاتالىقلارنىـڭ ۋاقتىـدا يۇيۇلـۇپ، گۇناھلارنىـڭ ئۆچۈرۈلـۈپ تۇرۇشـى ئارقىلىـق ئۇنـى تېخىمـۇ مۇرەككـەپ خاتالىقـلار ۋە ئېغىـر گۇناھلارغـا چۈشـۈپ قېلىشـىدىن سـاقلاپ تۇرىدىغـان قالقانـدۇر.

ئىسـتىغپار ئېيتىشـنىڭ مۇئەييـەن ۋاقتـى يـوق. ئۇنـى قايسـى ۋاقىتتـا ۋە قانـداق جايـدا ئېيتسـا بولـىدۇ.

## ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى

ئىسـتىغپار ئېيتىشـنىڭ ئـەڭ ئـەۋزەل ۋاقتـى سـەھەر ۋاقتىـدۇر. ئاللاھ تائـالا جەننەتكـە كىرىدىغـان تەقۋادارلارنىـڭ سۈپەتلىرىنى بايـان قىلغـان ئايەتتـە ئۇلارنـى: ﴿وَٱلۡمُسۡتَغۡفِرِينَ بِٱلۡأَسۡحَارِ ١٧﴾ «ئـۇلار سـەھەرلەردە ئىسـتىغپار ئېيتقۇچىـلاردۇر»[2] دەپ ماختىغـان. يەنـە: ﴿وَبِٱلۡأَسۡحَارِ هُمۡ يَسۡتَغۡفِرُونَ ١٨﴾ «ئـۇلار سـەھەرلەردە (رەببىدىـن) مەغپىـرەت تىلەيتتـى»[3] دەپ تەرىپلىگـەن.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى 17 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[3] زارىيات سۈرىسى 18 - ئايەت

## ئىستىغپار بارچە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ۋەسىلە بولىدۇ

ئىستىغپارنىڭ بارچە قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل بولۇشىدىكى رولىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، چۈنكى بۇ بىر ئەمەلىيەت. بىر ئادەم سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇفتىسى ئەللامە ئابدۇللاھ ئىبنى بازنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئايالىنىڭ يەتتە يىلدىن بېرى ھامىلىدار بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن بىر چىقىش يولى سورىغاندا، ئەللامە ئىبنى باز ئۇ ئادەمگە «ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتقىن» دەپ بۇيرۇغان. ئۇ ئادەم بىر يىلدىن كېيىن ئەللامە ئىبنى بازنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئايالىنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىنى ئېيتقان.

ئەمدى ئۆتمۈشلەردىن مىسال كەلتۈرسەك، بىر ئادەم ئەللامە ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۆز يۇرتىدا ھۆل-يېغىنىنىڭ يوقلۇقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەندە، ئەللامە ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ ئۇنىڭغا: «ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىڭلار» دەپ نەسىھەت قىلغان. ئارقىدىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ ئايالىنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ بالا يۈزى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغىمۇ: «ئىستىغپار ئېيتقىن» دەپ نەسىھەت قىلغان. ئارقىدىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ ئۆزىنىڭ قاتتىق يوقسۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇنىڭغا قانداق بىر چىقىش يولى بارلىقىنى سورىغاندا، ئۇنىڭغىمۇ: «ئىستىغپار ئېيتقىن» دەپ نەسىھەت قىلغان. ئەللامە ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭدىن: «سىلى بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىستىغپار ئېيتىشقا بۇيرۇدىلىغۇ؟» دېگەندە، ئەللامە ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ ئۇلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگەن: ﴿فَقُلْتُ ٱسْتَغْفِرُواْ رَبَّكُمْ إِنَّهُۥ كَانَ غَفَّارًا ﴿١٠﴾ يُرْسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيْكُم مِّدْرَارًا ﴿١١﴾ وَيُمْدِدْكُم بِأَمْوَٰلٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَل لَّكُمْ جَنَّٰتٍ وَيَجْعَل لَّكُمْ أَنْهَٰرًا ﴿١٢﴾﴾ «(ئۇلارغا) ئېيتتىم: <رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. [10﴿ (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، [11﴿ سىلەرنىڭ مال-مۈلكۈڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ> [12﴿»[1].

## ئىستىغپارنىڭ پايدىلىرى كۆپ

بىرىنچى، ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدىغان ئادەم دۇنيادا جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ھەرگىز ئازاب چەكمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە

[1] نۇھ سۈرىسى 10 - ئايەتتىن 12 - ئايەتكىچە

مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمۡ وَأَنتَ فِيهِمۡۚ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ مُعَذِّبَهُمۡ وَهُمۡ يَسۡتَغۡفِرُونَ٣٣﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدىمۇ ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ»[1]. دېمەك، ئىستىغپار ئىنساننى جىسمانىي، مەنىۋى، پىكرىي ۋە ئىجتىمائىي ئازابلاردىن، شۇنداقلا بۇلاردىن باشقىمۇ يەنە نۇرغۇن ئازابلاردىن ئازاد قىلىدۇ.

دېمەك، يەر يۈزىدە ئىككى ئامانلىق بولۇپ، بىرى كېتىپ قالغان، يەنە بىرى قالدى. كېتىپ قالغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر، قالغىنى ئىستىغپاردۇر.

ئىككىنچى، ئىستىغپار ئېيتىش ئىنسانغا بارلىق ياخشىلىق تۈرلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿فَقُلۡتُ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ إِنَّهُۥ كَانَ غَفَّارٗا١٠ يُرۡسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡكُم مِّدۡرَارٗا١١ وَيُمۡدِدۡكُم بِأَمۡوَٰلٖ وَبَنِينَ وَيَجۡعَل لَّكُمۡ جَنَّٰتٖ وَيَجۡعَل لَّكُمۡ أَنۡهَٰرٗا١٢﴾ «(ئۇلارغا) ئېيتتىم: <رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. [10﴾ (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، [11﴾ سىلەرنىڭ مال- مۈلكۈڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ> [12﴾»[2] دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىكتۇر.



ئۈچىنچى، ئىستىغپار ئېيتىش مۇسۇلمان ئادەمگە ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە كۈچ- قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە ئېيتقان سۆزىنى قىسسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَٰقَوۡمِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ يُرۡسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡكُم مِّدۡرَارٗا وَيَزِدۡكُمۡ قُوَّةً إِلَىٰ قُوَّتِكُمۡ وَلَا تَتَوَلَّوۡاْ مُجۡرِمِينَ٥٢﴾ «ئى قەۋمىم! رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. (شۇنداق قىلساڭلار،) ئۇ سىلەرگە كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ- قۇۋۋەت بېرىدۇ. سىلەر گۇناھقا پاتقان ھالدا (ئاللاھتىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار»[3].

تۆتىنچى، ئىستىغپار ئېيتىش ئىنسانغا بەخت- سائادەتلىك ھايات بېغىشلايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى قىسسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ يُمَتِّعۡكُم مَّتَٰعًا حَسَنًا إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى وَيُؤۡتِ كُلَّ ذِي فَضۡلٖ فَضۡلَهُۥ﴾ «سىلەر رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە

[1] ئەنفال سۈرىسى 33 - ئايەت

[2] نۇھ سۈرىسى 10 - ئايەتتىن 12 - ئايەتكىچە

[3] ھۇد سۈرىسى 52 - ئايەت

قىلىڭلار. (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار،) ئاللاھ سىلەرنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلار توشقىچە ئوبدان ياشىتىدۇ، ھەربىر ياخشى ئىش قىلغۇچىغا ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ»[1].

## گۇناھ قىلمايدىغان ئادەم يوق

ھەر قانداق ئادەم بىلىپ- بىلمەي خاتالىق ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالىدۇ. ھەتتا مەلۇم بىر مەزگىل ئىچىدە ھېچ گۇناھ قىلمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى گۇناھسىز ھېس قىلىپ مەغرۇرلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك گۇناھتۇر. دېمەك، دۇنيادا گۇناھسىز ئادەم يوقتۇر! ئاللاھ تائالا گۇناھ قىلمايدىغان ئادەمگە قارىغاندا، گۇناھ قىلىپ سالغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى ئۆتۈنگەن ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ. گۇناھ قىلمىغان ئادەم گۇناھ- مەئسىيەتنىڭ ھارام لەززىتىنى تېتىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مەغپىرەتنىڭ ھالاۋىتىنىمۇ تېتىيالمايدۇ. چۈنكى بىرەر گۇناھنى قىلىپ كۆنۈپ قالغان ئادەم ئۇنى تاشلاش يولىدا كۆپ قىيىنچىلىق تارتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋاب- دەرىجە قازىنىدۇ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ياخشى ئەمەللەرگە ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئەمما گۇناھ قىلمىغان ئادەم بۇنداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلار، ئاللاھ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلىدىغان بىر خەلقنى يارىتىدۇ- دە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[2]. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھ- مەئسىيەتلەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى بەندىلىرىنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «اَلْغَفُوْرُ» (كەچۈرگۈچى) ۋە «اَلْغَفَّارُ» (گۇناھكارلارنى ناھايىتى بەك كەچۈرگۈچى) دېگەن ئۇلۇغ سۈپەتلىرىنى نامايان قىلىش ۋە بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.



[1] ھۇد سۈرىسى 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# خۇشاللىق نەدە؟

ئالىملار ئېيتقانىدەك، خۇشاللىق دېگەننى سىرتتىن ئىمپورت قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت كىشىنىڭ ئىچىدىن كېلىدۇ. دېمەك، خۇشاللىقنى مال- دۇنيا ۋە ھوقۇق- مەنسەپتىن ئىزدەۋاتقان ئىنسانلارنى قۇملۇقتىن سۇ ئىزدەۋاتقان كىشىلەر دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى ۋىرۇس بالاسى دۇنيانى ۋەھىمىگە سالغان ۋاقىتتا دائىم خۇشال يۈرۈش ۋە كۆڭۈلمىزنى خاتىرجەم تۇتۇش بەدىنىمىزنىڭ كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى ۋە دىلنىڭ ئارامى كاتتا نېمەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. دىلنىڭ ئارامى زېھنىڭىزنى تۇراقلاشتۇرۇپ ئىجادىيەتلىرىڭىزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. بەزىلەر: «خۇشاللىنىش — ئۆگىنىپ ئىگىلەشكە ئەرزىيدىغان بىر تۈرلۈك سەنئەتتۇر» دېيىشىدۇ. خۇشاللىققا ئېرىشىشنى بىلگەن كىشى بەختلىك تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرگەن كىشىدۇر.

ئۇنداقتا، كۆڭۈل خۇشلۇقىنى قانداق ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە قولىمىزدىن كەلگەنچە ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر سىز ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئەسلىگىنىڭىزدە ھەمدە پۇت- قوللىرىڭىزنىڭ ساقلىقىنى، ئائىلىڭىزدە دىلىڭىزنى يايرىتىدىغان نۇرغۇن خۇشاللىقنىڭ بارلىقىنى، ئىش ئورنىڭىزدا ۋە خىزمىتىڭىزدە سىزنى مەمنۇن قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرگە قارىغاندا بەختلىك ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگىنىڭىزدە قەلبىڭىز خۇشاللىققا تولىدۇ. شۇ چاغدا چىن قەلبىڭىزدىن «ئەلھەمدۇلىللاھ!» دەيسىز. مانا بۇ سىزنىڭ تېنىڭىزنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئۆمرىڭىزنى ئۇزارتىدىغان خۇشاللىقتۇر. پسىخولوگلار: «دۇنيادا جاۋابىنى تېپىش ئەڭ مۇمكىن بولمايدىغان ماتېماتىكىلىق مەسىلە بولسا سىزگە بېرىلگەن نېمەتلەرنى ھېسابلاشتۇر» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ لَا تُحۡصُوهَآ﴾ «سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر»[1] مۇنداق دېگەن.

يەنە بىرى، سىزنىڭ كىشىلەرگە خەير- ئېھسان قىلغانىدىكى خۇشاللىقىڭىزدۇر.

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 34 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

پسخولوگلار ئېيتىدۇكى: «ئەگەر سىز ئالغاندا ئەمەس، بەرگەندە خۇشال بولۇشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، سىزنىڭ خۇشال بولىدىغان چاغلىرىڭىز ناھايىتى كۆپ بولىدۇ».
بۇ سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە بولغان خۇشاللىقتۇر. ئۇنى ئۆز- ئۆزىڭىزگە ھاسىل قىلالايسىز، چۈنكى باشقىلاردىن ئالاي دېسىڭىز خالىغان ۋاقىتتا ئالالمايسىز، ئەمما بېرەي دېسىڭىز خالىغان ۋاقىتتا بېرەلەيسىز ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى خۇشال قىلالايسىز.

# سەممىي نەسىھەت — دىنىي زۆرۈرىيەتتۇر

كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش — دىنىي زۆرۈرىيەت، ئىلاھىي پەرمان ۋە ئىجتىمائىي پەزىلەتتۇر. يامان ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش ۋە ياكى نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي پەرماننى ئورۇندىماسلىق — مۇسۇلمانلارغا ياراشمايدىغان يېتەرسىزلىكتۇر. مۇسۇلمانلار بىر- بىرىنى يامان ئىشلاردىن توسمىغاندا، بىر- بىرىگە سەممىي نەسىھەت قىلىپ يېتەكلىمىگەندە، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان ھەممىگە ئومۇمىيۈزلۈك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەسىر سۈرىسىدە بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَٱلۡعَصۡرِ ١ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَفِي خُسۡرٍ ٢ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلۡحَقِّ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلصَّبۡرِ ٣﴾ «زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، [1﴾ ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. [2﴾ پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر- بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە (ئۇنىڭدا) چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ [3﴾»[1]. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە بىر- بىرىگە نەسىھەت قىلىشنى مۇئمىنلەرنىڭ ئەڭ ئېسىل سۈپەتلىرى قاتارىدىن بايان قىلغان.

121

## نەسىھەت قىلىشنىڭ ئەدەپ- ئەخلاقى

دىنىمىزدا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ قائىدە- پرىنسىپى ۋە ئەدەپ- ئەخلاقى بولغىنىدەك، نەسىھەت قىلىشنىڭمۇ ئەلۋەتتە مەلۇم ئەدەپ- ئەخلاقى، چەك- چېگراسى بار بولۇپ، بۇنىڭغا رىئايە قىلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

دىنىي قېرىنداشلىق ئاساسىدىكى نەسىھەتنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرى ۋە ئەدەپ- ئەخلاقى تۆۋەندىكىچە:

### *(1) نىيەتنى خالىس قىلىش*

بىراۋغا نەسىھەت قىلىشتا نىيەت خالىس ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى لازىم. نىيەت خالىس ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى دېگەنلىك — نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ بىراۋنىڭ

---

[1] ئەسىر سۈرىسى

ئابرۇيىنى تۆكۈشنى ياكى ئۇنىڭدىن ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىشنى ۋە ياكى ئۆزىنى ئالىم كۆرسىتىپ ئابرۇي قازىنىشنى نىيەت قىلماستىن، بەلكى پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى نىيەت قىلغان بولۇشى دېگەنلىكتۇر. زامانىمىزدا ئۆزىنى تەقۋادارلاردىن كۆرسىتىش ياكى بىلىمىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىپ جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتقان، ئىسلاھ قىلىش ئەمەس بەلكى بۇزۇۋاتقان ئىنسانلارمۇ ئاز ئەمەس.

### (2) نەسىھەتنى مەخپىي قىلىش

نەسىھەتنى مەخپىي قىلىش ۋە ئۇنى كۆزلەنگەن كىشىنىڭ ئۆزىگىلا قىلىش ئىخلاسنىڭ ئالامىتى ۋە نەسىھەتنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىراۋغا نەسىھەت قىلىش ياكى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدە بىراۋلارغا ئىسمىنى تۇتۇپ ھۇجۇم قىلىش ھەرگىزمۇ نەسىھەت قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقتۇر. مۇنداق قىلىش نە بىزنىڭ ئۆلگىمىز ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىغا، نە خالىس نىيەتلىك ئىسلام دەۋەتچىلىرى ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئەخلاقىغا توغرا كەلمەيدۇ. بىراۋغا جامائەتنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلىش ھېچقانداق ئىجابىي نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ، بەلكى ئاداۋەتكە سەۋەب بولىدۇ، بۇنداق قىلىش نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ پەسكەشلىكىگە ۋە نىيىتىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ھازىرقى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدە كۆرۈۋاتىمىزكى، بەزىبىر تەلۋە ئىنسانلار توختىماستىن ئۆلىمالارغا ھۇجۇم قىلماقتا، دۇنياۋى كاتتا ئۆلىمالارغا ئۆزىنىڭ زەھىرىنى چاچماقتا. ھەتتا مەزھەپ ئالىملىرىدىن باشلاپ ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىغىچە ئۇلارنىڭ زەھەرلىك تىل ھۇجۇمىغا ئۇچرىماقتا. مۇنداق تەنقىد بىلەن قەلبى ھۇزۇرلىنىدىغان، تىللاش ئۈچۈنلا ياشايدىغان، قانداقلا بىر نەتىجە ياراتقان ئالىمنى كۆرسە سۆكۈش ئۈچۈن قالپاق ھازىرلاپ ئولگۈرىدىغان بۇنداق تەلۋە ئىنسانلار نەسىھەتنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلىپ كەلمەكتە.

ئىشىنىڭ قىزىق يېرى، بۇ تەلۋىلەر ئەكسىچە مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىۋاتقان زالىملارنى، ئىسلام دىيارىنى قانغا بوياۋاتقان بۇزغۇنچى كاپىرلارنى سۆكۈشنىڭ ئورنىغا، مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىۋاتقان ئۆلىمالارنى سۆكىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ يەنە ئۆزلىرىنى «ياخشى ئىش قىلىۋاتىمىز» دەپ گۇمان قىلىپ، ئەڭ كەچۈرۈلمەس ئېغىر قىلمىشلارنى سادىر قىلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، يۈز- ئابرۇيغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىراۋغا خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلىشمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە زىت، گۈزەل ئەخلاقىغا يات بىر قىلمىش

ئىدى. بۇ جاھىللار سۈننەت دەۋاسى قىلىدۇ- يۇ، مۇنداق ھارام قىلمىشلارغا پىسەنت قىلمايدۇ. ھالبۇكى، سۈننەت ئەمەللىرىنى قىلسا ساۋاب بولىدۇ، قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئابرۇيى بىلەن ئوينىشىش ئېنىق ھارامدۇر ۋە ئاشكارا گۇناھتۇر. چۈنكى دىن، جان، مال- مۈلۈك، ئار- نومۇس ۋە ئەقىل قاتارلىق بەش نەرسىنى قوغداش پەرزدۇر. بۇ پەرزلەرنىڭ قايسىبىرىنى ئاياق- ئاستى قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدە ئۆلىمالارغا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ تۇرۇپ تىل ئۇزىتىدىغان بۇ تەلۋىلەر مۇشۇ بەشىنىڭ ئىچىدىكى «كىشىلەرنىڭ ئار- نومۇسى ۋە ئابرۇيىنى قوغداش» دېگەن قىسمىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بەزى ئۆلىمالار ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان بۇ تۈردىكى تەلۋىلەر توغرۇلۇق مۇنداق ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:



بىرىنچى، مۇنداق تەلۋىلەر ئىسلامغا ۋە ئىسلام دەۋىتىگە قاتتىق دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان كۇفرى تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن مائاش ئېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۈركىيەدەك ياشاش قىيىن جايدىمۇ تۇرمۇشتىن غېمى يوق، ئىشلەيمەن دەپ ئاۋارە بولمايدۇ ۋە كېچە- كۈندۈز ئالىملارنى تىللاش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ؛ ھەتتا تىللىغاندىمۇ جىم يېتىۋاتقان ئالىملارنى ئەمەس، بەلكى ۋاقتىنى دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىشقا سەرپ قىلىۋاتقان ۋە كىشىلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئالىملارنىلا تىللايدۇ. كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنى «نەسىھەت قىلغۇچى» دەپ ئاتىۋالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ غەرىزى ياخشى ئىش قىلىۋاتقان ئالىملارنى پايدىسىز ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ياخشى ئىشلىرىدىن توسۇشتۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بىراۋغا رەستىدە (ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدە) نەسىھەت قىلىش نەدە بار؟! قايسى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدە بار!؟

ئىككىنچى، مۇنداق تەلۋىلەرنىڭ تولىسى پىسخىكا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، بىرەرسىنى سۆكۈۋالمىسا، بىرەر ئالىمغا تىل ئۇزارتىپ ئابرۇيىنى تۆكۈۋالمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ ۋە ئۆزىنى راھەت ھېس قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئالىملارغا تىل ئۇزارتىش قاچاندىن بېرى ساۋابلىق ئىش بولۇپ قاپتۇ!؟ ئىمام بۇخارىدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىيدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «كىمكى مېنىڭ ۋەلىي (مۇھەببىتىمگە ۋە دوستلۇقۇمغا ئېرىشكەن) بەندىلىرىمدىن بىرەرسىگە دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئاچىمەن». ئەجەبا بۇ تەلۋىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار تىل تەگكۈزگەن ئەرەب ۋە ئۇيغۇر ئالىملاردىن ھېچبىرى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەلىي بەندىسى بولۇشقا يارىماسمۇ!؟ ئۇلار سۆككەن ئەللامە مۇھەممەد غەززالى، دوكتور يۈسۈپ قەرداۋى قاتارلىق

ئالىملار ئاللاھ تائالانىڭ ۋەلىيسى بولۇشقا يارىماسمۇ؟! ناۋادا بۇ ئالىملار ئاللاھ تائالانىڭ ۋەلىيلىرى بولسا، بۇلارغا تىل تەگكۈزگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقمامدۇ؟! ئەجەبا بۇ ئاددىي گۇناھمۇ؟! ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالىملاردىن ئەزىز يەنە كىمى بار؟! ۋاھالەنكى، ئالىملىرىمىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ئىدىغۇ!؟ ئەنە شۇلار بىزنىڭ ئاغزىمىزغا ئىمان سالغان كىشىلەر ئىدىغۇ!؟ ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىراۋغا مەخپىي ھالدا ۋەز- نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولىدۇ، بىراۋغا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ۋەز- نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۇنى سۆككەن ۋە ئۇنى چۈشۈرگەن بولىدۇ». ئەللامە فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەم كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يۆگەيدۇ ۋە نەسىھەت قىلىدۇ، گۇناھكار ئادەم كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ ۋە ئىزدەيدۇ». ئەللامە ئىبنى ھەزم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سەن بىراۋغا نەسىھەت قىلماقچى بولساڭ، ئۇنى چوقۇم مەخپىي قىلغىن. نەسىھەت قىلغاندىمۇ گەپنى ئۇنىڭغا نەق قاراتماي، ئەگىتىپ قىلغىن. ئەگەر سەن بۇنداق قىلمىساڭ، نەسىھەت قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى زۇلۇم قىلغۇچى بولۇپ قالىسەن». دېمەك، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە بىراۋلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىدلەش ھەرگىزمۇ نەسىھەت ئەمەس، بەلكى بۇزغۇنچىلىقتۇر ۋە دۈشمەنلىكتۇر. بۇنداق قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت ئۇسۇلىغا زىت قىلمىشتۇر.

### (3) نەسىھەتنى تولۇپ تاشقان كۆيۈمچانلىق بىلەن قىلىش

كىشىلەرگە مېھىر- شەپقەتلىك بولۇش ۋە ئۇلارغا تولۇپ تاشقان مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋەز- نەسىھەت قىلىش — پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ياخشىلارنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزلىرىگە تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن كاپىر قەۋمگىمۇ «ئى قەۋمىم!» دەپ ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن خىتاب قىلغانلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئاللاھ تائالا بىزگە تەلىم بېرىپ: ﴿ٱدۡعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِٱلۡحِكۡمَةِ وَٱلۡمَوۡعِظَةِ ٱلۡحَسَنَةِ﴾ «رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز- نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن»[1] دەپ بۇيرۇغان. بىراۋنى تەنقىدلەپ تۇرۇپ ئۇنى ياخشى ئىشقا دەۋەت قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ھېچقانداق پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتىدە يوق ئىشتۇر.

### (4) نەسىھەتنى مۇناسىپ پەيتتە قىلىش

نەسىھەت قىلغۇچى نەسىھەت قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇناسىپ پەيتنى

[1] نەھل سۈرىسى 125 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

تاللىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، نەسىھەت پايدا بەرمەي قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىشنىڭ ياخشى پەيتىنى تاللايتتى ۋە شۇنداق ۋاقىتتا نەسىھەت قىلاتتى.

ئاخىرىدا، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇنداق تەلۋىلەرگە ئۆلىمالارنى تىللاشقا پۇرسەت بەرمەسلىكىنى ۋە يازمىلىرىنى ئوقۇيمىز دەپ ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئىسراپ قىلىپ يۈرمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىمەن. گەرچە مەن بۇ ھەقتە سۆز ئاچقان بولساممۇ، ئەمما مەن بۇنداق تەلۋىلەرنىڭ يازمىلىرىنى ئوقۇپ يۈرمەيمەن. شۇنداقتىمۇ بۇ يازمىنى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ سەرخىللىرى بولغان ئۆلىمالىرىمىزنى قوغداش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش نىيىتى بىلەن يازدىم، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرىغا دوست بولۇش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپىدۇر.

# شۈكۈر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئەرەب تىلىدىكى «الشكر» سۆزىنىڭ مەنىسى — رەھمەت ئېيتىش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە تەشەككۈر ئېيتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئىستىلاھىدا، ياخشىلىق قىلغاننىڭ ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇش؛ نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنى تىل، دىل ۋە ئەمەلدە ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر.

شۈكۈر ئىماننىڭ يېرىمى بولۇپ، يەنە بىر يېرىمى سەۋردۇر. ئىمان بۇ ئىككىسى بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن شۈكۈر ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىبادەت سانىلىدۇ. ئىمام ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شۈكۈر تىل، دىل ۋە ئىش- ھەرىكەت ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ»[1].

نېمەتنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىش ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار:

***بىرىنچى، تىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر***

بۇ خىل شۈكۈر نېمەت ئاتا قىلغۇچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا- ئېھسانلىرىنى تىل ئارقىلىق سۆزلەش ھەم ساناش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ ۝١١﴾ «رەببىڭنىڭ نېئمىتىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە»[2]. يەنى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق بىزگە «ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى باشقىلار كەڭ سۆزلىگىن، مىننەتدارلىقىڭنى سۆزدە ۋە ئەمەلدە كۆرسەتكىن» دەپ تەلىم بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ: «ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتنى كىشىلەرگە سۆزلەش

[1] ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھنىڭ تولۇق ئىسمى زەينۇددىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەھمەد بولۇپ، ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىملىرىدىن بىرى. ئۇ ھىجرىيە 736 - يىلى باغدادتا دۇنياغا كەلگەن، ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزى رەھىمەھۇللاھتا ئوقۇغان، ئۆز زامانىسىدا كامالىغا يەتكەن مۇجتەھىدلاردىن سانىلىدۇ. 20 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك دىنىي ئەسەر يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى «فىقھى قائىدىلىرى» ناملىق ئەسەرىدۇر. ئەللامە ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ ھىجرىيە 795 - يىلى ھازىرقى سۈرىيە پايتەختى دەمەشق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

[2] زۇھا سۈرىسى 11 - ئايەت.

شۈكۈر قىلغانلىق، ئۇنى يوشۇرۇش تۇزكورلۇق قىلغانلىقتۇر» دېگەن.[1]

***ئىككىنچى، دىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر***

بۇ — نېمەت ئاتا قىلغۇچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، يۈرەكتىن ئۇنىڭغا مىننەتدار بولۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

تەبىئىيكى، بىراۋنىڭ ياخشىلىقنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنى يۈرىكىدىن سۆيگەن ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ تەشەككۈر بۇرچى بارلىقىنى ھېس قىلغان ئادەم ئۇنى رازى قىلىش ۋە مەمنۇن قىلىش يولىدا قولىدىن كەلگەننى ئايىمايدۇ، ئۇنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بۇنداق بولغان يەردە، تامامىي نېمەتلەرنىڭ ۋە چەكسىز ئاتا-ئېھساننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا بولغان تەشەككۈر بۇرچىمىزنى قانداق ئادا قىلىشىمىز كېرەك؟ ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى ۋە چەكسىز ئاتا-ئېھسانلىرى بەدىلىگە بىزدىن كۆپ نەرسە سورىمايدۇ. پەقەت دىن ۋە دۇنيالىق ھەر قانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش ۋە ھەر ئىشتا ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ، ئىخلاس بىلەن قىلىشنى سورايدۇ. ئەجەبا بۇنىڭغىمۇ بېخىللىق قىلغان كىشى ناشۈكۈر ھېسابلانمامدۇ؟!

***ئۈچىنچى، ئىش-ھەرىكەت ئارقىلىق ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر***

بۇ — نېمەت ئاتا قىلغۇچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە، ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ھەر قانداق بىر يامان ئىشقا سەرپ قىلماستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

مەسىلەن، تەن ساقلىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى ئويۇن-تاماشا ۋە ھارام كۆڭۈل ئېچىشلارغا ئىشلىتىپ خوراتماستىن، بەلكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۈستىمىزدىكى پەرز-ۋاجىبلارنى ئورۇنداش ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش — بۇ نېمەتنى ئاتا قىلغۇچىغا شۈكۈرانىسىنى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ. ئەكسىچە قىلىش، نېمەت بەرگۈچىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

## نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئۇنى كۆپەيتىدۇ

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ ۝٧﴾ «نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن؛ ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ»[1] دەپ تەلىم بەرگەن.

پۇل- مالنىڭ شۈكۈرانىسى — ئۇنى ئىسراپ قىلماستىن، پايدىسىز ئىشلارغا بۇزۇپ- چاچماستىن ئىشلىتىش، ئۇنىڭ زاكىتىنى تولۇق بېرىش؛ ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ۋە ساۋاب بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

دېمەك، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ئاغزاكى «شۈكرى خۇدايىم» دەپ قويۇش بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ، بەلكى بۇ شۈكۈرنى دىلدا، تىلدا ۋە ئەمەلىنىڭ ھەممىسىدە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِمَّا رَزَقْنَٰكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَ يَوْمٌ لَّا بَيْعٌ فِيهِ وَلَا خُلَّةٌ وَلَا شَفَٰعَةٌ ۗ وَٱلْكَٰفِرُونَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ۝٢٥٤﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سودىلىشىش، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ رۇخستىسىز) شاپائەت بولمايدىغان (قىيامەت) كۈنى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. كاپىرلار ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر»[2] دېيىش ئارقىلىق بىزنى شۈكۈرنىڭ ئىقتىسادتىكى مەنىسىگە باشلىماقتا. بۇ تۈردىكى شۈكۈر يوقسۇللارغا ۋە ھەر قانداق ھاجەت ئىگىسىگە ئاتىغانلىرىنى بېرىش بىلەنلا ئادا تاپىدۇ.

ئىلىم- مەرىپەتنىڭ شۈكۈرانىسى بولسا، بىلگەنلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، ئۇنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئادا تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا بىلگەن بىلىمگە ئەمەل قىلمايدىغانلارنى سۆكۈپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ ۝٢ كَبُرَ مَقْتًا عِندَ ٱللَّهِ أَن تَقُولُواْ مَا لَا تَفْعَلُونَ ۝٣﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دەيسىلەر؟ [2﴿ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر [3﴿»[3].

خۇددى پۇل- مالنىڭ زاكىتى شۇ پۇل- مالدىن مەلۇم مىقدارنى زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەرگە بېرىش بىلەن ئادا تاپقاندەك، ئىلىمنىڭ زاكىتىمۇ

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 11 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] بەقەرە سۈرىسى 254 - ئايەت

[3] سەف سۈرىسى 2 - ۋە 3 - ئايەتلەر

بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە بىلدۈرۈش بىلەن ئادا تاپىدۇ.

## ئاللاھنىڭ ھەربىر نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشىمىز لازىم

ئۇلۇغ ئىسلام مۇتەپەككۇرى، مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالى «تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان:

«ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەر بىر نەپەستە، تومۇرلاردىكى قاننى ئىتتىرگەن ھەربىر ھەرىكەتتە بىزنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىز بۇ كاتتا نېمەتلەرنى ھېس قىلمايمىز ۋە بۇ نېمەتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنى لايىقىدا ئۇلۇغلىيالمايمىز.

بىز بارلىق ئېھتىياجلىرىمىزنى ئاللاھ تائالا بىزگە تەييارلاپ بەرگەن ھالدا قوبۇل قىلىمىز. بىز قىلماقچى بولغان ساناقسىز ئىشلارنى كۆڭلىمىزگە كەلتۈرۈش بىلەنلا ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن، ئولتۇرۇپ- قوپۇش، يۈرۈش- تۇرۇش ۋەھاكازالارغا ئوخشىغان ئىختىيارىي ھەرىكەتلىرىمىز. بەزى نېمەتلەرنى چەكلىك شارائىتلاردا ۋە كۆڭۈللۈك مۇھىتلاردا ھېس قىلالايمىز، ئەمما بۇنى ھېس قىلىدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز. بۇ بىزنىڭ ئاللاھتىن يىراقلاشقانلىقىمىز ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە قارىتا خاتا چۈشەنچىدە بولغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىدىندۇر. ﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ قَرَارٗا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءٗ وَصَوَّرَكُمۡ فَأَحۡسَنَ صُوَرَكُمۡ وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡۖ فَتَبَارَكَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٦٤﴾ <ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن، سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزۈپ، تۇرقۇڭلارنى چىرايلىق قىلغان ۋە سىلەرنى پاك نەرسىلەردىن رىزىقلاندۇرغان زاتتۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى كۆپتۇر>[1].

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بۇنچىۋالا نېئمىتىنى تونۇپ تۇرۇپ، بىز يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق؟!

مەلۇمكى، ياخشىلىق قىلغانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئىنسانىي بۇرچتۇر!

دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ نېمەت ئىگىسىگە شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدۇ. گويا ئۇلار بۇ نېمەتلەرنى ئۆزىنىڭ تارتۇقلىنىشىغان ھەققىنى قايتۇرۇپ ئالغاندەك ياكى بۇ نېمەتلەر پەقەت ئۆزىگىلا خاستەك ھېس قىلىدۇ. بۇنداقلار باشقىلارنى ئۆزىگە ھەرگىزمۇ تەڭ قىلمايدۇ.

---

[1] غافىر سۈرىسى 64 - ئايەت

بۇنداق تۇزكورچە چۈشەنچە ۋە تەپەككۇردىن ھەرگىزمۇ شۈكۈرنىڭ غۇنچىلىرى ئۈنمەيدۇ. بۇنداقلاردىن شۈكۈر ئاداسىنى كۈتكىلى بولمايدۇ.

سىز بەزى كىشىلەرگە ياخشىلىق قولىڭىزنى سۇنغان ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتقان بولسىڭىزمۇ، ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان پوزىتسىيەسى ناچار، مۇئامىلىسى سوغۇق ۋە ھەتتا رەھمەت سۆزىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئېيتىڭچۇ، كىشىلەرنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى سىزنى نەپرەتلەندۈرەمدۇ، نەپرەتلەندۈرمەمدۇ؟! ھالبۇكى ئۇنداقلار ئادەتتە ھەتتا سىزنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يېگانە پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولغان ئەمەسمۇ!؟ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِيَ ٱلشَّكُورُ ١٣﴾ <بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلغۇچىلار بەك ئاز>[1].

دائېل كارنېگ[2] بىزگە كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تۇزكورلۇق مەسىلىسى توغرىلىق مۇنداق بىر قانچە مىسالنى كەلتۈرىدۇ: <سىز بىراۋنىڭ ھاياتىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرغان بولسىڭىز ئۇنىڭدىن شۇ قىلغىنىڭىز بەدىلىگە رەھمەت سۆزى كۈتەمسىز؟ بەلكىم شۇنداق قىلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن سەمۇئېل لايپىتىز دەسلەپتە ئادۋوكات، كېيىنچە سوتچى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا 78 كىشىنى توك ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، قۇتۇلغانلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتمىغان.

ھەزرىتى ئىيسا[3] پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 10 ئادەمنى بىر كۈندىلا ساقايتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىن قانچە كىشىنىڭ ھەزرىتى ئىيساغا رەھمەت ئېيتقانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئارانلا بىر ئادەم. ئەمما باشقىلار شۇنچە ئاددىي بولغان رەھمەت سۆزىنىمۇ ئېيتماستىن قايتىپ كېتىشكەندى.

چارلىز شەۋاب ماڭا مۇنداق بىر قىسسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ بىر قېتىم ئىمبارگوغا ئۈچرىغان بىر بانكىچىنى تۈرمە جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان، لېكىن



[1] سەبەئ سۈرىسى 13 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] دائېل كارنېگ ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى، تونۇلغان پسىخولوگىيە ئالىمى، ئامېرىكىدىكى «دائېل كارنېگ ئىنسانىي ئالاقىلار ئىنستىتۇتى» نىڭ سابىق مۇدىرى. ئۇ 1888 - يىلى 24 - نويابىر ئامېرىكىدا دۇنياغا كېلىپ، 1955 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. دائېل كارنېگ ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ «قايغۇرماڭ، ھاياتنى يېڭىدىن باشلاڭ»، «سۆزلەش تاكتىكىسى»، «قانداق قىلغاندا دوستلارغا ئېرىشكىلى ۋە كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ؟» ناملىق ئەسەرلىرى دۇنيا بويىچە شۆھرەتكە ئېرىشكەن ئەسەرلەردىن بولۇپ، ھازىرغىچە كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

[3] ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى.

بانكىچى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىمۇ!؟ بىر كۈنى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى- يۇ، بۇ سۆزنى ئېغىزىدىن ناھايىتى قىيىن چىقاردى، ئەمما ئاندىن ئۇنى ئارقىسىدىن تىللاشقا باشلىدى›.

دائېل كارنېگ گويا ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لِرَبِّهِۦ لَكَنُودٞ ٦﴾ ‹ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە بەكمۇ تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر›[1] دېگەن سۆزىنى شەرھلىگەندەك مۇنداق دېگەن: ‹تۇزكورلۇق شۇنداق بىر تەبىئىي نەرسە بولۇپ، ئۇ زېمىنگە ئۈنگەن ئوت- چۆپلەرگە ئوخشاش بىراۋ ئۇنى تېرىمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئەمما شۈكۈر پەقەت ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلىش بىلەنلا ئۈنۈپ چىقىدىغان خۇشپۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ. ئىنسان تەبىئىيتى يەنىلا شۇ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىنسان تەبىئىيتى بولۇپ، ئۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى شۇ بويىچە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرمىز.

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ يوقالغانلىقى ۋە تۇزكورلۇقنىڭ ئومۇملاشقانلىقىغا ھەسرەتلىنىمىز؟ ئەجەبا، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال ئەمەسمۇ؟! ئەگەر بىز قىلغان ھەر بىر ياخشىلىقىمىز ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىنى كۈتىدىغان بولساق، ئۆزىمىزگە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇۋالىمىز›.

يۇقىرىقى بۇ سۆز ئازراق ئىزاھلىنىشقا موھتاج. ياخشىلىققا تۇزكورلۇق، ۋاپاغا جاپا قىلىش يامان خۇلقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر بۇنداق يامان خۇلقتىن قۇتۇلۇشى لازىم. ئۇلارغا ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى، ئېرىشكەن ئېھسانلارنى قەدىرلەشنى ئۆگىتىش كېرەك».[2]

## ئىسلام دىنى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ۋە ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى قايسىبىر يول بىلەن بولمىسۇن ئادا قىلىشقا؛ ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن ئېرىشكەن ياخشىلىق بەدىلىگە ئۇلارغا بېرىشكە ماددىي بۇيۇم تاپالمىساق تىلىمىز بىلەن بولسىمۇ رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ تولۇق مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالانىڭ بېرىشىگە تاپشۇرۇش ۋە ئۇ ھەققىدە ياخشى دۇئا قىلىش بىلەن ئۇنى كۆڭلىنى راھەتلەندۈرۈشىمىزگە چاقىرىدۇ.

---

[1] ئادىيات سۈرىسى 6 - ئايەت

[2] مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىنىڭ «تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدىن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە مۇكاپاتىنى بېرىڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشتىن ئاجىز كەلسەڭلار، نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىقىڭلارنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئۇ ھەققىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن شۈكۈرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ياقتۇرغۇچىدۇر».[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ تەرىپىدىن ئاتا- ئېھسانغا ئېرىشكەن كىشى ئۇنىڭ بەدىلىگە لايىق نەرسە تاپالىسا مۇكاپاتىنى ئادا قىلسۇن. ئەگەر تاپالمىسا، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرسۇن. ھەقىقەتەن نېمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ئادەم شۈكۈر قىلغان ۋە ئۇنى يوشۇرغان ئادەم نېمەتكە كۇفرىلىق قىلغان بولىدۇ».[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەردىن كەلگەن ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم — ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدۇر».[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئازغا شۈكۈر قىلمايدىغان ئادەم كۆپكىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ، كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىشنى بىلمىگەن ئادەم ئاللاھقىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ».[4]



## خەير- ئېھساندىمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتتۇر

مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالى مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى مىننەتدارلىق بۇرچىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش ۋە نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنىڭ رەزىللىكىنى سۆكۈش بىلەن بىرگە، خەير- ئېھسان ئىگىلىرىدىن ئەمەللىرىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى نىيەتتە شەكلىۋازلىق قىلىش ئەمەلنىڭ ساۋابىنى يوققا چىقىرىدۇ. مەدھىيەلىنىشكە سازاۋەر بولىدىغان ياخشىلىق — بىراۋنىڭ رەھمەت ئېيتىشى ياكى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت خالىس ئاللاھ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ قىلىنغان ياخشىلىقتۇر.

ئىسلام دىنى ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇشتا قەلبلەرنى دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە چوقۇنۇشنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى مۇتلەق

---

[1] تەبەرانى رىۋايىتى.

[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

كامالەت ئىگىسى بولغان ئاللاھقىلا يۈزلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. مۇنداق قەلب ھەر قانداق بىر ياخشىلىقنى كىشىلەرنىڭ ماختىشى ياكى سۆكۈشى، بۇنى قىلغۇچى ئابرۇيغا ئىگە بولۇشى ياكى ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ۋۇجۇدىدىن كەلگەن تەبىئىي ئىنتىلىش، ھەقىقىي سەمىمىيەت ۋە ساپ نىيەت بىلەن قىلىدۇ. مانا بۇنداق ئالىيجاناپلىق ھەقىقىي ئېھساننىڭ تۈرتكىسىدۇر. مانا بۇ ھەر قانداق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۆلگىسىدۇر»[1].

## ئاللاھ تائالا خالىس ئۆزى ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ

ئىسلام دىنىنىڭ قەلبلەرنى پاك تۇتۇش ۋە ئىخلاسلىق بولۇشقا چاقىرىشى، شۇنداقلا ھەر ئىشتا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەش، ئەمەللەرنى رىيا، نىفاق ۋە ھەر قانداق بىر دۇنياۋى غەرەزلەردىن خالىي ھالدا ساپ قىلىشنى شەرت قىلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇددۇسىيدا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: <مەن ئەڭ ياخشى ھەمراھمەن. كىمكى ماڭا بىراۋنى شېرىك قىلىۋالىدىكەن، ئۇ شۇ شېرىكىگە مەنسۇپ بولىدۇ>. ئى ئىنسانلار! ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىڭلار. ھەقىقەتەن ئاللاھ پەقەت ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. سىلەر ھەرگىز <بۇ ئاللاھ ۋە سىلە- رەھىم ئۈچۈندۇر> دېمەڭلار. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن بولماي بەلكى سىلە- رەھىم ئۈچۈن بولۇپ قالىدۇ. سىلەر ھەرگىز <بۇ ئاللاھ ۋە سىلەرنىڭ يۈز- خاتىرەڭلار ئۈچۈندۇر> دېمەڭلار. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن بولماي بەلكى پەقەت شۇ يۈز- خاتىرىسى قىلىنغان ئىنسانلار ئۈچۈن بولۇپ قالىدۇ».[2]

دېمەك، ئەگەر سىز «بۇ ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن ۋە پالانىنىڭ يۈز- خاتىرىسى يۈزىسىدىن قىلىمەن» دېگىنىڭىزدە، سىز ئومۇمەن مەزكۇر پالانىنىڭ يۈز- خاتىرىسىنى كۆزلىگەن بولىسىز- دە، بۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن نېسىۋە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن نېسىۋە بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۇنداق ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ پەقەت ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىنغان ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

دېمەك، بىز پۈتۈن ئىش- پائالىيەتلىرىمىزدە نىيىتىمىزنى ۋە ئەمەللىرىمىزنى كىشىلەرنىڭ ماختىشى، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى ۋە رەھمەت ئېيتىشىنى كۈتمەستىن؛ ئۆزىمىزنى كۆرسىتىش، ئابرۇي قازىنىش ۋە ھەرقانداق دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنى كۆزلىمەستىن پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس قىلىشىمىز كېرەك.



[1] مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىنىڭ «تۈرمۇشىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدىن

[2] بەيھەقى رىۋايىتى.

# شەرقىي تۈركىستان مۇجادىلىسىدىكى ئىنكارچىلىق ئېڭىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش

بىز ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىمىزنى قوغداش بىلەن بىرگە، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەسلى نامى بولغان «شەرقىي تۈركىستان» ئىسمىنى ھەم ساقلاپ قېلىشقا زور ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. چۈنكى ھازىر بىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىمىز بىلەن مىللىي كىملىكىمىز قانداق تەھدىتكە ئۇچرىغان بولسا، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ نامىمۇ ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىماقتا ۋە رەسمىي ئىنكار قىلىنماقتا. خىتاي ھاكىمىيىتى ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغاندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى يوق قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كەلدى ۋە ھېلىھەم پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماقتا. «تۈركىستان» ئاتالغۇسى رۇس مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى ئەڭ كۆپ بىئارام قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى قورقۇتىدىغان ئاتالغۇدۇر. ئىسلام دۇنياسى 10 ئەسىر بۇرۇنلا بىزنى تونۇغان ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسى بىزنىڭ مەسىلىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن بۇرۇنلا ئىسلام دۇنياسى بىزگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئىدى.

ئەمما ئەپسۇسكى، ھازىر خىتاي دۆلىتىنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقاتى ۋە خېلى كۆپ دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ دېگەن يېرىگە ئەگىشىشكە ئەگەشتۈرۈشى نەتىجىسىدە، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشنى خالىمايدۇ. بەزى دۆلەتلەرگە، ھەتتا بەزى تەشكىلاتلارغا نىسبەتەن «شەرقىي تۈركىستان» دېيىشمۇ بىر خىل قىيىنچىلىق ۋە ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلىدىغاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالماقتا. ھەتتا تارىختىن بېرى بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىزنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاپ كەلگەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىمۇ ھازىرقى ھۆكۈمەت «شىنجاڭ» دېگەن گەپنى ئىمالال دەيدىغان، «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىدىن راھەتسىزلىك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، چەتئەللەردىكى خېلى كۆپ ئۇيغۇرلار ۋە بەزى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمۇ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسمىنى قوللىنىشتىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا بەزى ئۇيغۇرلار مەيلى تۈركىيە ياكى سەئۇدى ئەرەبىستاندا بولسۇن ۋە ياكى ياۋروپادا بولسۇن، ئۆزىنى ئۇرۇمچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالماقتا.

خەلقئارادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇنى قامۇسىدىن ئېلىپ تاشلىشى، بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئاتالغۇنى ئېغىزىغا ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشى، بەزى تەشكىلاتلارنىڭ بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىشى قاتارلىق بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار خىتاي دۆلىتىنىڭ سىياسىتىگە خىزمەت قىلماقتا.

## شەرقىي تۈركىستاننى ھەممىدىن بۇرۇن تونۇغانلار مۇسۇلمانلاردۇر

مۇسۇلمانلار شەرقىي تۈركىستاننى ھەممىدىن بۇرۇن بىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن خەلقلەردۇر. مىلادىيە 13- ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب سەيياھ ئىبنى بەتتۇتە قالدۇرغان خاتىرىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىنى «تۈركىستان» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىغان. بۇندىن باشقا كۆپلىگەن ئەرەب ۋە ئىسلام تارىخچىلىرىمۇ تۈركىستان ھەققىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. دېمەك، ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسى ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننى غەرب دۇنياسىدىن خېلى بەك بۇرۇن بىلگەن.

## شەرقىي تۈركىستاننى ئىسلام دۇنياسىغا دەسلەپ تونۇتقان ئۇيغۇرلار

1930- ۋە 1940- يىللاردا قاھىرەدە ئوقۇۋاتقان ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان، نۇرمۇھەممەد خان ۋە مۇھەممەد سەئىد ئىسمائىل قاتارلىق زاتلار «تۈركىستان — ئاسىيا قەلبىدۇر»، «رۇسىيە ۋە خىتايدىكى مۇسۇلمانلار» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئەرەبچە يېزىپ، مىسىر ۋە ئەرەب دۇنياسىغا تارقاتقان. 1950- يىللىرىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇش يولىدا بارلىقىنى ئاتىغان ۋە چىن دىلىدىن بېرىلىپ خىزمەت قىلغان ئۇيغۇر ئالىملىرىمۇ ئاز بولمىغان. مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا تۈركىيەدە تۇرۇپ خەلقئارادىكى ئىسلام قۇرۇلتايلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى يۈرگۈزگەن بولسا، مۇجاھىد ئالىم مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي ۋە ئىبراھىم ۋاسىل قاتارلىق كىشىلەر مىسىردا «تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، ئانا ۋەتىنىمىزدە بولۇۋاتقان جەبىر- زۇلۇملارنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىغا تونۇشتۇرغان ئىدى.

## ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسى شەرقىي تۈركىستاندىن ۋاز كەچكىنى يوق

نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇنى راھەت سۆزلىيەلمىگەنلىكىگە، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىگە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالغان ئادەم دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننى ئۇنتۇپ

كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ، ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزىدىن باشقىسىنى ئويلاشقا پۇرسەت بەرمەيدىغان ھالدا كېتىپ بارماقتا. ئادەم ئىسلام دۇنياسىنىڭ قايسىبىر يېرىگە قارىسا، ئۇرۇش، جېدەل ۋە پالاكەت قاتارلىقلارنى كۆرىدۇ. بارلىق خاپىلىق ۋە جېدەل- ماجىرالار ئىسلام دۇنياسىدا بولماقتا. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن كۆپرەك مەشغۇل بولۇپ قالغانلىقتىن، باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى توغرۇلۇق يېتەرلىك باش قاتۇرالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما خەلقئارادىكى ئومۇمي مۇسۇلمانلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قېرىندىشى دەپ تونۇيدۇ. قولىدىن كەلسە ئۇلارنىڭ دەردىگە ھەمدەم بولغۇسى ۋە ئۇلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بەرگۈسى بار.

## شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز دەۋاسىنى ياڭرىتىشتا يېتەرسىزلىك قىلماقتا

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىدە كۈچلۈك بولالماسلىقىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەبلەردىن بىرى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋانى ياڭرىتىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمىز، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مائاشلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن ۋەتەن دەۋاسىنى قولىمىزنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ قويغانلىقىمىزدۇر. چۈنكى ۋەتەن دەۋاسىنىڭ ئىگىسى بىز تۇرۇپ، ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىدا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ئاساسەن باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن يېزىلماقتا. ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش ئىشلىرىمۇ ئاساسەن باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن قىلىنماقتا. بۇ ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىگىسى بىز، ئۇنىڭ نامىنى بىز قوغدىشىمىز لازىم

شەرقىي تۈركىستان ئىسمىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى باشقا مىللەتلەردىن بەكرەك ئالدى بىلەن بىزنىڭ يەلكىمىزگە چۈشىدۇ، چۈنكى بىز شۇ ۋەتەننىڭ ئىگىلىرىمىز. باشقىلار ئۆز مەنپەئەتىگە زىيان يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ياكى خىتايدىن قورققانلىقتىن، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى بىلىپ تۇرۇپ «شىنجاڭ» دېسە، بۇ ئانچە خاپا بولۇپ كېتىدىغان مەسىلە ئەمەس، چۈنكى ھازىرقى زاماندا ھەركىم ئۆز شەخسىيىتىنى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمما تېخىمۇ چوڭ مۇسىبەت شۇكى، ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئەلۋەك سۇلىرى، باغرى كەڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، شۇ يەرنىڭ ئاش- تۇزى بىلەن نېمەتلەنگەن بىز ئۇيغۇرلارمۇ «تىجارىتىمگە زىيان يېتىدۇ» ياكى «ۋەتەنگە بارالماي قالىمەن» ۋە ياكى «كىشىلەر بىزدىن قاچىدىغان بولۇپ قالىدىكەن»

دېگەن ھەر خىل باھانىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى قايىل قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» نامىنى تىلغا ئېلىشتىن ۋاز كەچسەك، تارىخ بىزنى نەپرەت بەتلىرىگە يازىدۇ، ۋەتەندىكى خەلقىمىز بىزگە قارغىش ياغدۇرىدۇ، كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىز بىزگە نومۇس كۆزى بىلەن قارايدۇ. ئەلۋەتتە باشقا مىللەتلەرمۇ بىزنى كۆزىگە ئىلىپ قويمايدۇ، چۈنكى سەن ئۆز مەنپەئەتىڭنى دەپ شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىيالمىساڭ، باشقىلار ئاتامدۇ؟! سەن ئۆزۈڭ دېيىشتىن قورقۇپ تۇرۇپ «باشقىلار ۋەتىنىمنىڭ توغرا نامىنى ئاتىمىدى» دەپ خاپا بولساڭ توغرا بولامدۇ؟! شۇڭا ۋەتىنىمىزگە ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىز ئىگە چىقىشىمىز ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىق يولىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە ئۆزىمىز پىداكارلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. ھەر جايدا ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئەركىن ياڭرىتىش، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ دىلىغا: «دىنىمىز ئىسلام، مىللىتىمىز ئۇيغۇر، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان» دېگەن شوئارنى چىڭ ئورنىتىشىمىز لازىم. بۇ بىزدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتۇر.

خىتاي كوممۇنىستلىرى «شەرقىي تۈركىستان» نامىدىن قاتتىق بىئارام بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز ئىسمىنى تارىختىن ئۆچۈرۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىپلاس غەرىزىدە كۆپلىگەن رەزىل ۋاستىلەرنى قوللانماقتا، ۋەتەندە بۇ ئاتالغۇنى تىلغا ئالغانلارنى جىنايەتچى قاتارىدا تۇتۇپ- سولاپ ۋەھشىي قىيىن- قىستاقلارغا ئېلىۋاتقان بولسا، چەتئەللەردە ھەرقايسى دۆلەت ۋە خەلقلەرنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىپ ئۆز خاھىشىنى ئۇلارغا تاڭماقتا. بۇنداق بىر جىددىي ئەھۋالدا، بىزمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئېھتىيات قىلىپ ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى مۇشۇ ئەركىن دۇنيادا ھەم ئەركىن ئېيتالمىساق، ئازراق زىيان- زەخمەتنى كۆز ئالدىمىزغا ئالمىساق، بىز قايسى يۈزىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى بۇ ۋەتەننىڭ ئىگىسى دېيەلەيمىز؟! ۋەتەندىكىلەرغۇ ئېيتىشتىن مەھرۇم، ئەمما بىز نېمىشقا ئېيتالمايمىز؟! بىز نېمىشقا ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆز نامىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيمىز؟!

# پىتىر سەدىقىسى ھەققىدە 40 سوئالغا جاۋاب

**1 - سوئال: پىتىر سەدىقىسىنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسىنىڭ ھۆكۈمى پەرز بولۇپ، روزا ھېيت كۈنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن ياكى ئۇنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ يېمەك- ئىچمەكلىرىدىن ئارتۇق نەرسىسى بولغان كىشىنىڭ بېرىشى پەرزدۇر.

**2 - سوئال: پىتىر سەدىقىسى بېرىش كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى بېرىش مەيلى ھۆر، مەيلى قۇل، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسىنى خورمىدىن ياكى ئارپىدىن بىر سا (3250 گىرام) قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە ئۇنى مەيلى ھۆر، مەيلى قۇل، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك ھەربىر مۇسۇلمانغا ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى بېرىشنى بۇيرۇغان».[1]

**3 - سوئال: پىتىر سەدىقىسى پېقىر- باي ھەممىسىگە پەرز بولامدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ يېمەك- ئىچمەك ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بىر نەرسىسى بار باي- پېقىر ھەركىمگە، روزا ھېيت كۈنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن ياكى ئۇنىڭ ئالدىنقى كۈنى بېرىش پەرزدۇر. چۈنكى بۇ يەردىكى سەدىقە ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بەلكى ئادەمگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا ئۇنى ئادا قىلىشتا باي بولۇش شەرت ئەمەس، كەمبەغەللىكمۇ ئوخشاش پەرزدۇر.

**4 - سوئال: پىتىر سەدىقىسى ئەقلى جايىدا ئەمەسلەرگىمۇ پەرزمۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى ئەقلى جايىدا بولمىغان ۋە ئۆزىنىڭ پۇل- مېلىنى ئۆزى تەسەررۇپ قىلالمايدىغانلارغىمۇ پەرز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سەدىقىسىنى ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغانلار ئۇنىڭ پۇل- مېلىدىن ئادا قىلىدۇ.

**5 - سوئال: قورساقتىكى بالىغا پىتىر سەدىقىسى پەرزمۇ؟**

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

جاۋاب: قورساقتىكى بالا تۇغۇلمىغۇچە ئۇنىڭغا پىتىر سەدىقىسى پەرز ئەمەس. ئەمما بوۋاق ھېيت كۈنى كېچىسى تىرىك تۇغۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسى پەرز بولىدۇ.

**6 - سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنمۇ نىيەت شەرتمۇ؟**

جاۋاب: ئەلۋەتتە نىيەت شەرت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر»[1] دېگەن ھەدىسى بۇنىڭغا دەلىلدۇر. ئەمما نىيەتنى ئېغىزدا سۆزلەش شەرت ئەمەس، پەقەت پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشنى قەلبىدە نىيەت قىلسا كۇپايە بولىدۇ، چۈنكى نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پىتىر سەدىقىسىنى بەرمەكچى بولغان كىشى قەلبىدە نىيەت قىلىپ، ئېغىزىدا ئېيتمىسىمۇ كۇپايىدۇر. بۇنىڭغا كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئىتتىپاقتۇر. ئەمما ئېغىزىدا پىتىر سەدىقىسى بېرىشنى ئېيتىپ تۇرۇپ، قەلبىدە ئۇنى نىيەت قىلمىسا، ئۇ ئادا بولمايدۇ».

**7 - سوئال: پىتىر سەدىقىسى بېرىش قەرزدار ئادەمگىمۇ پەرز بولامدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى بېرىش قەرزدار ئادەمگىمۇ پەرزدۇر. ئۇنىڭ قەرزى بۇنى بېرىشتىن چەكلەپ قويالمايدۇ، چۈنكى پىتىر سەدىقىسى كىشىنىڭ ئىقتىسادىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جېنىغا كەلگەن سەدىقىدۇر.

**8 - سوئال: پىتىر سەدىقىسى بېرىش قاچاندىن باشلاپ پەرز بولىدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى كۈن پېتىشى بىلەن پەرز بولىدۇ. يەنە بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بويىچە، پىتىر سەدىقىسى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ تاكى ھېيت نامىزى ئوقۇلغۇچە بولغان ئارىلىقتا پەرز بولىدۇ. بۇ كۆز- قاراشقا ئاساسلانغاندا، ھارپا كېچىسى تۇغۇلغان بالىغا پىتىر سەدىقىسى كەلمەيدۇ، ئەمما ئالدىنقى كۆز- قاراشقا ئاساسلانغاندا، ھارپا كېچىسى تۇغۇلغان بالىغا پىتىر سەدىقىسى كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، ھارپا كېچىسى ۋاپات بولغان كىشىگىمۇ ئالدىنقى كۆز- قاراشقا ئاساسلانغاندا پىتىر سەدىقىسى كېلىدۇ، چۈنكى پىتىر سەدىقىسى پەرز بولغاندا ئۇ تېخى ھايات ئىدى؛ كېيىنكى كۆز- قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭغا پىتىر سەدىقىسى كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى پىتىر سەدىقىسى پەرز بولۇشتىن بۇرۇن ۋاپات بولغان بولىدۇ.

**9 - سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى قاچان بېرىش كېرەك؟**

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

جاۋاب: بەزى ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە، فىتىر سەدىقىسىنى رامىزان ئېيى ئىچىدە بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا فىتىر سەدىقىسىنى ھېيتتىن بىر ياكى ئىككى كۈن ئىلگىرى بېرەتتى. يۇقىرىقىلارنىڭ شارائىتىغا قاراپ، ئەگەر ئۇلارغا پايدىلىق بولسا رامىزاننىڭ بېشىدىلا بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ، ئەمما فىتىر سەدىقىسىنى بېرىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتى ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن ئىلگىرى بولۇپ، ھېيت نامىزىدىن كېيىن قالغان فىتىر سەدىقىسى ئادەتتىكى سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، بۇ كىشىنىڭ فىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ.

**10 - سوئال: فىتىر سەدىقىسى كىملەرگە بېرىلىدۇ؟**

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسى پېقىر - مىسكىنلەرگە بېرىلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فىتىر سەدىقىسىنى روزا تۇتقانلارنىڭ گۇناھلىرىغا كەپپارەت، پېقىرلارغا تائام بولۇش ئۈچۈن بۇيرۇغان. ئۇنى روزى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بەرسە فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، نامازدىن كېيىن قالسا ئادەتتىكى سەدىقىگە ھېسابلىنىدۇ».[1]

**11 - سوئال: فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولىدۇ؟**

جاۋاب: ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىز خورمىدىن، ياكى ئارپىدىن، ياكى قۇرۇق ئۈزۈمدىن ۋە ياكى ئىرىمچىكتىن (قۇرتتىن) بىر سادىن بېرەتتۇق».[2] ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە فىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن تائامدىن بىر سادىن بېرىشنى بۇيرۇغان» دەپ كەلگەن. ئىككىنچى ھەدىس ئىنسان يەيدىغان بارلىق تائاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما ھازىرقى ۋاقىتتا فىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن پېقىر - مىسكىنلەرگە پۇل بەرسە ئەڭ ياخشى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۆتمۈشلەردە ئاچلىق ئېغىر ئىدى، كىشىلەرنىڭ قورسىقى تويسا بولاتتى. ئەمما ھازىر كىشىلەر تائامدىن بەكرەك داۋالىنىش، ئائىلىنىڭ چىقىملىرىنى قامداش ئىشلىرىدا پۇلغا موھتاج بولىدۇ. شۇڭا پۇل بەرسە پېقىرلار ئۈچۈن ئەڭ مەنپەئەتلىكتۇر.

**12 - سوئال: كۆپ كىشىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى بىرلا ئادەمگە بەرسە بولامدۇ؟**

جاۋاب: بولىدۇ. كۆپ كىشىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى بىرلا ئادەمگە بېرىش دۇرۇس بولغىنىدەك، بىر ئادەمنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى كۆپ كىشىگە بۆلۈپ بېرىشمۇ



[1] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

دۇرۇستۇر. بۇ ئىشلاردا يوقسۇللارنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، قايسى ھالەت ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولسا شۇنى قىلىش ئەۋزەل.

**13 - سوئال: ئىسلامىي ھۆكۈمەت كادىردىن فىتىر سەدىقىسى ئالسا، كادىر كىشىنىڭ فىتىر سەدىقىسى ئادا تاپامدۇ؟**

جاۋاب: ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلاردىن ئالغان فىتىر سەدىقىسى دۇرۇستۇر، بەرگۈچىلەرنىڭ فىتىر سەدىقىسى ئادا تاپىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىدىن قانچە كىشىدىن ئالغان بولسا، شۇلارنىڭ فىتىر سەدىقىسى ئادا تاپىدۇ، قالغانلىرىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئائىلە باشلىقى يوقسۇللارغا بېرىپ ئادا قىلسا بولىدۇ.

**14 - سوئال: باللار ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن فىتىر سەدىقىسىنى بېرىپ قويسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئەلۋەتتە بولىدۇ. باللار ئاتا- ئانىسى ئۈچۈن، ئاتا- ئانىلار باللىرى ئۈچۈن فىتىر سەدىقىسىنى بېرىپ قويسا ئادا تاپىدۇ. ئاتا- ئانىسى كەمبەغەل بولسا، باللار ئاتا- ئانىسى ئۈچۈن سەدىقە فىترنى ئادا قىلىپ قويۇشى پەرزدۇر.

**15 - سوئال: ئايالنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى كىم بېرىدۇ؟**

جاۋاب: ئايالنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئېرى بېرىدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ زاكات كەلگۈدەك مىقداردا شەخسىي ئىقتىسادى بولسا، فىتىر سەدىقىسىنى ئۆزى ئادا قىلىدۇ.

**16 - سوئال: فىتىر سەدىقىسىنى ئۆز قولى بىلەن بەرگەن ياخشىمۇ ياكى يىغىدىغانلارغا تاپشۇرسا ئادا تاپامدۇ؟**

جاۋاب: يوقسۇللارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغاننى قىلىش ئەۋزەلدۇر. ئەگەر ئۆزى تۇغقانلىرى ياكى قوشنىلىرى ۋە ياكى تونۇشلىرى ئىچىدە سەدىقىگە ھەقلىق بولغان پېقىر- مىسكىنلەرنى بىلسە، شۇلارغا ئۆز قولى بىلەن بەرگىنى ئەڭ ياخشىدۇر. ئەگەر مۇئەييەن پېقىر- مىسكىنلەرنى بىلمىسە، فىتىر سەدىقىسىنى توپلايدىغانلارغا تاپشۇرسا بولىدۇ، چۈنكى فىتىر سەدىقىسىنى قانداق ئۇسۇلدا تارقىتىش توغرۇلۇق قۇرئان ۋە ھەدىستە دەلىل كەلمىگەن، بەلكى كىشىلەرنىڭ شارائىتقا قاراپ ئىش قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان. شۇڭا قانداق ئۇسۇلدا بەرسە بولىدۇ. مۇھىم بولغىنى يوقسۇللارغا يەتكۈزۈشتۇر.

**17 - سوئال: فىتىر سەدىقىسىنى باشقا شەھەرگە يۆتكەشكە بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئەسلىدە فىتىر سەدىقىسىنى شۇ شەھەردىكى پېقىر- مىسكىنلەرگە بېرىش

كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسى ھەققىدە: «ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدۇ» دېگەن. ئەگەر ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى يوقسۇللارنىڭ ئېھتىياجىدىن باشقا شەھەردىكى يوقسۇللارنىڭ ئېھتىياجى زور بولسا ياكى ئۆزىنىڭ يوقسۇل ئۇرۇق-تۇغقانلىرى باشقا شەھەردە بولسا، پىتىر سەدىقىسى ۋە زاكاتنى شۇ يەرگە بېرىشكە بولىدۇ.

**18 - سوئال: بەزى كىشىلەر پىتىر سەدىقىسىنى باشقا شەھەردىكى ئۆزى تونۇيدىغان پېقىرلارغا بېرىش ئۈچۈن ساقلاپ ئۇنى ھېيت نامىزىدىن كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق قىلسا پىتىر سەدىقىسى ئادا تاپامدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى ياكى زاكاتنى بېرىش دېگەنلىك ئۇنى ھەقلىق بولغان كىشىگە ياكى ئۇنى توپلايدىغان ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. پىتىر سەدىقىسىنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى يوقسۇللارنىڭ ئۆزىگە ياكى ئۇنى توپلاپ تارقىتىپ بېرىدىغان مەخسۇس ئورگانغا ۋە ياكى توپلاپ تارقىتىدىغان شەخسلەرگە تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ كىشىدىن سەدىقە ئادا تاپقان بولىدۇ. ئەگەر روزا ھېيت نامىزىدىن كېچىكىپ قالسا، پىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ.

**19 - سوئال: بەزى كىشىلەر پىتىر سەدىقىسىنى يىراقتىكى پېقىرلارغا بېرىش ئۈچۈن ئايرىغان بولسىمۇ، ئۇنى ۋاقتىدا يەتكۈزەلمىگەنلىكتىن باشقا بىر ئۆيگە ئاچىقىپ قويۇپ ھېيتتىن كېيىن ئەۋەتىدۇ. بۇ دۇرۇسمۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسىنى ئۆيىدىن چىقىرىپ باشقا بىر ئۆيدە ساقلاپ يېتىش ئۇنى ئادا قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇنى روزا ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى يوقسۇللارغا بېرىۋەتمىسە، پىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ، چۈنكى ئۇنى ئۆيدىن چىقارغانلىق ئادا قىلغانلىققا ياتمايدۇ.

**20 - سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى ياكى زاكاتنى يوللاردا، بازارلاردا، مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا، ماشىنا توختىغان ئىشارەتلەردە تىلەيدىغانلارغا بېرىشكە بولامدۇ؟**

جاۋاب: بۇنداق جايلاردا تىلەيدىغانلار تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغان بايلاردۇر. ئۇلارنى يوقسۇل دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن زاكات ياكى پىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ.

**21 - سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى سورىغانلارغا بەرسە بولامدۇ؟**

جاۋاب: سورىغانلار ئەگەر تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغانلار ئەمەس، بەلكى ئېھتىياجى يۈزىسىدىن سورىغان ئۆزىگە تونۇشلۇق پېقىرلار بولسا، پىتىر سەدىقىسىنى ئۇلارغا بەرسە بولىدۇ. ھەتتا ئەھۋالىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان

كىشىلەر بولسىمۇ، ئەگەر يوقسۇل دەپ پەرەز قىلىنسا، تىلەمچى بولمىسا، ئۇلارغا بەرسە ئادا تاپىدۇ.

**22 - سوئال: فىتىر سەدىقىسىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئۆتمۈشلەردە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى يوقسۇللۇقتا بىر- بىرىگە ئوخشاپ قالىدىغان ئەھۋالدا بولغانلىقتىن، بىراۋ ئۆزىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى باشقا بىرسىگە بېرىپ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى قوبۇل قىلسىمۇ ئۇلار ئۆزرىلىك سانىلاتتى، چۈنكى ھەممە دېگۈدەك پېقىرچىلىقتا ئىدى. ئەمما ھازىر ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، كىشىلەر بېيىدى، شۇڭا مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى فىتىر سەدىقىسى پېقىرلارنىڭ ھەققىدۇر.

**23 - سوئال: بىراۋنىڭ ئىككى دۆلەتتە ئىككى ئائىلىسى بولسا، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ھازىر تۇرۇۋاتقان دۆلەتتە فىتىر سەدىقىسى بېرەمدۇ ياكى ھەر ئىككى ئائىلە ئۆز ئالدىغا بېرەمدۇ؟**

جاۋاب: ھەربىر ئائىلە فىتىر سەدىقىسىنى ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى پېقىرلارغا بەرسە ئەۋزەل. ئەمما ئەگەر ھازىر تۇرۇۋاتقان دۆلەتتە بەكرەك موھتاج پېقىر- مىسكىنلەر بولسا، ئىككى ئائىلىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى بىر ئائىلىدىن بەرسىمۇ بولىدۇ. مۇھىم بولغىنى يوقسۇللارنىڭ مەنپەئىتىدۇر، چۈنكى فىتىر سەدىقىسى پېقىرلارنىڭ ھەققىدۇر.

**24 - سوئال: بىراۋ باشقا بىر شەھەردە ياشايدىغان بولۇپ، فىتىر سەدىقىسىنى ئۆز يۇرتىدىكى پېقىرلارغا بەرمەكچى بولسا، قايسى شەھەردىكى مىقدارنى ھېسابلايدۇ؟**

جاۋاب: بۇ مەسىلىدىمۇ پېقىرلارنىڭ مەنپەئەتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۆزى تۇرغان دۆلەتتىكى فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى بويىچە بېرىدۇ. ئەگەر ئۆزى تۇرغان دۆلەتتىكى فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى ئەۋەتمەكچى بولغان دۆلەتتىكى فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقداردىن ئاز بولسا، پېقىرلارغا مەنپەئەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى بولغان دۆلەتتىكى مىقدارنى ھېسابقا ئالىدۇ.

**25 - سوئال: ئىككى دۆلەتتە تۇرىدىغان كىشى فىتىر سەدىقىسىنى قايسى دۆلەتتە بېرىدۇ؟**

جاۋاب: ئۇ كىشى رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنىدە قايسى دۆلەتتە بولغان بولسا، فىتىر سەدىقىسىنىمۇ شۇ دۆلەتتە بېرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا فىتىر سەدىقىسى پەرز بولغان دۆلەت شۇ دۆلەتتۇر. ئەگەر فىتىر سەدىقىسىنى رامىزاننىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىلىرىدا بېرىۋەتكەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشى قايسى دۆلەتتە تۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ يەنىلا ئادا تاپقان بولىدۇ.

**26 - سوئال: بىراۋنىڭ ئۈچ بالىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغان ۋە بالىلىرى بار، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدا بىرگە ياشىغان ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى بىر خىل بولسا، ئاتىسى ھەممە بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئۈچۈن فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئەسلىدە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان بالىلار ئۆزلىرىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئۆزلىرى ئادا قىلىشى لازىم. ئەمما ئۇلار ھەممىسى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ، تۇرمۇشى ئورتاق بولغانلىقتىن، ئاتىسى ھەممىسى ئۈچۈن بېرىۋەتسىمۇ ئادا تاپىدۇ. شۇنداقلا بالىلار ئايرىم ئۆيدە مۇستەقىل ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن پېقىر بولسا، ئۇلارنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئاتىسى بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن بالىلىرى بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ قويۇش لازىم. نىيەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن بۇنداق قىلىش زۆرۈردۇر، چۈنكى فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىش بىر ئىبادەتتۇر، ئىبادەت نىيەتسىز قوبۇل بولمايدۇ.

**27 - سوئال: بىراۋ ئۆزىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى بىر ئادەمگە بەرگەن بولسا، سەدىقىنى ئالغان بۇ ئادەمدە ئۆزىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن قولىدىكى شۇ سەدىقىدىن باشقا پۇل بولمىسا، سەدىقىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن شۇ پۇلنى باشقىلارغا بەرسە بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئەگەر ئۇ ئۆزى پېقىر بولسا شۇنداق قىلسا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ پېقىر بولغانلىقى سەۋەبلىك فىتىر سەدىقىسىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولدى. ئاندىن ئۇ ئۆز مال- مۈلكىدىن فىتىر سەدىقىسى بېرەي دېسە پۇلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىگە بېرىلگەن فىتىر سەدىقىسىنى باشقا بىرسىگە ئۆزىنىڭ فىتىر سەدىقىسى نىيىتىدە بەرسە بولىدۇ، ئەمما دەسلەپتە فىتىر سەدىقىنى بەرگەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بەرسە ياخشى بولمايدۇ.

**28 - سوئال: بىراۋ پېقىر بولمىسىمۇ بىرى ئۇنىڭغا فىتىر سەدىقىسى بەرگەن بولسا، ئۇنى قانداق قىلىدۇ؟**

جاۋاب: سەدىقىگە موھتاج بولمىغان ئادەم ئۆزىگە بېرىلگەن فىتىر سەدىقىنى ياكى زاكاتنى ئالماسلىقى لازىم. ئەگەر ئېلىپ قويغان بولسا، ئۇنى سەدىقىگە موھتاج بولغانلارغا بېرىۋېتىشى لازىم. چۈنكى يوقسۇل بولمىغان كىشىنىڭ فىتىر سەدىقىنى ئېلىشى دۇرۇس ئەمەس.

**29 - سوئال: بىراۋنى پېقىر دەپ ئويلاپ قېلىپ فىتىر سەدىقىسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئاشكارا بولغان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن فىتىر سەدىقىسى ئادا تاپامدۇ؟**

جاۋاب: ئەسلىدە پىتىر سەدىقىسىنى بېرىشتە ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغانلارنى ئىنىقلاپ تېپىپ، شۇلارغىلا بېرىش ئارقىلىق ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. سەدىقىنى بەرگۈچى بىراۋنى پېقىر دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن، بۇ سەدىقىنى ئالغۇچىنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئاشكارا بولغان بولسا، سەدىقىنى بەرگۈچىنىڭ بەرگەن ۋاقتىدىكى ئۇنى پېقىر دەپ بىلگەن ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ بەرگەن بۇ پىتىر سەدىقىسى دۇرۇستۇر ۋە ئادا تاپىدۇ.

**30 - سوئال: ئالدىنقى يىلنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بەرمىگەن ئادەم بۇ يىلقىسى بىلەن بىرگە بېرەمدۇ؟**

جاۋاب: ئالدىنقى يىلى بېرىلمىگەن پىتىر سەدىقىسى كىشىنىڭ گەدىنىدە قالغان بولىدۇ، ئۇنى چوقۇم بېرىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىلقىسى بىلەن قوشۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇ يىلقىسى بىلەن ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى يوق، شۇڭا بۇ يىلقىسىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش كېرەك. لېكىن ئالدىنقى يىلنىڭ قالغان پىتىر سەدىقىسىنى قايسىبىر ۋاقىتتا بېرىۋەتسە بولىدۇ.

**31 - سوئال: ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان ئادەم قانداق قىلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسىنى روزا تۇتقانلارنىڭ گۇناھلىرىغا كەپپارەت، پېقىرلارغا تائام بولۇش ئۈچۈن بۇيرۇغان. ئۇنى روزا ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بەرسە پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، نامازدىن كېيىن قالسا ئادەتتىكى سەدىقىگە ھېسابلىنىدۇ».[1]

بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، پىتىر سەدىقىسى بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم ئۇنى پېقىرلارغا سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەدىقىنىڭ ساۋابىنى تاپقان بولىدۇ.

**32 - سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشتا باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلىشقا بولامدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ. ھازىر كۆپلىگەن دۆلەتلەردە پىتىر سەدىقىسىنى كىشىلەردىن يىغىپ پېقىرلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەخسۇس جەمئىيەتلەر بار، ھەتتا مەسجىدلەردىمۇ يىغىدىغان كومىتېتلار بار. شۇلارغا بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭمۇ پېقىرلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ياكى ئۆزلىرى بىرلىشىپ يەپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ كۆرۈپ ئاندىن بېرىش لازىم. چۈنكى ھازىرقى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر دىنى

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

سايە قىلىپ تۇرۇپ قويمىچىلىق قىلماقتا.

**33 - سوئال: بىراۋ پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلغان بولۇپ، ۋەكىل بولغان ئادەم ئۇنى پېقىرلارغا يەتكۈزمىگەن بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: ۋەكىل بولغان ئادەم ئىشەنچلىك ۋە ئەقلى جايىدا بولغان بىرى بولسا، ئۇنىڭغا پىتىر سەدىقىسىنى تاپشۇرغان ئادەمدىن ساقىت بولغان بولىدۇ. بۇنىڭ گۇناھى ئۇنى پېقىرلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىگەن ۋەكىلگە بولىدۇ. ئەگەر ۋەكىل قىلىنغان ئادەم كىچىك بالا ياكى ئەقلى- ھوشى جايىدا بولمىغان بىرى بولسا، بۇ ۋاقىتتا بۇنىڭ گۇناھى پىتىر سەدىقىسىنى تاپشۇرغۇچىغا بولىدۇ. بۇ كىشىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى قايتا بېرىشى لازىم كېلىدۇ.

**34 - سوئال: پىتىر سەدىقىسى پېقىرغا بېرىلگۈچىلىك ئارىلىقتا يوقاپ كەتكەن ياكى ئوغرىلانغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: بۇ ۋاقىتتا پىتىر سەدىقىسىنى قايتا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ھەقلىق بولغان كىشىگە يەتمىگەن سەدىقە ياكى زاكات ھەرگىز ئادا تاپمايدۇ.

**35 - سوئال: بىراۋ باشقا بىرىدىن سورىماي ۋە خەۋەرمۇ قىلماي ئۇنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بېرىپ قويسا ئادا تاپامدۇ؟**

جاۋاب: ئادا تاپمايدۇ، چۈنكى پىتىر سەدىقىسىمۇ ئىبادەتتۇر. ئىبادەتلەر نىيەت قىلماستىن ئادا بولمايدۇ.

**36 - سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى بەلگىلەنگەن مىقداردىن كەم- زىيادە قىلىشقا بولامدۇ؟**

جاۋاب: بەلگىلەنگەن پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى ئەڭ ئاز مىقدار بولۇپ، بۇ مىقداردىن ئاز بېرىلسە قەتئىي ئادا بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ قانچىلىك كۆپ بېرىلسە شۇنچىلىك كۆپ ساۋاب ۋە بەرىكەت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بىر مىسال بىلەن بايان قىلغان: ﴿مَّثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنۢبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِى كُلِّ سُنۢبُلَةٍ مِّا۟ئَةُ حَبَّةٍ ۗ وَٱللَّهُ يُضَٰعِفُ لِمَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٦١﴾﴾ «ئاللاھ يولىدا پۇل- مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز تالدىن دان تۇتقان بىر تال ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە (ئۇنىڭ ئەجرىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ. ئاللاھ (مەرھەمىتى) كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر».[1]

[1] بەقەرە سۈرىسى 261 - ئايەت

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «2.5% نىلا زاكات بېرىمەن دېگۈچىلەرنىڭ زاكىتى بېخىللارنىڭ زاكىتىدۇر».

**37 - سوئال: ئاتا- ئانىسى باي بولسىمۇ ئۆزى موھتاجلىقتا قالغان كىشىگە پىتىر سەدىقىسى بېرىشكە بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئاتا- ئانىسى باي بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم بولغان ياكى پايدىلىنالمىغان ۋە شۇ سەۋەبلىك پېقىرلىققا چۈشۈپ قالغان كىشىگە پىتىر سەدىقىسى بېرىش دۇرۇستۇر. شۇنىڭدەك، ئېرى باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم بولغان ۋە موھتاجلىقتا قالغان ئايال كىشىگىمۇ پىتىر سەدىقىسى بېرىش دۇرۇستۇر.

**38 - سوئال: بالىسى باي بولسىمۇ ئۆزى موھتاجلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە پىتىر سەدىقىسى بېرىش دۇرۇسمۇ؟**

جاۋاب: بالىسى باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن ۋە پېقىرلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە پىتىر سەدىقىسى بېرىش دۇرۇستۇر، چۈنكى مۇنداق كىشى گەرچە بالىسىنىڭ بايلىقى ئېتىبارى بىلەن باي ئاتالسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ موھتاجلىقى ۋە بالىسىنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇملىقى ئېتىبارى بىلەن پېقىرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.



**39 - سوئال: پىتىر سەدىقىسى ئالغۇچى يوقسۇلنىڭ تەقۋا، ديانەتلىك كىشىلەردىن بولۇشى شەرتمۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى ئېلىشقا ھەقلىق بولۇشىنىڭ شەرتى مۇسۇلمان ۋە ئېھتىياج ئىگىسى بولۇشىدۇر، ئەمما پىتىر سەدىقىسى ئالغۇچىنىڭ تەقۋا ياكى پاسىق بولۇشى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پىتىر سەدىقىسى ئالغان پۇل- مالنى ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، نەشە چېكىشكە ئوخشاش ھارام ئىشلارغا خەجلەيدىغانلىقى بىلىنگەن بولسا، ئۇنىڭغا پىتىر سەدىقىسى بېرىش توغرا ئەمەس، چۈنكى بۇنداق قىلىش گۇناھقا ياردەم بەرگەنلىك قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ.

# قانداق قىلغاندا ھاياتىڭىزنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايسىز؟

نىيىتىڭىز ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش بولۇپ، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشىڭىز ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە بولسا، سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭىز ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ.

ئىبادەت — ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان بويىچە ياشاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان قۇللۇقىنى ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان بەلگىلىك ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئومۇمىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. چۈنكى «ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، ئىنسانىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئىشلىرىنى، تىلى ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».[1]

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «العبودية» ناملىق ئەسىرىدە ئىبادەتنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت — ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەر قانداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىش- ھەرىكەت، گەپ- سۆز ۋە ئوي- پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار: ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج- ئۆمرە قىلىش، توغرا ۋە راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق- تۇغقانلارغا سىلە- رەھىم قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توسۇش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلەش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش؛ قوشنىلارغا، پېقىرلارغا، يېتىملارغا، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش؛ ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇھەببەت ۋە ئىخلاس قىلىش؛ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش ۋە رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلىپ يۆلىنىش، ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەش، بالا- قازالارغا سەۋر قىلىش، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە

[1] دوكتور يۈسۈف قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

شۈكۈر قىلىش ۋە باشقىلاردۇر».[1]

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بارلىق ئىنسانلارنى ئىبادەتكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ وَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ٢١﴾ «ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار[2] ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»[3]. ئاللاھ تائالا يەنە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش غايىسىنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقۡتُ ٱلۡجِنَّ وَٱلۡإِنسَ إِلَّا لِيَعۡبُدُونِ٥٦﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنلا ياراتتىم».[4]

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق چاقىرىقى: ﴿يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓ﴾ «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر»[5] دېيىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي پرىنسىپ ئىدى.

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان ئىبادەت ھەرگىز بىز بىلىدىغان ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق بەلگىلىك ئىبادەتلەر ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ يارىتىلىشىنىڭ غايىسى قىلىنغان ئومۇمىي ئىبادەتتۇر. مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ وَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ٢١﴾ «ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان:

«تەپسىرى سەئدى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان <ئىبادەت> بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئومۇمىي

[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «العبودية» ناملىق كىتابى 2 - بەت.

[2] «لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ» دېگەن ئايەتنى كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر «ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى ﷲ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ۋە ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە «تَتَّقُونَ» دېگەن سۆز لۇغەتتە «ساقلىنىش»، «قوغدىنىش» ۋە «قورقۇش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنى بۇ ئورۇندا «ساقلىنىش» دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

[3] بەقەرە سۈرىسى 21 - ئايەت

[4] زارىيات سۈرىسى 56 - ئايەت

[5] ئەئراف سۈرىسى 59 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئىبادەتتۇر».

«تەپسىر قۇرتۇبى»دە مۇنداق تەپسىر قىلىنغان: «بۇ يەردىكى <ئىبادەت>تىن مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ يەككە - يېگانە ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئەمەل قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىبادەتنىڭ ئەسلى مەنىسى بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر».

«ئەيسەرۇتتەفاسىر»دە مۇنداق تەپسىر قىلىنغان: «بۇ ئايەتتىكى <ئىبادەت>تىن مەقسەت ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يىراق بولۇش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن مۇھەببەت باغلاش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتۇر».

ئەمدى، ﴿وَمَا خَلَقۡتُ ٱلۡجِنَّ وَٱلۡإِنسَ إِلَّا لِيَعۡبُدُونِ ٥٦﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن ئايەتكە كەلسەك، مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى: «ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزى تەلەپ قىلغان بويىچە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ياراتقان، شۇڭا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ھايات تەرزىنى پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا ئۇدۇللاپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۇ تەلەپ قىلغاندەك ياشىشى كېرەك» دەپ تەپسىر قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن ئېنىق بولدىكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى پەقەت ئۆزى چۈشۈرگەن قانۇن - پىرىنسىپ بويىچە ياشىشى ئۈچۈن ياراتقان. ئىنسان شۇنداق ياشىغاندىلا ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ.

كىمكى ھاياتىنىڭ غايىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەتكە بېغىشلىسا، ئۇ قىلغان ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەت، ئىش - پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىبادەت بولۇپ يېزىلىدۇ. مانا بۇ — ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَمَا خَلَقۡتُ ٱلۡجِنَّ وَٱلۡإِنسَ إِلَّا لِيَعۡبُدُونِ ٥٦﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن مۇقەددەس سۆزىنىڭ تەقەززاسىدۇر. چۈنكى بىز ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى پەقەت ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق شۇ مۇئەييەن ئىبادەتلەرگىلا قىسقارتىپ قويىدىغان بولساق، بۇ ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان يارىتىلىشنىڭ غايىسىنى تولىمۇ تار مەنىدە چۈشىنىۋالغان بولىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ مۇئەييەن ئىبادەتلەر بىزنىڭ ئومۇمىي ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش يولىمىزدىكى مەنىۋى غىزالاردۇر. بىزنىڭ يەر يۈزىدىكى بۇ چەكلىك ھاياتىمىز ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش يولىدىكى ئۇزۇن سەپىرىمىز بولۇپ، خۇددى ئۇزۇن يولغا چىققان يولۇچى ئاپتوموبىلىنىڭ

شوپۇرى يولنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن، يول بويىدىكى ماي قاچىلاش ئورۇنلىرىدا ماي قاچىلاپ مېڭىشقا موھتاج بولغاندەك، ئاللاھ يولىدىكى ئۇزۇن سەپەرنىڭ كارۋانلىرىمۇ ناماز، روزا، زاكات، قۇرئان ئوقۇش، ھەج قىلىش قاتارلىق مۇئەييەن پەرزلەرنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى غىزاسىنى تەمىن ئېتىدۇ. خۇددى يولۇچى ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرىنىڭ غايىسى يولدا ماي قاچىلاش ئەمەس، بەلكى يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرقى نىشانغا يېتىش بولغاندەك، ئاللاھ يولىدا كېتىپ بارغان بىر مۇئمىننىڭ غايىسىمۇ شۇ مۇئەييەن ئىبادەتلەر ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بارغۇچىلىك داۋام قىلىدىغان ئومۇمىي ئىبادەتتۇر.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دېگەن كەم- زىيادە قىلىشقا بولمايدىغان، ھەتتا بارماقلار بىلەن سانىغىلى بولىدىغان ئازغىنە ئىبادەتلەر ئەمەس؛ بەلكى ئۇ — ئىنساننىڭ ھاياتتىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە سالاھىيەتلىك بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. بىرەر زاۋۇتنى ياسىماقچى بولغان ئىنژېنېر ئۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتلارنى كۆزدە تۇتماستىن، بەلكى بۇ زاۋۇتنىڭ ھەممىشە ئىشلەپچىقىرىشقا سالاھىيەتلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئايروپىلاننىڭ سالاھىيىتى — ئۇنىڭ ئۇچۇش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى، قەلەمنىڭ سالاھىيىتى — يېزىش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى؛ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ ئەمەل- ئىبادىتىنىڭ ھەممىشە ئاللاھقا يارايدىغان بولۇپ، قوبۇل بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ نىيىتى ھەر ئىشتا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت بولغاندىلا، ئۇنىڭ ھاياتتىكى پۈتۈن ئىشلىرى ئۆزلۈكىدىن ئىبادەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. پۇل چىقىرىدىغان زاۋۇتمۇ ئۇنىڭغا كىرگەن قىممەتسىز خام- ئەشيالارنى قىممەتلىك پۇل قىلىپ چىقارغىنىدەك، ئىنساننىڭ نىيىتى سالاھىيەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ھاياتتىكى پۈتۈن ئىشلىرى كاتتا ئىبادەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ».[1]

## ئەمەل- ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى

ئەمەل- ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنىڭ ئىككى شەرتى بار بولۇپ، بۇ ئىككى شەرت تولۇق تېپىلمىغان ھەرقانداق ئىبادەت ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ئىككى شەرت:

[1] مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىنىڭ «بۇ بىزنىڭ دىنىمىز» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

### *(1) ئىخلاس*

قىلىنغان ئەمەل- ئىبادەتلەردە پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولۇش كېرەك. بۇنىڭغا بىنائەن دەيمىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن ھەرقانداق ئىبادەت بىكاردۇر ۋە ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ.

### *(2) سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇش*

قىلىنغان ئەمەل- ئىبادەت ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭغا بىنائەن دەيمىزكى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن ھەرقانداق ئەمەل- ئىبادەت بىكاردۇر ۋە ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان، نىيىتى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولغان ئادەم مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك قانداقلا بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكىنى بويىچە قىلىدىكەن، ئۇ قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ، نېمە ئىش قىلسا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

## ھاياتىمىزنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئامىللىرى

ھاياتىمىزنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئامىللىرى تۆۋەندىكىچە:

### *(1) توغرا نىيەت*

نىيەت — ئادەمنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولىدىغان ۋە ئادەمنى بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلاتقان ئوي- پىكىردىن ئىبارەت. نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. ھەر قانداق ئەمەل- ئىبادەت ئۇنى قىلغۇچىنىڭ نىيىتىگە قاراپ قوبۇل بولىدۇ ياكى رەت قىلىنىدۇ. ئەمەل- ئىبادەتلەر ئۇنى قىلغۇچىسىغا ئۇنىڭ نىيىتىگە قاراپ قەدىر- قىممەت ياكى ئېتىبارسىزلىق ۋە شەرمەندىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمەلسىز قۇرۇق نىيەت ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندەك، نىيەتسىز ئەمەلمۇ پايدىسىزدۇر. ئىنساننىڭ يېيىش- ئىچىشى، ئۇخلاپ دەم ئېلىشى، شۇنداقلا ئەر- ئاياللىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «سىلەرنىڭ ئەر- ئاياللىق مۇناسىۋەتىڭلاردا سەدىقىنىڭ ساۋابى بار» دېگەندە، ساھابىلەر بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزىمىزنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرساقمۇ ساۋاب بولامدۇ؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەر

شەھۋەتلىرىنى ھارام ئىش بىلەن قاندۇرسا گۇناھ بولامدۇ؟» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئەلۋەتتە گۇناھ بولىدۇ» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنىڭدەك، سىلەر شەھۋەتلىرىڭلارنى نىكاھلىق ئاياللىرىڭلار ئارقىلىق قاندۇرساڭلار سىلەرگە ساۋاب بولىدۇ» دېگەن.[1]

نىيەت ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ ئىبادەتكە ئايلاندۇرىدىغان بىردىنبىر سېھىرلىك ماددىدۇر. فەقىھلەر (ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى)نىڭ قارىشىچە، نىيەت ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشتىن ئىبارەت دۇرۇسلا بولىدىكەن، ئىنساننىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىمۇ ئىبادەت قاتارىدىن سانىلىدۇ. مەسىلەن، ھالالدىن رىزىقلىنىش ۋە بالىلىرىنى ھالال لوقما بىلەن يېتىشتۈرۈش يولىدا تىرىكچىلىك قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە ئىبادەتلەردە جۇشقۇن بولۇش نىيىتى بىلەن يېيىش ۋە ئىچىش، مېڭىنى ياخشى دەم ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن ئۇخلاش، تەننى ساقلىقنى ساقلاش ئارقىلىق شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىنى ياخشى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى رەت قىلىنىشى پەقەت نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «إِنَّمَا الأَعْمَالُ بالنِّيات، وإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِىءٍ ما نَوَى» «ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر، ھەركىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ».[2]

### 2. تەقۋالىق

تەقۋا سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى — ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. نېمىدىن ساقلىنىش؟ تەبىئىيكى، گۇناھتىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىش ھەمدە ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر. تەقۋا دېگەن سۆز لۇغەتتە يەنە بىر- بىرىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىغا توساق قويۇش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچرىغۇچى تەرەپنى قوغداش دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەرەبلەرنىڭ «اتقى بترسه» (قالقىنى بىلەن ئۆزىنى قوغدىدى) دېگەن سۆزى ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇش ئەسناسىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا كېلىۋېلىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئوقيالىرىدىن قوغدانغانلىقىنى «اتقينا برسول

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

اللە» دەپ ئىپادىلىگەنلىكى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

تەقۋا سۆزىنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى ھەققىدە ئۆلىمالار مۇنداق ئىزاھات بەرگەن:

- ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش سايىسىدا ئۆزىنى ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىش.
- ھارامدىن قېچىش ۋە ھالالنى ئىلغاشتا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇش.
- گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇش.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىق ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ: «سەن تىكەنلىك يولدا مېڭىپ باققانمۇ؟» دەپ سورىغان. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەئە» دېگەندە، ھەزرىتى ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە ئۇنىڭدىن: «قانداق ماڭغان؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىپ ماڭغان» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «تەقۋالىق دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ» دېگەن.[1] يەنى تىكەنلىك جايدىن ماڭغان ئادەم پۇتىغا تىكەن كىرىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىش ئارقىلىق ئۆزىنى زەخىملىنىپ قېلىشتىن ساقلىغاندەك، تەقۋادار ئادەممۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە گۇناھ ۋە يامان ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇپ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەمىشە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

تەقۋالىقنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئىخچام مەنىسى — ئاللاھتىن قورقۇپ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرۈشتۇر. ئىنسان ھەر ئىشتا مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ، ھارام ئىشلاردىنمۇ ئۆزىنى ساقلايدۇ ۋە ئاخىرەتلىك ئازابتىنمۇ قۇتۇلالايدۇ. چۈنكى «مەسئۇلىيەتچانلىق» دېگەن — قىلىشقا تېگىشلىكنى ۋاقتىدا قىلىش، قىلماسلىققا تېگىشلىكنى قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، ۋىجدانى راھەت، كېلەچىكى كاپالەتلىك بولىدۇ.

خەلقىمىزدە «ئۆزىنى سورىغان خاننىڭ ئالدىغا بارماپتۇ» دېگەن ھېكمەت بار. چۈنكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىغان ئادەم خەلقنىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئەيىبكار بولمايدۇ. تەقۋادار ئادەم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئادا

[1] «ئىبنى كەسىر تەپسىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1 - توم 28 - بەت

قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەق- ھوقۇقلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشىشى ئۇنىڭ تەقۋالىقىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنى بايان قىلىپ: «بىر- بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى باشقىلارغا سېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، بۇ مالنى ماختاپ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر- بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىر- بىرىڭلارغا تۇزاق قۇرۇشماڭلار، بىر- بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار. ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە موھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار ۋە تۆۋەن كۆرمەيدۇ» دېگەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق مانا بۇ يەردە!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق دەپ سانىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئىنساننىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنى خار كۆرۈشى يېتەرلىكتۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلماننى بوزەك قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر. مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال- مۈلكى ۋە نومۇسىغا تېگىش ھارامدۇر» دېگەن.[1]

### 3. گۈزەل ئەخلاق

گۈزەل ئەخلاق — ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىشلاردۇر. بۇ «ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ئادەتلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش؛ ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇش، سۆيگۈ- ۋاپالىق، ئىمان- ئېتىقادلىق بولۇش؛ ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا- ئانىغا ۋاپادار، ئۇرۇق- تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، قوشنىلارغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش؛ مەيلى دۇنيالىق بولسۇن ياكى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش؛ خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەپلىك، جاسارەتلىك، سېخىي، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى- قارنى كەڭ بولۇش؛ ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، باشقىلارغا تايىنىۋالماسلىق، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسىنى ساقلاشنى بىلىش؛ ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

مەنپەئەتلىك بولۇش ۋەھاكازالار.

ئەخلاقى گۈزەل بولغان ئادەم ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئەمەللىرى ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان ئادەم گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغان ۋە كۈندۈزى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ».[1]

گۈزەل ئەخلاق ئەڭ ساۋابلىق ئىبادەت قاتارىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ: «قىيامەت كۈنىدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ ياخشىلىق مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىرراق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر».[2]

دېمەك، دۇرۇسلۇقنى، توغرىلىقنى، ھەققانىيلىقنى ۋە ئادالەتنى ھايات مىزانى قىلىپ ياشىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەم ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ، ھايات تەرزىنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇدۇللاپ ئىش كۆرىدۇ، كىشىلەرگە ئۇۋال قىلمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋالمايدۇ، سودا- سېتىق ئىشلىرىدا ساختىپەزلىك قىلمايدۇ، كىشىلەرنى ئالدىمايدۇ، ئاجىز- ئۇرۇقلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ ۋە ياردەم قىلىدۇ، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايدۇ؛ ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق جان ئىگىسىگە رەھىم- شەپقەتلىك بولىدۇ؛ دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن قىلىدۇ، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قويمايدۇ، ساختىپەزلىك قىلمايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان توغرا نىيەت، تەقۋالىق ۋە گۈزەل ئەخلاق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دۇرۇسلۇق ۋە توغرىلىق دېگەن ئىككى سۆزگە ئىخچاملاشقا بولىدۇ. دۇرۇسلۇق بىلەن توغرىلىق ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولۇشنىڭ كاپالىتىدۇر. ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ توغرىلىق ۋە دۇرۇسلۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ھايات بىر پويىز بولسا، توغرىلىق بىلەن دۇرۇسلۇق رېلىسقا ئوخشايدۇ، پويىز رېلىستا بولسا مەنزىلگە ئوڭۇشلۇق يېتەلەيدۇ، ئەگەر رېلىستىن چىقىپ كەتسە ھالاك بولىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، سىز دۇرۇسلۇقتىن ۋە توغرىلىقتىن قەتئىي ئايرىلماڭ، ھاياتىڭىز ئىبادەت ئىچىدە بولسۇن!

[1] ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

## ئادەملەر نېمە ئۈچۈن تەنقىدتىن قورقىدۇ؟

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «مۇسۇلمانىنىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، كۆچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا يېقىملىقراقتۇر. بۇ يەردىكى كۈچتىن جىسمانىي ۋە روھىي كۈچ مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىمان ئادەمنى ھەر تەرەپتىن كۈچلۈك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. ئىمان قەلبتە رەسمىي ئورۇنلىشىپ مۇستەھكەم بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئىگىسىنى ئىش قىلغاندا قېتىرقىنىپ مۇكەممەل قىلىدىغان، سۆزلىگەندە ئىشەنچ بىلەن توغرا سۆزلەيدىغان، مەيداننى ئېنىق، يولنى داغدام، روھنى يۈكسەك، ئەقلنى ئۆتكۈر قىلىدۇ. مۇنداق ئادەمدە ئىككىلىنىش ئاز بولىدۇ، بوران- چاپقۇنلار ئۇنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ئىمان ئەنە شۇنداق ئەرلەرنى يارىتىدىغان سېھرى قۇۋۋەتتۇر. ھەقىقىي كۈچلۈك ئادەم مۇشۇنداق بولىدۇ. كۈچلۈك ئادەم كىشىلەرنىڭ تەنقىدلىرىدىن ۋە مالامەتلىرىدىن قورقۇپ قالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزى تۇتقان يولىنىڭ توغرىلىقىدىن، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ دۇرۇسلىقىدىن شەكلەنمەيدۇ.

ئىنسانىيەت ئۈچۈن كاتتا خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن بۈيۈك ئىنسانلارمۇ تەنقىدلەردىن خالىي بولالمىغان، چۈنكى <ماڭمىغان يىقىلمايدۇ> دەيدىغان ھېكمەت بار. بۇ دېگەنلىك ھېچ ئىش قىلمىغان ئادەم خاتالاشمايدۇ، نەتىجىدە تەنقىدكىمۇ ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ئىش قىلغان ئادەم گاھ خاتالىشىدۇ، گاھ توغرىسىنى تاپىدۇ. شۇنداقتىمۇ جىم تۇرغان ئادەمدىن بىرەر ئىش بولسىمۇ قىلغان ئادەمنىڭ ئەۋزەللىكىدە شەك يوق».

### تەنقىدتىن قورقماسلىق گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ

ئەللامە مۇھەممەد غەززالى مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن تېز تەسىرلىنىدىغان، ھېسسىياتچان، ماختالغىنىدا خۇشاللىقتىن ئۇچۇپ كېتىدىغان، تەنقىدكە ئۇچرىغاندا دەرد- ئەلەمدىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەملەر بۇنداق ئاجىز ھالەتتىن ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ۋە سوغۇق قان بولۇشنى ئادەت قىلىشقا موھتاج. چۈنكى ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتكەن بىر قانچە ئېغىز سۆز بىلەن ئۇنى تەنقىدلەپ دەرد- ئەلەمگە مۇپتىلا قىلغان سۆزلەر ئەمەلىيەتتە

ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىمەيدۇ. مەدھىيە ئادەمنى ئۇزۇۋقلاندۇرالمايدۇ، تەنقىد ئادەمنى ئۆلتۈرمەيدۇ. مۇھىم بولغىنى ئىشنى نۇقسانسىز، مۇكەممەل ئورۇنداشتۇر. ئىشنى قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل ئورۇندىغان ئادەم تەنقىدلەردىن قورقماسلىقى لازىم. ئادەتتە، راستتىنلا ئىش قىلغانلار تەنقىدتىن قورقمايدۇ. ئەمما كۆز بويامچىلىق بىلەن ئىش پۈتتۈرىدىغانلارنىڭ تەنقىدتىن قورقۇشى تەبىئىيدۇر، چۈنكى مۇنداقلارنىڭ ئىشەنچىسى بولمايدۇ.

ئەقىللىق ئادەم تەنقىدتىن قورقمايدۇ، تەنقىدكە ئۇچرىغاندا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئەگەر تەنقىد ئاساسسىز يوق پۈچەك گەپلەردىن بولسا، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ۋە ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىدۇ ۋە بۇ تەنقىدتىن پايدىلىنىشقا تىرىشىدۇ. قەدىمدە بىر ئاقىل: «مېنىڭ ئەيىبلىرىمنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئادەمدىن ئاللاھ رازى بولسۇن» دېگەن ئىكەن.

# ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش

دىنىنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بار بولۇپ، ئۇلار: ئىسلام، ئىمان ۋە ئېھساندىن ئىبارەتتۇر. «ئېھسان» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «ياخشىلىق قىلىش» ۋە «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش» دېگەن ئىككى مەنىدە كېلىدۇ، ئەمما ئېھسان ئىماننىڭ مەرتىۋىسى قاتارىدا كەلگەندە «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ كُلَّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥ﴾ «ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر»[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى «إِحْسَان» (ئېھسان) دېگەن سۆز «إِتْقَان» (ئىتقان) يەنى ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش، پۇختا ئورۇنداش، كامالەتكە يەتكۈزۈش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىر كۈنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئىسلام، ئىمان ۋە ئېھسان توغرۇلۇق سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام ۋە ئىماننى بايان قىلىپ بولۇپ، ئېھساننى «ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[2] دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ — ئېھساننىڭ ئىبادەتتىكى مەنىسىدۇر. بۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئادەم ئىبادەتنى «ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتىمەن» دېگەن ئېتىقاد بىلەن قىلغاندەك، دىن ۋە دۇنيالىققا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق بىر ئىشنى ھەم شۇنداق قېتىرقىنىپ قىلىشى لازىم. ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان ئاساستا ياشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

مۇئمىن ئادەم ھەربىر ئىشنى «ئاللاھ تائالا مېنى ۋە قىلىۋاتقان ئىشىمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن ھالەتتە چىن ئىخلاسى بىلەن قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان بولسا، ئۇ مۇئمىنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولىدۇ. مۇنداق كىشى قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْ وَّٱلَّذِينَ هُم مُّحۡسِنُونَ١٢٨﴾

[1] سەجدە سۈرىسى 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

«شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋالىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[1] دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئىشنى ياخشى قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلەن بىللە بولۇش مەرتىۋىسىگە يەتكەن بەندىلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. دېمەك «مۇھسىن»، يەنى ئىشنى ياخشى قىلغۇچى دېگەن سۈپەت «مۇئمىن» دېگەن سۈپەتكە قارىغاندا خاسراق سۈپەت بولۇپ، ھەرقانداق مۇھسىن — مۇئمىن بولىدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۇئمىننىڭ مۇھسىن بولالىشى ناتايىن.

ئەمەل- ئىبادەتلەرنى رەسمىيەتكە ئوخشاشلا قىلىپ قويىدىغان، ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ۋەزىپىسىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئورۇنداپ قويىدىغان ئادەم نە ئاللاھ تائالانى، نە ئىنسانلارنى رازى قىلالمايدۇ، مۇنداق ئادەم ھېچكىمنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ سۆيگۈسىگە لايىق بولالمايدۇ. مۇنداق ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر قۇرۇلۇشچى مەلۇم بىر بىناكارلىق شىركىتىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ئاخىرى دەم ئېلىشقا چىقىدىغان ۋاقتى كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى شىركەت لىدېرىغە ئۆزىنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش ئىلتىماسىنى سۇنۇپتۇ. لىدېر ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىپتۇ- يۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ياخشى بىر ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئاندىن دەم ئېلىشقا چىقىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. قۇرۇلۇشچى ياق دېيەلمەي ئامالسىز ھالدا ماقۇل بوپتۇ ۋە شۇ ئۆينى تېزرەك پۈتكۈزۈپ بېرىپ، شۇ لىدېرنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇپ دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئالدىراپتۇ. قۇرۇلۇشچى دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئالدىراپ تۇرغاندا، لىدېرنىڭ ئۇنىڭدىن ئاخىرقى قېتىم بىر ئۆي سېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۇنىڭغا قەتئىي خوش ياقمىغان بولغاچقا، قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ پۈتتۈرۈپ بېرىشكە باشلاپتۇ. قۇرۇلۇشچى ئۆيگە ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللارنىمۇ ياخشى تاللىماي، ئەرزان ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ، ئۆينىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەم قىلماي، تاملىرىنى ئەگرى- بۈگرى قىلىپ، ئۆينىڭ قۇرۇلۇشىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەي پەقەت پۈتتۈرۈشكە ئىشلەپ، ئۆينى پىلاندىن بۇرۇنلا پۈتتۈرۈپ چىقىپتۇ.

بۇ كاساپەت ئۆينى پۈتتۈرۈپ بولغىنىغا خۇشال بولغان قۇرۇلۇشچى ئەتىسى لىدېرنىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىراش كىرىپ: «بولدى، ئۆي پۈتتى، مەندىن شۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ مېنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرگەن بولسىڭىز» دەپ ئاچقۇچنى لىدېرنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. لىدېر بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشچىغا

[1] نەھل سۈرىسى 128 - ئايەت

قاراپ: «ھە بوپتۇ، تېزلا پۇتتۇرۇپ چىقىپسىز. بۇ ئۆيىنى ئەسلىدە بىز سىزنىڭ شىركىتىمىزگە ئاتىغان 40 يىللىق ئەمگىكىڭىز بەدىلىگە سىزگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن سالدۇرغان ئىدۇق. ئاچقۇچىنى ئېلىڭ، ئۆي سىزنىڭ، ياخشى ئولتۇرۇپ دەم ئېلىڭ» دەپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى قۇرۇلۇشچى ئۆينى قولىنىڭ ئۇچىدىلا پۈتتۈرۈشكە ئىشلەپ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قوللىرىنى چىشلەپتۇ. ئەمما بۇ چاغدىكى پۇشايمان نېمىگە ئەسقاتسۇن؟!

ئەگەر سىز ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا مۇشۇ ھېكايىدىكى قۇرۇلۇشچىغا ئوخشاش پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالسىڭىز قانداق قىلارسىز، بۇنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

بۇ دۇنيا ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن ئىشلەيدىغان مەيداندۇر. ئۆزىمىزنىڭ ئاخىرەتتىكى تۇرالغۇمىزنى مۇشۇ دۇنيادا ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنى خام ماتېرىيال قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىمىز قۇرۇپ چىقىمىز. تۇرالغۇمىزنى ئېسىل قەسىر قىلىپ سېلىش ياكى ئادددي بىر كەپە قىلىپ قولىمىزنىڭ ئۇچىدىلا سېلىپ قويۇش ئۆزىمىزنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. چۈنكى ھەركىم ئۆزىنىڭ جەننىتىنى ياكى دوزىخىنى مۇشۇ دۇنيادا ئۆزى يارىتىدۇ.

دېمەك، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش بولسا دىنىنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامدىن كېيىنكى مەرتىۋىسىدۇر. بۇ مەرتىۋىگە يەتكەنلەر ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا بىلەن بىرگە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغۇچىلاردۇر.

ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى دۇنيالىق ئىشلارنى ساختىلىق ۋە كۆز بويامچىلىق بىلەن، قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، پەن-تېخنىكىدا، ئىشلەپچىقىرىشتا كۈپۈر دۆلەتلىرىدىن خېلى بەك ئارقىدا تۇرماقتا. چۈنكى ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ھەتتا ئۆزى ئىشلەپچىقىرىشقا چامى يېتىدىغان نەرسىلەرنىمۇ كۇپۇر دۆلەتلىرىدىن ئېلىپ كېلىپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار ئاخىرەتلىك ئەمەل- ئىبادەتلەرنىمۇ رەسمىيەتكە ئوخشاشلا قىلىپ قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەل- ئىبادەتلىرى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىغا ۋە يۈرۈش- تۇرۇشىغا قىلچە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قىلغان ئەمەل- ئىبادەتنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىگەنلىكى چىقىدۇ. بۇ دۇنيادا مېۋىسى ۋە تەسىرى كۆرۈلمىگەن ئەمەل- ئىبادەتنىڭ ئاخىرەتتە ئەسقېتىشى تەسەۋۋۇردىن يىراقتۇر، چۈنكى دىنىمىزنىڭ پېشۋالىرى بولغان ساھابە كىراملار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتكەن، ھەتتا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئۆز قىزلىرىنى نومۇستىن تىرىك تۇرغۇزۇپ يەرگە

كۆمۈۋەتكەن كىشىلەرمۇ، ئىسلامدىن كېيىن ئەخلاق- پەزىلەتتە دۇنياغا ئۈلگە ياراتقان، دۇنيانىڭ يىراق بىر چېتىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغان قىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىهادقا ئاتلانغان ئۈلگىلىك كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. ئەمەل- ئىبادەت ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتسە، ئەنە شۇنداق كاتتا سەمەرىلەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ، كىشىلەرنىڭ هاياتىنى ئەنە شۇنداق ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما رەسمىيەت يۈزىسىدىن قىلىپ قويىدىغان ئەمەل- ئىبادەتلەر قەلبكە تەسىر قىلمايدۇ- دە، سىزنىڭ ئەخلاق ۋە يۈرۈش- تۇرۇشلىرىڭىزنى ئىسلاھ قىلالمايدۇ.

دېمەك، قولنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قويغان ئىش دۇنيادا هەم، ئاخىرەتتە هەم ئەسقاتمايدۇ.

# ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدسىزلەنمەيلى!

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەربىر مۇسۇلماننى غەمكىن قىلماي قالمايدۇ. ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۈندىلىك خەۋەرلىرى ئۆلۈم، پارتلاش، يارىلىنىش، ئېزىلىش، بوزەك قىلىنىش، خارلىنىش قاتارلىق ئېچىنىشلىق خەۋەرلەر بىلەن تولماقتا. مۇسۇلمانلار بىر تەرەپتىن ئۆز ئىچىدىكى غوۋغالار بىلەن قان تۆكۈشسە، يەنە بىر تەرەپتىن كاپىرلارنىڭ زۇلمى، خارلاشلىرى، ئېزىشلىرى ۋە مۇسۇلمان بولۇپ ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان رەزىل سىياسەتلىرى تۈپەيلىدىن تارىختا كۆرۈلمىگەن بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىماقتا. شۇنداقتىمۇ مۇئمىن ئادەم ئۈمىدسىز بولمايدۇ، چۈنكى ئۈمىدسىزلىك كۇفرىنىڭ قولدىشىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَاْيْـَٔسُواْ مِن رَّوْحِ ٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ لَا يَاْيْـَٔسُ مِن رَّوْحِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْكَٰفِرُونَ ٨٧﴾ «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، چۈنكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ»[1].

بۇ ئەھۋال ھەربىر مۇسۇلماننى ئويلىنىشقا، چىقىش يولى ئىزدەشكە ۋە «خاتالىقىمىز زادى نەدە؟ بىز نەدە كەتكۈزۈپ قويدۇق؟» دېگەن سوئال ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا قىستايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت بېرىشكە، ئۇلارنى ئەزىز قىلىشقا ۋە ئۇلارنى ياخشى ياشىتىشقا ۋەدە قىلغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ عَمِلَ صَٰلِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُۥ حَيَوٰةً طَيِّبَةً﴾ «ئەر - ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئەمەلنى قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى ھاياتتا ياشىتىمىز»[2]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا لَنَنصُرُ رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ ٱلْأَشْهَٰدُ ٥١﴾ «شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھەم دۇنيا ھاياتىدا ھەم گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز»[3]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٤٧﴾ «مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىكتۇر»[4].



---

[1] يۈسۈف سۈرىسى 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] نەھل سۈرىسى 97 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[3] غافىر سۈرىسى 51 - ئايەت

[4] رۇم سۈرىسى 47 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە بەرگەن ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە ھېچھەم خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنىمۇ بىزگە بىلدۈرۈپ: ﴿لَا يُخۡلِفُ ٱللَّهُ وَعۡدَهُۥ﴾ «ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ»[1] دېگەن. ئۇنداقتا «بۇ ۋەدىلەر ئەمەلگە ئاشقانمۇ؟» دېگەن سوئالغا كەلسەك، دەيمىزكى، بۇ ۋەدىلەر ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشقان. بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈش ھاجەتسىز. ھەركىم بىلىدۇكى، مۇسۇلمانلار دەسلەپتە خۇددى ھازىرقىدەك ئاجىز ۋە چارىسىز ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە بۇ دىننى تۆت كىشىگە دەۋەت قىلىش بىلەن باشلىغان. بۇ چاغلاردا كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى ئىماندىن ياندۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك زۇلۇملارنى سالغان ۋە ئۇلارنى ئادەم تاقەت قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە قىينىغان ۋە ھەتتا بەزى ساھابىلەرنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ھەزرىتى بىلال، ئەممار، سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ قىسسىسى ھەممىمىزگە مەلۇم. پەيغەمبىرىمىز 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ 13 يىلىنى زۇلۇمغا ئۇچراش، قىينىلىش ۋە بوزەك قىلىنىشلار ئاستىدا ئۆتكۈزگەن. ئاللاھ تائالا شۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزگە ۋە شۇ چاغدىكى مۇئمىنلەرگە بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بەرگەن ۋە يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ۋەدىلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇغان. مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە قىيىنچىلىقلارغا، جەبرى-زۇلۇملارغا بەرداشلىق بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا غەلىبىنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ قولدىن بەرمىگەن. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ھەمدە ئۆزلىرىنى ئەزگەن، بوزەك قىلغان ۋە ھەق-ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغان كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىلا بارلىق ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىرلەشكەن، كۇفرى ۋە زۇلۇم يىقىلغان، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىمان ۋە ئادالەت ئالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار قۇدرەت تېپىپ، ئاسىيا-ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغان.

## غەلىبە ئاسان قولغا كەلمەيدۇ

مۇسۇلمانلار بۇ غەلىبىلەرگە ئاسان ئېرىشمىگەن، نۇسرەت ئۇلارغا بىر كۈندىلا كېلىپ قالمىغان ئىدى. مۇسۇلمانلار خەندەك ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئەڭ قىيىن شارائىتتىكى ئۇرۇشتىمۇ كەينىگە قايتمىدى، چىدامچانلىقنى قولدىن بەرمىدى. ئۇ چاغدا ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان، ھاۋا

[1] رۇم سۈرىسى 6 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

قاتتىق سوغۇق، ئاچلىق ۋە ئۇسسىزلىق دېگەندەك بىرقاتار قىيىنچىلىقلار ئۇلارنى ئورىۋالغان ئىدى. شۇ چاغدىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا غەلىبىنى ۋەدە قىلىپ، ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندىگەن ۋە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى روھلاندۇرغان ئىدى: ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ ٱلَّذِينَ خَلَوْا۟ مِن قَبْلِكُم ۖ مَّسَّتْهُمُ ٱلْبَأْسَآءُ وَٱلضَّرَّآءُ وَزُلْزِلُوا۟ حَتَّىٰ يَقُولَ ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَهُۥ مَتَىٰ نَصْرُ ٱللَّهِ ۗ أَلَآ إِنَّ نَصْرَ ٱللَّهِ قَرِيبٌ ﴿٢١٤﴾﴾ «(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكى (مۇئمىنلەر)نىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟! ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق يوقسۇللۇق ۋە ئاغرىق- سىلاق كەلگەن ۋە شۇنداق ساراسىمىگە چۈشۈرۈلگەنلىكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەر: ‹ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟› دەپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر»[1]. ئۇلارنىڭ بېشىغا ھەقىقەتەن ئادەم تاقەت قىلغۇسىز قىيىنچىلىقلار كەلگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ جَآءُوكُم مِّن فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنكُمْ وَإِذْ زَاغَتِ ٱلْأَبْصَـٰرُ وَبَلَغَتِ ٱلْقُلُوبُ ٱلْحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِٱللَّهِ ٱلظُّنُونَا۠ ﴿١٠﴾ هُنَالِكَ ٱبْتُلِىَ ٱلْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا۟ زِلْزَالًا شَدِيدًا ﴿١١﴾﴾ «ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا كەپلىشىپ قالغان، سىلەر ئاللاھ توغرۇلۇق تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. [10﴾ ئۇ يەردە مۇئمىنلەر سىنالغان ۋە قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ئىدى [11﴾»[2].

دېمەك، ئۇلار شۇ قىيىنچىلىقلار ئالدىدىمۇ تىز چۆكمىدى، ئۈمىدسىزلەنمىدى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشەندى، شۇنداقلا سەۋەبنىمۇ قولدىن بەرمىدى ۋە ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇردى. نەتىجىدە غەلىبىگە ئېرىشتى.

## ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە خاس

شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ۋەدىلىرىدە «مۇئمىن» سۆزىنى قوللانغان، يەنى بۇ ۋەدىلەرنى ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنچ قىلغان كىشىلەرگە بەرگەن. مەلۇمكى، مۇئمىن بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. گەرچە ھەر ئىككىلىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرگە ئىشلىتىلسىمۇ، ھەر قانداق مۇسۇلمان — مۇئمىن بولالمايدۇ، ئەمما ھەر قانداق مۇئمىن — مۇسۇلمان بولالايدۇ، چۈنكى بۇ

[1] بەقەرە سۈرىسى 214 - ئايەت

[2] ئەھزاب سۈرىسى 10 - ۋە 11 - ئايەتلەر

ئىككىنچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئومۇملۇق ۋە خاسلىق پەرقى بار. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَتِ ٱلۡأَعۡرَابُ ءَامَنَّاۖ قُل لَّمۡ تُؤۡمِنُواْ وَلَٰكِن قُولُوٓاْ أَسۡلَمۡنَا وَلَمَّا يَدۡخُلِ ٱلۡإِيمَٰنُ فِي قُلُوبِكُمۡۖ﴾ [سەھرالىق ئەرەبلەر: «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئېيتقىنكى: «سىلەر تېخى ئىمان ئېيتمىدىڭلار، لېكىن ‹مۇسۇلمان بولدۇق› دەڭلار، ئىمان تېخى قەلبىڭلەرگە يەرلەشمىدى»﴾.[1]

شۇڭا بىز كەمچىلىكنى دىنىمىزدىن ئىزدىمەي، بەلكى ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگىدۇر. قاچانىكى بىز ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە لايىق بولساق، نۇسرەت ۋە غەلىبە بىزنى تاپىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئىمانىنى ئۆلچەپ كۆرەيلى، ساھابىلەرنىڭ ئىمانىغا سېلىشتۇرۇپ باقايلى، دىنىمىزنىڭ تارازىسىغا سېلىپ باقايلى. شۇ ۋاقىتتا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاللاھ تائالا بىزدىن تەلەپ قىلغان دەرىجىدە مۇئمىن بولالمىغانلىقىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالىمىز.

## بىز ئىمانىمىزنى كۈچەيتىشكە موھتاج

بۈگۈنكى كۈندە بىز ئىمانىمىزنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەشكە تولىمۇ موھتاجمىز. ئاللاھ تائالا بىزنى: ﴿وَٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ﴾ «سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئارقىلىق ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار»[2] دەپ بۇيرۇغان. مەلۇمكى، كۆپ سانلىق كىشىلەر سەۋرنىڭ مەنىسىنى ئاددىي ۋە دوگما مەنىسىدە چۈشىنىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا «سەۋر قىلىڭ» دېيىلسە، «سەۋر» سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەرنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، «زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىققا باش ئېگىپ ياشاڭ» دېگەنلىك دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

«سەۋر» دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ تەكرارلانغان سۆزلەردىن بىرىدۇر. بۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقىدىن بولسا كېرەك. سەۋرنى مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر؛ ئىككىنچى، ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر؛ ئۈچىنچى، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر؛ تۆتىنچى، چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋر. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿وَلَنَجۡزِيَنَّ ٱلَّذِينَ صَبَرُوٓاْ أَجۡرَهُم بِأَحۡسَنِ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٩٦﴾ «سەۋر قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى 14 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] بەقەرە سۈرىسى 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق مۇكاپات بېرىمىز»[1] دېگەن ئايەت بولسا سەۋرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتتۇر. ﴿وَٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِ﴾ «سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئارقىلىق ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار»[2] دېگەن ئايەتتىكى سەۋر بولسا چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋردۇر.

شۇڭا بىز چىدامچانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قوراللىنىش ئارقىلىق پارلاق كېلەچەك ئۈچۈن ھارماستىن تىرىشىشقا موھتاجمىز. ئىسلامنىڭ كېلەچىكى ھەقىقەتەن پارلاقتۇر. زۇلۇم داۋام قىلىۋەرمەيدۇ، كېچىنىڭ ئارقىسىدىن كۈندۈز كەلگەندەك، بۇ قىيىنچىلىقلار ئارقىسىدىن چوقۇم ئاسايىشلىق كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنَّ مَعَ ٱلۡعُسۡرِ يُسۡرًا﴾ «ئەلۋەتتە ھەربىر مۇشەققەتنىڭ يېنىدا بىر ئوڭايلىق بار»[3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، غەلىبە چىدامچانلىق بىلەن قولغا كېلىدۇ».[4] ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدۡ كُذِّبَتۡ رُسُلٞ مِّن قَبۡلِكَ فَصَبَرُواْ عَلَىٰ مَا كُذِّبُواْ وَأُوذُواْ حَتَّىٰٓ أَتَىٰهُمۡ نَصۡرُنَا﴾ «سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغان ئىدى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىرى ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى»[5]. ئەمما شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئىلگىرىكى سائادەتلىك ئەسىرلەردە ياشىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىششى ئوڭايغا توختىمىغان ئىدى. بۇ ياردەم ئۇلارغا پەقەت دۇئا بىلەنلا كەلگەن ئەمەس، بەلكى چىدامچانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن توختىماستىن تىرىشىش نەتىجىسىدە كەلگەن. ئۇلار ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەر چېكىگە يېتىپ: ﴿مَتَىٰ نَصۡرُ ٱللَّهِ﴾ «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېيىش دەرىجىسىگە يەتكەندە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: ﴿أَلَآ إِنَّ نَصۡرَ ٱللَّهِ قَرِيبٞ﴾ «بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى يېقىندۇر» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغان ۋە ئارقىدىن ۋەدە قىلىنغان ياردەمنى ئاتا قىلغان.



[1] نەھل سۈرىسى 96 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] بەقەرە سۈرىسى 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] شەرھ سۈرىسى 5 - ئايەت
[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[5] ئەنئام سۈرىسى 34 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

# ئىچىڭىز تېشىڭىزدىن گۈزەل بولسۇن

سىز تاشقى كۆرۈنۈشىڭىزنى چىرايلىق، گۈزەل قىلىشتىن ئاۋۋال ئىچىڭىزنى پاك ۋە چىرايلىق قىلىشقا تىرىشىڭ، چۈنكى مۇھىم بولغىنى سىزنىڭ ئىچىڭىزدۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ دىلىغا قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرنىڭ تەقى- تۇرقۇڭلارغا ياكى پۇل- مېلىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ».[1] شۇڭا ھەر دائىم سىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭىز تاشقى كۆرۈنۈشىڭىزدىن گۈزەل، پاك ۋە چىرايلىق بولسۇن. قاچانكى سىزنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىڭىز ئىچكى دۇنيايىڭىزدىن گۈزەل بولۇپ قالغاندا، سىزنىڭ كىرىزىسىڭىز باشلىنىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئىسلامدىن پەقەت شەكىلنىلا چۈشىنىدۇ، ئەمما ئۇلار ئىسلام جەۋھىرىنى چۈشىنىشتىن بەكمۇ يىراقتا. ئۇلار ئىسلامنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا چۈشىنىدۇ، ئەمما ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشتىن بەكمۇ يىراقتا. ئۇلارنىڭ دىن ئىشلىرىدا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىرى پەقەتلا شەكىلدۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە شۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بەرسىمۇ، لېكىن ئىچكى دۇنياسى بىلەن كارى بولمايدۇ؛ ئىچكى دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىشقا، ئۆزىنىڭ يامان قىلىقلىرىنى تۈزىتىشكە ۋە ئۆزىنى ئىسلام ئەخلاقىغا توغرىلاپ تۈزەشكە قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

گەرچە سىرتقى كۆرۈنۈشكە دىققەت قىلىش مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن ئىسلامنىڭ جەۋھىرىگە ئەھمىيەت بېرىش سىرتقى كۆرۈنۈشكە ئەھمىيەت بېرىشتىن مۇھىمدۇر ۋە ئۈستۈندۇر. خۇددى بىر مېۋىنىڭ جەۋھىرىنىڭ سۈزۈكلۈكى ۋە ساپلىقىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، گەرچە ئۇنى ئوراپ تۇرغان سىرتقى پوستى مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما جەۋھەر بىلەن ئۇنىڭ سىرتقى پوستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىممەت پەرقى ھەممىگە ئايان دۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ بىرى ئەسلى مەقسەت، يەنە بىرى ئەسلى مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. ئەپسۇسكى بەزى كىشىلەر سىرتقى پوستىنى جەۋھەر ئورنىغا قويۇۋالىدۇ. بۇ خۇددى مېۋىنىڭ پوستىنىلا مېۋىنىڭ ئۆزى دەۋالغانغا ئوخشاش. شۇڭا ئۇلار ئىسلامنىڭ جەۋھىرىگە ۋە ھەقىقىتىگە كۆڭۈل

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بۆلمەستىن، شەكىلگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئۆزىنى تاشقى جەھەتتىن ياخشى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىشنىلا ئويلايدۇ. بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىمۇ كىشىلەرنىڭ كىيىنىشتىكى شەكىلگە قاراپ ئۇلارنىڭ دىنىدىكى ئورنى ۋە ئوبرازىنى ئۆلچەيدىغان ئەھۋاللار خېلى ئېغىر. بۇ سەۋەبتىن ئۆزىنى ئالىيجاناب بىر دىنىي قىياپەتكە كىرگۈزۈۋېلىپ، كىشىلەرنى ئالداشقا ئۇرۇنىدىغان، خەلقىمىزنىڭ ۋە دىنىمىزنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلىدىغان، خەلقىمىزگە قارشى دۈشمەنگە خىزمەت قىلىدىغان سېپى ئۆزىدىن مۇناپىقلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەللامە ۋە تەقۋادار سانىلىپ كەلمەكتە. ئەمما تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئاددىي- ساددا بولسىمۇ، لېكىن دىلى پاك، نىيىتى دۇرۇس، ھەقىقىي ئىخلاسمەن مۇئمىنلەر كۆزگە ئىلىنماي كەلمەكتە. بۇ خۇددى بېشىغا زامانىۋى شەپكە كىيىۋالغان ئوت يۈرەك شائىر ۋە مۇئمىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بېشىغا ئافغانلارنىڭ باش كىيىمىنى سەللە دەپ كىيىۋېلىپ خەلقنى قايمۇقتۇرغان، سېپى ئۆزىدىن مۇناپىق روزى موللىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. روزى موللا خەلقنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر موللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولسا خەلقنىڭ نەزىرىدە بىر ئەپەندى خالاس. ئۇنداقتا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن روزا موللا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئوخشاشمۇ؟!

ئەللامە يۈسۈپ قەرداۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام بىر ئەقىدە بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى تەۋھىدتۇر. ئىسلام بىر ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئىخلاستۇر. ئىسلام بىر مۇئامىلە بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى راستچىللىق ۋە سەمىمىيەتتۇر. ئىسلام بىر ئەخلاق بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى رەھىم- شەپقەتتۇر. ئىسلام بىر شەرىئەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئادالەتتۇر. ئىسلام ئەمەل ۋە ئىشلەش بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى قېتىرقىنىشتۇر. ئىسلام بىر مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى قېرىنداشلىقتۇر. ئىسلام بىر مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتۇر. ئەقىدىدە تەۋھىدنى، ئىبادەتتە ئىخلاسنى، مۇئامىلىدە راستچىللىقنى، ئەخلاقتا رەھىم- شەپقەتنى، ئەمەلدە قېتىرقىنىشنى، مۇناسىۋەتتە قېرىنداشلىقنى، مەدەنىيەتتە تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان ئادەم ئىسلامنىڭ جەۋھىرىنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئىسلامنىڭ سۈرىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەۋھىرىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ».

# ئىسلام فىقھىسى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

«فىقھى» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى — چۈشىنىش ۋە بىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام ئاتالغۇسىدىكى مەنىسى — قۇرئان ۋە ھەدىس دەلىللىرى ئارقىلىق شەرىئەتنىڭ تەپسىلىي ئەھكاملىرىنى بىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئىسلام فىقھىسى — قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئېلىنغان ئەھكاملارنىڭ توپلىمى دېگەنلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زوردۇر، چۈنكى ھەممىلا ئادەم قۇرئان ۋە ھەدىستىن بىۋاسىتە ھۆكۈم چىقىرىشنى بىلمىگەنلىكتىن، قۇرئان ۋە ھەدىستىن چىقىرىلغان ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام فىقھىسىگە موھتاجدۇر. ئاۋام خەلقنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىشىنىڭ بىردىنبىر يولى ئىسلام فىقھىسىنى ئۆگىنىشتۇر. مۇسۇلمان ئادەم ئىسلام فىقھىسى ئارقىلىق نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى قىلىدۇ، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىدۇ. قىسقىسى، ئىسلام فىقھىسى ئارقىلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى تونۇيدۇ ۋە ئەمەل- ئىبادەتلىرىنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بارالايدۇ، ئىسلام فىقھىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشلىرى ۋە بارلىق ئىشلىرى سىستېمىلىق ھالدا توغرا شەكىلدە داۋام قىلىدۇ. دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى ئىسلام فىقھىسى سايىسىدا ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بارغان ئادەم دۇنيا- ئاخىرەتلىك ياخشىلىققا ۋە ھەممە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ: «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىنىدا ئالىم قىلىدۇ» دېگەن.[1]

ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلغان ئادەم بۇ كىتابلارنىڭ كۆپلىگەن دىنىي ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ۋە بۇ ئەھكاملارنىڭ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاياتىنى رەتكە سېلىشقا يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ئىسلام فىقھىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئىسلام فىقھىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ زامانىدىلا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئىسلام فىقھىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەب كىشىلەرنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىسلەردە ئېنىق ھۆكۈمى بولمىغان يېڭىدىن مەيدانغا چىقىپ تۇرغان مەسىلىلەر ھەققىدە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشكە بولغان زور ئېھتىياجىدۇر.

## ئىسلام فىقھىسىنىڭ تۈرلىرى

ئىسلام فىقھىسى: ئىبادەت قىسمى، مۇئامىلە قىسمى، ئائىلە قىسمى، جىنايەت ۋە جازا قىسمى، جىھاد ۋە تىنچلىق قىسمى، سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە قىسمى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

ئىبادەت قىسمى — ئەمەل- ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشنىڭ قائىدە- تەرتىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ناماز، تاھارەت، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

مۇئامىلە قىسمى — مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل- مال ۋە ئېلىم- سېتىم مۇئامىلىلىرى قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئائىلە قىسمى — ئۆيلىنىش، بالا ئېمىتىش، نەپىقە، تالاق، ۋەسىيەت، مىراس قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ دىنىي كۆرسەتمىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

جىنايەت ۋە جازا قىسمى — قاتىللىق، ئوغرىلىق، زىنا- پاھىشە، قارا چاپلاش، ئالدامچىلىق، بۇزغۇنچىلىق، پارىخورلۇق قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلارنى جازالاش ئارقىلىق تىنچلىقنى، تەرتىپنى ساقلاش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

جىھاد ۋە تىنچلىق قىسمى — ئىسلام دۆلىتى بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەتنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بېرىش، تىنچلىق ۋە ئۇرۇشنىڭ پرىنسىپلىرى، كېلىشىم ۋە توختام قاتارلىقلارنىڭ قائىدە- تەرتىپلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە قىسمى — ئىسلام دۆلىتىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى سىياسەت ئىشلىرىنى، شۇنداقلا مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنىڭ چەك- چېگراسى، قائىدە- پرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى بەلگىلەپ بېرىدۇ.

دېمەك، ئىسلام فىقھىسى مۇكەممەل بىر ئىسلام قانۇنىدۇر.

# ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق

ئىسلام دىنى ھەر جەھەتتىن ئوتتۇراھاللىق كامالىتىگە ئىگە بىر دىن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە قاتارلىق ھەممە تەرەپلىرىدە نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق رادىكاللىق بىلەن پاسسىپلىقتىن يىراق بولغان بىر كامالەتنىڭ ئۇنۋانىدۇر.

## ئىسلامنىڭ ساماۋى دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئىسلام دىنى ۋەھشىيلىكتە ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغان، ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان كۆپلىگەن پاك نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خۇراپىيلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ھالال- ھارام مەسىلىسىدە ھەددىدىن ئېشىپ «پاك ئادەملەر ئۈچۈن ھەممە نەرسە ھالالدۇر» دەيدىغان خرىستىيانلارنىڭ دىنلىرىدىن تامامەن يىراق بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى لايىقىدا ئۇلۇغلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر.



## ئىسلامنىڭ ئەقىلگە ئەھمىيەت بېرىشتىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئىسلام دىنى ئەقىلنى ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ بىر ۋاستىسى دەپ تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەقىلگە ئۆزىدە يوق ئالاھىدىلىكلەرنى تېڭىۋېلىپ، ئۇنى ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى قىلىۋالىدىغان، ئەقىلگە چوقۇنىدىغان، ھەتتا مېتافىزىكا ئالىملىرىنىڭمۇ ئەقلى يەتمەيدىغان نەرسىلەرگە ئەقىل بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىرايدىغان ئازغۇنلاردىن ھەمدە ئەقىلنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرمايدىغان، ئۇنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمايدىغان ۋە ئۇنىڭ قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان خۇراپاتچىلاردىن ئىسلام دىنى يىراق تۇرىدۇ ۋە ئوتتۇراھاللىق يولىنى تۇتىدۇ. ئەقىلنىڭ قىممىتىنى زىيادە ئاشۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭغا چوقۇنمىغاندەك، ئۇنىڭ رولىنىمۇ ئىنكار قىلىدىغان خۇراپاتقا ھەم چوقۇنمايدۇ.

## ئىسلامنىڭ ئىبادەتلەرگە بۇيرۇشتىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىبادەتلەرگە تەكلىپ قىلمايدۇ. شۇڭا ئىسلام تەكلىپلىرى ئىنساننىڭ تاقىتى ۋە قۇدرىتىگە قاراپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، قايسىبىر سەۋەبلەر بىلەن بۇ تەكلىپلەرنى ئورۇنداشتىن ئاجىز قالغانلارغا رۇخسەت، يېنىكلىتىش ۋە كېچىكتۈرۈش دېگەنگە ئوخشىغان كەڭچىلىكلەرنىمۇ بەلگىلەپ بەرگەن. مەسىلەن، سەپەردە نامازلارنى قەسىر قىلىش، سۇ تېپىلمىغاندا تاھارەتنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىش، قىينىلىپ قالىدىغانلار ئۈچۈن رامىزان روزىسىنى كېچىكتۈرۈش دېگەنگە ئوخشىغان كەڭچىلىك تۈرلىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُمۡ﴾ «كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار»[1] دېگەن سۆزى بۇ ماۋزۇدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاساسلىق پىرىنسىپتۇر.

ئىسلامدا يەنە تەركىدۇنيالىق رەت قىلىنىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىنى ئۇنىڭغا بۇيرۇغان ئەمەس. سوپىزمنىڭ تەننى قىيناشنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋەسىلىسى قىلىۋېلىشتىن ئىبارەت خۇراپاتلىرى، خىرىستىيانلارنىڭ ئۆيلىنىشتىن مەنئى قىلىدىغان راھىبلىق تۈزۈمى ھەمدە بەزى باتىل دىنلاردىكى ئۆزىنى قىيناش ۋە يۇيۇنماستىن پاسكىنىلىق ئىچىدە ئاي- يىللارنى ئۆتكۈزۈشنى «ئىبادەت» دەپ ساناش سەپسەتىسى قاتارلىقلارنى كۆرگىنىمىزدە، ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر ئىلغار ۋە ئەۋزەل دىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئىسلامنىڭ بىرەر تەرىپىگىلا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلسە ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى. بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېچىلىرى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇشقا ئادەتلىنىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئابدۇللاھ! كۆزۈڭنىڭ ۋە بەدىنىڭنىڭ ئارام ئېلىش ھەققى بار، ئائىلەڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار، ئايالىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار، بۇلاردىن ھەربىرىنىڭ ھەققىنى بەرگىن» دېگەن.[2]

بىر كۈنى ساھابىلەردىن ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇنىڭ ئىبادىتى توغرۇلۇق سورىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز ھېس

[1] تەغابۇن سۈرىسى 16 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىپ: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەن تۇرسا، بىز ئۇ كىشىگە قارىغاندا قانچىلىك ئىدۇق!» دېيىشتى. (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئازلا ئىبادەت قىلسىمۇ يېتەرلىك، ئەمما بىز ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالدى.) شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن بىرى: «مەن يىل بويى كۈندە روزا تۇتىمەن» دېدى. يەنە بىرى: «مەن ئايال كىشىدىن يىراق تۇرىمەن، ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەيمەن» دېدى. ئۈچىنچىسى: «مەن ھەر كېچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىمەن» دېدى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇلارغا: «سىلەر مۇنداق- مۇنداق گەپلەرنى دېدىڭلارمۇ؟ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاللاھتىن ئەڭ قورقىدىغان ۋە ئەڭ تەقۋا كىشىمەن. مەن كېچىلىرىنىڭ بەزى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇيمەن، بەزى ۋاقىتلىرىدا بولسا ئۇخلايمەن؛ (رامىزاندىن باشقا كۈنلەردە) گاھىدا روزا تۇتىمەن، گاھىدا تۇتمايمەن؛ مەن ھەم ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ بۇ يولۇمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېدى.[1]

## ئىسلامنىڭ ۋەزىپىلەرنى بەلگىلەشتىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ئىبادەتلەرگە تەكلىپ قىلىشتا، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى ئۆزگىچىلىكىنى كۆزدە تۇتقاندەك، ئەر بىلەن ئايال ئىككى جىنسنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەرلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى كۈچى ۋە ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدا تەپەككۇر قىلىشتىكى سوغۇققانلىقى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھاياتنىڭ يۈكلىرىدىن ئېغىرراقىنىڭ يۈكلىنىشىگە، ئاياللارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ۋە ھېسسىياتچانلىقى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېنىكرەك يۈكلەرنىڭ يۈكلىنىشىگە تۈرتكە بولغاندۇر.

## دىننى قىيىنلاشتۇرماقچى بولغانلار چوڭ خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالىدۇ

دىن ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت بولۇپ كەلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن كىشىلەرنىڭ نېسىۋە ئېلىشى تەقەززا قىلىنىدۇ. ھەتتا ئىبادەتلەردىمۇ بۇ رەھمەتنىڭ نامايان قىلىشى كۆتۈلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاللاشقا توغرا كەلسە، گۇناھلا بولمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ ئوڭاي بولغىنىنى تاللايتتى»[2] دېگەن ھەدىستۇر. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنىڭغا

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تەشەببۇس قىلىپ: «ئوڭايلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇش خەۋەر بېرىڭلار، قاچۇرۇپ قويماڭلار» دەپ بۇيرۇغان.[1]

بىز دىنغا قانچىلىك ئىخلاسمەن بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېشىپ كېتەلمەيمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دىنىنىڭ رەھبىرى، ئۇنى تۇنجى تەبلىغ قىلغان ۋە ئۆز ھاياتىغا مۇكەممەل تەتبىق قىلغان زات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىسلام ئۈممىتىگە ھەربىر ئىشتا كامىل ئۆلگىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى دىندا ئاشۇرۇۋېتىش ۋە كېمەيتىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ خاتالىق يۈزىسىدىن بولغان دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. چۈنكى، خۇددى تۈزى جىق بولۇپ كەتكەن تاماق لەززىتىنى يوقاتقاندەك، تۈزسىز تاماقمۇ تېتىمايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ نورماللىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بەزى قېرىنداشلار دىننى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قىيىن تەرەپلىرىنى تۇتۇش كېرەك، دەپ ئويلىشىدۇ. نەتىجىدە، ھەركىمگە ئوڭاي ۋە ھەممىگە رەھمەت بولۇپ كەلگەن بۇ دىننى كىشىلەرگە قىيىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا ئۇنى كىشىلەرنىڭ خىيالىدا، جەمئىيەتتە بەرپا قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان، ھەركىم ئۇنىڭ تەلەپلىرى بويىچە ھايات كەچۈرەلمەيدىغان غايىۋى بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دىندىن يىراق ياشاشنى تاللايدىغان بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇلار قانچە قىيىمۇ دىنىنىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئويلايدۇ.

دىننى قىيىنلاشتۇرماقچى بولغانلار بىلىپ- بىلمەي ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى توسۇۋالىدۇ، دىننى كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى بۇنداق كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئوڭايلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇش خەۋەر بېرىڭلار، قاچۇرۇپ قويماڭلار» دېگەن تەۋسىيەسىگە خىلاپلىق قىلىپ، دىننى ئۆزى بىلگەنچە ۋە ئۆز ئەقلىچە دەۋەت قىلماقچى بولغانلاردۇر. ئەمەلىيەتتە مۇنداقلارغا ئىسلام دەۋىتىدە ئورۇن يوق، چۈنكى بۇ دىنىنىڭ دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپى بار. ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئېلان قىلماقچى بولغان شىركەتلەر تاۋارلىرىغا خېرىدار تېپىش يولىدا، قانداق يول تۇتۇشقا ۋە خالىغانچە ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلىپ چىقىشقا ھەقلىقتۇر، چۈنكى شىركەت ئاشۇلارنىڭدۇر. ئەمما دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلار ۋە دىن نامىدىن سۆزلىگۈچىلەرنىڭ مۇنداق قىلىشقا ھەققى يوق، چۈنكى بۇ دىن — ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدۇر. دەۋەتچىلەر دىنغا پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بەلگىلەپ كۆرسەتكەن ئۇسۇل ۋە پرىنسىپ ئىچىدىلا دەۋەت قىلالايدۇ. ئۇنىڭدا بولمىغاننى ئېيتالمايدۇ ۋە ئۇنىڭدا بولغاننى قالدۇرۇپ قويالمايدۇ.

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا يۈرەك سۆزلىرىم

شەكسىزكى، ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش دىنىمىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى چاقىرىقى ۋە ئىمانىنىڭ تەلىپىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿فَٱعْلَمْ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ﴾ «بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر»[1] دېيىش ئارقىلىق ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل بولغان كەلىمە تەييىبەنى بىلىپ تۇرۇپ ئېيتىش كېرەكلىكىگە ئىشارەت قىلغان. دېمەك، ئىمان — ئىلىمسىز كامىل بولمايدۇ، ئىمانىنىڭ كامالىتى ئىلىم بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِى ٱلَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى: <بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟!>»[2] دېيىش ئارقىلىق ئىلىمنىڭ قەدرىنى كۆتۈرگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئەڭ كاتتا ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا كىرگەن ئادەم ئىبادەت ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. دىنىمىزدا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىشنى تەلەپ قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان بىرلا نەرسە ئىلىمدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿رَّبِّ زِدْنِى عِلْمًا﴾ «ئى رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن»[3] دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان. ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ چېكى يوق. قانچىلىك كۆپ ئوقۇسا، قانچىلىك كۆپ ھاسىل قىلىشنى تىلىسە شۇنچە ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر.

ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ۋە بەزى ئاپەتلەرگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. ئۆتمۈشلەردە يوقسۇللۇق، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن دۆلەت ئاتلاشنىڭ جاپاسى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقلاردىن سانىلاتتى. بۇ ئىككى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلالىغان تالىپلار كۆزلىگەن مەنزىلىگە ئاسان يېتىپ بارالايتتى. ئەمدى زامان ئۆزگەردى، قىيىنچىلىقلاردىن بەكرەك ئاپەتلەر كۆپەيدى. ئۆتمۈشتە ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق يوقسۇللۇق بولسا، زامانىمىزدا

[1] مۇھەممەد سۈرىسى 19 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] زۇمەر سۈرىسى 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] تاھا سۈرىسى 114 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ ئاپەت بايلىق، راھەت، ئىنتېرنېت، يانفون قاتارلىقلار بولۇپ قالماقتا. بۇ ئاپەتلەر ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ئاپەتلەرنى يېڭىپ چىققانلارنىڭ مەنزىلگە يېتىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدا ئەلۋەتتە شەك يوق. مەن بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇندىن 30 يىل ئىلگىرى بىز ئەزھەر ئىلىمگاھىغا بېرىپ ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئىچىدە ئىدۇق، بىز ئوتتۇزغا يېقىن ئۇيغۇر تالىپلار ئىدۇق، ئۇ چاغلاردا ھەممىمىز يوقسۇل ئىدۇق، قىيىنچىلىقلىرىمىز كۆپ ئىدى؛ ئەمما ئىرادىمىز قەتئىي، ئۈمىدىمىز چەكسىز، ئۇتتۇق قازىنىشقا بولغان ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى. بىزنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشكە ۋاقتىمىز يوق ئىدى، يانفون دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ھازىرقى كاتتا بالا بولغان ئىنتېرنېت ئۇ زامانلاردا يوق ئىدى. مەسىردا ئوقۇش، ئۆگىنىش، دەرس تەكرارلاشتىن باشقا ئىشىمىز يوق ئىدى، ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىمىز ئائىلىمىزدىن كېلىدىغان بىر پارچە خەت ئىدى. كەلگەن خەتنى دەرھال ئېلىپ ئوقۇشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى، دوستلارنىڭ ئائىلىسىدىن كەلگەن خەتنى ئېلىۋېلىپ، خەت ئىگىسى بىزگە ئوبدان بىر چاي دەملەپ بەرگەندىن كېيىن، چاي ئىچىپ بولۇپ ئاندىن خېتىنى بېرەتتۇق، شۇ چاغدىلا خېتىنى ئوقۇيالايتتى. بۇ بىزدە ئومۇملاشقان قائىدە- يوسۇن بولۇپ قالغان ئىدى. ئەمما بۇ ئەھۋال بىز ئۈچۈن شۇنچىلىك شېرىن، شۇنچىلىك خۇشاللىق ۋە ھۇزۇرلۇق ئىدى.

بىزدە كىنوغا بېرىش، توپ كۆرگىلى بېرىش، بىرەر ۋاخ نامازدا مەسجىدكە چىقماسلىق قاتتىق ئەيىب سانىلاتتى. بۇ ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن بىر-بىرىمىزدىن قاتتىق ھايا قىلاتتۇق. بۇنداق ئىشلار ھەرگىز تەكرارلىنىپ قالمايتتى. ۋاقىتنى ئىنتايىن چىڭ تۇتاتتۇق، بارچە ۋاقتىمىز دەرس مۇزاكىرە قىلىش، ئۇستازلاردىن دەرس ئېلىش، مەكتەپكە بېرىش، تاماق ئېتىش ياكى قاچا يۇيۇش بىلەن ئۆتەتتى. بىزگە بېرىلىدىغان ئوقۇش پۇلى چەكلىك بولغانلىقتىن، ھەر كۈنى گۆشلۈك تاماق يېيەلمەيتتۇق، ھەپتىدە ئالتە كۈن تاماقنى تۇخۇمدا، بىر كۈن گۆش بىلەن ئېتەتتۇق.

بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چەتئەلدە قالىمىز دەپ ئويلىمايتتۇق، ھەممىمىزنىڭ نىشانى ۋەتەن ئىدى، ۋەتەنگە بېرىپ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىمىزگە پۈتكەن ئىدۇق. بىزدە بىر نەرسە ناھايىتى ئېنىق ئىدىكى، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ئىشەنچ قىلىش ئىدى. باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ساۋاقداشلىرىمىز بىزدىن «سىلەر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ نەدە ئىشلىمەكچى؟» دەپ سورىسا، بىز ئۇلارغا: «نەدە ئىشلەشنى بىلمەيمىز، چۈنكى بىز دۆلەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئەمەس، پەقەت ئۆز ئىقتىسادىمىز ۋە ئۆز قىزغىنلىقىمىز بىلەن كەلگەن،

بىز پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتىمىز» دەپ جاۋاب بەرگىنىمىزدە، ئۇلار بىزگە قاراپ كۈلەتتى ۋە: «سىلەر بەكمۇ ساددا باللار ئىكەنسىلەر» دەيتتى. چۈنكى باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن تالىپلارنى ئۆز دۆلىتى ياكى بىرەر جەمئىيەت ئىگە بولۇپ ئەۋەتەتتى، ئوقۇش پۈتكەندە ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەۋەتكەن ئورگاندا ئىشلەيتتى.

ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا تۆۋەندىكى يۈرەك سۆزلىرىمنى ۋە ئاجىزانە تەۋسىيەلىرىمنى قىلغۇم كېلىدۇ:

### *1. ئىخلاس*

«ئىخلاس»نىڭ لۇغەت مەنىسى — بىر نەرسىنى باشقىسىدىن تاللاپ ئايرىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ھەر قانداق بىر ئىشنى خالىس ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، دىندا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلىش دېمەكتۇر. ئىخلاس — قەلب قېتىدىن كەلگەن سەممىي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن ساداقەتتۇر. ئىخلاسنىڭ ئەكسى رىيادۇر. قىلىنغان ئىبادەت ۋە ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشلاردا ھېچقانداق بىر دۇنيالىق مەنپەئەت ياكى پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى مەقسەت قىلىش ئىخلاسنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان ئادەمنىڭ قەلبىدە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشتىن باشقا غەرەز بولماسلىقى شەرتتۇر. مال- دۇنيا، مەنسەپ، ئابرۇي قاتارلىق دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى كۆزلىمەي، پەقەت ئاللاھ تائالانى رازى ۋە مەمنۇن قىلىش نىيىتى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلغان ئادەمنىڭ بۇ جەرياندىكى ھاياتى پۈتۈنلەي ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. بۇنىڭدا مەيلى دىنىي ئىلىم بولسۇن ياكى پەننىي ئىلىم بولسۇن پەرقى يوقتۇر، چۈنكى ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا تەھسىل قىلىنغان بولغاچقا، ئوخشاشلا ئەمەل- ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما دىنىي ئىلىمنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىدىن باشقا بىر غەرەز بىلەن ئوقۇغان ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئوقۇشقا تېگىشلىك ئىلىمنى مال- دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئوقۇيدىكەن، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ».[1]



[1] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.. ھاكىم «سەھىھ» دېگەن. ئىمام نەۋەۋى «رىيادۇسسالىھىن» ناملىق ئەسىرىدە نەقىل قىلغان.

## 2. تەقۋالىق

«تەقۋا» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى — كۆچلۈك بىر ھىمايىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ئۆزىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش دېمەكتۇر. تەقۋانىڭ ئىسلام ئاتالغۇسىدىكى مەنىسى بولسا، ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغا قويۇش ئارقىلىق بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىگە زىيان ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان ھەر قانداق ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلاش ۋە ھەر تۈرلۈك گۇناھ- يامان ئىشلاردىن چېكىنىپ، ياخشى ئەمەللەر دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىش دېمەكتۇر.

تەقۋادارلىق پەقەت ئىماندىن كېيىن كېلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ شۇ ئىمانىنى تاكى ئاللاھ تائالاغا ئۇچراشقۇچە ساغلام ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن كۈچلۈك بىر ھىمايە ئاستىغا كىرىشى ئەقىل ۋە ئىماننىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ھىمايە ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىدۇر. تەقۋالىققا توسقۇن بولىدىغان بەزى ئامىللار بار. ئۇلار غەپلەتتىن ئىبارەت ئىنساننى ھوشيارلىقتىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، شەرئى تەكلىپلەرگە ئېتىبارسىز قارايدىغان بىغەملىك ۋە دۇنيادا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ئىنساننى ئالدايدىغان ھېسلاردۇر. ئۇلار ئىنساننىڭ تەقۋادارلىقتا مۇستەھكەم تۇرۇپ ئىش ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ چوقۇم ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىشى شەرتتۇر، چۈنكى دىنىي ئىلىم ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئىنئامى ۋە مۇكاپاتى بولۇپ، ئۇ پاسىق كىشىلەرگە مەنپەئەت بېرىلمەيدۇ. بەزى پاسىق كىشىلەر گەرچە ئەرەب تىلىنى ھەممىدىن ئوبدان راۋان سۆزلىگەن ۋە يازالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ نۇرىدىن مەھرۇم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن كىشىلەرگە ئىلىم- ھېكمەت يەتمەيدۇ، تەقۋالىق يوقمايدۇ، ئومۇم خەلق تەرىپىدىن سۆيۈلمەيدۇ ۋە گەپ- سۆزىنىڭ تەسىرى بولمايدۇ. شۇڭا ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى تەقۋالىقنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا دائىم ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ تۇرۇشنى، ئاللاھ تائالادىن مەنپەئەتلىك ئىلىم تىلەشنى قەتئىي قولدىن بەرمەسلىكى لازىم. تەقۋالىق بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ تۇرۇش ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قورالى بولۇشى كېرەك.

## 3. ئەمەل

بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن ئۆگەنگەنلىرىگە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەل قىلىش ئايرىم بىر پەرزدۇر. تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆگەنگەنلىرىنى ھاياتىغا تەتبىق قىلىشنى ئۆگىنىشكە مەجبۇردۇر. ئەگەر بۇنداق

بولمىغانـدا، ئۇلارنىـڭ ئوقۇغانلىرىنىـڭ مېۋە بېرىشـى ۋە كىشـىلەرگە ئىلىـم - ئېرپـان يەتكۈزەلىشـى قىيىنـدۇر، چۈنكـى خەلـق ئۆلىمالارنىـڭ ئۆزلىـرى تەبلىـغ قىلىۋاتقـان شـەرىئەتكە قانچىلىـك ئەمـەل قىلىۋاتقانلىقىغا ۋە ئەخلاقىغا قـاراپ ئۇلارغا ئەگىشـىدۇ. دېمەك، ئوقۇغۇچىلىـق دەۋرى ھـەم بىلىمگەنلەرنـى ئۆگىنىـش، ھـەم ئۆگەنگەنلىرىنـى ھاياتقـا تەتبىـق قىلىشـقا ئۆزىنـى كۆنـدۈرۈش ۋە ئادەتلىنىــش دەۋرىــدۇر. ئەمەلسىـز ئىلىـم پايـدا بەرمىگەنـدەك، مۇنـداق ئىلىمنىڭمـۇ ئالـلاھ تائالانىـڭ نەزىرىـدە قىلچـە قىممىتـى بولمايـدۇ. ئالـلاھ تائـالا ئۆگەنگەنلىرىگـە ئەمـەل قىلمايدىغانلارغـا قاتتىـق كايىـپ مۇنـداق دېگـەن: ﴿يَٰٓأَيُّهَـا ٱلَّذِيـنَ ءَامَنُـواْ لِـمَ تَقُولُـونَ مَـا لَا تَفۡعَلُـونَ ٢ كَـبُرَ مَقۡتًـا عِنـدَ ٱللَّهِ أَن تَقُولُـواْ مَـا لَا تَفۡعَلُـونَ ٣﴾ «ئـى ئىمـان ئېيتقانـلار! سـىلەر نېمـە ئۈچـۈن قىلمايدىغـان ئىشـنى (قىلىمىـز) دەيسـىلەر؟ [2﴿ سـىلەرنىڭ قىلمايدىغـان ئىشـنى (قىلىمىـز) دېيىشـىڭلار ئاللاھنىـڭ دەرگاھىـدا ئـەڭ ئـۆچ كۆرۈلىدىغـان ئىشـتۇر [3﴿»[1].

### 4. ئابرۇيىنى ساقلاش

ئىلىــم تەھسـىل قىلغۇچىلارنىــڭ ئىسـلامىي گـۈزەل ئەخـلاق بىلـەن تولـۇق زىننەتلىنىشـى، تەقۋالىـق بىلـەن قوراللىنىشـى، ئۆزىنىـڭ ئابرۇيىنـى ساقلىشـى، كىشــىلەرنىڭ نەپرىتىنــى قوزغـاپ قويىدىغـان ئىشــلاردىن ۋە جايلاردىــن يىــراق تۇرۇشـى، ئىلىـم - مەرىپـەت چېچىشـتا ۋە گـۈزەل ئەخلاقتـا باشـقىلارغا ئۈلگـە بولـۇش ئۈچـۈن تىرىشىشـى ئىنتايىـن زۆرۈردۇر. چۈنكـى ئوقۇغۇچىلىـق دەۋرى ئاسـاس سېلىش دەۋرى بولـۇپ، تەقۋالىقتـا، ياخشـى ئىشـقا، گـۈزەل ئەخلاققـا ئاسـاس سـالغانلار ئوقـۇش پۈتتـۈرۈپ جەمئىيەتكـە چىققانـدىــن كېيىــن خەلــق تەرىپىدىــن قوبـۇل قىلىنىـش ۋە ئېتىـراپ قىلىنىـش شـەرىپىگە نائىـل بولـىدۇ. خەلـق تەرەپتىـن قوبـۇل قىلىنىـش ھەرگىزمـۇ ئاددىـي ئىـش ئەمـەس، چۈنكـى سـىزنىڭ دېگىـزدەك چوڭقـۇر ئىلمىڭىــز بولســىمۇ، ئەخلاقىڭىــز ناچـار بولسـا ياكـى سـىز مۇسـۇلمانلار ئاممىسـى تەرەپتـە ئىكەنلىكىڭىـز شۈبھىلىك بولسا ۋە ياكـى پاسـىق بولسـىڭىز خەلـق سـىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىـن تارقـاپ كېتىـدۇ، سۆزىڭىزنى ئاڭلىمايـدۇ. بـۇ چاغـدا سـىز بىـر ئۆمـۈر جاپـا تارتىـپ تەھسـىل قىلغـان ئىلمىڭىزنـى خەلقىڭىزگـە يەتكۈزەلمەيسىز. مۇسـۇلمانلار ئاممىسـى تەرىپىدىـن قوبـۇل قىلىنمىغـان ئالىمـلار ھـەر كاتتـا ئەسـەرلەرنى يازسـىمۇ خەلـق ئۇنـى ئوقۇمايـدۇ، نەتىجىـدە خەلـق ئۇنىـڭ ئىلمىدىـن نـەپ ئالالمايـدۇ. بـۇ بىـر رېئاللىـق بولـۇپ، بـۇ خىـل ئەھـۋال ھەممـە جايـدا ئوخشاشـتۇر، بۇنىـڭ مىسـاللىرى ئىنتايىـن كـۆپ.

[1] سەف سۈرىسى 2 - ۋە 3 - ئايەتلەر

## 5. ئىرادىلىك بولۇش

ئىلىم تەھسىل قىلىش سەپىرى ئۇزۇن يىللىق، مۇشەققەتلىك بىر سەپەر بولۇپ، بۇ سەپەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئوزۇقى سەۋرچانلىق، چىدامچانلىق ۋە توختىماستىن تىرىشىشتۇر. ئادەتتە بىر ئىنسان بەش- ئالتە يىل ئوقۇپ دوختۇر بولالايدۇ، بوغالتىر بولالايدۇ ۋە ھەر قانداق بىر كەسىپنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ. ئەمما بىر تالىپ بەش- ئالتە يىلدا ئالىم بولالمايدۇ، مۇدەررىس بولالمايدۇ. شۇڭا دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىش مۇساپىسى ئىنتايىن ئۇزۇن بولغان ۋە كۆپلىگەن سەۋر- تاقەتنى تەلەپ قىلىدىغان يولدۇر. بۇ يولغا كىرگەن ئادەم چوقۇم سەۋرچان، چىدامچان، ئىرادىلىك ۋە قەتئىي بولۇشى لازىم. بۇنداق بولمىغاندا ئوتتۇرا يولدا چۈشۈپ قالىدۇ. ئوتتۇرا يولدا چۈشۈپ قالغانلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا خەلقنىڭ بېشىغا چوڭ بىر ۋابا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار ئوقۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ چىقالماي ئوتتۇرا يولدا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، خەلقتىن ئۇيالغانلىقتىن، بىلمەيمەن دېيىشتىن نومۇس قىلىپ، تېخىمۇ توغرىسى نەپسى غالىب كېلىپ دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە كەلسە- كەلمەس سۆزلەرنى قىلىدۇ، پەتىۋا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنى ئازدۇرىدۇ. شۇڭا ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا كىرگەنلەر ئۆزىنى ئىبادەت ئۈستىدە ھېس قىلىشى، سەۋرچان بولۇشى، توختىماستىن ئالغا ئىلگىرىلىشى لازىم.

## 6. ئۈمىدۋار بولۇش

ۋەتىنىدىن، ئاتا- ئانىسىدىن ۋە قەۋم- قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ يىراقلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلارنىڭ ئۆزىنى كاتتا نېمەت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ تولىمۇ بەختلىك ساناتقۇزىدىغان، يۈرىكىنى شادلاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل — ئۈمىدتۇر. ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى بۇ ئۇزۇن يىللىق ئوقۇشنى پەقەت ئۈمىدۋارلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەنلا يېڭىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ ھەمدە بۇ يولدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ بۇرۇقتۇم كۆڭلىرىدە ئۈمىد خۇددى قاراڭغۇدىكى مەشئەلگە ئوخشاش ئۇنىڭ كۆڭلىنى يورۇتىدۇ ۋە ئۇنى يولىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. قانداقلا بىر ئىنسان ھەر قانداق بىر ئىشتا ئۈمىدسىزلىككە ئۇچرىغان ھامان ئۇنىڭ يورۇق دۇنياسىنى قاراڭغۇ باسىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گاڭگىراشقا باشلايدۇ. شۇڭا ئوقۇش ھاياتىنى جۇشقۇنلۇق، ئازادىلىك ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىنتىرىگۈچى كۈچكە سەۋەب بولىدىغان ئۈمىدۋارلىقنى ھەر ۋاقىت قولدىن بەرمەسلىك ھەمدە ئۈمىدسىزلىكنىڭ غالىب كېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. خەلقىمىزدىمۇ «ئۈمىدسىزلىك — شەيتاندۇر» دەيدىغان ماقال بار.

بۇندىن ئۇتتۇز يىل بۇرۇنمۇ چەتئەللەردە دىنىي بىلىمگاھلاردا ئوقۇۋاتقانلارنىڭ كېلەچىكى قاراڭغۇ ئىدى، ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نەگە بېرىشىنى پىلانلىيالمايتتى، ھازىرقى ئەھۋال ھەم شۇنداق. چۈنكى بىزنى قوينىغا باسىدىغان ۋە قوللايدىغان دۆلىتىمىز يوق. ئەمما ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ھىمايىچىمىزدۇر، ئاللاھ تائالاغا چىن يۈرەكتىن ئىشەنچ قىلىپ، ئۇنىڭغا تايانساقلا، ئاللاھ تائالا بىزنى ھەرگىز نائۇمىد قويمايدۇ، بىزنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە بىزنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويمايدۇ. شۇڭا ئۈمىدنى بىر ئاللاھ تائالادىنلا كۈتۈپ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن يولىمىزغا داۋام قىلىشىمىز لازىم. «ئىلىم تەھسىل قىلىپ دىنىمغا، خەلقىمگە خىزمەت قىلىمەن» دېگەن ئىرادىمىزدە سەمىمىي ۋە راستچىل بولساق، ئاللاھ تائالا بىزگە ھەر تەرەپتىن ياردەم قىلىدۇ ۋە بىزنى چوقۇم شۇنىڭغا مۇيەسسەر قىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## 7. مەۋقە ئېنىق بولۇش

ئوقۇغۇچىنىڭ مەۋقەسى، مەيدانى ئېنىق، ئىمانى كامىل، ئەقىدىسى دۇرۇس بولۇشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. قىسقىسى، ئوقۇغۇچى ئۆز خەلقىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، باشقىلارنىڭ دېپىنى چالمايدىغان، ھەر دائىم ھەق تەرەپتە تۇرىدىغان بولۇشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. چۈنكى ئۇ ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ ھىمايىچىسىدۇر، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى ھەقنى بەرپا قىلىش بىلەن بولىدۇ. ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەۋقەسى، مەيدانى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا ئېنىقلىنىشقا باشلايدۇ. ئۆز خەلقىگە ئۈلگە بولىدىغان، ئۇلارغا يول كۆرسىتىدىغان رەببانىي ئالىم ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىلا ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا باشلايدۇ. ئۇنى قوللايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلارمۇ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمما ۋەزىيەتكە قاراپ بىردەم خەلق تەرەپتە، بىردەم بېسىمدارلار تەرەپتە تۇرىدىغان ئادەملەرنى خەلق ياقتۇرمايدۇ ۋە ئىشەنچ قىلمايدۇ. مەۋقەسى، مەيدانى ئېنىق ۋە ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرىدىغان ئالىملارنى خەلق قوللايدۇ، ئارىسىغا ئالىدۇ ۋە قوغدايدۇ. بىزنىڭ كېلەچەك دىنىي ئالىملىرىمىز ئەنە شۇنداق خەلقنىڭ قوللىشىغا، ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيدىغان، ئۈلگىلىك، مەۋقەسى مۇستەھكەم، ھەق مەيدانى ئېنىق كىشىلەردىن بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، مۇساپىرچىلىقتا غۇربەتچىلىك دەردىنى تارتىپ ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلىش ئاخىرى دۇنيا-ئاخىرەتلىك خارلىق ۋە مەنپەئەتسىزلىكتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. بۇ بەك خەتەرلىك ئىشتۇر. شۇڭا مەيدانسىزلىقتىن ساقلىنىش، ئىرادىلىك، ھەق مەۋقەسى ئېنىق، سۆزى كەسكىن، ئۆزى دادىل بولۇش كېرەك.

### 8. ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش

ئوقۇغۇچىنىڭ ئىشى ئۆگىنىشتۇر. ئوقۇغۇچى مەيلى قانچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى بىلىپ بولغان بولسىمۇ، يەنىلا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ ياشلىق باھارى، ئۆمرى، پۈتۈن ۋاقتى بىلىمگەنلەرنى ئۆگىنىشكە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشى ئۆگىنىشتۇر. بۇنى ھەربىر ئوقۇغۇچى قەتئىي ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىم. قانچىلىك كۆپ تىرىشسىڭىز، قانچىلىك كۆپ ئوقۇسىڭىز، قانچىلىك كۆپ ئۆگەنسىڭىز، شۇنچىلىك كۆپ بىلىملەرگە ئېرىشەلەيسىز.

مەن ساۋاقدىشىم ئابدۇلئەھەد ھافىز بىلەن مۇسابىقىلىشىپ، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى سىنىپىدىن تۆتىنچى سىنىپىغا ئاتلىماقچى بولغاندا، ئۈچىنچى يىللىقنىڭ بارلىق كىتابلىرىنى تولۇق ئوقۇپ ھەممىسىدىن ئىمتىھان بېرىشكە مەجبۇر ئىدۇق، شۇڭا بىز قاھىرەنىڭ ئابباسىيە دېگەن رايونىدىكى بىر مەسجىدكە پېشىن نامىزىغا كىرگەنچە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ چىقاتتۇق. بۇ ئارىدا بوشاشماستىن كىتاب ئوقۇيتتۇق، دەرس مۇزاكىرە قىلاتتۇق. بەزىدە بىرەر كىتابنى تولۇق ئوقۇپ بولغان كۈنلىرىمىزمۇ بولغان. كۈنىگە يىگىرمە سائەت ئەتراپىدا دەرس مۇزاكىرە قىلغان ئىدۇق. بەختىمىزگە يارىشا مۇسابىقە ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ تۆتىنچى سىنىپقا كۆچەلىدۇق.

### 9. جاپا چېكىش

ئانا ۋەتەندىكى ئۇستازلىرىمىز ھەمىشە بىزگە: «رىيازەت چېكىڭلار، تالىپ دېگەن چوقۇم رىيازەت چېكىشى كېرەك، راھەت ھاياتتا ئىلىم ئىگىلىيەلمەيسىلەر» دەيتتى. شۇ چاغدا مەن بۇ سۆزلەرگە قايىل ئەمەس ئىدىم. لېكىن مەن مىسىردا ئوقۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنىڭ راھەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. بىز مەكتەپ ياتىقىنىڭ سىرتىدا ئۆزىمىز ئۆي ئىجارە ئېلىپ، بىر ئۆيدە ئالتە- يەتتە كىشى ئولتۇرغان چاغلىرىمىزدا، كۆپ جاپا چەككەن ئىدۇق. مەكتەپتىن ئاچ قورساق كېلىپ بىر تەرەپتىن تاماق ئېتىش، بىر تەرەپتىن دەرس مۇزاكىرە قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆينى تازىلاش قاتارلىق ئىشلار كۆپ ۋاقتىمىزنى ئېلىپ كېتەتتى، ئەمما دەرس مۇزاكىرە قىلىش ئەڭ ئالدىنقى ئىشىمىز ئىدى. مەكتەپ ياتىقىغا كىرەلمىدۇق دەپ ھەسرەتلىنەتتۇق. «مەكتەپ ياتىقىغا كىرەلىگەن بولساق كۆپ دەرس تەكرارلاپ ياخشى ئوقۇيتتۇق» دەپ ئۆزىمىزگە سۆز بېرەتتۇق ۋە كىرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتۇق. نەتىجىدە، ئاخىرقى ئۈچ يىلىمىزنى مەكتەپ ياتىقىدا ئۆتكۈزۈش بىزگە نېسىپ بولدى. ئەمما ئوقۇشىمىز ۋە تىرىشچانلىقىمىز تۆۋەنلەپ كەتتى، چۈنكى بىز مەكتەپ ياتىقىدا ھەربىرىمىز

بىردىن ياتاققا ئېرىشىپ مۇستەقىل بولغان، دوستلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان، ئازادىچىلىك ۋە راھەتكە چىققان ئىدۇق. بىز بۇلارغا ئېرىشىش بىلەن ئوقۇشىمىزدىكى ئاكتىپلىق ۋە تىرىشچانلىقنى قولدىن بېرىپ قويغىنىمىزنى بىلمەيلا قالدۇق. ھەممىمىز دېگۇدەك ئوقۇشتا ئارقىغا چېكىنىپ كەتتۇق. مەسىلەن، مەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاخىرقى يىلىدا بىرىنچى قېتىملىق ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قايتا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم. دېمەك، بىزنىڭ راھەتكە چىقىشىمىز ئوقۇشىمىزنى كەينىگە چېكىندۈرۈۋەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ سۆزگە قايىل بولدۇمكى، ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى راھەتكە بېرىلمەسلىكى لازىم ئىكەن. ئىنسان بىر نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئىستىكىدە يۈرگىنىدە ئۇ تىرىشچانلىق ۋە جەڭگىۋارلىق ئىچىدە بولىدىكەن، ئەمما ئۇ ئىستىگەنلىرىگە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىنلا ئارقىغا چېكىنىپ كېتىدىكەن. بىزنىڭ شۇ جاپالىق ئوقۇش يىللىرىمىزدا مەكتەپ ياتىقىغا ئورۇنلىشىپ، چۈشتە دەرستىن چىققاندا ئاچ قورساققا تەييار تاماقنى يېيىش ئىستىكىمىز بىزنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيىمىزغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى، شۇڭا ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولغاندا بۇ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشقان بولدى، ئەمما بىزدىكى ئېنېرگىيە ۋە تىرىشچانلىق ھەممىسى يوقاپ كەتتى. تارىخلارغا قارايدىغان بولساقمۇ، ھېچبىر كاتتا ئۆلىمانىڭ راھەت ئىچىدە ئوقۇغانلىقىنى كۆرمەيمىز. ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ئۆتكەن كاتتا ئۆلىمالارنىڭ ھېچبىرى ئېسىل قەسىرلەردە، ھەممە ئېھتىياجى تەل بولغان ئائىلىلەردە يېتىشىپ چىققان زاتلار ئەمەس. ئەكسىچە، مۇتلەق كۆپ سانلىقى يوقسۇللۇق، يېتىملىك ئىچىدە ئۆسكەن. كاتتا مۇپەسسىرلەر، مۇھەددىسلەر ۋە فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ كۆپلىرى ھەتتا قۇل ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى سۆزلىنىدۇ.



### *10. ئىجتىمائىي تەشۋىقات ۋاستىلىرىگە چەك قويۇش*

شەكسىزكى، ئىنتېرنېت بىلەن يانفون ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ خەتەرلىك ۋە ئەڭ زىيانلىق ئاپەتلىرى بولۇپ، بۇلاردىن قانچىلىك يىراق تۇرالىغانلار شۇنچىلىك پايدا تاپىدۇ، قىممەتلىك ۋاقتىنى پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلالايدۇ. چۈنكى بۇ ئىككىسى ۋاقىتنى ئۆلتۈرۈشنىڭ، ئۆمۈرنى زايە قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى بولۇپ قالماقتا. ئىجتىمائىي تەشۋىقات ۋاستىلىرىگە چەك قويۇش ياكى ئالاھىدە مۇھىم بولۇپ قالغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا پۈتۈنلەي يىراقلىشىش ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغان مۇشۇ زاماندا، ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ زۆرۈردۇر. ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلار ئەگەر ئىجتىمائىي تەشۋىقات ۋاستىلىرىگە سەرپ قىلغان ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە دەرس

مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان بولسا، ئوقۇشىدا چوقۇم غەلىبە قازانماي قالمايدۇ. چۈنكى ۋاقىت — ئۆمۈردۇر، ۋاقىت — ھاياتتۇر. ۋاقىتنى پۇلغا سېتىپ ئالغىلى بولمىغاندەك، مەنىسىز ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. خەلقىمىز بۇ ھەقتە «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان.

ئىجتىمائىي تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىگە بېرىلىپ كېتىشنىڭ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتىن باشقا يەنە كۆپلىگەن زىيانلىق تەرەپلىرى بار. ھازىرقى زامان تېببىي مۇتەخەسسىسلىرى يانفون، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت، ۋايفاي قاتارلىق نەرسىلەردىن تارقىلىدىغان رادىياتسىيەنىڭ تەن ساغلاملىقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتە. ئۇلار ئاخشىمى ياتىدىغان ۋاقىتتا ئۆيدىكى ۋايفاي، كومپيۇتېر، تېلېۋىزور، ھەتتا توك مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىپ ئۇخلاش لازىملىقىنى قاتتىق تەكىتلىمەكتە.

ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋايفاي بىلەن ئىنتېرنېتكە خۇمار بولۇپ قېلىشى ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ زىيانلىق ئاپىتى ئىكەنلىكىنى تېببىي مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار توختىماستىن تۈرلۈك دەلىللەر بىلەن بايان قىلماقتا. ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ تارتىۋاتقان زىيانلىرىنى دەرھال ھېس قىلىشمىغان بىلەن، كېيىن قاتتىق پۇشايمان قىلىدىغانلىقى ھەقىقەت. بولۇپمۇ ئىلىم تەلەپ قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىجتىمائىي تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ۋاقىتنى ئوغرىلايدىغان دوستلىرىنى ئازايتمىسا چوقۇم زىيان تارتىدۇ. شەخسەن مەنمۇ فېيسبۇك ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىشتا ئۆزۈمگە ئاز ئىشلىتىش ئۈچۈن تەلەپ قويۇپ ئىشلەتسەممۇ يەنە بەزىدە نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىۋېتىمەن. مەن شۇنى بىلدىمكى، ئىجتىمائىي تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ بەزى پايدىلىق تەرەپلىرى بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىز كۆپ ئىكەن. ئىجتىمائىي تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن بىر سائەت ۋەز- نەسىھەت ئاڭلىغاندىن ۋە ماقالە ئوقۇغاندىن كۆرە، بىرەر كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر بەت ئوقۇغىنىمنىڭ پايدىسى نەق ۋە چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. بەلكىم نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمۇ بۇ جەھەتتە مەن بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولۇشى مۇمكىن.

### 11. ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش

ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى تولۇق ئۆگىنىش ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. چۈنكى ئۇستاز — قەدىرلىك ئىنسان ۋە بىزنى ئىلىم بىلەن سۇغارغۇچى باغۋەندۇر. بىر تال خورما چاغلىق نەرسىنى ھەدىيە قىلغان

ئادەمگە رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىش تەلەپ قىلىنغان يەردە، ئىنسانىنىڭ ئېغىزىغا ئىلىم سالغان، بىلىمگەنلىرىنى ئۆگەتكەن، قايمۇققان كاللىرىمىزنى توغرىغا يېتەكلىگەن، ئىلىم- مەرىپەت ئارقىلىق كۆز ئۇيۇقىمىزنى ئاچقان ئۇستازلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك بولسا ئەدەپسىزلىك ۋە نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ تالىپلار ئۇستازىنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى، نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلاتتى، گۈزەل ئەخلاقىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ئۆگىنەتتى. چۈنكى ئوقۇغۇچىلار ئىلىم ئىگىلەشنىڭ يولى مۇشۇ ئىدى.

ئۇستاز سىنىپقا كىرىشتىن ئاۋۋال كىرىپ ئولتۇرۇپ بولۇش، ئۇستاز كىرگەندە ئورنىدىن قوپۇپ ئۇستازغا سالام بېرىش، ئۇستاز سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ دىققەت بىلەن تىڭشاش، ئۇستازدىن سوئال سورىماقچى بولسا قولىنى كۆتۈرۈپ ئىجازەت ئېلىپ ئاندىن سوراش، ئۇستاز سىنىپتىن چىقىشتىن بۇرۇن سىنىپتىن چىقماسلىق، ئۇستاز بىلەن يۈرگەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش، ئۇستازغا گەپ قىلغاندا ئەدەپ بىلەن قىلىش قاتارلىقلار ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇستازىغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ قاتارىدىندۇر.

چەتئەللەردىكى بىلىمگاھلاردىكى ئۇستازلارنىڭ ھەممىسىلا ئالاھىدە ھۆرمەتكە لايىق بولمايدىغاندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن، چۈنكى مىسىردا بەزى ئۇستازلاردىن كۈتكەنلىرىمىزنى تاپالمايتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ بىزگە ئىلىم ئۆگەتكەن ئۇستازلارنى يەنىلا ھۆرمەتلەش كېرەك. چۈنكى ئۇلار بىزگە ئىككى دۇنيالىق ئەزىزلىكنىڭ كاپالىتى بولغان ئىلىم- مەرىپەت سىڭدۈردى ئەمەسمۇ؟! توغرا، چەتئەللەردىكى ئۇستازلار ئانا ۋەتىنىمىزدىكى تەقۋادار، پىداكار، ئۈلگىلىك، مېھرىبان ئۇستازلىرىمىزدەك بولالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما بىزنىڭ قەلبىمىزگە ئىلىم- ئېرپان چاچقان ئادەم بىز ئۈچۈن ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك ۋە قەدىرلىك بولۇشقا تېگىشلىكتۇر.

# ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى

ئىختىلاپ قىلىش ئىنسان بالىسىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ چۈشەنچىسى يەنە بىر ئادەمگە ئوخشىمايدۇ، بۇ تەبىئىي ئەھۋال. ئىختىلاپقا توغرا يوسۇندا مۇئامىلە قىلىنسا، ئىختىلاپنىڭ ھېچبىر زىيىنى بولمايدۇ. ئەمما ئىختىلاپنى بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش ۋە دۈشمەنلىشىشنىڭ قالقىنى قىلىۋېلىش ئېغىر گۇناھ ۋە چوڭ جىنايەتتۇر. ئۆلىمالار: «ئىختىلاپ بىر رەھمەتتۇر» دەيدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىختىلاپ قىلىشقا ئۈندىگەنلىك ياكى ئۇنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى بۇ يەردىكى «رەھمەت»تىن كەڭچىلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



## مەزھەپنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

«مەزھەپ»نىڭ لۇغەت مەنىسى بارىدىغان جاي دېگەنلىك بولۇپ، شەرئى ئىستىلاھتا مەزھەپ سۆزى — دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار دېمەكتۇر.[1]

مەزھەپلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ساھابىلەرنىڭ زامانىدىلا باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان. مەسىلەن، ئائىشە ئانىمىز، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن مەسىلىلەرگە قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ روھى بويىچە جاۋاب تېپىشتا، ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەزھىپى (رەيى ۋە قارىشى) بولغان. كېيىنچە تابىئىن (ساھابىلەرنى كۆرگەن ۋە شۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان ئەۋلاد)نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە مەزھەپلەر كۆپىيىشكە باشلىغان. ھەتتا مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىدىلا يەتتە چوڭ ئالىمنىڭ مەزھىپى ئوتتۇرىغا چىققان.[2]

## مەزھەپلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى

ئىسلام دىنىدا مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۆرتكە بولغان سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

---

[1] «الفقه الإسلامي وادلته» 1 - توم 18 - بەت

[2] «الفقه الإسلامي وادلته» 1 - توم 18 - بەت

### 1. ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى.

بۇ — سۆزلەرنىڭ مۇجمەللىكى ياكى ئام ۋە خاسلىق ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ۋە ياكى ھەقىقىي مەنە بىلەن مەجازىي (مەقسەت قىلىنمىغان) مەنىسى ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىندۇر. مەسىلەن، ئەرەب تىلىدىكى «قۇرۇئ» سۆزى بىر تەرەپتىن ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرۈشىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ھەيزدىن پاكلانغانلىقىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ؛ «ئەمر» سۆزى بىر تەرەپتىن پەرزنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاجىب ياكى مۇستەھەب (ياخشى كۆرۈلگەن ئىش)نىمۇ ئىپادىلەيدۇ؛ «نەھيى» سۆزى بىر تەرەپتىن ھارامنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەكرۇھنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿لَآ إِكْرَاهَ فِي ٱلدِّينِ﴾ «دىندا زورلاش يوق» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىماڭلار» دېگەن مەنىدىكى چەكلەشنى ئىپادىلەمدۇ ياكى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىمىدۇق» دېگەن مەنىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىشنىمۇ؟ ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي دالالىتى ۋە مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر خىل بولمىغانلىقتىن ھەرخىل مەزھەپلەر كېلىپ چىققان. ھەتتا ساھابىلەرنىڭمۇ بەزى ئايەت- ھەدىسلەرنى چۈشىنىشى بىر خىل بولمىغان.

### 2. نەقىل قىلىنغانلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى.

بۇ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ:

(1) بەزى ھەدىسلەر بەزى ئۆلىمالارغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، باشقىلىرىغا يېتىپ بارالمىغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى دىن تارقىتىش ئۈچۈن ھەرقايسى قىتئەلەرگە تارقاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلاردىن ھەر بىرى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىلا يەتكۈزەتتى.

(2) ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئىشەنچسىز يول بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەن، باشقا بىرىگە بولسا شۇ ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرگەن.

(3) ئۆلىمالاردىن بەزىلىرىگە ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن شەرتلىرىگە توغرا كەلمىگەن. مەسىلەن، ئىمام ئەزەمنىڭ دەۋرىدە ئىراقتا يالغان ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن ئويدۇرۇپ چىقىش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان ئىدى. شۇڭا ئىمام ئەزەم ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا شەرتنى بەكمۇ ئېغىر ۋە چىڭ

188

قويغان. ھەتتا كۆپچىلىك ئۆلىمالار قوبۇل قىلغان ھەدىسلەرنى ئىمام ئەزەم قوبۇل قىلمايتتى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتىكى ئىراقنىڭ شارائىتىدا راست ھەدىس بىلەن يالغان ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىش ئىشى ناھايىتى قىيىن ئىدى.

3. ئۆلىمالاردىن ھەر بىرىنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن قانۇن چىقىرىش پىرىنسىپى يەنە بىر ئالىمنىڭ پىرىنسىپىغا ئوخشاش بولمىغان.

4. قىياسقا كۆرە ئىجتىھاد قىلىش ئۇسۇلى ھەر بىر ئالىمنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش بولمىغان.

5. شەرىئەت دەلىللىرىدىن بىرىنى يەنە بىرىگە ئۈستۈن قىلىش مەسىلىسىدە ھەممە ئۆلىمانىڭ پىرىنسىپى ئوخشاش بولمىغان.[1]



[1] «الفقه الإسلامي وادلته» 1 - توم 29 - بەت

# ئىستىقامەت كارامەتنىڭ ئۆزىدۇر

ئىستىقامەت دېگەن سۆز لۇغەتتە تۈپتۈز، راۋرۇس تۇرۇش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئىسلام ئاتالغۇسىدا «دىنىدا چىڭ تۇرۇش»، «ئېتىقادتا ۋە ئەمەلدە مۇستەھكەم بولۇش» دېگەنلىك بولۇپ، ئىستىقامەتنىڭ قارشى مەنىسى يولدىن چىقىپ كېتىش دېگەنلىكتۇر. خۇددى رېلىستىن چىقىپ كەتكەن پويىز ھالاك بولغاندەك، دىنىنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتكەن ئادەممۇ ئۆزىنىڭ ھالاكىتىنى ھازىرلايدۇ. ئىستىقامەتنى ھاسىل قىلىش تولىمۇ قىيىن بىر جەريان بولۇپ، تائەت- ئىبادەتتە ئىزچىللىقنى ۋە گۇناھ- مەئسىيەتتىن قېچىشتا ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاندىكى ﴿فَٱسۡتَقِمۡ كَمَآ أُمِرۡتَ﴾ ‹(ئى پەيغەمبەر!) بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) راۋرۇس بولغىن› [1] دېگەن ئايەتتىنمۇ ئېغىرراق بىرەر ئايەت نازىل بولغان ئەمەس» دېگەن. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت توغرۇلۇق: «مېنى ھۇد سۈرىسى قېرىتىۋەتتى» دېگەن. يەنى مۇشۇ ئايەتنىڭ مەسئۇلىيىتى مېنىڭ بېلىمنى ئېگىپ قويىدى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا راۋرۇس بولۇش ئوڭاي ئىش ئەمەس. بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىيىن كەلگەن يەردە، بىزلەرگە ئەلۋەتتە قىيىندۇر. لېكىن بىز بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلمايۋاتىمىز، غەپلەتتە ھايات كەچۈرۈۋاتىمىز.



## ئىستىقامەت ئىماننىڭ كامالىتىدۇر

ئىستىقامەت ئىماننىڭ كامىللىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئالىي مەرتىۋە بولۇپ، مۇئمىن ئادەم ئەقىدە، ئەخلاق، مۇئامىلە، ئىبادەت، گەپ- سۆز، تەپەككۇر قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مۇستەھكەم بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ: «بەندىنىڭ قەلبى مۇستەھكەم بولمىغۇچە ئۇنىڭ ئىمانى مۇستەھكەم بولمايدۇ، ئۇنىڭ تىلى توغرا بولمىغۇچە قەلبى مۇستەھكەم بولمايدۇ» دېگەن. بىر كۈنى سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسسەقەفي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا مەن سىلىدىن كېيىن

---

[1] ھۇد سۈرىسى 112 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ھېچكىمدىن سوراشقا ھاجىتىم قالمايدىغان بىر كەلىمە سۆز ئۆگىتىپ قويغان بولسىلا» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئىمان ئېيتتىم دېگىن، ئاندىن توغرا يولدا راۋرۇس بولغىن» دېگەن. يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ ئىسلام يولىغا كىرگەندىن كېيىن، شۇ يولدا توپتوغرا ۋە ئىزچىل ماڭغىن دېگەنلىكتۇر.

## ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكەن كىشىلەرگە خۇش بېشارەت

ھاياتىنى ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم جان ئۈزىدىغان ۋاقتىدىمۇ بۇ دۇنيادىن خۇشاللىق بىلەن ئايرىلىدۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا رەھمەت پەرىشتىلىرى چۈشۈپ، ئۇنىڭغا جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇ- نېمەتلەر ھەققىدە خۇش بېشارەت بېرىدۇ: ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسْتَقَٰمُواْ تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ أَلَّا تَخَافُواْ وَلَا تَحْزَنُواْ وَأَبْشِرُواْ بِٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ ۝٣٠ نَحْنُ أَوْلِيَآؤُكُمْ فِي ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِي ٱلْأٓخِرَةِ ۖ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِيٓ أَنفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ ۝٣١﴾ «شۈبھىسىزكى، ‹رەببىمىز ئاللاھتۇر› دېگەن، ئاندىن (شۇ ئىمانىدا) مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەرگە پەرىشتىلەر چۈشۈپ: ‹قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز. جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى باردۇر› دەيدۇ»[1].



## ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى

دىنىمىزدا ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، مۇئامىلىۋى ئىبادەت؛ يەنە بىرى، سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر.

سىمۋوللۇق ئىبادەت — ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرگە مەركەزلىشىدۇ. سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ۋاستىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

مۇئامىلىۋى ئىبادەت — دۇرۇسلۇق ۋە ھەققانىيلىق دېگەنلىك بولۇپ، مۇئامىلە بىلەن ئەخلاقتا مەركەزلىشىدۇ، يەنى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە مەخلۇقاتقا دۇرۇس ۋە سەممىي بولۇشتۇر.

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 30 - ، 31 - ئايەتلەر

سىمۋوللۇق ئىبادەت سىزدىن ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە زاكات بېرىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى تەلەپ قىلسا، مۇئامىلىۋى ئىبادەت سىزدىن راست گەپ قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ھەر ئىشتا دۇرۇس ۋە توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇئامىلىۋى ئىبادەت دىنىنىڭ مەقسىتىدۇر

ئىسلام دىنىمىزنىڭ مەقسىتى مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەردە ئەكس ئەتكەن. ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىيوپىيە) پادىشاھى نەجاشىي پاناھلىنىش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا كەلگەن مۇسۇلمانلارغا: «دىنىڭلارنى ماڭا چۈشەندۈرۈڭلار» دېگەندە، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى پادىشاھ! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا- پاھىشە قىلىدىغان، ئۇرۇق- تۇغقانچىلىققا رىئايە قىلمايدىغان، ھەۋەر كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان، ھارامنى يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق قەۋم ئىدۇق. ئاللاھ بىزگە نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، ئىپپىتىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر بىزنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق- تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، ھارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى. بىزنى زىنا- پاھىشىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىملارنىڭ مال- مۈلكىنى يەۋېلىشتىن، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلدى».

مۇئامىلىۋى ئىبادەت غايە، سىمۋوللۇق ئىبادەت ۋاسىتىدۇر. دېمەك، سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

1. ناماز يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ﴿إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ﴾ «ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ»[1].

2. روزا تەقۋالىققا ئېرىشتۈرىدۇ. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ﴿١٨٣﴾﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! تەقۋالىققا ئېرىششىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى»[2].

3. زاكات گۇناھلاردىن پاكلايدۇ. ﴿خُذۡ مِنۡ أَمۡوَٰلِهِمۡ صَدَقَةٗ تُطَهِّرُهُمۡ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ پۇل- ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى 112 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] بەقەرە سۈرىسى 183 - ئايەت

ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن»[1].

4. قۇرئان ئوقۇش ئىماننى كۈچەيتىدۇ.)﴿إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُهُۥ زَادَتْهُمْ إِيمَٰنًا وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ﴿٢﴾﴾ «ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگە تايىنىدىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر»[2].

## سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەردىكى نۇقسانلارنى تولدۇرالمايدۇ

مۇئامىلىۋى ئىبادەت مۇئامىلىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ئۇ ھېچقانداق مال- مۈلكى بولمىغان كىشىدۇر» دېيىشكەن. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ پۇل- مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ياخشى ئەمەلى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر» دېگەن.

بۇ ھەدىستە سىمۋوللۇق ئىبادەت بىلەن مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. ھەدىستە كۆرۈلۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ناماز، زاكات ۋە روزا قاتارلىقلار سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر؛ باشقىلارنى تىللاش، تۆھمەت چاپلاش، باشقىلارنىڭ پۇل- مېلىنى يەۋېلىش ۋە قان تۆكۈش قاتارلىقلار مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر. بۇ ھەدىستىن يەنە، مۇئامىلىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبلىك سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ ئۆز كۈچىنى يوقاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دېمەك، مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئورۇندالمىسا سىمۋوللۇق ئىبادەتمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ- دە، سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنىڭ بۇ دۇنيادا مېۋىسىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئالالمايدۇ ھەمدە بۇ ئىبادەتلىرىدىن مەنپەئەت ئالالمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى:

[1] تەۋبە سۈرىسى 103 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] ئەنفال سۈرىسى 2 - ئايەت

## 1. ناماز

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى بىلىمەن. ئۇلار قىيامەت كۈنى تىھامە تاغلىرىدەك كاتتا ۋە كۆپ ياخشى ئەمەللەر بىلەن كېلىدۇ، ئەمما ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىۋېتىپ، ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىدۇ» دېدى. ساھابىلەردىن بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرگەيلا، بىز ئۇلاردەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى بىلىۋالايلى» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇلار سىلەرنىڭ دىنداشلىرىڭلار ۋە سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىندۇر. ئۇلارمۇ كېچىلەردە سىلەرگە ئوخشاش ناماز ئوقۇيدۇ، لېكىن يالغۇز قالغاندا ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىدۇ».

بۇ ھەدىستە ئېيتىلغان ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلار: زىنا قىلىش، ھارام يېيىش، جازانە قىلىش، ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش، يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق قاتارلىق چوڭ گۇناھلاردىن باشقا يەنە، قوشنىلارغا ئەزىيەت بېرىش، يولدا كىشىلەرگە يول بەرمەسلىك، پەرزەنتلىرىگە ۋە جورىسىغا قوپاللىق قىلىش قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كىچىك سانالغان گۇناھلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلاردۇر.

## 2. روزا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى يالغان گەپنى ۋە يالغانچىلىق بىلەن ئىش قىلىشنى تاشلىمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇپ تۇتقان روزىسىغا ئاللاھنىڭ ھاجىتى يوق». يەنى ئاللاھ ئۇنىڭ روزىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ ھەدىس — غەيۋەت، يالغان گەپ، ئەزىيەت قاتارلىق گۇناھلارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ ساۋابىنى يوق قىلىۋەتكەن كىشى توغرۇلۇق كەلگەن بولۇپ، يالغانچىلىقتىن ساقلىنىش مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر، روزا تۇتۇش سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر. مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ ساۋابى بىكار بولۇپ كەتكەن.

## 3. زاكات

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ أَنفِقُواْ طَوْعًا أَوْ كَرْهًا لَّن يُتَقَبَّلَ مِنكُمْ إِنَّكُمْ كُنتُمْ قَوْمًا فَٰسِقِينَ﴿٥٣﴾﴾ «ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى: <سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا قانچىلىك (پۇل - مال) سەرپ قىلىپ

كېتىشلار، ئۇ سىلەردىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋمسىلەر»[1].

### 4. ھەج

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ھارام پۇلنى چىقىم قىلىپ ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، ‹لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ› (ھازىر بولدۇم ئى ئاللاھ! ھازىر بولدۇم) دېگەندە، ئاسماندىن بىر چاقىرغۇچى نىدا قىلىپ: ‹ھازىر بولمىدىڭ، بەختكە ئېرىشەلمىدىڭ ۋە قىلغان ھەججىڭ قوبۇل ئەمەس› دەيدۇ». ھەج سىمۋوللۇق ئىبادەت، ھارامدىن پۇل تېپىش مۇئامىلىۋى ئىبادەت، مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن، سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ پايدىسى بولمىدى.

### 5. دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۇستى- بېشىنى چاڭ- توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ‹ئى رەببىم، ئى رەببىم!› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگەن- ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن!؟». ھارامدىن يىراق تۇرۇش، ھالالدىن يېيىش، ھالالدىن ئىچىش ۋە ھالالدىن كىيىنىش مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر؛ دۇئا قىلىش بولسا سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر. بۇ ھەدىستىن مەلۇمكى، مۇئامىلىۋى ئىبادەت بولغان ھارامدىن يىراق تۇرۇش ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن سىمۋوللۇق ئىبادەت بولغان دۇئا ئىجابەت قىلىنمىغان.

## تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاق جەننەتنىڭ كاپالىتىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاققا تەشەببۇس قىلىپ يەنە: «مەن ئەخلاقى گۈزەل بولغانلارنىڭ جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك قەسىرگە كىرىشىگە كاپالەت قىلالايمەن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «قىيامەت كۈنى مۇئمىن كىشىنىڭ مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن ئېغىرراق كېلىدىغان ھېچبىر ئەمەل يوقتۇر» دېگەن.

[1] تەۋبە سۈرىسى 3 - ئايەت

گـۈزەل ئەخـلاق دېگـەن قانداقتـۇر كۆپىنچـە كىشـىلەر چۈشـىنىۋالغاندەك يالغاندىـن تەبەسسـۇم قىلىـپ قويـۇش ياكـى بىراۋنىـڭ كۆڭلىنـى ياسـاپ قويـۇش ئەمـەس، بەلكـى گـۈزەل ئەخـلاق — مۇئامىلىـدە دۇرۇس بولـۇش، گـەپ- سـۆزدە راسـتچىل بولـۇش، ۋەدىگـە ۋاپـادار بولـۇش، دىـن ۋە دۇنيالىـق ھەربىـر ئىشـنى ئىخـلاس بىلـەن قىلىـش ۋە سـۆيگۈ- مۇھەببەتتـە سـەمىمىي بولۇشـتۇر.

تەقۋالىـق دېگـەن قانداقتـۇر نۇرغـۇن كىشـىلەر چۈشـىنىۋالغاندەك كـۆپ ئىبـادەت قىلىـش ۋە مۇسـۇلمانچە كىيىنىشـلا ئەمـەس، بەلكـى تەقۋالىـق — ئاللاھ تائالانىـڭ بۇيرۇغانلىرىنـى قىلىـش، توسـقانلىرىدىن يېنىـش ئارقىلىـق ئۇنىڭغا ئىتائـەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائـالا كۆرسـەتكەن بويىچـە ياشاشـتۇر. كىشـىلەرنى دوزاختقا كىرىشـتىن سـاقلاپ، جەننەتكـە كىرىشـكە سـەۋەب بولىدىغـان ئاساسـلىق ئەمەللـەر مانا مۇشـۇلاردۇر. جانابى ئاللاھ تائـالا ھەممىمىزگـە مۇشـۇنداق گـۈزەل ئەخلاقلارنـى نېسـىپ قىلسـۇن، ئامىـن!

# ھىجرەتنىڭ مەنىسى ۋە ھۆكمى

## ھىجرەتنىڭ مەنىسى

ئەرەب تىلىدىكى «الهجرة» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى — تەرك ئېتىش دېگەنلىكتۇر. تەرك ئېتىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، مەنىۋى جەھەتتىن تەرك ئېتىش؛ يەنە بىرى، جىسمانىي جەھەتتىن تەرك ئېتىشتۇر. مەنىۋى جەھەتتىن تەرك ئېتىش گۇناھ- مەئسىيەتلەرنى ۋە ناچار قىلىقلارنى تەرك ئېتىش دېگەننى بىلدۈرسە، جىسمانىي تەرك ئېتىش كۇفرى دىيارىنى تەرك ئېتىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «المهاجر من هجر ما نهى الله عنه» «مۇھاجىر دېگەن ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر»[1] دېگەن سۆزى مەنىۋى جەھەتتىن تەرك ئېتىشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما ئىسلام تېرمىنلىرىدە بولسا، ھىجرەت — كۇفرى دىيارىنى تەرك ئېتىپ ئىسلام دىيارىغا كۆچۈش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندە بىز مۇشۇ تېمىدا توختىلىمىز.

## ھىجرەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

ھىجرەت ئىسلام دىنىدا ئورنى ئالاھىدە چوڭ، دەرىجىسى يۇقىرى ۋە ساۋابى كۆپ بولغان بىر كاتتا ئىبادەتتۇر. شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان مۇھىم بىر ئەمەلدۇر.

ھىجرەتنىڭ ئورنى كاتتا ۋە دەرىجىسى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام كالېندارىنىڭ ھىجرىيە يىلىدىن باشلىنىشىنى تەقەززا قىلغان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، ئىسلام دىنىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس يىلنامىسى بولۇشى كېرەكلىكى ۋە بۇ يىلنامىدا قايسى ۋاقىتنى يىل بېشى قىلىش مەسىلىسىدە، ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 571 - يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ يىل بېشى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

پەيغەمبەر بولغان 610 ـ يىلنى يىل بېشى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان 622 ـ يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ يىل بېشى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى بۇ پىكىر قوبۇل قىلىنغان.

دېمەك، ھىجرەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان يىلىدىن ۋە ئۇنىڭغا ۋەھيي كەلگەن يىلدىنمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، چۈنكى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىق ۋەقەسى ئىسلام تارىخىدا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇشنى ھاسىل قىلغان ئۇلۇغ ۋەقەلىك ئىدى. ئاللاھ تائالا ھىجرەت قىلغانلارغا جەننەت بىلەن ۋەدە بەرگەن: ﴿ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِندَ ٱللَّهِۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ٢٠﴾ «ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر. ئەنە شۇلار ئۇتۇق قازانغۇچىلاردۇر»[1]. ﴿فَٱسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ أَنِّي لَآ أُضِيعُ عَمَلَ عَٰمِلٍ مِّنكُم مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰۖ بَعْضُكُم مِّنۢ بَعْضٍۖ فَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ وَأُخْرِجُواْ مِن دِيَٰرِهِمْ وَأُوذُواْ فِي سَبِيلِي وَقَٰتَلُواْ وَقُتِلُواْ لَأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّـَٔاتِهِمْ وَلَأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ثَوَابًا مِّنْ عِندِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسْنُ ٱلثَّوَابِ ١٩٥﴾ «رەببى ئۇلار(نىڭ دۇئالىرى)نى ئىجابەت قىلىپ مۇنداق دېدى: <شەكسىزكى، مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن. سىلەر (دىنىي قېرىنداشلىقتا ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى كۆرۈشتە) ھەممىڭلار باراۋەرسىلەر. مېنىڭ يولۇمدا ھىجرەت قىلغان، يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، ئەزىيەت چەككەن، جىھاد قىلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن>. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. مۇكاپاتنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر»[2]. ﴿وَمَن يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ يَجِدْ فِي ٱلْأَرْضِ مُرَٰغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةًۚ وَمَن يَخْرُجْ مِنۢ بَيْتِهِۦ مُهَاجِرًا إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ يُدْرِكْهُ ٱلْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ١٠٠﴾ «كىمكى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا نۇرغۇن چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ چوقۇم بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى



[1] تەۋبە سۈرىسى 20 - ئايەت

[2] ئال ئىمران سۈرىسى 195 - ئايەت

مېھرىبانــدۇر»[1].

## ھىجرەتنىڭ تۈرلىرى

پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام ھىجــرەت قىلىشــقا رۇخســەت قىلغــان، بۇيرۇغــان ۋە ئۈندىگەن مەنىدە قىلغان ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا، ھىجرەتنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچكە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، دىنىي ئەقىدە خەتەرگە ئۇچرىغان ۋە مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىنى ئەركىن- ئازادە قىلالمايدىغان شارائىتتا دۇچ كەلگەن جايدىن پەقەت دىنىنى قوغداش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە كۈچلىنىپ قايتىپ كېلىش مەقسىتى بىلەن، دىنىي ئەقىدە قوغدىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ جېنى ۋە مال- مۈلكى ئامانلىقتا ئېرىشىدىغان باشقا بىر جايغا كۆچۈش دېگەنلىكتۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلغان ھىجرەت بولۇپ، ساھابىلەرنىڭ ھەبەشىستانغا قىلغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ ۋاقىتتا مەككىنىڭ مۇشرىك كۈچلىرى مۇسۇلمانلارغا چىدىغۇسىز ئازاب- ئوقۇبەتلەرنى سالغان ۋە ئۇلارنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغانلىرى قالمىغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ ھەبەشىستانغا (ھازىرقى ئېفىيوپىيەگە) ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان. ھەبەشىستانغا بىرىنچى قېتىملىق ھىجرەتكە 11 ئەر، تۆت ئايال، جەمئىي 15 كىشى ئاتلانغان بولۇپ، مەككە مۇشرىكلىرى ئۇلارنى قوغلاپ قىزىل دېڭىزنىڭ بويىغا كەلگىنىدە، ئۇلار ئالليۇرۇن ئىككى كېمىگە چىقىپ ھەبەشىستان تەرەپكە قوزغىلىپ بولغان. بۇ ۋەقەلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ 5 يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادىيە 615- يىلى رەجەب ئېيىدا يۈز بەرگەن. ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتكە 83 ئەر، 18 ئايال، جەمئىي 101 كىشى ئاتلانغان.

ئىككىنچى، مۇسۇلمانلار دىنىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان جايدىن ئىسلام قانۇنلىرى تەتبىق قىلىنىدىغان، مۇھاجىرلار قىزغىن قارشى ئېلىنىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ جېنى، مال- مۈلكى دۆلەت تەرەپتىن قوغدىلىدىغان بىر ئىسلام دىيارىغا شۇ جايدا ئىسلامنىڭ گۈللىنىشىگە ھەسسە قوشۇش مەقسىتى بىلەن ھىجرەت قىلىپ بېرىش بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىگە قىلغان ھىجرىتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىدە ئىسلام بايرىقى تىكلەنگەن، ئىسلام قانۇنلىرى تەتبىق قىلىنىشقا باشلىغان ۋە مۇسۇلمانلار

[1] نىسا سۈرىسى 100 - ئايەت

بىرلىشىپ كۈچلىنىشكە ئەڭ زور موھتاج بولۇۋاتقان بىر ۋاقىت ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىنى تەرك ئېتىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن ۋە قاتتىق تەشەببۇس قىلىنغان. ھەتتا ئۆزرىسىز تۇرۇپ ھىجرەتنى تەرك ئەتكۈچىلەردىن دوستلۇقنى ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ھەققىدە ئايەتلەر نازىل بولغان. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ ءَاوَواْ وَّنَصَرُوٓاْ أُوْلَٰٓئِكَ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۚ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمۡ يُهَاجِرُواْ مَا لَكُم مِّن وَلَٰيَتِهِم مِّن شَيۡءٍ حَتَّىٰ يُهَاجِرُواْۚ﴾ «ئىمان ئېيتقان، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان، پۇل- مېلى ۋە جېنى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان (مۇھاجىر)لار بىلەن ئۇلارغا جاي بەرگەن ۋە ياردەم قىلغان (ئەنسار)لارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر- بىرى بىلەن (ھەقىقىي) دوستلاردۇر. ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ھىجرەت قىلمىغانلار تاكى ھىجرەت قىلغانغا قەدەر سىلەرنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش مەجبۇرىيىتىڭلار يوقتۇر»[1]. ﴿فَلَا تَتَّخِذُواْ مِنۡهُمۡ أَوۡلِيَآءَ حَتَّىٰ يُهَاجِرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ﴾ «ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغىچە ئۇلاردىن ھېچكىمنى دوست تۇتماڭلار»[2] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر.

ئۈچىنچى، ئىسلام دىنىغا ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، پەقەت شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە ئەركىن- ئازادە بىر ئىسلام دۆلىتىگە بېرىپ، دىنىي ھاياتىنى كەڭتاشا داۋام قىلدۇرۇشى مەقسەت قىلىنغان ھىجرەت بولۇپ، بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت بەرمىگەن. چۈنكى مەككە فەتھى بولغاندىن كېيىن، كۆپ كىشىلەر مەككىدىن ۋە باشقا جايلاردىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن توسۇپ، تۇرغان جايلىرىدا قېلىشقا ۋە ئىسلامنى شۇ جايلاردا قانات يايدۇرۇشقا بۇيرۇغان. مەسىلەن، مەككە فەتھى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مۇجاشى ئىبنى مەسئۇد دېگەن كىشى ئىنىسى مۇجالىد ئىبنى مەسئۇدنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىنىسى مۇجالىدنىڭ ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن بەيئەت قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەككىنىڭ فەتھىسىدىن كېيىن ھىجرەت يوق. ئەمما مەن سېنىڭ ئىسلامدا ۋە ئىماندا مۇستەھكەم بولۇش ھەمدە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان بەيئىتىڭنى قوبۇل قىلاي» دېگەن[3] ۋە ئۇنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت بەرمىگەن.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، سەھرالىق بىر

---

[1] ئەنفال سۈرىسى 72 - ئايەت

[2] نىسا سۈرىسى 89 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھىجرەت توغرىسىدا سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھىجرەتنىڭ ئىشى بەك مۇشكۈل. سېنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم تۆگىسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «تۆگىنىڭ زاكىتىنى بېرىۋاتامسەن» دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تۇرغان يېرىڭدە ئىشىڭنى داۋام قىلغىن، ئاللاھ سېنىڭ ئەمەلىڭدىن ھېچ نەرسىنى مۇكاپاتسىز قويمايدۇ» دەيدۇ.[1] يەنى بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنى ھىجرەت قىلىشتىن قايتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىدا بىلگىنىچە ئەمەل- ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان.

نەقىل قىلىنىشىچە، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، مەككىدە تۇرۇپ «ھىجرەت قىلمىغان ئادەمنىڭ دىنى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ مەدىنىگە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ مەككىدە ئاڭلىغان ھېلىقى سۆزنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن مەككىگە قايتقىن، سىلەر شۇ جايدا تۇرۇشنى داۋام قىلىڭلار، ئەمدى ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، جىھاد بىلەن نىيەت قالدى» دەيدۇ.[2]

### ھىجرەتنىڭ باسقۇچلىرى

ئىسلام تارىخىدا ھىجرەت ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بىرى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككىدىكى باشلىنىش دەۋرى؛ يەنە بىرى، مەككە ئازاد بولغاندىن كېيىنكى دەۋردۇر.

1. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مەككىدىكى بۇتپەرەس ئەرەبلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان تۈرلۈك قىيىن- قىستاقلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانكەشلىكلىرى سەۋەبلىك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاۋۋال ھەبەشىستانغا (ھازىرقى ئېفىيوپىيەگە)، ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن. ھەتتا ھىجرەتتىن ئايرىلىپ قېلىش چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانالغان، چۈنكى شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە بىرلىكتە بۇ تۇنجى دۆلەتنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىش، كۈچ- قۇدرىتىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلامغا

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قارشى كۈچلەر ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىش يولىدا قۇدرەت تېپىشقا زور ئېھتىياجلىق ئىدى.

2. ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت بەرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى بەرپا بولغان ۋە ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنىڭ مەركىزى بولغان مەككىمۇ ئازاد بولۇپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەندىن كېيىن ھىجرەتنىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا: «مەككە ئازاد بولغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق، پەقەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە نىيەتلا قالدى. جىھادقا چاقىرىلغان ۋاقىتلاردا دەرھال چىقىڭلار»[1] دېگەن مەشھۇر سۆزىنى جاكارلىدى.

## ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدىمۇ؟

ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىگىنى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تنقطع الهجرة حتى تنقطع التوبة، ولا تنقطع التوبة حتى تطلع الشمس من مغربها» «تەۋبىنىڭ ۋاقتى تۈگىمىگۈچە ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىمەيدۇ، قۇياش مەغرىبتىن چىققانغا قەدەر تەۋبىنىڭ ۋاقتى تۈگىمەيدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەتلا قالدى» دېگەن سۆزىنى بولسا ئۆلىمالار «مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاقتى تۈگىدى» دەپ شەرھلەيدۇ.

دېمەك، ئىسلام ئەقىدىسى خەتەرگە ئۇچرىغان ۋە مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىنى قىلىشتىن مەنئى قىلىنغان جايدىن ئىسلام ئەقىدىسى قوغدىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى كاپالەتكە ئېلىنىدىغان ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىشنىڭ يولى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر.

## ھىجرەتنىڭ شەرتى

ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇھاجىرلارنى قوبۇل قىلىشى ۋە مۇھاجىرلارنىڭ جېنى بىلەن مال- مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت قىلىشى شەرتتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇشتىن ئاۋۋال ئۇلار ھىجرەت قىلىپ بارسا بولىدىغان بىر جاينى تاللىغان ۋە ئۇ جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئامانلىق بېرىدىغانلىقىدىن

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان

كۆڭلى تامامەن خاتىرجەم بولغان، ئاندىن ساھابىلەرنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان. مەسىلەن، بىرىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغىنىدا، ئۇلارنى ھەبەشىستانغا بېرىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇلارغا: «ئۇ جايدا يېنىغا بارغانلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان ئادالەتلىك بىر پادىشاھ بار» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان. ھەتتا مەدىنە ھىجرىتىدىن ئىلگىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەردىن ھىجرەت قىلىپ بارغۇچىلارنى قوغدىشى توغرۇلۇق ئەھدە ئالغان. مەسىلەن، مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بىرىنچى قېتىم ئەقەبە دېگەن جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغانىدا، مەدىنىلىكلەرنىڭ مەككىدىن بارىدىغان مۇھاجىرلارنى جان تىكىپ قوغدايدىغانلىقىغا ئۇلاردىن ئەھدە ئالغاندىن كېيىن، مەدىنە ئەھلىگە دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ساھابىلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ۋە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى ئەۋەتكەن. ئىككىنچى قېتىملىق بەيئەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىلىك مۇسۇلمانلاردىن ئۆزىنى ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە ھىجرەت قىلىپ بارىدىغانلارنى ئۆز باللىرىنى ۋە ئاياللىرىنى قوغدىغاندەك قوغدايدىغانلىقىغا ئەھدە ئالغان. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەقەبە دېگەن جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان 73 ئەر ۋە 2 ئايال بولۇپ جەمى 75 كىشىگە: «ئى مەدىنىلىكلەر! مۇھەممەدنىڭ قەۋمىمىز ئىچىدىكى ھۆرمىتىنى بىلىسىلەر، ئۇنى بىز ھازىرغىچە قوغداپ كەلدۇق. ئۇ ئەمدى سىلەر تەرەپكە كېتىشنى قارار قىلدى. ئەگەر سىلەر ئۇنى قوغدىيالىساڭلار ۋە بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭلارغا ئالالىساڭلار، مەيلى سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بارسۇن. ئەگەر سىلەر بۇ يەردە ماقۇل دەپ قويۇپ، كېيىن سۆزۈڭلارغا ئەمەل قىلالمىساڭلار، بۇنى مۇشۇ يەردە ئېنىق ئېيتىڭلار» دېگەندە، مەدىنىلىكلەر ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئابباس! ئېيتقانلىرىڭنى ئاڭلىدۇق. ئەمدى رەسۇلۇللاھ سۆزلىسۇن، نېمە تەلىپى بولسا بىز ئورۇندايلى» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مېنى باللىرىڭلارنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى قوغدىغاندەك قوغدىشىڭلار ھەققىدىكى بەيئىتىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەدىنىلىكلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز سىلىنى ئۆز باللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىمىزنى قوغدىغاندەك قوغدايمىز» دەپ ئەھدە بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا يەنە كۇپايە قىلماستىن، مەدىنىلىك بۇ 75 كىشىدىن 12 كىشىنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ مۇسۇلمانلارنى قوغدىشىغا كاپالەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇلار كاپالەت بېرىدۇ.

ھەبەشىستان ھىجرىتىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھەبەشىستانغا تۇنجى قېتىم ئەۋەتكىنىدە، ئۇلارغا: «ئۇ جايدا يېنىغا بارغانلار زۇلۇمغا ئۇچرىمايدىغان، ئادالەتلىك بىر پادىشاھ بار» دېگەن سۆزى ساھابىلىرىگە

بەرگەن بىر كاپالەت ئىدى. ئەگەر پەيغەمبىرىمىزدە ساھابىلىرىنىڭ ھەبەشىستاندا ئامانلىققا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بولمىسا ئىدى، ساھابىلىرىنىڭ ئۇ جايغا ھىجرەت قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمىغان بولار ئىدى.

ئەمدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغان مەدىنىلىك مۇسۇلمانلاردىن يۇقىرىقىدەك مەھكەم ئەھدە ئالغانلىقىمۇ ئۇلاردىن ئالغان كاپالەت ئىدى. ئەگەر مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ئەھدىلەرنى بېرىپ، ئۇنى، تاغىسىنى ۋە جىمى تۇغقانلىرىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلمىغان ۋە ساھابىلىرىگىمۇ رۇخسەت قىلمىغان بولار ئىدى، چۈنكى بۇ يەردە كاپالەت مەسىلىسى تولىمۇ مۇھىم بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپالەتسىز يەرگە ساھابىلىرىنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەس.

دېمەك، ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇھاجىرلارنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئامانلىقىغا تولۇق كاپالەت قىلىشى شەرتتۇر.

### ھىجرەتكە دەۋەت قىلغۇچىلار تايىنىدىغان ئايەت

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَفَّىٰهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ ظَالِمِىٓ أَنفُسِهِمْ قَالُوا۟ فِيمَ كُنتُمْ ۖ قَالُوا۟ كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ قَالُوٓا۟ أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةً فَتُهَاجِرُوا۟ فِيهَا ۚ فَأُو۟لَٰٓئِكَ مَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ ۖ وَسَآءَتْ مَصِيرًا. إِلَّا ٱلْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلْوِلْدَٰنِ لَا يَسْتَطِيعُونَ حِيلَةً وَلَا يَهْتَدُونَ سَبِيلًا﴾ «(ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: <سىلەر بۇرۇن قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟> دەپ سورايدۇ. ئۇلار: <بىز يەر يۈزىدە بوزەك قىلىنغان ئىدۇق> دەيدۇ. پەرىشتىلەر: <ھىجرەت قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟> دەيدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! . پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن (ھىجرەتكە) چارىسىز قالغان، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.» كۆپلىگەن مۇپەسسىرلەر، بولۇپمۇ تەپسىر تەبەرى، تەپسىر جەلالەيىن، تەپسىر شەئراۋى، تەپسىر بەغەۋى، تەپسىر قۇرتۇبى قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك بۇ ئىككى ئايەتنىڭ — ئۆزرىسىز تۇرۇپ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنى تەرك ئېتىپ، كۇففارلار بىلەن ياشاشقا رازى بولغان بىر قىسىم كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

تەپسىرى ئىبنى كەسىردە، ئىمام بۇخارىنىڭ ئىبنى ئەبۇ ھاتىمدىن، ئىبنى ئەبۇ

هاتىم ئىكرىمەدىن، ئىكرىمە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى كەلتۈرۈلگەن: «مەككىدە مۇشرىكلاردىن قورقۇپ ئىمانىنى ئاشكارا قىلالمىغان بەزى مۇسۇلمانلار بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھىجرەت قىلمىغان. بەدىر ئۇرۇشى بولغاندا مەككىلىك مۇشرىكلار ئۇلارنى زورلاپ ئۇرۇشقا ئېلىپ چىققان. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ ۋاقىتتا بەزى ساھابىلەر: <ئۇلار بىزنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىمىز تۇرسا، ئۇلار پەقەت مۇشرىكلارنىڭ زورلىشى بىلەن ئۇرۇشقا چىققان تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟> دېيىشكەندە، ئاللاھ تائالا <ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا...> دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان».

ھەقىقەتەن، مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلار ئەركىنلىككە چىققان ۋە ئىسلام بايرىقى ئاستىدا جىمى مۇئمىنلەر بىرلىشىپ بىر سەپ بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يېڭى دۆلەتنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەر جايدىكى مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە چاقىرىپ تۇرسا، ئاللاھ تائالا بۇ ھىجرەتنى تەرك ئەتكۈچىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن تەھدىت قىلىپ تۇرسا، ئۆزىنىڭ مەككىدىكى قەۋم- قېرىنداشلىرى ۋە ئۆي- ئىمارەتلىرىگە تارتىشىپ، مەدىنىگە بېرىشتىن مەككىدە كۇففارلارنىڭ سېپىدە قېلىشنى، ئىسلام بايرىقى ئاستىدا ياشاشتىن، كۇفرى بايرىقى ئاستىدا تۇرۇشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن راۋا كۆرگەنلەر ئەلۋەتتە ئۆز- ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولمامدۇ!؟ پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا كايىشى ھەق ئەمەسمۇ!؟ ئۇلار ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ھەقلىق ئەمەسمۇ!؟

بۈگۈنكى كۈندە «ھىجرەت قىلمىز» دېگۈچىلەر ئۈچۈن شۇنداق شارائىتلار بارمۇ؟ ھىجرەتنىڭ شەرتلىرى تولۇقمۇ؟ بارغان دۆلەت ئۇلارنى قوبۇل قىلامدۇ؟ بارغان يېرىدە ئۇلارغا ئامانلىق، باللىرىغا مەكتەپ، ئۆزلىرىگە خاتىرجەملىك بارمۇ؟ ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاكەتكە ئاتقان بولمامدۇ؟ ئەجىبا ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَا تُلۡقُواْ بِأَيۡدِيكُمۡ إِلَى ٱلتَّهۡلُكَةِ﴾ «ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ھالاكەتكە تاشلىماڭلار»[1] دېمىگەنمۇ!؟

دېمەك، بۇ ئايەت مەدىنىدە ئىسلام بايرىقى لەپىلدىگەن ۋاقىتتا، ھىجرەتنىڭ ھەممە شەرتلىرى ھازىر تۇرۇپ، ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جاي بىر ئامانلىق ۋە بارغانلارنى قوبۇل قىلىدىغان ھالەتتە تۇرسىمۇ، يەنە ھەر خىل ئۆزرىلەر بىلەن ھىجرەتنى تەرك ئەتكەنلەرنى ئاللاھ تائالا ئەيىپ قىلىدىغان ۋە جازالىمايدىغان تۇرسا، ھازىرقى كۈندە، ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جايدا ئامانلىق يوق، ھېچكىم قوبۇل قىلىپ قارشى ئالمايدىغان، ھەتتا ھىجرەتكە ئاتلىناي دېسە قولىدا پاسپورت

[1] بەقەرە سۈرىسى 195 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

يوق، يولدا ئىشەنچ يوق، ھىجرەت ماكانى دېيىلگەن يەرلەر مەجھۇل تۇرۇپ يەنە ھىجرەت قىلاتتۇق دېگەنلەرنىڭ مەقسىتى زادى نېمىدۇ؟

بۇ ئايەتنى پۈتۈن جايلاردىكى ھىجرەتلەر ئۈچۈن ئومۇم دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئايەتتىن كېيىنكى «پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن(ھەقىقەتەن) چارىسىز قالغان، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېگەن ئايەت ھىجرەت قىلىشقا كۈچى يەتمىگەنلەرنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلىمەكتە. دېمەك، ئەمدى ھازىرقى پەيتتە، پاسپورت ئالالمىغان بىرىنىڭ ئۆزىنى خەتەرگە ئېتىپ، مەجھۇل سەپەرگە ئاتلىنىشىنى كىم بۇيرۇپتۇ؟ بۇ ئۆز- ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىق ئەمەسمۇ؟ تايلاند ۋە مالايسىيادا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالغان بىچارە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى بۇ قارامىلىقنىڭ پالاكىتى ئەمەسمۇ؟

## ئۇيغۇرلارنى ھىجرەتكە چاقىرغۇچىلار

ئانا ۋەتەندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى ۋەتەننى تاشلاپ چەتئەللەرگە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغۇچىلار ئەلۋەتتە بىر يامان نىيەتنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنى تەمىنلەيدىغانلار ۋە ئىشقا سالىدىغانلار ئەلۋەتتە چوڭ دۆلەتلەردۇر.

ھازىر دۇنيادا مۇسۇلمانلارغا قىلىنىۋاتقان زىيانكەشلىكلەرنىڭ تولىسى ئىسلام نامى ئاستىدا بولىۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ كۆپىنچە جايلىرىدا يەھۇدىيلار ۋە باشقا ئىسلام دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئىسلامىي ئاتالغۇلار بىلەن قۇرۇلغان تەشكىلاتلار، جامائەتلەر ۋە بەزى مەكتەپلەر بۇنىڭ مىسالى. ئۇلارنىڭ بۇ مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇشتىكى مەقسىتى پەقەت ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمما ئىسىم ئىسلامىي بولغانلىقتىن نۇرغۇن كىشىلەر ئالدىنىپ قالىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ھىجرەت ئۇلۇغ بىر ئىبادەت ۋە شانلىق سەپەردۇر. ئەمما ھازىر ئۇيغۇرلارنى ئۇنىڭغا چاقىرغۇچىلار ئىچكىرىدە ئۇلاردىن قۇتۇلۇش سىياسىتى بىلەن سىرتتا ئادەم سودىگەرلىرىنىڭ پۇل تېپىش پىلانى بىرلىشىپ قىلىۋاتقان بىر سۇيىقەست ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، بىر دۆلەتتىن، يەنە كېلىپ جۇڭگودەك قۇدرەتلىك بىر دۆلەتتىن پاسپورتسىز يۈزلەرچە ئادەم ئائىلىلىرى، ھەتتا ئۇششاق بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە قانداق چىقالىسۇن؟ بۇ ئەھۋال بىر قېتىم ئەمەس، ئىككى قېتىم ئەمەس، كۆپ قېتىم قانداق داۋام قىلسۇن؟

دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا

206

ئاساسلانغاندا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەم كۆچىگە جىددىي ھاجەت بولغان ئىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى جۇڭگو ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىمۇ كۆپ بولغان ئىكەن. سوڭرا ئۇلار جۇڭگودىن ئادەم كۆچى سورىغاندا، بۇ تەلەپ جۇڭگوغا بەك يېقىپ قالغان. شۇڭلاشقان جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغان مەلۇم مىقداردا ئادەم ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە كېلىشكەن. شۇنداق قىلىپ 1955- يىلى قولىدا سوۋېتنىڭ پاسپورتى بولغانلارنىڭ سوۋېتقا چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى، ھەتتا بىر پاسپورت بىلەن بىر ئائىلە جىمى ئۇرۇغ- تۇغقانلىرى بىلەن چىقىپ كەتسىمۇ بولىدىغانلىق سىياسىتى بىۋاستە ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت ئۆزى تەشكىللىگەن ئىغۋاگەرلەر تەرىپىدىن تەشۋىق قىلىنغان ئىكەن. پاسپورتى بولمىغانلارمۇ چېگرادىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار گويا ئۆزلىرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھۆكۈمەت بىلمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلىشقان. ئەمما ئىككى دۆلەت كېلىشكەن سان توشقان ھامان چېگرا تاقالغان. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېتىۋېتىلگەنلىكىنى راھەت دۆلەتكە چىقىپ بىر ئوبدان ياشاش پۇرسىتى دەپ چۈشەنگەن. ئەمما پايدا جۇڭگوغا بولغان. چۈنكى چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە ئىگىدارچىلىقى، ئۆي- جايلىرى كۆچمەن خىتايلارغا قالغان. ئەمدى ھازىرقى ھىجرەت سەپەرۋەرلىكىنىڭمۇ شۇنداق بىر سۇيىقەست ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكەنلەر بارمىدۇ؟ بۇ سەپەرۋەرلىكتىمۇ پايدا جۇڭگوغا، زىيان ئۇيغۇرلارغا ئەمەسمۇ؟

تۈركىيە، كامبودژا، مالايسىيا ۋە تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئادەم سودىگەرلىرى پۇلدىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇلاردىن مۇشۇ بىر قانچە ئاي ئىچىدە مىليونېر بولۇپ كەتكەنلىرى كۆپ ئىكەن. تايلانقا چىقىرىپ قويۇش باھاسىمۇ ئادەم بېشىغا ئېنىق ئىكەن. بۇنداق ئىش بىر قانچە دۆلەتنىن بىلىپ تۇرۇپ كۆز يۇمۇشى بىلەنلا بولىدىكەن. ئەمما ئۇلار نېمە ئۈچۈن ۋاقتىنچە كۆز يۇمىدۇ؟ چۈنكى ھەربىرىنىڭ ئالىدىغان پايدىسى بار. ئەمما ئۇيغۇرلار بۇنى ھېس قىلمايدۇ. تايلاند، مالايسىيا قاتارلىق جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن نارەسىدە باللارنىڭ جايى مەكتەپ ئەمەسمىدى؟ ئۇلارنى مۇنداق مۇساپىرلىقنىڭ ئازابىدا داغلاشقا كىمنىڭ ھەققى بار ئىدى؟ سۈرىيەدىكى ئىنقىلابلار ھازىر مەجھۇل بولۇپ قالدى. قايسى تەرەپنى مۇجاھىد، قايسى تەرەپنى كۇفرى قوشۇنى دەپ ئېنىقلاشمۇ قىيىن بولۇپ قالغان بىر ئەھۋالدا، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز سۈرىيەگە بارسا كىم ئۈچۈن ئۇرۇشماقچى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ دۈشمىنى سۈرىيە ئەمەسقۇ؟ ئىلگىرى تالىبانغا ئالدانغانلىرىمىز يەتمەمدۇ؟

## ۋەتەننى تاشلاپ بېرىپ كېتىش مەسلىنى ھەل قىلامدۇ؟

1948 - يىلى يەھۇدىيلار پەلەستىننى مۇستەملىكە قىلغاندا، نۇرغۇنلىغان پەلەستىنلىك ئائىلەر ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە كۆچ قىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزى بارغان دۆلەتلەرنىڭ گرەجدانلىقىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنە بەزىسى ھېچبىر دۆلەتنىڭ گرەجدانلىقىغا ئۆتەلمەستىن مۇھاجىر سۈپىتى بىلەن ياشاپ كەلمەكتە. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پەلەستىنلىكلەر يەھۇدىيلارغا تاش ئېتىش ئارقىلىق قارشىلىق بىلدۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ ئاخىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشتى ۋە پەلەستىننى مۇستەقىل دۆلەت قىلىش يولىدا كۆرەشلىرىنى توختاتمىدى. بۇ ئارىدا ئىسرائىلىيە- پەلەستىن سۆھبەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولدى. ھازىر بولۇپ تۇرماقتا. بۇ سۆھبەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىسرائىلىيە تەرەپنىڭ بىرىنچى شەرتى ئىلگىرى چەتئەللەرگە چىقىپ كەتكەن پەلەستىنلىكلەرنىڭ پەلەستىنگە قايتىپ كېلىشىگە يول قويماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى. بۇ شەرت ھازىرمۇ ئۆزگەرگىنى يوق. بۇ ئەھۋال بىر كۈنلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كېلىپ قالسا نېمە قىلارمىز؟ بۇنى ئويلىغانلار بارمىدۇ؟

شۇنىمۇ ئۇنۇتمايلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى قىلغان ھىجرەتلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېلىش مەقسىتى بىلەن قىلىنغان ھىجرەتلەر ئىدى. مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا يەرلىشىش ئۈچۈن بارمىغان، مەدىنىگىمۇ شۇنداق. كېيىن ئۇلارنىڭ مەككىگە قايتىپ كەلگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئەمدى بىزنىڭ ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلىرىمىز ھازىرچە ۋەتەنگە قايتالامدۇ؟ ھەتتا ئۇلار قايتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى قايتىپ بېرىش ئۇلار ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر.

## قايسى دۆلەت ھىجرەتنى قوبۇل قىلىدۇ؟

پاناھ ئىزدەپ ھىجرەت قىلىپ بارغانلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى مەدىنىلىك ئەنسارىلار مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلارنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلىدىغان بىرەر ئىسلام دۆلىتى بارمۇ دۇنيادا؟

جاۋاب: ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، باغرىغا باسىدىغان ۋە يەكلىمەي ئۆز گرەژدانلىرى قاتارىدا سانايدىغان بىرەر ئىسلام دۆلىتى يوق!

مۇسۇلمانلار ئۆز يۇرتلىرىدىكى جەۋر- زۇلۇملار سەۋەبلىك دىنىنى قوغداپ قېلىش، ئىسلامىي ئەقىدىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش يولىدا، ئانا ۋەتەنىنىڭ،

بـالا- چاقىنىـڭ، ئـۇرۇق- تۇغقانلارنىـڭ مېھرىدىـن كېچىـپ، ھازىرقـى ئىسـلام دۆلەتلىرىدىكـى قېرىنداشـلىرىنى پانـاھ تارتىـپ، مىڭبىـر جاپـادا چەتكـە چىقسـا، ئۇلارنىـڭ بېشىغا كەلمىگەنلـەر قالمايـدۇ. قوشـنا دۆلەتلەردىكـى ئىرقداشـلىرى ئۇلارنـى ئـازراق مەنپەئـەت يۈزىسـىدىن زالىملارنىـڭ قولىغـا ئۆتكـۈزۈپ بېرىـدۇ، يىراقتىكـى مۇسـۇلمان قېرىنداشـلىرى ئۇلارنـى يەكلەيـدۇ، ھەتتـا ئـادەم قاتارىـدا كۆرمەيـدۇ.

## ھىجرەتنى ياۋروپا قوبۇل قىلىدۇ

ئـۆز يۇرتـىدا ئېزىلگـەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىي ئەقىدىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىـدا ھىجـرەت قىلىـپ مىـڭ جاپـادا چەتكـە چىققـان مۇسـۇلمان قېرىنداشـنى «خـوش كەپسـىز» دەپ قوبـۇل قىلىدىغـان، باغرىغـا باسـىدىغان بىـرەر ئىسـلام دۆلىتى بولمىغـان بىلـەن، ئۇلارنـى قوبـۇل قىلىـپ گرەژدانلىـق بېرىدىغـان كاپىـر دۆلەتلىـرى بار.

ئەممـا كاپىـرلار مۇسـۇلمانلارغىلا ئەمـەس، ھەتتـا قانداقـلا بىـر ئىنسـانغىمۇ غەرەزسـىز ياخشـىلىق قىلمايـدۇ. ئـۇلار بەكمـۇ يىراقنـى كۆزلـەپ پـىلان تۈزىـدۇ. ئـۇلار يېڭىغـا ھىجـرەت قىلىـپ بارغانلارنى ئىسلامىي ئەقىدىسىدىن ياندۇرالمىسىمۇ، ئالدىرىماستىن ئۇلارنىـڭ بالىلىرىنـى، نەۋرىلىرىنـى، ۋە ھېـچ بولمىغانـدا ئۇلارنىـڭ چەۋرىلىرىنـى يولدىـن چىقىرالايـدۇ. شـۇڭا ئامېرىكا بىلـەن ياۋروپا ئەللىرىـدە تۇغۇلغـان بالىغـا ئاتا- ئانىسـى ئىگـە بولۇشـتىن ئـاۋۋال ھۆكۈمـەت ئىگـە بولـۇپ بولىـدۇ. ئـۇلار بىـر ئاماللارنـى قىلىـپ بالىلارنىـڭ قەلبىنـى ئوۋلاشـنى، ئاندىـن پۈتۈنلـەي ئۇلارغـا ئىگـە بولۇشـنى بىلىـدۇ.

نۇرغۇنلىغـان قېرىنداشـلىرىمىز ئىسـلام دۆلەتلىرىگـە بېشـىنى سىغدۇرالمىغانلىقتىن، چارىسـىزلىكتىن ياۋروپـا دۆلەتلىرىگـە ھىجـرەت قىلىـپ كېتىشـكە مەجبـۇر بولـدى. ئـۇلار كەتكـەن بىلـەن ئۇلارنىـڭ كۆڭلـى ھەرگىزمـۇ خاتىرجـەم ئەمـەس. ئـۇلار ماددىـي جەھەتتىـن غەمدىـن قۇتۇلغـان بىلـەن ئەقىدىسـىنى قانـداق سـاغلام سـاقلاپ قېلىش، بالىلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى قانـداق قوغـداپ قېلىش، توغرىسـى ئـۆز بالىلىرىغـا قانـداق ئىگـە بولۇشـنىڭ غېمىـدە ياشـىماقتا.

# مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىش ئېقىمى

جەمئىيىتىمىزگە يىراقتىن نەزەر تاشلاپ باقىدىغان بولساق، گەپ- سۆزى، تەقى- تۇرقىدىن ئىخلاسمەن، تەقۋادار ۋە دىنغا بولغان قىزغىنلىقى يالقۇنلاپ تۇرىدىغان، ئىبادەتنى شۇنچىلىك ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى ئالدىدا بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىز ھېچ نېمە ئەمەسكەن دەپ قالىدىغان، لېكىن دىنىي بىلىملەرگە ئەتراپلىق ئىگە بولمىغان، يۈزەكى چۈشەنچىگە تولۇپ تاشقان بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ «ئۇ كاپىر، بۇ كاپىر» دەپ كىشىلەرنى تۈرگە ئايرىش بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بەلكىم بۇ دىيارىمىزدا 90- يىللارنىڭ بېشىدا پەيدا بولغان ئەھلى تەكفىر، يەنى مۇسۇلمانلار ئىچىدىن كاپىر ئىزدەيدىغانلارنىڭ قالدۇقلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئېقىمنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى خورىتىشى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا يەتكۈزىدىغان زىيىنىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق كىشىلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىكىر قالايمىقانچىلىقى پەيدا قىلىپ، دىنىي خىزمەتتىكى ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشنىڭ يولىنى توسۇپ، دۈشمەنلىرىمىز ئارزۇ قىلغاندەك بىر مۇددەت ئىچكى تالاش- تارتىش بىلەن بولۇپ كېتىشىمىزگە سەۋەبچى بولىدۇ- دە، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ مەقسىتى ھېچ كۈچىمەستىنلا ئۇلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزىمۇ بىلىپ- بىلمەي قۇرئان كەرىمدە دېيىلگەندەك بۇزغۇنچىلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالغانلىقىنى ناھايىتى كېچىكىپ ھېس قىلىشى مۇمكىن: ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا تُفْسِدُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ قَالُوٓا۟ إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ ۝١١ أَلَآ إِنَّهُمْ هُمُ ٱلْمُفْسِدُونَ وَلَـٰكِن لَّا يَشْعُرُونَ ۝١٢﴾ «ئۇلارغا: <يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار> دېيىلسە، <بىز پەقەتلا ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز> دەيدۇ. [11﴿ بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇزغۇنچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر، لېكىن (بۇنى) ئۆزلىرى تۇيمايدۇ [12﴾»[1]. يەنە كېلىپ بۇلار بىلىمسىزلىكى تۈپەيلى، باشقىلارنى «كاپىر»غا چىقىرىشتا ئىسلام پىرىنسىپلىرىغا ئاساسلانماستىن، ئۆز خاھىشىغا ئەگەشكەچكە، جەمئىيەتنى كاپىرغا چىقىرىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، ئاتا- ئانىسىنى، ھەتتا بارا- بارا ئۆزىنىمۇ كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ؛ بەزىلىرى پەقەت جەمئىيەتنى كاپىرغا چىقىرىش بىلەن بولدى قىلىدۇ. بۇ خاتا كۆز- قاراشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى، ئەتراپلىق دىنىي مەلۇماتقا ئىگە بولمىغانلىقتىن دېسەك خاتالاشمايمىز.

210

[1] بەقەرە سۈرىسى 11 - ۋە 12 - ئايەتلەر

ئەمەلىيەتتە دىنىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر ئادەمنى «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىش، شۇ ئادەم بىلەن تۇرمۇش، ئىلىم- سىستېما، ئالاقە- مۇناسىۋەتكىچە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئىنتايىن چوڭ بىر پاسىل پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق «تەقۋا» سۈپەت كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ نامايان بولغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى نەقىل قىلغان: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقسىمات ئۈلەشتۈرۈۋاتاتتى. زۇلخۇۋەيسىرە دېگەن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئى مۇھەممەد! ئادىللىق قىلغىن> دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: <ۋاي ئىسىت ساڭا! مەن ئادىللىق قىلمىسام كىم ئادىللىق قىلىدۇ!؟> (يەنى ئادىللىق قىلماسلىقنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىم) دېگەندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا رۇخسەت بەرسىلە، بۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي> دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: <بولدى قىل! ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بار. (ئۇلار قارىماققا شۇنداق كىشىلەركى،) سىلەر نامىزىڭلارنى ئۇلارنىڭ نامىزىغا سېلىشتۇرۇپ ئاز ساناپ قالىسىلەر، روزاڭلارنى ئۇلارنىڭ روزىسىغا سېلىشتۇرۇپ ئاز ھېس قىلىپ قالىسىلەر. بۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن قۇرئان ئۇلارنىڭ كېكىردىكىدىن ئۆتمەيدۇ (يەنى قۇرئاننىڭ چۈشەنچىسى ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىگە كىرمەيدۇ). بۇلار دىنىدىن خۇددى ياچاقتىن ئوقيا چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ» دېدى. مانا بۇلارنىڭ ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ قۇسۇر تېپىشى ئۇلارنىڭ توختاۋسىز ھالدا ياخشىلاردىن يامانلىق، مۇسۇلمانلاردىن كاپىر ئىزدەيدىغان تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇلارنىڭ يەنە بىر سۈپىتى شۇكى، بۇلار ھەقىقىي ئوچۇق كاپىر، دىنسىزلار بىلەن كارى يوق، ئەكسىچە مۇسۇلمانلارغا باھا بېرىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەقۋالىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ: «ئۇلار (ئۆزلىرىنى <تەقۋا> دەپ دەۋا قىلغان شۇ كىشىلەر) بۇت (يەنى شېرىك) ئەھلىنى تاشلاپ قويۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ» دېگەن.[1]

ۋەھالەنكى بىز ھازىر ياخشىلاردىن يامانلىقنى ئەمەس، بەلكى يامان كىشىلەردىن ياخشىلارنى؛ مۇسۇلمانلاردىن كاپىر ئەمەس، بەلكى كاپىرلار ئىچىدىن مۇسۇلمان ئىزدەشكە تولىمۇ موھتاج بولغان باسقۇچتىمىز. ھېچ قايسىمىز قازى ئەمەسمىز، بىز پەقەت باشقىلارنى ياخشىلىققا چاقىرغۇچى، خالاس. باشقىلارغا كاپىر، مۇناپىق دەپ ھۆكۈم چىقىرىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ياخشىلىقنى يەتكۈزۈشتۇر. ﴿فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا عَلَيۡكَ ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ٨٢﴾ «ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرىسە (ئىمانغا كىرىشكە ئۇنىمىسا ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت

211

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

روشەن يەتكۈزۈشتۇر»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنۇ هەدىسى بىزگە قانداق ئادەمنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى پرىنسىپ جەھەتتىن كۆرسىتىپ بىرەلەيدۇ: «كىمكى بىز ئوقۇغان نامازنى ئوقۇسا، بىز قارىغان قىبلىگە قارىسا، بىز بوغۇزلىغان گۆشلەرنى يېسە، ئۇ مۇسۇلماندۇر. ئۇنىڭ مەنپەئەتى بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزدۇر، ئۇنىڭ زىيىنى بىزنىڭ زىيىنىمىزدۇر».[2] ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىنىڭ پېشۋاسى تەھاۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى سۈننە ئەقىدىسى شۇكى، يۇقىرىقى ھەدىستىكە ئاساسەن، بىر ئادەم ئىمان ئەركانلىرى (ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش، قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت) ۋە ئىسلام ئەركانلىرى (ئىككى شاھادەت كەلىمىسى، ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج) نى ۋە ئۇچۇق دەلىل بىلەن ھالال ياكى ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئىنكار قىلمىسا، ھەرقانداق چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالغان بولسىمۇ كاپىر بولمايدۇ ۋە ئىسلام مىللىتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ».

[1] نەھل سۈرىسى 82 - ئايەت

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

# كەئىبىنىڭ ئىشكىگە ئىسمى يېزىلغان ئۇيغۇر خەتتات

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىبلىسى بولغان ئۇلۇغ كەئىبىنىڭ ئالتۇن ئىشىكىگە ئالتۇن بىلەن يېزىلغان خۇشخەتلەر ئارىسىدا «ئابدۇرېھىم ئەمىن» دېگەن ئىسىم ھېلىھەم كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بۇ بىر ئۇيغۇر خەتتاتنىڭ ئىسمى. پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەلبى تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ۋە ناماز ھەم دۇئالىرىدا ئۇنىڭغا يۈزلىنىدىغان ئۇلۇغۋار قىبلىسى — كەئىبىنىڭ ھەر كۈنى مىڭلارچە كىشى قوللىرى بىلەن ئېسىلىپ، يۈزلىرىگە سۈرتۈپ كېلىۋاتقان ئالتۇن ئىشىكىگە بىر ئۇيغۇرنىڭ نامى يېزىلغانلىقى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك كاتتا ئىشتۇر.

ئابدۇرېھىم ئەمىن ھاجىم ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ قاغىلىق ناھىيەسىدىن بولۇپ، خەتتاتلىقنى مەككە شەھىرىدە ئۆگەنگەن ۋە 1962 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە مۇكەررەم شەھىرىدە كەئىبىنىڭ يوپۇقىنى توقۇش مەخسۇس فابرىكىسى قۇرۇلغاندىن بىرى بۇ مۇئەسسەسەنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئابدۇرېھىم ئەمىن ھاجىم كەئىبىنىڭ 280 كىلو ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ئىشىكىدىكى خۇشخەتلەرنى يازغان خەتتاتنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا. خەتتات ئابدۇرېھىم ئەمىن 1925 - يىلى قاغىلىقتىن بىر كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىدىكى دارۇلئەيتامدا ئوقۇغان. 1938 - يىلى مەككىگە كېلىپ يەرلەشكەن. ئۇ مەككىدە بىر تىككۈچى ئۇستامغا شاگىرتلىققا كىرىپ تىككۈچىلىكنى ئۆگەنگەن. سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى شۇ ۋاقىتتىكى مىسىر رەئىسى جامال ئابدۇناسىر بىلەن ئارىسى بۇزۇلغانلىق سەۋەب بىلەن، تارىختىن بۇيان مىسىردىن كېلىۋاتقان كەئىبىنىڭ يوپۇقىنى مەككىگە ئېلىپ كېلىشتىن توسقان ۋە «كەئىبىنىڭ يوپۇقىنى ئۆزىمىز توقۇيمىز» دېگەن مەقسەت بىلەن 1962 - يىلى مەككىدە «كەئبە يوپۇقىنى توقۇش فابرىكىسى» نى قۇرۇپ چىققان. ئابدۇرېھىم ئەمىن ھاجىم سەئۇدى ئەرەبىستان تەۋەسىدە ئۇستا خەتتات بولۇپ تونۇلغانلىقتىن، ئۇ مەزكۇر فابرىكىدا كەئىبىنىڭ يوپۇقىغا خۇشخەت يېزىش ئىشلىرىغا تەيىنلەنگەن. كېيىنچە شۇ فابرىكىنىڭ باشلىقى بولغان.

ئابدۇرېھىم ئەمىن ھاجىم كېيىن يەنە بىر ئوغۇل بالا بېقىۋالغان. ھازىر ئابدۇرېھىم ھاجىملارنىڭ مەككىدىكى چوڭ ئۆيىدە شۇ ئىككى بېقىۋالغان پەرزەنتلىرى ئولتۇرماقتا.

خەتتات ئابدۇرېھىم ئەمىن ھاجىم ھىجرىيەنىڭ 1418 - يىلى، مىلادىيە 1998 - يىلى 83 يېشىدا مەككىدە ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن.

## كەئبىنىڭ يوپۇقى

بەزى تارىخىي مەنبەلەر كەئبىگە تۇنجى بولۇپ يوپۇق ياپقان كىشىنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى سۆزلىسە، بەزى مەنبەلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئەدنان دېگەن كىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپ كەئبىگە يوپۇق ياپقانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئەمما ئىشەنچلىك بايانلاردا كەئبىگە مىلادىيە 350 - يىلى تۇببە ئەبۇ كەرەب دېگەن كىشىنىڭ تۇنجى بولۇپ يوپۇق ياپقانلىقى سۆزلەنگەن. شۇ تارىختىن بىرى كەئبىگە يوپۇق يېپىش ئىشى داۋام قىلىپ كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 5- بوۋىسى قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ زامانىغا كەلگەندە، كەئبىگە ھەر يىلى بىر قېتىم يوپۇق يېپىش مۇراسىمى يولغا قويۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن كەئبىگە يەمەندە توقۇلغان يوپۇق يېپىلغان. كېيىن بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە، كەئبىگە ياپىدىغان يوپۇقنى مىسىردا توقۇتۇپ كېلىشكە باشلىغان. مىسىر شۇ زاماندىن باشلاپ تاكى 1962 - يىلىغىچە ھەر يىلى كەئبىگە يوپۇق يېپىش شەرىپىگە نائىل بولۇپ كەلگەن ئىدى. 1962 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا «كەئبە يوپۇقنى توقۇش فابرىكىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەئبىگە يوپۇق يېپىش شەرىپى سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. كەئبىنىڭ يوپۇقى يىلدا بىر قېتىم يەڭگۈشلىنىدۇ. كەئبىنىڭ ئالماشتۇرۇلغان كونا يوپۇقى پارچە- پارچە قىلىنىپ مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك كاتتا شەخسلەرگە ھەدىيە قىلىنىدۇ. ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيى (12- ئاي)نىڭ 1- كۈنى كەئبىگە يوپۇق يېپىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇراسىمغا مەككە مۇكەررەم رايونىنىڭ ئەمىرى مۇتلەق ئىشتىراك قىلىدۇ.

كەئبىنىڭ يوپۇقى ئەزەلدىن مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ خىراجىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى كەئبە ئۈچۈن ئاتالغان مەخسۇس ۋەخپىدىن خىراجەت قىلىناتتى. ئۆز ۋاقتىدا پادىشاھ ئىسمائىل قەلاۋۇن مىسىردىن ئۈچ يېزىنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ مەھسۇلاتىدىن يىغىلغان پۇللارنى كەئبىنىڭ يوپۇقىنى توقۇش ئىشىغا ۋەخپە

قىلغان. كېيىنچە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ سۇلتانى سەلىم يەنە مىسىردىن يەتتە يېزىنى سېتىۋېلىپ ئۇنىمۇ كەئبىنىڭ يوپۇقىنى توقۇش ئىشىغا ۋەخپە قىلغان. كېيىن مۇھەممەد ئەلى پاشا مىسىردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، مىسىر ھۆكۈمىتى ئىچىدە كەئبىنىڭ يوپۇقىنى توقۇش مۇئەسسەسەسى قۇرغان. شۇندىن بېرى كەئبىنىڭ يوپۇقىنى توقۇش ۋە ئەۋەتىش ئىشلىرى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن.

## كەئبە يوپۇقىنى توقۇش فابرىكىسى

1962 - يىلى مەككە مۇكەررەم شەھىرىدە «كەئبىنىڭ يوپۇقىنى توقۇش فابرىكىسى» قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇنجى قېتىم توقۇپ چىقىلغان يوپۇق كۆتۈلگەندىنمۇ ئالاھىدە ئېسىل ۋە كۆركەم بولۇپ چىققان. فابرىكىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 240 كىشى بولۇپ، كەئبە يوپۇقىنىڭ يۆتۈپ چىقىشى ئۈچۈن ئىشچىلارنىڭ مائاشى ۋە كېرەكلىك خام ئەشيا چىقىملىرىنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا يىلىغا 17 مىليون رىيال (4.5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) سەرپ قىلىنىدۇ.

كەئبىگە يوپۇق يېپىش پائالىيىتى باشلانغان ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىختىن بېرى ھەر يىلى كەئبىگە يېپىلىپ كەلگەن يوپۇقلار شۇ يوپۇقلارنى تەييارلىغۇچىلارنىڭ خالىشى بويىچە ھەرخىل شەكىلدە، ھەرخىل رەڭدە ۋە ھەرخىل ماتېرىيالدا توقۇلغان. پەقەت ئابباسىيلار خەلىپىسى ناسىرنىڭ زامانىغا كەلگەندە كەئبىگە يېپىلىدىغان يوپۇقنىڭ قارا رەڭلىك يىپەكتىن توقۇلۇشى قانۇنلاشتۇرۇلغان. شۇندىن بېرى تا ھازىرغىچە كەئبىنىڭ يوپۇقى قارا رەڭلىك يىپەكتىن توقۇلۇپ كەلمەكتە.

مەسجىدى ھەرەمگە كىرگەن كىشىنىڭ كۆزىگە ئەڭ ئالدى بىلەن ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كەئبە چېلىقىدۇ. كەئبىگە قارا رەڭلىك يىپەك يوپۇق يېپىلغان. يوپۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا 47 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 14 مېتىر كەڭلىكتە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، 120 كىلوگىرام كۈمۈش يىپ بىلەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى كەشتىلەنگەن.

# سەلەف سالىھلار ۋە سەلەفىيلىك دەۋاسى

## «سەلەف» سۆزى ۋە سەلەف سالىھلار

ئەرەب تىلىدىكى «سەلەف» دېگەن سۆز ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتنى ۋە بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ھازىرقى زامانغا نىسبەتەن ئىلگىرى ئۆتكەن زامانلار «سەلەف» ھېسابلانغاندەك، بىر ئادەمگە نىسبەتەن شۇ ئادەمنىڭ ئەجدادلىرىمۇ «سەلەف» ھېسابلىنىدۇ. «سەلەف» سۆزى قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدىمۇ مۇشۇ مەنىدە كەلگەن: ﴿وَأَن تَجۡمَعُواْ بَيۡنَ ٱلۡأُخۡتَيۡنِ إِلَّا مَا قَدۡ سَلَفَ﴾ «ئىككى ھەمشىرىنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر ئەپۇ قىلىنىدۇ»[1]. ﴿فَمَن جَآءَهُۥ مَوۡعِظَةٌ مِّن رَّبِّهِۦ فَٱنتَهَىٰ فَلَهُۥ مَا سَلَفَ وَأَمۡرُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِ﴾ «كىمكى رەببى تەرىپىدىن ۋەز- نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (جازانىدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ»[2].

«سەلەف» ئۇقۇمى ئىسلام ئاتالغۇسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىردە ئۆتكەن ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلار «سەلەف سالىھ» (بۇرۇنقى ياخشى ئۆلگىلەر) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار: ساھابىلەر، تابىئىنلار (يەنى ساھابىلەرنى كۆرگەن ۋە شۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان بىرىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار) ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ ئۈچ ئەسىردىكى كىشىلەر ئىسلام دىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلاپ بەرگەن داغدام يول بويىچە، توغرا يوسۇندا ئېلىپ مېڭىش بىلەن بىرگە، ئىلىم- مەرىپەت بىلەن ياخشى ئەمەلنى بىرلەشتۈرگەن پەزىلەتلىك ئەۋلادلار بولۇپ، نەتىجىدە ئۇلار مۇشۇ ئېسىل پەزىلەتلىرى ئارقىلىق ئۆز مەرتىۋىلىرىنى ۋە يۈكسەك ئورنىنى بەلگىلىگەن «سەلەف سالىھ» تىن ئىبارەت بۇ ئېسىل ئۇنۋانغا سازاۋەر بولغان كىشىلەردۇر. «سەلەف سالىھ»تىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتلىك ئۇنۋانىنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ شەرىئەت دەلىلگە تايانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ زامانىمدۇر، ئۇنىڭدىن قالسا مېنىڭ



---

[1] نىسا سۈرىسى 23 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] بەقەرە سۈرىسى 275 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

زامانىمدىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانى ۋە ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانىدۇر».[1] مەزكۇر شانلىق ئۈچ ئەسىردە ئۆتكەن سەلەف سالىھلارنىڭ يولىغا سادىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يولىنى ئەمەلىي توغرا رەۋىشتە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مۇسۇلمانلار توپى دەل ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە توپىدۇر. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ھازىرقى كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلمۇنەججىد «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە»نى مۇنداق دەپ تونۇشتۇرغان: «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مەھكەم ئېسىلغان ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرۈشتە بىرلەشكەن مۇسۇلمانلار توپىدۇر»[2].

«دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك دۆلەتلىرى، جۇڭگو، رۇسىيە، بالقان رايونى، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە، ھىندونېزىيە، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكى، ئومۇمەن ئۆتمۈشتە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى (ياكى ئوسمان ئىمپېرىيەسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. ئىران، ئەزەربەيجان، بەھرەين ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ %85ى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ، قالغان %15ى باشقا مەزھەپلەرگە ئەگىشىدۇ.»[3]
ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپىنىڭ ھىجرىيە ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەسىرلەردىكى ئاساسلىق ۋەكىللىرى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل[4]، ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرى[5] ۋە ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى[6] قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىلىرىدۇر.

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] «ئىسلام توغرۇلۇق سوئال ۋە جاۋاب» ناملىق تور بېكەتتىن ئېلىندى

[3] پېقىرنىڭ «دىن ۋە ھايات 2000 سوئالغا جاۋاب» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى

[4] ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەل شەيبانىيدۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھىجرىيەنىڭ 163 - يىلى (مىلادىيە 780 - يىلى) ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋە دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. باغداد، مەككە، يەمەن، شام (سۈرىيە ۋە لىۋان)، بەسرە ۋە كۇفە شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان مۇجتەھىد ئالىم.

[5] ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرى (260 324 ھ) پەيغەمبەر نىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، 300 دىن كۆپرەك ئىسلامىي كىتاب يازغان، مۇجتەھىد ۋە ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان ئەقىدەشۇناس ئالىم.

[6] ئەبۇ مەنسۇر ماترۇدى ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەنت ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان (؟ 333 ھ) بولۇپ، ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن سانىلىدۇ.

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپى ئىچىدىكى ئىككى خىل يۆنىلىش

بىرىنچى خىل يۆنىلىش ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ يېتەكچىلىك قىلغان يۆنىلىشتۇر. ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى ئەسىرىدىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە، مۇئتەزىلىلەرنىڭ[1] دىنىي مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاش ۋە دەلىللەشتە ئەقىلنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ ئالدىغا قويۇش ھەمدە ھەممىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش خاھىشىغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە سىستېمىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە قارشى مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىشتە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف دەلىللىرى بىلەنلا كۇپايىلىنىش تەرەپدارى بولغان بىر جامائەت بولۇپ، ئۇلار «ئەھلى ھەدىس» ياكى «ئەھلى ئەسەر» دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ ئىدى. ئەللامە مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە[2] مۇنداق دېگەن: «ھىجرىيەنىڭ تۆتىنچى ئەسىردە ئۆزلىرىنى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە مەنسۇپ قىلغان بىر جامائەت ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم- سۈپەتلىرىنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن بويىچە قوبۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىش ۋە ئۇلارنى تەۋىل قىلماسلىق، قانداق شەكىلدە ۋە قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇش پرىنسىپىنى قانات يايدۇرغان ئىدى. كېيىنچە ئابباسىيلار خەلىپىسى ئەلقادىربىللاھنىڭ زامانىدا بۇ جامائەت ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ رەسمىي مەزھىپى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، پۈتۈن دۆلەت تېررىتورىيەسىدە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا مەخسۇس پەرمان چىقىرىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمام ۋە خاتىبلار جۈمەنىڭ خۇتبىلىرىدە بۇ مەزھەپنى تەبلىغ قىلىدىغان بولغان. ئەللامە ئىبنى جەۋزى رەھىمەھۇللاھنىڭ[3] بايان قىلىشىچە، بۇ مەزھەپ ئابباسىيلار تەرىپىدىن ھىجرىيەنىڭ 433- يىلى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇلار مۇئتەزىلە قاتارلىق مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف دەلىللىرىگىلا كۇپايە قىلغان ھالدا ئىش كۆرىدۇ؛ ئىلمى كالام، ئىلمى

---

[1] مۇئتەزىلە    ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى ئەسىرىنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن، ئۇمەۋىيلەرنىڭ ئاخىرقى ۋە ئابباسىيلارنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرلىرىدە تەرەققىي قىلىپ كۈچەيگەن ئەقىدىۋىي مەزھەپتۇر. ئۇلار ئەقىلنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف دەلىللىرىنىڭ ئالدىغا قويىدىغان پىرقە بولۇپ، ئەقىل بىلەن يارىتىلىشتىكى تۇغما قابىلىيەت ئىككىسىنىڭ دىنىي دەلىلگە تايانماي تۇرۇپ ھالال -ھارامنىمۇ ئايرىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

[2] مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە (1898    1974م) مىسىرلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى ۋە شەرىئەتشۇناس ئالىم.

[3] ئىبنى جەۋزى (1116    1205 م) باغدادتا ياشىغان بولۇپ، تارىخ، تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ساھەلىرىدە تونۇلغان مەشھۇر ئالىم.

مەنتىق ۋە پەلسەپەنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدۇ. مانا بۇ — ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپى ئىچىدىكى بىرىنچى خىل يۆنىلىشتۇر».

ئەمدى ئىككىنچى خىل يۆنىلىشكە كەلسەك، بۇ يۆنىلىشنىڭ ۋەكىللىرى ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرى بىلەن ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى قاتارلىقلاردۇر. ئۇلار ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدە سىستېمىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مۇئتەزىلە، شىئە ۋە خاۋارىج قاتارلىق مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىشتە قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس شەرىف دەلىللىرىگە تايىنىش بىلەن بىرگە، ئەقلىي دەلىللەرگە، مەنتىق، پەلسەپە ۋە ئىلمىي كالامغا تايانغان. ئەھلى ھەدىس بىلەن ئەشئەرىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر چوڭ ئىختىلاپ «ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتە كەلگەن ئىسىم- سۈپەتلىرىنى ئۆز ئەينى ئېيتىمىزمۇ ياكى تەۋىل قىلىمىزمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە بولغان. يەنى «ئاللاھنىڭ كۆزى»، «ئاللاھنىڭ قولى»، «ئاللاھنىڭ يۈزى» ۋە «ئاللاھنىڭ پۇتى» دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەرنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتە كەلگىنى بويىچە ئۆز ئەينى ئاتايمىزمۇ ياكى تەۋىل قىلىپ «ئاللاھنىڭ ھىمايىسى»، «ئاللاھنىڭ قۇدرىتى»، «ئاللاھنىڭ زاتى» ۋە «ئاللاھنىڭ ياردىمى» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە چۈشىنىشكە بولامدۇ، دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان. ئەھلى ھەدىس ياكى ئەھلى ئەسەر تەرەپدارلىرى بۇ سۆزلەرنى قەتئىي تەۋىل قىلماسلىق، باشقا مەنىدىمۇ چۈشەنمەسلىك، بەلكى قانداق كەلگەن بولسا شۇ بويىچە ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىش، بۇلارنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلغان. ئەمما ئەشئەرىيچىلەر بىلەن ماتۇرىدىچىلەر تەۋىل قىلىشقا زۆرۈرىيەت تېپىلغانلىرىنى تەۋىل قىلىشنى ۋە تەۋىل قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئەمەسلەرنى تەۋىل قىلماستىن ئۆز ئەينى ئېيتىش ۋە مەنىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلغان. چۈنكى ساھابىلەردىن باشلاپ بارلىق سەلەف سالىھلار تەۋىل قىلىش زۆرۈر كەلگەن ئايەتلەرنى تەۋىل قىلغان. شۇلارنىڭ قاتارىدىن، ساھابىلارنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇرئان كەرىمدىكى بىر نەچچە ئايەتلەردىكى كەلىمىلەرنى تەۋىل قىلغان. مەسىلەن، ﴿وَٱصۡنَعِ ٱلۡفُلۡكَ بِأَعۡيُنِنَا﴾[1] «أَعْنِيُ» دېگەن سۆزنى «ھىمايە» دەپ تەۋىل قىلىپ، ئايەتنى «بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىر كېمە ياسىغىن» دەپ تەپسىر قىلغان.[2] ﴿وَٱلسَّمَآءَ بَنَيۡنَٰهَا بِأَيۡيْدٖ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ ۝٤٧﴾[3] دېگەن ئايەتتىكى «أَيْدٍ» دېگەن سۆزنى «قۇدرەت» دەپ تەۋىل قىلىپ، مەزكۇر ئايەتنى «ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز (ئۇنى) ئەلۋەتتە كېڭەيتكۈچىمىز»

[1] ھۇد سۈرىسى 37 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] «تەپسىر بەغەۋى» 2 - توم 322 - بەت

[3] زارىيات سۈرىسى 47 - ئايەت

دەپ تەپسىر قىلغان.[1] ﴿ٱللَّهُ نُورُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ﴾[2] دېگەن ئايەتتىكى «نُورُ»نى «يېتەكچى» دەپ تەۋىل قىلىپ، مەزكۇر ئايەتنى «ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلىنىڭ يېتەكچىسىدۇر» دەپ تەپسىر قىلغان.[3] ﴿وَيَبْقَىٰ وَجْهُ رَبِّكَ ذُو ٱلْجَلَٰلِ وَٱلْإِكْرَامِ ۝٢٧﴾[4] دېگەن ئايەتتىكى «وَجْهُ» دېگەن سۆزنى «ئۆزى» دەپ تەۋىل قىلىپ، مەزكۇر ئايەتنى «پەقەت ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك رەببىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان.[5]

## ئەھلى ھەدىس ۋە ئەشئەرىيچىلەر

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى مەزكۇر يۆنىلىش پەرقى سەۋەبلىك ئەھلى ھەدىس ۋە ئەشئەرىيچىلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بىلەن ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدىكى بەزى ئەمىرلەرنىڭ ئەشئەرىي مەزھىپىنى قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەھلى ھەدىسنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدىكى كۈچى ئاجىزلىغان. ئەھلى ھەدىس ئۆزلىرىنىڭ ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىرگىچە داۋام قىلغان سەلەف سالىھلارنىڭ يولىدا ماڭغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئەمما ماتۇرىدى ۋە ئەشئەرىيلەرنى بولسا، ئىلمى كالام بىلەن ئىلمى مەنتىققە بېرىلىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە يولىدىن چىقىپ كەتكەن، دەپ قارايدۇ. ئەمما ماتۇرىدى ۋە ئەشئەرىيلەرمۇ ئۆزلىرىنى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەگە تەۋە ھەمدە ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق تۆت مەزھەپنىڭ مەنسۇپلىرى دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە: «ھەرقانداق بىر جامائەتنىڭ ‹سەلەفىي› دەپ ئاتىلىشى بىدئەتتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياكى ساھابىلەر ۋە ياكى تابىئىنلار ‹سەلەف› دەپ ئاتالمىغان. سەلەف سالىھلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش پەرزدۇر، ئەمما ‹سەلەف› نامىنى قوللىنىپ تۇرۇپ باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش توغرا ئەمەس» دەپ قارايدۇ. گەرچە ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرى بىلەن ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى ھەر ئىككىسى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ مەزھەپنىڭ ئەقىدە سىستېمىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە باشقا مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىشتىكى مېتودلىرى ئازراق پەرقلىق بولغان. شۇڭا بۇلارمۇ «ماتۇرىدىچىلەر» ۋە «ئەشئەرىيچىلەر» دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن.

[1] «تەپسىر قۇرتۇبى» 17 - توم 52 - بەت
[2] نۇر سۈرىسى 35 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] «تەپسىر تەبەرى» 18 - توم 135 - بەت
[4] رەھمان سۈرىسى 27 - ئايەت
[5] تەپسىر قۇرتۇبى 17 - توم 165 - بەت

ھىجرىيە 7-ئەسىرگە كەلگەندە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىبنى تەيمىيەنىڭ[1] ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ھىجرىيە 856- يىلى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى بىلەن ئەھلى ھەدىس قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىغان. كېيىن ئىبنى تەيمىيەنىڭ شاگىرتى ئىبنى قەييىم جەۋزىنىڭ زامانىدا رەسمىي راۋاجلانغان. كېيىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىن سەلەفىيلىك يەنە ئاجىزلىشىپ ئۆز نوپۇزىنى يوقاتقان. مىلادىيە 18- ئەسىرگە كەلگەندە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ چىقىشى بىلەن ئەھلى ھەدىس قايتىدىن جانلىنىپ، پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئومۇملىششقا باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەھلى ھەدىس پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ ئەھلى ھەدىس كۈچلىنىپ ماڭغان. ئۇ چاغلاردا ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دەرئىيە رايونىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بولۇپ، ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئوچۇقلىغان ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ياردەم سورىغان. نەتىجىدە، مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئەھلى ھەدىس ياكى ۋەھھابىيلىق ھەرىكىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ شوئارى: «ئەقىدىنى ساپلاشتۇرۇش، خۇراپاتقا قارشى تۇرۇش، مازارلارغا چوقۇنماسلىق، ئەۋلىيالاردىن مەدەت تىلىمەسلىك، ئىبادەتنى بىر ئاللاھقىلا قىلىش، ئاللاھقا ھېچكىمنى ۋاستە قىلماسلىق، قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس شەرىفنى چىڭ تۇتۇش»تىن ئىبارەت ئىدى. ئەھلى ھەدىس ياكى ۋەھھابىيلىق ھەرىكىتى ئۆز ۋاقتىدىكى سەئۇد ئائىلىسىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشلىرىدىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىغان. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ ئىسلامىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ «ۋەھھابىي»دەپ ئاتىلىپ

---

[1] ئىبنى تەيمىيەنىڭ تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇسالام بولۇپ، ئۇ ھىجرىيەنىڭ 661 - يىلى (مىلادىيە 1263 - يىلى) ھازىرقى سۈرىيەنىڭ شىمالىدىكى ھەرران دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى ئەڭ زور بولغان، بۈيۈك ئىسلاھاتچى ۋە مۇجتەھىد ئالىم. «شەيخۇلئىسلام» دېگەن ئېسىل ئۇنۋانغا نائىل بولغان. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مازارلارغا چوقۇنۇش، ئۆلۈكلەردىن مەدەت سوراش قاتارلىق بىدئەت ئىشلارغا قارشى كۈرەش قىلغان. فىقھى، تەپسىر، ھەدىس، ئەقىدە قاتارلىق ماۋزۇلاردا كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. شېئىرىي ئەسەرلىرىمۇ مەۋجۇت. ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى «ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالىرى» بولۇپ، 27 توملۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسەردۇر. ھىجرىيەنىڭ 728 - يىلى (مىلادىيە 1328 - يىلى) 67 يېشىدا تۈرمىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

قىلىشى پەقەت بۇ ھەرىكەتكە باشچىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب بولغانلىقىدىن ئىدى، ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەگىشلىرى ئۆزلىرىنى «ۋەھھابىيلار» دەپ ئاتىمايتتى ۋە شۇنداق ئاتىلىشىنىمۇ ياقتۇرمايتتى، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى سەلەف سالىھلارنىڭ يولىدا ماڭغان ئىسلاھاتچىلار، دەپ تونۇيتتى.

## سەلەف سالىھلار يولى چەكلىك يول ئەمەس

زامانىمىز ئوتتۇراھاللىق ئىسلاھات ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن سانىلىدىغان سۇدان مائارىپ مىنىستىرى ئەللامە دوكتور ئىسام ئەلبەشىر قاتارنىڭ «ئەلجەزىرە» تېلېۋىزىيە قانىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن «سەلەف سالىھ يولى مۇئەييەن مەزھەپمۇ ياكى ئۆلگە قىلىنىش كېرەك بولغان يولمۇ؟» دېگەن تېمىدىكى سۆھبەتتە مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، سەلەف سالىھ يولى ئۇزۇن مۇساپىلىك بىر يولدۇر. ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق تۆت مەزھەپنىڭ ئىماملىرى، سۇفيان سەۋرى، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئەۋزائىي، لەيس ئىبنى سەئد، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىر ئەھلىنىڭ يولىدا ماڭغان ھەممە بۇ يولنى مېتود قىلىپ ئىلگىرىلىگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سەلەف سالىھلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەردىن سانىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى <زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ زامانىمدۇر، ئۇنىڭدىن قالسا مېنىڭ زامانىمدىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانى ۋە ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانىدۇر> دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا سەلەف سالىھلار يولىدىكى بۇ <ياخشى>لىقنى شۇ ئۈچ ئەسىر بىلەن توختاپ قالغان ياكى شۇ ئۈچ ئەسىرگىلا خاس ئىدى دېيىش توغرا ئەمەس. گەرچە ھەدىستە مەزكۇر ئۈچ ئەسىر تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئۈچ ئەسىرگە قارىتا ئېيتىلغان ياخشىلىق ئاشۇ ئۈچ ئەسىر ئەھلىنىڭ يولىدا يۈرگەنلەر ئۈچۈنمۇ ئېيتىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُلَّةٌ مِّنَ ٱلۡأَوَّلِينَ ۝٣٩ وَثُلَّةٌ مِّنَ ٱلۡأٓخِرِينَ ۝٤٠﴾ <ئاخىرەتتە بەختلىك بولىدىغانلار) ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائە، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ بىر جامائەدۇر>[1]. دېمەك، ھەدىستىكى <ياخشى>لىق ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىرگىلا خاس ئەمەس.

سەلەف سالىھلارنىڭ يولىدىن ئىبارەت بۇ باغرى كەڭ يولغا مەنسۇپ بولۇش مەسىلىسى بىلەن، ئۆزلىرىگە <سەلەفىي> ئىسمىنى قويۇۋېلىپ، سەلەف سالىھنىڭ مېتودىدىن ئازراق بىر قىسمىنى تۇتۇپلا ئۆزلىرىنى سەلەف سالىھلارغا تەۋە قىلىپ

[1] ۋاقىئە سۈرىسى 39 - ۋە 40 - ئايەتلەر

كۆرسـىـتىدىغان، ئېقىـم خاراكتېرلىـك ياكـى مەزھـەپ تۇسـىنى ئالغـان ۋە ياكـى جامائەتلەشـكەن سـەلەفىيچىلىكلەرنىڭ ئارىسـىنى پەرقلەنـدۈرۈش لازىـم. چۈنكـى ھەقىقـي سـەلەفىيلىك مەلـۇم بىـرلا ساھە ياكـى مەلـۇم بىـر تـەرەپ بىلەنـلا چەكلىنىپ قالغـان ئەمـەس. سـەلەف سـالىھ يولـى مۇئەييـەن فىقھـى قاراشـنى ياكـى مەلـۇم بىـر پىكىـر ئەھلىنـى كۆرسـەتمەيدۇ. سـەلەف سـالىھ يولـى ناھايىتـى كەڭـرى بولـۇپ، سـەلەف سـالىھلار ئەقىدىنىـڭ ئاساسـلىق مەسـىلىلىرىدە، قائىـدە- پىرىنسـىپلىرىدا، ئىسـپاتى ئېنىـق ۋە قەتئىيلىكـى كۈچلـۈك مەسـىلىلەردە بىرلىككـە كەلگـەن بولسـىمۇ، بـەزى فىقھـى قاراشـلار ۋە ئەقىدىنىـڭ بـەزى شـاخچە مەسـىلىلەردە ئۇلارنىڭمـۇ بـەزى ئىختىلاپلىـرى بـاردۇر».

# تەكفىر ئىقىمى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى

ئەپسۇسكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئەۋجگە چىققان تەكفىر (مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا مەنسۇپ قىلىۋېتىش) ئىقىمى ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىدىن ھالقىپ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىماقتا. بۇ — مۇسۇلمانلارنى ئۆلارنىڭ بەزى خاتالىقى ياكى دىنىنىڭ بەزى بەلگىلىمىلىرىگە بولغان بىپەرۋالىقى سەۋەبلىك، ئالدىراپ كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىۋېتىدىغان ئىقىم بولۇپ، خەتىرى ئىنتايىن چوڭدۇر. بۇ ئىقىمغا مەنسۇپ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پىكىر ئىقىمىغا ماسلاشمايدىغان مۇسۇلمانلارنى قۇرئان كەرىمنىڭ مىزانىغا سالماي تۇرۇپلا «كاپىرلار» دەپ ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىۋېتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر دىنغا ياقمىغانلارنى ئالدىراپلا «مۇناپىقلار» ياكى «كاپىرلار» ۋە ياكى «تاغۇتلار» دەپ ھۆكۈم پىچىدۇ. ھالبۇكى، بۇ سۆزلەر پەقەت كاپىرلارغىلا ئىشلىتىلىشى كېرەك بولغان سۆزلەردۇر. مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىۋېتىش ئىقىمى مۇسۇلمانلارنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغاندىن سىرت، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىمۇ چوڭ گۇناھتۇر.

تەكفىر ئىقىمى ئەسلىدە ئىسلام ئەللىرىدە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى كۆزلەيدىغان، ياخشى نىيەتلىك، بىراق دىننى توغرا ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن، شەرئەت ئىلىملىرىدىن ئالغان دەسمايىسى ئىنتايىن ئاز، پىكىر دائىرىسى ئىنتايىن تار، پەقەت ھاياجان بىلەنلا ئىش كۆرىدىغان، قىزىق قىزىق بىر قىسىم كىشىلەر ئەۋجگە چىقارغان بىر ئىقىم بولۇپ، بۇ ئىقىم ئىنتايىن چوڭ خاتالىقلارنىڭ ۋە خاتا پەتىۋالارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ كەلمەكتە.

## تەكفىر ئىقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى

تەكفىر ئىقىمى ساھابىلەرنىڭ زامانىدىلا باش كۆتۈرگەن بىر خەتەرلىك ئىقىم بولۇپ، بۇنى خاۋارىجلار ئوتتۇرىغا چىقارغان. خاۋارىج — ئەسلىدە «خارىج» (چىققان) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، دىنىنىڭ روھىدىن چەتنەپ كەتكەن ۋە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتكەن ئىسلام پىرقىسىدۇر. ئۇلار ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ۋە تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇلار ساھابىلەرنى، ھەتتا كاتتا خەلىپىلەردىن ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىمۇ «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلغان (نەئەئۇزۇبىللاھ!) ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان، ھەتتا ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان يېرىدە بوغۇزلاپ، ئالدىدىكى قۇرئاننى قانغا بويىۋەتكەن پىرقىدۇر.

## كاتتا ئۆلىمالارنىڭ خاۋارىجلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ دىننى بوشىتىۋەتكۈچى مۇرجىئەلەر[1] بىلەن دىندا چېكىدىن ئاشقۇچى خاۋارىجلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىز مۇرجىئەلەرگە ئوخشاش <مۇئمىن ئادەم گۇناھ قىلسا ئۇنىڭغا زىيىنى بولمايدۇ> دېمەيمىز، شۇنداقلا خاۋارىجلارغا ئوخشاش <گۇناھ قىلغان ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ> ھەم دېمەيمىز. بىز يەنە مۇرجىئەلەرگە ئوخشاش <بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىز قوبۇل بولغۇچى، گۇناھلىرىمىز مەغپىرەت قىلىنغۇچىدۇر> دېمەيمىز. بىز ئېيتىمىزكى، كۇفرى بىلەن شېرىكتىن باشقىمۇ گۇناھلار بار بولۇپ، تەۋبە قىلماستىن ئۆلگەن مۇئمىن ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئاللاھ تائالا خالىسا ئۇنى ئازابلايدۇ، خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، مۇنداق ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ»[2]. ئىمام تاھاۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىمنىڭ قىبلىنى ھالال ساناپ، قىلمىغان گۇناھى سەۋەبلىك كاپىرلىققا چىقارمايمىز. <گۇناھ قىلسا ئىمانغا زىيىنى يوق> ھەم دېمەيمىز. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىز ۋە ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى سورايمىز، ئەمما <ئۇلارنى چوقۇم جەننەتكە كىرگۈزىدۇ> دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھكارلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىز، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق قورقىمىز، ئەمما ئۇلارنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمەيمىز»[3]. ھەنەفىي ئۆلىمالىرىدىن ئىبنى ئەبۇلئىز تاھاۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى شەرھلەپ مۇنداق

[1] مۇرجىئەلەر ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە خاۋارىجلارنىڭ زىتىغا چىققان مەزھەپ بولۇپ، ئۇلار «كاپىر ئىبادەت قىلسا پايدىسى بولمىغاندەك، مۇئمىن گۇناھ قىلسىمۇ ئۇنىڭ ئىمانىغا زىيان يەتمەيدۇ» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئەقىدە مەسىلىلىرى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىگە زىت كېلىدۇ.

[2] ئىمام ئەزەمنىڭ «ئەلفىقھۇل ئەكبەر» ناملىق ئەسىرى 164 - ۋە 167 - بەتلەر

[3] ئىمام تاھاۋىنىڭ «ئەقىدەتۇت تەھاۋىيە» ناملىق ئەسىرىگە ئىبنى ئەبۇلئىزنىڭ شەرھىسى 2 - توم 31 - بەت.

دېگەن: «بۇنىڭدا مۇرجىئەلەرنىڭ: ‹كاپىر ئىبادەت قىلسا پايدىسى بولمىغاندەك، مۇئمىن گۇناھ قىلسىمۇ ئۇنىڭ ئىمانىغا زىيان يەتمەيدۇ› دەيدىغان سەپسەتىسىگە ۋە خاۋارىجلارنىڭ: ‹مۇسۇلمان ئادەم قانداقلا بىر گۇناھنى ياكى قانداقلا بىر چوڭ گۇناھنى قىلىش بىلەن كاپىر بولۇپ كېتىدۇ› دەيدىغان ئاشقۇنلۇقىغا رەددىيە بېرىلگەن».

## تەكفىر ئېقىمىغا تۈرتكە بولغان ئامىل

خاۋارىجلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىشىگە تۈرتكە بولغان ئامىل ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىدە «چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ». ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئەقىدىسى سەۋەبلىك خاتالىق ئۆتكۈزگەن مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىپ كەلگەن؛ ساھابىلەرنى، ھەتتا كاتتا ئىسلام خەلىپىلىرىدىن بولغان ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق زاتلارنىمۇ كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىۋەتكەن.

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، خاۋارىجلار — قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرىدىغان مۇسۇلمانلار جامائىتىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بىر پىرقە بولۇپ، ئۇلار تارىختىن بۇيان مۇسۇلمانلارنىلا ئۆلتۈرۈپ كەلگەن ۋە ئۇلارغىلا زىيانكەشلىك قىلغان پىرقىدۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ خاۋارىجلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «خاۋارىجلار — دىنىنىڭ روھىدىن چىقىپ كەتكەن بىر ئازغۇن پىرقە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋە ئۇ ۋاقىتتىكى ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە كېيىنكى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش كېرەكلىكىنى سۆزلىگەن. ئەمما ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قاتارلىق ساھابىلەر گەرچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنى <كاپىرلار> دەپ ھۆكۈم قىلمىغان، ئۇلار ئۇرۇشنى ئۆزلىرى باشلىمىغۇچە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمىغان. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، مال- مۈلكىنى تالان- تاراج قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان»[1].

---

[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» ناملىق ئەسىرى 3 - توم 282 - بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خاۋارىجلارنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەن. سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قولى بىلەن ئىراق تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئۇ جايدىن بىر قەۋم چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما قۇرئان ئۇلارنىڭ قەلبىگە يېتىپ بارمايدۇ، ئۇلار ئىسلامدىن خۇددى ئوق ئوقيادىن چىقىپ كەتكەندەكلا چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن.[1] ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.[2]

## زامانىمىزدىكى تەكفىر ئېقىمىنىڭ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەبلەر

زامانىمىزدىكى تەكفىر ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

***1. ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەسلىك ۋە پىكرىي جەھەتتىكى قاتماللىق.***

تەكفىر ئېقىمىدىكىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە غايىسىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئۆز خاھىشى بويىچە تەۋىل قىلىپ، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ئېقىتىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن راۋا كۆرمەكتە.

***2. ئىسلامىي شەرىئەت ئىلىملىرىدىن يۈزەكى مەلۇماتقا ئىگە بولۇپلا ئۆزىنى كاتتا ئالىملار قاتارىدىن ساناش.***

ھازىرقى ئۈچۈر دەۋرىدە ئىنتېرنېتتىن ياكى ئىسلامىي لېكسىيەچىلەرنىڭ لېكسىيەلىرىدىن ئازراق بىر نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىپلا «ئىسلام دېگەن مانا مۇشۇكەن» دەپ ئويلاپ قېلىپ، پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن كاتتا ئۆلىمالارغا تىل ئۇزىتىپ كەلمەكتە.

***3. پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئالدىراپ ئۆز خاھىشى بويىچە پەتىۋا بېرىش.***

تەكفىر ئېقىمىدىكىلەر دىن نامىدىن پەتىۋا بېرىشنىڭ دىنىي مەسىلىگە ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن قول قويۇش ئىكەنلىكىنى، پەتىۋا بېرىشنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن

جاۋابكارلىقىنى بىلمەستىن، ئاللاھ تائالادىن قورقماي ئاغزىغا كەلگەنچە پەتىۋا چىقىرىپ، ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلماقتا.

### *4. ئىخلاسقا ۋە ياخشى نىيەتكىلا كۆپايە قىلىپ، ئىلىم بىلەن قوراللانماسلىق.*

مۇسۇلمانلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئىسلامىي ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن يالغۇز ئىخلاس ياكى ياخشى نىيەت كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى يەنە بىلىملىك، ھوشيار، تەقۋادار ۋە مەسئۇلىيەتچان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. خاۋارىجلار گەرچە ئۆز ۋاقتىدا ئەڭ ئىخلاسمەن ۋە ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر بولسىمۇ، شەرىئەت ئىلىملىرىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە نېسىۋە ئالالمىغانلىقتىن «چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلار كاپىر بولىدۇ» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرۇۋالغان، ھەتتا كاتتا ساھابىلەرنىمۇ «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتكەن.

### *5. ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك ۋە ئىلىم ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك.*

ئىلىم ئۆگىنىش كاتتا ئىبادەت بولغانلىقى ۋە خېلى كۆپ ئىبادەتلەردىن مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ساھابىلەردىن باشلاپ بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇسۇلمانلارنى ئىبادەت ۋە جىھاد قىلىشتىن ئاۋۋال ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرىپ كەلگەن. تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىلىمسىز ئىش قىلغۇچى خۇددى قىڭغىر يوللاردا ئاداشقان ئادەمگە ئوخشاشتۇر. ئىبادەت بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشنى بىر- بىرىگە قارشى قىلمىغان ھالدا ئىلىم ئۆگىنىڭلار. بەزى قەۋملەر شۇ زاھىرى ئىبادەتلەرگە كۇپايە قىلىپ، ئىلىم ئۆگىنىشنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبلىك، نادانلىقتىن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىغا قىلىچ تەڭلىدى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىلىمدىن نېسىۋىسى بولسا ئىدى، ھەرگىز بۇنداق قىلمىغان بولاتتى».

### *6. ئۆزىنىڭ پىكىر ئېقىمى بىلەن بىردەك بولمىغانلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن سانىماسلىق ۋە ئۆزىنىڭ پىكرىنى كۆچلەندۈرۈپ بەرمىگەن كاتتا ئۆلىمالارنىمۇ ئۆلىما قاتارىدىن سانىماسلىق ۋە ئۇلارغا بىھۆرمەتلىك قىلىش.*

بۇ ئەڭ خەتەرلىك نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئۆچىغا چىققان مۇتەئەسسىپلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى كاپىر دەيدىغانلار ئاساسەن ئۆزى ئەگەشكەن پىكىر ئېقىمىغا مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ موللىلىرىدىن باشقىسى ئالىم ئەمەس.

## كۇفرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

### *كۇفرى دېگەن نېمە؟*

«كفر» (كۇفرى) كەلىمىسىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى — پەردىلەش، يوشۇرۇش ۋە يېپىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا ئاللاھ تائالانى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ياكى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىمان ئېيتىش بەلگىلەنگەن ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن بىرەرىنى ئاشكارا ئىنكار قىلىش «كۇفرىلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق ئادەملەر شەكسىز كاپىر ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەقتۇر، ئۇنىڭ دىنى ۋە بۇيرۇغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتۇر. بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىق — بىر تەرەپتىن بۇ ئوچۇق ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت يارىتىلىشتىكى مەجبۇرىيەتنى يوشۇرغانلىق بولۇپ، مۇنداق ئادەم كاپىر، يەنى ھەقىقەتنى يوشۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡفُرُونَ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيُرِيدُونَ أَن يُفَرِّقُواْ بَيۡنَ ٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيَقُولُونَ نُؤۡمِنُ بِبَعۡضٖ وَنَكۡفُرُ بِبَعۡضٖ وَيُرِيدُونَ أَن يَتَّخِذُواْ بَيۡنَ ذَٰلِكَ سَبِيلًا ﴿١٥٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ حَقّٗاۚ وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ﴿١٥١﴾﴾ «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەكچى (ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلماقچى) بولغانلار، <(پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز> دېگۈچىلەر ۋە ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار — راستتىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خارلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق»[1]. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدىغان دىنسىزلار، باتىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىدىغان يەھۇدىي-خىرىستىيانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۇفرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق؛ يەنە بىرى، ئەمەلدىكى كۇفرىلىقتۇر. ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق ئۇنى سادىر قىلغۇچىنى ئىماندىن چىقىرىدۇ، ئەمما ئەمەلدىكى كۇفرىلىق ئىماندىن چىقارمىسىمۇ چوڭ گۇناھقا پاتۇرىدۇ.

ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

---

[1] نىسا سۈرىسى 150 - ۋە 151 - ئايەتلەر

### 1. كۇفرى ئىنكار

كۇفرى ئىنكار — قۇرئان كەرىمگە، ياكى سەھىھ ھەدىسلەرگە، ياكى ئۇلاردا كەلگەن ھۆكۈملەرگە ۋە ياكى ئۇلار ئارقىلىق بېكىتىلگەن بەش ۋاخ ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرزلەرنىڭ ياكى ئەھكاملارنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِٱلْحَقِّ لَمَّا جَآءَهُۥٓ ۚ أَلَيْسَ فِى جَهَنَّمَ مَثْوًى لِّلْكَـٰفِرِينَ ﴿٦٨﴾﴾ «ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ!؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمىدۇ!؟»[1].

### 2. كۇفرى تەكەببۇر

كۇفرى تەكەببۇر — ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، چوڭچىلىق قىلغانلىقتىن ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق دېمەكتۇر. بۇ خىلدىكى كۇفرىلىق ئىبلىسنىڭ كاپىرلىقىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئىبلىس ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَـٰٓئِكَةِ ٱسْجُدُوا۟ لِءَادَمَ فَسَجَدُوٓا۟ إِلَّآ إِبْلِيسَ أَبَىٰ وَٱسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ ٱلْكَـٰفِرِينَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: ‹ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار› دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئۇ (سەجدە قىلغىلى) ئۇنىمىدى، تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى»[2].

دېمەك، ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكى بۇ ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان مۇتەكەببىرلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئىبلىسنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن بىردۇر.

### 3. كۇفرى شەك

كۇفرى شەك — ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى بولغان ئالتە ئىماننىڭ ھەرقانداق بىرىگە شەك كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةً وَلَئِن رُّدِدتُّ إِلَىٰ رَبِّى لَأَجِدَنَّ خَيْرًا مِّنْهَا مُنقَلَبًا. قَالَ لَهُۥ صَاحِبُهُۥ وَهُوَ يُحَاوِرُهُۥٓ أَكَفَرْتَ بِٱلَّذِى خَلَقَكَ مِن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ سَوَّىٰكَ رَجُلًا﴾ «(كاپىر ئادەم مۇنداق دېدى:) ‹قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ (يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى 68 - ئايەت

[2] بەقەرە سۈرىسى 34 - ئايەت

بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن›. مۇئمىن بۇرادىرى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن (ۋە ئۇنىڭغا ۋەز- نەسىھەت قىلغان) ھالدا مۇنداق دېدى: ‹سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابىمەنىيدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟!›»[1]. دېمەك بۇ ئايەتكە ئاساسەن، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئاخىرەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ئادەم شەكسىز كاپىر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئايەتتە، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرگەن كىشى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

### 4. كۇفرى ئېتىراز

كۇفرى ئېتىراز — ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەللەرگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش دېمەكتۇر. ﴿وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ عَمَّآ أُنذِرُواْ مُعۡرِضُونَ﴾ «كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر»[2]. مۇپەسسىلەر بۇ ئايەنى: «ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار قۇرئان ئۆزلىرىنى ئاگاھلاندۇرغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر، ئۇلار ۋەز — نەسىھەت ئالمايدۇ، تەپەككۇر قىلمايدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان[3].

بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ شەكسىز كاپىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.



### 5. كۇفرى نىفاق

كۇفرى نىفاق — تىلىدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَمَا هُم بِمُؤۡمِنِينَ ٨﴾ «كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ»[4].

بۇ ئايەتتە، مۇناپىقلار ئېغىزلىرىدا ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» دەپ قانچىلىك دەۋا قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس، بەلكى كۇففارلاردىن ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

---

[1] كەھف سۈرىسى 36 - ۋە 37 - ئايەتلەر.

[2] ئەھقاف سۈرىسى 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «تەپسىرى مۇيەسسەر» 786 - بەت.

[4] بەقەرە سۈرىسى 8 - ئايەت

ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقنى سادىر قىلغان ئادەم ئىسلام ۋە ئىماندىن چىقىپ كېتىپ كاپىر بولىدۇ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق ئىمانغا زىت كېلىدۇ ۋە ئىمان بىلەن ھەرگىز بىرلىشەلمەيدۇ.

تۆۋەندە بىز ئەمەلدىكى كۇفرىلىقنى قىسقىچە بايان قىلىمىز. ئۇلار:

### 1. كۇفرى نېمەت

كۇفرى نېمەت — ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلماستىن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ «نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن؛ ئەگەر كۇفرانى نېمەت قىلىپ (تۇزكورلۇق) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ»[1].

### 2. كۇفرى مەئسىيەت

كۇفرى مەئسىيەت — ئىسلام دىنىدا كۇفرىلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەرقانداق گۇناھ- مەئسىيەتلەر ۋە يامان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرۈش. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «مۇسۇلماننى ھاقارەتلەش ئېغىر گۇناھتۇر، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىقتۇر»[2].

(2) ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە زىنا قىلىش. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «زىنا قىلغۇچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ ۋە ھاراق ئىچكۈچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ»[3].

(3) ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرز ئەمەللەرنى تەرك ئېتىش. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «كاپىرلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق نامازدۇر. نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولغان بولىدۇ»[4]. بۇ ھەدىستىكى

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

كاپىرلىق ئىماندىن چىقىرىدىغان دەرىجىدىكى ئېتىقادىي كاپىرلىق ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى كاپىرلىقتۇر.

### 3. كۇفرى ھۆكۈم

كۇفرى ھۆكۈم — ئىسلامىي شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولۇپ تۇرۇپ، باشقا قانۇنلارنى دەستۇر قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىش كۆرۈش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْكَـٰفِرُونَ﴾ «كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئان بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر»[1].

ئەمما، ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى «بۇ ئەسىرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ۋە ياكى يەرلىك قانۇنلارنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل ياكى ئوخشاش سانىغانلىق سەۋەب بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقنىڭ ھۆكۈمىگە كىرىدۇ، چۈنكى بۇ خىل كۇفرىلىق ئېتىقادىي كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ئىمانغا زىت كېلىدۇ، شۇڭا بۇنى سادىر قىلغۇچىلار كاپىر بولۇپ كېتىدۇ.[2]

ئەمەلدىكى كۇفرىلىقنى سادىر قىلغان كىشى ئىسلامدىن ياكى ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ ۋە كاپىر بولمايدۇ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئەمەلدىكى كۇفرىلىق ئىمانغا زىت كەلمەيدۇ، بىراق ئۇنى سادىر قىلغۇچى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر. ئەمما ئايرىم بىر شەخسنى كاپىر دېيىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ كاپىر بولغانلىقىغا ئۆزىنىڭ ئىقرارى ياكى ئوچۇق دەلىل- ئىسپات شەرتتۇر. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى كۇفرى سۆزى ۋە قىلمىشلىرى ئاشكارا يۈز بەرگەن بولۇشى شەرتتۇر:

(1) ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەسلىك؛

(2) ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاش ياكى ھاقارەتلەش؛

(3) ئىسلام دىنىنى ياكى قۇرئان كەرىمنى مەسخىرە قىلىش؛

---

[1] مائىدە سۈرىسى 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] دوكتور يۇسۇف قەرداۋىينىڭ «ئىسلامدا ئىبادەت» ۋە شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلفەۋزاننىڭ «تەۋھىد كىتابى» ناملىق كىتابلاردىن ئېلىندى.

(4) دەھرىيلەر[1] ۋە زامانىمىزدىكى كوممۇنىستلار؛

(5) يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار؛

(6) ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىش؛

(7) ئىسلام نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئازغۇن پىرقىلەردىن باتىنىيە، ئىسمائىلىيە، باھائىيە ۋە قادىيانىيە پىرقىلىرى.

بۇلارنىڭ كاپىرلىقىمۇ ئېنىقتۇر. چۈنكى ئىسمائىلىيە ۋە قادىيانىيە پىرقىلىرى توغرۇلۇق شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ: «ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كاپىرلىقىدىنمۇ ياماندۇر، چۈنكى ئۇلار دىنىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ» دېگەن. باھائىيە ۋە قادىيانىيە پىرقىلىرى يېڭى بىر دىن شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇلار ئىسلام قانۇنلىرىنى رەت قىلىدۇ. قادىيانىيە غۇلام ئەھمەد قادىيانىنى «ئاخىرقى پەيغەمبەر» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ (نەئۇزۇبىللاھ!) ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆپلىگەن ئاساسلىق مەسىلىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ پىرقىلەرنىڭ كۆپلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىنگلىز مۇستەملىكىلىرى مۇسۇلمانلارنى بۆلۈپ ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

(8) بەزى شىئەلەر

شىئە مەزھىپىدىكىلەر ھەر خىل پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمامىيە ۋە زەيدىيە پىرقىلىرىگە ئوخشاش ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە ئەڭ يېقىن بولغان پىرقىلىرىمۇ بار. بۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىغا قارىغاندا كاپىرلىققا يېقىن پىرقىلىرىمۇ بار بولۇپ، ھەتتا بەزى پىرقىلىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «ئىلاھ» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە: «پەيغەمبەرلىك ئەسلىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كەلمەكچى ئىدى، جىبرىئىل خاتالىشىپ مۇھەممەدكە ئېلىپ كەلگەن» دەيدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى شىئەلەرنىڭ بۇ پىرقىسىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك دەلىل- ئىسپاتلار بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرگەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «ئىلاھ» دېگىنى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلىقى ياكى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىدۇر، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەسلىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقىدۇر. دېمەك، بۇلارنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسى



[1] دەھرىيلەر خۇددى الله تائالا سۈپىتىنى بايان قىلغاندەك: «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە تۇغۇلۇپ تۇرىمىز، بىزنى پەقەت زامانلا يوق قىلىدۇ» (جاسىيە سۈرىسى 24 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەيدىغانلار.

ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلاردىن ھېچبىر پەرقى يوق، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى مۇشرىكلارمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتاتتى، ئەمما ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرەتتى. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ شىئەلەرنىڭ رافىزى پىرقىسى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئەڭ زالىم، ئەڭ نادان ۋە ئەڭ ئەخمەق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرلەردىن قالسا ئەڭ ئۇلۇغ بولغان كىشىلەرنى، ساھابىلەردىن ئەڭ ئاۋۋال ئىسلامغا كىرگەن مۇھاجىرلارنى، ئەنسارىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان ياخشى كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ. شۇنداقلا كاپىرلارنى، يەھۇدىي- خىرىستىيانلارغا ئوخشاش مۇشرىكلارنى ۋە مۇناپىقلارنى دوست تۇتىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىشىدۇ»[1].

## تۈر بىلەن شەخسلەرنى ئايرىش مەسىلىسى

ئىسلام ئۆلىمالىرى كۇفرى مەسىلىسىدە تۈر بىلەن شەخسنىڭ پەرقىنى ئايرىش توغرۇلۇق مەلۇم قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكەن. بىزنىڭ: «ئاللاھ تائالانى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ياكى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىمان ئېيتىش بەلگىلەنگەن ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن بىرەرىنى ئاشكارا ئىنكار قىلغانلار شەكسىز كاپىرلاردۇر» دېگەن سۆزىمىز تۈرگە ۋە مۇئەييەن پىرقىگە قارىتىلغان ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر. كۇفرىلىقتا ھۆكۈم قىلىش مۇئەييەن بىر شەخسكە قارىتىلماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۇ كىشىنىڭ راستتىنلا كاپىر بولغان ياكى ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتە قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەۋقەسىنى ئېنىق بىلىش شەرتتۇر. بۇ ھەقتە شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆزمۇ كىشىنى كۇفرىلىق گىردابىغا ئاپىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر كىشى ئىماندىن چىقىرىدىغان سۆزنى ئېيتقان ۋە بۇنى بىرەيلەن ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ كاپىرلىقىنى ئۆزىدىن ئوچۇق ئاڭلىمىغۇچە ياكى شۈبھىسىز دەرىجىدە دەلىل بىلەن ئىسپات قىلىنمىغۇچە ئۇنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ — قۇرئان كەرىمدە ئاگاھلاندۇرۇلغانلارغا ئوخشاشتۇر. مەسىلەن، ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَأۡكُلُونَ أَمۡوَٰلَ ٱلۡيَتَٰمَىٰ ظُلۡمًا إِنَّمَا يَأۡكُلُونَ فِي بُطُونِهِمۡ نَارٗاۖ وَسَيَصۡلَوۡنَ سَعِيرٗا﴾ <يېتىملەرنىڭ مال- مۈلۈكىنى ناھەق يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى قورسىقىغا (يېنىپ تۇرغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. ئۇلار لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ>[2] دېگەن ئايەت ئومۇمغا قارىتىلغان بولۇپ، مۇئەييەن شەخسنى كۆزدە تۇتمايدۇ.

---

[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» ناملىق ئەسىرى 1 - توم 20 - بەت

[2] نىسا سۈرىسى 10 - ئايەت

يەنى قانداقلا بىر ئادەم يېتىمنىڭ پۇل- مېلىنى يەۋالسا، ئۇ قورسىقىغا يېنىپ تۇرغان ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. يېتىمنىڭ ھەققىنى يېگەن ئادەم گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، يېتىمنىڭ ھەقلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ گۇناھسىز ھالەتتە ئۆلۈشى ياكى ئۇنىڭ كاتتا ساۋابلىق ئەمەللىرى بار بولۇپ، شۇنىڭ سايىسىدا ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان بولۇشى ۋە ياكى ئېغىر مۇسىبەت ياكى چوڭ سىناقلارغا يولۇقۇپ ئاللاھقا سەۋر قىلغانلىقى سەۋەبلىك گۇناھلىرى يۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن».

## بىر مۇسۇلماننى كاپىر دېيىش يېنىك ئىش ئەمەس

ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: «بىر مۇسۇلماننى كاپىر دېيىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۇفرى سۆزنى ياكى كاپىر بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان گۇناھنى ئوچۇق- ئاشكارا قىلغان بولۇشى؛ بىلمەسلىك، سەۋەنلىك، تەۋىل قىلىش ۋە مەجبۇرلىنىش قاتارلىق ئۆزرىلىرى بولماسلىقى شەرتتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئەگەر ئۇنىڭ مەلۇم كۇفرى سۆزنى ياكى كاپىر بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان مەلۇم گۇناھنى قىلغانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئېنىق ئىسپاتلانمىسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، مەزكۇر كۇفرى سۆزنى ياكى كاپىر بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان مەزكۇر گۇناھنى بىلمەستىن، ياكى سەۋەنلىكتىن، ياكى تەۋىل قىلغانلىقتىن (يەنى ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدا بۇنداق سۆز ياكى بۇنداق گۇناھ كاپىر بولۇشقا سەۋەب بولمايدۇ، دەپ چۈشەنگەنلىكتىن) ۋە ياكى شۇ كۇفرى سۆزنى ئېيتىشقا ياكى كاپىرلىققا سەۋەب بولىدىغان شۇ گۇناھنى قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقتىن سادىر قىلغان بولسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزرىلىكتۇر».

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «<مۇنداق ئىشنى قىلغان ئادەم ياكى مۇنداق سۆزنى دېگەن ئادەم كاپىر بولىدۇ> دېيىلگەن ھۆكۈم مۇتلەق ھالەتنى كۆزدە تۇتىدۇ. بىراۋ مەزكۇر كۇفرى سۆزنى ياكى كاپىر قىلىدىغان ئىشنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ كۇفرىنى سادىر قىلغانلىقىغا ئېنىق ۋە ئوچۇق دەلىل- ئىسپات بولمىسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ». ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مۇنداق دېگەن: «گەرچە بىر كىشىنىڭ ئېيتقان سۆزى <كىمكى مۇنۇ سۆزنى قىلسا، ئۇ كاپىر بولىدۇ> دېيىلگەن ھۆكۈمگە چۈشىدىغان سۆز بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ كاپىرلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەمەلىي دەلىل- ئىسپات بولمىسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ». بۇ مەسىلىگە مۇنداق مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَٱلسَّارِقُ وَٱلسَّارِقَةُ فَٱقْطَعُوٓاْ أَيْدِيَهُمَا جَزَآءَۢ بِمَا كَسَبَا نَكَٰلًا مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ «ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن

ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار»[1] دەپ بۇيرۇق قىلغان. بۇ ئايەتتىكى ھۆكۈم ئومۇمغا قارىتىلغان بولۇپ، ئوغرىلىق قىلغان ھەر قانداق ئەر-ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بىراۋغا قول كېسىش جازاسىنى تەتبىق قىلىدىغان ۋاقىتتا، بارلىق شەرتلەر ھازىر بولمىسا ۋە قولنى كېسىشتىن چەكلەپ قويىدىغان سەۋەبلەر يوق بولمىسا، ئۇنىڭ قولنى كېسىشكە بولمايدۇ.

## مۇسۇلماننى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ

كۇفرىلىقنى ئاشكارا سۆزلىگەنلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن ھۆكۈم قىلىش لازىم بولغان يەردە، يامان ئىشلار بىلەن بىر قاتاردا ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان ۋە «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان مۇسۇلمانلار توپىنى كۇفرىلىققا ھۆكۈم قىلىش نەقەدەر ئېغىر خەتەرگە جۈرئەت قىلغانلىق- ھە!؟ مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئاللاھتىن قورقماستىن بۇنىڭغا جۈرئەت قىلىشى نەقەدەر يەڭگىلتەكلىك! ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇنداق كىشىلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ: «كىمكى بىرەر مۇسۇلماننى كاپىر دەيدىكەن، ئەگەر ئۇ كاپىر بولمىسا، شۇ سۆزنى دېگەن كىشىنىڭ ئۆزى كاپىر بولىدۇ»[2] دېگەن تۇرسا، مۇسۇلمانلارنى يەڭگىلتەكلىك بىلەن كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى راۋا كۆرىدىغانلار ئەجەبا بۇ ھەدىسنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟! ۋاھالەنكى، شاھادەت كەلىمىسىنى ئاغزاكى ئېيتىپ قويغان مۇناپىقلارغىمۇ دۇنيا ئىشلىرىدا مۇسۇلمانلىق مۇئامىلىسى قىلىنىدىغان تۇرسا، مۇسۇلمان توپىنى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىش قانداقمۇ دۇرۇس بولسۇن!؟ ئاغزاكى ئىمان ئېيتقانلار مۇسۇلمانلار قاتارىدىن سانىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن ھېسابلىشىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان خاۋارىجلارنىمۇ «كاپىر» دېمىگەن. ساھابىلەر ئۇنىڭدىن: «خاۋارىجلار كاپىر بولمىسا نېمە ئەمىسە؟» دەپ سورىغاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇلار كاپىرلىقتىن قاچقان كىشىلەردۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## تەكفىرنىڭ خەتەرلىرى

بىراۋنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىشنىڭ خەتىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇنداق نەتىجىلەر كېلىپ چىقىدۇ:

---

[1] مائىدە سۈرىسى 38 - ئايەت

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

1. مۇرتەد بولغان ئادەمنى ئايالىدىن ئايرىۋېتىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى مۇسۇلمان ئايال كاپىر ئەرگە ھالال ئەمەستۇر.

2. مۇرتەد بولغان ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا قېلىشى دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇ پەرزەنتلىرىگە ئۆزىنىڭ كۇفرىلىقى بىلەن سەلبىي تەسىر بېرىشى ۋە ئۇلارنىمۇ ئازدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. مۇنداق باللار مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىگە ئامانەت قىلىپ يۈكلىنىدۇ.

3. مۇرتەد بولغان ئادەم بۇ قىلىقى بىلەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە سەلبىي تەسىر بېرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا مەنىۋى جازا قوللىنىلىپ، تاكى ئۇ توغرا يولغا قايتقۇچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشى ۋە ھەر قانداق بىر مۇئامىلە قىلىشى چەكلىنىدۇ، يەنى جەمئىيەتتە يېتىم قالدۇرۇلىدۇ.

4. مۇرتەد بولغان ئادەم ئۆلگىنىدە يۇيۇپ تارالمايدۇ، ئۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇلمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمايدۇ.

5. مۇرتەد بولغان ئادەم كۇفرىلىق ھالىتىدە ئۆلسە، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە لايىق بولىدۇ ۋە رەھمىتىدىن قوغلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا ئالدىرىماسلىق ۋە قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش لازىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز كىشىلەرنى كاپىر قىلىشقا ئەمەس، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مۇسۇلمان قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز. شۇنداقلا، بىراۋنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىش ئىشى شەخسلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ ۋە دۆلەت مۇفتىسىنىڭ ئىشىدۇر.



## قانداق بولغاندا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھېسابلىنىدۇ؟

بىرىنچى پىرىنسىپ، كىشى قاچانكى «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» (ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر) دېگەن كەلىمە شاھادەتنى ئېيتسا، ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھېسابلىنىدۇ. بۇ كەلىمىنى ئېيتقان كىشىگە مۇسۇلمانچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئىسلام ئۈممىتىدىن سانىلىدۇ، چۈنكى بىز ئىشلارنىڭ زاھىرىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز. كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكىنى بىلمەيمىز ۋە كوچىلاشقىمۇ بۇيرۇلمىغانمىز. ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاس ئىشتۇر. بۇنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان كىشىنىڭ

مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئىسلام ئۈممىتى قاتارىدىن ھېسابلىغان. بىراۋ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئىقرار قىلغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىسلام پەرزلىرىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشىنى ياكى زاكات بېرىشى ئۈچۈن بىر يىلنىڭ توشۇشىنى ۋە ياكى روزا تۇتۇشى ئۈچۈن رامىزان ئېيىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىن، ئۇنى مۇسۇلمان، دىنىي قېرىنداش دەپ سانىغان.

(2) ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمگە قىلىچنى يالىڭاچلاپ كەلگەندە، گەرچە ئۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە زەيدكە كايىپ: «<لا ئىلاھە ئىللەللاھ> دېگەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈردۈڭمۇ؟!» دېگەن. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇ قىلىچتىن قورقۇپ شۇنداق دېدى» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆردۈڭمۇ؟» دەپ ئاچچىقلانغان.[1] يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «<لا ئىلاھە ئىللەللاھ> دېگەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگىنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە قانداقمۇ قىلارسەن!؟» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمان ئېيتماقچى بولۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلىشتا ئۇنىڭغا ناماز، زاكات، روزا قاتارلىق پەرزلەرنى شەرت قىلمىغان. ھەتتا بەزى قەۋملەر زاكات بەرمەسلىك شەرتى بىلەن ئىمان ئېيتماقچى بولۇپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوبۇل قىلغان. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «سەقىف قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا زاكات بەرمەسلىك ۋە جىھادقا قاتناشماسلىق شەرتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلغان ۋە: ‹ئۇلار كېيىن چوقۇم زاكات بېرىدۇ ۋە جىھادقىمۇ چىقىدۇ› دېگەن»[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمكى كاتتا ئۆلىمالار «ئىسلام — كەلىمىدۇر» دېگەن. تەبىئىيكى، بۇ ئورۇندىكى «كەلىمە» شاھادەت كەلىمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلامنىڭ ناماز، زاكات، روزا قاتارلىق پەرزلىرى كىشىلەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردۇر، چۈنكى مۇسۇلمان بولمىغان ئادەمگە ئىبادەت پەرز قىلىنمايدۇ. يەنە كېلىپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئىبادەت قىلسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ،

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

چۈنكى ئىبادەتلەر پەقەت مۇسۇلمانلاردىنلا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەمما، بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاكاتنى بېرىشنى رەت قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقانلىقى بىزنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزگە قەتئىي زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا بېرىپ كەلگەن زاكاتنى بېرىشنى رەت قىلغان قەۋملەر، بىرىنچىدىن، قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى بىلەن بېكىتىلگەن ئىسلام پەرزلىرىدىن بىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇرتەد بولغانلاردۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلغان ئادەم مۇرتەد بولىدۇ. مۇرتەدلەرنى يوقىتىپ جەمئىيەتنى ئۇلارنىڭ سەلبىي تەسىرىدىن ۋە زىيانكەشلىكىدىن قوغداش پەرزدۇر. ئىككىنچىدىن، زاكات بېرىشنى رەت قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى پەقەت زاكاتنى بەرمەسلىكلا ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇلارنى تىنچىتىش ئارقىلىق مەدىنىدىكى يېڭى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملىگەن.

### ئىمانى بىلەن ئۆلگەن ئادەم جەننەتكە كىرىشكە لايىقتۇر

ئىككىنچى پرىنسىپ، «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئىقرار قىلغان ھالدا ئۆلگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مۇنداق ئىككى ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ:

(1) دوزاختا مەڭگۈ قالماسلىق

بەزى مۇسۇلمانلار گەرچە زىنا، ئوغرىلىق، ھاراق ئىچىش، جازانە قىلىش قاتارلىق ھارام ئىشلارنى قىلغان ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلماستىن ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا لايىق دوزاختا ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىرى جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بولغان كىشىنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالمايدىغانلىقىغا ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «جەننەتكە لايىق بولغانلار جەننەتكە، دوزاخقا لايىق بولغانلار دوزاخقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ: ‹قەلبىدە قىچا چاغلىق ئىمانى بارلارنى دوزاختىن چىقىرىڭلار› دەپ پەرمان قىلىدۇ».[1]

(2) جەننەتكە كىرىش

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

مۇنداق كىشى گەرچە جەننەتكە دەسلەپ كىرىدىغانلار قاتارىدا كىرەلمىسىمۇ، دوزاختا گۇناھلىرىغا لايىق ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر جاكارلىغان.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلىقىغا، ئۇنىڭ شېرىكى يوق ئىكەنلىكىگە؛ مېنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە؛ ئىيسانىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى، بەرھەق پەيغەمبىرى، ئۆز تەرىپىدىن مەريەمگە چۈشۈرۈلگەن كەلىمىسى ۋە بىر روھ ئىكەنلىكىگە؛ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».[1]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداقلا بىر بەندە <لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ> دەپ ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانى بويىچە ئۆلسە، ئۇ چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ».



ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «<لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ> دېگەن ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ. قەلبىدە بۇغدايچىلىك ياخشىلىق بار كىشىمۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ».

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى <لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ> دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ».

يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم نەقىل قىلغان سەھىھ ھەدىسلەردۇر. ھەدىسلەردە ئېيتىلغان «جەننەتكە كىرىش» — ئەڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ چوقۇم كىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك، «دوزاختا قالمايدۇ» ۋە «دوزاخنى ھارام قىلىدۇ» دېگەن سۆزلەرمۇ دوزاختا مەڭگۈ قالمايدىغانلىقىنى ۋە گۇناھىغا لايىق ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن دوزاختىن چىقىرىلىپ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار

ئۈچىنچى پىرىنسىپ، شاھادەت كەلىمىسىنى ئىقرار قىلىپ مۇسۇلمان بولغان ئادەم شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان جىمى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەھكاملارنى رەت قىلىش ياكى قوبۇل قىلىش خۇسۇسىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز قانائىتى بىلەن ئېيتقان ئىمانى ئۇنىڭغا بۇ مەجبۇرىيەتنى يۈكلىگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ ٱلْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ ۗ وَمَن يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَٰلًا مُّبِينًا﴾ «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر-ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ). كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ»[1]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا۟ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا ۚ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ﴾ «(پەيغەمبەرنىڭ) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا، ئۇلار: <ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق> دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[2].

شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ئىسلام دىنىنىڭ پەرز، ۋاجىب، ھارام، جازا قاتارلىق ئەھكاملىرىدىن قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق كەسكىن بېكىتىلگەن، ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە مۇئەييەنلەشكەن مەسىلىلەر بار بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇلارنى «دىندىكى ھەركىم ياخشى بىلىدىغان مەسىلىلەر» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەممە كىشىنىڭ ئېنىق بىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى، بۇ مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەلىل- ئىسپاتقا ھاجەت كەتمەيدۇ. مەسىلەن، بەش ۋاخ ناماز، زاكات ۋە روزا قاتارلىق ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ پەرز ئىكەنلىكى؛ ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، جازانىخورلۇق قىلىش، ھاراق ئىچىش، پاك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاش قاتارلىق چوڭ گۇناھلار ھەمدە نىكاھ، تالاق، قىساس قاتارلىق ئەھكاملارغا ئوخشاشتۇر.

يۇقىرىقى «دىندىكى ھەركىم ياخشى بىلىدىغان مەسىلىلەر»دىن بىرەرسىنى

[1] ئەھزاب سۈرىسى 36 - ئايەت

[2] نۇر سۈرىسى 51 - ئايەت

ئىنكار قىلغان ياكى رەت قىلغان ۋە ياكى مەسخىرە قىلغان ئادەم ئوپئوچۇق كاپىر بولغان بولىدۇ. مۇنداق كىشى «مۇرتەد» (دىندىن يېنىۋالغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى ئەھكاملار قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە ئېنىق بېكىتىلگەن، ئىسلام ئۈممىتى ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن مەسىلىلەردۇر. بۇلاردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان كىشى قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ.

## چوڭ گۇناھلار ئىماننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئەمما ئىماندىن چىقارمايدۇ

تۆتىنچى پرىنسىپ، چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان ئادەم ئەگەر تەۋبە قىلماستىن شۇ گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، ئۇنىڭ ئىمانى ئاجىزلىشىدۇ، لېكىن ئىمانى يىلتىزىدىن يوقىلىپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئەگەر چوڭ گۇناھلار ئىماندىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان بولسا، ئادەتتىكى گۇناھ بىلەن مۇرتەدلىك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. گۇناھكار كىشى مۇرتەد بولۇپ كەتكەن ۋە مۇرتەدلىكنىڭ جازاسىغا لايىق بولۇپ قالغان بولاتتى. ئەمما قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە ئىجما بۇنداق بولۇشنى رەت قىلىدۇ.

2. قۇرئان كەرىم قاتىلنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە نىسبەتەن دىنىي قېرىنداش دەپ ئاتىغان: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِصَاصُ فِي ٱلۡقَتۡلَىۖ ٱلۡحُرُّ بِٱلۡحُرِّ وَٱلۡعَبۡدُ بِٱلۡعَبۡدِ وَٱلۡأُنثَىٰ بِٱلۡأُنثَىٰۚ فَمَنۡ عُفِيَ لَهُۥ مِنۡ أَخِيهِ شَيۡءٞ فَٱتِّبَاعُۢ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَأَدَآءٌ إِلَيۡهِ بِإِحۡسَٰنٖ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ئازاد ئادەم ئۈچۈن ئازاد ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن (قىساس ئېلىنىدۇ). قاتىل ئۈچۈن قېرىندىشى (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى) تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، قاتىلدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى، (قاتىلمۇ دىيەتنى) ياخشىلىق بىلەن بېرىشى لازىم»[1]. بۇ ئايەتتە قاتىل گەرچە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ ئىگىلىرىگە نىسبەتەن دىنىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدىن چىقىپ كەتمىگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم كاپىر بولمايدۇ، چۈنكى بىر ئادەمنى كاپىر قاتارىغا چىقىرىۋېتىش ئۇنچە يېنىك ئىش ئەمەس.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 178 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

3. بىر- بىرىگە قىلىچ تەڭلەشكەن ئىككى پىرقە مۇسۇلمان كىشىلەرنىمۇ قۇرئان كەرىم «مۇئمىنلەر» ۋە «قېرىنداشلار» دەپ ئاتىغان: ﴿وَإِن طَآئِفَتَانِ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱقْتَتَلُوا۟ فَأَصْلِحُوا۟ بَيْنَهُمَا ۖ فَإِنۢ بَغَتْ إِحْدَىٰهُمَا عَلَى ٱلْأُخْرَىٰ فَقَٰتِلُوا۟ ٱلَّتِى تَبْغِى حَتَّىٰ تَفِىٓءَ إِلَىٰٓ أَمْرِ ٱللَّهِ ۚ فَإِن فَآءَتْ فَأَصْلِحُوا۟ بَيْنَهُمَا بِٱلْعَدْلِ وَأَقْسِطُوٓا۟ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُقْسِطِينَ. إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا۟ بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ «ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تەرەپ تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە) قايتسا، (ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماي) ئۇلارنى ئادىللىق بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويۇڭلار، (ھەر ئىشتا) ئادالەتلىك بولۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ. مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، ئىككى قېرىندىشىڭلار (ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلار)نىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار. رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان بىر- بىرىگە قىلىچ تەڭلىسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلگۈچى ھەر ئىككىلىسى دوزاخقا كىرىدۇ»[2]. ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ئىككى كىشىنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى «ئىككى مۇسۇلمان» دەپ ئاتىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، «مۇسۇلمان ئادەم چوڭ گۇناھ قىلغانلىقى سەۋەبلىك كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ» دېگەن پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان.

4. ھاراق ئىچكەن بىر ئادەمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قامچا بىلەن ئۇرۇپ جازالاشقا بۇيرۇغان بولۇپ، ئۇ ئادەمگە قامچا ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بەزى ساھابىلەر: «ئاللاھ ئۇنى خار قىلسۇن!» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنداق دېمەڭلار، ئۇنىڭغا شەيتاننى ياردەمچى قىلماڭلار» دېگەن.[3] ھەدىسنىڭ يەنە بىر نەقلىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا: «سىلەر بۇ قېرىندىشىڭلارغا شەيتاننى ياردەمچى قىلماڭلار» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئىمام ئەبۇ داۋۇد بۇ قىسسىنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇنداق دېمەڭلار، پەقەت ‹ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن› دەڭلار» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان.

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ گۇناھكارلارغا بولغان كەڭچىلىكى ۋە شەپقىتىدۇر. ھەتتا

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى 9 - ۋە 10 - ئايەتلەر

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ھاراق ئىچكۈچى گۇناھى تۆپەيلى قامچا ئۇرۇلۇشقا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىنسانىي ھۆرمىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا، ھاقارەتلىنىشىگە ۋە لەنەتلىنىشىگە يول قويمىغان. بەلكى ئۇنىڭ يەنىلا مۇسۇلمانلار سېپىدىن ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاراق ئىچكەن ئادەمنى «قېرىندىشىڭلار» دېگەنلىكى ۋە ساھابىلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەشكە بۇيرۇغانلىقى — ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كاپىرنى مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىندىشى دېگىلى بولمىغاندەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەشكىمۇ بولمايدۇ.

## ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلار ئىنشائاللاھ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ

بەشىنچى پىرىنسىپ، شېرىكتىن باشقا پۈتۈن گۇناھلار مەيلى چوڭ گۇناھلاردىن بولسۇن، مەيلى كىچىك گۇناھلاردىن بولسۇن، ئۇنى ئاللاھ خالىسا ئۆزىنىڭ پەزلى- كەرەمى بىلەن كەچۈرۈم قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَٰلًۢا بَعِيدًا﴾ «ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى ئەلۋەتتە كەچۈرمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى ئۆزى خالىغان ئادەمدىن كەچۈرۈۋېتىدۇ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ»[1].

ئايەتتىكى «شېرىك» — ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنى ئىلاھ قىلىپ چوقۇنۇش ياكى ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە مەخلۇقاتلارغىمۇ چوقۇنۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ﴾ <ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ گۇناھىنى) ئەلۋەتتە كەچۈرمەيدۇ> دېگەن بۇ قائىدىسىنى شېرىكتىن قول ئۈزۈپ، تەۋبە قىلغانلارغا تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى گۇناھىغا تەۋبە قىلغان كىشى مەيلى شېرىكتىن تەۋبە قىلسۇن، مەيلى باشقا گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغان بولسۇن، ئۇ ئاللاھ خالىسا چوقۇم ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿قُلْ يَٰعِبَادِىَ ٱلَّذِينَ أَسْرَفُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُواْ مِن رَّحْمَةِ ٱللَّهِ إِنَّ ٱللَّهَ يَغْفِرُ ٱلذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ﴾ <(ئى پەيغەمبەر! گۇناھ قىلىۋېرىپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن

[1] نىسا سۈرىسى 116 - ئايەت

(تەۋبە قىلغان كىشىلەرنىڭ) بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر>[1] دېگەن».[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە، پاك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلىماسلىققا، دىنىنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىققا ئەھدە بېرىڭلار. كىمكى بۇ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تولۇق بېرىدۇ. كىمكى بۇ گۇناھلاردىن بەزىسىنى قىلىپ سالسا، دۇنيادا جازالىنىش ئارقىلىق گۇناھتىن پاكلىنىدۇ. ئەگەر بۇ گۇناھلاردىن بەزىسىنى قىلىپ سالغان كىشى بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرمىگەن بولسا، جازاسى ئاللاھنىڭ خالىشىدا بولىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ».[3]

كۆرگىنىمىزدەك، بۇ ھەدىسمۇ چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلارنىڭ بۇ گۇناھلىرى سەۋەبلىك كاپىر بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە. ئۆلىمالار: «بۇ ھەدىس <چوڭ گۇناھلارنى قىلغانلار كاپىر بولىدۇ> دەپ بىلجىرلايدىغان خاۋارىجلارغا يېتەرلىك رەددىيەدۇر» دېگەن.

## كۇفرىنىڭ تۈرلىرى

ئالتىنچى پىرىنسىپ، كۇفرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقتۇر. ئېتىقادتىكى كۇپرىلىقنى سادىر قىلغان ئادەم ئىسلام ۋە ئىماندىن چىقىپ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ تائالانى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ياكى ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش. كۇفرىنىڭ ئىككىنچى تۈرى ئەمەلدىكى كۇفرىلىق بولۇپ، ئەمەلدىكى كۇفرىلىقنى سادىر قىلغان ئادەم ئىماندىن چىقمايدۇ، ئەمما گۇناھكار بولىدۇ. بۇ — كۇفرى بىلەن سۈپەتلەنگەن بەزى گۇناھلارنى سادىر قىلغانغا ئوخشاش. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننى ھاقارەتلەش ئېغىر گۇناھتۇر، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىقتۇر».[4] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «زىنا قىلغۇچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۇئمىنلىك ھالىتىدە

---

[1] زۇمەر سۈرىسى 53 - ئايەت

[2] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «پەتىۋالار توپلىمى» ناملىق كىتابى 7 - توم 484 - بەت.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[4] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئوغرىلىق قىلمايدۇ ۋە ھاراق ئىچكۈچى مۆئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ».[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كاپىرلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق نامازدۇر. نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولغان بولىدۇ».[2] ئۇنىڭدىن باشقا، ﴿وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْكَـٰفِرُونَ﴾ «كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر»[3] دېگەن ئايەت بىلەن، ﴿لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِى لَشَدِيدٌ﴾ «نېئمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن؛ ئەگەر كۇفرانى نېمەت قىلىپ (تۇزكورلۇق) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ»[4] دېگەن ئايەتمۇ بۇنىڭ مىسالىدۇر. يۇقىرىقى ھەدىس ۋە ئايەتلەردە ئېيتىلغان «كۇفرىلىق» كىشىنى كاپىر قىلىۋېتىدىغان ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى كۇفرىلىقتۇر. شۇڭا بۇلارنى سادىر قىلغانلار كاپىر بولمايدۇ.

بەزى ئۆلىمالار قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن «كۇفرى» سۆزىنى «چوڭ كۇفرى» ۋە «كىچىك كۇفرى» دەپ ئىككىگە ئايرىغان. يەنى ئېتىقادتىكى كۇفرىنى «چوڭ كۇفرى» دېسە، ئەمەلدىكى كۇفرىنى «كىچىك كۇفرى» دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ سۆزىگە كۆرە، ئەمەلدىكى كۇفرى بىلەن سۈپەتلەنگەنلەر دوزاختا كىرسىمۇ، دوزاختا مەڭگۈلۈك قالمايدۇ ۋە ھەقىقىي كاپىرلاردىن بولۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، بەقەرە سۈرىسىدىكى: ﴿وَلَـٰكِنِ ٱخْتَلَفُوا۟ فَمِنْهُم مَّنْ ءَامَنَ وَمِنْهُم مَّن كَفَرَ﴾ «لېكىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى»[5] دېگەن ئايەتتىكى «كاپىر»لىق چوڭ كۇفرىنى ئىپادىلىسە؛ ئىنسان سۈرىسىدىكى: ﴿إِنَّا هَدَيْنَـٰهُ ٱلسَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا﴾ «شەكسىزكى، بىز ئۇنىڭغا (ياخشى- يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ ياكى (ياخشى يولدا مېڭىپ) شۈكۈر قىلغۇچى بولىدۇ، ياكى (گۇناھكار بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچى بولىدۇ»[6] دېگەن ئايەتتىكى «كۇفرىلىق» بولسا كىچىك كۇفرىنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ﴿وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْكَـٰفِرُونَ﴾ «كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[3] مائىدە سۈرىسى 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[4] ئىبراھىم سۈرىسى 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[5] بەقەرە سۈرىسى 253 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[6] ئىنسان سۈرىسى 3 - ئايەت

(شەرئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر»[1] دېگەن ئايەتتىكى «كاپىرلار» دېگەن سۆزنى: «بۇ كۇفرىنىڭ تۆۋەنىدىكى كۇفرىدۇر» دەپ تەپسىر قىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن «كۇفرى» ياكى «كاپىر» دېگەن سۆزلەر بەزى يەرلەردە ئېتىقادتىكى كۇفرىنى ئىپادىلىسە، يەنە بەزى يەرلەردە ئەمەلدىكى كۇفرىنىمۇ ئىپادىلەيدىغانلىقى قەدىمدىن بېرى ئۆلىمالار ئىتتىپاققا كەلگەن بىر مەسىلىدۇر.

## بىر ئادەمدە ئىمان بىلەن كۇفرى ئالامەتلىرىنىڭ تەڭ تېپىلىشى

يەتتىنچى پىرىنسىپ، بەزى ئىنساندا ئىماننىڭ بەزى ئالامەتلىرى بىلەن بىرگە يەنە، كۇفرى ياكى مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىمۇ تېپىلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال قەدىمكى ۋە ھازىرقى كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ نەزەرلىرىدىن ساقىت بولۇپ كەلگەن بىر ھەقىقەتتۇر. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئىنسان يا خالىس مۇئمىن بولىدۇ، ياكى خالىس كاپىر بولىدۇ، ئۈچىنچىسى بولمايدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە ئېتىقاندا، شەيئىلەر يا ئاپئاق، ياكى قاپقارا بولىدۇ، بۇ ئىككىسىدىن باشقا رەڭدە بولمايدۇ. ئەمەلىيەت شۇكى، ئۇلار قارا بىلەن ئاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەڭلەرنى ئۇنۇتقان. شۇڭا ئۇلار بەزى شەخسلەردە ياكى بىرەر جامائەدە ئىماننىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرى تولۇق تېپىلماستىن، كۇفرىنىڭ ياكى مۇناپىقلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئۇلارنى «كاپىر» ياكى «مۇناپىق» دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىرايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «ئىماننىڭ ئالامەتلىرى بىلەن كۇفرىنىڭ ياكى مۇناپىقلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرى بىر قەلبتە تېپىلمايدۇ».

ئەمما بىز دەيمىزكى، ئىماندىمۇ كۇفرىنىڭ ياكى مۇناپىقلىقنىڭ ۋە ياكى جاھىلىيەتنىڭ بەزى ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى: «سەندە جاھىلىيەتنىڭ ئالامەتلىرى باركەن» دېگەن. بۇ يەردىكى «جاھىلىيەتنىڭ ئالامەتلىرى» دېگەن سۆزدىن كاپىرلىقنىڭ ئالامەتلىرى مەقسەت قىلىنغان. ھالبۇكى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە تەقۋالىقى ۋە غازاتلاردا ئالدىنقى سەپتە بولۇشى بىلەن تونۇلغان كاتتا ساھابە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «كىمكى جىھاد قىلماستىن ياكى جىھاد قىلىشنى ئارزۇ قىلماستىن ئۆلىدىكەن، ئۇ مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن.[2]

[1] مائىدە سۈرىسى 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ قۇرئان كەرىمدىكى مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق كەلگەن ﴿هُمۡ لِلۡكُفۡرِ يَوۡمَئِذٍ أَقۡرَبُ مِنۡهُمۡ لِلۡإِيمَٰنِۚ﴾ «ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى»[1] دېگەن ئايەت ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇرۇن ئۇلاردا ئىماننى بېسىپ چۈشەلمەيدىغان دەرىجىدىكى مۇناپىقلىق بار ئىدى، ئۇھۇد غازىتى بولغان كۈندە ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى ئىمانغا غالىب كەلدى-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىماندىن كۇفرىغا يېقىن بولۇپ ئۆزگەردى».

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك رەھىمەھۇللاھ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «ئىمان قەلبتە بىر ئاقلىق ئالامىتى بىلەن باشلىنىدۇ، بەندىنىڭ ئىمانى كۈچەيگەنسېرى ئۇنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئاقىرىشقا باشلايدۇ، ئىمان كامىل بولغاندا ئۇنىڭ قەلبى پۈتۈنلەي ئاپئاق بولۇپ كېتىدۇ. مۇناپىقلىقمۇ قەلبتە بىر قارىلىق ئالامىتى بىلەن باشلىنىدۇ، بەندە مۇناپىقلىققا داۋام قىلغانسېرى، ئۇنىڭ قەلبى شۇنچىلىك قارىداشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭ مۇناپىقلىقى كامىل بولغاندا، ئۇنىڭ قەلبى پۈتۈنلەي قاپقارا بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز مۇئمىننىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرەلىگەن بولسىڭىز، ئۇنىڭدا ئاقلىقنى كۆرگەن؛ كاپىرنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرەلىگەن بولسىڭىز، ئۇنىڭدا قارىلىقنى كۆرگەن بولاتتىڭىز».



## ئىسلام ئۈممىتى ئىتائەتچانلىقتا بىر خىل ئەمەس

سەككىزىنچى پىرىنسىپ، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىكى دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ دەرىجىسى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىق مەرتىۋىسىمۇ بىر خىل بولمايدۇ. شۇڭا ئىسلام ئۆلىمالىرى قەدىمدىن تارتىپ «ئىمان كەم- زىيادە بولىدۇ» دېگەن قائىدىنى بېكىتكەن. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەر بۇ قائىدىنى قوللايدۇ ۋە كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى بۇ قائىدە بۇ ئىككى ئاساسلىق مەنبەدىن ئېلىنغان. ئىنسانلارنى خۇددى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش بارلىق خاتالىقلاردىن پاكتۇر، دەپ ئويلاش چوڭ خاتالىقتۇر. بۇنداق دېيىش ئىنساننىڭ خاراكتېرىنى ۋە مىجەزىنى بىلمىگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿ثُمَّ أَوۡرَثۡنَا ٱلۡكِتَٰبَ ٱلَّذِينَ ٱصۡطَفَيۡنَا مِنۡ عِبَادِنَاۖ فَمِنۡهُمۡ ظَالِمٞ لِّنَفۡسِهِۦ وَمِنۡهُم مُّقۡتَصِدٞ وَمِنۡهُمۡ سَابِقُۢ بِٱلۡخَيۡرَٰتِ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَضۡلُ ٱلۡكَبِيرُ﴾ «ئاندىن بىز كىتابنى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە ئۇۋال

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 167 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

قىلغۇچىدۇر، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. مانا بۇ چوڭ پەزلى- كەرەمدۇر»[1].

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىقى ئايەتتە، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى مىراس قىلىپ بەرگەن ئىسلام ئۈممىتىنى ئۈچكە ئايرىغان:

(1) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچىلار

بۇلار پەرزلەرنى ئادا قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلىدىغان ۋە مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى سادىر قىلىدىغانلاردۇر.

(2) ئوتتۇراھاللار

بۇلار پەرزلەرنى ئادا قىلىدىغان، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىدىغان، لېكىن بەزىدە سۈننەت ۋە مۇستەھەب قاتارلىق ياخشى ئىشلارنىمۇ تەرك ئېتىدىغان ۋە ھارامدىن تۆۋەن گۇناھلارنى قىلىدىغانلاردۇر.

(3) ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلار

بۇلار بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەت قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇندايدىغان، ھارام ۋە ھارامدىن تۆۋەن تۇرىدىغان يامان ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلمايدىغان ۋە گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرىدىغان كىشىلەردۇر».[2]

يۇقىرىقى بىرىنچى تۈردىكى كىشىلەرنىڭ گەرچە گۇناھ- مەئسىيەتلەرنى قىلىپ ئۆزىگە ئۇۋال قىلىش، بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى ئورۇنداپ مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يېنىش ئىشىدا بىپەرۋالىق قىلىشتەك كەمچىلىكلىرى بار بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئاللاھ تائالا تاللىغان كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يۇقىرىقى ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئاللاھ تائالا ئۆزى نازىل قىلغان كىتابلارنىڭ مىراسچىلىرى بولغان ئىسلام ئۈممىتىدۇر. ئۇلاردىن ‹ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچىلار›نىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ، ‹ئوتتۇراھاللار›نىڭ ھېساب بېرىش ئىشلىرىنى ئاللاھ ئاسان قىلىدۇ، ئەمما ‹ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلار› ھېساب-

[1] فاتىر سۈرىسى 32 - ئايەت

[2] تەپسىرى ئىبنى كەسىر 3 - توم 454 - ۋە 455 - بەتلەر

كىتاب قىلىنماستىنلا ئۇدۇل جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ»[1].

«ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچىلار» ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىدىغان گۇناھ ئادەتتىكى گۇناھلارنىلا ئەمەس، بەلكى چوڭ گۇناھلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئادەم بالىسىدىن گۇناھ قىلمايدىغىنى يوق. گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان ھەر قانداق كىشى ئايەتتىكى <ئوتتۇراھاللار> ياكى <ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلار>نىڭ قاتارىغا كىرىدۇ».



[1] يۇقىرىقى مەنبەدىن.

# دىن — سەممىيلىكتۇر

تەمىم ئەددارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الدين النصيحة» «دىن — سەممىيلىكتۇر» دېگەنىدى، بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سەممىيلىك كىمگە؟» دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لله، ولكتابه، ولرسوله، ولأئمة المسلمين وعامتهم» «ئاللاھقا، ئۇنىڭ كىتابىغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا سەممىي بولۇشتۇر» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنى مۇنداق شەرھلىگەن:

ئەرەب تىلىدىكى «النصيحة» دېگەن سۆز چىن ئىخلاسنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى «نصح» دېگەن سۆز «خلص» دېگەنلىك بولۇپ، ساپلىقنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئەرەبلەر ھەسەلنىڭ ساپ ھالىتىنى «نصح العسل» (ھەسەل ساپ بولدى) دەيدۇ. بىراۋنىڭ خالىس تەۋبە قىلغانلىقى «نصحت توبته» دېيىلىدۇ. تەھرىم سۈرىسىدىكى: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ تُوبُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ تَوۡبَةٗ نَّصُوحًا﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىمۇ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، خالىس نىيەت ۋە تولۇق سەممىيەت بىلەن ئورۇندالغان ئەمەلمۇ «ئىخلاسلىق ئەمەل» دېيىلىدۇ. ئەمەل- ئىبادەتلەردىكى ئىخلاس شۇ ئەمەل- ئىبادەتلەرنىڭ جان تومۇرى بولۇپ، ئىخلاسسىز ئەمەل- ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ. بۇ ئىخلاس چىن سەممىيەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلامدا ھەربىر ئىبادەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىخلاسى ۋە سەممىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن، قۇرئان ئوقۇشنىڭ سەممىيىتى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغاندەك ئوقۇش، ئوقۇغىنىغا ۋە بىلگىنىگە ئەمەل قىلىش بولسا؛ نامازنىڭ سەممىيىتى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەندەك ئوقۇشتۇر؛ زاكات ۋە سەدىقىنىڭ سەممىيىتى ئۇنى چىن كۆڭلىدىن رازى بولغان ھالدا، مەمنۇنىيەت بىلەن ئادا قىلىشتۇر؛ شۇڭلاشقا، دىن ۋە دۇنيالىق ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ سەممىيىتى ئۇنى قېتىرقىنىپ قىلىشتۇر.

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] تەھرىم سۈرىسى 8 - ئايەت

## ئاللاھ تائالاغا سەممىي بولۇش

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە بولغان ئېتىقادتا راستچىل ۋە ئىخلاسلىق بولۇش، ئۇنى چىن قەلبتىن سۆيۈش، ئۇنى پۈتۈن كامالىي سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەش، ئۇنى ھەرقانداق نۇقساندىن پاك دەپ بىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ھالدا، ئۇ تەلەپ قىلغانىدەك ياشاشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە سەممىي بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە بولغان ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئۇنى پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىدە ئۈلگە قىلىش، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى سۆيۈش، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغداش، كاپىرلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بېرىپ، ئۇنىڭ شەنىنى مۇداپىئە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمگە سەممىي بولۇش

قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىش، ئۇنىڭ بىلەن ئەخلاقلىنىش، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى جان تىكىپ قوغداش قاتارلىقلاردۇر.

## مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا سەممىي بولۇش

مۇسۇلمان يولباشچىلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش، ئۇلارنى قوغداش، ئۇلار توغرا يولدا بولسىلا ئۇلارغا قارشى چىقماسلىق، ئۇلارغا ياردەم قىلىش، خاتالىقى بولسا تۈزىتىپ بېرىش، نەسىھەت قىلىش، ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتسە، ئۇلار ئۆز خاتالىقىنى بىلىپ تۈزىتىۋالغۇچە ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

## ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا سەممىي بولۇش

مۇسۇلمانلارنى قوغداش، ھېسداشلىق قىلىش، ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش، يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇش؛ ھەر بىر مۇسۇلمانغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە، شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە ۋە قولىدىن كېلىشىچە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

# ئاللاھ ھېچ نەرسىنى بىھۇدە ياراتمىغان

كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھېچبىرى بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس، بەلكى ھەر نەرسە مەلۇم ھېكمەت ۋە مەقسەت بىلەن يارىتىلغاندۇر. كائىناتقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ئەڭ ئاددىي شەيئىلەردىن تارتىپ، يۇقىرىسى ئىنسان، ئۆسۈملۈكلەر ئالەمى، ھايۋاناتلار ئالەمى ۋە باشقا ئالەملەردىكى ھەر نەرسىنىڭ مۇكەممەل ئىنتىزام ۋە ئاجايىپ ھېكمەت بىلەن يارىتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنساننى مىسالغا ئالايلى، ئىنسان باشتىن- ئاياغقىچە پەقەت ھېكمەتلەر مەجمۇئەسىدۇر.

### *(1) تۈكۈرۈك*

ئىنسان ئېغىزىنىڭ ئىچىدە يۈرىدىغان تۈكۈرۈكنى بىز پەقەت ئېغىزدا پەيدا بولىدىغان ۋە يەرگە تۈكۈرۈپ ئېتىلىدىغان بىر خىل سۇ دەپلا بىلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئىلىم- پەن ئاشۇ سۇنىڭ، يەنى تۈكۈرۈكنىڭ ئېغىزىمىزدىكى ئۈچ ئورۇندىن چىقىپ، ئۈچ تۈرلۈك خىزمەت ئىشلەيدىغان ۋە ئۈچ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بەلكىم بۇنى ئاڭلاشتىن بۇرۇن سىز بۇنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ئىدى.

ئېغىزىمىزدىكى تۈكۈرۈكنىڭ ئۆتەيدىغان ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپىسىنىڭ بىرىنچىسى، تەم بېرىش. يەنى يېگەنلىرىمىزنىڭ تەمىنى ئېلىشىمىز تۈكۈرۈكنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىككىنچىسى، تۈكۈرۈك يېمەكلىكلەرنى يۇتۇشىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەت قىلىدۇ. تۈكۈرۈكنىڭ ياردىمىدە بىز ھەرقانداق قاتتىق نەرسىلەرنىمۇ ئوڭايلا يۇتالايمىز. ئۈچىنچىسى، يېمەكلىكلىرىمىزنى چاينىغىنىمىزدا تۈكۈرۈك ئۇنى يۇمشىتىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

نورمالدا ھەربىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدا كۈنىگە 1 لىتىر بىلەن 1.5 لىتىر ئارىسىدا تۈكۈرۈك يىغىلىدۇ. مۇندىن باشقا، تۈكۈرۈك يەنە ئېغىزغا كۈندە تاشقىرىدىن كىرىدىغان مىڭلارچە مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، تۈكۈرۈك تەركىبىدە «سولفۇسىيا نورۇن» دەپ ئاتىلىدىغان مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر ماددا بار. شۇنداقلا تۈكۈرۈك بولمايدىغان بولسا، بىز يېگەن نەرسىلەرنىڭ ھېچقانداق تەمىنى بىلەلمەيمىز. تۈكۈرۈك تەركىبىدە يەنە فوسفور ماددىسى بار

بولۇپ، بۇ ماددا چىشلارنىڭ پارقىراقلىقىنى ساقلايدۇ ۋە چىشنى چىڭىتىپ بېرىدۇ. تۆكۈرۈك تەركىبىدە يەنە فىلور ماددىسى بار بولۇپ، ئۇ چىشلارنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

### (2) سوقۇر ئۈچەي

ماتېرىيالىزمچىلار سوقۇر ئۈچەينى «ئىپتىدائىي دەۋردىكى مايمۇندىن ئىنسانغا ئايلىنىش ۋاقتىدىكى قالدۇقى ۋە ھېچ ئەھمىيىتى بولمىغان بىر ئارتۇق ئورگان» دەپ تەرىپلىگەنىدى. سوقۇر ئۈچەي — قېلىن ئۈچەي بىلەن ئىنچىكە ئۈچەينىڭ ئارىسىدىكى بىر ئورگاندۇر. زامانىمىزدىكى پەن- تېخنىكىنىڭ ئىسپاتلىشى بىلەن بۇ ئورگانىنىڭمۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىكارغا يارىتىلمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق رولى بار ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇرۇن بىيولوگىيە ئالىملىرى سوقۇر ئۈچەيلىرىنى ئېلىۋەتكەن كىشىلەرنىڭمۇ ھېچبىر سەلبىي تەسىر كۆرمىگەن ھالدا بېجىرىم ئۆمۈر سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سوقۇر ئۈچەي بولمىسىمۇ بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقان ئىدى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، سوقۇر ئۈچەيلىرىنى ئېلىۋەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قېلىن ئۈچەي راكىغا گىرىپتار بولغانلىقى كۆرۈنۈشكە باشلىغان. چۈنكى سوقۇر ئۈچەي مىكروبلارغا قارشى ماددىلارنى ئىشلەپ چىقىرىش ئارقىلىق ۋۇجۇدتىكى ئەڭ كۆپ مىكروب قوبۇل قىلىدىغان ئورگان — قېلىن ئۈچەينى مىكروبلار بىلەن زەھەرلىنىشتىن قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن.

### (3) ئاغرىق

ھېچبىر ئاغرىق ھېس قىلمىغان بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى- ھە! 1942 - يىلى ل. توماس ئاغرىق ھەققىدە سۆزلەپ: «ئاغرىقنىڭ تولۇق تەرىپىنى سۆزلەپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتۇر» دېگەن بولسا؛ 1969- يىللىرىدا ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى، دوكتور م. سارگېنت ئاغرىق توغرۇلۇق: «ئاغرىقنى تەرىپلەش ئارتۇقچە بىر ئىشتۇر، چۈنكى ھەركىم ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ» دېگەن.

ئىنسانلار تەرىپىدىن ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە ھېكمىتى يوق دەپ بىلىنگەن ئاغرىق تۇيغۇسى بولمىغان بولسا، ئۆزىمىزنىڭ كېسەل بولغىنىمىزنى قانداق بىلەر ئىدۇق!؟ ھالبۇكى، ئاغرىق بىكارغا ھېس قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ھېس قىلىنغانلىقى ۋۇجۇدتا چوقۇم بىنورمال بىرەر ئۆزگىرىش بولغانلىقىنىڭ سىگنالى ئەمەسمۇ؟!

ئاغرىقنى ھېس قىلىش بولمىغان بولسا ئۆزىمىزنى ساغلام دەپ ئويلاپ قېلىپ،

كېسەللىك ئېغىرلىشىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغاندا ياكى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولار ئىدۇق. ئەمما ئاغرىقنى ھېس قىلىش ئارقىلىق بىز ئۆزىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان بىرەر ئاددىي كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىنىمۇ دەرھال ھېس قىلىمىز-دە، داۋالىنىشقا ئالدىرايمىز. مەسىلەن، چىشىمىز ئاغرىغاندا ئۇنىڭ چىرىگەنلىكىنى بىلىمىز ۋە دەرھال داۋالىنىمىز. ئەگەر ئۇنىڭغا ۋاقتىلىق ئاغرىق پەسەيتىش دورىلىرىنى قوللىنىش بىلەن كۇپايە قىلىپ، چىش دوختۇرىغا بارماي يۈرۈۋەرسەك ئۆزىمىزگە زىيانكەشلىك قىلغان بولىمىز، چۈنكى چىشلارنىڭ مىكروب سەۋەبى بىلەن چىرىيدىغانلىقى ۋە ئاغرىيدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئۇنى ۋاقتىدا داۋالاتمىغاندا، بۇ جايدىكى مىكروبلار چىشلاردىن ئۆتىدىغان قان تومۇرلار ئارقىلىق ئاستا-ئاستا پۈتۈن ئورگانلارغا تارقىلىدۇ. نەتىجىدە، بەزى ئورگانلاردا، خۇسۇسەن يۈرەكتە كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق بولمىغان بولسا، بىز نە چىشىمىزنىڭ مىكروبلانغانلىقىنى، نە باشقا ئورگانلىرىمىزنىڭ كېسەللىككە يۈز تۇتقانلىقىنى بىلەلمىگەن بولاتتۇق. دېمەك، ئاللاھ ھېچ نەرسىنى ھېكمەتسىز ۋە بىكارغا ياراتقان ئەمەس!

# بىر ئايەت ھەققىدە تەپەككۇر

﴿وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَٰجًا لِّتَسْكُنُوٓا۟ إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئاياللاردىن ئۇنىسى- ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر- مۇھەببەت ئورناتقانلىقىدۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك- شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.»[1]

ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز تىپىدىن جۈپلەرنى يارىتىپ بەردى. ئۇلار ئەر- ئايال ھەممىسى ئىنسانلىق تەبىئىتىدە ۋە ئادەملىك ھۆرمەتتە، شۇنداقلا ئىنسانلارغا خاس تەلەپ ۋە ئىستەكلەردە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئىنسان مىجەز- خاراكتېردە ئۆزىگە ماسلىشىدىغاننى ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ. ئۆزىنىڭ ھالال جورىسى بىلەن بىللە بولغان ئادەم خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر ئىچىدە بولىدۇ، ئايەتتىكى «مېھىر- مۇھەببەت»نىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ.

ئەمما ئارىسىدا نىكاھ بولمىغان ئەر بىلەن ئايال ھارام ئىشتا بۇنداق ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەمدۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئايەتتە نىكاھلىق ئەر- ئاياللار بىر- بىرى ئۈچۈن خۇددى ئارام ئالىدىغان جايغا ئوخشىتىلغان. چۈنكى خۇددى مەخسۇس ئارامگاھقا كىرگەن ئادەم تولۇق خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇرنى ھېس قىلغىنىدەك، نىكاھلىق ئەر- ئاياللارمۇ بىر- بىرىدىن شۇنداق ھۇزۇرنى تاپىدۇ.

نىكاھلىق ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق ۋە مېھىر- مۇھەببەتنى باشقا ھېچقانداق بىر مەخلۇقاتتىن تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى نىكاھ دېگەن ئاجايىپ مۆجىزىۋى بىر نەرسىكى، ئۇ ياتلارنى تۇغقانلاردىن، ھەتتا قېرىنداشلاردىنمۇ يېقىن قىلىۋېتىدۇ. بىر- بىرىنى كۆرۈپ باقمىغان قىز- يىگىتمۇ نىكاھنىڭ شاراپىتى ۋە بەرىكىتى بىلەن ئەڭ يېقىن قەدىناسلاردىن بولۇپ قالىدۇ؛ ھەتتا ئاتا- ئانىسىغا، قېرىنداشلىرىغا ۋە يېقىن دوستلىرىغا دېمىگەن گەپلىرىنى بىر-

[1] رۇم سۈرىسى 21 - ئايەت

بىرىگە دېيىشىدۇ، ئۇلارغا ئېيتمايدىغان سىرلارنى ئۆزئارا بىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يېقىنلىقىنىڭ مەنبەسى جىنسىي ھەۋەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. بەلكى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان مەنىۋى نېمەتتۇر. شۇڭا نىكاھتا تەنلەر بىرلىشىشتىن ئاۋۋال روھلار، كۆڭۈللەر ۋە ھېسسىياتلار بىرلىشىدۇ. بۇ خىل مۆجىزىۋىي كارامەت نىكاھتىن باشقا ھېچبىر نەرسىدە تېپىلمايدۇ.

قىسقىسى، ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر- مۇھەببەتنى باشقا ھېچقانداق مەخلۇقاتتىن تاپقىلى بولمايدۇ ۋە ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ساغلام بىر جەمئىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئائىلىنى مېھىر- مۇھەببەت ۋە كۆيۈمچانلىق ئۈستىگە بەرپا قىلىشنى ئىرادە قىلغان. شۇڭا نىكاھلىق ئەر- ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇنداق چەكسىز مۇھەببەت ۋە يېقىنلىقنى سالغان. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان كاتتا ئالامەتلەردىن بىرىدۇر.

# خائىنلىق ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان زىيىنى

قەدىمدىن ھازىرغىچە «خائىن» سۆزى مىللەتكە ۋە ۋەتەنگە ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن ئاسىيلىق قىلغان مەلئۇنلارغا قارىتىلىپ كەلگەن بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەتتى. زامانىمىزدا «خائىن» سۆزى ۋەتەن ۋە مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت يەنە، مۇناپىقلار، چېقىمچىلار، ئۆز مىللىتىنىڭ زىيىنىغا چاپىدىغان غالچىلار، ساتقۇنلار ۋە ھەقىقەتكە كۆز يۇمغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خائىنلار — ۋەتەن ۋە مىللەتنى غاجايدىغان چاشقانلار، مىللەتنىڭ گۆركارى، خەلقنىڭ قېنىنى شورىغۇچى، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىنى زالىم دۈشمەنلەرگە تەڭلەپ بەرگۈچى ئەبلەخلەردۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىدىكى خائىنلار تەبىقىسىنىڭ زور كۆپچىلىكى يازغۇچىلار ۋە شائىرلارنى، قارا قورساق، جان باقار مولللارنى، ھوقۇق بىلەن مەنسەپ ئۈچۈن ھەر نەرسىدىن كېچىدىغان ئاچكۆز ئەمەلدارلارنى، مەنسەپ تەمەسىدە ئۆز مىللىتىنى سېتىشنى كەسىپ قىلىۋالغان غالچىلارنى ھەمدە بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچى ۋە دېھقانلار قاتلىمىنىمۇ تەشكىل قىلىدۇ.



## خائىنلىق تېگى پەس قىلمىشتۇر

20- ئەسىرنىڭ مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى خائىنلىق ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان: «خائىنلىق بىر خىل رەزىل قىلمىشتۇر. ئۇنى مەنىۋىيىتى بۇلغانغان، روھى كور، نەپسانىيەتچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك، ئىنتايىن پەس ئادەملەر سادىر قىلىدۇ. ئىسلام نەزىرىدە مۇسۇلمانلارغا ياكى ىسلام ئۈممىتىگە خائىنلىق قىلىشنىڭ گۇناھى مۇناپىقلىقنىڭ ۋە كاپىرلىقنىڭ گۇناھىدىن ئېغىر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن كَانَ خَوَّانًا أَثِيمًا﴾ «خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ»[1]. بىر ھەدىستە: «ئاللاھ بىرەر بەندىسىنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن ھاياني سۇغۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ھايا سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر كىمنىڭ نەپرىتىگە ۋە غەزىپىگە لايىق

[1] نىسا سۈرىسى 107 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە خىيانەت قىلىدىغان خائىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ خائىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەھىم- شەپقەت يوقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن رەھىم- شەپقەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى لەنەتگەردىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ لەنەتكەردى بولغاندىن كېيىن، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ» دەپ كەلگەن.

خائىنلار مەيلى ئۆزىنىڭ قەۋم- قېرىنداشلىرىدىن بولسۇن، ياكى ئۆزلىرى ئىشلىگەن خوجايىنلىرى تەرىپىدىن بولسۇن ھەرگىزمۇ ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى خائىن ئۆز مىللىتىدىن تانغان تۇزكور بولغانلىقتىن، ئۇنى باشقىلار ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ قەۋم- قېرىنداشلىرىمۇ سۆيمەيدۇ، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. مۇنداق خائىنلارنى ئىشلەتكەن خوجايىنلىرىمۇ ئۇلارغا ئىشەنچ قىلمايدۇ، سۆيمەيدۇ، ۋاپا قىلمايدۇ، ئاخىرى ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ تۈگىتىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ قەۋم- قېرىنداشلىرىدىن تانغان، ئۇلارنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئىشلىگەن خائىنلارنى ئىشلەتكەن خوجايىنلارمۇ ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، تۇزكورلۇقىنى، ۋاقتى كەلسە ئۆز خوجايىنلىرىنىمۇ ساتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ- دە، ئۇلارغا ۋاقتىنچە ئىنئاملارنى قىلىپ تۇرۇپ خىزمەتلىرىگە سېلىپ بولۇپلا ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا كىرىدۇ. دۇنيادا خائىندەك پەسكەش، زىيانكار، نومۇسسىز ۋە ئەخمەق مەخلۇق بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭلا ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ گۆرىنى ئۆزى كولايدۇ ئەمەسمۇ؟!».

## ئۇيغۇرلاردىن چىققان خائىنلارنىڭ زىيىنىمۇ ئاز بولمىغان

مەرىپەت تور بېكىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ بىرىدە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بىرىنىڭ مۇنداق دەپ يازغانلىقى قەيت قىلىنغان: «مۇناپىقلىق ئەنە شۇنداق تېگى پەس قىلمىشتۇر ۋە ئۇچىغا چىققان رەزىللىكتۇر. ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان تېگى پەس، رەزىل خائىنلارنىڭ خەلقىمىزگە سالغان زىيانلىرى ئاز بولمىغان. مەسىلەن، مىلادىيە 8- ئەسىردە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىپ تاشلىنىشىغا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سارىيىدىكى بىر قىسىم خائىن- مۇناپىقلارنىڭ پۈتۈن مەخپىيەتچىلىكلەرنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە خىيانەت قىلغانلىقى سەۋەب بولغان. شۇنداقلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىپ قالماقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىمۇ، مەنسەپ تەمەسىدە دۈشمەنگە سېتىلىپ كەتكەن ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى مۇناپىقلارنىڭ خائىنلىقى ئاساسلىق رول ئوينىغان. ھازىرمۇ بۇ خىلدىكى مۇناپىقلارنىڭ خەلقىمىزگە بولغان زىيانكەشلىكى داۋام قىلماقتا.

ھازىرمۇ زالىم دۈشمەنلەرنىڭ ئازراق ئىنئامىغا ئالدىنىپ ئۆز خەلقىنى ئۇلارغا تۇتۇپ بېرىدىغان، ھامىلدار ئاياللارنى پىلانلىق تۇغۇتنىڭ غالچىلىرىغا چېقىپ

قويىدىغان، بىرەر ئادەمنىڭ ئۆز بالىلىرىغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى تونۇتۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالسا ساقچىلارنى باشلاپ كېلىدىغان؛ خەلقىم، مىللىتىم دېگەنلەرنىڭ كالللىسىنى زالىملارغا سوۋغات قىلىدىغان ھايۋان مىجەز خائىن، ساتقۇن ۋە مۇناپىقلار ئاز ئەمەس».

## چېقىمچىلىق ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىرى

چېقىمچىلىق — بىراۋنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئۇ ھەققىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان بىر- ئىككى ئېغىز گەپنى، يالغان سۆزلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ قارشى تەرەپكە ئاڭلىتىش يالغانچىلىقى بولۇپ، خائىنلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ ئادەتتىكى گەپ توشۇشتىن پەرقلىق جىنايەتتۇر، چۈنكى گەپ توشۇش مەقسەتسىزمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما چېقىمچىلىق رەزىل مەقسەتلەر ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق چېقىمچىلىق قىلمىشى شۇ ئىنساننىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇق، روھىنىڭ كېسەل، بىپەرۋا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بىر قېتىملىق چېقىمچىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن دوستلار ۋە ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، بەختنىڭ ئاساسى بولغان خاتىرجەملىك ۋە ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ. ئىجتىمائىي ھاياتتا چېقىمچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى — چېقىمچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىق ياكى ئىشەنمەسلىكتۇر. چېقىمچىنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كىشىنىڭ باشقىلار ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان سۆزىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىپ قويىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا قوغۇشۇن قويۇلىدۇ».[1]

مەسجىدلەرگە كىرگەن ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى چېقىپ قويۇش، ئېغىر ئاياق ئىكەنلىكى بىلىنىپ قالغان ئاياللارنى دەرھال مەلۇم قىلىش، قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىققانلارنى تىزىملاش، ياراتقۇچىسىنى تونۇش يولىدا مەخپىي دىنىي بىلىم ئوقۇغانلارنى ساقچىلارغا مەلۇم قىلىپ تۇتۇپ بېرىش قاتارلىق خائىنلىق تۈرلىرىنى سادىر قىلىدىغانلار خوجايىنلىرى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئازغىنە ۋاقىتلىق ئىنئاملارغا سېتىلىپ، ئۆز مىللىتىنى قۇرۇتۇش يولىغا كىرگەن مەلئۇنلاردۇر. مۇنداق مەلئۇنلار ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن ھەممە قاتلاملىرىدا تولۇپ تاشماقتا. مۇنداقلاردا ئازراق بولسىمۇ ئىمان ۋە ۋىجدان يوقمىدۇ؟! ئۇلاردا ئەجەبا ئۆزىنىڭ قەۋم- قېرىنداشلىرىنى سېتىشتىن توسىدىغان كىچىككىنە بولسىمۇ ئادىمىيلىك غۇرۇرمۇ قالمىغانمىدۇ؟! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قويمامدىغاندۇ؟!

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

# ئىنسان نېمە ئۈچۈن گۇناھ قىلىدۇ؟

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ھەربىر ئىنسان ئۆز-ئۆزىدىن: <مەن نېمە ئۈچۈن گۇناھ قىلىمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئاللاھ بۇيرۇغان بويىچە ياشىيالمايمەن؟> دەپ سورىسا، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئەلۋەتتە <ئاللاھنى تونۇمىغانلىقتىن> دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاۋۋال بۇيرۇق قىلغۇچى رەببىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى تونۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى تونۇسا، ئۇ ئىنسان رەببىگە بولغان ئىتائەتمەنلىكىنى چوقۇم ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئاددىي مىسالى شۇكى، قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش دۆلەت تەرەپتىن بېكىتىلگەن قانۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار جازالىنىدۇ. ئەمما ئىنسان بۇ قانۇنغا قانداق ۋاقىتتا خىلاپلىق قىلىدۇ؟ پەقەت قانۇننىڭ كۈچىنى ئاددىي ساناپ قالغاندا ياكى ئۆزىنى قانۇندىن كۈچلۈك ھېس قىلغاندا خىلاپلىق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٍ وَمِنَ ٱلۡأَرۡضِ مِثۡلَهُنَّۖ يَتَنَزَّلُ ٱلۡأَمۡرُ بَيۡنَهُنَّ لِتَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىۡءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ ٱللَّهَ قَدۡ أَحَاطَ بِكُلِّ شَىۡءٍ عِلۡمَۢا﴾ «ئاللاھ يەتتە (قات) ئاسماننى ۋە زېمىندىنمۇ ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى ياراتقان زاتتۇر، ئاللاھنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر»[1]. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ يەتتە قات ئاسماننى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈشى — ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، مىسلىسىز كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ھەممىنى بىلىشتەك مۇكەممەل ئىلمىنى بىلىپ، ئۇنى لايىقىدا قەدىرلىشى، ئۇنى ئۇلۇغلىشى، ئۇنىڭ جازاسىدىن قورقۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەمىشە موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈندۇر. ئىنسان رەببىنى بىلمىگەن ۋە لايىقىدا تونۇمىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ جازاسىدىنمۇ قورقمايدۇ-دە، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىدۇ».



[1] تالاق سۈرىسى 12 - ئايەت

# يېڭى يىل بايرىمى (روژدېستۋا بايرىمى)نى قۇتلۇقلاش ھارامدۇر

يېڭى يىل بايرىمى ئىيسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن خىرىستىيانلار يولغا قويغان بىر دىنىي بايرام بولۇپ، بۇ كۈندە خىرىستىيانلار بىر- بىرىگە سوۋغات تەقدىم قىلىش، يېشىل دەرەخ تىكلەش، ئائىلە بويىچە خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىش، نوۋېل پاپانىڭ تەقلىدىنى ياساش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ بايرام «كرىستىماس» (Christmas) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى «Xmas» سۆزى گرېكچىدىكى خىرىستوس (Χριστος) سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ئەمما خىرىستىيانلارنىڭ ياۋروپادىكى پروتېستانت مەزھىپى بىلەن كاتولىك مەزھىپى روژدېستۋا بايرىمىنى 25- دېكابىرغا بېكىتكەن بولسا، شەرقتىكى ئورتودوكس مەزھىپى يانۋارنىڭ 7- كۈنىگە بېكىتكەن.

ئەسلىدە تاكى مىلادىيەنىڭ 220- يىلىغا كەلگۈچىلىك خىرىستىيانلاردا بۇ خىل ئادەت يوق ئىدى. شۇ يىلى خىرىستىيان ئالىملىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى مىلادىيەنىڭ 29- يىلى 25- مارت دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن دەپ قارارلاشتۇرغان، كېيىنكى خىرىستىيان ئالىملىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى مىلادىيە 33- يىلى 3- ئاپرېل دارغا ئېسىلغان دەپ قارارلاشتۇرغان. تارىختا تۇنجى قېتىم 14- ئەسىردە كونستانتىن ئىمپېراتورىنىڭ زامانىدا، كونستانتىن 25- دېكابىرنى «ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش بايرىمى» قىلىپ بېكىتكەن. چۈنكى رىملىقلار خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ھەر يىلى 25- دېكابىر كۈنىدە «قۇياش ئىلاھى» سانىلىدىغان «بول ئىنفىكتوس» نىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئادەت خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم دىنىي بايراملىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى باشقا دىندىكىلەرنىڭ دىنىي ئادەتلىرىنى دوراشتىن توسۇپ: «مۇشرىكلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى — مەيلى قايسى دىندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى دورىماڭلار، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قىلماڭلار، ئۇلارغا ئۆزۈڭلارنى ئوخشاتماڭلار، دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ھەدىس پەقەت مۇشرىكلارغىلا خاس قارىتىلغان ئەمەس. ھەدىستە «مۇشرىك» سۆزىنىڭلا تىلغا ئېلىنغانلىقى

— ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار ئەسلىدە مۇشرىكلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى، مۇشرىكلىك مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپرەك مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقى سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپلا يۇقىرىقىدەك ئادەتلەر ۋە بايراملار مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان. گەرچە ھازىرقى زاماندىكى بەزى مۇسۇلمانلار بۇ ئادەتلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان بولسىمۇ، ئىسلام دىنى بۇلارنى نورمال ئادەتلەر قاتارىدا قوبۇل قىلمايدۇ ۋە رەت قىلىدۇ.

بۇ ئادەتلەر ۋە بۇ بايراملار بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىز ياكى ئادىتىمىزمۇ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز ۋە قەتئىي قىلماسلىقىمىز لازىم. مۇسۇلمانلار ئەمەلىيەتتە باشقا دىنلارنىڭ ئادەتلىرىنى ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانچىلىق ئادەتلىرىنى كۆپرەك ئۆگىنىشكە موھتاج.

خىرىستىيانلارنىڭ روژدېستۋا بايرىمى ئىبادەت خاراكتېرلىك بىر ئادەتتۇر. ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىشتىكى خۇشاللىقىنى بىز بىرگە تەنتەنە قىلساق، ئۇلار بىلەن ئىبادەتتە ئىشتىراك قىلغان بولمامدۇق!؟ ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ بۇ ئىبادەت خاراكتېرلىك پائالىيىتىنى قوللىغانلىق بولمامدۇ!؟ شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھمۇ يۇقىرىقى بايراملارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتكۈزۈشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە كەسكىن ھۆكۈم كەلتۈرگەن.[1]



[1] «دىن ۋە ھايات 2000 سوئالغا جاۋاب» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

# تۇنجى قاتىللىق جىنايىتى

ئىنسانىيەت يەر يۈزىدە ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا قاتىللىق جىنايىتى يۈز بەرگەن ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە قابىل ۋە ھابىل دەپ ئىككى قېرىنداش بار بولۇپ، ئۇلار ئۆيلىنىش يېشىغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ زامانلاردا دۇنيادا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىدىن باشقا ئىنسان بولمىغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بىر- بىرى بىلەن ئۆيلىنىشىگە رۇخسەت بەرگەن ئىدى. ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەۋۋا ئانىمىز ھەر قېتىمدا قوشكېزەك تۇغاتتى. قوشكېزەكنىڭ بىرى قىز، يەنە بىرى ئوغۇل بولاتتى. ئەمما بىر ۋاقىتتا تۇغۇلغان قوشكېزەكلەرنىڭ بىر- بىرىگە ئۆيلىنىشى ھالال ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت ئۆزىدىن كېيىن ياكى ئىلگىرى تۇغۇلغان قېرىنداشلىرى بىلەنلا ئۆيلىنەلەيتتى. قابىل ئۆزىنىڭ قوشكېزەك ھەمشىرىسىگە ئاشىق بولۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

ئەسلىدە قابىل بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇغۇلغان قىز ھەمشىرىسى ئۇنىڭغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ باشقا بىر قورساق كۆتۈرۈش بىلەن تۇغۇلغان قېرىندىشى ھابىلغا تېگىشلىك ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام قابىلغا ئۆزىنىڭ قوشكېزەك ھەمشىرىسىگە ئۆيلىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى قايتا- قايتا چۈشەندۈرسىمۇ، قابىل بۇنىڭغا قايىل بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام قابىل بىلەن ھابىل ئىككىسىنى ئايرىم- ئايرىم قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، قايسىسىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولسا، ئۇنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن ئىدى. قۇربانلىقنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئاسماندىن بىر ئوت چۈشۈپ ئۇ قۇربانلىقنى كۆيدۈرۈپ تاشلىشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار قۇربانلىق قىلدى. ھابىل چارۋا ماللار بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ يوغان ۋە سېمىز بىر مالنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئەكەلدى. ئەمما قابىل تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ مېۋىلەرنىڭ ناچارلىرىدىن بىر سېۋەت ئېلىپ كېلىپ ئۇنى قۇربانلىققا ئاتىدى. ھابىلنىڭ قۇربانلىقىنى ئوت كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، ئەمما قابىلنىڭ قۇربانلىقىنى كۆيدۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن قابىلنىڭ ھەقسىزلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى، ئەمما قابىل بۇنىڭغا يەنىلا قايىل بولمىدى.

قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش ئارقىلىق بۇ رەقىبدىن قۇتۇلۇشنى پىلانلىدى. شۇنداق قىلىپ بىر پۇرسەت تېپىپ قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قاتىللىق جىنايىتىنى سادىر قىلدى. قۇرئان كەرىم بۇ ۋەقەلىكنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ ٱبۡنَيۡ ءَادَمَ بِٱلۡحَقِّ إِذۡ قَرَّبَا قُرۡبَانٗا فَتُقُبِّلَ مِنۡ أَحَدِهِمَا وَلَمۡ يُتَقَبَّلۡ مِنَ ٱلۡأٓخَرِ قَالَ لَأَقۡتُلَنَّكَۖ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلۡمُتَّقِينَ ٢٧ لَئِنۢ بَسَطتَ إِلَيَّ يَدَكَ لِتَقۡتُلَنِي مَآ أَنَا۠ بِبَاسِطٖ يَدِيَ إِلَيۡكَ لِأَقۡتُلَكَۖ إِنِّيٓ أَخَافُ ٱللَّهَ رَبَّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢٨ إِنِّيٓ أُرِيدُ أَن تَبُوٓأَ بِإِثۡمِي وَإِثۡمِكَ فَتَكُونَ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلنَّارِۚ وَذَٰلِكَ جَزَٰٓؤُاْ ٱلظَّٰلِمِينَ ٢٩ فَطَوَّعَتۡ لَهُۥ نَفۡسُهُۥ قَتۡلَ أَخِيهِ فَقَتَلَهُۥ فَأَصۡبَحَ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٣٠ فَبَعَثَ ٱللَّهُ غُرَابٗا يَبۡحَثُ فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيُرِيَهُۥ كَيۡفَ يُوَٰرِي سَوۡءَةَ أَخِيهِۚ قَالَ يَٰوَيۡلَتَىٰٓ أَعَجَزۡتُ أَنۡ أَكُونَ مِثۡلَ هَٰذَا ٱلۡغُرَابِ فَأُوَٰرِيَ سَوۡءَةَ أَخِيۖ فَأَصۡبَحَ مِنَ ٱلنَّٰدِمِينَ ٣١﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئادەمنىڭ (ھابىل ۋە قابىلدىن ئىبارەت) ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنى ئەينەن بايان قىلىپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. ھابىلنىڭ قوبۇل بولدى، قابىلنىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا): ‹مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن› دېگەنىدى، (ھابىل) ئېيتتى: ‹ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىدۇ. ﴾27] ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭمۇ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇمنى سوزمايمەن، چۈنكى مەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن. ﴾28] مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭنى ۋە (باشقا) گۇناھىڭنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، زالىملارنىڭ جازاسى شۇدۇر›. ﴾29] شۇنداقتىمۇ (قابىلنىڭ) نەپسى- خاھىشى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قۇتراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى. ﴾30] ئاللاھ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. قاغا (بىر ئۆلۈك قاغىنى كۆمۈش ئۈچۈن) يەرنى كولاۋاتاتتى. (قابىل بۇنى كۆرۈپ): ‹ۋاي ئىسىت! مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولالمىدىممۇ!؟› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇشايمان قىلغۇچىلاردىن بولدى ﴾31]»[1].

ئېيتىلغان بايانلارغا كۆرە، تۇنجى قاتىللىق جىنايىتى سادىر قىلىنغان ۋاقىتتا ئادەم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەتكەن بولۇپ، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ئۆيىگە كېلىپ ھەۋۋا ئانىمىزغا ئەھۋالنى ئېيتقاندا، ھەۋۋا ئانىمىز بۇ سۆزگە ھەيران قالغان. چۈنكى ھەۋۋا ئانىمىز ئۆلۈمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى ۋە ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ھابىلنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن

[1] مائىدە سۈرىسى 27 - ئايەتتىن 31 - ئايەتكىچە

كېيىن، ھەۋۋا ئانىمىز قاتتىق نالە- پەرياد قىلىپ يىغلاپ كەتكەن. ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلاپ، ئۇنىڭغا: «بولدى قىلىڭ، سىز ھابىلنى بۇ دۇنيادا كۆرەلمىگەن بىلەن جەننەتتە كۆرىسىز ۋە بىرگە بولىسىز» دېگەن. بۇ ئەڭ ياخشى تەسەللى ئىدى. بىر ئانا ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ياخشى تەسەللى بارمۇ؟! باشقا يەنە قانداق بىر تەسەللى بۇ ئانىنىڭ ئاھۇ- زارىنى پەسەيتەلەيتتى؟! شۇنىڭ بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز يىغىسىنى توختاتقان ۋە سەۋر قىلغان.

جانابى ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇ- سانالار بولسۇنكى، ئۇ بىزنى مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن مەڭگۈلۈك جەننەتنى ياراتتى. ئەگەر جەننەتتە ئۇچرىشىش تەسەللىسى بىلەن كۆڭلىمىزنى پەپىلىمىسەك، ھاياتلىقتىن ئايرىلغان يېقىنلىرىمىزنىڭ ھەسرىتىنى قانداق قىلىپ ئۇنۇتقان بولاتتۇق؟! ئۇنۇتمايلىكى، رەببىمىز تولىمۇ شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان زاتتۇر.

## يېڭى يىل ئۆزىنى تەكشۈرۈش پۇرستىدۇر

نۇرغۇن كىشىلەر يېڭى يىل كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە يېڭى يىلدا خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش بولسا، دەل ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئۆمۈر بېرىپ، تېنىمىزنى سالامەت قىلىپ، بىزنى مۇشۇ يېڭى يىلغا يەتكۈزگەنلىكىدۇر. بۇنىڭغا خۇشال بولۇشىمىز ۋە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشىمىز بىزنىڭ مىننەتدارلىق بۇرچىمىزدۇر.

يېڭى يىلدا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىشىدۇر. چۈنكى ئەسلىدە يېڭى يىلنىڭ كىرگەنلىكى بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ساق - سالامەت مۇشۇ كۈنگىچە ياشىغانلىقىمىزغا خۇشال بولۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىل ئىچىدە ئاللاھ تائالانى رازى قىلغۇدەك ۋە ئۆزىمىزنى خۇشال قىلغۇدەك قانداق ياخشى ئەمەللەرنى قىلدۇق، بۇ يىل ئىچىدە قانداق يامان ئىشلارنى قىلدۇق ۋە قانداق كەمچىلىكلەرنى سادىر قىلدۇق؟ بۇلارنى ئەقلىمىزدىن بىر- بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ، ياخشى قىلغان ئىشلىرىمىز ئۈچۈن خۇشاللىنىپ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشىمىز، يامان قىلغان ئىشلىرىمىز ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى يېڭى يىل كىردى دېگەنلىك ئۆمرىمىزدىن بىر يىل قىسقاردى، ئەجىلىمىز بىر يىل يېقىنلاشتى دېگەنلىكتۇر.

يېڭى يىل بۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا خۇشاللىق ئەمەس، بەلكى غەمكىن، ئۆزىنى سىلكىش، غەپلەتتىن ئويغىنىش پەيتىدۇر.

يېڭى يىل ئۆتۈپ كەتكەن يىل ياكى يىللارنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولساق، ئالدىمىزدىكى يىللارنى مەنىلىك ۋە نەتىجىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بەل باغلاش پەيتىدۇ.

يېڭى يىل ئۆتۈپ كەتكەن يىل ياكى يىللاردا ئاللاھ تائالانى رازى قىلغۇدەك، ئىنسانلارنى مەمنۇن قىلغۇدەك، ۋىجدانىمىزنى راھەتلەندۈرگۈدەك ياخشى ئىشلارنى قىلالمىغان بولسا، ئالدىمىزدىكى يىللاردا بۇ ئىشلارنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ۋەدە بېرىش پەيتىدۇر.

يېڭى يىل ئۆتۈپ كەتكەن يىل ياكى يىللاردا ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ، خىزمەتداشلارنىڭ، قوشنىلارنىڭ ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلارنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ۋە ئۇلارغا ئۇنتۇلماس خۇشاللىقلارنى تەقدىم قىلالمىغان بولسا، ئالدىمىزدىكى يىللاردا بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن نىيەت قىلىش پەيتىدۇر.

يېڭى يىل ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز ھېساب ئالىدىغان ۋە ئۆزىمىزگە باھا بېرىدىغان ۋاقىتتۇر. ئەگەر بىز ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز ھېساب ئېلىپ، كەمچىل تەرەپلىرىمىزنى تولۇقلاپ، گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلىپ تۇرساق، بىزنىڭ يۈكىمىز يەڭگىللىشىپ قالىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشىمىزمۇ ئوڭايلىشىدۇ.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار ۋاقىتنىڭ، ئۆمۈرنىڭ قەدرىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ھېچبىر سائىتىنىڭ مەنىسىز، ساۋابلىق ئەمەلسىز ئۆتۈپ كېتىشىگە قەتئىي رازى بولمايدىكەن. بۈيۈك ئۆلگىلىك زاتلاردىن ھەسەن بەسرى «بىزنىڭ ئارىمىزدىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى ۋە ۋاقتىنى ئالتۇن -كۈمۈشتىنمۇ قىممەتلىك بىلىدۇ» دېگەن ئىكەن.

يېڭى يىل بايرىمى ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلنى قۇتلاش ئۈچۈن خرىستىئانلار يولغا قويغان دىنىي بايرام بولۇپ، ئۇنىڭ پائالىيىتى خرىستىئانلارنىڭ بىر- بىرىگە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىش، يېشىل دەرەخنى تىكلەش، ئائىلە بويىچە خوشاللىق تەنتەنىسى قىلىش، نوۋېل پاپانىڭ تەقلىدىنى ياساش بىلەن بولىدۇ. بۇ بايرام كرىسماس دەپ ئاتىلىدۇ. (چۈنكى Xmas سۆزى گرېكچىدىكى خرىستوس(Χριστος) سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ئەمما خرىستىئانلارنىڭ ياۋروپادىكى پروتېستانت مەزھىپى بىلەن كاتولىك مەزھىپى 25 دېكابىرنى قارارلاشتۇرغان بولسا، شەرقتىكى ئورتودوكس مەزھىپى يانۋارنىڭ 7- كۈنىنى قارارلاشتۇرغان.

مىلادىيىنىڭ 220- يىلىغا كەلگۈچىلىك خرىستىئانلاردا بۇ ئادەت يوق ئىدى. شۇ يىلى خرىستىئان ئالىملىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى مىلادىيىنىڭ 29- يىلى 25

مارت كۈنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن دەپ قارارلاشتۇرغان، كېيىنكى خىرىستىئان ئالىملىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى مىلادىيە 33- يىلى 3- ئاپرېل كۈنى دارغا ئېسىلغان دەپ قارارلاشتۇرغان. تارىختا تۇنجى قېتىم 14 - ئەسىردە كونستانتىن ئىمپېراتورىنىڭ زامانىدا، كونستانتىن 25- دېكابىرنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش بايرىمى دەپ بېكىتكەن. چۈنكى رىملىقلار خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ھەر يىلى 25- دېكابىر كۈنىدە «قۇياش ئىلاھى» سانىلىدىغان «بول ئىنفىكتوس» نىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئادەت خىرىستىئان دىنىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك دىنىي بايراملىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى باشقا دىندىكىلەرنىڭ دىنىي ئادەتلىرىنى دوراشتىن توسۇپ: «مۇشرىكلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار»[1] دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: مەيلى قايسى دىندا بولمىسۇن، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى دورىماڭلار، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قىلماڭلار، ئۇلارغا ئۆزۈڭلارنى ئوخشاتماڭلار دېگەنلىك بولۇپ، مۇشرىكلارغىلا خاس ئەمەس. ھەدىستە «مۇشرىك» سۆزىنىڭلا تىلغا ئېلىنغانلىقى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار ئەسلىدە مۇشرىكلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى، مۇشرىكلىك مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپرەك مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقى سەۋەبتىن بولسا كېرەك.



[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

# يېڭى يىل شۈكۈر قىلىش ۋە ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ۋاقتىدۇر

## ھىجرىيە يىلنامىسى

ھىجرىيە يىلنامىسى ئەرەبلەرنىڭ يىل، ئاي ۋە كۈنلەرنى ئاينىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان قەمەرىيە يىلنامىسى ئاساسىدا بارلىققا كېلىپ، ھىجرەت (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچ قىلغان) يىلىنى بىرىنچى يىل قىلغان ئىسلام يىلنامىسىدۇر.

## ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام نۇرى پارلاشقا باشلاپ، ئىسلام دەۋىتى ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەن ھەمدە ئىسلام دەۋىتى چەت دۆلەتلەرگىچە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، دۇنيادا ئەڭ زور نوپۇزغا ئىگە بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس رامىزان، ھەج ۋە باشقىمۇ ئىبادەتلەرنىڭ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلايدىغان، ۋەقەلىكلەرنى خاتىرىلەيدىغان، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئورتاق قوللىنىدىغان مەخسۇس ئىسلامىي يىلنامىسى بولۇشى لازىملىقى ھېس قىلىنغان ۋە بۇ پىكىر رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ تاللىنىشى

ئىسلام يىلنامىسىدا قايسى ۋاقىتنى يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى قىلىش مەسىلىسىدە تۆرلۈك لايىھەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 571- يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ يىل بېشى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغان 610- يىلنى يىل بېشى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان 622- يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى بۇ پىكىر قوبۇل قىلىنغان.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىق ۋەقەسى ئىسلام تارىخىدا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇشنى ھاسىل قىلغان ئۇلۇغ ۋەقە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان يىلىنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش ۋە بۇ يىلنامىنىڭ نامىنى «ھىجرىيە» دەپ ئاتاش پۈتۈن مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن قارار قىلىنغان. ھىجرىيە يىلنامىسى 639 - يىلىدىن ئېتىبارەن مۇسۇلمانلار دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىدا ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللىنىشقا ئۆتكەن.

## ئۇيغۇرلارنىڭ ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللىنىشقا ئۆتۈشى

ئۇيغۇر ئېلىدە ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللىنىشقا ئۆتۈش تارىخى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى چاغلىرىغا بېرىپ يېتىدۇ. 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت تەۋەلىكىنى ئىسلاملاشتۇرۇپ ۋە كېيىنچە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىنىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھىجرىيە يىلنامىسى پۈتۈن سىستېمىسى بويىچە ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى يىلنامىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دىنىي پائالىيەتلەر ھەم دىنغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن ئىشلار، شۇنداقلا تۇرمۇش ساھەلىرىدىمۇ بۇ ھىجرىيە يىلنامىسى قوللىنىلىدىغان بولغان. ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئالىملار - تارىخچىلار، تىلشۇناسلار، ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، تىۋىپلار، نەغمە - سەنئەتچىلەرمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ۋاقىتنى ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە بايان قىلىدىغان بولغان. پەقەت يېقىنقى زامانغا كەلگەندىلا، مىلادىيە يىلنامىسى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىپ، ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، دىنىي ساھەلەردە، بولۇپمۇ رامىزان ۋە ھېيت - ئايەملەرنىڭ ۋاقتىنى ھېسابلاشتا، يەنىلا ھىجرىيە يىلنامىسى قوللىنىلماقتا.

## يېڭى يىل شۈكۈر قىلىش ۋاقتىدۇر

نۇرغۇن كىشىلەر يېڭى يىل كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە يېڭى يىلدا خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش بولسا، دەل ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئۆمۈر بېرىپ، تېنىمىزنى سالامەت قىلىپ، بىزنى مۇشۇ يېڭى يىلغا يەتكۈزگەنلىكىدۇر. بۇنىڭغا خۇشال بولۇشىمىز ۋە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشىمىز بىزنىڭ مىننەتدارلىق بۇرچىمىزدۇر.

يېڭى يىلدا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىشتۇر. چۈنكى ئەسلىدە يېڭى يىلنىڭ كىرگەنلىكى بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ساق - سالامەت مۇشۇ كۈنگىچە ياشىغانلىقىمىزغا خۇشال بولۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىل ئىچىدە ئاللاھ تائالانى رازى قىلغۇدەك ۋە ئۆزىمىزنى خۇشال قىلغۇدەك قانداق ياخشى ئەمەللەرنى قىلدۇق، بۇ يىل ئىچىدە قانداق يامان ئىشلارنى قىلدۇق ۋە قانداق كەمچىلىكلەرنى سادىر قىلدۇق؟ بۇلارنى ئەقلىمىزدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ، ياخشى قىلغان ئىشلىرىمىز ئۈچۈن خۇشاللىنىپ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشىمىز، يامان قىلغان ئىشلىرىمىز ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى يېڭى يىل كىردى دېگەنلىك ئۆمرىمىزدىن بىر يىل قىسقاردى، ئەجىلىمىز بىر يىل يېقىنلاشتى دېگەنلىكتۇر.

يېڭى يىل بۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا خۇشاللىق ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى سىلكىش، غەپلەتتىن ئويغىنىش پەيتىدۇر.

يېڭى يىل ئۆتۈپ كەتكەن يىل ياكى يىللارنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولساق، ئالدىمىزدىكى يىللارنى مەنىلىك ۋە نەتىجىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بەل باغلاش پەيتىدۇ.

يېڭى يىل ئۆتۈپ كەتكەن يىل ياكى يىللاردا ئاللاھ تائالانى رازى قىلغۇدەك، ئىنسانلارنى مەمنۇن قىلغۇدەك، ۋىجدانىمىزنى راھەتلەندۈرگۈدەك ياخشى ئىشلارنى قىلالمىغان بولسا، ئالدىمىزدىكى يىللاردا بۇ ئىشلارنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ۋەدە بېرىش پەيتىدۇر.

يېڭى يىل ئۆتۈپ كەتكەن يىل ياكى يىللاردا ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ، خىزمەتداشلارنىڭ، قوشنىلارنىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ۋە ئۇلارغا ئۇنتۇلماس خۇشاللىقلارنى تەقدىم قىلالمىغان بولسا، ئالدىمىزدىكى يىللاردا بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن نىيەت قىلىش پەيتىدۇر.

يېڭى يىل ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز ھېساب ئالىدىغان ۋە ئۆزىمىزگە باھا بېرىدىغان ۋاقىتتۇر. ئەگەر بىز ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز ھېساب ئېلىپ، كەمچىل تەرەپلىرىمىزنى تولۇقلاپ، گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلىپ تۇرساق، بىزنىڭ يۈكىمىز يەڭگىللىشىپ قالىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشىمىزمۇ ئوڭايلىشىدۇ.

بۇرۇنقى ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار ۋاقىتنىڭ، ئۆمۈرنىڭ قەدرىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ھېچبىر سائىتىنىڭ مەنىسىز، ساۋابلىق ئەمەلسىز ئۆتۈپ كېتىشىگە قەتئىي رازى بولمىغان. شۇڭا ئەللامە ھەسەن ئەل بەسرى «بىزنىڭ

ئارىمىزدىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى ۋە ۋاقتىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىنمۇ قىممەتلىك بىلىدۇ» دېگەن.

## يېڭى يىلدا ھاياتىڭىزمۇ يېڭىلانسۇن

دۇنيادا كۆپلىگەن نەرسە ئۆزلىكىدىن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. كۈنلەر، پەسىللەر، دەل ــ دەرەخلەر ۋە باشقىلار تۇرماستىن ئۆزگىرىپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئىنسان ھاياتىلا تىرىشچانلىق بولماستىن ئۆزلىكىدىن يېڭىلانمايدۇ ۋە ئۆزگەرمەيدۇ.

ئىسلام مۇتەپەككۇر ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنسان ئۆز ھاياتىدا يېڭى بىر بەت ئېچىشنى خالايدۇ. ئەمما تولىراق بۇ يېڭىلىقنى ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشى ياكى باشقا بىر جايغا يۆتكىلىشى دېگەندەك مەجھۇل ۋاقىتلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۇنى كۈتىدۇ. بەزىسى بۇ يېڭىلىقنى مەلۇم بىر پەسىلگە ياكى تۇغۇلغان كۈنگە ئوخشاش مۇئەييەن كۈنگە ياكى يېڭى يىلنىڭ كىرىشىگە باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈن ئۆتىدۇ، ۋاقىت ئۆتىدۇ. كۆپ ھاللاردا بۇ ھاياجان يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق كىچىكتۈرۈش ئارقىلىق گويا غەيبتىن بىر كۈچ كېلىپ ئۇنى بىر دەمدىلا ئۆزگەرتىپ قويىدىغاندەك ياكى تۇيۇقسىزدىن ھاياتى يېڭىلىنىپ قالىدىغاندەك كۈتىدۇ. بۇ پەقەت خام خىيال ۋە ئالدىنىشتۇر، خالاس. چۈنكى ھاياتنى يېڭىلاش پەقەت ئىنساننىڭ ئۆز ئىچىدىن كەلگەن تىرىشچانلىق بىلەن بولىدۇ. بىرەر ئىشقا مۇستەھكەم ئىرادە ۋە چىدام بىلەن ئالدىنى قىلغان ئادەمنى ئوڭايسىزلىقلار ۋە توسالغۇلار باش ئەگدۈرەلمەيدۇ ۋە ئىرادىسىدىن قايتۇرالمايدۇ. بۇ خۇددى يەرنىڭ ئاستىدىكى ئۇرۇقچىنىڭ قاتتىق تۇپراقنى تېشىپ چىققىنىدەك بارلىق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ چىقىدۇ. ئىنسان ئۆزىدىكى چەكلىك قۇدرەت، چەكلىك ۋاقىت ۋە چەكلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاياتىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقالايدۇ. ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشكە ئۆزۈر يوق.»

تىرىشىش، ئىنتىلىش جاپا ئەمەس، بەلكى ئۇ ھۇزۇردۇر. تىرىشىش، ئىنتىلىش ئىنساننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدۇر. ھاياتتىكى ئىنتىلىشتىن قەتئىي توختاپ قالماسلىق لازىم. خۇددى تۇرغۇن سۇ بۇزۇلغاندەك سىزمۇ ھاياتتا تۇرغۇنلىشىپ قالسىڭىز ھاياتىڭىز مەنىسىز بولىدۇ، ئۇنىڭ لەززىتى يوقاپ كېتىدۇ. ئۆزىڭىز قىلالمىغان بىر ئىشنى قىلغاندا خوشاللىق تاپىسىز. كىچىك بالا ئويۇنچۇققا قىزىقىدۇ، ئەمما ئازراق ئويناپلا تاشلاپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ ئارزۇ قىلغىنىغا ئېرىشتى، ئىش تۈگىدى.

## ھاياتىڭىزنى تەۋەككۇلچىلىك ئۈستىدە قۇرماڭ

ھاياتىڭىزنى پىلانسىز تەۋەككۇلچىلىك ئۈستىگە قۇرۇشتىن ياكى غەيبتىن كېلىدىغان مەجھۇل قەدەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. چۈنكى تەقدىرىڭىز تەپەككۇرىڭىزنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ياراتقۇچى سىزگە تاللاش، پىلانلاش ۋە ھاياتىڭىزنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش ئىقتىدارىنى ۋە ئىختىيارىنى بەرگەن. كەلگۈسى سىزنىڭ قولىڭىزدا. گۈزەل بىر كېلەچەككە ئىگە بولۇشنىڭ يولى بۈگۈننى چىڭ تۇتۇشتۇر. نەتىجە ۋە غەلىبە ئۆزلىكىدىن كېلىپ قالمايدۇ، پەقەت تۈنۈگۈنكى جاپالىق ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا سىزگە ئەڭ مۇھىم بولغىنى بۈگۈندۇر. بۈگۈنكى ھاياتىڭىزلا سىزگە ئائىت ھاياتتۇر. سىز ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ھايات مۇشۇدۇر. ئىشلارنى بۈگۈندىن باشلىسىڭىز پايدىنى سىز تاپىسىز. كېچىكتۈرۈشنىڭ مەنىسى يوق. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش، يېڭى پىلاننى ئورۇنداش ئىشنى ئارقىغا سۈرۈش، دەرھال تۈزىتىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ئەتىگە قويۇش زىياندىن باشقىسىنى كەلتۈرمەيدۇ. بەلكى بۇنداق كېچىكىش ئادەمنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋاللارغا سۆرەپ ئاپىرىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەز _ نەسىھەت قىلىپ: «گۇناھىغا پۇشايمان قىلغۇچى ئاللاھتىن رەھمەت كۈتىدۇ، ئۆزىگە ئىشىنىپ كۆرەڭلىگۈچى جازاسىنى كۈتىدۇ. بىلىڭلاركى، ھەر كىم ئۆزى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، ھېچكىم بۇ دۇنيادىن ياخشى ئىشىنىڭ ياخشىلىقىنى، يامان ئىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ ئايرىلمايدۇ. ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ تۈگەنچىسى بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈز سىلەر ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتلارنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن تولدۇرۇڭلار، ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشتىن ھەزەر قىلىڭلاركى، ئۆلۈم دېگەن تۇيۇقسىز كېلىدىغان نەرسە. ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكىگە ئىشىنىپ غەپلەتتە قالماڭلار. جەننەت بىلەن دوزاخ سىلەرگە ئاياق تېۋىشىڭلاردىنمۇ يېقىندۇر»[1] دېگەن. ئاندىن: (كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ[2]) دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان». ئىنسان ھاياتىنى يېڭىلاپ تۇرسا، كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىپ، پەزىلەتلىرىنى ئاشۇرۇپ تۇرسا، بۇ نېمىدېگەن ياخشى _ ھە!



[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] زەلزەلە سۈرىسى، 7_8_ ئايەتلەر.

# ئىپپەت - نومۇس مۇسۇلمان خانىم - قىزلارنىڭ ھاياتىدۇر

## ھايا ــــ ھاياتلىقتۇر

ئەرەب تىلىدىكى «ھايا» دېگەن سۆز «ھايات» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ھايالىق ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتى ھايات، يەنى تىرىك بولىدۇ. ھايا قىلغان ئادەمنىڭ ھاياسى ئىچكى ھايات قاينىمىدىن چىققان بىر خىل كۈچ بولۇپ، بۇ كۈچ ئۇنى رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. شەرم - ھايا ئاياللارنىڭ ھاياتىدۇر. چۈنكى شەرم ھاياسىنى يوقاتقان ئايال ئۆلگەنگە تەڭدۇر.

ھايالىق ئادەمنىڭ قەلبى تىرىك، ھاياسىز ئادەمنىڭ قەلبى ئۆلۈك بولىدۇ. قەلبىنىڭ ئويغاقلىقى ئاشقانسېرى ئۇنىڭ ھاياسى ئاشىدۇ. قەلبى ئۆلگەن ئادەمدە ھايانى قوزغايدىغان ئىمان كۈچىمۇ ئۆلگەنلىكتىن، مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرنى رەزىللىك دەپ بىلمەيدىغان ۋە ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا شەرم ــ ھايانىڭ يوقىلىشى بارلىق رەزىللىك ۋە يامانلىقلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ھاياسىز ئادەمدىن ھەممە يامانلىقلارنى كۈتۈشكە بولىدۇ.

## ھايا بىلەن ئىمان قوشكېزەكتۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھايا بىلەن ئىمان ئىككىسى قوشكېزەكلەر بولۇپ، بىرى يوقالسا، ئىككىنچىسىمۇ يوقىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. «ھاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن سۆز بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئېيتىلغان بولۇشى ئېھتىمال. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھاياسىنى نامايان قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بېشىدا ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ۋە مىللىي يوسۇندا كىيىم كىيىشى كېلىدۇ.

شەرم ــ ھايا دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ۋە ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلىشتۇر. گۇناھ — مەئسىيەتلەر پەقەت ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئادەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا

[1] ھاكىم رىۋايىتى

يامان ئىش قىلىشتىن ھايا قىلىدۇ ـــ دە، يامان ئىش قىلىشتىن توسۇلىدۇ.

ئۆزىنى مۇسۇلمان، ئۇيغۇر، دەپ يۈرگەن ئاياللارنىڭ مەيلى دۇنيانىڭ قايسى چېتىدە بولسۇن، چوقۇم ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىغا ۋە ئۇيغۇرلۇقىغا لايىق كىيىنىپ يۈرۈشى لازىم. ئىسلام دىنىمىز مۇسۇلمان خانىم- قىزلارغا ئىسلامىي كىيىنىشنىڭ ئۆلچىمىنى ۋە پىرىنسىپىنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئاياللارنىڭ تاشقى گۈزەللىكلىرىنى يات ئەرلەرنىڭ كۆزلىرىدىن يۆگەپ، ئىسلامىي يوسۇندا كىيىنىپ يۈرۈشى ئۇلارنىڭ ئىچكى گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى تۈرلۈك ئەزىيەتلەردىن ۋە گۇناھلاردىن ساقلايدىغان قالقاندۇر. ئۆزىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ئەنئەنىسى ئۇنتۇپ خىتاينىڭ، رۇسنىڭ، ياۋروپالىقلارنىڭ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان، ئىسمى مۇسۇلمان، ئەمما روھىدا ۋە ئەمەلىيىتىدە مۇسۇلمانلىقتىن ھېچبىر ئەسەر قالمىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىش كېرەك، ئۇلارنى يېتەكلەش كېرەك. چۈنكى ئاياللارنىڭ ئىپپەت- نومۇسىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىپپەت -نومۇسىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىق بىلەن تەڭدۇر. خوتۇن- قىزلىرىنىڭ ئىپپەت- نومۇسىنى قوغداش ۋە ئۇلارغا ئىسلامىي كىيىنىش ھەققىدە يول كۆرسىتىش ھەربىر ئائىلە مەسئۇلىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتىدۇر.

ئىپپەت- نومۇس دەپسەندىچىلىكىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىلەر:

1. ئائىلە مەسئۇلىنىڭ ئۆز ئەھلىنى يات ئەرلەرنىڭ يامان نىيەتلىك تەمەلىرىدىن قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى. بۇ ئاجىزلىق، ئائىلە مەسئۇلىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى يوقاتقانلىقى ياكى ئۆز ۋەزىپىسىنى تونۇمىغانلىقى ياكى ئۆزىنىڭ تەربىيە ساھەسىدە بىلىمسىزلىكىنى تۆپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن ئاجىزلىقتۇر.

2. مۇسۇلمان خانىم- قىزلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنى دوراپ، ئوچۇق، نېپىز ۋە قىسقا كىيىنىشى ۋە يۈرۈش- تۇرۇشلىرىدىكى بىنورمال نازاكىتى. شۇڭا ئىسلام دىنى ھەرتۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاياللارنى ئۆزلىرىگە قارىتا ئەرلەرنىڭ ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىپ قويىدىغان بارلىق ئامىللاردىن يىراق بولۇشقا چاقىرغان. ئاللاھ تائالا پۈتۈن مۇسۇلمان ئاياللارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى وَأَقِمْنَ الصَّلَاةَ وَآتِينَ الزَّكَاةَ وَأَطِعْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ ﴾ «ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار»[1].

بۇ ئايەتتىكى خىتابتىن مەقسەت، ئاياللارنى گۈزەل، يارىشىملىق كىيىملەرنى

[1] ئەھزاب سۈرىسى 33 ـ ئايەت

كىيىپ، ئېسىل يۈرۈشلىرىدىن مەنئى قىلىش ئەمەس. بەلكى ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئاياللارنىڭ ۋە كۈنىمىزدىكى مەدەنىيەت دەۋاسى قىلغۇچى ئاياللارنىڭ كىيىنگىنىدەك، يات ئەرلەر بار يەردە نېپىزلىكتىن بەدەنلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، قىسقىلىقتىن تىزىدىن ئاشمايدىغان، تارلىقتىن بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

گۆھەر نەچچە قات تۈگۈنلەر ئىچىدە ساقلانغانلىقى ۋە ھەركىشىنىڭ ئۇنى كۆرەلمىگىنى ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتكە سازاۋەر بولغان نەرسىدۇر. ئايالمۇ ئۇزۇن ، ئازادە، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسە، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە قىممىتى ئاشىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھايا قىلىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ. شۇڭا ئاياللار يات ئەرلەر بار جايدا سۆز قىلغاندا، جەلىبكارلىقتىن ۋە نازاكەتلىكتىن يىراق ھالدا، تەبىئىي سۆز قىلىشى كېرەك. چۈنكى نازاكەتلىك، سۈنئىي ئاۋازلار ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر. ئەرەب ماقال تەمسىللىرىدە «قۇلاق كۆزدىن بۇرۇن ئاشىق بولىدۇ» دېيىدىغان سۆز بار.

3. ئەر- ئايال جىنسلىرىنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشى. ئىسلام شەرىئىتىدە، ئاياللارنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىدىن بولمىغان، يات ئەرلەر بىلەن ئاممىۋى سورۇنلاردا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشى، ئۇلارغا نازاكەتلىك ۋە سۈنئىي ئاۋازلىرى بىلەن، زۆرۈرىيەتسىز سۆز قىلىشى مەنئى قىلىنغان تۇرسىمۇ، كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئائىلىلىرى ئۆزئارا زىيارەت ياكى باشقا مۇناسىۋەتلەردىن تاشقىرى، ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ ئەر - ئاياللار بىر ئورۇندا ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىغان، ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىر — بىرىگە چاقچاق قىلىشىدىغان ئادەتلەرنى ئۆگىنىپ قالغان. بۇنداق ئىشلار دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ بولغىنىنىڭ سىرتىدا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزگىمۇ يات كېلىدىغان ئەھۋالدۇر.

4. ئائىلىدە دىنىي تەربىيەنىڭ يوقلىقى ياكى كەملىكى. بىر ئائىلىدە ھەقىقىي دىنىي تەربىيە بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پايدىسى شۇ ئائىلىدىن يېتىشىپ چىققان بالىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ياشىغان مەھەللە، يۇرت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ ئومۇم بولىدۇ. ئائىلىدىكى دىنىي تەربىيە، بالىلارنىڭ ئىپتىدائىي تەربىيەسى بولۇپ، دىنىي تەربىيەنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەن قىز - يىگىتلەر ئائىلىنىڭ شەرىپىنى ۋە نومۇسىنى قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. نەتىجىدە، قۇرۇق سۆزلەردىن ۋە يالغان تۆھمەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ياتلار بىلەن بىنورمال ئالاقە قۇرمايدۇ، قىزلار ئائىلىسىدىن رۇخسەتسىز خالىغان جايغا كەتمەيدۇ، يات ئەرلەر بىلەن بىرگە يۈرمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام تەربىيەسىنىڭ تەقەززاسى بۇ خىل يولسىز ئالاقىلارنى رەت قىلىدۇ ۋە مەنئى قىلىدۇ.

يۇقىرىقى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ياخشى چۈشىنىپ، شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىزگە يېتەرلىك دەپ ئويلايمەن: ﴿قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ. وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُولِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاءِ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِنْ زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار. مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، ئۇلار كۆزلىرىنى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن ساقلىسۇن، نومۇسىنى ۋە ئىپپىتىنى قوغدىسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن، ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن، زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەردىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار[1].



[1] نۇر سۈرىسى 29 - 30 - ئايەتلەر

# ئىجابىي بولۇڭ

ئىجابىيلىق — ئەتراپىمىزدىكى رېئاللىقنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىش، مۇمكىنقەدەر ئۇنى پايدىلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن چىن قەلبىدىن كېلىدىغان قىزغىنلىق ۋە ئىشەنچ دېگەنلىك بولىدۇ. نەزىرىمىزنى شەيئىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈشىمىزمۇ ئىجابىيلىققا ياتىدۇ.

ھاياتقا ئىجابىي پوزىتسىيەدە بولۇش، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە ۋە نەرسىلەرگە ئىجابىي نەزەر بىلەن قاراش بىزنى كۆپلىگەن كىرىزىسلاردىن ساقلايدۇ ۋە خۇشاللىقىمىزنى ئاشۇرىدۇ. ئىجابىي بولۇش باشقىلارنى ئۆزىگە جەلب قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان سېھىرلىك ئىشتۇر. ئىنسان ھەر ئىشتا ئىجابىي بولسا ئۇنىڭ ھاياتلىقىنىڭ ھەممە ساھەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئۆز ۋاقتىدىكى سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىشتىكى مەۋقەسى مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿وَمِنَ الْأَعْرَابِ مَنْ يَتَّخِذُ مَا يُنْفِقُ مَغْرَمًا وَيَتَرَبَّصُ بِكُمُ الدَّوَائِرَ عَلَيْهِمْ دَائِرَةُ السَّوْءِ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ . وَمِنَ الْأَعْرَابِ مَنْ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَيَتَّخِذُ مَا يُنْفِقُ قُرُبَاتٍ عِنْدَ اللَّهِ وَصَلَوَاتِ الرَّسُولِ أَلَا إِنَّهَا قُرْبَةٌ لَهُمْ سَيُدْخِلُهُمُ اللَّهُ فِي رَحْمَتِهِ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «سەھرالىق ئەرەبلەردىن بەزىلىرى (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى سېلىق ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا ھادىسىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ، (ئۇلار كۈتكەن) يامان ھادىسە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كەلسۇن! ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ بەزىلىرى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستتىنلا ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر»[1]. يۇقىرىقى ئىككى پىرقە ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ يولىدا پۇل — مال سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئاۋۋالقىلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە

[1] تەۋبە سۈرىسى، 98_99 - ئايەتلەر.

ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ساۋابىنى ئۈمىد قىلمىغان، شۇڭا بەرگەن نەرسىلىرىنى سېلىق دەپ قارىغان. كېيىنكىلەر بولسا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر بولغانلىقتىن، ئۇلار ئاللاھ يولىدا بەرگەنلىرىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىش، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىگە مۇيەسسەر بولۇش نىيىتى بىلەن بەرگەن. شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ يولىدا پۇل ــ مال سەرپ قىلغانلىقىنى ئىبادەت دەپ قارىغان. ئىش ئوخشاش بولغان، ئەمما نىيەت ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، نەتىجە ئوخشاش بولمىغان.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بىر سەھرالىق ئەرەبنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا: «ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاللاھ خالىسا ساقىيىپ قالىسىز» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغا ھېلىقى سەھرالىق ئەرەب: «سەن مېنى ساقىيىسەن دەۋاتامسەن؟ ياق، بۇ چېكىگە يەتكەن قىزىتما، مەندەك قېرى ئادەمنى قەبرىگە ئېلىپ بارىدىغان كېسەلدۇر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «شۇنداق بولغاي ئەمىسە[1]» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم ئۆلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ قانداق قاراشتا بولغانلىقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلغان. ئەگەر بۇ ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ شىپالىق بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئەجابىي بولغان بولسا، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ شىپا تېپىشىغا دۇئا قىلغان بولار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا شىپالىق بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

ھېكايە قىلىنىشىچە، يېقىندىن تۇرمۇشقا چىققان بىر كېلىن قېيىنانىسى بىلەن قەتئىي ئەپلىشەلمەپتۇ، قېيىنانىسىنىڭ تەلەپلىرى ۋە ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتىن زېرىكىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى قېيىنانىسىدىن قۇتۇلۇش نىيىتىگە كەپتۇ- دە، مەھەللىدىكى بىر ھەكىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن قېيىنانىسىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن زەھەر ھازىرلاپ بېرىشىنى سوراپتۇ. ھەكىم كېلىنىنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «بولىدۇ، مەن ھازىرلاپ بېرەي، ئەمما زەھەرنىڭ تەسىر قىلىشى ئۈچۈن مېنىڭ كۆرسەتكىنىم بويىچە ئىش قىلىشىڭىز شەرت» دەپتۇ. كېلىن ھەكىمنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەكىم ئۇنىڭغا بىر شىشە سۇيۇقلۇق بېرىپ، ھەر كۈنى قېيىنانىسىنىڭ تامىقىغا بىر تامچىدىن قوشۇپ بېرىشىنى، قېيىنانىسىغا ناھايىتى مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان بولۇپ، ئۇنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنى خۇش چىراي بىلەن جايىدا ئورۇنداشنى، ئۈچ ئاي مۇشۇنداق سەۋرچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ. كېلىن ھەكىمنىڭ دېگىنى بويىچە ئىنتايىن كەڭ قورساق بولۇپ،



[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قېيىنانىسىغا تامامى مېھرىبانلىقىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۈچ ئايغا قالماي قېيىنانىنىڭ كېلىنىگە بولغان مەۋقەسى تامامەن ئۆزگىرىپتۇ، ئۇنى ئۆز قىزىغا ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىغان ۋە كۆيۈمچانلىق كۆرسىتىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

كېلىن بۇ ئۆزگىرىشتىن كېيىن، قېيىنانىسىنى راستتىنلا ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قەتئىي رازى بولماپتۇ. ئاندىن ھېلىقى ھەكىمنىڭ يېنىغا ئالدىراپ بېرىپ، ئۇنىڭغا: «مەن ھازىرغىچە قېيىنئانامغا بەرگەن زەھەرنىڭ تەسىرىنى يوقىتىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدىغان دورا بەرگەن بولسىڭىزكەن. چۈنكى مەن قېيىنئانامنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دەپتۇ. ھېكىم كۈلۈپ كېتىپ: «قىزىم! مەن سىزگە بەرگەن سۇيۇقلۇقتا زەھەر يوق ئىدى، زەھەر پەقەتلا سىزنىڭ كاللىڭىزدا ۋە قېيىنانىڭىزغا تۇتقان پوزىتسىيەڭىزدە ئىدى. سىز ئۇنى سۆيگۈ- مۇھەببەتنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، سىزدە زەھەردىن ئەسەر قالمىدى» دەپتۇ.

دېمەك، بىزنىڭ دۇنياغا ۋە ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرگە قارىتا كۆزقارىشىمىز بىزنىڭ سائادىتىمىزنى ياكى بەختسىزلىكىمىزنى بەلگىلەيدۇ، بىزنىڭ ئىجابىي كۆزقارىشىمىز ھاياتىكى ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىشىمىز ئۈچۈن يۈرىكىمىزدە قىزغىنلىق گۈلخانلىرىنى ياندۇرىدۇ. ئەتىگەندە ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىجابىيلىق بىلەن ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، تىرىكچىلىك يولىغا قەدەم باسقىنىمىزدا، شۇ كۈنلۈك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېرىمىنى ھاسىل قىلىپ بولغان بولىمىز. ھايات ھەمىشە كۆڭۈللۈك بولمايدۇ، بەزىدە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ۋە كىرىزىسلارغا دۇچ كېلىمىز. ئالىملارنىڭ يەكۈنلىشىچە، بەختسىزلىكىمىزنىڭ 10% گە ھادىسىلەر سەۋەب بولسا، 90% گە بىزنىڭ ھادىسىلەرگە قارىتا كۆزقارىشىمىز سەۋەب بولىدىكەن. ئەگەر بىزنىڭ قىيىنچىلىقلار ۋە كىرىزىسلار ئالدىدىكى كۆزقارىشىمىز ئىجابىي بولسا، نېرۋىمىزنى چېچىلىشتىن، تەن ساقلىقىمىزنى ۋە سائادىتىمىزنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاپ قالالايمىز. مەسىلەن: بېشىمىزغا كەلگەن كېلىشمەسلىككە ئاھ ئۇرۇپ كەتمەستىن، «بۇنىڭ چوڭى كەلگەن بولسا قانداق قىلار ئىدىم» دېگەننى ئويلاش بىزنىڭ نېرۋىمىزنى تىنچلاندۇرىدۇ، بالاغا سەۋر قىلىش، نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئېڭىمىزنى ئۆستۈرىدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار بۇ مەسىلىدىمۇ تەلەيلىكمىز. چۈنكى بىزنىڭ ئەقىدىمىز بىزنى بېشىمىزغا كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مۇئمىن ئادەمگە يەتكەن ھەرقانداق بىر جاپا، ئەزىيەت، غەم- قايغۇ، ھەتتا پۇتىغا كىرىپ كەتكەن تىكەنمۇ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېگەن سۆزىمۇ بىزنى كىرىزىس چاغلىرىدىمۇ ئىجابىيلىقنى قولدىن بەرمەسلىككە، تەمكىنلىك بىلەن ھاياتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئېيتىلىشىچە، بىر ئادەم ئوغلى بىلەن ئۇزۇن سەپەرگە چىققان بولۇپ، ئۇلار يۇك- تاقلىرىنى بىر ئېشەككە ئارتىپ ماڭغان ئىدى. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىزدىن ئېشەكنىڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىدۇ. ئادەم ئوغلىغا: «ئاللاھ توسۇپ قالغان بالا بۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر» دەيدۇ، ئېشەكنى تەرك ئېتىپ، ئاتا- ئالا ھەربىرى ئۆزىنىڭ يۈكىنى ئۆزى يۈدۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمنىڭ پۇتى يارا بولۇپ كەتكەنلىكتىن نىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ ماڭالمايدىغان ۋە پۇتىنى سۆرەپ ماڭىدىغان بولۇپ قالىدۇ، يەنىلا ئوغلىغا قاراپ: «ئاللاھ توسۇپ قالغان بالا بۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر» دەيدۇ. ئوغۇل ئاتىسىنىڭ بۇ گېپىنى قەتئىي چۈشىنەلمەيدۇ، كۆڭلىدە «بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بالا بارمىدۇ؟» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. يولدا كېتىپ بارغىنىدا ئوغۇلنىڭ پۇتىنى يىلان چېقىۋالىدۇ ۋە يەرگە يىقىلىدۇ. ئاتىسى: «ئاللاھ توسۇپ قالغان بالا بۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر» دەيدۇ. ئوغۇلنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «بۇنىڭدىن چوڭ بالا بارمۇ؟» دەيدۇ ۋە يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار مىڭ تەسلىكتە شەھەرگە يېتىپ كەلگىنىدە، شەھەردە ھەممە نەرسە يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن بۇ شەھەردە يەر تەۋرىگەن ۋە شەھەر خارابىگە ئايلىنىپ قالغان ئىكەن. ئادەم ئوغلىغا قاراپ: «ئى ئوغلۇم! ئەگەر بىز يولدا ھېلىقى مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىماي ۋاقتىدا شەھەرگە يېتىپ كەلگەن بولساق، بىزمۇ يەر تەۋرەشتە قازا تاپقان بولاتتۇق، ئاللاھ بىزدىن توسۇپ قالغان بالا راستتىنلا چوڭ ئىكەن» دەيدۇ.

بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىدىغان خاپىلىقلارنى ۋە زىيان- زەخمەتلەرنى توسۇپ قېلىشقا كۈچىمىز يەتمىسىمۇ، ئىجابىيلىق ۋە ماسلىشىش بىلەن ئۇنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشكە كۈچىمىز يېتىدۇ.

بۇ زاماندا ھەربىر ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشى تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان سەلبىي ھادىسىلەرگە دەرھال ئىجابىي مۇئامىلە قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ھادىسە بىلەن ماسلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. 282

## پاسسىپلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنلىكتۇر

«مەن بۇ ئىشنى بېجىرەلمەيمەن»، «مەندە بۇنداق چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان قابىلىيەت يوق»، «مەن قىلالمايمەن»، «مەن پالانىلاردەك ئىقتىدارلىق ئەمەس» ۋە «مېنىڭ بولغىنىم مۇشۇ» دېگەنگە ئوخشىغان سەلبىي قانائەت نۇرغۇنلىغان تالانتلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغان رەھىمسىز قاتىلدۇر. پىسخولوگىيە

مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يەكۈنلىشىچە، «قىلالايمەن» دەيدىغان ئادەملەر ئومۇمەن ئىجابىي كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھاياتىدا ئاددىي بولسىمۇ گۈزەل ئىشلارنى قالدۇرالايدىكەن. ئەمما «قىلالمايمەن» دەيدىغان ئىنسانلار ئومۇمەن سەلبىي ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى قابىلىيەتنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا، تالانتىنىڭ بىخ ئۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىكەن. نەتىجىدە، ئۆزىدىكى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان جەۋھەرلەرنى ئاچمايلا گۆرگە ئېلىپ كېتىدىكەن.

ئۆتكەن زاماندا، بىر پادىشاھ خەلقنى سىناش ئۈچۈن، يوغان بىر تاشنى ئادەملەر كۆپ ئۆتىدىغان بىر يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېقىن بىر دەرەخنىڭ كەينىدە نازارەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىكەن. شۇ شەھەرنىڭ مەشھۇر بايلىرىدىن بىرى ھېلىقى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ تاشنى كۆرۈپتۇ ۋە «بۇنى يول ئوتتۇرىسىغا قانداق نائەھلى قويغاندۇ؟ ھە» دەپ تىللاپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن بىناكارلىقتا ئىشلەيدىغان بىر ئادەم يولدىن ئۆتۈۋېتىپ، «قانداق قاملاشمىغان ئىش بۇ؟» دەپ غۇدۇراپ قويۇپتۇ. ئاندىن يەنە بىر قانچە ياش يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، «بۇ قانداق قىلغىنىدۇ؟» دەپ ئاچچىقلىنىپ كېتىپ قاپتۇ. ئاندىن بىر دېھقان كېلىپ، تاشنى كۆرۈپ لام، جىم دېمەيلا تاشنى يۆتكىۋەتمەكچى بولۇپ تۇتۇش قىلىپتۇ، ئەمما كۈچى يەتمىگەچكە يولدىن ئۆتكەنلەردىن ياردەم سوراپ، تاشنى يۆتكىۋېتىپتۇ. تاشنىڭ ئاستىغا قارىسا بىر ساندۇق تۇرغۇدەكمىش، دېھقان ساندۇقنى ئېچىپ كۆرسە، ئىچىدە بىر قانچە تىللا ئالتۇن بىلەن بىر پارچە خەت چىقىپتۇ. خەتتە: «پادىشاھتىن بۇ تاشنى يولدىن ئېلىۋەتكەن ئەزىمەتكە سالام، بۇ ھەرقانداق بىر مۈشكۈلدىن دەردلىنىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشقان ھەربىر ئىجابىي ئىنسانغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىماننى بايان قىلىپ: «ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، يۇقىرىسى، «ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن شاھادەت كەلىمىسى، تۆۋىنى يولدىكى ئەزىيەتنى ئېلىۋېتىشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە يولدا كىشىلەرگە تاقىشىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتەك ئاددىي بىر ئىجابىيلىقنى ئىماننىڭ قاتارىدىن سانىغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئىجابىي كىشىلەرگە بېرىدىغان مۇكاپاتىنى دۇنيانىڭ بىر قانچە تىللا ئالتۇنىغا قىياس قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنى بەندىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بەندىدىن كېلىدىغان ئاددىي بىر ئىجابىيلىق ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھەرگىز ئاددىي ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتلار

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دۇنيانىڭ مۇكاپاتلىرىدىن ئەلۋەتتە كاتتىدۇر. ﴿وَمَا عِنْدَ اللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَى[«ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات ھەممىدىن ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر»[1]. ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ گۈزەل نىيىتىگە ۋە ئېسىل خىسلىتىگە قاراپ مۇكاپات بېرىدۇ. ئىشنىڭ چوڭ، كىچىكلىكى مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى ئىجابىي بولۇشتۇر. يۇقىرىقى ھەدىستىن يەنە دىنىنىڭ غايىسى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش بىلەن مەخلۇقاتقا ياخشىلىق قىلىشقا مەركەزلەشكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش قىيىن ئەمەس.

ھاياتىمىزدا نۇرغۇنلىغان كىرزىسلارغا ئۇچراپ تۇرىمىز. ئەگەر بىز دەردلىنىشنىڭ ئورنىغا ئىجابىي ئىش قىلىش يولىنى تۇتساق، بۇ مۇشكىللەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ناھايىتى ئوڭايلا ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز. نۇرغۇن ئىشلارنى كۆزىمىزدە چوڭايتىۋېتىمىز، ئاندىن ئۆزىمىزنى راستتىنلا چوڭ مۈشكىلگە يولۇققاندەك ئويلاپ دەردلىنىپ كېتىمىز. ئەگەر بىز ئىجابىي بولۇپ، ھەر ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاپ ئىش كۆرسەك، نۇرغۇنلىغان يۈكلىرىمىزنى يەڭگىللىتەلەيمىز.

[1] قەسەس سۈرىسى:60- ئايەت.

# ئەجابىيلىق ئىبىل كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر

ئۆتكەن زاماندا، بىر پادىشاھ خەلقىنى سىناش ئۈچۈن، يوغان بىر تاشنى ئادەملەر كۆپ ئۆتىدىغان بىر يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېقىن بىر دەرەخنىڭ كەينىدە نازارەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇمىش. شۇ شەھەرنىڭ مەشھۇر بايلىرىدىن بىرى ھېلىقى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ تاشنى كۆرۈپتۇ ۋە «بۇنى يول ئوتتۇرىسىغا قانداق نائەھلى قويغاندۇھە» دەپ تىللاپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن بىناكارلىقتا ئىشلەيدىغان بىر ئادەم يولدىن ئۆتۈۋېتىپ، «قانداق قاملاشمىغان ئىش بۇ؟» دەپ غۇدۇراپ قويۇپتۇ. ئاندىن يەنە بىر قانچە ياش يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، «بۇ قانداق قىلغىنىدۇ؟» دەپ ئاچچىقلىنىپ كېتىپ قاپتۇ. ئاندىن بىر دېھقان كېلىپ، تاشنى كۆرۈپ لام، جىم دېمەيلا تاشنى يۆتكىۋەتمەكچى بولۇپ تۇتۇش قىلىپتۇ، ئەمما كۈچى يەتمىگەچكە يولدىن ئۆتكەنلەردىن ياردەم سوراپ، تاشنى يۆتكىۋېتىپتۇ. تاشنىڭ ئاستىغا قارىسا بىر ساندۇق تۇرغۇدەكمىش، دېھقان ساندۇقنى ئېچىپ كۆرسە، ئىچىدە بىر قانچە تىللا ئالتۇن بىلەن بىر پارچە خەت چىقىپتۇ. خەتتە: «پادىشاھتىن بۇ تاشنى يولدىن ئېلىۋەتكەن ئەزىمەتكە سالام، بۇ، ھەرقانداق بىر مۈشكۈلنى دەردلىنىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشقان ھەربىر ئىجابىي ئىنسانغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىماننى بايان قىلىپ: «ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، يۇقىرىسى، «ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن شاھادەت كەلىمىسى، تۆۋىنى يولدىكى ئەزىيەتنى ئېلىۋېتىشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە يولدا كىشىلەرگە تاقىشىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتەك ئاددىي بىر ئىجابىيلىقنى ئىماننىڭ قاتارىدىن سانىغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئىجابىي كىشىلەرگە بېرىدىغان مۇكاپاتىنى دۇنيانىڭ بىر قانچە تىللا ئالتۇنىغا قىياس قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنى بەندىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بەندىدىن كېلىدىغان ئاددىي بىر ئىجابىيلىق ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھەرگىز ئاددىي ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتلار دۇنيانىڭ مۇكاپاتلىرىدىن ئەلۋەتتە كاتتىدۇر. ﴿وَمَا عِنْدَ اللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَى﴾ «ئاللاھنىڭ

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دەرگاھىدىكى مۇكاپات ھەممىدىن ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.[1] «ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ گۈزەل نىيىتىگە ۋە ئېسىل خىسلىتىگە قاراپ مۇكاپات بېرىدۇ. ئىشنىڭ چوڭ، كىچىكلىكى مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى ئىجابىي بولۇشتۇر. يۇقىرىقى ھەدىستىن يەنە دىنىنىڭ غايىسى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش بىلەن مەخلۇقاتقا ياخشىلىق قىلىشقا مەركەزلەشكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش قىيىن ئەمەس.

ھاياتىمىزدا ئۇرغۇنلىغان كىرزىسلارغا ئۇچراپ تۇرىمىز. ئەگەر بىز دەردلىنىشنىڭ ئورنىغا ئىجابىي ئىش قىلىش يولىنى تۇتساق، بۇ مۇشكىلىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ناھايىتى ئوڭايلا ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز. نۇرغۇن ئىشلارنى كۆزىمىزدە چوڭايتىۋېتىمىز، ئاندىن ئۆزىمىزنى راستتىنلا چوڭ مۇشكىلىگە يولۇققاندەك ئويلاپ دەردلىنىپ كېتىمىز. ئەگەر ئىجابىي بولۇپ، ھەر ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاپ ئىش كۆرسەك، بىز نۇرغۇنلىغان يۈكلىرىمىزنى يەڭگىللىتەلەيمىز.



[1] قەسەس سۈرىسى:60- ئايەت.

# ئىجتىمائىي ئىشلاردىكى ئىلاھىي تەلىماتلار

(نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۈرۈۋاتقان «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق تەپسىردىن تاللانما)

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَومٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ
مِنْ نِسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِنْهُنَّ وَلَا تَلْمِزُوا أَنْفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ
الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ وَمَنْ لَمْ يَتُبْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ (١١) يَا أَيُّهَا الَّذِينَ
آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا
أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَحِيمٌ (١٢)
يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ
أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ (13)﴾.

**تەرجىمىسى**

11- ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ (باشقا) ئاياللارنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر ــ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ــ بىرىڭلارنى (يامان) لەقەملەر بىلەن چاقىرماڭلار، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن پاسىق دېگەن ئاتاققا قېلىش نېمىدېگەن يامان! كىمكى (بۇنداق ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمايدىكەن، مۇنداقلار (ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

12- ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بىر ــ بىرىڭلار ھەققىدە) تولا گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى بەزى گۇمانلار گۇناھتۇر. بىر ــ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر ــ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ مانا ئۇنىڭدىن يىرگەندىڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

13- ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، بىز سىلەرنى بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق،

ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

## تەپسىرى

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن﴾. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىزنى كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشتىن مەنئى قىلغان بولۇپ، بۇ رەزىل قىلىقتىن مەنئى قىلىشتا بىزگە مۇئمىنلىك سۈپىتىمىز بىلەن خىتاب قىلغان ۋە بۇ سۈپىتىمىزنى بىزگە ئەسلەتكەن. بۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىزگە ئۆگىتىلىۋاتقان گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىماننىڭ تەلىپى ۋە تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، ئۆلىمالار گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ قولدىشىدۇر، دەيدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى، بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى مەسخىرە قىلمىسۇن. چۈنكى كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇلارنى كۈلكە ئوبيېكتى قىلىۋېلىش شەيتاننى خۇش قىلىدىغان، ئادەمنى گۇناھقا ئېلىپ بارىدىغان، يامانلىققا تۈرتكە بولىدىغان، مۇئمىنلەر ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانى غەزەپلەندۈرىدىغان رەزىللىكتۇر. مۇنداقلار رەزىللىككە پاتقان، گۈزەل ئەخلاقتىن، ئېسىل خىسلەتتىن ۋە ياخشى سۈپەتتىن نېسىۋىسى بولمىغان بەختسىزلەردۇر. بىراۋنى مەسخىرە قىلىش مەسخىرە قىلغۇچىنىڭ رەزىللىكىگە ۋە ئەخلاقىنىڭ ناچارلىقىغا دەلىلدۇر. ئاياللارنىڭمۇ بىر ـ بىرىنى مەسخىرە قىلىشى توغرا ئەمەس، ئۇلارنىڭ مەيلى ئاياللارنى، مەيلى ئەرلەرنى، قانداقلا بىر ئادەمنى مەسخىرە قىلىشى قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. بۇنداق قىلغۇچىلار دىنىمىزدا ھارام قىلىنغان قەبىھ گۇناھنى سادىر قىلغان بولىدۇ. ئىنسانلار بىراۋلارنى ئۆزلىرىدىن تۆۋەن كۆرۈپ ياكى كۆزگە ئىلماي مەسخىرە قىلغىنى بىلەن، مەسخىرە قىلىنغان ئاشۇ شەخسلەر كۆپ ھاللاردا مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئەۋزەل ۋە ياخشى بولۇپ چىقىدۇ.

﴿بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى (يامان) لەقەملەر بىلەن چاقىرماڭلار﴾ مۇئمىنلەر بىر تەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئەيىبلىگەنلىكى ئۆزىنى ئەيىبلىگەنلىكىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقىلارنى ئەيىبلىگەنلىك ئۆزىنىڭ ئەيىبلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

بىر كۈنى ساھابىلىرىگە: «إِنَّ مِنْ أَكْبَرِ الكَبَائِرِ أَنْ يَلْعَنَ الرَّجُلُ وَالِدَيْهِ» يەنى «بىراۋنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنى تىللىشى چوڭ گۇناھتۇر» دېگەندە، ئۇلار: «يا رەسۇلۇللاھ! بىراۋ ئۆزىنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنى تىللامدۇ؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «يَسُبُّ الرَّجُلُ أَبَا الرَّجُلِ، فَيَسُبُّ أَبَاهُ، وَيَسُبُّ أُمَّهُ» يەنى «بىراۋ باشقا بىرىنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ، ئۇمۇ ئۇنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ، ئۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ، ئۇمۇ ئۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ»[1] دېگەن. مۇھەددىس ئالىملار بۇ ھەدىسنى سەن بىراۋنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنى تىللىساڭ، ئۇمۇ سېنىڭ ئاتا ــ ئاناڭنى تىللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنى تىللىغان بولىسەن، دەپ شەرھلىگەن.

﴿بىر ــ بىرىڭلارنى (يامان لەقەملەر) بىلەن چاقىرماڭلار﴾. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان، چىرايلىق ئىسىم بىلەن چاقىرىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى يامان سۆزلەرنى قىلىشتىن مەنئى قىلىشتا ئىشنى ئەڭ يامىنىدىن ۋە زىيىنى ئەڭ چوڭ بولغىنىدىن باشلاپ، ئاۋۋال مەسخىرە قىلىشتىن، ئاندىن ئەيىبلەشتىن، ئاندىن يامان لەقەملەر بىلەن چاقىرىشتىن توسقان. مەسخىرە قىلىش ئەڭ چوڭ گۇناھ ۋە ئەڭ ناچار قىلمىشتۇر. ئەمما بىراۋنى ئۆزى يامان كۆرمەيدىغان ۋە رەنجىپ قالمايدىغان لەقىمى بىلەن چاقىرىش گۇناھ ئەمەستۇر. چۈنكى مەشھۇر بولۇپ قالغان لەقىمى بىلەن چاقىرىلغان كىشىلەرنىڭ تولىسى ــ ناۋادا بۇ لەقەم ئۆزى يامان كۆرىدىغان سەت لەقەملەردىن بولمىسا ــ بۇنداق چاقىرىلىشتىن رەنجىپ قالمايدۇ. ئەللام ئىبنى جەرىر تەبەرىي بۇ ئايەتتە مەنئى قىلىنغىنى بىراۋنى ئۆزى يامان كۆرىدىغان لەقىمى بىلەن چاقىرىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[2]. تەپسىرى جەزائىرىيدا ﴿وَلاَ تَنَابَزُوا بِالأَلْقَابِ﴾ دېگەن ئايەتكە «مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۇ يامان كۆرىدىغان لەقەمنى قويمىسۇن» دەپ مەنە ئېيتىلغان[3].

﴿بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ﴾ دېگەن ئايەتكە ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق مەنە ئېيتقان: «كىمكى ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش، ئەيىبلەش ۋە يامان كۆرىدىغان لەمەقلىرى بىلەن چاقىرىش قاتارلىق بىز يۇقىرىدا مەنئى قىلغان گۇناھلارنى قىلىدىكەن، ئۇ پاسىقتۇر، يەنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىدۇر. شۇڭا سىلەر بۇ گۇناھلارنى قىلماڭلار، ئەگەر



[1] «صحيح البخاري» 8- توم، 3- بەت، 5973- ھەدىس

[2] «تفسير الطبري» 21- توم، 516- بەت.

[3] « يسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5- توم، 130- بەت.

بۇ گۇناھلارنى قىلساڭلار، سىلەر پاسىق دەپ ئاتىلىپ قالىسىلەر»[1]. ئەللامە جەزائىرىي مۇنداق مەنە ئېيتقان: «بىراۋ ئىمان ئېيتىپ، ئەخلاقىدا، ئىبادەتلىرىدە كامىل مۆئمىن بولغاندىن كېيىن، ئۇنى پاسىق دېيىش ئەڭ قەبىھ قىلمىشتۇر. بىر مۆئمىن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مۆئمىن قېرىندىشىنى پاسىق، كاپىر دېيىشى قەتئىي ھارامدۇر»[2].

﴿ وَمَنْ لَمْ يَتُبْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾[يەنى كىمكى يۇقىرىقى گۇناھلارنى سادىر قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا سەممىي تەۋبە قىلمايدىكەن، ئۇ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ۋە ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا تېگىشلىك قىلغان بولىدۇ.

﴿ ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بىر ـ بىرىڭلار ھەققىدە) تولا گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى بەزى گۇمانلار گۇناھتۇر. بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار﴾ ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇسۇلمانلارنى كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشتىن، ئەيىبلەشتىن ۋە ئۇلارنى ئۇلار ياقتۇرمايدىغان لەقەملەر بىلەن چاقىرىشتىن توسقان بولسا، بۇ ئايەتتە كۆز ئالدىدا بولمىغان كىشىلەرنىڭمۇ ھۆرمىتىنى ۋە ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداشقا بۇيرۇغان ۋە بۇلارنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلىشتىن توسقان. بۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ ئىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- كىشىلەر ھەققىدە يامان ئويدا بولۇش،
- كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش،
- كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش.

مۇنداق رەزىل ئىللەتلەر ھەقىقىي مۆئمىن كىشىلەردە تېپىلمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىللەتلەر ئەلۋەتتە ئىمانغا زىت كېلىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى بۇنداق رەزىل قىلمىشلاردىن مەنئىي قىلىشتا، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئىمانى بىلەن نىدا قىلغان. بۇ ئىللەتلەر بىر خىل تەدرىجىيلىكنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ. مەسىلەن: يامانلىق بىراۋنى يامان گۇمان قىلىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئەيىب ئىزدەش، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىدە سۆز ـ چۆچەك تارقىتىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئىشلار ئاخىر ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش، بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىش ۋە بىر ـ بىرىدىن نەپرەتلىنىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

ئەگەر قەلبىڭىز ساغلام، نىيىتىڭىز دۇرۇس بولسا، بىراۋنىڭ گۇمان قوزغايدىغان

---

[1] «تفسير الطبري» 21- توم، 517- بەت.

[2] « يسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5- توم، 130- بەت.

ئىشلىرىنىمۇ ياخشى دەپ ئويلايسىز ۋە يامان نەتىجە چىقىرىشقا ئالدىرىمايسىز. چۈنكى ئۇ مەزكۇر گۇمانلىق ئىشنى بىلمەستىن قىلىپ قويغان بولۇشى ياكى سىز باشقىچە چۈشىنىپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بىر ــ بىرىڭلار ھەققىدە) تولا گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار﴾ بۇ ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇك بىر تەبىر بولۇپ، ئايەتتە گۇماننىڭ ھەممىسىدىن ئەمەس، بەلكى كۆپ گۇمان قىلىشتىن توسقان. دېمەك، گۇماننىڭ ھەممىسى گۇناھ ئەمەس ۋە ھەممىسى مەنئى قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار بەزى گۇمانلارغا موھتاج بولىدۇ. مەسىلەن: جاننى ۋە مال ــ مۈلۈكنى قانداقلا بىر زىيان ــ زەخمەتتىن قوغداش ئىشلىرىدا ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرگەنگە، ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن دىنىي ھۆكۈملەرنى چىقىرىشتا گۇماننىڭ كۈچلۈك تەرىپىگە ئەمەل قىلغانغا، تىجارەت ۋە كەسىپ ئىشلىرىدا گۇمان ۋە تەخمىنلەرگە تايىنىپ ئىش كۆرگەنگە ئوخشاش. ئەمما مەنئى قىلىنغان گۇمان بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە باشقىلار ھەققىدە پەيدا بولىدىغان سەلبىي ئوي ـ پىكىر، خاتا چۈشەنچە ۋە يامان ئويلاردۇر. مەسىلەن: گۇمانخور ئادەم بىراۋنىڭ ياخشىلىقىمۇ ۋە يامانلىقىمۇ ئېھتىمالى بولغان بىر ئىشنى كۆرگىنىدە، ئۇنى دەرھال يامانلىق تەرەپكە ئۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يامان نەتىجە چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق يامان نەتىجە چىقىرىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب ئۇنىڭ قارشى تەرەپكە بولغان ئۆچمەنلىكى ياكى يامان گۇمانىدۇر. بۇنى ئۇنىڭ ئىنسانلارغا بولغان خاتا چۈشەنچىسى ۋە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يامان ۋە گۇناھكار دەپ خىيال قىلىشى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىۋېتىدۇ. كىشىلەر ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش ئىنسانلار ئارىسىدا ئورتاق بولۇپ قالغان بىر قەدىمىي ئىللەتتۇر. بىز ئادەتتىكى گۇمان بىلەن يامان گۇماننىڭ پەرقىنى چوقۇم ئايرىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿بەزى گۇمانلار گۇناھتۇر﴾ دېگەن سۆزى تولىمۇ بەدىئىي، تولىمۇ ئادالەتلىك ۋە تولىمۇ مەنىلىك بىر سۆزدۇر. بەزى گۇمانلار گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ھەققىدە يامان گۇمان قىلىشتىن ساقلانمايمىز؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « إن الْحَلالَ بَيِّنٌ وَإِنَّ الْحَرَامَ بَيِّنٌ، وَبَيْنَهُما أُمور مُشْتَبِهَاتٌ لا يَعْلَمُهُنَّ كَثِيرٌ مِنَ الناسِ، فَمَنِ اتَّقَى الشُّبُهَاتِ اسْتَبْرَأَ لِدِينِهِ وَعِرْضِهِ، وَمَنْ وَقَعَ فى الشُّبُهاتِ وَقَعَ فى الْحَرَامِ، كالرَّاعِى يَرْعَى حَوْلَ الْحِمَى يُوشِك أَنْ يَرْتَعَ فِيهِ» يەنى «ھالالمۇ ئېنىقتۇر، ھاراممۇ ئېنىقتۇر. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۈبھىلىك نەرسىلەر بار بولۇپ، بۇلارنى كۆپ كىشىلەر بىلمەيدۇ. شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانغان ئادەم ئۆزىنىڭ دىنىنى ۋە نومۇسىنى قوغداپ قالغان بولىدۇ. شۈبھىلىك ئىشلارغا چۈشۈپ قالغان ئادەم ھارامغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ چېگرا بويىدا قوي باققان ۋە قويلىرى چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىشكە تاس قالغان پادىچىغا

ئوخشايدۇ.[1]

شۇ ئېنىقكى، مەنئىي قىلىنغان گۇمان كىشىلەرگە زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان يامان گۇمانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ساقلىنىش ۋە ئېھتىيات قىلىشقا ئوخشىغان گۇمان مەنئىي قىلىنمايدۇ. بەلكى مۇنداق گۇمانلار باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن يوللۇق سانىلىدۇ.

﴿بىر ــ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار﴾ بۇمۇ گۇماننىڭ تەرەققىي قىلغان تۈرى ياكى ئۇنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدۇر. چۈنكى ئىنسان بىراۋ توغرۇلۇق گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ئۆز گۇمانىنى كۈچلەندۈرىدىغان بىرەر سەۋەب تاپالمىسا، پەقەت ئۆز گۇمانىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈنلا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىنى ھەرگىز ئىزدىمەيدۇ ۋە كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ. پەقەتلا ئۇنىڭ يامانلىق تەرەپلىرىنىلا ئىزدەيدۇ، ئۇنىڭ ئەيىبىنى تېپىۋالسا، دەرھال ئۇنى چوڭايتىۋېتىدۇ ۋە مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئىمانى ئاجىز، ئەخلاقى ناچار ئادەملەرنىڭ قىلىقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداقلارغا خىتاب قىلىپ: «**يَا مَعْشَرَ مَنْ آمَنَ بِلِسَانِهِ، وَلَمْ يَدْخُلِ الْإِيمَانُ قَلْبَهُ لَا تَغْتَابُوا الْمُسْلِمِينَ، وَلَا تَتَّبِعُوا عَوْرَاتِهِمْ؛ فَإِنَّهُ مَنْ يَتَّبِعْ عَوْرَةَ أَخِيهِ يَتَّبِعِ اللَّهُ عَوْرَتَهُ حَتَّى يَفْضَحَهُ فِي بَيْتِهِ**» يەنى «ئى ئاغزىدا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، قەلبىگە ئىمان كىرمىگەنلەر جامائەسى! مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار! كىمكى بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ، ھەتتا ئۇنى ئۆز ئۆيىدىلا رەسۋا قىلىدۇ»[2] دېگەن. ھەرقانداق بىر تەربىيەچى ياكى ئۇستاز بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە مۇستەسنادۇر. چۈنكى ئۇلار ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، تەربىيەلەش ئۈچۈن ئۆز تەربىيەسى ئاستىدىكىلەردىن ئەيىب ۋە كەمچىلىكلەرنى ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يولىنى قىلىدۇ. ئۇلار ھەرگىز كىشىلەرنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن ئەيىب ئىزدىمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەيىب ئىزدىشى يوللۇقتۇر. چۈنكى بىر تەربىيەچى ئۆز مەسئۇلىيىتى ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى بايقىيالمىسا، ئۇلارغا قانداق تۈزىتىش بېرەلەيدۇ؟

﴿بىر- بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار﴾. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى غەيۋەتنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن توسۇش ۋە ئۇنىڭ يامانلىقىنى بايان قىلىش

[1] «صحيح البخاري» 3- توم، 53- بەت، 2051- ھەدىس، «صحيح مسلم» 3- توم، 1219- بەت، 1599- ھەدىس.

[2] «مسند أحمد» 33- توم، 40- بەت، 19801- ھەدىس، «سنن أبي داود» 4- توم، 270- بەت، 4880- ھەدىس.

ئۇچۇن ساھابىلەردىن: «أَتَدْرُونَ مَا الْغِيبَةُ» يەنى «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ذِكْرُكَ أَخَاكَ بِمَا يَكْرَهُ» يەنى «غەيۋەت دېگەن بىراۋ ھەققىدە ئۇ يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتۇر» دەيدۇ. ساھابىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، «بىراۋ ھەققىدە ئېيتقانلىرىم راست بولسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «إِنْ كَانَ فِيهِ مَا تَقُولُ، فَقَدِ اغْتَبْتَهُ، وَإِنْ لَمْ يَكُنْ فِيهِ فَقَدْ بَهَتَّهُ» يەنى «ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ناۋادا ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ يالغان بولسا، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولىسەن»[1] دەيدۇ.

بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ھەقىقەتەن ئېغىر گۇناھتۇر. غەيۋەت كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇقنى دۈشمەنلىككە، ئىناقلىقنى بۆلۈنۈشكە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان، كىشىلەرنى بىر ــ بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغان خەتەرلىك ئىللەتتۇر.

ئەمما غەيۋەت زۇلۇمغا ۋە ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش، گۇناھ ــ مەئسىيەت سادىر قىلغانلارنى ئەيىبلەپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش، مەھكىمىدە گۇۋاھلىق بېرىش، بىراۋنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى باھالاش قاتارلىق ئىشلاردا چەكلەنمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتلەردە كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداق قىلىش ئايەتتە چەكلەنگەن غەيۋەت تۈرىگە كىرمەيدۇ.

﴿سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە كىشىلەرنىڭ ئابرۇيى ۋە ئار ــ نومۇسىغا چېقىلىشنىڭ خۇددى ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېگەندەك يىرگىنىشلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتە ئىنتايىن مۇكەممەل بىر ئوخشىتىش ئۇسلۇبى قوللىنىلغان. سورۇندا ھازىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەددىيە بېرەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئابرۇيىنى تۆككەن ئادەم خۇددى ئۆلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان بىرىنىڭ گۆشىنى يېگەن ئادەمگە ئوخشىتىلغان. بۇ نەپرەتلەندۈرۈش ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلى سانىلىدۇ. چۈنكى ئادەم گۆشىنى يېيىش قانچىلىك يىرگىنىشلىك بولسا، ئۆلۈك بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىش تېخىمۇ يىرگىنىشلىك ئىشتۇر. دېمەك، غەيۋەت قىلىش ئەنە شۇنداق ساغلام تەبىئەتلىك ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان تولىمۇ رەزىل ئىللەتتۇر.

[1] «صحيح مسلم» 4- توم، 2001- بەت، 2589- ھەدىس.

ئايەتتە يەنە ﴿قېرىندىشىنىڭ﴾ دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى غەيۋەتنىڭ ئادەمنى ئىنتايىن بەك يىرگەندۈرىغان سۆز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ گۆشىنى يېيىش شۈنچىلىك بەك يىرگىنىشلىك بولغان يەردە، ئۆزىنىڭ دىنداش ياكى نەسەبتىكى قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىش تېخىمۇ يىرگىنىشلىك، تېخىمۇ سەسكىنىشلىك قىلىقتۇر، ھەتتا ئادەم گۆشىنى يەيدىغانلار ئۈچۈنمۇ ئەڭ قەبىھ ئىشتۇر.

﴿مانا ئۇنىڭدىن يىرگەندىڭلار. ئۇنداقتا، ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېيىش دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن يىرگىنىدىغانلىقىڭلاردا شەك يوق. چۈنكى بۇ ئىنسان تەبىئىتىدۇر، ئىنسانلار بۇنداق سۆزلەردىن ئەلۋەتتە يىرگىنىدۇ. ئەگەر بىلسەڭلار، بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، ئۇنىڭ يۈز ــ ئابرۇيىنى تۆكۈشمۇ شۇنداق يىرگىنىشلىك گۇناھتۇر. ئەمدى سىلەر بۇنى چۈشەنگەن بولساڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ قېلىشتىن ۋە ئۇنىڭ جازاسىغا تېگىشلىك بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. بىراۋ شۇنداق رەزىل ئىشنى قىلسا، سىلەر ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن يىرگىنىسىلەر ۋە نەپرەتلىنىسىلەر، ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، كۆزلەرنىڭ خىيانەتلىرىنى ۋە دىللارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغان رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، بارلىق گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. چۈنكى ئۇ تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگۈچى ۋە بەندىلىرىگە تولىمۇ شەپقەتلىك، مۇئمىنلەرگە بەكمۇ مېھرىبان زاتتۇر.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا نازىل قىلغان كۆرسەتمىلىرى بولۇپ، ھەقىقىي ئىماننىڭ يۇقىرىقىلارنى قىلماسلىقنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى ئۇلارغا بايان قىلىپ بەرگەن.

﴿ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، بىز سىلەرنى بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾ ئايەتتىكى ﴿ئى ئىنسانلار!﴾ دېگەن خىتابقا قارايدىغان بولساق، ئاللاھ تائالا سۆزنى بارلىق ئىنسانىيەتكە قاراتقان. چۈنكى، ئۆزىنىڭ نەسەبىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ساناش ۋە ئۆز مىللىتىنى ئاشۇرۇپ ماختاش ۋە باشقىلارنى تۆۋەن ساناش قاتارلىق ئىللەتلەر ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بېرى ئۇلاردا بار بولۇپ كەلگەن ئىللەتلەردىن بولۇپ، بۇلار ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بۇ ئىللەتتىن توسۇشتا ئىنتايىن ھېكمەتلىك ئۇسلۇبنى قوللانغان.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل رەڭلىك ۋە ھەر خىل تىللاردا سۆزلەيدىغان قىلىپ ياراتقانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل سەنئەتلىرىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەردىن بىرىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل مىللەت قىلىپ يارىتىلغانلىقىنىڭ ھېكمىتى ناھايىتى كۆپتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىر – بىرى بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق بىر – بىرىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى ۋە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىنى ئۆگىنىدۇ، تونۇشۇش ئارقىلىق سودا قىلىشىدۇ ۋە بىر دۆلەتتە بولمىغان نەرسىلەرنى باشقا بىر دۆلەتتىن ئېلىپ كېلىپ ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن: بىر دۆلەتتىن چاي چىقىدۇ، يەنە بىرىدىن قەھۋە چىقىدۇ، يەنە بىرىدىن مېۋە چىقىدۇ. ئىنسانلار ئۆزئارا تونۇشۇش ئارقىلىق بىر دۆلەتتە بار نەرسىلەرنى يوق دۆلەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەس مىللەت كىشىلىرى بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزەلەيدۇ، ھېچبولمىغاندا، ئىسلامنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى ۋە ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەسلىڭلار بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى، سىلەر ھەممىڭلار بىر ئاتىنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. سىلەرنىڭ ئەسلىڭلار بىر، ئىلاھىڭلار بىر تۇرسا، سىلەر نېمىگە ئاساسەن بىر – بىرىڭلاردىن ئۈستۈنلۈك تالىشىسىلەر؟ نېمىگە ئاساسلىنىپ ئۆزۈڭلارنى باشقىلاردىن ئەۋزەل سانايسىلەر؟ بىلىڭلاركى، ھەممىڭلار باراۋەر ئىنسان. سىلەرنىڭ بىر – بىرىڭلاردىن ئارتۇقلۇقۇڭلار ۋە ئەۋزەللىكىڭلار تەقۋادارلىق بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا ھەممىڭلار باراۋەرسىلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قانداق ئادەمنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغاندا، «أَتْقَاهُمْ» يەنى «ئەڭ تەقۋادار بولغىنىدۇر»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋا ئىككىسىدىن كۆپەيتتى، ئاندىن سىلەرنى قەبىلىلەرگە ۋە مىللەتلەرگە ئايرىدى، سىلەرنى بىر – بىرىڭلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەربىرىڭلارغا ئالاھىدە ئۆزگىچىلىك ۋە شەكىللەرنى بەردى. بۇ ئۆزگىچىلىكلەر قانداق بولۇپ ئاراڭلاردا بىر – بىرىڭلارنى چەتكە قېقىشقا ۋە دۈشمەنلىشىشكە سەۋەب بولۇپ قالدى؟

ناۋادا بىر – بىرىڭلاردىن ئۈستۈن بولۇش كېرەك بولسا، ئۇ پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋالىقىڭلار بىلەن بولىدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ بىر – بىرىڭلاردىن ئەۋزەللىكىڭلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قىممىتىڭلار پەقەت ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، گۇناھتىن

[1] «حيح مسلم» 4- توم، 1846- بەت، 2378- ھەدىس.

يىراق تۇرۇپ تەقۋالىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان، ئۇنىڭ پەرمانلىرىنى تولۇق ئورۇندايدىغان، گۇناھ- مەئسىيەتتىن قاچىدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرى بولىسىلەر. بۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئىشتا سىلەرنى بىر — بىرىڭلاردىن ئەۋزەل دېگىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئۈستۈنلۈكنىڭ ۋە ئارتۇقلۇقنىڭ ئۆلچىمى — تەقۋالىقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ۋە كىشىلەرنىڭ كۆزىدە ھۆرمەتلىك بولۇشنى خالىغانلار تەقۋالىق قىلىشتا بىر — بىرى بىلەن بەسلەشسۇن، تەقۋالىققا ئالدىرىسۇن. چۈنكى ئەسقاتىدىغىنى مۇشۇدۇر.

ئىسلامدا شۇنداق بىر ئۆزگەرمەس پرىنسىپ باركى، ئەرەبنىڭ ئەجەمدىن، ئەجەمنىڭ ئەرەبتىن، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن، قارا تەنلىكنىڭ ئاق تەنلىكتىن ھېچقانداق ئۈستۈنلۈكى يوقتۇر. ئۈستۈنلۈك تەقۋالىق بىلەنلا بولىدۇ. تەقۋالىق دېگەن ئومۇمىي بىر پەزىلەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىسى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىشتا ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. تەقۋالىق شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھاياتتىكى دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيتىنى تونۇپ ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، تەقۋالىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك خاتىرجەملىكنىڭ ۋە جىمى ياخشىلىقنىڭ تۈرتكىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئاخىرەتتە ئۇلارغا شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.



### مۇھىم نۇقتىلىرى

- كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇلارغا لەقەملەرنى قويۇش ئىسلام ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان ناچار قىلىقلار بولۇپ، دىنىمىزدا قەتئىي چەكلىنىدۇ، بۇنداق قىلغۇچىلار ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ.
- كىشىلەر ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش ناچار ئەخلاق قارارىدىن سانىلىدۇ.
- غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش ۋە كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش ئېغىر گۇناھتۇر.
- نەسەب بىلەن پەخىرلىنىش جاھىلىيەتنىڭ ئادەتلىرىدىن بولۇپ، مۇسۇلمان ئادەم ئىسلام بىلەن پەخىرلىنىدۇ.
- ئەڭ چوڭ شەرەپ ۋە ئەڭ كاتتا ھۆرمەت تەقۋالىقتىدۇر.

# ئىخلاس سىزنى مەقسەتكە يەتكۈزىدۇ

ئىخلاس — ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ھېچ نەرسە ئارىلاشمىغان ساپ ۋە تەبىئىي ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ساپ ھەسەل، سۈزۈك سۇ، سۇ ئارىلاشتۇرۇلمىغان سۈت دېگەنگە ئوخشاش. بۇ ئىخلاسنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىدۇر. ئىخلاسنىڭ ئىسلام ئاتالغۇسىدىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئەمەلنى پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا بېغىشلاش ۋە ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا قىلىش، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا بىر مەقسەتنى ئويلىماسلىق دېگەنلىكتۇر. ئىخلاس ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شەرتتۇر.

ئىخلاس قەلب قېتىدىن كەلگەن سەممىي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن ساداقەتتۇر. ئىخلاسنىڭ ئەكسى رىيادۇر. قىلىنغان ئىبادەت ۋە ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشلاردا ھېچقانداق بىر مەنپەئەت ياكى پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى مەقسەت قىلىش ئىخلاسنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ساماۋى دىن ئەھلىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ﴾ «ئۇلار پەقەت دىننى ئاللاھقا خاس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان.»

ئىخلاس توغرۇلۇق كەلگەن ئايەت ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىگە ئاساسلانغاندا، نىجات يولى پەقەت ئىخلاستىدۇر. ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى دۇنيالىق سائادىتى ۋە ماددىي، مەنىۋىيىتىگە كېپىللىك قىلالايدىغان ئىخلاستىن بۆلەك ئىككىنچى بىر خىسلەت يوقتۇر. زەررىچىلىك ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەل، ئىخلاسسىز قىلىنغان مىڭلارچە ئەمەل ــ ئىبادەتتىن ئۈستۈندۇر.

مەلۇمكى، ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىككى شەرت بار. بىرى نىيەت، يەنە بىرى توغرا يوسۇندا قىلىش.

نىيەت — كۆڭۈلدىكى مەقسەت دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئىبادەتنى پەقەتلا ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلىشى دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: ﴿إنما الأعمال بالنيات وإنما لكلِّ امرئٍ ما نوى﴾ «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر، ھەرقانداق ئادەم نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەمەلنى توفرا يوسۇندا قىلىش دېگەن ئەمەلنىڭ ئىسلام كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: ﴿صلّوا كما رأيتموني أُصلي﴾ «نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. يەنى بارلىق ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى مەن كۆرسەتكەندەك قىلىڭلار دېگەنلىكتۇر.

نىيەت دۇرۇس بولۇپ، ئەمەل ئىسلام كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كەلمىسە ئۇ ئەمەل قوبۇل بولمىغاندەك، ئەمەل ئىسلام كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كەلگەن بولسىمۇ نىيەت دۇرۇس بولمىسا يەنە قوبۇل بولمايدۇ. ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: بىراۋ كىشىلەرگە ياخشى تەسىر بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش نىيىتى بىلەن ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى باشقا ۋاقىتلاردىكىدىن ئالاھىدە ياخشى قىلسا، ئۇ رىيا قىلغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى نىيەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈن، بەلكى كىشىلەرگە مۇكەممەل كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلىنغان بولۇپ قالىدۇ. ئىخلاس ئەنە شۇنداق نازۇك ئەمەلدۇر.

مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىخلاس تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىخلاس بىلەن قېتىرقىنىپ ئىش قىلغان ئادەم ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى چوقۇم كۆرىدۇ. بالىلارنى تەربىيەلەشتە، ناماز ئوقۇشتا، روزا تۇتۇشتا، زاكات بېرىشتە، ھەج قىلىشتا، ئىلىم تەھسىل قىلىشتا، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتا، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قىلىشتا، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەشتە ئىخلاس باغلاپ ئىش قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىخلاسى باردۇر، مەسىلەن: سەمىمىي ئىخلاس بىلەن باغلانغان مۇھەببەتنىڭ بىر زەررىسى بىرەر مەنپەئەت يۈزىسىدىن باغلانغان مۇھەببەتتىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە قىممەتلىكتۇر. چىن ئىخلاسنى كۆرۈشنى خالىغان كىشى ئانىلارنىڭ تەبىئىتىگە قارىسا بولىدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەتكە ۋە چىن ئىخلاسقا ئانىلار سازاۋەردۇر. ئۇلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، چىن دىلىدىن بالىلىرى ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشىپ، چوڭ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن بالىلىرىدىن بىرەر مۇكاپات ياكى سوۋغا ـ سالام تاما قىلمايدۇ، بىرەر پايدا كۆزلىمەيدۇ. ئادەممۇ ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلغان ئىكەن، شۇنداق چىن ئەقىدە ۋە سۆيگۈ بىلەن ئىخلاس قىلغاندا، ئاندىن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇخلىسىغا ئايلىنىدۇ.

ئەمەل ـ ئىبادەتتە كەيپىيات بەك مۇھىمدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش بىلەن ياكى كۆپ كىشىلەرنى دىنغا ئەگەشتۈرۈش بىلەن قازىنىلمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى پەقەت ئىخلاس بىلەنلا قازىنىلىدۇ. شۇڭا بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز ياكى بىرەر ياخشى نىيەت ھەقىقىي سائادەتكە ۋە مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ قىلىنىشىغىلا قارىماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىخلاسلىق

ۋە سۈپەتلىك قىلىنىشىغا قاراش كېرەك. چۈنكى كېرەك بولغىنى ئىخلاستۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ﴿الَّذِى خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ «ئۇ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر» دېگەن. يەنى مۇھىم بولغىنى كۆپ ئەمەل قىلىش، ئەمەس ئىخلاسلىق قىلىشتۇر. مەسىلەن: كۆمۈر كىلوگراممۇ بىلەن ھەتتا تونىنلاپ، ئالتۇن بولسا گراملاپ تارتىلىدۇ. ئىخلاسلىق ئەمەل ئالتۇن بولسا، ئىخلاسسىز ئەمەل كۆمۈرگە ئوخشايدۇ. بۇ مىسالدىن ئىخلاسلىق ئىبادەت بىلەن ئىخلاسسىز ئەمەل — ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

## ئىخلاس

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ئىككى نەرسىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، يەنە بىرى، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىشتۇر. ئىخلاس — قەلبنىڭ بارچە شەك - شۈبھىلەردىن پاك - پاكىز تازىلانغان بىر پۈتۈن ساپلىق ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىشتۇر. ئىنسان ھەرقانداق بىر ئىشنى بىرەر تۈرتكىنىڭ ئارقىسىدا قىلىدۇ. ئىنسانلاردىكى تۈرتكىلەر بەزىدە تۇغما بولىدۇ، بەزىدە يېتىلدۈرۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قوغداش، تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىشلەش، تەن ساقلىقىنى ساقلاش قاتارلىقلار ھەربىر ئىنساندا تۇغما بولىدۇ. يېتىلدۈرۈلگىنى ئىنسان رەببىنى تونۇغاندىن كېيىن، رەببىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئېسىل مۇكاپاتلىرىغا ۋە جەننىتىگە قىزىقىشتىن كەلگەن تۈرتكە بولۇپ، ئىنسان ئاللاھ تائالانى قانچىلىك ياخشى ۋە مۇكەممەل تونۇغانسېرى ئۇنىڭدىكى ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇشقا ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە بولغان تۈرتكە شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ.

ئىسلامدا ئەمەلنىڭ قىممىتى ئۇنى ئەمەلنى قىلىشقا سەۋەب بولغان تۈرتكىنىڭ قىممىتىگە قاراپ بولىدۇ، بەلكى تۈرتكە ئەمەلنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: يولدا پۇل چۈشۈپ قالدى، بىر ئادەم ئۇنى ئىگىسىنى تېپىپ يەتكۈزۈپ بېرىش نىيىتى بىلەن ئالدى. بۇ ئادەم مۇشۇ ئىشى ئۈچۈن چوقۇم ساۋاب تاپىدۇ. يەنە بىر ئادەممۇ يولدا چۈشۈپ قالغان پۇلنى ئالدى، ئەمما ئۇ ھېلىقى پۇلنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدى ۋە گۇناھكار بولدى. بۇ يەردە ئىش ئوخشاش. ئۇ بولسىمۇ يەردىكى پۇلنى ئېلىش. ئەمما نىيەت ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بىرى ساۋاب تاپىدۇ، يەنە بىرى گۇناھكار بولىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەربىر ئادەم ئۆزىنى

جىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[1]. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ﴿الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ «ئۇ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر»[2] دېگەن. ئەللامە فۇزەيل ئىبنى ئىياز ﴿لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً﴾ دېگەن ئايەتكە «قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ئىخلاسلىق ۋە ئەڭ توغرا ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن» دەپ مەنە ئېيتقان. ئاندىن ئۇ «ئەمەلنىڭ ئەڭ ئىخلاسلىقى ۋە ئەڭ توغرىسى قايسى؟» دەپ سورالغاندا، «ئەمەل ئىخلاسلىق بولۇپ توغرا بولمىسا قوبۇل بولمايدۇ، ئۇ توغرا بولۇپ ئىخلاسلىق بولمىسىمۇ قوبۇل بولمايدۇ. شۇڭا ئەمەلدە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش شەرت بولغاندەك، ئۇنى ئىسلامدا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلىشمۇ شەرتتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ئىخلاس قىلىش ئادەتتىكى دۇنيالىق ئىشلارنىمۇ ئىبادەتكە ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ دىنىمىزدا يول قويۇلغان ھالال كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان بولۇپ، ھالال رىزىق تېپىشنى نىيەت قىلغان ۋە ئىشىدا ساختىلىق، ئاكىدامچىلىق قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ دۇنيالىق ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىبادەت بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

سالىھ كىشىلەرنى بىرى بىر كۈنى مەسجىدكە كىرگەن بولۇپ، مەسجىدتە كۈنلەرچە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تىرىكچىلىكىنى كىم قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ھېلىقى ئادەم «ئۇكام» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سالىھ كىشى ئۇنىڭغا: «ئۇكىڭىز سىزدىن بەكرەك ئىبادەت قىلىدىكەن» دەيدۇ. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قانداقلا بىر چىقىم قىلساڭ، چوقۇم ساۋاب تاپىسەن»[3] دېگەن.

دۇنيالىق تىرىكچىلىك ئىشلىرى نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ، ئاخىرەتلىك ئەمەللەر نىيەتنىڭ دۇرۇس بولماسلىقى بىلەن ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۆلىمالارنىڭ ئىخلاس توغرۇلۇق ئېيتقانلىرى:

ئىخلاس — بەندىنىڭ ئاشكارا ئەمەللىرى بىلەن مەخپىي ئەمەللىرىنىڭ باراۋەر بولۇشىدۇر.

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] مۇلك سۈرىسى:2- ئايەت.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىخلاس— ئەمەللەرنى ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلماسلىقتۇر.

ئىخلاس— بەندە بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىر بولۇپ، ئۇنى يېزىش ئۈچۈن پەرىشتىلەر بىلمەيدۇ، بۇزۇش ئۈچۈن شەيتانلار كۆرمەيدۇ.

# ئىسلام ۋە ئىنسان تەبىئىتى

ئىنسان تەبىئىتى ئىسلام دىنى بىلەن تامامەن ماسلىشىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق ئادەم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا ھازىر بولغان ھالدا دۇنياغا كېلىدۇ، ئۇ تەربىيە، ئائىلە ۋە مۇھىت قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن يا مۇسۇلمان بولۇپ يېتىلىدۇ ياكى باشقىچە بولۇپ يېتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەرقانداق بالا ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلىشقا ھازىر بولغان تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خىرىستىيان قىلىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ.) باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.[2]

بۇ ئايەت، ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلغان ھەق دىن بىلەن توغولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدە ئاللاھقا ئىشىنىش ئېڭى تۇغۇلۇشتىن بىرى باردۇر. بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ راھەت ـ پاراغەتلىك چاغلاردا ئىنسانلارنىڭ غاپىللىقى سەۋەبى بىلەن، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئەمما ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇنىڭدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن چارىسى تۈگىگەن ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ۋاقىتتا، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن پارتلاپ چىقىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئۇلار پۈتۈن كامالىي ئىخلاس بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىدۇر. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنگەن ھالدا، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۆز تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان (ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن) چاغدا،

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى

[2] رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

ئاللاھقا زىيان- زەخمەتنى كوتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ﴾.[1]

## ئىسلام ۋە تەبىئەت

ئاللاھ تائالانى ئېتىراپ قىلىشتىن قاچىدىغانلار تەبىئەتكە سېغىنماقتا. بۇلارنىڭ پەلسەپىسى خۇددى پادىشاھقا ئىسيانكارلىق قىلىپ جاللاتتىن مەدەت تىلىگەن ئىسيانكارنىڭ پەلسەپىسىگە ئوخشاش بىر مەنتىقسىز پەلسەپىدۇر. تەبىئەتكە چوقۇنۇش بۇتپەرەسلىكنىڭ زامانىۋىيلاشقان يېڭى نامى بولۇپ، ئىنكار ماۋزۇسىدا يېڭىلىق يوق، ئاتالغۇلار ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، بۇتپەرەسلەرنىڭ مەنتىق ئۆلچىمى ئۆزگەرگىنى يوق.

تەبىئەتمۇ ئاللاھ تائالا ياراتقان مەۋجۇداتلار قاتارىدىكى بىر ئەسەر ياكى سەنئەت. سەنئەتكارنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن سەنئەتنى سەنئەتكار دەۋېلىش ئىزاھىنىڭ ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن قاچقانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغانلار ھەممە نەرسىنى «تەبىئەت ياراتتى» ياكى «تەبىئەتنىڭ تەقەززاسى» دەپ قۇتۇلماقچى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىرقىدەك پەن- تېخنىكا ۋە ئۇچۇر دەۋرىدىمۇ بۇ خۇراپاتقا ئىشىنىدىغان ئىنسانلار مەۋجۇت.

## تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

دۇنياغا داڭلىق «لسان العرب» ناملىق بۈيۈك قامۇسنىڭ ئاپتورى ئىبنى مەنزۇر«تەبىئەت» ئاتالغۇسىنىڭ سۆز يىلتىزى بولغان « طبع» سۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن:« طبع - ھەر نەرسىنىڭ خاسلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى دېگەنلىك بولۇپ، ئىنساننىڭ يارىتىلىشتىكى ئۆزگىچىلىكى ۋە خاسلىقى ئۇنىڭ تەبىئىتى ھېسابلىنىدۇ. «طبيعة» سۆزى «فعيلة» ۋەزنىدە بولۇپ، ئىش ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچى ئەمەس، بەلكى ئورۇندالغۇچى مەنىسىدە كېلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، تەبىئەت ياراتقۇچى ياكى پەيدا قىلغۇچى ۋە ياكى بىرەر ئىش قىلغۇچى بولالمايدۇ.»[2]

ھەر نەرسىنى تەبىئەت ياراتقان دېگۈچىلەردىن تەبىئەت دېگەن نېمە دەپ سورالسا، ئۇلارنىڭ بەزىسى «تەبىئەت- يوشۇرۇن كۈچ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىز بۇ جاۋابقا قوشۇلغان تەقدىردە، تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ كۈچ- قۇۋۋىتى بولماي

[1] زۇمەر سۈرىسى 8 - ئايەت.

[2] «لسان العرب» ناملىق قامۇستىن.

نېمە؟ يەنە بەزىسى «تەبىئەت- شەيئىلەرنىڭ سۈپەتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. تەبىئەت بۇ ھالىتىدە قانداقمۇ ياراتقۇچى بولالىسۇن؟! يەنە بەزىسى«تەبىئەت- شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ دېگەنلىك شەيئىلەر ئۆز- ئۆزىنى ياراتقان دېگەندىن ئىبارەت سەپسەتىدۇر.

## تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر

تەبىئەت ــ ئۆزلىكىدىن تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مۇتلەق كۈچ ئەمەس، بەلكى ئۇ تەسىر ئاستىدا قالغان ئاجىز بىر سەنئەت ياكى ئەسەردۇر. تەبىئەت ــ ئۆزىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان سىرتقى مۇتلەق ئىرادىگە بويسۇن ئېگىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە يېڭى يارىتىلىشلار ئۈچۈن مەيدان ھازىرلايدۇ.

كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ھەربىر سەنئەت بىرەر بىناغا، بىرەر رەسىمگە ۋە بىرەر كىتابقا ئوخشايدۇ. «بۇلارنىڭ يارىتىلىشى ئۆزلىرىدىكى شەيئىيلەرنىڭ خاراكتېرىدىن كېلىپ چىققان» دېگۈچىلەر خۇراپاتچىلاردۇر. چۈنكى بىرەر بىنا قۇرۇپ چىقىشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پىلانىنى سىزىش ئۈچۈن ئىنژېنېرغا ۋە ئۇنى شۇ پىلان بويىچە پۈتتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن بىناكارغا ئېھتىياجلىق بولغان يەردە، كائىناتتىكى ھەربىر سەنئەت ۋە ھەربىر مەۋجۇدات مەلۇم بىر ئۆلچەم، مەلۇم بىر قانۇنىيەت بىلەن مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن بىرەر ياراتقۇچىغا مۇھتاج ئەمەسمۇ؟!

قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى جاكارلاپ مۇنداق دېگەن: ﴿(بارچە مەخلۇقاتنى) يارىتىپ مۇكەممەل قىلغان، (ياشاش يوللىرىنى) تەقدىر قىلىپ، ئۇلارنى (ئۇنىڭغا) يېتەكلىگەن، (زېمىندىن) ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنى قوپقۇرۇق ئوت ــ خەسكە ئايلاندۇرغان ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ ئىسمىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن.﴾[1]

[1] ئەئلا سۈرىسى1- 4- ئايەتلەر.

# ئىمان ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ

ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئىمان ئادەمنى بۇ دۇنيادا ئىنساپ، ئادالەت بىلەن ۋە ھوزۇر- ھالاۋەت بىلەن ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرسە، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك غەم- قايغۇسىز، جاپاسىز، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ دۇنيا ئاخىرەتلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشلەش، ئەمەل قىلىش مەيدانىدۇر، ئاخىرەت بولسا مول ھوسۇل ئورنىدۇ. جەننەت ھەرگىز ئەرزان ئەمەس، جەننەتنى قازىنىش نۇرغۇنلىغان سىناقلاردىن ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن، بۇ دۇنيادا ئىمانىمىز سەۋەبلىك، مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز سەۋەبلىك بەزى قىيىنچىلىقلار بىلەن سىنىلىمىز. پەيغەمبەرلەرمۇ ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرمۇ شۇنداق سىنالغان.

سىنالمايلا نەتىجە قازانسا، جاپا تەرتمايلا جەننەتكە ئېرىشەم دەيدىغان ئىنسانلارمۇ ئەمەلدىن مەۋجۇت. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممە ئادەمنى ئوخشاش پىكىر قىلىدىغان ۋە توغرا مۇھاكىمە قىلىدىغان ياراتقان ئەمەس. شۇڭا، بەزى ئىنسانلار دىن نامىدىن پايدا كۆرسە، ئىمانىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئەگەر قىيىن سىناقلارغا دۇچ كەلسە، دىنىدىن يېنىۋالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق ئىنسانلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئىمان ۋە ئەمەل شەكسىزكى، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى بەزىلەر ئاللاھقا شەك ــ شۈبھە بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە، ئۇ دىنىدا (خاتىرجەم) تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە، دىنىدىن يېنىۋالىدۇ. ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، مانا بۇ ئوپئوچۇق زىياندۇر»[1] .

مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئىنسانلار ئارىسىدا يەنە شۇنداق بىر ئادەملەر باركى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا شەك ــ شۈبھە بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىدە ئىخلاس ياكى ساداقەت دەيدىغان نەرسە بولمايدۇ، ئۇلار ئىسلام توغرۇلۇق ھەمىشە شۇنداق ئىككىلىنىش ۋە شەك قىلىش بىلەن ياشايدۇ. ئۇلار دەل مۇناپىقلار بولۇپ، ئۇلارغا غەنىيمەت ياكى

[1] ھەج سۈرىسى:11 - ئايەت.

بايلىق ياكى ئائىلىدە بەرىكەت دېگەندەك بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن رازى بولىدۇ، ئەقىدىسىدە خاتىرجەم بولۇپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر بالايىئاپەتكە ئۇچراش ياكى مال ــ دۇنياسىنىڭ كېمىيىشى ياكى قانداقلا بىرەر زىيان ــ زەخمەت تارتىش قاتارلىقلار بىلەن سىنالغىنىدا، دەرھال ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئاللاھ تائالاغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ گەدەنكەشلىك قىلىدۇ. مۇنداقلار دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىكتىن ئىبارەت ھەر ئىككىسىدە زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى زىيىنى جەننەتتىن يىراق قىلىنىش ۋە دوزاخقا تاشلىنىشتۇر».

# ئىماننىڭ ھالاۋىتى ۋە بىزنىڭ ئەھۋالىمىز

ھالاۋەت — لەززەت، زوق، راھەت - پاراغەت دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىماننىڭ ھالاۋىتى بىلەن ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرى پەرقلىق بولۇپ، ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى كىتابلاردىن ئوقۇش، ئۇستازلاردىن ئۆگىنىش، ئۆلىمالارنىڭ لېكسىيەلىرىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆگىنىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئەمما ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى ئوقۇپ، ئۆگىنىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلىش بىلەنلا تېتىغىلى بولىدۇ. ئىماننىڭ ھالاۋىتى ئىنساننى ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىككە ئېلىپ بارىدىغان، كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرىدىغان، قەلبىنى تىنچلاندۇرىدىغان شىپادۇر. شەكسىزكى، ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان ئادەم ئەڭ بەختلىك ئادەمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثَلَاثٌ مَن كُنَّ فيه وجَدَ حَلَاوَةَ الإيمَانِ: أنْ يَكونَ اللَّهُ ورَسولُهُ أحَبَّ إلَيْهِ ممَّا سِوَاهُمَا، وأَنْ يُحِبَّ المَرْءَ لا يُحِبُّهُ إلَّا لِلَّهِ، وأَنْ يَكْرَهَ أنْ يَعُودَ في الكُفْرِ كما يَكْرَهُ أنْ يُقْذَفَ في النَّارِ» «كىمكى ئۈنىڭدا ئۈچ خىسلەت بولسا، ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ. ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭغا ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى، بىراۋنى ياخشى كۆرسە ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشى ۋە كۇفرىغا يېنىشنى ئوتقا تاشلانغاندىنمۇ بەك يامان كۆرۈشىدۇر».[1] ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەدىسنى يۈزەكى چۈشىنىدۇ، مەسىلىگە ناھايىتى ئاددىي مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەسىلە بۇنداق ئاددىي ئەمەس. دۇنيادىكى ئىككى مىلياردقا يېقىن مۇسۇلماننىڭ ھەممىسىدىن بۇ سوئالنى سورىساق، ئۇلار ئەلۋەتتە «بىز ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمىز» دەيدۇ. ئەمما شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۆيگۈسى زىتلىشىپ قالغاندا، ھەممىلا ئادەم شەخسىي مەنپەئەتتىن ۋاز كېچەلەمدۇ؟ ھەممىلا ئادەم «مەن ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن» دېگەن پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرالامدۇ؟ بىرەر مۇئمىننىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۆزىنىڭ ياكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت كەلگەندە، ھەممىلا ئادەم ئاسۇ مۇئمىن ئادەمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرالامدۇ؟

ئۆلىمالار يۇقىرىقى ھەدىسنى مۇنداق شەرھلەيدۇ:

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ھەدىستىكى «ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈشى» دېگەننىڭ مەنىسى: ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى ئەمر- پەرمانلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەردىكى كۆرسەتمىلىرىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈش، ئۇنى ھەممىنىڭ ئالدىدا قويۇش، قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىش، ئۆزىنىڭ ياكى ئائىلىسىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكۈملىرىگە زىت كەلگەن ۋاقىتتا، شەخسىي مەنپەئەتنى قايرىپ قويۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلىش دېگەنلىكتۇر.

«بىراۋنى ياخشى كۆرسە ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشى» دېگەننىڭ مەنىسى: بىراۋنى ياخشى كۆرۈشتە، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشتا ۋە ئۇنىڭغا تەرەپدار بولۇشتا، ئۇنىڭ ئۆز يېقىنى بولغانلىقى ياكى بايلىقى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، مەنسىپى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەتلا ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ مۇئمىن بەندىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشى، ئۇ كىشىگە بولغان مۇھەببىتى ئۆزىنىڭ ياكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت كەلگەن تەقدىردىمۇ، شەخسىي مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ ئۇ كىشىنىڭ ھەققىنى قوغدىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلماسلىقى ۋە ھەقسىزلىق قىلماسلىقى دېگەنلىكتۇر.

«كۇفرىغا يېنىشنى ئوتقا تاشلانغاندىنمۇ بەك يامان كۆرۈشى» دېگەننىڭ مەنىسى: ئىمانىنى جان تىكىپ قوغدىشى، ئىماننىڭ قەدرىگە يېتىشى، ئۇنى دۇنيانىڭ ھەرقانداق مەنپەئەتىدىنمۇ ئۈستۈن كۆرۈشى، ئىمانغا زىت كېلىدىغان بىر ئىشتا ئۆزى ياكى ئائىلىسى ئۈچۈن ھېسابسىز كاتتا مەنپەئەت بولغان تەقدىردىمۇ ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ئىمانىدا چىڭ تۇرۇشى دېگەنلىكتۇر. ساھابىلەرنى ساھابە قىلغان، ئۇلارنىڭ زىكرىنى قەلبلەرگە نەقش قىلغان نەرسە ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىمانىدىكى مۇستەھكەملىك ئىدى. جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغانلاردىن قىلغاي، ئامىن.

# ئىناقلىقنىڭ دۈشمىنى - سۇخەنچىلىك

سۆزلىششىنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى بولغان تىل ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى، كىشىلىك ھاياتتا ئىنسانلارغا بەخت، ئىناقلىق، خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئەخلاقلار تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان نۇرغۇن يامان، سەلبىي ئىللەتلەرمۇ يەنە شۇ تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. تىل قەلبتىن ئىبارەت بىر دېڭىزنىڭ قىرغىقى بولۇپ، دېڭىزدا نېمە بولسا قىرغاققا شۇ چىقىدۇ. تىل ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى، ئەخلاق - پەزىلىتىنى ۋە تەربىيىلىنىشىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىۋاتقان جەمئىيەت ھادىسىلىرى شۇ دەۋرنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.



## تىلنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقى

ئىنسان قىيامەت كۈنى قولاق، كۆز دىل قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرى ئۈستىدە سوئال - سوراق قىلىنغىنىدەك، تىل ئۈستىدىمۇ سوئال - سوراق قىلىنىدۇ. ئۇنى قانداق سۆزلەرگە ئىشلەتتى؟ ئىنسانلارغا ۋە ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق ئېلىپ كېلىدىغان سۆزلەرنى قىلدىمۇ؟ ياكى سۇخەنچىلىكتەك ئىنسانلارغا زىيانلىق سۆزلەرنى قىلدىمۇ؟ ئۇنى كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدىغان، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ياخشى يولغا ئىشلەتتىمۇ؟ ياكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئىشلەتتىمۇ؟ بۇنىڭ ئۈستىدە چوقۇم سوئال - سوراق قىلىنىدۇ. ئىنسان قىلغان سۆزدىن تېنىۋالماسلىقى ئۈچۈن پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن:« ھالبۇكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، سۆزلىرىڭلارنى ۋە قىلمىشلىرىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ». ئىنسانلار كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بەختلىك، ئىناق، تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشاشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن ھەممە نەرسىنىڭ بىر كۈشەندىسى بولغىنىدەك، سۇخەنچىلىك بۇنداق ئارزۇلارنىڭ بىردىنبىر كۈشەندىسىدۇر.

## سۇخەنچىلىكنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى

سۇخەنچىلىك ــ بىراۋ ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىش ۋە مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرۇش ئۈچۈن تارقىتىش دېگەنلىكتۇر.

سۇخەنچىلىكتىن ئىبارەت بۇ رەزىل قىلمىش سەۋەبىدىن دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەنلىشىدۇ، بىرلىك بۇزۇلىدۇ، ئىناق ئائىلىلەر پارچىلىنىدۇ، تۇغقانلار بىر-بىرىدىن يىراقلىشىدۇ، ھەتتا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىھۇدە قان تۆكۈلۈش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بېرىدۇ. دىنىمىزدا سۇخەنچىلەر، پىتنە-ئىغۋا تارقاتقۇچىلار قاتتىق سۆكۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكىلىرى سۇخەنچىلەر بولۇپ، ئۇلار دوست-بۇرادەرلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىغۇچىلار ۋە گۇناھسىز ئادەملەرنى ئەيىبلىگۈچىلەردۇر».[1]

سۇخەنچىلىكنىڭ يەنە بىر چوڭ زىيىنى شۇكى، سۇخەنچىلەر ئاخىرەتتە ئەڭ چوڭ زىيان تارتىدىغانلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ئىنسانلارغا دۈشمەنلىك قىلىپ تۇرۇپ قانچىلىك كۆپ ئىبادەت قىلسىمۇ، جەننەتكە كىرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گەپ توشۇغۇچىلار جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2] دېگەن.

سۇخەنچىلىك بەزىدە قىلمىغان ئىشلارنىمۇ قىلدى دەپ كىشىلەرگە قارا چاپلاش ئارقىلىق تۆھمەت تۇسىنى ئالغان بولىدۇ. ئەمما سۇخەنچى ھېچ ئىش قىلمىغان بولۇۋېلىپ، كىرپىكىدە تۈگۈلىۋالسىمۇ، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ رەزىللىكى ئاشكارىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا رەسۋا بولىدۇ. سۇخەنچىنىڭ باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان ئېغىر-زىيان زەخمەتلىرى ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا، سۇخەنچىلىكتىن ئىبارەت بۇ رەزىل خۇلۇق سەۋەبىدىن دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەنلىشىدۇ، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ، ئائىلىلەر پارچىلىنىدۇ، تۇغقانلار بىر-بىرىدىن يىراقلىشىدۇ. ھەتتا سۇخەنچىلىك سەۋەبلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىھۇدە قان تۆكۈلۈش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بېرىدۇ.

## سۇخەنچىنىڭ سۆزىنى ئېنىقلىماستىن ئىشىنىپ كېتىشنىڭ خەتىرى

سۇخەنچىنىڭ گەپلىرىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئىش بولۇپ، بەزىدە قان تۆكۈشكە قەدەر ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە ئىنسانلارغا تەلىم بېرىپ، قۇرئان كەرىمدە: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار» دەپ كۆرسەتكەن.

تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ھەسەن بەسرى دېگەن كىشىنىڭ يېنىغا بىر ئادەم گەپ توشۇپ كېلىپ، پالانىنىڭ ئوغلى ئابدۇراھمان سىزنىڭ ھەققىڭىزدە ئۇنداق - مۇنداق سۆزلەرنى قىلدى، دەپتۇ.

قاچان شۇنداق بولدى؟

- دەپ سوراپتۇ ھەسەن بەسرى.

- بۈگۈن.

- سەن ئابدۇراھماننى قەيەردە كۆردۈڭ؟

- ئۆيىدە كۆردۈم، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم ئەجەبلىنىپ.

- سەن ئابدۇراھماننىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟

- مېھمان بولۇپ بارغانتىم.

- سەن ئۇنىڭ ئۆيىدە نېمىلەرنى يېدىڭ؟ - دەپ ئىنچىكىلەپ سورىغاندا، ھېلىقى ئادەم ئابدۇراھماننىڭ ئۆيىدە سەككىز خىل تاماق يېگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئاندىن ھەسەن بەسرى:

- سېنىڭ قۇرساقىڭغا سەككىز خىل تاماق سىغىپتۇ- يۇ، ئەجەبا بىر گەپ سىغمىدىمۇ؟ مەن ئابدۇراھماننى دۈشمەن تۇتمايمەن. چۈنكى ئەسلىدە مېنىڭ ھەققىمدە يامان گەپ قىلغان ئادەم ئابدۇراھمان ئەمەس، بەلكى سەن ئىكەنسەن، كۆزۈمدىن يوقال، ھۇ پاسىق! دەپتۇ.

# ئىنسانلارنىڭ بىلىش جەھەتتىكى دەرىجىسى

قەدىمدە بىر ئۆلىما مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىنسانلار تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى، بىلىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ‹ئالىم› دۇر. بۇنداق كىشىدىن ئۆگىنىڭلار.

ئىككىنچىسى، بىلىدىغان، ئەمما ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ‹ئۇنتۇغاق› تۇر. بۇنداق كىشىنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويۇڭلار.

ئۈچىنچىسى، بىلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ‹ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى› دۇر. ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويۇڭلار.

تۆتىنچىسى، بىلمەيدىغان ۋە ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ‹ئەخمەق› تۇر. ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار»[1].

بىز ئويلايمىزكى، بىر ئىنسان يۇقىرىقى تۆت خىل ئادەمنىڭ رولىنى ئالالايدۇ. مەسىلەن: بىز بەزىدە ئالىملارغا خاس خىسلەت بىلەن ئىشلارنى توغرا مۇھاكىمە قىلالايمىز ۋە توغرا ئىش قىلالايمىز، بەزىدە ئۇقۇغۇچىلارغا خاس كەمتەرلىك بىلەن بىلمىگەننى ئۆگىنىشكە تىرىشىمىز، بەزىدە ئەخمەقلەرچە ئۆزىمىزنى بىلمەي قالىمىز، بەزىدە يەنە بۇرۇن بىلگەنلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمىزنىمۇ بىلمەي قالىمىز.

ئىشنىڭ ئەڭ چاتاق يېرى شۇكى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئەخمەقلەرچە ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۆزىنى تەنقىدلەشنى خالىمايدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل دەپ قارايدۇ، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئەۋزەل سانايدۇ. بۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئەمدىلا بالاغەت يېشىغا يەتكەن ئوغلىڭىز ئۆزىنى سىزدىن ئەۋزەل چاغلايدۇ، سىزدىن ئارتۇق نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى ئېتىقاد قىلىدۇ، ھەتتا ئاپتوموبىل ھەيدەشنى سىزدىن ئۆگىنىپ بولۇپلا: «مەن دادامدىن ياخشى ھەيدەيمەن» دەيدۇ. بەزى

---

[1] «نظرية الفستق» ناملىق كىتابنىڭ 188 - بېتىدىن ئېلىندى.

باللار سىزگە «دادا! سىنىڭ كاللاڭ ئۆتمۈشكە ئائىت، بىز بولساق زامانغا لايىق تەپەككۇر قىلىمىز» دەيدۇ. بۇ بىر رېئاللىق.

ئامېرىكىنىڭ كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دېۋىد دېنىنگ ۋە جاستىن كروگىر ئىككىسى مۇستەقىل ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسىدە مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشكەن:

1. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى بىلمەن دەپ ئېتىقاد قىلغان نەرسىلەردىن ئىنتايىن ئاز قىسمىنى بىلىدۇ.

2. ئىنسانلارنىڭ تولىسى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىشكە ھاجەت يوق دەپ قارايدۇ.

3. ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردە شۇ ئېنىقلاندىكى، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئۆزى ھەققىدە كۆپ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن.

4. ئۇلارنىڭ تولىسى ئۆزىمىزگە يېتەرلىك نەرسىلەرنى بىلىمىز، دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن».

يۇقىرىقى ئىككى تەتقىقاتچى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىنىڭ مەرىپىتىنى يۇقىرىقىدەك مەغرۇرلۇق ئاساسىغا قورغان ئادەم خۇددى ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە كۆرسىتىپ بېرىلگەن بويىچە يول مېڭىپ، مەن يولنى ئوبدان بىلمەن دەپ ئويلاپ قالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزى مېڭىۋاتقان يولدىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ، ئورمانلىقنىڭ پايانسىز ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ»[1].

ئەرەبلەردە مۇنداق بىر ماقال بار: «ئاللاھ رىزىقنى تەقسىم قىلغاندا، ھېچكىم ئۆز نېسىۋىسىگە رازى بولماپتۇ، ئەمما ئەقىلنى تەقسىم قىلغاندا، ھەربىر ئىنسان ئۆز ئەقلىگە رازى بولۇپتۇ». بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىنسان مەيلى باي بولسۇن، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، ھەرگىز قانائەت قىلمايدۇ، باي تېخىمۇ باي بولسام دەيدۇ، كەمبەغەل باي بولسام دەيدۇ. دېمەك، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى خالايدۇ. ئەمما ئەقىل مەسىلىسىگە كەلگەندە ئەمەلىيەت باشقىچە بولىدۇ. چۈنكى ھېچكىم ئەقلىنىڭ كەم ياكى يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، شۇڭا ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشمايدۇ، ھەتتا ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشكە تىرىشقانچىلىكمۇ تىرىشمايدۇ. رىزىق مەسىلىسىدە قانائەتسىزلىك قىلىدۇيۇ، ئەقىل مەسىلىسىدە ئۆز ئەقلىگە تامامەن قايىلدۇر. ھەربىر ئىنسان ئىشلارنى ئۆز ئەقلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ، باشقىلارغا ھۆكۈم



[1] «نظرية الفستق» ناملىق كىتابنىڭ 189 - 190 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.

قىلىشتا ئۆز ئەقلىگە تايىنىدۇ، بۇ ھۆكۈمدە ئۆزىنىڭ خاتالىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ، ئۆزى چىقارغان بۇ ھۆكۈمگە زىت كېلىدىغان بىرەر ھۆكۈمنىڭ بار بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئەڭ ئەقىللىق سانايدۇ. مانا بۇ رىئاللىق.

شۇڭا دەيمىزكى، ئەقىللىق ۋە ھېكمەتلىك ئادەم ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى بىلگەن، خاتا تەپەككۇر قىلىشتىن خالىي ئەمەسلىكىنى ۋە ھەر ۋاقىت ساغلام تەپەككۇر قىلالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئادەمدۇر.

توغرا تەپەككۇرنىڭ ئاپەتلىرى

ئىنسانلارنى توغرا تەپەككۇر قىلىشتىن ۋە ئىشلارغا تەرەپسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان ئاپەتلەرنىڭ بېشىدا ئىشلارغا ئالدىن ھۆكۈم قىلىۋېلىش، مۇتەئەسسىپلىك قىلىش، قارشى تەرەپنى يېڭىش كويىدا بولۇش، كۆپلۈكنى ياكى چوڭلارنى مىسال قىلىپ تۇرۇۋېلىش قاتارلىقلار كېلىدۇ.

ئىشلارغا ئالدىن ھۆكۈم قىلىۋېلىش پىكىردىكى قاتماللىق بولۇپ، بەزى ئىنسانلار ئۆزى بىلگەن ۋە ئۆزى ئېتىقاد قىلغان نەرسىنىڭ خاتا بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمايلا، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇۋالىدۇ، بىرەر كىشى ياكى بىرەر مەسىلە توغرۇلۇق بۇرۇن بىلمەستە قانداق ھۆكۈم قىلىۋالغان بولسا، ئۆز پىكىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە مىڭلاپ دەلىللەر كەلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ، ھەقىقەتنى، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ.

مۇتەئەسسىپلىك توغرا ۋە ساغلام تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولۇپ، بەزى كىشىلەر قارشى تەرەپنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۆزىنىڭ پىكرىگە ياكى ئۆزى مەنسۇپ بولغان جامائەت ياكى توپقا مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ، ھەقىقەتنى، ھەق سۆزنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ.

ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئەمەس، پەقەتلا قارشى تەرەپنى يېڭىش ۋە ئۆزىنىڭ پىكرى خاتا بولسىمۇ ئۇنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇش ئادەمنى توغرا تەپەككۇر قىلىشتىن ۋە ھەققانىي ئىش قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان ئەڭ چوڭ ئاپەتتۇر.

مۇنازىرىلەشكەندە، قارشى تەرەپنى يېڭىشكە كۆزى يەتمىسە، كۆپلۈكنى مىسال قىلىپ تۇرۇۋېلىش بەزى ئىنسانلاردىن ھەر زامان سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىش چىڭ يەرگە كەلگەندە «سىز ھەممە كىشىدىن بەك بىلەمسىز؟ نۇرغۇن ئادەم بۇ ئىشنى شۇنداق دەيدۇغۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ ئۆزىنى ھەقلىق

قىلىپ كۆرستىشكە ۋە ئۆز پىكرىنىڭ ساغلا ئىكەنلىكىنى دەلىللەشكە تىرىشىدۇ. بۇمۇ توغرا ۋە ساغلام تەپەككۇر قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان قىلىقتۇر.

بەزى كىشىلەر مۇنازىرىدە يېڭىلسە ياكى ئۆزىنىڭ قارىشىنى ھەقلىق قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولسا، بۇرۇنقىلارنى دەلىل قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. مەسىلەن: «سىز ئىمام ئەزەمدىنمۇ بەك بىلەمسىز؟» دەپ تۇرۇۋالغانغا ئوخشاش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَفَوْقَ كُلِّ ذِي عِلْمٍ عَلِيمٌ﴾ «ھەربىر بىلىملىكنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىملىك بىرى بار»[1] دېگەن. دۇنياغا كېيىن كەلگەن بولسىمۇ، بۇرۇنقىلارنىڭ ئىلمىنى تولۇقلىغان، ئۇلارنىڭ بەزى قاراشلىرىنى تۈزەتكەن ۋە مەزھەپلىرىنى ئىسلاھ قىلغان ئالىملار ئاز ئەمەس. بۇرۇنقىلارنىڭ توغرا ۋە خاتاغا ئېھتىماللىقى بار ئىجتىھادلىرىنى قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئوخشاش مۇقەددەس قىلىۋېلىش ساغلام تەپەككۇر قىلىشنىڭ يولىنى توسىدىغان ئاپەتتۇر.

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 76- ئايەت.

# ئەپۇ قىلىش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

«العَفُـوّ» (ئەپـۇ قىلغۇچـى) ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، گۇناھنىڭ ئەسىرىنى يۇيۇۋەتكەنلىكنى ۋە يوق قىلىۋەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. ﴿وَكَانَ اللَّهُ عَفُـوًّا غَفُـورًا﴾ «ئاللاھ ئەزەلدىن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر»[1]. ﴿عَفُـوّ﴾ (ئەپۇ قىلغۇچى) بىلەن ﴿غَفُور﴾ (مەغپىرەت قىلغۇچى) ھەر ئىككىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بولۇپ، گەرچە ئىككىلىسى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ ئۇلارنى جازالىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىسىمۇ، ئىككىسىنىڭ مەنىسى بىر ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ﴿غَفُور﴾ دېگەن ئىسمى گۇناھلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۆگەيدىغانلىقىنى ۋە بەندىلىرىنى مەزكۇر گۇناھلىرى سەۋەبلىك جازالىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ﴿عَفُوّ﴾ دېگەن ئىسمى ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھلارنى ئۆچۈرۈپ يوق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالدىنقىسىدا گۇناھ مەۋجۇت، ئەمما جازا يوق، ئىككىنچىسىدە گۇناھمۇ يوق، جازامۇ يوق. شۇڭا، ﴿عَفُوّ﴾ دېگەن ئىسىم ﴿غَفُور﴾ دېگەن ئىسىمدىن كۈچلۈكتۇر.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئىنتايىن مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: « اَللَّهُـمَّ اِنَّـكَ عَفُـوٌّ تُحِبُّ الْعَفْـوَ فَاعْـفُ عَـنِّي» «ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدىغان ۋە ئەپۇ قىلىشنى ياقتۇرىدىغان زاتسەن، گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بىر- بىرىنى ئەپۇ قىلىشقا، بىر- بىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى يۆگەشكە ۋە ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇغان.

ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ يوق قىلىنىشىنى ۋە مەغپىرەتنى تىلىگەن ئادەم ئەلۋەتتە كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى ۋە يامانلىقىنى ئەپۇ قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. چۈنكى باشقىلارغا شەپقەت كۆرسەتمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھ تائالادىن شەپقەت تىلىگىلى بولسۇن؟!

ئىنسانلار ئارىسىدا بىر- بىرىنى ئەپۇ قىلىش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى



[1] نىسا سۈرىسى: 99- ئايەت.

سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش، ئىككىنچىسى ماختىلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش، ئۈچىنچىسى رەھىم- شەپقەت قىلغانلىقتىن ئەپۇ قىلىشتۇر.

## 1. سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش

سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش — ھەقسىزلىككە، زۇلۇمغا بوي ئىگىپ، زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىغا رازى بولۇش، قارشىلىق بىلدۈرمەسلىكتۇر. ئىسلام دىنى بۇ خىلدىكى تەسلىمىيەتچىلىكنى قاتتىق سۆكىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ھۆرمەت ۋە ئىززەت دىنى بولغانلىقتىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە بارلىق ئىنسان ئەۋلادىنىڭ خورلۇق كۆرۈشىنى، ئېزىلىشىنى، بوزەك قىلىنىشىنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. زۇلۇمغا ۋە ھەقسىزلىككە قارشى تۇرۇشنى، شۇنداقلا زالىم ھۆكۈمدارلار ئالدىدا ھەق سۆزنى دادىل قىلىشنى جىھادنىڭ ئەڭ كاتتىسى دەپ قارايدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئەڭ ئەۋزەل جىھاد زالىم ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى قىلىشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بىراۋ ئۆزىدىن كۈچلۈك بىرىنىڭ ھەقسىزلىكىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەنلىك سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ئەپۇ قىلغانلىق سانالمايدۇ. بەلكى ھەقسىزلىكنى قوبۇل قىلغانلىق ۋە تەسلىمىيەتچىلىك سانىلىپ سۆكۈلۈشكە يۈز تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ كۈچى يەتمىگەنلىكتىن ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، بۇ قىلغانلىقىنى ئەپۇ قىلغانلىق دەپ دەۋا قىلسا، ئۇ راستىنلا يالغانچىدۇر. چۈنكى ئۇ ئەپۇ قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئاجىزلىق قىلغانلىق، ئۆزىنىڭ ھۆر ئىنسانلىق خىسلىتىگە لايىق ئىش قىلمىغانلىق ۋە ناھەقچىلىككە كۆز يۇمۇش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ شۇنداق ھەقسىزلىككە ئۇچرىشىغا يول ئاچقانلىق، زالىملارنىڭ ھەقسىزلىكىنى، جەۋر- زۇلۇملىرىنى قوللىغانلىق ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارغا ھەقسىزلىك قىلمايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ھەقسىزلىكىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، ھەقسىزلىككە ۋە زۇلۇمغا قارشى چىقىدۇ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرىدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى يۆلەيدۇ ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ئەزىزلىكى، كارامىتى ۋە قەدىر- قىممىتى مانا بۇ يەردە!

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

## 2. ماختىلىدىغان تۇردىكى ئەپۇ قىلىش

ماختىلىدىغان تۇردىكى ئەپۇ قىلىش- ھەقسىزلىك قىلغۇچىغا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۇنى كەچۈرىۋېتىشتۇر. مانا بۇ، ھەقىقىي ئەپۇ ۋە ھەقىقىي كەچۈرۈش بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇنى «ئۆچ ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ كەچۈرىۋېتىش» دەپ تەرىپلىگەن.

مانا بۇ، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىجرا قىلغان ئەپۇ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشى قىيىن - قىستاقلارغا ئالغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇنى ئاز دەپ ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلغان، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر مەككە ئازات بولغان كۈنى بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقىنى كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مېھرى - شەپقىتى ھەممىگە ئومۇم بولغان بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى: «تارقىلىڭلار، ئازاتسىلەر!» دېگەنلىكى، مەككىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن بىرى بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ۋە بارچە ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىگەنىنىڭ سىرتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇرۇپ قورسىقىدىكى بوۋىقىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ھەببار ئىبنى ئەسۋەد دېگەن ئادەمنى كەچۈرىۋەتكەنلىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كەچۈرۈم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن تەسىرلەنگەنلىكتىن ئەرەبلەر توپ- توپ بولۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىغان ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دىيارىغا ئايلانغان.

## 1. رەھىم - شەپقەت قىلغانلىقتىن ئەپۇ قىلىش

رەھىم- شەپقەت قىلغانلىقتىن ياكى ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن ئەپۇ قىلىش - ئۆزىدىن ئاجىز ياكى قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىرىنىڭ خاتالىقىنى، تەنتەكلىكىنى ئەپۇ قىلىپ، جازالاشتىن ۋاز كېچىش دېگەنلىكتۇر. بۇ پەقەت قەلبى ئىمان بىلەن تولغان، رەھىم- شەپقەتلىك بولۇشنى ئادەت قىلغان، ھەر زامان ۋە ھەركىمگە يۇمشاق مۇئامىلىدە بولىدىغان، ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئېسىل ئەخلاقلىق مۇسۇلمانىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

318

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى، بارچە ئىسسىلىكلەر ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئۇستازى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاجىزلار سىيلاش، ئۆلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش، قول ئاستىدىكىلەرگە ئەڭ يۇمشاق ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلىشتا ئىنسانىيەتكە جانلىق ئۆرنەكتۇر. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئون يىل خىزمەت قىلدىم. بۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىممۇ يامان سۆز ئاڭلىمىدىم، قىلىڭ دېگەن ئىشنى قىلمىغان بولسام، «نېمىشقا ئۇنى قىلمىدىڭ» دەپ سورىمايتتى، قىلماڭ دېگەن ئىشنى قىلىپ سالغىنىمدا، «نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ»دەپ سورىمايتتى، ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مېھرىبان بىرەر كىشىنى كۆرمىدىم»[1].

ئائىلىنىڭ ھوزۇرى ۋە تىنچلىقى ئەر- ئاياللارنىڭ بىر- بىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى، ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدىمۇ ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەڭ ئۈلگىلىك بىر ئەر، ئەڭ شەپقەتلىك بىر ئاتا ۋە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بىر ئائىلە باشلىقى ئىدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ساھابىلارنىڭ: «ئاياللارغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىراۋنى كۆرمىدۇق»[2] دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىمۇ بۇ ياخشى ئەخلاققا چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. مەن ئۆز ئەھلىگە ئەڭ مېھرىبان كىشىڭلارمەن»[3] دېگەن.

باشقىلارنى كەچۈرەلەيدىغان ئىنسان راستتىنلا كۈچلۈك ۋە ئىرادىلىك ئىنساندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى بايان قىلىپ: «چېلىشىشتا يەڭگەن كۈچلۈك ئەمەس، بەلكى ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كۈچلۈكتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. كەچۈرۈش ۋە ئەپۇ قىلىش كۆڭلىمىزنى راھەتلەندۈرىدىغان، بىزنى بىئاراملىقتىن ۋە ئەلەمدىن ئازاد قىلىدىغان بىر خىسلەتتۇر. باشقىلارنى كەچۈرگەن ئادەم كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن ئاچچىقتىن خالاس بولىدۇ، غەزەپ، نەپرەتتىن ئازاد بولىدۇ، كەچۈرۈش ئارقىلىق تارلىقتىن كەڭرىلىككە، ئازابتىن راھەتكە چىققاندەك بولىدۇ. چۈنكى بىز باشقىلارنى ئەپۇ قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز ئۈچۈن قورقۇنچنىڭ ئورنىغا سۆيگۈنى، ئاداۋەتنىڭ ئورنىغا كەڭ قورساقلىقنى تاللىغان بولىمىز. بۇ بىزنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانىي ساقلىقىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
[3] ئىبنى ماجە رىۋايىتى

پايدىلىق چارىدۇر. ئەگەر بىز كەچۈرمىگەندە ئۆزىمىزنى نەپرەت ئىچىگە مەھبۇس قىلىۋالغان بولىمىز. چۈنكى ئەپۇ قىلماسلىقنى قارار قىلىش دېگەنلىك ئۆزىمىزنى ئازابلاشنى داۋاملاشتۇرۇشقا رازى بولۇش دېگەنلىكتۇر. كەچۈرۈش ئۆتمۈشنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى دىلىمىزدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىق، ئۆزىمىز تالliۋالغان غەزەپ، نەپرەتنىڭ كىشەنلىرىدىن ئۆزىمىزنى ئازاد قىلغانلىق ۋە كۆڭۈل خۇشاللىقىمىزنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# ئەقىل ۋە ئۇنى ئىشلىتىش

ئەقىل — ئىنساننىڭ ئويلاش، بىلىش، قارار قىلىش قۇدرىتى ۋە ئىقتىدارى دېگەنلىك بولۇپ، ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئىنسان ئەقلى بىلەن نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ پايدا- زىيىنىنى بىلىدۇ. شەيئىلەرنى ئۆز ھەقىقىتى بويىچە بىلىش ئەقىل بىلەن بولىدۇ.

ئەقىل سەۋەبىدىن ئىنسان باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە ھۆرمەتلىك ۋە قىممەتلىك بولۇپ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەقىل دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭ يۈكلىنىشى ئۈچۈن شەرتتۇر. چۈنكى ئەقلى بولمىغان (ساراڭ) كىشىلەرگە دىنىي مەجبۇرىيەتلەر بۇيرۇلمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ياخشى- يامان ئەمەللىرىگە ساۋاب ياكى جازا يېزىلمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەقلى پەرقلىق بولىدۇ، بەزى ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ۋە ھاۋايى - ھەۋىسىنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىشتىن باشقىسىغا يارىمايدۇ. پەقەت ئەقلى ساغلام كىشىلەرلا ئەقلىنى جايىدا ئىشلىتەلەيدۇ، ئۇنى ئۆزىگە ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلارغا قوللىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان بۇ ئەقىل دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كەلگەندىلا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان بولىدۇ. چۈنكى دىن ئاللاھ تائالادىن كەلگەن، ئەقىل ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بولۇپ، ئىككىلىسى بىر مەنبەدىن كەلگەن. شۇڭا، ساغلام ئەقىل بىلەن ھەق دىن چوقۇم بىر- بىرىگە مۇۋاپىقلىشىدۇ. گەرچە ئىنسان چەكلىك بىر ھايات ئۈچۈن يارىتىلغان بولسىمۇ، ئۇ مەڭگۈلۈك ھايات ئۈچۈن تەييارلانغان مەخلۇقتۇر. ئىنسان تەبىئىتى ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن قانغۇچە مەنپەئەتلىنىشكە قىزىقتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەقلى بولسا ئۇنى ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ. شۇڭا، بەزى ئۆلىمالار «ئاخىرەتلىكىنى ئۇنتۇپ، بۇ دۇنيالىق ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان ئادەم ساراڭدۇر. ئەگەر ئۇ ئىنسان ئەڭ يۇقىرىقى دەرىجىلىك دىپلومغا ئېرىشكەن بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى ئۇستىلىقىنى زاكاۋەت دېيىلىدۇ، ئەقىل دېيىلمەيدۇ. چۈنكى كائىناتتىكى ئەڭ چوڭ ھەقىقەتتىن، يارىتىلىشنىڭ غايىسىدىن ۋە ئاخىرەتتىن غەپلەتتە ھايات كەچۈرگەن ئىنسان ئەقىلسىز ئىنساندۇر» دېگەن.

ئىنساندىكى ھەربىر ئەزانىڭ مەلۇم ۋەزىپىسى بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ قىممەتلىك ئەزاسى بولغان ئەقىلنىڭمۇ ئەلۋەتتە ۋەزىپىسى بار. ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلاشتۇر. ھەقىقىي مېيىپ بىرەر ئەزاسى كاردىن چىققان ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئەقلى كاردىن چىققان، يەنى ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن ئىنساندۇر. ئەقىللىق ئادەملەر ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بەختلىك قىلالايدۇ، چۈنكى ئەقىللىق ئادەملەر ھەربىر ئىشنى ئويلاپ قىلىدۇ ۋە توغرا بولغاننى قىلىدۇ. ئەقىلسىز ئادەملەر ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بەختسىز قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئەقىل ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئادەم ئاددىي تۇرمۇش ۋە چەكلىك كىرىم بىلەنمۇ ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى بەختلىك ياشىتالايدۇ. ئەقىل ۋە ھېكمەتتىن مەھرۇم قالغانلار باياشاتلىق تۇرمۇش ۋە ھېسابىنى ئالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى كۆپ مال- دۇنيا بىلەنمۇ بەختلىك بولالمايدۇ.

ئىسلام دىنىمىز ئەقىلنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان دىن بولۇپ، ئەقلىنى ئىشلىتەلىگەن ئىنسان دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھۇزۇر- ھالاۋەتلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئەقىللىق ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىكلىرىنى بىلىدۇ ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئەقىل ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرۇلۇق كەلگەن ئايەتلەرنىڭ سانى مىڭدىن ئاشىدۇ. ﴿أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ «ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگەن ئايەت 13 ئورۇندا بايان قىلىنغان، بۇنىڭدىن باشقا، ئەقىل ئىشلىتىشكە چاقىرغان ئايەتلەر ئونلارچە ئورۇندا كەلگەن. ئەقىل ئىشلىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن نېمەت بولۇپ، ئۇنى ئىشلەتكەنلەر ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى توغرا شەكىلدە يولغا قويالايدۇ. ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلار ھايۋانلار قاتارىدىن سانالغان. ﴿إِنَّ شَرَّ الدَّوَابِّ عِنْدَ اللَّهِ الصُّمُّ الْبُكْمُ الَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان گاس - گاچىلاردۇر»[1]

## ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن ئەبۇ لەھەبنىڭ قىسسىسى

ئەبۇ لەھەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلەتتى، ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئەمما ئۇ دۇنيالىقىنى دەپ ئاخىرەتلىكىنى سېتىۋەتكەن ئەخمەق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە،

[1] ئەنفال سۈرىسى: 22- ئايەت.

ئەگەر قۇرەيش ئەرەبلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ يېڭى دىننى قوبۇل قىلىپ، ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلسا، ئەتراپتىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىش سەۋەبلىك سودا- كارۋانلىرى مەككىگە كەلمەيدىغان بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ جان بېقىشى تەسلىشىپ قالاتتى. شۇڭا ئەبۇ لەھەب قاتارلىق قۇرەيش كاتتىلىرى بۇ يېڭى دىنغا جېنى بىلەن قارشى تۇرغان. بۇ ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىك ئىدى. چۈنكى ئۇ تېخى يېتىپ كەلمىگەن كېلەچەكنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى نابۇت قىلىۋەتكەن ئىدى. ئەبۇ لەھەبنىڭ ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىكىنىڭ يەنە بىر مىسالى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ. مَا أَغْنَىٰ عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ. سَيَصْلَىٰ نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ. وَامْرَأَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبِ. فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِّن مَّسَدٍ﴾ «ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلىيەتتە قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال - مۈلۈكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بىلەن ئوتۇننى بويىنىغا باغلاپ يۈدۈگەن ھالدا (لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا) كىرىدۇ»[1] دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە - تەدبىر ۋە ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «مۇھەممەد مېنى مۇسۇلمان بولماي كاپىر پېتى ئۆلىدۇ ۋە دوزاخقا كىرىدۇ، دېدى. گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نەتىجىدە دوزاخقا كىرمەيدىغان بولدۇم» دەپ يالغاندىن بولسىمۇ، ئېلان قىلغان بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغانچى» دەپ تۆھمەت قىلىشقا ۋە ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا قادىر ئىدى. لېكىن ئۇ ئەقلىنى ئىشلەتمىدى، شۇنى پىلانلىيالمىدى. نەتىجىدە خۇددى «قۇرئان كەرىم» خەۋەر بەرگەندەك كاپىر پېتى ئۆلدى ۋە ئىسلامغىمۇ زىيان يەتكۈزەلمىدى.

## ئەقلىنى ئىشلەتكەن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسى

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد رزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاتتا ساھابىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئەسلىدە غەتەفان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنى يىقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن، قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ مەدىنىگە قاراپ ئاتلانغان. ئۇلار ئىچىدىن يەھۇدىيلار سىرتتىن قۇرەيش بىلەن غەتەفان قەبىلىلىرى بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشكەن. ئەمما مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولانغانلىقتىن، ئۇلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمەي، مەدىنىنى مۇھاسىرە قىلىپ ياتقان ئىدى.

[1] لەھەب سۈرىسى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد چېدىرىدا يېتىپ ئويغا چۆكىدۇ، ئۇ ئەقلىنى رەسمىي ئىشلىتىپ، ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلاپ مۇنۇلارنى دەيدۇ:

ئەي نۇئەيم! ئەپسۇس ساڭا، سېنى بۇ يەرگە نېمە ئېلىپ كەلدى؟ سەن نېمشقا نەجد دېگەن ئاشۇ يىراق جايدىن مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭساھابىلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كەلدىڭ؟ سەن تارتىۋېلىنغان بىرەر ھەقنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا كەلدىڭمۇ؟ ياق. سەن دەپسەندە قىلىنغان ئار- نومۇسنى قوغداش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ ياق. سەن پەقەتلا سەۋەبسىز ھالدا، باشقىلارغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلدىڭ.

ئەي نۇئەيم! سەن قانداقلارچە بۇ ياخشى ئادەمگە قىلىچ تەڭلىگىلى كەلدىڭ؟ ئۇنىڭ بىرەر يامانلىقىنى كۆردۈڭمۇ ياكى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇ كىشىلەرنى راستچىللىققا، ئادالەتكە، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاشقا، تۇغقانلارغا ياردەم قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان، پەزىلەتلىك زات تۇرسا، سەن نېمە سەۋەب بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقىسەن؟ سەندەك ئەقىللىق بىر ئىنسان قانداقمۇ بۇ ئەقىلسىزلىقنى قىلىدۇ؟ قانداقمۇ بىگۇناھ كىشىلەرگە قارشى قىلىچ كۆتۈرىدۇ؟

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئۆزى بىلەن ئېلىپ بارغان بۇ ئەقلىي مۇنازىرىسى ئۇنى ئىككى ئالەملىك سائادەت يولىغا ئېلىپ باردى. مەلۇمكى، نۇرغۇن كىشىلەر گەرچە ئۆزلىرى ھەق دىنغا قارشى تۇرىدىغان مۇشرىك ياكى كاپىر بولمىسىمۇ، ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىكى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپقا ۋە ھەققەتكە قارشى ئېقىمغا ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈنلا كاپىرلىق ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەقلىنى ئىشلىتىپ پايدا- زىياننى ئوبدان مۆلچەرلىگەن ۋە تەقلىدچىلىكتىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلغان بولسا، نەتىجە باشقىچە بولۇشى مۇمكىن.

نۇئەيم يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ چىققاندىن كېيىن، كەسكىن بىر قارارغا كېلىدۇ ۋە ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىدىن تۈن قاراڭغۇسىدا ئايرىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئالدىدا كۆرۈپ، «سەن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدقۇ؟ بۇ كېچىدە نېمىگە كەلدىڭ؟» دەيدۇ. نۇئەيم: «ھەئە، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد بولىمەن، شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغىلى كەلدىم» دەيدۇ ۋە شاھادەت ئېيتىدۇ. ئاندىن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن ئىمان ئېيتتىم، بۇنى قەۋمىم بىلمەيدۇ، مېنى خالىغان ئىشقا بۇيرۇغايلا» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ئارىمىزدا بىرلا ئادەم. قەۋمىڭنىڭ يېنىغا قايتقىن ۋە قولۇڭدىن كەلسە بىرەر ئىش قىلغىن، چۈنكى ئۇرۇش دېگەن ھىيلىدۇر» دەيدۇ. شۇ ئاندا نۇئەيم ئەقلىنى شۇنداق بىر ئىشقا سالىدۇكى، بارچە ئەقىل- پاراستىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا بەل باغلايدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ خالىسا

ئۆزلىرىنى خۇشال قىلىدىغان ئەھۋالنى كۆرىلا» دەپ كېتىپ قالىدۇ.

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئەقلىنى ئىشلىتىش، تەپەككۇر قىلىش، ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىش ۋە كەسكىن قارار قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم قىلىدىغان ۋە ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن بىر مۇئمىن بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىنىدى.

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد غەتەفان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەدىنىدىكى يەھۇدىي قەبىلىلىرى بىلەنمۇ، مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسى بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارلىق بىرى ئىدى. نۇئەيم ئالدى بىلەن قۇرەيش قوشۇنىنىڭ چېدىرىغا بېرىپ ئۇلارغا: «يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلار بىلەن بۇرۇن تۈزۈشكەن ئەھدىسىنى بۇزغانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ سېپىدا تۇرۇپ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرىدىن 70كىشىنى مۇھەممەدكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. شۇڭا ئۇلار بىرئازدىن كېيىن، سىلەردىن گۆرۈ تەلەپ قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇلارغا تەلەپ قىلغان كىشىلىرىنى بەرمەڭلار. چۈنكى ئۇلارنى بەرسەڭلار، مۇسۇلمانلار دەرھال ئۆلتۈرىدۇ» دەيدۇ. قۇرەيش بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا كېلىشىدۇ. ئاندىن نۇئەيم يەھۇدىيلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا: «قۇرەيش قوشۇنى ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىدىغاندەك تۇرىدۇ، چۈنكى مۇھاسىرە ئۇزىراپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قىيىنلاشتى. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشتىن ۋاز كەچسە ياكى يېڭىلسە، ئۇلار ئۆز ۋەتىنىگە قاراپ تىكىۋېتىدۇ، ئەمما سىلەر مەدىنىدە قالسىلەر، ئۇ چاغدا مۇھەممەد سىلەردىن قاتتىق ئىنتىقام ئالىدۇ. شۇڭا قۇرەيش قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇشتىن قاچماسلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كاتتىلىرىدىن 70 كىشىنى سىلەردە گۆرۈ قويۇشىنى تەلەپ قىلىڭلار» دەيدۇ. يەھۇدىيلار «ھەي نۇئەيم! راستتىنلا ئاقىلانە مەسلىھەت بەردىڭ بىزگە، بىز چوقۇم شۇنداق قىلايلى» دېيىشىپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىدۇ. نەتىجىدە، يەھۇدىيلار قۇرەيش قوشۇنلىرىنىڭ چېدىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ قۇرەيش كاتتىلىرىدىن 70 كىشىنى گۆرۈ قويۇشنى، ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمىسا، كېلىشىمنى بۇزۇپ، مۇسۇلمانلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان مۇشرىكلار قاتتىق غەزەپلىنىپ، «بىز بۇ ۋاپاسىز يەھۇدىيلارغا بىر تال ئارغامچىمۇ بەرمەيمىز» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسى بۇزۇلىدۇ. شۇ ئارىدا قاتتىق بوران چىقىپ، قۇرەيش قوشۇنلىرىنىڭ چېدىرلىرىنى ئۆرۈپ تاشلايدۇ، ئوتلىرى ئۆچىدۇ، قازان- قوشۇقلىرى چېچىلىدۇ، ئاتلىرى قېچىشقا باشلايدۇ. ئاندىن قۇرەيش قوشۇنلىرىنى مۇھاسىرىنى بىكار

قىلىپ مەككىگە قايتىدۇ.

### ئەقىلغا ئىشارەت

ئەقىللىق ئىنسانلارغا نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۈچۈن بۇ كۇپايە قىلمايدۇ. مەسىلەن: سىز قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەلۇم بىر شەھەرگە سەپەر قىلماقچى بولۇپ يولغا چىققاندا، يولنىڭ بېشىدا «قار سەۋەبلىك بۇ يولنىڭ ئاخىرى يېپىقتۇر» دەپ يېزىلغان تاختىنى كۆرۈپ بۇ يولدىن قايتىسىز، ئەمما سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بىرەر جانىۋار بولسا، ئۇ يولنى توسۇۋالغان قارنى كۆرمىگىچە توختىمايدۇ. ئەقىلسىز بەڭگى ئۆپكىسى كاردىن چىقمىغۇچە تاماكىنى تاشلىمايدۇ، ئەمما ئەقىللىق بەڭگى دوختۇرلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاپ تاماكىنى دەرھال تاشلايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىدۇ.

### ئەقىل ۋە نەقىل

قۇرئان كەرىمدە ياكى سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان مەسىلىلەردىن بىرەرسىنى ئەقلىمدىن ئۆتمىدى، دەپ ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ، شۇنىڭدەك، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان ئادەممۇ كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئىبلىس ئاللاھ تائالا خەۋەر بەرگەن ھەقىقەتلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلىقتىن كاپىر بولۇپ كەتكەن. بەزى كىشىلەر ھېچ ئويلىماستىنلا، بىرەر ئايەت توغرۇلۇق «بۇ مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمىدى» دەيدۇ، بەزىلەر «بۇ ئايەتتىكى ھۆكۈم ھازىرقى ئەسىرگە يارىمايدۇ» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقلى دىننى مۇھاكىمە قىلىشقا يېتەمدۇ؟ ياق، ھەرگىز يەتمەيدۇ. چۈنكى ئەقىل چەكلىكتۇر.

### ئەقىلنىڭ چەك-چېگراسى

دىنىي مەسىلىلەردە ئەقىل ئۆزى يالغۇز مەنبە بولالمايدۇ. چۈنكى دىنىنىڭ مەنبەسى ئەقىل ئەمەس، نەقىلدۇر. خۇددىكى كۆز كۆرۈش ئۈچۈن يورۇقلۇققا موھتاج بولغاندەك، ئەقىل دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىش ئۈچۈن نەقىلگە موھتاجدۇر. ئەڭ ئىشەنچلىك نەقىل قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىستۇر.

ئەقىل نەقىلنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ، چۈنكى نەقىل ئاساس، ئەقىل ياردەمچىدۇر. شۇڭا ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن نەقىلنىڭ راستلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا

جەزم قىلىش، ئاندىن نەقىلنى چۈشىنىشتۇر.

## ئەقىللىقلەر بىلەن ئەقىلسىزلەرنىڭ پەرقى

ئەقىللىق— ئەقلى بار، كاللىسى ئىشلەيدىغان، زېرەك، هوشيار ۋە ئۆتكۈر ئىنسان دېگەنلىكتۇر. «ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەر، نادان دوستىنى ئەيىبلەر» (ماقال).

ئەقىلسىز— ئەقلى يوق، نادان ۋە ئەخمەق دېگەنلىك بولۇپ، ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەر ئومۇمەن ئەقىلسىزلەر دېيىلىدۇ. «ئەقىلسىز دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى» (ماقال).

ئەقىللىقلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇلار ئۆز خاتالىقلىرىنى تەكرارلىمايدۇ، ئەينى خاتالىقنى قايتا سادىر قىلمايدۇ، ئۆز پىكرىنىڭ خاتالىقنى بايقىغان هامان ئۇنى ئۆزگەرتىشتىن هېچ ئىككىلەنمەيدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۆز خاتالىقلىرىدىن دەرس ئالمايدۇ، خاتا پىكىرلىرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشنى خالىمايدۇ.

327

بەزى ئالىملار ئەقىللىقلەر بىلەن ئەقىلسىزلەر ھەققىدىكى پەرقلەرنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان:

ئەقىللىقلەر بېشىغا كېلىشى مۇمكىن بولغان ئىشلار ھەققىدە ئالدىن هازىرلىق كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، هېچقانداق ئىشتا گاڭگىراپ قالمايدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر بىپەرۋالىق بىلەن ياشىغانلىقتىن، بېشىغا كەلگەن ئاددىي بىر مۇشكىلنى يېڭىشتىمۇ گاڭگىراپ قالىدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، باشقىلاردىن بىر قەدەم ئالدىدا تۇرۇڭ.

ئەقىللىقلەر ئۆتمۈشىدىن ئىبرەت ئالىدۇ، بىر خاتالىقنى قايتا تەكرارلىمايدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر خاتالىقلىرىدىن ئىبرەت ياكى دەرس ئالمايدۇ، ئەينى خاتالىقنى نەچچە قېتىم تەكرارلايدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، بىر خاتالىقنى قايتا قىلماسلىق ئۈچۈن تىرىشىڭ.

ئەقىللىقلەر هەرقانداق بىر مۇشكىلنى يېڭىش ئۈچۈن كۆپلىگەن چارە-تەدبىرلەرنى تەييارلايدۇ، بۇ يولدا كۆپ خاتالاشسىمۇ، كۆپ تەجرىبىلەرنى هاسىل قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا مۇشكىلنى ئەڭ ياخشى تەرىقىدە هەل قىلىدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر بىر يولدىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا چارىسىز قالىدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، هەممە مۇشكىلنى بىر خىل تەرىقىدە هەل قىلالايمەن دەپ ئويلىماڭ.

ئەقىللىقلەر پەرقلىق ئويلايدۇ، ئۇلار مۇشكىلىنى ھەل قىلىشتا تەقلىدچىلىك ئادىتىدىن چىقىپ مۇناسىپ ئۇسۇل بىلەن ئىش كۆرىدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر تەقلىدچىلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ ۋە مۇشكىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، تەقلىدچىلىكتىن قۇتۇلۇڭ.

ئەقىللىقلەر ئۆزلىرىنىڭ كونا پىكىر، قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەردۇر. مەسىلەن: ئەنەس ئىبنى مالىك قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ ۋە ئىمام شافىئىيدەك ئىماملارنىڭ بۇرۇن بەرگەن پەتىۋالىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھامان مەزكۇر پەتىۋالىرىدىن يانغانلىقى بۇنىڭ مىسالى. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۆزلىرىنىڭ كونا پىكىر، قاراشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىۋالىدۇ، ئۆز پىكرىدىن قايتىشنى ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرگەنلىك دەپ قارايدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، قاتمال بولۇۋالماڭ.

ئەقىللىق كىشىلەر تەلەيگە ئىشەنمەيدۇ، بەلكى تەلەينى ئۆزلىرى يارىتىدۇ، مۇناسىپ شارائىت تېپىلغان ھامان ئاتلىنىدۇ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتمايدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۆزلىرىنىڭ تەلىيىنى كۈتۈشكە ئامراق كېلىدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، تەلىيىڭىزنى ئۆزىڭىز يارىتىڭ.

ئەقىللىقلەرگىمۇ خۇددى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا نادىر پۇرسەتلەر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقى شۇكى، ئۇلار شۇنداق نادىر پۇرسەتلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە ئېدىيە جەھەتتىن ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىپ قويىدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بولغانلىقتىن، بۇنداق نادىر پۇرسەتلەر ئۈچۈن تەييارلىق قىلمايدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، تەييارلىقتا بولۇڭ، كەلگەن پۇرسەتنى قاچۇرماڭ.

ئەقىللىقلەر ئىنسانلارنىڭ پىكىر، قاراشلىرىنى، ھەتتا ئېتىقادىنى ئۆزلىرى ياشىغان جەمئىيەت ئاساسىغا قۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار جەمئىيەت ۋە ئادەتلەر قويغان چەكلىمىلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر تەقلىدچىلىكنىڭ كىشەنلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان بولۇڭ.

ئەقىللىقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، باشقىلارغا ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنمەيدۇ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە دۈشمەن قىلىۋالمايدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۆزلىرىنى ئەقىللىق سانايدۇ، ئەقىللىقلەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمايدۇ، نەتىجىدە زىيان تارتىدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭىزنى چاندۇرماڭ.

ئەقىللىقلەر ھېسسىياتقا تايىنىپ قارار چىقارمايدۇ، ئۇلار غەزەپلەنگەن ياكى ئىنتىقام تۇيغۇسىدا بولغان ۋە ياكى بېسىم ھېس قىلغان چاغدا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ياكى قارار ئېلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇنداق ۋاقىتلاردا قارار چىقىرىشنى ۋە ھۆكۈم قىلىشنى كېچىكتۈرىدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر بىر لەھزىلىك ئاچچىق ۋە نەپرەت سەۋەبلىك ئۆمۈر بويى پۇشايمانغا قالىدىغان ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، ئىشلارغا ۋە كىشىلەرگە ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىشتىن ساقلىنىڭ.

ئەقىللىقلەر ئوقۇش، ئۆگىنىشتىن توختاپ قالمايدۇ، ئۇلار كۆپ بىلىش كۆپ پۇرسەتلەرگە ۋە كۆپ ئەۋزەللىكلەرگە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى بىرەر يېڭى نەرسە ئۆگىنىشنى قولدىن بەرمەيدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۆزلىرىنى ھەممىنى بىلىدىغان كىشىلەر دەپ ئويلايدۇ ۋە ئۆگەنمەيدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، ئۆگىنىشنى كۈندىلىك ئادىتىڭىزگە ئايلاندۇرۇڭ.

ئەقىللىقلەرمۇ خۇددى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا راھەتنى ياخشى كۆرىدۇ، كۆڭۈل ئېچىشنى سۆيىدۇ. لېكىن ئۇلار قاچان ۋە قانداق چاغدا راھەتلىنىشنى بىلىدۇ، ئۆزىنىڭ شەخسىي راھىتىنى قىلىدىغان مۇھىم ئىشلىرىغا توسقۇن قىلىۋالمايدۇ، نۆۋەتتىكى ئىشلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلماي تۇرۇپ ئارام ئالمايدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر قايسى ئىشنى قاچان قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە قايسى ئىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، ھاياتتىكى مۇھىم ئىشلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ راھىتىڭىز ئۈچۈن قۇربان قىلماڭ.

# سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «سەجدە قىلغىن ۋە يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن» دەپ بۇيرۇغان. ئەللامە قۇرتۇبى بۇ ئايەتنى «ئاللاھقا سەجدە قىلغان ۋاقتىڭدا ئۇنىڭغا دۇئا بىلەن يېقىنلاشقىن» دەپ تەپسىر قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلغان ۋاقتىدۇر، سىلەر سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. ئىسلام ئۆلىمالىرى سەجدىدە دۇئا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىغا بىرلىككە كەلگەن. ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق قوش پايدىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى دۇئا قىلغۇچى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ تىلىگەن ھاجىتى راۋا بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن» دېگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: «ئەگەر بەندىلىرىم مەن توغرۇلۇق سورىسا، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، مەن ئۇلارغا يېقىنمەن، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن» دېگەن. شەكسىزكى، دۇئا ئىبادەتتۇر. ئىبادەت بولغاندىمۇ ئەڭ سەمىمىي ۋە ئەڭ ئوبرازلىق ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئىنسان ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى تىلەپ ئۇنىڭغا يالۋۇرغان ۋاقتىدا، ئىبادەتنىڭ غايىسىنى تولۇق ۋايىغا يەتكۈزگەن بولىدۇ. ئىبادەت ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ مەنە دۇئادا ئەڭ تولۇق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىنسان باشقا ئىبادەتلەرنى كۆڭلى باشقا يەردە تۇرۇپمۇ ئادا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما دۇئانى ئۇنداق قىلمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالاغا بولغان ھاجىتىنى تىلى ۋە دىلى بىلەن ئىزھار قىلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ، كۆز يېشى تۆكىدۇ، ھاجەتلىرىنى تەكرار- تەكرار سورايدۇ. دۇئا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قالقىنىدۇر. شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، دۇئا قىلىش سەۋەب قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. قولدىن كېلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر.

دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئورۇنلار بولغىنىدەك، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلار

باردۇر. دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارمۇ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. بەزىسى بەزىسىدىن مۇھىم بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە شەپقەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارغا دۇئا قىلىشقا مۇناسىپ ۋاقىتلارنى ۋە ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋاقىتلارنى بەلگىلەپ بەرگەن. مۇسۇلمان ئادەم بۇ ۋاقىتلارنى غەنىيمەت بىلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى سەجدە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتىدۇر. سەجدە نامازنىڭ جەۋھىرى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنتۇمىغىنكى، سېنىڭ ئاللاھقا قىلغان ھەربىر سەجدەڭ بىلەن سېنىڭ مەرتىۋەڭ بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئېنىقكى، ئىنسانىنىڭ ياراتقۇچىسىغا سەجدە قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇلچىلىقىنى ئىزھار قىلىۋاتقان ۋاقتى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ شەرەپلىك لەھزىلىرىدۇر. چۈنكى ئۇ بۇ لەھزىلەردە ئالەملەرنىڭ رەببى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنتايىن كاتتا بىر ئىبادەت ئىچىدە ۋە ياراتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ قەلبى ئېچىلىپ كېتىدۇ، مەنىۋىيىتى يۈكسىلىدۇ، كۆڭلى ھاياجانغا تولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ئۇل ھازىرلايدۇ. سەجدىدە ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر ۋە دۇئالار تولىمۇ كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنچىلىك كۆپ زىكىر ئېيتاتتى ۋە كۆپ دۇئا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۆپ قىلغان دۇئاسى: «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ قەلبىمنى دىنىڭدا مەھكەم قىلغىن» دېگەن دۇئا ئىدى. بۇ دۇئانى سەجدىدە قىلسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ توغرىدا مەنئى قىلغان بىرەر ھەدىس كەلمىگەن.

شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ھەركىمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس، ياكى ئارتۇقچە بىر ئىبادەت ئەمەس. بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن» دېگەن ئايەت كەسكىن ئەمردۇر. دۇئانى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا قىلىش لازىم. بولۇپمۇ سەجدىدە كۆپرەك قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇفتىسى ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەمنىڭ نامازدا دۇئا قىلىشى زۆرۈردۇر. ناماز مەيلى پەرز ناماز بولسۇن ياكى نەپلى ۋە ياكى سۈننەت ناماز بولسۇن، ھەر قانداق بىر نامازدا دۇئا قىلىش كېرەك. نامازدىكى دۇئا قىلىدىغان ۋاقىت سەجدە قىلغان ۋاقىتتۇر. يەنە ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى ۋاقىت بىلەن نامازنىڭ ئاخىرىدىكى تەشەھھۇدتىن كېيىنكى ۋاقىتمۇ دۇئا قىلىش كېرەك بولغان ۋاقىتلاردۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «رۇكۇدا ئاللاھنى

ئۇلۇغلاڭلار، ئەمما سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىشقا تىرىشىڭلار» دەپ كۆرسەتكەن».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدە: «ئى ئاللاھ! جىمى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن» دېگەن دۇئانى ۋە «ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭنى تىلەپ غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سەندىن ئامانلىق تىلەپ ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سەندىن ساڭا سىغىنىمەن. سېنى سەن ئۆزۈڭنى مەدھىيەلىگەندەك تولۇق مەدھىيەلەشتىن ئاجىزمەن» دېگەن دۇئانى كۆپ قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدە: « ئى ئاللاھ! قەلبىمگە نۇر ئاتا قىلغىن، قۇلىقىمغا نۇر ئاتا قىلغىن، كۆزۈمگە نۇر ئاتا قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمگە نۇر ئاتا قىلغىن، سول تەرىپىمگە نۇر ئاتا قىلغىن ۋە ھەر تەرىپىمگە نۇر ئاتا قىلغىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدە: «ئى رەببىم! نەپسىمگە تەقۋالىق بەرگىن، ئۇنى پاكلىغىن، سەن نەپسنى پاكلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن، سەن ئۇ نەپسنىڭ ئىگىسى ۋە باشقۇرغۇچىسىسەن» دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ھەدىسلەر سەجدىدە دۇئا قىلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشكە يېتەرلىكتۇر.



## دۇنيالىق تىلەپ دۇئا قىلىش خاتا ئەمەس

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مەرھۇم ئىبنى ئۇسەيمىن مۇنداق دېگەن: «بەزى ئۆلىمالار سەجدىدە دۇنيالىق تىلەپ دۇئا قىلسا، نامازغا دەخلى يېتىدۇ، دېگەن سۆزنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ دىنىمىزدىن ئاساسى يوقتۇر. توغرىسى شۇكى، مۇسۇلمان ئادەم سەجدىدە مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك پۈتۈن تىلەكلىرىنى تىلىسە بولىدۇ. چۈنكى دۇئا ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنى سەجدىدىكى ياكى باشقا ۋاقىتتىكى دۇئالاردا دۇنيالىقنى تىلەپ دۇئا قىلىشتىن توسمىغان. ئۇنىڭ «بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر» دېگەن سۆزى ئومۇمىي بولۇپ، ھەر قانداق دۇئانى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ».

# ياخشىلىق ۋە يامانلىق يەنىلا سىزنىڭ تاللىشىڭىزدۇر

ھايات باشتىن ئاخىر سىناقلار بىلەن تولغان تاللاشلار ئالەمىدۇر. چۈنكى ھەربىرىمىز كۈندىلىك ھاياتىمىزدا نۇرغۇنلىغان تاللاشلارغا ۋە تالايلىغان سىناقلارغا دۇچ كېلىمىز. بۇ تاللاشلاردىن ھەربىرى بىزنىڭ يا پەرىشتىلەرنىڭ يولىنى تاللاشقا ياكى شەيتاننىڭ يولىنى تاللاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بىزنىڭ چوقۇم مۇشۇ ئىككى يىرقىننىڭ بىرىنى تاللايدىغانلىقىمىزدا قىلچە شەك يوق. بىز مەيلى پەرىشتىلەرگە ئەگىشىپ ياخشىلىقنى تاللايلى ياكى شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ يامانلىقنى تاللايلى، بىزنىڭ ھەربىر تاللىشىمىز ئۆزىمىزگە، ئائىلىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە ۋە جەمئىيىتىمىزگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ تەسىر بەزىدە ئىجابىي تەسىر بولسا، بەزىدە سەلبىي تەسىر بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ تاللىشىمىزغا باغلىق ئىشتۇر. بۇ تاللاش بەزىدە ئىنتايىن قىيىن بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ بەزىدە ئۆزىمىزگە پايدىلىق ۋە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىلدە بىرەر ئىشنى قارار قىلىشتا ئىنتايىن قاتتىق چارچاپ كېتىدىغانلىقىمىز ئېنىقتۇر. ئەمما قارار قىلىشقا مەجبۇرمىز.

پەرىشتىلەرنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ ياخشىلىقنى تاللاش ھەر زامان قىيىن بولغاندەك، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ يامانلىقنى تاللاش ھەر زامان ئوڭاي بولىدۇ. چۈنكى ئۆز نەپسىمىزنىڭ ئىستەكلىرىنى يېڭىپ، ئادالەتنى ۋە ھەقىقەتنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ تاللاش ھەرگىزمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئەگەر بىز ئەبەدىي سائادەت ۋە مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىكنى خالىساق، چوقۇم شەيتاننى ۋە نەپسىمىزنى يېڭىپ، پەرىشتە تەرەپتە تۇرۇشقا ۋە ئالدى بىلەن ياخشىلىقنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

پەرەز قىلايلىكى، مەسىلەن: سىز ئالدىراپ كېتىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا بىرى ئالدىڭىزنى توسۇپ، سىزدىن يول سورىدى ياكى قىستىلاڭغۇلۇق يولدا بىر ماشىنا ئالدىڭىزنى توسىۋالدى ياكى ئىش ئورنىڭىزدا باشلىقىڭىز سىزنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قاتتىق نەنقىدلىدى ياكى قوشنىڭىز يولسىزلىق قىلىپ ئىشىك ئالدىڭىزغا ماشىنىسىنى توختىتىۋالدى ياكى بالكونىغا كىر يېيىپ ئۈستىڭىزگە كىرنىڭ سۈيىنى ئېقىتتى ياكى سىزدىن قەرز سورىغان ئادەم قەرزنىڭ ۋاقتى قەرەلى توشقاندىن كېيىنمۇ سىزگە قەرزىڭىزنى قايتۇرماي قۇرۇق گەپ ساتتى ياكى شۇنىڭدەك سىزنى

قاتتىق غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشلارغا ئۇچرىدىڭىز. بۇ ۋاقىتتا سىز ئىنتايىن قىيىن بولغان تاللاشلارغا دۇچ كېلىسىز. چۈنكى سىز بۇ چاغدا يا ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىڭىزگە پۇشايمان كەلتۈرىدىغان بىرەر قارارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىسىز ياكى ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىپ، بۇ مەسىلىگە سوغۇق قانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىسىز. مۇشۇنداق جىددىي پەيتلەردىكى تاللاش سىزنى يا خاتىرجەملىككە ياكى پۇشايمانغا ئېلىپ بارىدۇ. تاللاش سىزدە، قارار قىلىش سىزدە، ئاچچىقنى يېڭىش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە ئەقىل، مەنتىق بىلەن ئىش كۆرۈش سىزگە ھەر زامان ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ. شەكسىزكى، بۇ كۈچلۈك ۋە ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چېلىشىشتا رەقىبىنى يەڭگەن كۈچلۈك ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھەقىقىي كۈچلۈكتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.



[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تەسىرى

«زۇلۇم» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىدا قويماسلىق، ئىشلارنى لايىق بولغان شەكىلدە قىلماسلىق دېگەنلىك بولۇپ، قىسقىسى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى جايىدا قىلماسلىق ۋە ئۇنى باشقىچە قىلىش زۇلۇمدۇر. ئىسلام ئاتالغۇسىدا: ھەقسىزلىق قىلىش، ناھەق ئىش قىلىش، ئۇۋال قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما «زۇلۇم» سۆزىدىن مەسئۇللارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىگە ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىشىنىلا چۈشىنىۋېلىش چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ۋە ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ۋە گەپ - سۆزلىرىدە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

زۇلۇم قىلىش قەتئىي ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا زۇلۇمنىڭ ھەممە تۈرىنى چەكلىگەن بولۇپ، زۇلۇم قىلغۇچىلار چوقۇم جازاسىنى تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىپ: «سىلەردىن كىمكى زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز چوڭ ئازابىمىزنى تېتىتىمىز»[1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى زۇلۇم قىيامەت كۈنىدە زۇلمەتلەرگە ئايلىنىدۇ»[2] دېگەن. ئۆلىمالار بۇ يەردىكى «زۇلمەتلەر»نى زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ يولىنى توسىدىغان قاراڭغۇلۇقلار ياكى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغان زور قىيىنچىلىقلار دەپ شەرھلىگەن.

ئۆلىمالار زۇلۇمنى مۇنداق ئۈچكە بۆلۈپ چۈشەندۈرگەن:

بىرىنچىسى، ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى زۇلۇمدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە قەتئىي زۇلۇم قىلمايدۇ، ئەمما ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىق ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەققىگە قارىتا ھەقسىزلىق قىلىدۇ. بۇ خىل زۇلۇمنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. « ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن. چۈنكى شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر»[3] دېگەن ئايەت بۇ خىل زۇلۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

[1] فۇرقان سۈرىسى، 19 - ئايەت

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] لۇقمان سۈرىسى: 13 ئايەت.

ئىككىنچىسى، ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىشى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە ئىپادىسىنى تاپىدۇ: «ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، يەر يۈزىدە ناھەق زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدىغانلاردۇر. ئەنە شۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار.[1]

ئۈچىنچىسى، ئىنساننىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشى بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە ئىپادىسىنى تاپقان: «ئاندىن بىز ئۇ كىتابنى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. مانا بۇ كاتتا ئىنئامدۇر».

## زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى

ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋۋال قىلىشى. بۇ دىنىنىڭ ۋە ئەقلىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چەتنەپ كېتىش ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. شەكسىزكى، ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشى ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىشى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىقىدۇر. «كىمكى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدىن چىقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ»[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيەلەش ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلماي ئۇلارغا ئۇۋۋال قىلىشى. «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر مەسئۇل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار»[3] دېگەن ئايەت بۇنى كۆرسىتىدۇ. شەكسىزكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قېلىشىنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئۇلارنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە تەربىيەلەپ چىقىپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشتۇر. بالىلارغا كىچىكىدىن ئىمان، ئىسلام ۋە ئەخلاق ئۆگىتىش، ياخشى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، ھەر خىل پەنلەردە ئوقۇتۇش، بالىلار ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ھەممىسىنى جايىدا قىلىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇرچىدۇر. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىنى جايىدا ئادا قىلماسلىقى ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

[1] شۇرا سۈرىسى: 42 ئايەت.
[2] تالاق سۈرىسى،1 ـ ئايەت.
[3] تەھرىم سۈرىسى، 6 ـ ئايەت.

باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىشى ۋە ئۇلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلماسلىقى. باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلماسلىقى، ئۇلارنى گەپ- سۆزدە ياكى مۇئامىلىدە رەنجىتىپ قويۇشى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلىشى ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: « رەببىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا » ‹ئۇف!› دېمىگىن (يەنى شۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە (مېھرى بىلەن) تەربىيەلىگەندەك، (سەنمۇ) ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن» دېگىن»[1]. ئاتا ـ ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش پەرزدۇر. شۇڭا بۇ پەرزنى ئادا قىلماسلىق ياكى ئادا قىلىشتا كەمچىلىك سادىر قىلىش ئاتا-ئانىغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ پەرزنى تەكىتلەپ يەنە مۇنداق دېگەن: «(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.»[2]

قوشنىلارغا ئازار بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىق. شەكسىزكى، قوشنىلارنى بىئارام قىلىش، ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىش ۋە قوشنىدارلىق ھەققىنى ئادا قىلماسلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «يا رەسۇلۇللاھ! بىر ئايال بار، ئۇ ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ ۋە سەدىقىنى كۆپ قىلىدۇ. لېكىن قوشنىسىغا تىلى بىلەن ئەزىيەت بېرىدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ دوزاختا كىرىدۇ»[3] دېگەن. بۇ ھەدىستە مەزكۇر ئايالنىڭ قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىكى ئۇنىڭ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

بايلارنىڭ يوقسۇللارغا زۇلۇم قىلىشى. قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ ئۆز ئۇرۇق- تۇغقانلىرى، قوشنىلىرى ئىچىدىكى يوقسۇللارغا تېگىشلىك ھەققىنى بەرمەسلىكى، زاكات پەرزىنى ئادا قىلماسلىقى، سەدىقە، خەير- ساخاۋەت دېگەندەك خالىسانە ياردەملەرنى تەرك ئېتىشى ئۇلارنىڭ يوقسۇللارغا زۇلۇم قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى زاكات، سەدىقە، خەير- ساخاۋەت قاتارلىقلار يوقسۇللارنىڭ بايلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ پۇل ـ مېلىدا تىلەيدىغان ۋە (ئىپپەتلىك بولغانلىقتىن) تىلىمەيدىغان ھاجەتمەنگە

---

[1] ئىسرا سۈرىسى،23- ئايەت.

[2] لوقمان سۈرىسى 14 - ئايەت

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(بېرىشكە تېگىشلىك) مۇئەييەن ھەق بار».[1]

ئۇرۇق-تۇغقانلارغا زۇلۇم قىلىش. شەكسىزكى، تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرماسلىق، ئۇرۇق — تۇغقانلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلماسلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. چۈنكى تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇرۇق — تۇغقانلار ئىچىدىكى ماددىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغانلارغا ياردەم قىلىش پەرزدۇر. «تۇغقانغا، مىسكىنگە، مۇساپىرغا (بېرىشكە تېگىشلىك) ھەققىنى بەرگىن»[2] دېگەن ئايەت بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ. تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈپ قويۇش ئېغىر گۇناھتۇر ۋە جەننەتكە كىرىشكە توسالغۇدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈپ قويغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»[3] دېگەن. تۇغقاندارچىلىق يۇقىرىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مال دۇنياسىنى، يۈز-ئابرۇيىنى ۋە ماددىي ھەم مەنىۋى كۈچىنى ئايىماسلىقتۇر، ئۇنىڭ ئەقەللىيسى ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن قاراشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن قاراش ھەم ئىبادەت ھەم سەدىقىدۇر.

مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا زۇلۇم قىلىشى. مۇئەللىملەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى تەربىيەلىمەسلىكى، قېتىرقىنىپ ياخشى ئوقۇتماي، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرۈپ تاپشۇرۇشىغا كۆز يومۇشى ياكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولماستىن، بەزى ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بەزىسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ۋە ياكى ھەقسىزلىق قىلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپتا قالدۇرۇپ قويۇشى قاتارلىق قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارغا زۇلۇم قىلغانلىقىدۇر.

مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىش. يەنى مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ پىكىر-ئېقىمى ياكى مەزھىپى ياكى مىللىتى سەۋەبلىك چەتكە قېقىش، ئۇلارغا مۇئامىلىدە ئادالەتسىزلىك قىلىش ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ھەق — ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش، تۆھمەت چاپلاش، غەيۋەت قىلىش، مەسخىرە قىلىش، ھەققىنى يەۋېلىش، ئالداش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، خىيانەت قىلىش، ھەسەت قىلىش، لەقەم قويۇش، ئەيىبىنى ئىزدەش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا يامانلىق قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلار بىر گەۋدىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:



[1] مەئارىج سۈرىسى، 24 - 25 - ئايەتلەر.

[2] ئىسرا سۈرىسى 26 - ئايەت

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

«بىر - بىرىڭلارغا كۆرەلمەسلىك قىلىشماڭلار، بىر- بىرىڭلارنى ئالدىماڭلار، بىر- بىرىڭلارنى يامان كۆرمەڭلار، بىر- بىرىڭلارغا دۈشمەن بولماڭلار، بىر- بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى بۇزماڭلار. ئۆزئارا قېرىنداشلار بولۇپ، ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى خورلىمايدۇ. تەقۋالىق قەلبتىدۇر»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «تەقۋالىق قەلبتىدۇر» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ تەكىتلىگەن.

مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش. مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگىمۇ ياخشى، ئادالەتلىك ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغان. بارلىق مۇئامىلە تۈرلىرىدە ئۇلارغا ئايرىمچىلىق قىلماستىن، ھەقسىزلىق قىلماستىن، توغرا ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن قولدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ئىنسانىي ياردەم قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە بىزگە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «باشقا دىنىدىكىلەردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ.»[2]

ھايۋانلارغا زۇلۇم قىلىش. ھايۋانلارغا كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكلەرنى ئارتىش، ئۇلارنى ياخشى باقماي ئاچ ياكى سۇسىز قويۇش، ئۇرۇپ قىيناش، ئوق ئېتىش مەشىقلىرىدە نىشان قىلىش، ئۇلارنى بىر — بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇش. مەسىلەن: ئىت تالاشتۇرۇش، خوراز چوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ھايۋانلارغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. ھەتتا ھايۋانلارنى بوغۇزلاشتىمۇ قاتتىق قوللۇق قىلىش چەكلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئاللاھ ھەممە نەرسىگە رەھىم - شەپقەت قىلىشنى پەرز قىلدى. مال بوغۇزلىغاندا ياخشى بوغۇزلاڭلار، پىچاقنى ئىتتىك قىلىڭلار ۋە مالنىڭ جېنىنى قىينىماستىن چىقىرىڭلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇسسۇزلۇقتىن قاتتىق قىينىلىپ كېتىپ، قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى ھۆل تۇپراقنى يېيىشكە باشلىغان بىر ئىتنى كۆرگەن بىر بۇزۇق ئايالنىڭ ئىتقا ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن، ئۆتۈكىنى سېلىپ، ئۇنىڭغا قۇدۇقتىن سۇ تولدۇرۇپ چىقىپ ھېلىقى ئىتنى سۇغۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن گۇناھلىرى كەچۈرۈلۈپ قىلىنىپ جەننەت ئەھلى بولۇپ كەتكەنلىكى، بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر ئايالنىڭ بىر مۈشۈكنى سۇ ياكى نان بەرمەستىن باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن دوزاخ

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] مۇمتەھىنە سۈرىسى، 8 - ئايەت.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەھلى بولۇپ كەتكەنلىك قىسسىسىنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق ھايۋانلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىشنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىبادەت ۋە دىنىي ھەم ئىنسانىي مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.[1]

يالغان سۆزلەش ۋە سۆزىدە تۇرماسلىق. شەكسىزكى، يالغان سۆزلەش ئەڭ چوڭ ھەقسىزلىق ۋە قەبىھ زۇلۇمدۇر. چۈنكى يالغان ئېيتقان ئادەم ئاللاھ تائالا چەكلىگەن يالغان سۆزنى سۆزلەش بىلەن ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تېگىشلىك قىلغان بولىدۇ ھەم باشقىلارنى بۇ يالغان سۆزگە ئىشەندۇرۇش بىلەن ئۇلارغا زىيان — زەخمەت يەتكۈزگەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى قەتئىي ھارامدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ زىنا قىلىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يالغان ئېيتىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ياق، مۇمكىن ئەمەس»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

شۇنىڭدەك، سۆزىدە تۇرماسلىق ۋەدىلىشىپ قويغان ئادەمگە قارىتا قىلىنغان ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر. چۈنكى ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەم ۋەدىلىشىپ قويغان ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويغان بولىدۇ. سۆزىدە تۇرماسلىق، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش دۇنيادا ھەممە ئادەم ئۆچ كۆرىدىغان يالغانچىلىق بولۇپ، بۇ ئىللەت كىمدە بولسا شۇ ئادەم ياخشىلىق كۈتۈشكە يارىمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، يارامسىز ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، لەۋزى قىلغان ئىشقا ئىگە بولماسلىق ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇناپىقلىق خاراكتېرىگە ئىگە يالغانچىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى بايان قىلىپ: «مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن. مانا بۇ ئۈچ ئىش ئىشەنچنى يوقىتىشنىڭ ئامىلىدۇر.

پارا بېرىش ياكى پارا ئېلىش. بىراۋغا پارا بېرىش ياكى باشقىلاردىن پارا ئېلىش ھەر ئىككىلىسى زۇلۇمدۇر. چۈنكى پارا ئالغان ياكى پارا بەرگەن ئادەم بۇ ئىشنى پەقەت باشقىلارنىڭ ھەققىنى دەپسەندە قىلىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بۇ ماۋزۇدىكى ھەدىسكە قاراڭ.

[2] ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئۆچۈنلا قىلىدۇ. پارىخورلۇق ــ بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، ياكى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى تارتىۋېلىش، ياكى ئۇنىڭغا كەلگەن ئامەتنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش، ياكى گۇناھسىز بىرىنى قارىلاش، ياكى بىرەر جىنايەتكارنى ئاقلاش، ياكى ئۇنىڭ جىنايىتىنى يېنىكلىتىش، ياكى قانداقلا بىر داۋا ئىشىدا قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قارىتىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۆچۈن ئىش ئۆستىدىكىلەرگە مەلۇم مىقداردا پۇل، ياكى پۇلغا توختايدىغان بىر نەرسە بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، پارىنى بەرگەن ۋە ئالغان ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار، ئىنسانىيەت ئالدىدا ئەيىبكار بولىدۇ.

پارىخورلۇق ئەڭ يامان خىيانەتچىلىك بولۇپ، ھەق ــ ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇشىغا، ئادالەتسىزلىككە ۋە ھەقسىزلىككە، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتكە نامەردلەرچە خىرىس قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشقا، تۆھمەتلەرنى ئارتىپ ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇشقا، خاتىرجەملىك، ئامانلىق ۋە ئىشەنچىنىڭ يوقۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىنتايىن قەبىھ ۋە رەزىل قىلمىش بولغانلىقى ئۆچۈن پارا بېرىش ياكى ئېلىش ئىسلام دىنىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دىنلاردا ۋە پۈتۈن قانۇنلاردا قەتئىي ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ پارا بەرگۈچىگە، ئۇنى ئالغۇچىغا ۋە ئۇنىڭغا ۋاستە بولغۇچىغا لەنەت قىلدى»[1] دېيىش ئارقىلىق پارىخورلۇق جىنايىتىنىڭ دائىرىسىنى ۋە جازاسىنى بايان قىلغان. ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىق ئاخىرەتلىك نېسىۋىدىن پۈتۈنلەي قۇرۇق قالغانلىقتۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرى پارا بېرىشتىن بىرلا مەسىلىنى مۇستەسنا قىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ياكى يوللۇق ھوقۇقىنى قوغداش ئۆچۈن پارا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن پارا بېرىپ بولسىمۇ، ئۆز ھەققىنى قوغداپ قالسا گۇناھ بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

سودىدا ئالدامچىلىق قىلىش. ساتماقچى بولغان مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش، يالغان سۆزلەش، ساتماقچى بولغان ماللىرىغا باشقىلارنىڭ ماركىلىرىنى ئوغرىلىقچە چاپلاپ سېتىش، تارازىدا ياكى ئۆلچەمدە كەم تارتىپ بېرىش، خېرىدار ئەمەس بىرىنى خېرىدار ئورنىدا كۆرسىتىپ ئۇنى يۇقىرى باھادا تەلەپ قىلدۇرۇش ئارقىلىق راستىتىنلا ئالدىغان خېرىدارلارنى ئالداپ تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش، چارۋا ماللارنى سېتىشقا ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن مەخسۇس دورىلار بىلەن يالغاندىن سەمرىتىپ خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بوياش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سودىدا ئالدامچىلىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا: « ئى ئىمان

---

[1] ئىمام بۇخارى، ئەھمەد رىۋايىتى

ئېيتقانلار! بىر-بىرىڭلارنىڭ مال - مۈلكىنى ھارام يول بىلەن يەۋالماڭلار»[1] دەپ توسقان. يۇقىرىقى ئالدامچىلىق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلىنى ناھەق يەۋالغانلىقتۇر.

چېقىمچىلىق. شەكسىزكى، بىراۋنى زالىم ھۆكۈمدارلارغا مەلۇم قىلىپ قويۇش ياكى ئۇنى باشقىلارغا يامان كۆرسىتىش ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. چۈنكى چېقىمچىلىق — بىراۋنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئۇنى زالىملارغا مەلۇم قىلىپ قويۇش ياكى ئىككى كىشىنى بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلىش ئۈچۈن بىرى توغرۇلۇق ئاڭلىغان بىر - ئىككى ئېغىز گەپنى يالغان سۆزلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ يەنە بىرىگە يەتكۈزۈشتۇر. چېقىمچىلىق گەپ توشۇشتىن ئىبارەت سۇخەنچىلىكتىن پەرقلىق جىنايەتتۇر. چۈنكى گەپ توشۇش مەقسەتسىزمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما چېقىمچىلىق پەقەت بىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر قېتىملىق چېقىمچىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن دوستلار ۋە ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، بەختنىڭ ئاساسى بولغان خاتىرجەملىك، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ. چېقىمچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى چېقىمچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىق ياكى ئاڭلاپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكتۇر. چېقىمچىنىڭ يامان ئاقىۋىتى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى كىشىنىڭ باشقىلار ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان سۆزىنى يەتكۈزۈپ قويىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا قوغۇشۇن قويۇلىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.



[1] نىسا سۈرىسى 29 - ئايەت

[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

# بىر ئايەت ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش

﴿وَاجْعَلْنِي مِنْ وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ﴾«مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن.»

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «مىراس بىرى ئۆلگەندىن كېيىن ئېلىنىدىغان نەرسە. جەننەت قانداق مىراس بولىدۇ؟

ئۆلىمالار بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ‹ئاللاھ تائالا جەننەتنى ئۇنىڭغا كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىغا ئاساسەن ياراتمىغان، دوزاخنىمۇ شۇنداق. چۈنكى ئاللاھ تائالا جەننەتنى بارلىق ئىنسانلارنىڭ سانىغا ئاساسەن، يەنى ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئېيتسا ھەممىسى سىغىدىغان قىلىپ ياراتقان. دوزاخنىمۇ ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى كاپىر بولغان ھەممىسى سىغىدىغان قىلىپ ياراتقان. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئىختىيار ئىگىسى قىلىپ ياراتقان بولۇپ، خالىغان كىشى ئىمان ئېيتىدۇ، خالىغان كىشى كاپىر بولىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، جەننەتنى مىراس ئېلىش دېگەنلىك مۇئمىنلەرنىڭ كاپىرلارنىڭ جەننەتتىكى ئورۇنلىرىغا ئىگە بولۇشى دېگەنلىكتۇر›.



مىراس ئالغۇچى ئۇنى بەدەلسىز خۇددى ھەدىيە ئورنىدا ئالىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، مۇئمىنلەر جەننەتنى ئۆز ئەمەللىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى بولغان ئالدا مىراس ئالىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسىنى تەستىقلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: ‹ھېچكىم ئۆز ئەمەلى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ› دېگەندە، ساھابىلەر: ‹يارەسۇلۇللاھ! ئۆزلىرىمۇ شۇنداقمۇ؟› دەپ سوراشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ‹مەنمۇ شۇنداق، پەقەت مېنى ئاللاھ ئۆز رەھمىتى بىلەن قورشىغاندىلا ئاندىن كىرەلەيمەن› دېگەن.

بەزى ئۆلىمالار يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‹جەننەت مىراستۇر. چۈنكى سىز ئەسلىدە قىلغان ياخشى ئەمەلىڭىز ئۇچۇن ئاخىرەتتە مۇكاپات ئېلىشقا تېگىشلىك ئەمەس، چۈنكى سىزنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەلىڭىز ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان دىنىي مەجبۇرىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ پايدىسى مۇشۇ دۇنيادا ئۆزىڭىزگە قايتىدۇ. سىز شۇ ياخشى ئەمەلىڭىز بىلەن ھاياتىڭىزنى توغرا بىر يۆنىلىش ئۈستىگە قۇرغان بولىسىز

ۋە ئۆزىڭىز بەختلىك ھەم ھۇزۇرلۇق بىر ھاياتتا ياشايسىز. سىز ئوقۇغۇندىغان دىنىي مەجبۇرىيەتلەر سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن بولغان تۇرسا، سىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئەجىر تەلەپ قىلىسىز؟ بىر ئاتا بالىسىنى ياخشى ئوقۇشقا ۋە دەرسلىرىنى ئوبدان مۇزاكىرە قىلىشقا ئۈندىگەن بولسا، بۇنىڭ پايدىسى ئاتىغا قايتامدۇ ياكى بالىغىمۇ؟ ئەلۋەتتە بالىغا قايتىدۇ. گويا ئاللاھ تائالا سىزگە دەيدۇكى، ئى بەندەم! سەن مەن بۇيرۇغان دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ھۆرمەتلەپ، ماڭا ئىتائەت قىلىپ، ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئىكەنسەن، ئەلۋەتتە مەن ساڭا جەننەتنى ھەدىيە قىلىپ ئاتا قىلىمەن›».

تىل تەبىرلەش قورالى ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. «راستچىل تىل» دېگەنلىك مېنى راستچىللىق بىلەن، ئادىللىق بىلەن ياد ئېتىدىغان، مېنى ماختاشتا ئاشۇرۇۋەتمەيدىغان، مەندە بولمىغان پەزىلەتلەرنى ئېيتمايدىغان تىل ئاتا قىلغىن دېگەنلىكتۇر.

﴿وَالَّذِي يُمِيتُنِي ثُمَّ يُحْيِينِ﴾ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئالدىنقى ئايەتلەردىكىگە ئوخشاش «هُوَ» (ئۇ) دېگەن ئالماشنى ئىشلەتمىگەن. چۈنكى ھايات ۋە ئۆلۈم ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ھېچكىم مەنمۇ تىرىلدۈرەلەيمەن ۋە ئۆلتۈرەلەيمەن دەپ دەۋا قىلالمايدۇ ۋە قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئاقتۇرالمايدۇ. نەمرۇد بۇنى دەۋا قىلغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۇنى يېڭىۋالغان. ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَاجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رَبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللَّهُ الْمُلْكَ إِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا أُحْيِي وَأُمِيتُ﴾ «ئاللاھ ئاتا قىلغان پادىشاھلىق تۈپەيلى، رەببى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئادەم (نەمرۇد)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم (ئۇنىڭغا): «مېنىڭ رەببىم ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدۇ، تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇ: «مەنمۇ تىرىلدۈرەلەيمەن، ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى». نەمرۇد ئۆزىنىڭ بۇ يالغان دەۋاسىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، بىر ئادەمنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن، ئاندىن ئارقىدىنلا ئۇنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن. ئاندىن «مەن مانا بىر ئادەمنى ئۆلتۈردۈم ۋە تىرىلدۈردۈم» دەپ بىلجىرلىغان. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنى مات قىلىش ئۈچۈن ﴿فَإِنَّ اللَّهَ يَأْتِي بِالشَّمْسِ مِنَ الْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ الْمَغْرِبِ﴾ «ئاللاھ كۈننى شەرقتىن چىقىرىدۇ، قېنى سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن نەمرۇد تىل سۇرەلمەي قالغان. ﴿فَبُهِتَ الَّذِي كَفَرَ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ «ئۇ كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».

ئۆلۈم بىلەن ئۆلتۈرۈش ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. ﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِنْ مَاتَ أَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ﴾ «مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن. ئۇ ۋاپات

بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، سىلەر (ئىماندىن) يېنىۋالامسىلەر؟»[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئۆلۈم — بەدەننىڭ ئەزالىرى بۇزۇلماي ساق تۇرۇپ جاننىڭ چىقىشىدۇر. ئەمما ئۆلتۈرۈش — بەدەننىڭ بۇزۇلۇشى ئارقىلىق جاننىڭ چىقىشىدۇر.

﴿وَالَّذِي يُمِيتُنِي ثُمَّ يُحْيِينِ﴾ دېگەن ئايەتتە «ثُمَّ» (ئاندىن) دېگەن باغلىغۇچى ئىشلىتىلگەن. چۈنكى «وُ» دېگەن باغلىغۇچى پەقەت ئىككى سۆزنى باغلاشنىلا ئىپادىلەيدۇ. ئەمما «ثُمَّ» باغلاشنى ۋە ئىككىنچىسىنىڭ كېيىنرەك ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئۆلۈم بىلەن تىرىلىش ئارىسىدا ئۇزۇن بىر مۇساپە ۋە كۆپ ۋاقىت بار. ﴿ثُمَّ أَمَاتَهُ فَأَقْبَرَهُ . ثُمَّ إِذَا شَاءَ أَنْشَرَهُ﴾ «ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇرۇپ، قەبرىگە كىرگۈزدى. ئاندىن ئاللاھ ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ»[2] . بۇ ئايەت ئۆلۈم بىلەن تىرىلىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىگە ئىشارەت قىلىدۇ.



[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 144 ـ ئايەت.

[2] ئەبەسە سۈرىسى: 21 ـ 22 ـ ئايەتلەر.

# پرىنسىپنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى

پرىنسىپ ــــ سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قانۇن، نىزام دېگەنلىكتۇر.[1] ئىنسانغا ھەقىقىي ھاياتنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ بېرىدىغان نەرسە پرىنسىپتۇر. ھەقىقىي ھايات ئىنساننىڭ مۇئەييەن پرىنسىپ بويىچە ھەرىكەت قىلىشى بىلەن بولىدۇ. ئىنسان ھاياتىدا پرىنسىپنىڭ يوقۇلۇشى ئۇنىڭ ھەقىقىي ھاياتىنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. پرىنسىپ ئىنساننىڭ سوقىدىغان يۈرىكى، جىسمىدا ئاقىدىغان قېنى ۋە خاتالىقلاردىن ساقلايدىغان قالقىنىدۇر. ئىنسان ئۆز پرىنسىپى بىلەن ئەزىز ۋە قىممەتلىكتۇر. پرىنسىپال ئىنسانلارغا بولغان سۆيگۈ- مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت ئاشىدۇ. ئەكسىچە، ھاياتلىقتا ھېچقانداق پرىنسىپى يوق ئادەملەرنىڭ قىممىتىمۇ ۋە ھۆرمىتىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى پرىنسىپ ئىنساننىڭ ئىچكى گۈزەللىكىنى ۋە پەزىلىتىنى نامايان قىلىدىغان نەرسىدۇر. ئۇستاز مەھمۇد شاكىر مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقىي ھايات پرىنسىپ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىككىسى بولمىسا ئىنسان يا ئىجاد قىلىشنى ياكى قارشىلىق كۆرسىتىشنى ۋە ياكى ئېسىل پەزىلەتلەرگە يۈكسىلىشنى بىلمەيدىغان سايىمانغا ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى يوقىتىدۇ. توغرا پرىنسىپ ئىنساننىڭ ئەقلىي تارىخىدا كاتتا ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە كاپالەت قىلالايدۇ، پرىنسىپقا بولغان ئىمان بولسا ئەقىلگە ھەقىقەتنى ۋە ئارمانلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش يولىدا كۈچ- قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ».

ئۇستاز ئابدۇراھمان ئەرىفى «ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئېتىقادىدا مۇستەھكەم بولغانلارنى ھەركىم سۆيىدۇ. چۈنكى پرىنسىپال ئىنساننى باشقىلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنالمىغان ۋاقىتلاردا سۆككەن بىلەن، چىن قەلبىدىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ ۋە ئۇنى چوڭ بىلىدۇ. بېشىغا كۈن كەلگەن چاغلاردا ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. پرىنسىپال ئىنسان خاتالىقلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن، نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قانداق دىن، ھەر قانداق پەلسەپە ۋە ھەر قانداق بىر قانۇن ئىنسانلارنى پرىنسىپال

[1] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 235- بەت.

بولۇشقا، ھەركىم ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇشقا چاقىرىدۇ».

ھەربىر ئىنساننىڭ پرىنسىپى ئۇنى قوغدايدىغان قالقاندۇر. ئىنسان بۇ قالقان ئارقىلىق ئۆزى توغرا دەپ ئىشەنگەن مەيداندا چىڭ تۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ. ئۆز ئالدىغا پرىنسىپى بولمىغان ئىنسان تۇراقسىز ئىنسان بولۇپ، باشقىلار ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلمايدۇ، ھۆرمەتلىمەيدۇ ۋە ياخشى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغان، زىيان تارتسىمۇ ئۆزى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلغان يولدا مۇستەھكەم تۇرغان ئادەمگە دىلىنى ئاچىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنچ قىلىدۇ. پرىنسىپقا ئەمەل قىلمايدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ نەپسىي ھەۋەسلىرىنىڭ ۋە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىشتىن ساقلىنالمايدۇ، بەزىدە ئازراق مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆز پرىنسىپىنى سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ. ھىندىيلارنىڭ داھىسى گەندى ئىنسان ھاياتىدا پرىنسىپنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ: «دىنسىز ھايات پرىنسىپسىز ھاياتتۇر، پرىنسىپسىز ھايات رولسىز ماشىنىدۇر» دېگەن ئىكەن.

پرىنسىپ دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش بىلەن بولغاندەك، ھەربىر ئادەم ئۆزىگە خاس پرىنسىپ بەلگىلەش ئارقىلىقمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: پارا ئالماسلىقنى پرىنسىپ قىلىۋالغان بىر مەسئۇل كىشىلەردىن ھارام پارىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ۋە روھىنى بۇلغىمايدۇ، «ھەدىيە» ياكى «سوۋغات» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن پارىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىر- بىرىگە قەتئىي يالغان ئېيتماسلىقنى پرىنسىپ قىلىۋالغان ئەر- ئايالمۇ ھەرقانچە قىيىن شارائىتتا چۈشۈپ قالسىمۇ يالغان ئېيتمايدۇ. خېرىدارلارغا سەممىي ۋە راستچىل بولۇشنى پرىنسىپ قىلىۋالغان سودىگەر ياكى دوكاندار يالغان ئېيتمىسا زىيان تارتىپ قېلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولغان شارائىتلاردىمۇ قەتئىي يالغان ئېيتمايدۇ.

# خائىنلارغا ۋە ساتقۇنلارغا ياخشى ئاقىۋەت يوق

قەدىمدىن ھازىرغىچە «خائىن» دېگەن سۆز مىللەتكە ۋە ۋەتەنگە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئاسىيلىق قىلىپ كەلگەن مەلئۇنلارغا قارىتىلىپ كەلگەن بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەتكەن. زامانىمىزدا «خائىن» دېگەن سۆز ۋەتەن ۋە مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاننىڭ سىرتىدا، مۇناپىقلارنى، چېقىمچىلارنى، ئۆز مىللىتىنىڭ زېمىنىغا چاپىدىغان غالچىلارنى، ساتقۇنلارنى ۋە ھەقىقەتكە كۆز يۇمغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خائىنلار ۋەتەن ۋە مىللەتنى غاجايدىغان چاشقانلار، مىللەتنىڭ گوركارى، خەلقنىڭ قېنىنى يوشۇرۇنغۇچى، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىنى بېسىمدارلارغا سۇنغۇچى ئەبلەخلەردۇر.

خائىنلىق ۋە ساتقۇنلۇق ھەرقانداق بىللەتتە بار، ئەمما بىز ئۇيغۇرلاردا زىيادىسى بىلەن بار. مىللىتىمىز ئاشۇ خائىنلارنىڭ ۋە ساتقۇنلارنىڭ زىيانلىرىنى بەك كۆپ تارتتى، ھەتتا بۈگۈنكى كۈنگە قېلىشىمغا ئاساسەن شۇ ئۆز مىللىتىمىزدىن چىققان ساتقۇنلار سەۋەب بولغان دېسەك مۇبالىغە بولماس. ئەمدى ھازىرمۇ خەتئەللەردە ئەركىن دۇنيادا يۈرۈپ ئۆزىنىڭ شۇ نىجىس جېنىنى بېقىش ئۈچۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان خائىنلارنى بۇ مىللەت ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنى ئەپۇ قىلمايدۇ. خائىنلار مەيلى ھايات بولسۇن، ياكى ئۆلگەن بولسۇن، ئۇلارغا لەنەت ئوقۇش، ئۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ بۇرچىدۇر. شۇڭا چەتئەللەر نومۇس قىلماي بېشىنى ئۇستۈن كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتقان ۋە خائىنلىقى خەلقى ئالەمگە دەلىل - ئىسپات بىلەن تونۇلغان ئاشۇ ئەبلەخلەرنى يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا سالامۇ بەرمەسلىك لازىم. خائىنغا، مۇناپىققا سالام قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ.

ئەرەبلەردە بۇنىڭدىن 15 ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن بېرى ئەبۇ رىغال ئىسىملىك بىر ئادەم ساتقۇنلۇقنىڭ بىردىنبىر سەلبىي ئۈلگىسى بولۇپ كەلگەن ئىكەن. تاھازىرغىچە ئەدىبلەر ئەسەرلىرىدە، شائىرلار شېئىرلىرىدە ئەبۇ رىغالغا لەنەت ئوقۇيدۇ.

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دەپ

يېزىلغان: «مىلادىيە بەشىنچى ئەسىردىكى يەمەن پادىشاھى ئەبرەھە ئەرەبلەرنىڭ مەككىگە بېرىپ كەئبىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك قىلىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق بىئارا بولىدىكەن. ئۇلارنى توسۇشقا ئورۇنۇپ باقىدىكەن، ئەمما ئۇلارنى توسالمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى مەككىگە بېرىشتىن توسۇش ئۈچۈن يەمەن پايتەختى سەنئا شەھىرىگە بىر كاتتا چېركاۋ بىنا قىلىدىكەن ۋە ئۇنى قۇللەيس چېركاۋى دەپ ئاتايدىكەن. ئاندىن تۇرماستىن كىشىلەرنى مەككىگە بېرىشنىڭ ئورنىغا بۇ چېركاۋغا بېرىپ زىيارەت قىلىشقا قاتتىق تەشەببۇس قىلىدىكەن. لېكىن ئادەملەر بۇ چېركاۋغا كۆنمەيدىكەن. بۇ ئارىدا ئەرەبلەردىن بىرى بۇ چېركاۋغا كىرىپ تەرەت قىلىپ قويىدىكەن. بۇنى ئاڭلىغان يەمەن پادىشاھ ئەبرەھەنىڭ غەزەبتىن ئەرۋايى چىقىپ، ئەرەبلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلىۋالغان شۇ كەئبىنى يىقىتىپ تاشلاشقا قەسەم قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئەبرەھە مىلادىيە 571 ـ يىلى يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلى نۇرغۇن پىللار بىلەن قوراللانغان زور بىر قوشۇن بىلەن مەككىگە قاراپ يولغا چىقىدىكەن. ئەبرەھە كۈچلۈك پادىشاھ بولغانلىقتىن، يول بويى ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى چىققان قەبىلىلەر ھەممىسى دېگۈدەك مەغلۇپ بولىدىكەن. قوشۇن ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تائىف شەھىرىگە كەلگىنىدە، تائىف شەھىرىنىڭ ھاكىمى بۇ زور قوشۇنغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ۋە مەككىگە ماڭغان قوشۇنغا تەگمەسلىك قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھەنىڭ تەلىپى بىلەن مەككىگە ماڭغان قوشۇنغا يول كۆرسىتىشكە ئەبۇ رىغال دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇلنى تەيىنلەپ ئۇنى قوشۇنغا يول باشلاشقا بۇيرۇيدىكەن. ئەبۇ رىغال كەئبىنى يىقىتماقچى بولغان قوشۇنغا يول باشلاپ ماڭغىنىدا، يول بويى پۈتۈن خەلق ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدىكەن، ئۇنى خائىن، ساتقۇن ۋە مۇناپىق دەپ تىللايدىكەن، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىكەن. قوشۇن تائىفتىن چىقىپ مەككە يولىدىكى مۇغەممەس دېگەن جايغا كەلگەندە، ئەبۇ رىغال نامەلۇم بىر سەۋەب بىلەن ئۆلىدىكەن ۋە شۇ جايغا دەپنە قىلىنىدىكەن. شۇنىڭدىن بېرى تا ھازىرغىچە مۇغەممەس دېگەن شۇ جايدىن ئۆتكەن ھەر قانداق ئادەم ئەبۇ رىغالغا لەنەت ئوقۇپ، ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئەخلەت ۋە گىزەندىلەرنى تاشلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن».

## ئەبرەھە قوشۇنى مەككىگە قاراپ يول ئالماقتا

يەنە ئىسلام تارىخى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئەبرەھەنىڭ قوشۇنلىرى ھېچبىر قارشىلىقسىز مەككىگە يېتىپ بارىدىكەن. ئۇلار مەككىگە كىرىشتىن ئاۋۋال مەككىنىڭ ئاقساقىلى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى بولغان ئابدۇلمۇتتەلىبكە ئەلچى ئەۋەتىدىكەن. ئەلچى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ

ھۇزۇرىغا كېلىپ، يەمەن پادىشاھى ئەبرەھە مەككىگە كىرمەكچى، بىراق ئۇنىڭ مەقسىتى سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئەمەس، بەلكى كەئبىنى يىقىتىپ تاشلاشتۇر. شۇڭا سىلەر قارشىلىق كۆرسەتمىسەڭلار سىلەرگە زىيان ـــ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ، دېگەن ئاساستا ئەلچىلىكنى ئادا قىلىدۇ ۋە ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئەبرەھە بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەلچى ئەبرەھەگە ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ مەككىلىك ئەرەبلەرنىڭ ئاقساقىلى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى تونۇشتۇرىدۇ. ئابدۇلمۇتتەلىب ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە كېلىشكەن بىر ئادەم بولغانلىقتىن، ئۇنى كۆرگەن ئەبرەھە ئۇنىڭغا ئالاھىدە چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ تەختىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، قانداقلا بىر تەلىپى بولسا ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇلمۇتتەلىپ پادىشاھقا: سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز مېنىڭ ئىككى يۈز باش تۆگەمنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىۋاپتۇ. شۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار، باشقا تەلىپىم يوق، دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەبرەھە ھەيران بولۇپ، ئابدۇلمۇتتەلىبكە: ئەي ئاقساقال! مەن سېنى خېلى پەزىلەتلىك، ئېسىل ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئەمما سەن ئۇنداق ئەمەسكەنسەن. پۈتۈن مەككىلىكلەر ۋە ئەتراپتىكى ئەرەبلەر ئۇلۇغلاپ كەلگەن كەئبىنى يىقىتىپ تاشلايمەن دەپ تۇرسام، سەن ئۇنى سورۇۋالماستىن، ئىككى يۈز تۆگەڭ بىلەن قالغىنىڭنى قارىمامسەن؟ دەيدۇ. ئابدۇلمۇتتەلىب پادىشاھقا: تۆگىلەر ماڭا ئائىت شۇڭا ئۇنى مەن قوغدىشىم كېرەك. ئەمما كەئبە ئاللاھقا ئائىت، ئۇنى ئۆزى قوغدايدۇ، دەيدۇ. سۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە ئابدۇلمۇتتەلىبكە ئىككى يۈز تۆگىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئەمر قىلىدۇ ۋە كەئبىنى يىقىتىش ئۈچۈن يولىغا داۋام قىلىدۇ.

## كەئبىنى يىقىتماقچى بولغان قوشۇننىڭ ئاقىۋىتى

يەنە مەزكۇر تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، ئەبرەھە قوشۇنى پىللارنى ئالدىغا سېلىپ كەئبىنى يىقىتىشقا كىرىشىدۇ. ئەمما پىللار كەئبىنىڭ يېنىغا كېلىپ بولۇپ، ئالدىغا ئىلگىرلىمەستىن تۇرۇۋالىدۇ. ئەسكەرلەر پىللارنى ئۇرىدۇ ۋە ئالدىغا مېڭىشقا چاقىرىدۇ. ئەمما پىللار تۇرغان يېرىدىن قوزغالمايدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىردىنلا ئاسماندا توپ ـــ توپ قوشلار پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ قۇشلارنىڭ ھەربىرى ئاغزىدىن تاشلار ياغدۇرۇپ، ئەبرەھە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىپ تۈگىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەئبە ئەبرەھە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇ ۋەقەلىك ھەققىدە قۇرئان كەرىمدىن مۇنۇ ئايەت چۈشىدۇ: «رەببىڭنىڭ پىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. قۇشلار

ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانئەك قىلىۋەتتى.»[1]

## بۇ قىسسىدىكى ئىبرەتلەر

بۇ قىسسىدە 3 چوڭ ئىبرەت بار.

ئۆز ۋەتىنىگە خائىنلىق قىلغان، دۈشمەنلەر بىلەن ھەمكارلاشقان ساتقۇنلار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تىلىدا تا قىيامەتكىچە لەنەتكە ئۇچرايدۇ.

ئاللاھقا قارشى چىققانلار ئىبرەتلىك ھالدا جازالىنىدۇ. ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆز جازاسىنى كۆرمىگەنلىكىگە ھەيران قالماڭ، ئاللاھ تائالانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن. ئۇلارنى جازالىماي قالمايدۇ. كەئبىنى يىقىتماقچى بولغان ئەبرەھەنىڭ نابۇت بولغانلىقى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئاللاھنىڭ دىنى بىلەن ئويناشقانلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. ھازىرقى كۈندە مۇسۇلمانلارنى دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئەركىن ئېلىپ بېرىشتىن، ۋە دىنىي يوسۇندا كىيىنىشتىن توسۇپ كېلىۋاتقان ۋە ئۇلارنى نابۇت قىلماقچى بولغان زالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۈتسە بولىدۇ. چۈنكى پىرئەۋن، قارۇن، ئەبۇ جەھىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى چىقىپ ئاخىرى ئۆزلىرى مەغلۇپ بولغانلاردۇر.

مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىشەنچنىڭ يوقىلىشى، روھىي مەنىۋىيەتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىدۇر. كاشكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىبتە بولغان ئىشەنچ ئەگەر ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا بولغان بولسا ئىدى، ئەھۋال باشقىچە بولغان بولار ئىدى، مۇسۇلمانلار ئاسارەتتىمۇ قالمىغان بولار ئىدى.



[1] مائىدە سۈرىسى.

## روھ ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

روھنىڭ ماھىيىتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الرُّوْحِ قُلِ الرُّوْحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّيْ﴾ يەنى «ئۇلار سەندىن روھ ھەققىدە سورىشىدۇ. دېگىنكى ‹ روھ رەببىمنىڭ (ئەقىل يەتمەيدىغان) ئىشلىرىدىندۇر»[1].

روھ دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە 23 ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ھايات، پەرىشتە، قۇرئان، جىبرىل، نۇسرەت، رەھمەت، ئىلاھىي قۇدرەت دېگەندەك كۆپ مەنىلەردە كەلگەن.

﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الرُّوحِ ۖ قُلِ الرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي﴾ «ئۇلار سەندىن روھ ھەققىدە سورىشىدۇ. دېگىنكى ‹ روھ رەببىمنىڭ (ئەقىل يەتمەيدىغان) ئىشلىرىدىندۇر» دېگەن ئايەتتە جان، ھاياتلىق دېگەن مەنىدە كەلگەن.

﴿يَوْمَ يَقُومُ الرُّوحُ وَالْمَلَائِكَةُ صَفًّا﴾ «قىيامەت كۈنى جىبرىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ-سەپ بولۇپ تۇرىدۇ» دېگەن ئايەتتە جىبرىل روھ دەپ ئاتالغان.

﴿وَكَذَٰلِكَ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ رُوحًا مِّنْ أَمْرِنَا﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) شۇنىڭدەك (يەنى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغىنىمىزدەك) ساڭىمۇ ئەمرىمىز بىلەن قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق» دېگەن ئايەتتە ۋەھيى ۋە قۇرئان دېگەن مەنىدە كەلگەن.

﴿وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ﴾ «ئۆز دەرگاھىدىن بولغان مەدەت بىلەن ئۇلارنى كۈچلەندۈردى» دېگەن ئايەتتە مەدەت ۋە نۇسرەت دېگەن مەنىدە كەلگەن.

﴿وَلَا تَيْأَسُوا مِن رَّوْحِ اللَّـهِ﴾ «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولماڭلار» دەگەن ئايەتتە رەھمەت مەنىسىدە كەلگەن.

﴿فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي﴾ «مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا روھىمدىن پۈۋلىگەن (يەنى جان كىرگۈزگەن) چاغدا» دېگەن ئايەتتە ئىلاھىي قۇدرەت مەنىسىدە كەلگەن.

[1] 17- سۈرە ئىسرا 85- ئايەت

ئىنسانلار گەرچە روھنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىسىمۇ، روھنىڭ ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىدۇ. روھنى ئۆزىنى كۆرگىلى ياكى قىياس قىلغىلى بولمايدىغان، پەقەت نەتىجىسىنىلا كۆرگىلى بولىدىغان ھاۋا دولقۇنلىرىغا، ياكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. چۈنكى ۋۇجۇدىمىزدىكى ھۈجەيرىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان نەرسە شۇ روھتۇر. روھنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ۋۇجۇدنى ھەرىكەتلەندۈرۈش بولۇپ، ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپقان بۇ ماددىي ۋۇجۇدتا روھنىڭ بولۇشى ھۈجەيرىلەرنى ھەرىكەتچان، ئۆسىدىغان ۋە ياشايدىغان قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى روھ ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى جانلىقلارغا تارقىتىۋەتكەن ئېنېرگىيە بولۇپ، ھۈجەيرىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش، كۆپىيىش ۋە بۆلۈنۈش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ[1].

بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدىمۇ بىراۋنىڭ بىردىنلا پائالىيەتچان بولۇپ كەتكەنلىكىنى «روھلىنىپ كەتتى» دەيمىز. ۋەز ــ نەسىھەت، ياكى تەسىرلىك شېئىر، ياكى بىرەر سۆزنى ئاڭلاپ، ياكى كىتاب ئوقۇپ تەسىرلەنگەن كىشىنى «روھىي ئوزۇق ئالدى» دەيمىز. بۇ ئىپادىلەرنىڭ ھەممىسى روھنىڭ قوزغاتقۇچ كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قىسقىسى، روھ ئىنسان ۋۇجۇدىدا ماشىنىنىڭ ماتورىغا ئوخشىسا، نەپس ماشىنىنىڭ رولىغا ئوخشايدۇ. نەپس ۋۇجۇدنى ئۇنىڭدىكى روھ بىلەن بىرگە يا ئامانلىققا، ياكى ھالاكەتكە باشلاپ مېڭىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە نەپسنى «يامانلىققا باشلىغۇچى» دەپ سۈپەتلىگەن: **﴿إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوْءِ إِلاَّ مَا رَحِمَ رَبِّيْ﴾** يەنى «نەپس ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ. پەقەت رەببىم رەھىم قىلغان ئادەملا بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[2] .

ئەرەب تىلىدا «روح» سۆزى بىلەن«نفس» سۆزى گاھ ئىككىسى بىر مەنىدە، گاھ بىر ــ بىرىگە يېقىن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «جان» سۆزىنى ئەرەبلەر «روھ» ياكى« نەپس» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئىككى سوز كۆپ ھاللاردا ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلسىمۇ، گاھىدا پەرقلىق مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن: «نفس» يەنە «ئۆز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق «روح» بۇ مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بىراۋ ئۆلسە، ئۇنىڭ جېنى چىقتى، دېگەننى «**فاضت روحه**» ياكى «**خرجت روحه**» دەپ ئىپادىلەيدۇ، ئەرەبلەر بىرەر قېتىم بولسىمۇ «**فاضت نفسه**» ياكى «**خرجت نفسه**» يەنى «نەپسى چىقىپ كەتتى» دېمەيدۇ. شۇڭا

[1] مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەننەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى (ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

[2] 12 - سۈرە يۈسۈف 53 - ئايەت

روھنى ــ قوزغاتقۇچى كۈچ، ياكى ئېنېرگىيە دېيىش ئەڭ لايىق بولسا كېرەك.

شۇڭا ئىسلام مەنبەلىرىدە كەلگەن «تذكية النفس» يەنى «نەپسنى پاكلاش» دېگەن ئىبارىنى «روھنى پاكلاش» دەپ تەرجىمە قىلىش توغرا بولمىسا كېرەك. چۈنكى روھ ئۆزى پاك نەرسە، ئۇنى پاكلاشقا ھاجەت يوق. پاكلاشقا تېگىشلىك نەرسە نەپستۇر. چۈنكى نەپس ئادەمنى يامان ئىشلارغا ئۈندەيدۇ، ھەتتا باشلاپ ماڭىدۇ. ئەمما روھ ئادەمنى ھەرىكەتكە سېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، ئۇنى باشلىيالمايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا روھ بىلەن نەپسنى ئاتا قىلغان بولۇپ، ئىنساننىڭ روھى ئۇنىڭدىكى ئىچكى گۈزەللىكلەرگە، ئۇنىڭ نەپسى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭدىكى يامانلىقلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئىنساندىكى ئەقىل، ساغلام پىكىر، ئار ــ نومۇس، سېخىيلىق، ۋاپادارلىق ۋە بارچە گۈزەل ئەخلاق ئۇنىڭدىكى روھىي گۈزەللىكنىڭ ئىپادىسى بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ شەھۋانىيلىقى، شەخسىيەتچىلىكى، ئازغۇنلۇقى، ئەقىلسىزلىكى، غەزەپ ــ نەپرىتى ئۇنىڭدىكى نەپس ــ خاھىشنىڭ ئىپادىسىدۇر.

# ئىلىم - پەننىڭ ياراتقۇچىنى ئىسپاتلاشتىكى رولى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟» دېگەن.

ئىلىم - پەن بىزگە بىر دەرەخنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ تۇپراقتىكى ئوزۇقلىرىنى قانداق ئالىدىغانلىقىنى، بۇ ئوزۇقلارنى يوپۇرماقلىرىغىچە قانداق يەتكۈزىدىغانلىقىنى، مېۋىلەرنىڭ قانداق مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىكى تەم، رەڭ، شەكىلنىڭ قانداق يوسۇندا پەيدا بولىدىغانلىقىنى شەرھلىمەكتە ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇكەممەل قانۇنىيەت ۋە نىزام - سىستېما ئاستىدا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلماقتا. ئىلىم — پەن يەنە بىزگە بىر جانلىقنىڭ ئىچ قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەقلىمىزنى ئاچماقتا. بىئولوگىيە ئالىملىرى «ھەربىر جانلىقنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاجايىپ مۇكەممەل فابرىكا ئىكەنلىكىنى كۆردۇق» دەيدۇ. ئادەمنى چاقىدىغان زەھەرلىك ھەرە شېرىن ۋە شىپالىق ھەسەل بېرىدۇ. يىپەك قۇرۇتى رەخت توقۇيدۇ. قولسىز ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ. تىلسىز قوي سۈت بېرىدۇ. مۇندىن باشقا يەنە ئىلىم — پەن بىزگە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاددى بىر سامان بىلەن سۇدىن تەركىپ تاپقان ھەلەپتىن سۈت ئىشلەپ چىقىرىش ئەقىل — ئىدراكسىز قوينىڭ ياكى كالىنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى قوي - كالا، ھەرە، ئۆمۈچۈك، يىپەك قۇرۇتى ۋە باشقا جانلىقلار رەسسامنىڭ پۇرشىسىغا، ئاپتورنىڭ قەلىمىگە، ياغاچچىنىڭ رەندىسى بىلەن ھەرىسىگە ۋە دېھقاننىڭ كەتمىنىگە ئوخشاش بىرەردىن سايمانلاردۇر. ئەمما ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىشىنىڭ ئىگىسى شۈبھىسىزكى، پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىجادكارى بولغان ئاللاھتۇر!

ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنيانىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئەھۋالى بىلىندى. بىز ياشاۋاتقان بۇ يەرشارى قۇياشنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ناھايىتى تېزلىكتە ئۇچىۋاتقان بىر سەييارە يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. قاناتسىز، موتورسىز، پىلوتسىز ۋە ئاۋازسىز ئۇچىۋاتقان بۇ يەرشارى سەييارىسىنىڭ ئۈستىدىكى يولۇچىلار راھەت ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ساياھەت قىلىۋاتماقتا. يەرشارى بىر تەرەپتىن ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشقا داۋام قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇياشنىڭ ئەتراپىدا

تېزلىكتە ئۇچۇشىنى داۋام قىلدۇرماقتا. ئەمما ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇچىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. كېچىلەر، كۈندۈزلەر ۋە مەۋسۇملار بۇ ئىككى ئايلىنىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەرشارى قۇياشقا ــ ھازىرقى مۇساپىسىدىن ــ ئازراق يېقىنلاشسا كۆيۈپ ھالاك بولىمىز، ئۇزاقلاشسىمۇ مۇزلاپ ھالاك بولىمىز. قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈۋاتقان يەر شارىلا ئەمەس، بەلكى باشقا سەييارىلەرمۇ باردۇر. بۇ سەييارىلەرنىڭ بىر ــ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ھەر بىر سەييارە ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن مەخسۇس ئوقىدا سەير قىلىدۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپمۇ قالمايدۇ. بۇ سىستېما قانچىلىغان مىليون يىللاردىن بېرى ھېچبىر بۇزۇلماستىن، بىر خىل داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇنداق ئىنچىكە نىزامنى ۋە قانۇنىيەتنى كىم بېكىتتى؟ بۇزۇلمىغان ۋىجدان ۋە ساپ ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەر قانداق ئادەم شۇنداق جاكارلايدۇكى، بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى «ئاللاھ» تۇر!.

## ساغلام يارىتىلىش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئەمەس

كائىناتتىكى ھەر بىر مەۋجۇدات ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىلغان. ئەمما بۇ گۈزەللىك بىلەن مۇكەممەللىكنى ھەركىم ئوخشاش دەرىجىدە كۆرەلمەيدۇ.

بىز ئىنسانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلارغا دىققەت قىلىپ قويمايمىز ۋە ھەر نەرسىنىڭ بۇنداق مۇكەممەل شەكىلدە يارىتىلىشى ھېچقانچىلىك ئاجايىپلىق ئەمەس، بەلكى بۇ شۇنداق تەبىئىي قانۇنىيەت، دەپ ئويلايمىز. ئەمما بەزى ۋاقىتلاردا، ئەھۋال بىز كۈتكەندەك بولماي قالسا، بىز ئۇنى ئاجايىپ ئەھۋال دەپ سانىغانلىقتىن ئەجەبلىنىپ كېتىمىز. مەسىلەن: ئىككى باشلىق بىر بوۋاق دۇنياغا كەلسە، تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرناللار ۋە بارلىق ئۇچۇر ۋاستىلىرى بارچە دىققىتىنى بۇ مەسىلىگە بېغىشلايدۇ. تىببىي مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھادىسە ھەققىدە پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىشىدۇ، ئادەملەر بۇ كەمتۈك تۇغۇلغان بوۋاققا ھەيرانلىق بىلەن قارايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىنىڭ قورسىقىدا قانچىلىغان كۆپ ۋە مۇرەككەپ ئىشلەملەرنىڭ، باسقۇچلارنىڭ، ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە بۇنداق ساغلام ۋە بېجىرىم تۇغۇلغانلىقلىرىنى كۆرمەيدۇ ۋە ئويلىمايدۇ. ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك بىرەر ئىش بولىدىغان بولسا، ئۇ دەل مىليونلىغان يىللار مابەينىدە بۇ مۇكەممەل قانۇنىيەتنىڭ قانداق داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىدۇر.

## ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ تەجەللى قىلىشى

بىر بىئولوگىيە ئالىمى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر بوۋاقنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇش ئېھتىمالى ئۇنىڭ بېجىرىم تۇغۇلۇش ئېھتىمالىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. چۈنكى، بوۋاقنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا ھەركۈنى مەلۇم مىقداردىكى ھۈجەيرىلەر مەلۇم جايلارغا يۆتكىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئىقتىدارىغا كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھۈجەيرىلەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقلىرىنىمۇ بىلمەيدۇ». چۈنكى، — بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئىسپاتلىغاندەك — بىزنى مەيدانغا كەلتۈرگەن نەرسە ھۈجەيرىلەردۇر. ھەر بىر ھۈجەيرىدە بولغان ماددىلار بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنىڭ شەكلى، كۆزىمىزنىڭ ۋە چېچىمىزنىڭ رەڭگى، ئېگىز ياكى پاكار بولۇشىمىز، چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز بولۇشىمىز قاتارلىق ئايرىمچىلىقلىرىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھۈجەيرىلەردىكى ئەڭ ئاددى بۇزۇقلۇق بوۋاقنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھۈجەيرىلەر كۆپ ھاللاردا ئىشلەم خاتالىقلىرىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ ۋە ئارقىدىنلا تۈزىتىلىدۇ. بۇنداق كۆپ تەكرارلىنىدىغان خاتالىقلار تۈپەيلى بوۋاقلارنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بېجىرىم تۇغۇلۇش ئېھتىمالىدىن ناھايىتى چوڭدۇر. مىليونلارچە قېتىم بۇنداق خاتالىقلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ شەپقىتى بىلەن ئىشلەملەر قايتا تۈزىتىلىپ، ھەر ئىش ئۆز يولىغا كىرىپ تۇرىدۇ. ئاقساقلىق، چولاقلىق، كورلۇق، پاڭلىق ۋە باشقا ھەرخىل كەمتۈكلۈكلەرگە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلارنى كۆرىمىز. ئىنسانلار ئارىسىدىن مىڭدىن بىرىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان شۇ جىسمانىي كەمتۈكلۈككە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلار بولمايدىغان بولسا، بىز كەمتۈكسىز، ساق - ساغلام تۇغۇلۇش تەبىئەتنىڭ شۇنداق قانۇنىيىتى، ئۇ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلغان بولاتتۇق. ئەمما ئۇنداق ئەمەس! ئەگەر بۇ ئىشلار تەبىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن بەزى بوۋاقلار كەمتۈك تۇغۇلىدۇ؟

ئاللاھ تائالا جىسمانىي تەرەپتىن كەمتۈك ئىنسانلارنىمۇ يارىتىشى ئارقىلىق ساغلام تۇغۇلۇش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى دېگۈچىلەرگە ئەجەللىك رەددىيە بەرمەكتە ۋە «سېنىڭمۇ شۇنداق كەمتۈك تۇغۇلىشىڭ مۇمكىن ئىدى، ئەمما كەمتۈك بولمىدىڭ، ساغلام تۇغۇلدۇڭ. ئۇنۇتمىغىنكى ئۈستۈڭدىكى نېمەتلىرىم كۆپتۇر» دېمەكتە.

# سىز چوقۇم قىلالايسىز

بـەزى كىشـىلەر ئۆزىنـى گـۈزەل ئەخلاقلىـق، ئىپـىل - پەزىلەتلىـك قىلىـپ يېتىشـتۈرۈپ چىقالىشـىغا ئىشـەنمەيدۇ، ئۈمىدسـىزلىنىدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن ئۆزىنـى تاشـلىۋېتىدۇ. بـۇ قەتئىـي توغـرا ئەمەس. ئىنسـاندا ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە ئىرادە بولسـىلا چوقـۇم ئۆزگىرەلەيـدۇ. چۈنكى ئىنسـان ئۆزگىنەلمەيدىغان ۋە ئۆزىنـى كونـدۇرەلمەيدىغان ھېچقانـداق ئىـش يوقتـۇر. ھەتتـا ئىنسـان سېرىكچىلەر كوندۇرىدىغـان شـىردىنمۇ بـەك كۆنگەكتـۇر. پىسخىكا مۇتەخەسسىسلىرى «ئـادەم بىـر ئىشـنى 21 كـۈن قىلسـا ئۇنىڭغـا ئادەتلىنىـپ كېتىـدۇ» دەپ قارايـدۇ.

ئەخلاق تەبىئىي ئەخلاق ۋە يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

تەبىئىـي ئەخـلاق — يارىتىلىشـتىن بىـرى ئىنسـاندا بولـۇپ كەلگـەن تەبىئىـي (تۇغمـا) ئەخـلاق.

يېتىلدۈرۈلگـەن ئەخـلاق — يارىتىلىـش تەبىئىتـىدە بولمىسـىمۇ، كېيىنچـە ئۆگىنىـپ تەربىيـە يولـى بىلـەن يېتىلدۈرۈلگـەن ئەخلاقتـۇر.

بـەزى كىشـىلەرنىڭ ئەخلاقـى تەبىئىـي ئەخـلاق بولـۇپ، بـۇ ئەخـلاق ئۇلارنىـڭ بالىلىـق چاغلىرىدىـلا ئىپادىلىنىشـكە باشـلايدۇ، ئـۇلار ئەخـلاق قائىدىلىرىگـە ئۆزلۈكىدىـن تەبىئىـي ھالـدا رىئايـە قىلىدىغـان كېلىـدۇ. بـۇ تەبىئىـي ئەخلاقنىـڭ ئىپادىسـىدۇر.

بـەزى كىشـىلەرنىڭ ئەخلاقـى تەلىم — تەربىيەنىـڭ ياكـى ئىجتىمائىـي مۇھىتنىـڭ، ياكـى ھاياتلىقتىـن ئالغـان تەجرىبىلەرنىـڭ تۈرتكىسـى بىلـەن يېتىلدۈرۈلگـەن ئەخـلاق بولـۇپ، بـۇ ئۆگىنىلگـەن ياكـى يېتىلدۈرۈلگـەن ئەخـلاق دەپ ئاتىلىـدۇ.

لېكىـن بىراۋنىـڭ ئەخلاقنـى يېتىلدۈرۈشـى ئۇچـۇن ئۇنىڭـدا ئەخلاقنـى قوبـۇل قىلىدىغـان تەبىئىـي قابىلىيـەت بولۇشـى شـەرتتۇر. بـۇ خـۇددى قانداقـلا بىـر ماھارەتنى ئىگىلـەش ئۈچـۈن ئۇنىڭغـا مۇناسـىپ قابىلىيـەت تەلـەپ قىلىنغىنىغـا ئوخشاشـتۇر. ئىنسـاندا بىـرەر ماھارەتنـى ئۆگىنىـش ئۈچـۈن شـۇ ماھارەتكـە نىسـبەتەن تەبىئىـي قابىلىيـەت بولسـا، ئۇنـى چوقـۇم ئۆگىنىـپ كېتەلەيـدۇ. ئەكسـىچە، ئادەمـدە شـۇ ماھارەتكـە نىسـبەتەن تەبىئىـي قابىلىيـەت بولمىسـا، ئۇنـى ئۆگىنەلمەيـدۇ.

شۇنداقلا، ئىنساننىڭ ئەزالىرىمۇ شۇنداق بولۇپ، بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىش قابىلىيىتى بولغان ئەزا مەشىق قىلىش يولى بىلەن شۇ ماھارەتنى ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. مەسىلەن: قول خەت يېزىشنى، رەسىم سىزىشنى ۋە باشقىمۇ ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن تەبىئىي قابىلىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قولنى كۆندۈرۈش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق كېرەكلىك ماھارەتلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولغان بىلەن، قۇلاقتا مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئاڭلاش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش قابىلىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان ئادەمنىڭ ئاڭلاش قابىلىيىتىنى مەشىق بىلەن ھاسىل قىلالمىغىنىغا ئوخشاش گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىدە تەبىئىي تەييارلىق ياكى قابىلىيەت بولمىغان ئادەم ئۆگىنىش، تەلىم ئېلىش ۋە باشقا چارىلەر بىلەنمۇ ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ.

## ئىنساندىكى ئەخلاق ئۆگىنىش قابىلىيىتى

ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تەبىئىي قابىلىيەت بولغان ھەر قانداق ئىنسان ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا تىرىشچانلىقلا كۆرسىتىدىكەن، ئۇ چوقۇم گۈزەل ئەخلاقلارنى ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن: تېز ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان ئىقتىدارنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بەل باغلاپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، تەربىيە يولى بىلەن ئۇ چوقۇم ئېغىر بېسىقلىقنى ھاسىل قىلالايدۇ.

ئەڭ ئۈچىنچى چىققان شەخسىيەتچى ئادەممۇ ئەگەر ئۇنىڭدا سېخىيلىققا ئادەتلىنىش ئۈچۈن تەبىئىي قابىلىيەت ۋە تەبىئىي تەييارلىق بولۇپ، سېخىيلىققا ئادەتلىنىشكە چىن ئىرادە تىكلىسە، تەربىيە يولى بىلەن ئۇ چوقۇم سېخىيلىققا ئادەتلىنىدۇ ۋە سېخىيلىقتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىدە يېتىلدۈرەلەيدۇ. مۇنداق بىر شەخسىيەتچى ئادەم بىردىنلا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىش دەرىجىسىگە يېتەلمىسىمۇ، ئۇ باشقىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەق — ھوقۇقلارنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردا سېخىيلىقنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. باشقا ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىدە تەبىئىي قابىلىيەت بولۇش شەرتى بىلەن ھاسىل قىلىش يولىدا تىرىشقان ھەر قانداق ئادەم چوقۇم ئۇنى ھاسىل قىلالايدۇ.

# گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش چارىلىرى

شەكسىزكى، گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى تەربىيەدۇر!

ئىسلام دىنى ئەخلاق تەربىيەسىگە ئالاھىدە زور ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئەخلاق تەربىيەسى ئىمان تەربىيەسى بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ كۆپرەكىنى ئىمان بىلەن ئەخلاقنى تۇرغۇزۇش يولىغا ئاتىغانلىقىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئىنسان تەبىئىتى بىر خىل بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بىرىگە مۇناسىپ كەلگەن تەربىيە چارىسى يەنە بىرىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام تەربىيەسى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان تەربىيە ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوللانغان.

كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىدە ئىسلام ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلارغا تەقدىم قىلغان تەربىيە چارىلىرى: ئەمەلىي مەشىق ، ياخشى مۇھىت، ياخشى ئۈلگە، مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي بېسىمى قاتارلىقلاردۇر.



### 1. ئەمەلىي مەشىق

نەپسنى ئىشتىها قىلغان ۋە ھەۋەس قىلغان ئىشلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە ئۇنى شۇنداق قىيىنچىلىقلارغا چېنىقتۇرۇش گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئېسىل ـ پەزىلەتلەرگە ئادەتلىنىشنىڭ چارىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنداق مەشىقلەر دەسلەپتە ئىنسانغا ئېغىر تۇيۇلسىمۇ، كېيىنچە ئۇنى قىيىن كۆرمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىش ئارقىلىق بەدەننى كۈچلەندۈرگەنگە ئوخشاش ئىش.

ئىنساندا ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى قوبۇل قىلىشقا تەبىئىي ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن تەربىيە دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت . ئەگەر ئىنساننىڭ ئەخلاقىي قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ئىسلاھ قىلىنمايدىغان بولسا ئىدى، ئىنسان ھاياتىدا تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى.

ئەمما ئىلاھىي تەلىماتلار بىلەن رېئاللىقتىكى تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلغان تەربىيە مېتودلىرى ئىنسان تەبىئىتىدە تەربىيەنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە. تەربىيەچىلەر ، ئۇستازلار ۋە مۇئەللىملەر بۇ مېتودقا ئاساسلانغان ھالدا، يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىلىم دېگەن ئۆگىنىش بىلەن، سەۋر دېگەن سەۋرچانلىققا ئادەتلىنىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.»

يەنە بىر ھەدىستە: «ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ ئىپپەتلىك قىلىدۇ، كىشىلەردىن بىھاجەت بولۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ بىھاجەت قىلىدۇ، سەۋرچانلىقنى مەشىق قىلغان كىشىنى سەۋرچان قىلىدۇ»[1] دەپ كەلگەن.

نەپسنى يېڭىش، ئۇنىڭ ھەۋەسلىرىنى رەت قىلىش ۋە كۆڭلى خالىمىسىمۇ ئۆزىنى ياخشى ئىشقا ۋە ئېسىل پەزىلەتكە زورلاشتىن ئىبارەت جاپالىق مەشىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ئەلۋەتتە مۇمكىندۇر. مەسىلەن: تېز ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم ئۆزىدە ئېغىر بېسىقلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش يولىدا دەسلەپتە قىيىنچىلىق تارتىسىمۇ، ئەمەلىي مەشىقنى داۋام قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرى ئېغىر بېسىقلىقنى ھاسىل قىلالايدۇ. باشقا ئەخلاق تۈرلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.



## 2. ياخشى مۇھىت ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەت

پەزىلەتلىك جەمئىيەت ـــ ئىنسانىي خىسلەتلەرنى، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىي پەزىلەتلەرنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەم قىلغان، ياخشى قىلىق ۋە ياخشى ئادەتلەرنى ياقتۇرىدىغان، يامان ئادەت ۋە يامان قىلىقلارنى، شۇنداقلا ناچار ئەخلاقلارنى يامان كۆرىدىغان ئىنسانلار توپلىمىدىن تەركىب تاپقان جامائەتچىلىكتۇر.

پەزىلەتلىك جەمئىيەت «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾ دېگەن ئايەتتە ماختالغان ئىنسانلار ياشايدىغان جەمئىيەتتۇر.

ياخشى مۇھىت ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەتكە چۆكۈپ شۇ جەمئىيەت ئىنسانلىرى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

بىلەن بىرگە ياشاش ئارقىلىق شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەخلاق ــ پەزىلەتلىرىنى، ياخشى ئادەتلىرىنى ئۆگىنىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ۋە شۇ جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىنى ۋە ئەخلاقىنى ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا قوبۇل قىلىدۇ، شۇ جەمئىيەت كىشىلىرى ياقتۇرغاننى ياقتۇرىدىغان، ئۇلار يامان كۆرگەننى يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىدىكى ئەخلاق ــ پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرىدۇ.

تىلىدا راستچىللىق، ئادىتىدە ۋاپادارلىق، مۇئامىلىسىدە ئادالەتپەرۋەرلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئۈلگىلىك بىر جەمئىيەتتە ياشىغان ئادەم ئۈچۈن بۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئېسىل ئادەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئاسانغا توختىمايدۇ. كۆڭلى خالىمىسىمۇ بۇ ئادەتلەرگە ئۆزىنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرىدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئۇ شۇ جەمئىيەتكە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلار قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن: بېخىل ئىنساندىن بىرى ئەخلاق ــ پەزىلەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك بىر جەمئىيەتتە ياشىسا، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ سېخىيلىقىدىن مەلۇم مىقدارنى ئۆزىگە يەرلەشتۈرەلەيدۇ.

قورقۇنچاق بىرى قورقۇشنى بىلمەيدىغان بىر جەمئىيەت كىشىلىرى بىلەن ياشاش ئارقىلىق ئۆزىدىكى قورقۇنچاقلىق نىسبىتىنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ.

ئەكسىچە، ئەخلاق ــ پەزىلەتتىن نېسىۋىسى بولمىغان جەمئىيەتتە ياشىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ جەمئىيەتنىڭ يامان ئادەتلىرى ۋە ناچار ئەخلاقلىرىنى بىلىپ ــ بىلمەي قوبۇل قىلغانلىقتىن گۈزەل ئەخلاقتىن مەھرۇم قالىدۇ.

## 3. ياخشى ئۈلگە

ياخشى ئۈلگە ــ ئەخلاق ــ پەزىلەت ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدىغان ئەمەلىي ئۈلگە دېمەكتۇر. بۇنداق ئۈلگە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغىلى بولىدىغان ھېسسىي ئۈلگە بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئىش ــ ئىزلىرىنى ۋە سۈرىتىنى تارىخلاردىن، قىسسىلەردىن ئوقۇش ئارقىلىق زېھنىلەرگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان مەنىۋى ئۈلگە ھەم بولالايدۇ.

ياخشى ئۈلگە شەخسلەر ئۈچۈن ئۈلگىلىك شەخسلەردىن، كوللېكتىپ ئۈچۈن ئۈلگىلىك جامائەتتىن تەسىرات ئېلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

# شەيتاننىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى

«ئىبلىس» دېگەن ئىسىم قۇرئان كەرىمدە 11 ئورۇندا، شەيتان دېگەن ئىسىم بىرلىك ۋە كۆپلۈك لەۋزى بىلەن 88 ئورۇندا زىكىر قىلىنغان. «ئىبلىس» ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغان، ئۇنىڭ «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان گەدەنكەش مەخلۇققا قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، «شەيتانلار» ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرىدۇر. شەيتانلار ئىنسانلارنىڭ ئەشەددىي دۇشمەنلىرى نولۇپ، قەدىمدە ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دۇشمەن بولغان بولسا، شۇنىڭدىن كېيىن شەيتانلار ئىنسانلارنىڭ دۇشمەنلىرى بولۇپ كەلمەكتە. ئاللاھ تائالا بىزنى شەيتانلارغا ئەگەشمەسلىككە، ئۇلارنىڭ ھىيلە- مىكىرلىرىگە ئالدانماسلىققا ۋە شەيتانلارنى دۇشمەن تۇتۇشقا بۇيرۇغان.

ئەرەب تىلىدا «شەيتان» دېگەن سۆز توغرا يولدىن قەستەن چىقىپ كەتكەن ئازغۇن ۋە ئادۇرغۇچىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ تەبىرى بويىچە، شەيتان ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، جىن شەيتان، يەنە بىرى ئادىمىي شەيتان. جىن شەيتانلار كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن ئازدۇرغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغانلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئادىمىي شەيتانلارنىڭ ئاساسلىق ئىشى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكەنلىرىگە زىت كېلىدىغان ئېقىم ۋە يوللارنى پەيدا قىلىپ، كىشىلەرگە خاتانى توغرا، باتىلنى ھەقىقەت، گۇناھنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ ئادەم ئەۋلادى بىلەن ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي توقۇنۇش ۋە دۇشمەنلىكنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئادىمىي شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارغا بولغان دۇشمەنلىكى جىن شەيتانلارنىڭ دۇشمەنلىكىدىن كۈچلۈكتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ‹ئى ئەبۇ زەر! جىن شەيتانلارنىڭ ۋە ئادىمىي شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىدىن پاناھ تىلىگىن› دېگەندە، مەن ‹يارەسۇلۇللاھ! ئادىمىي شەيتانلارمۇ بارمۇ؟› دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ھەئە، ئادىمىي شەيتانلار جىن شەيتانلاردىن ياماندۇر›

دېدى»[1].

شەيتانلار ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىش ۋە گۇناھ، يامان ئىشلارنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىشتىن باشقىسىنى قىلالمايدۇ. شەيتانغا ئەگەشكەن ئىنسان خاتالىقلارنى، گۇناھ — مەسىيەتلەرنى ۋە بارچە يامانلىقلارنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قىلغانلىرىدىن پەقەت ئۆزىلا جاۋابكار بولىدۇ، شەيتانغا بۇلاردىن ھېچ نەرسىنى يۈكلىيەلمەيدۇ. چۈنكى ئازدۇرغان شەيتان بولسىمۇ، گۇناھنى ئىشلىگەن ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر.

ئىسلام مەنبەلىرىدە شەيتان ھەققىدە كۆپلىگەن ھەقىقەتلەر بار. ئۇلارنىڭ قىسقىچە بايانى تۆۋەندىكىچە:

*بىرىنچى ھەقىقەت*



شەيتان ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. پەقەت شەيتانغا ئەگىشىپ، ئىختىيارىي ھالدا ئۆزىنىڭ تىزگىنىنى شەيتاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسقا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: «إِنَّ عِبَادِيْ لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ إِلاَّ مَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْغَاوِيْنَ﴾ «مېنىڭ بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقىڭ يوق. پەقەت ئازغۇنلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[2] شۇ سەۋەبتىن شەيتان قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە بۇ ھەقىقەتنى ئېلان قىلىدۇ ۋە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. مۇنۇ ئايەت بۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىدۇ:

﴿وَقَالَ الشَّيْطَانُ لَمَّا قُضِيَ الأَمْرُ إِنَّ اللَّهَ وَعَدَكُمْ وَعْدَ الْحَقِّ وَوَعَدتُّكُمْ فَأَخْلَفْتُكُمْ وَمَا كَانَ لِيَ عَلَيْكُم مِّنْ سُلْطَانٍ إِلاَّ أَنْ دَعَوْتُكُمْ فَاسْتَجَبْتُمْ لِيْ فَلاَ تَلُوْمُوْنِيْ وَلُومُواْ أَنْفُسَكُمْ مَّا أَنَا بِمُصْرِخِكُمْ وَمَا أَنْتُمْ بِمُصْرِخِيَّ إِنِّيْ كَفَرْتُ بِمَا أَشْرَكْتُمُوْنِ مِنْ قَبْلُ إِنَّ الظَّالِمِيْنَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيْمٌ»﴾ (ھېساب ئېلىش ئىشى ئاخىرلىشىپ) ئىش پۈتكەندە، شەيتان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ۋەدىنى قىلغان ئىدى، مەنمۇ سىلەرگە ۋەدە قىلغان ئىدىم، ئەمما مەن (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم. زادى مېنىڭ سىلەرنى (كۇفرىغا زورلىغۇدەك) كۈچۈم يوق ئىدى. مەن پەقەت سىلەرنى دەۋەت قىلدىم، سىلەرمۇ (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر،

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] 15- سۈرە ھىجر 42- ئايەت

مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملارغا قاقشاتقۇچى ئازاب باردۇر» دەيدۇ»[1].

*ئىككىنچى ھەقىقەت*

شەيتاننىڭ قىلالايدىغىنى پەقەت ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭدىن كۆپرەكىگە شەيتاننىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. ئىنسان شەيتاننىڭ ئۇنى يامان ئىشلارنى قىلىشقا ۋەسۋەسە سالغانلىقىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلىدۇ، لېكىن ئىنسان ئۆز ــ ئۆزىنى بىر باھانىلەر بىلەن قاندۇرىدۇ- دە، شەيتان قىزىقتۇرغان گۇناھقا يۈزلىنىدۇ.

﴿إِنَّ الَّذِيْنَ ارْتَدُّوْا عَلَى أَدْبَارِهِمْ مِّنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْهُدَى الشَّيْطَانُ سَوَّلَ لَهُمْ وَأَمْلَى لَهُمْ﴾ «توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتىۋالغانلارغا (ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى) شەيتان چىرايلىق كۆرسەتتى، ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى(يالغان ۋەدىلەر بىلەن) تىنىدۇردى»[2].

*ئۈچىنچى ھەقىقەت*

ئاللاھ تائالا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ تۈرتكىلىرى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن شەيتانىنى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا بەلگىلىگەن[3].

## شەيتاننىڭ ۋەسۋەسلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ دىني چارىسى

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللّهِ إِنَّهُ سَمِيْعٌ عَلِيْمٌ ۞ إِنَّ الَّذِيْنَ اتَّقَواْ إِذَا مَسَّهُمْ طَائِفٌ مِّنَ الشَّيْطَانِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُمْ مُّبْصِرُوْنَ﴾ «ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، ھامان ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلىغۇچىدۇر ۋە بىلگۈچىدۇر. تەقۋادارلار شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ - دە، ھامان ھەقىقەتنى كۆرۈۋالىدۇ»[4].

([5])

[1] 14- سۈرە ئىبراھىم 22- ئايەت
[2] 47- سۈرە مۇھەممەد 25- ئايەت
[3] مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەننەكە مەيدانىينىڭ «ال خلاق ال سلامي » يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.
[4] 7- سۈرە ئەئراف 200- ، 201- ئايەتلەر

# غەپلەت ئادەمنىڭ ئەڭ قاراڭغۇلۇق چاغلىرىدۇر

غەپلەت — بىخەستەلىك، بىپەرۋالىق، غاپىللىق ۋە نادانلىق دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.[1] ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە سەييىد قۇتۇب غەپلەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «غەپلەت قەلبنى كاردىن چىقىرىدىغان نەرسە بولۇپ، غاپىل ئادەمنىڭ قەلبى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن بوشىتىلغان قەلبتۇر». دېمىسىمۇ، غەپلەتتىكى ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ سىرى ھەققىدە ئىزدەنمەيدۇ، مۇنداق ئادەم ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، نەگە بارىدىغانلىقى ۋە ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىسى نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ قويمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە غەپلەتتىكىلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: « ئۇلارنىڭ دىللىرى بار تۇرۇپ چۈشەنمەيدۇ، كۆزلىرى بار تۇرۇپ كۆرمەيدۇ، قۇلاقلىرى بار تۇرۇپ ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر»[2]، « ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى ئاتا قىلغان ئىدۇق. ئەمما ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە دىللىرى ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمىدى»[3]

ھاياتتا نۇرغۇن كىشىلەر بىر ئۆمۈر غەپلەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىپ ـ كەتكەنلىكىدىن تىلغا ئالغۇدەك، پەخىرلەنگۈدەك ۋە ئەسلەپ تۇرغۇدەك بىرەر ئىزى ياكى بىرەر خاتىرىسى قالمايدۇ. ئۇلار گويا دۇنياغا كەلمىگەندەكلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇلار قۇمغا سىڭىپ كەتكەن سۇدەكلا يەرگە سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ھېچكىم ئەسلىمەيدۇ. غەپلەت ئىنتايىن يامان ئىللەت بولۇپ، « قۇرئان كەرىم»دە غەپلەتتە قالغانلارنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەتلەر كەلگەن.

يەنە بەزى كىشىلەر ئۆمرىنىڭ كۆپرەك ۋاقتىنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ئۆمرىدە غەپلەتتىن ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىغا، مۇسۇلمانلىقىغا لايىق ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق، ئىلگىرىكى غەپلەتتىكى ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

[1] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 689 - بەت.

[2] ئەئراف سۈرىسى: 179 - ئايەت.

[3] ئەھقاف سۈرىسى: 26 - ئايەت.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر بېلىقچى بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە دېڭىز بويىغا چىقىپ، كۈنلۈك ئىشىنى قۇياشنىڭ چىقىشى بىلەن باشلايدىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەنرەك چىقىپ قاپتۇ، ئەتراپ قاراڭغۇلۇق ئىكەن. بېلىقچى دېڭىز بويىدا كېتىپ بارغىنىدا، ئۇ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ. يەرگە ئېگىلىپ پۇتىغا پۇتلاشقان نەرسىنى ئالسا، ئۇ بىر خالتا ئۇششاق تاش ئىكەن. بېلىقچى قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش جەريانىدا، ھېلىقى خالتىدىكى ئۇششاق تاشلارنى بىر تالدىن دېڭىزغا ئېتىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ. بېلىقچى ھەربىر تاشنى دېڭىزغا ئاتقىنىدا، ئۇنىڭدىن چىققان «چۇلۇق، چۇلۇق» ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىرقى تاشنى ئاتقان ۋاقىتتا قۇياش چىقىپ ئەتراپ يورۇشقا باشلاپتۇ، بېلىقچى قولىدىكى ئاتماقچى بولغان ئاخىرقى تاشقا قارىسا، ئۇ يالتىراپ تۇرارمىش. بېلىقچى توختاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىنچىلەپ قارىسا، ئۇ ئالماس ئىكەن. ئۇ سەھەردىن بېرى قاراڭغۇلۇقتا دېڭىزغا ئاتقان تاشلارنىڭ ھەممىسى تاش ئەمەس، ئالماس ئىكەن. شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تولىمۇ غەپلەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپتۇ ۋە قولىدا ساقلىنىپ قالغان شۇ بىر تال ئالماستىن پايدىلىنىپ ئائىلىسىنى بەختلىك قىلىش قارارىغا كەپتۇ. چۈنكى بۇ بېلىقچى ئۆتكەنگە ھەسرەت چەككەنىنىڭ پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى، قولىدا بار پۇرسەتتىن پايدىلىنىش ئەڭ ھېكمەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن.

بىز ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىزنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە قادىر ئەمەسمىز. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چەكسەك ئۆزىمىزگە زىيان سالىمىز. شۇڭا قېپقالغان ئۆمرىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشساقلا شۇ بىزگە يېتەرلىكتۇر.

# قۇربانلىق ۋە بىز

ئەرەب تىلىدىكى «قُرْبَان» (قۇربان) دېگەن سۆز «قُرْب» يەنى (يېقىنلىق) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ئاتاشنى ئىپادىلەيدۇ. مەيلى قوي بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىش بولسۇن ياكى باشقا تۈرلۈك بولسۇن، ئۆزىنىڭ پۇل- مېلىدىن بىر نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا سەرپ قىلىش ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىدە بۇيرۇلۇپ كەلگەن قەدىمىي ئىبادەت بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالاغا بولغان تەقۋالىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قابىل ۋە ھابىل ئىسىملىك ئىككى ئوغلىقىنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ابْنَيْ آدَمَ بِالْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا فَتُقُبِّلَ مِنْ أَحَدِهِمَا وَلَمْ يُتَقَبَّلْ مِنَ الْآخَرِ قَالَ لَأَقْتُلَنَّكَ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللَّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ . لَئِنْ بَسَطْتَ إِلَيَّ يَدَكَ لِتَقْتُلَنِي مَا أَنَا بِبَاسِطٍ يَدِيَ إِلَيْكَ لِأَقْتُلَكَ إِنِّي أَخَافُ اللَّهَ رَبَّ الْعَالَمِينَ . إِنِّي أُرِيدُ أَنْ تَبُوءَ بِإِثْمِي وَإِثْمِكَ فَتَكُونَ مِنْ أَصْحَابِ النَّارِ وَذَٰلِكَ جَزَاءُ الظَّالِمِينَ . فَطَوَّعَتْ لَهُ نَفْسُهُ قَتْلَ أَخِيهِ فَقَتَلَهُ فَأَصْبَحَ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئادەمنىڭ (ھابىل ۋە قابىل) ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنى ئەينەن بايان قىلىپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرى (يەنى ھابىل)نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرى (يەنى قابىل) نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا): «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن» دېۋىدى، (ھابىل) ئېيتتى: «ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇڭنى سوزۇدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇمنى سوزغۇچى ئەمەسمەن. چۈنكى مەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن. مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ مېنىڭ گۇناھىمنى ۋە ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، زالىملارنىڭ جازاسى شۇدۇر». نىھايەت ئۇ (قابىل)نىڭ نەپسى خاھىشى ئۇنى قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قۇتراتتى ــ دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى»[1] ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرى بۇ قىسسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «قابىل دېھقان ئىدى، ھابىل بولسا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ئاللاھ تائالا ئۈچۈن

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 26- 30- ئايەتلەر.

ئاتىغىنىنى تەقدىم قىلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، هابىل ئەڭ ياخشى ۋە سېمىز بىر قوچقارنى چىن كۆڭلىدىن ئاتاپ تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولغانلىقتىن ۋە ئۆزىنىڭ تەقۋالىقىدىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئاتىغىنىنى قوبۇل قىلدى. قابىل بولسا ئاشلىقنىڭ ئەڭ ناچارلىرىنى ئاتاپ تەقدىم قىلىۋى، ئۇنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولمىغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئاتىغىنىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ زامانلاردا ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئاتالغان نەرسە مەيدانغا توپلاپ قويۇلاتتى. ئۇ نەرسە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قوبۇل بولغان بولسا، ئاسماندىن بىر ئوت كېلىپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتەتتى، قوبۇل بولمىغان بولسا، شۇ پېتى تۇراتتى. كېيىنكى ۋەقەلىك ئاللاھ تائالا ‹قۇرئان كەرىم› دە بايان قىلغاندەك بولدى»[1].

ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن بىر سىناق بولغاندەك، قۇربانلىق قىلىشمۇ سىناقتۇر. ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَبَشَّرْنَاهُ بِغُلَامٍ حَلِيمٍ. فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ السَّعْىَ قَالَ يَا بُنَىَّ إِنِّى أَرَى فِى الْمَنَامِ أَنِّى أَذْبَحُكَ فَانْظُرْ مَاذَا تَرَى قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِى إِنْ شَاءَ اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ. فَلَمَّا أَسْلَمَا وَتَلَّهُ لِلْجَبِينِ. وَنَادَيْنَاهُ أَنْ يَا إِبْرَاهِيمُ . قَدْ صَدَّقْتَ الرُّؤْيَا إِنَّا كَذَلِكَ نَجْزِى الْمُحْسِنِينَ. إِنَّ هَذَا لَهُوَ الْبَلَاءُ الْمُبِينُ﴾ «شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ (ئوغۇل) ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! قانداق قارايسەن؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! سەن نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋر قىلغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن». ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنۇپ، (ئىبراھىم ئۇنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنىچە ياتقۇزغان ۋاقتىتا، بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! سەن راستتىنلا ئۇ چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ. بىز ھەقىقەتەن (ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. شەكسىزكى، بۇ ناھايىتى ئوچۇق بىر سىناقتۇر» دەپ نىدا قىلدۇق.[2]

## قۇربانلىق سىمۋول، تەقۋالىق مەقسەتتۇر

ھاجىلارنىڭ ھەج جەريانىدا قۇربانلىق قىلىش، ھەجدە بولمىغانلارنىڭ قۇربان ھېيتى مۇناسىۋىتى بىلەن قۇربانلىق قىلىش ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىخلاسنىڭ، مۇھەببەتنىڭ، ئىتائەتچانلىقنىڭ ۋە تەقۋالىقنىڭ ئەمەلدىكى كۆرسىتىلىشىدۇر. ﴿لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ﴾ «ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى

[1] «تفسير الطبري» 10 ـ توم، 202 ـ 203 ـ بەت، 11705 ـ ھەدىس.

[2] سافقات سۈرىسى: 101 ـ 106 ـ ئايەتلەر.

ياكى قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىپ بارىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر.[1] «بۇ ئايەت شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇكى، بەزى كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولۇشنى كۆزلىمەي، پەقەت ئابرۇي تېپىش ياكى سەندىن مەن قالارمەنمۇ دېگەندەك مەنمەنچىلىك قىلىش ئۈچۈن مال بوغۇزلاپ كۆز- كۆز قىلىشى تەقۋالىقنىڭ ئىپادىسى بولمىغاندەك، تۇرمۇش خىراجىتىدىن بىرەر مال سېتىۋېلىپ قۇربانلىق قىلغۇدەك پۇل ئاشۇرالمىغان مۇئمىن بەندىنىڭ قۇربانلىق قىلمىغانلىقى ئۇنىڭ تەقۋا ئەمەسلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. مۇھىم بولغىنى ئىخلاستۇر.

## قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئۆلىمالار قۇربانلىقنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ۋاجىپ دېگەن، يەنە بەزىسى سۈننەت دېگەن. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇفتىسى ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز «قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە قۇربانلىق قىلىشى تەكىتلىك سۈننەتتۇر»[2] دەپ پەتىۋا بەرگەن. تەكىتلىك سۈننەت— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىرىسىز تەرك ئەتمىگەن ۋە داۋاملىق قىلىپ كەلگەن ئەمەلنى كۆرسىتىدۇ. سۈننەت ئەمەللىرىنى قىلسا ساۋاب بولىدۇ، ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىقنى ئاشۇرىدۇ، قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ.

## قۇربانلىقنى كىملەر قىلىدۇ؟

ئائىلە ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان ئىقتىسادى بار كىشىلەرنىڭ قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە بىرەر قوي ياكى بىرەر ئۆچكە قۇربانلىق قىلىشى سۈننەتتۇر.

ئەمما ھاجىلاردىن ھەج تەمەتتۇئ (بەھرىمەن ھەج، يەنى ھەج ئايلىرىدا مەككىگە بېرىپ، ئۆمرە قىلغان، ئاندىن زۇلھەججىنىڭ 8- كۈنى ھەجگە ئېھرام باغلىغان) ۋە ھەج قىران (ئۇلانما ھەج، يەنى ئۆمرىگە باغلىغان ئېھرامدىن چىقماي تۇرۇپ ھەجنىمۇ قىلغان) كىشىلەرنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىپتۇر. ئەمما قۇربانلىق قىلمىغان ئادەمنىڭ ھەججىسى بۇزۇلمايدۇ، پەقەتلا نۇقسان يېتىدۇ. قۇربانلىق مال تاپالماي ياكى يوقسۇللۇقتىن قۇربانلىق قىلالمىغان ھاجى ئەرەفاتتىن باشقا كۈنلەردە ئۈچ كۈن، ۋەتىنىگە قايتقاندىن يەتتە كۈن، جەمئىي ئون كۈن روزا تۇتۇش ئارقىلىق قۇربانلىق قىلالمىغانلىقتىكى نۇقسانىنى يۇيۇۋېتەلەيدۇ.

---

[1] ھەج سۈرىسى: 37- ئايەت.

[2] «مجموع فتاوى ومقالات الشيخ ابن باز» 18- توم، 37- بەت.

بىر قوي قۇربانلىق قىلىش بىر ئائىلىگە كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى ئىككى قوچقار قۇربانلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ بىرىنى ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن، يەنە بىرى پۈتكۈل ئۈممەتلىرى ئۈچۈن قىلاتتى. بۇنىڭغا بىنائەن، بىراۋنىڭ قىلغان قۇربانلىقى ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۈچۈن كۇپايە قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ھەممىسىگە بىر قوي كۇپايە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن قىلغان بۇ قۇربانلىقى ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدىكى بارلىق پېقىرلار ئۈچۈن تا قىيامەتكىچە كۇپايىدۇ. شۇڭا، پېقىرلارغا قۇربانلىق قىلىش بۇيرۇلمىغان.

## قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى

قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى: ھېيتنىڭ 1- كۈنىئەتىگەندىن باشلىنىپ 3- كۈنى ناماز ئەسىرنىڭ ۋاقتىغىچە داۋام قىلىدۇ.

## قۇربانلىق ماللارنىڭ ياش ۋە سۈپەت ئۆلچىمى

قۇربانلىق ئۈچۈن قويدىن ئالتە ئايلىقتىن چوڭ بولغىنى، ئۆچكىدىن بىر ياشقا كىرگىنى، كالىدىن ئىككى ياشقا كىرگىنى، تۆگىدىن بەش ياشقا كىرگىنى قوبۇل قىلىنىدۇ. قۇربانلىقتا بىر قوي ياكى بىر ئۆچكە بىر ئادەم ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ. بىر كالا ياكى بىر تۆگە يەتتە ئادەم ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ.

## قۇربانلىقنى تەقسىم قىلىش

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ﴿فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْبَائِسَ الْفَقِيرَ﴾ «سىلەر قۇربانلىقىڭلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، قىيىن ئەھۋالدىكى موھتاجلارغا بېرىڭلار»[1] دەپ بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇربانلىقىڭلارنى يەڭلار، ساقلاڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۆلىمالار قۇربانلىقنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدە يېيىشىنى، يەنە بىر بۆلىكىنى مېھمانلارغا سەرپ قىلىشىنى، قالغان بۆلىكىنى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئەمدى ھەج جەريانىدىكى قۇربانلىققا كەلسەك، ئۆزىنىڭ يېسىمۇ بولىدۇ، يېمەي

[1] ھەج سۈرىسى:28- ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ھەممىنى پېقىرلارغا تارقىتىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما پېقىرلارغا ئازراقىنى بولسىمۇ تارقىتىش پەرزدۇر. پېقىرلارغا تارقىتىش بىلەن ئۆزىمۇ بىرگە يېيىش ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى ۋە باراۋەرلىكنى ھېس قىلدۇرىدىغان ياخشى ئىشتۇر. ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «قۇربانلىقنىڭ گۆشى بىلەن پېقىرلارنى غىزالاندۇرۇش پەرز، ئۆزىمۇ يېيىش مۇباھتۇر. گۆشنىڭ ھەممىسىنى پېقىرلارغا تارقىتىۋەتسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يەۋەتسە ئادا تاپمايدۇ. بۇ ھەجدىكى قۇربانلىقنىڭ گۆشىنىڭ ھۆكمىدۇر. ئەمما ھەج ئىبادىتىنى ئورۇنداش جەريانىدا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىق تۈپەيلىدىن قان كەلگەن بولسا ياكى كەپارەت ئۈچۈن قان قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ گۆشىدىن ئۆزى يېمەيدۇ، ھەممىسىنى پېقىرلارغا تارقىتىش پەرزدۇر»[1].

## قۇربانلىق گۆشتىن بايلارغا ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەرگىمۇ بېرىش

قۇربانلىق مالنىڭ گۆشىدىن تۇغقانلارغا، قوشنىلارغا تارقىتىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى قۇربانلىق بولسۇن ياكى باشقا مەقسەت بىلەن بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشى بولسۇن، ئاۋۋال قوشنىلىرىغا، پېقىرلارغا ۋە تۇغقانلىرىغا تارقىتاتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ يەھۇدىي قوشنىسىغىمۇ تارقىتاتتى ۋە ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى ئائىلىسىدىكىلەرگە تەۋسىيە قىلىپ تۇراتتى.



## قۇربانلىق گۆشتىن باي قوشنىغىمۇ بېرىش

قوشنىلارنىڭ ئىچىدە بايلارمۇ بولىدۇ، پېقىرلارمۇ بولىدۇ، شۇنىڭدەك، تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە بايلارمۇ بولىدۇ، پېقىرلارمۇ بولىدۇ. قۇربانلىق گۆشىنى تارقىتىش ئىشىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باي، كەمبەغەل دەپ ئايرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ھەدىيەنىڭ ئورنىدىكى بىر تارقىتىشتۇر. قۇربانلىق گۆشىنى قوشنىلارغا ۋە تۇغقانلارغا تارقىتىش ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوشنىدارلىق رىشتىسىنى كۈچەيتىشكە، مېھىر - مۇھەببەتنى ئاشۇرۇشقا ۋەسىلە بولىدۇ. پېقىر قوشنىلارغا بېرىلگىنى سەدىقە، باي قوشنىلارغا بېرىلگىنى ھەدىيە ئورنىدا بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھەدىيە قىلىشىڭلار مۇھەببىتىڭلار ئاشىدۇ» [2]دەپ كۆرسەتكەن.

---

[1] «التفسير الواضح» 2- توم، 582- بەت.

[2] «الأدب المفرد للبخاري» 594- ھەدىس.

## باي بولسىڭىزمۇ ئېلىڭ

سىز قانچىلىك چوڭ باي بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، قوشنىڭىزنىڭ تارقاتقان قۇربانلىق گۆشىنى ياكى ھەدىيەسىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىشىڭىز لازىم. «مەن بىر قانچە قوي بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلغان ۋە باشقىلارغىمۇ ياردەم قولۇمنى سوزغان باي تۇرسام، ماۋۇ قوشنا مېنى پېقىر دەپ ئويلاپ قالدىمۇ نېمە؟» دېيىش مۇتەكەببىرلىكتۇر. چۈنكى سىزگە تارقىتىلغان گۆش سەدىقە ئەمەس، بەلكى ھەدىيە. ھەدىيەنى قوبۇل قىلىش ئىسلامىي ئەخلاقنىڭ بىر پارچىسىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلاتتى. بىزنىڭ دىنىمىز مۇسۇلمانلارنى ھەربىر پۇرسەتتە ئۆز ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى ۋە يېقىنلىقنى ئاشۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. قۇربانلىق گۆشىنى تارقىتىش، ھېيت، ئايەملەردە بىر- بىرىنى زىيارەت قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆز ئارىسىدا مۇھەببەتنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسەتلىرىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم ئەقىللىق بولىدۇ ۋە پۇرسەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىدۇ.

## «قۇرئان كەرىم» رىسالە بىلەن مۆجىزىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان كىتابتۇر

»قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلگىرىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە باشقا ساماۋى كىتابلارغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ رىسا بىلەن مۆجىزىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانلىقى ئىدى. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»مۇ باشقا ساماۋى كىتابلارغا ئوخشاش كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا باشلايدۇ، ئۇلارغا ھىدايەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى قانداق يېڭىشنى ئۆگىتىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ رىسالە تەرىپى، ئەمما ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردىن ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان تەرىپى ئۇنىڭ مۆجىزىسى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئۇستۇنلىكى، ئەسىرلەردىن بېرى بۇرمىلىنىشتىن ۋە ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلىنىپ قالغانلىقى، كۆرسەتمىلىرىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ ئىكەنلىكى ۋە دىللارنى مايىل قىلىشتىكى سېھرىي كۈچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، روھىيىتىنى يېڭىلاش ۋە مەنىۋى قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش، ۋىجدانىنى ئويغىتىشقا ئوخشىغان كاتتا مۆجىزىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ مۆجىزىسى دىللارنى ياشارتىدىغان، ئۆلگەن قەلبلەرنى تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئابىي ھايات بېغىشلايدىغان مۆجىزىدۇر. »(ئەسلىدە مەنىۋى جەھەتتىن) ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى (ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا يۈرەلەيدىغان نۇر بەرگەن ئادەم بىلەن زۇلمەتلەر ئىچىدە قېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟».[1]

«قۇرئان كەرىم»نىڭ رىسالىسى كىشىلەرگە ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ مۆجىزىسى كىشىلەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ توغرا يولغا كىرگۈزۈش، ئۇلارنى جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن چىقىرىپ، ئىماننىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئىككى چوڭ ۋەزىپىسىنى بايان قىلغان ئايەتلەرمۇ

[1] ئەنئام سۈرىسى 122 ـ ئايەت.

كۆپتۇر. مەسىلەن: مائىدە سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرگە كىتابىڭلاردا سىلەر يوشۇرغان نەرسىلەرنىڭ نۇرغۇنىنى ئاشكارا بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە نۇرغۇنىنى(پايدىسى بولمىغانلىقتىن بايان قىلماي) ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەلچىمىز كەلدى، ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى. ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى ئىزدىگەنلەرنى نىجاتلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ»[1]. بۇ ئايەتلەردە «قۇرئان كەرىم»نىڭ رىسالىسىدىن ئىبارەت كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ۋەزىپىسى بىلەن ئۇنىڭ مۆجىزىسىدىن كىشىلەرنى قاراڭغۇلۇقلاردىن چىقىرىش ۋەزىپىسى ئېنىق بايان قىلىنغان.

چۈنكى، ھىدايەتكە باشلاش، ئۇنىڭغا چاقىرىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرى نورمالدا، ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما كىشىلەرنى كۇفرى ۋە زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش ئىشى كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئۇلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئېنېرگىيەنى يارىتىش ۋە ئۇنى قوزغىتىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسىدىن باشقىسى ئورۇندىيالمايدۇ.

[1] مائىدە سۈرىسى 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر.

# قۇرئان كەرىم» بىرلا ۋاقىتتا ئەقلىغا ۋە ھېسسىياتقا خىتاب قىلىدىغان كىتابتۇر

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ چوڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئەقىل بىلەن ھېسسىياتقا خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەقلىغا خىتاب قىلىپ ئۇنى قايىل قىلىدۇ ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ خىتاب ھېسسىياتقا تەسىر قىلىپ، ئۇنى قوزغىتىدۇ، ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ ۋە ئىچكى ئېنېرگىيىنى ئويغىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قايىللىق بىلەن ئويغىنىش مۇستەھكەم ئىمانغا ئايلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن باشقا سۆزلەر ئىنساندا بۇنداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمايدۇ.

دۇنيادا كىشىلەرنى ھەر قانداق بىر پىكىرگە ياكى ئېقىمغا چاقىرىدىغانلار ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەقلىنى قايىل قىلىدۇ. ئەمما بۇ قايىللىق قەلبتە ئورۇنلىشىپ ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلارنى تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئىگە بولالمىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى كونترولى ئاستىغا ئالالمىغانلىقىدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇنداق قىلالىشى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغانلىقىدىن ئىدى.

دوكتور مۇھەممەد ئابدۇللا دىراز مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىنساندا تەپەككۇر قۇۋۋىتى ۋە ۋىجدان قۇۋۋىتى دەپ ئىككى خىل قۇۋۋەت بار بولۇپ، ئىنساننىڭ بۇ ئىككىسىگە بولغان ئېھتىياجى ئايرىم-ئايرىم ئېھتىياجلاردىندۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى ھەقىقەتنى تونۇشقا ياردەم قىلىدۇ، يەنە تەسىرات ئاتا قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ تەپەككۇر بىلەن ۋىجداندىن ئىبارەت بۇ قۇۋۋەت ئىنسانغا خۇددى قۇشلارنى ئۇپۇقلارنى پەرۋاز قىلدۇرىدىغان ئىككى قاناتقا ئوخشاش خىزمەت قىلىدۇ. بىز ئۆلىمالارنىڭ، ئەدىبلەرنىڭ ۋە شائىرلارنىڭ سۆزلىرىنى بىلىمىز. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئاشۇرۇۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كەمچىل قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ۋىجدانىي تەرەپتە مۇكەممەل بولسا، پىكرىي تەرەپتىن يېتەرسىز قالىدۇ. پىكرىي تەرەپتىن مۇكەممەل بولسا، ۋىجدانىي تەرەپتىن ئاجىز كېلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپتىن مۇكەممەل بولالمايدۇ. سىز بىرەر ئەدىپنىڭ ئەسىرىنى

ياكى بىرەر شائىرنىڭ شېئىرىنى ئوقۇغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ بىرەر ئىلمىي نەزەرىيىنى ياكى بىرەر ئىشنىڭ يولىنى تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ئەقىلنى مەركەز قىلغان ئۇسلۇب ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئەگەر ئۇنىڭ كىشىلەردىن بىرە ئىشتىن نەپرەتلەندۈرۈش ياكى سۆيدۈرۈش ئۈچۈن كۈشكۈرتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ۋىجداننى مەركەز قىلغان ئۇسلۇب ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئەمما بىر ئۇسلۇب ۋە بىر يۆنىلىشتە كېتىپ بېرىپ ھەم ئەقلىي ھەم ۋىجدانىي ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاشلا مەركەز قىلغان ۋە ھەر ئىككىسىگە ئوخشاشلا خىتاب قىلغان ئۇسلۇبنى «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا ھېچبىر ئەسەردە تاپالمايسىز».

«قۇرئان كەرىم» ئەنە شۇنداق بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئەقىلنى ھەم ۋىجداننى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدىغان كىتابتۇر. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندە بىرلا ئايەتنى بىرگە ئوقۇپ چىقايلى:

ئاللاھ تائالا قىساس توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ئازاد ئادەم ئۈچۈن ئازاد ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن(قىساس ئېلىنىدۇ). قاتىل ئۈچۈن قېرىندىشى(يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى) تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا، (كەچۈرۈم قىلغۇچى قاتىلدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى، (قاتىلنىڭمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (قاتىلغا) ھۇجۇم قىلغان ئادەمگە قاتتىق ئازاب بار».[1]

ئايەتنى »ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دېگەن خىتاب بىلەن باشلاش مۇسۇلمانلارنى ئىتائەتچانلىققا ئۈندەيدىغان ئۇسۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۆمىنلەردىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ياكى ئېسىگە ئالغان ئادەم مۆمىنلەرگە لايىق ئىشلارنى قىلىشنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قانداقلا بىر ئەمر–پەرمانىنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنداش لازىملىقىنى ئەستىن چىقارمايدۇ.

ئايەتتىكى «قېرىندىشى» دېگەن سۆز مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىر–بىرىنى ئۆلتۈرۈشكىچە ئېلىپ بارغان زىددىيەتلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار دىنىي جەھەتتىن قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالدۇرۇش ئارقىلىق كەچۈرۈمچانلىققا ۋە بىر–بىرىنى ئەپۇ قىلىشقا ئۈندەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئايەتتىكى «چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى» دېگەن جۈملە بىلەن «ياخشىلىقچە

[1] بەقەرە سۈرىسى 178 - ئايەت.

بېرىشى» دېگەن جۈملىلەر ئۇدۇل ھېسسىياتقا خىتاب قىلغان جۈملىلەر بولۇپ، قىساس تەلەب قىلىنىدىغان مۇنداق قاتىللىق ۋەقەسىدە تەرەپلەرنى پەسكويىغا چۈشۈرۈش ۋە ئۇلارنى يۇمشاقلىققا ئۈندەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئايەتنىڭ «بۇ (ھۆكۈم) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر» دېگەن قىسمى ئاللاھ تائالاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بۇرچىنى خارتىلىتىش بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنى قاتىلغا قارىتا رەھىم-شەپقەتلىك بولۇپ، ئىمكانقەدەر دىيەتنى يېنىكلىتىشكە تەشەببۇس قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالامۇ بەندىلىرىگە ھەر ئىشتا يېنىكلىتىش ۋە رەھمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئىكەن، بەندىلەرمۇ بىر-بىرىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئايەتنىڭ ئاخىرى تەھدىت بىلەن ئاياقلاشقان. قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچكەنلەر ناۋادا سۆزىدىن يېنىۋېلىپ قاتىلنى ئۆلتۈرىۋەتسە ياكى قاتىل قىساستىن قۇتۇۋېلىپ ئۆزى ۋەدە قىلغان دىيەتنى بېرىشتىن باش تارتسا، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىدە ھەددىدىن ئاشقانلىق بولۇپ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، بىرلا قىساس ئايىتىدە، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئويغىتىش، ئەقلىنى ئىشقا سېلىش، كۆڭلىنى يۇمشىتىش، سىلىقلىققا چاقىرىش، شەپقەت قىلىشقا ئۈندەش ۋە ئاخىرىدا تەھدىت قاتارلىق ئۇسلۇبلار بىلەن قىساس مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. بۇنداق ئېسىل ۋە تەسىرلىك بايانىنى ئىنسانلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن قايسىبىر ئەسەردىن تاپقىلى بولسۇن؟!

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر ئاندا ئەقىل بىلەن ۋىجدان ھەر ئىككىسىگە خىتاب قىلغانلىقىنىڭ ئۆرنەكلىرى ئىنتايىن كۆپ. «قۇرئان كەرىم» ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئىنتايىن نازۇك بىر مەسىلىنى مەيلى ئۇنى ئوقۇغان كىشى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ھېچكىمنىڭ غۇرۇرىنى زىدىلىمەيدىغان ۋە ھەركىم راھەت ئوقۇيدىغان ئۇسۇل بىلەن بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە بىلىڭلاركى، سىلەر چوقۇم ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىسىلەر»[1].

[1] بەقەرە سۈرىسى 223- ئايەت.

# قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنىدىغا يېگانە كىتابتۇر

«قۇرئان كەرىم» ساماۋى كىتابلار ئىچىدە چىرايلىق تىلاۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغان يېگانە كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسى تىلاۋەت قىلىنمايتتى ۋە تىلاۋەت قىلىشقىمۇ بۇيرۇلمىغان. شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا بىرەر كىتابنى ئوقۇغانغا ساۋاب يېزىلمايدۇ. پەقەت «قۇرئان كەرىم»لا ئوقۇغانغىمۇ ساۋاب يېزىلىدىغان كىتابتۇر. مۇندىن باشقا يەنە بارچە ساماۋى كىتابلار بىر قېتىمدىلا چۈشكەن بولسا، «قۇرئان كەرىم» بىر قانچە باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا، ئاز-ئازدىن چۈشۈپ 23 يىلدا چۈشۈپ بولغان. بۇ ئۇنى قەلبلەردە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىدى. «كاپىرلار: ‹قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈلمىدى؟› دېدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق (يەنى پارچە ـ پارچە چۈشۈردۇق) ۋە ئۇنى دانە ـ دانە ئوقۇپ بەردۇق»[1].

379

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى ئىنتايىن ئاستا بولۇپ، ئەڭ ئاستا ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەمدىنمۇ ئاستا ئوقۇيتتى. تىلاۋەت ئەسناسىدا ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ، تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇيتتى. بەزى بىر ئايەتنى بىر انچە قېتىم تەكرارلاپ ئوقۇيتتى.

## قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن ئاساسلىق مەقسەت ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتۇر

قۇرئانى تىلاۋەت قىلغاننىڭ ساۋابى ئىنتايىن كۆپ. ھەتتا بىر ھەرپ ئوقۇغانغا 10 ساۋاب يېزىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر ساۋاب ئون ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. «ئەلىف، لام، مىم» نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى «ئەلىف» بىر ھەرپ، «لام» بىر ھەرپ، «مىم» بىر ھەرپتۇر» دەپ كۆرسەتكەن[2]. ئەمما قۇرئان ئوقۇغاننىڭ پايدىسىنى مۇشۇ دۇنيادا كۆرەي دېگەن ئادەم چوقۇم ئۇنى ئۇنىڭدىن تەسىر ئالغۇدەك دەرىجىدە ۋايىغا

[1] فۇرقان سۈرىسى32 ـ ئايەت.

[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

يەتكۈزۈپ تىلاۋەت قىلىشى كېرەك. ھازىرقى مۇسۇلمانلار ھەممىدىن بەك قۇرئاننىڭ تەسىرىگە مۇھتاج. ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئەڭ سەرخىلى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە قارىتىش مۆجىزىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى تەۋەلىرىنى قۇرئاننى ئاڭلاپ قېلىشتىن توسقان. «كاپىرلار: ‹سىلەر بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، (قۇرئان ئوقۇلغاندا غەلۋە قىلىپ) ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار، قۇرئاننى توسۇشتا) غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن› دېدى»[1].

بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھاياتىمىزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان دەرىجىدىكى زور تەسىرىگە ئېرىشەلمەستىن، ئۇنى قانچىلىك كۆپ تىلاۋەت قىلساقمۇ ئۇنىڭدىن كۆزلىگەن پايدىنى ئالالمايمىز. چۈنكى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىرى ئىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىشتىن بىرىنچى مەقسەت ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

قۇرئاننىڭ تەسىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئاز بولسىمۇ ھەر كۈنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشنى ئادات قىلىش، تىلاۋەت قىلغاندا، تىنچ ئورۇننى تاللاپ، ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك مىقداردا ئاۋازنى چىقىرىپ، ئالدىرىماي، مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇش لازىم. ئىمكانقەدەر قۇرئاننى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇش تولىمۇ ياخشىدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھېسسىياتنى ئۆرلىتىش، دىلنى يۇمشىتىش رولىغا ئىگە. بىرەر ئايەتتىن تەسىرات ھاسىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، شۇ ئايەتنى قايتا ــ قايتا ئوقۇشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئەگەر ئۇلارنى ئازابلىساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، ئەگەر ئۇلارنى ئەپۇ قىلساڭ، شەكسىزكى، سەن غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»[2] دېگەن ئايەتنى تەھەججۇد نامىزىدا بىر كېچە تەكرارلاپ چىققانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

## قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

قۇرئان ئوقۇشتا ۋە ئۇنى ئاڭلاشتا ساناپ بولغۇسىز ھۇزۇر ــ ھالاۋەت بار. ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالا ماڭا خىتاب قىلىۋاتىدۇ دېگەن ھېس ــ تۇيغۇغا كېلەلىگەن ئادەملا بايقىيالايدۇ. مەسىلەن: «يەر يۈزىدە غادىيىپ ماڭمىغىن»[3]، «نەپسى

[1] مائىدە سۈرىسى118 - ئايەت.

[2] لۇقمان سۈرىسى18 - ئايەت.

[3] ساد سۈرىسى26 - ئايەت.

خاھىشقا ئەگەشمىگىن »[1]، «بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) مۇستەھكەم بولغىن»[2] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ئادەم بۇ سۆزلەرنى ئاللاھ تائالا ماڭا قارىتىپ سۆزلەۋاتىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان بويىچە بولۇۋاتامدۇ ياكى ئەكسىچە كېتىپ بارامدۇ؟ بۇنى بىلىدۇ ۋە ئۆزىنى ھەم ئەھۋالىنى بۇ ئايەتلەردە بۇيرۇلغان بويىچە توغرىلايدۇ.

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ «رەببىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟»[3]، «زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن»[9﴿ دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلىغاندا، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىنى ئورۇندىغان ئادەم «قۇرئان كەرىم»نىڭ پايدىسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرگەن بولىدۇ.

ئەبۇلھەسەن نەدەۋى[4] ئىسلام شائىرى مۇھەممەد ئىقبال[5] ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۇسلۇبى باشقىلارنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ مۇشۇ ئۇسلۇبىنىڭ بەرىكىتى بىلەن قۇرئاننىڭ ھالاۋىتىنى ئەڭ تولۇق تېتىيالىغان ۋە ئۇنىڭ سايىسىدا ھۇزۇرلۇق ھايات كەچۈرگەن شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر».



ئەللامە ئىقبال ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «مەن ھەر ئەتىگىنى بامدات نامىزىدىن كېيىن قۇرئان ئوقۇشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدىم. ھەر كۈنى دادام مەندىن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ دەپ سورايتتى. مەن «قۇرئان ئوقۇۋاتىمەن»دەپ جاۋاب بېرەتتىم. دادام ھەر كۈنى شۇ بىر خىل سوئالنىلا سورايدۇ، مەنمۇ شۇ بىر خىل جاۋابنىلا بېرىمەن. بىر كۈنى مەن دادامدىن «دادا ھەر كۈنى قۇرئان ئوقۇۋاتقىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە مەندىن نېمە قىلىۋاتقىنىمنى سوراشتىن

[1] شۇرا سۈرىسى15- ئايەت.

[2] فۇرقان سۈرىسى45- ئايەت.

[3] قەسەس سۈرىسى40- ئايەت.

[4] ئەبۇلھەسەن نەدەۋى ھىندىستانلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى، كۆپلىگە ئىسلام ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورىدۇر. 1913- يىلى ھىندىستاننىڭ شىمالىدا دۇنياغا كېلىپ 1999- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

[5] مۇھەممەد ئىقبال- ئىسلام مۇتەپەككۇرى، شائىر، پەيلاسوپ ۋە ئەدەب بولۇش سۈپىتى بىلەن ھىندىستان تەۋەسىدە، سۇنداقلا دۇنيادا زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن شەخس. ئۇ 1877- يىلى شۇ ۋاقىتتىكى ھىندىستاننىڭ پەنجاب ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە 1938- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. مۇھەممەد ئىقبال ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق مەيدانى چىڭ تۇرغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخلاق- پەزىلەتلىرى ؛ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن.

زېرىكمىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىۋىدىم. دادام ماڭا «بالام! مەن ساڭا قۇرئاننى خۇددى ساڭا چۈشكەندەك ئوقۇغىن دېكچى ئىدىم» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن قۇرئاننى خۇددى ئاللاھ تائالا ماڭا چۈشۈرگەندەك ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئۇنى چۈشىنىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ پارلاق نۇرىدىن ۋە جەۋھەرلىرىدىن مېنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىم بارلىققا كەلدى»[1].



[1] ئەبۇل ھەسەن نىنەدەۋىنىڭ« ئىقبال شېئىرلىرى»ناملىق ئەسىرى38- 39- بەتلەر.

## قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىر كۈچى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىر كۈچى پەۋقۇلئاددە كۈچ بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەرنىڭ تولىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەلبلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلىشتەك مۆجىزىسى بىلەن ئىمان ئېيتقان. ئىسلامغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سىڭلىسى تىلاۋەت قىلغان ئايەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ چىقىشى بىلەن بىردىنلا قەلبى ئېرىپ مۇسۇلمان بولغانلىقى ۋە مۇسۇلمان بولغىنىدىن كېيىن ئىسلامنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوغدىغۇلىرىدىن بىرى بولۇپ تارىختا قەيت قىلىنغانلىقى، جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاش بىلەن بىردىنلا پىكرى ئۆزگىرىپ ئىمان ئېيتقانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شام نامازىنىڭ پەرزىگە تۇر سۈرىسىدىن قىلغان تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ: <ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ ياق، ئۇلار ( ئەسلىدە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنمەيدۇ> دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، بىردىنلا دىلىم ئىمانغا كېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمۇمنى ھاياجان قاپلىۋالدى، قەلبىم خوشاللىقتىن ئۇچۇشقا ھازىر بولغاندەك بولۇپ قالغان ئىدى».

قۇرئاننىڭ تەسىرىدىن ئۇبادە ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نامازدا تۇرغىنىدا مۇشرىكلەرنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئوقياسى تېگىپ قانلىرى ئېقىپ تۇرسىمۇ، نامىزىنى بۇزمىغانلىقى ۋە قىرائىتىنى توختاتمىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن كەلگەن نەجرانلىق خرىستىئانلار ئۆمىكىمۇ ئاڭلىغان قۇرئاننىڭ تەسىرىدىن يىغلاپ كەتكەن. بۇ ۋەقەلىكنى «قۇرئان كەرىم» مۇنداق قىسسە قىلىدۇ: « ئۇلار پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن (ئايەتلەر) نى ئاڭلىغان چاغدا، ھەقىقەتنى تونۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (ھەقىقەتكە) گۇۋاھ بولغۇچىلار قاتارىدا

يازغىن»[1].

«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىرى ئىنسانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى جىنلارمۇ ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بامدات نامىزىغا ئوقۇغان قىرائىتىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ تەسىرىدىن مۇسۇلمان بولغان. «قۇرئان كەرىم» جىنلارنىڭ تىلىدىن قىسسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق»[2].

«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىر كۈچىنى ئىنسان ئەقلىنىڭ مۆلچەرلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا چۈشۈرگەن بولساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى ئىنسانلارغا تەپەككۇر قىلسۇن دەپ بايان قىلىۋاتىمىز»[3].

شۇنى كەسكىن ئېيتىمىزكى، قولىمىزدىكى قۇرئان ئىسلام مىللىتى مۇھتاج بولىۋاتقان مەنىۋى ئېنېرگىيىنىڭ ئۆزىدۇر. قاچانكى، بىز قۇرئاننى مەنىۋى كۈچ ــ قۇۋۋىتىمىزنىڭ مەنبىئى ۋە ئىچىمىزدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان روھىيەت بۇلىقىغا ئايلاندۇرالىساق، ئۇنىڭ ھەۋزى كەۋسىرى بىلەن روھىمىزنى تىرىلدۈرەلەيمىز ۋە قاششاقلىقتىن چۆلدەپ كەتكەن مەنىۋى ھاياتىمىزنى چوقۇم ياشارتالايمىز. نەتىجىدە، تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز.

بەزىلەر مۇنداق دېيىشى مۇمكىن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلارنىڭ قەلبىگە شۇنداق زور تەسىر قىلغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولالامسۇ؟

سەييىد قۇتۇپ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دەۋىتىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ مېۋە بېرىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات بولۇشىغا باغلىق بولىدىغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا بۇ دەۋەتنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئومۇم قىلمىغان، ئۇنى ساماۋى دىنلارنىڭ ئاخىرقىسى قىلمىغان ۋە تاقيامەتكىچە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى بۇ دىنغا باغلىمىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى قوغداشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئىسلام دەۋىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ تاقيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان ۋە مېۋىسىنى بېرىپ تۇرىدىغان قىلغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى 23 يىللىق دەۋەتتىن كېيىن ۋاپات

[1] مائىدە سۈرىسى83 - ئايەت.

[2] جىن سۈرىسى1 - 2 - ئايەتلەر.

[3] ھەشر سۈرىسى21 - ئايەت.

قىلدۇرغان بولسىمۇ، ئۇ باشلاپ بەرگەن ئىسلام دەۋىتى داۋام قىلماقتا.

ئىسلامنىڭ تۇنجى ئەۋلادلىرى بولغان ساھابىلارنى تۈپتىن ئۆزگەرتكەن مەنبە «قۇرئان كەرىم» دۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بولسا، بۇ مەنبەنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىر ئەسەردۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن سورالغىنىدا، «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[1] دېگەن[2].



[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] يولدىكى ئىشارەتلەر (مەئالىم فىتتەرىق)، 11 ـ 12 ـ بەتلەر.

# قۇرئان كەرىمدىكى ئىلمىي مۆجىزىلەر

## تاغلارنىڭ قوزۇق ئىكەنلىكى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «يەر يۈزىنى (سىلەر ئۈچۈن) بىسات قىلمىدۇقمۇ؟ تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟»[1] دەيدۇ. بىزنىڭ بۇ ئايەتلەردىن توختالماقچى بولغىنىمىز (قوزۇق) دېگەن سۆز بولۇپ، ئاللاھ تائالا تاغلارنى قوزۇققا ئوخشاتقان. بۇ ئايەت تاغلارنىڭ بىز كۆرۈۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى يەرگە قېقىلغان قوزۇققا ئوخشاش بولۇپ، خۇددى قوزۇق چېدىرلارنى بوران- چاپقۇنلارنىڭ ئۆرۈۋېتىشىدىن ساقلاپ قالغىنىدەك، زېمىننى تەۋرەپ كېتىشتىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

### *ئىلمىي ھەقىقەت*

ئىنسانلار ئون توققۇزىنچى ئەسىرگە كەلگۈچىلىك تاغلار توغرۇلۇق ھېچ نەرسە بىلمەيتتى، پەقەت تاغلارنى كۆپلىگەن تاشلاردىن تەركىپ تاپقان بىر ئىگىزلىك دەپلا بىلەتتى. ئۇلار تاغلارنىڭ ئاستىدا ئۆزىنىڭ سىرتتا كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسمىدىنمۇ ئۇزۇن بولغان قىسمى بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئىنسانلار گېيولوگىيە ئىلمىنىڭ سايىسىدا تاغلارنىڭ يەر يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسمىدىن نەچچە ھەسسە ئۇزۇنلۇقتا، ھەتتا ئۆزىدىن 15 ھەسسىگىچە ئۇزۇنلۇقتا يىلتىزى بارلىقىنى بايقاپ چىقتى. ھازىرقى ئىلىم- پەن يەنە زېمىن پوستىنىڭ بىر قانچە قەۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ قەۋەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىشى سەۋەبلىك يەر تەۋرەش ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى، تاغلارنىڭ يەر تەۋرىگەن چاغدا خۇددى قوزۇقلاردەك قادىلىپ تۇرۇپ زېمىن پوستىدىكى قەۋەتلەرنىڭ تەۋرەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى كەشىپ قىلغان.

### *قۇرئان كەرىم مۆجىزىسى*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ھېچكىم تاغلارنىڭ يەر ئاستىدىكى يىلتىزى

[1] نەبەئ سۈرىسى6- 7- ئايەتلەر.

ياكى زېمىننىڭ پوستى ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى پەقەت 19 ـ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەنلا ئۆگەندى. ئۇنداقتا، قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كىم ئېيتىپ بەرگەن؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك خەت يېزىشنى ياكى ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن بىر پەيغەمبەر بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى زادى نەدىن ئۆگەندى؟ بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمنىڭ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟!

## يەرنىڭ يېرىلىدىغانلىقى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «يېرىق زېمىن بىلەن قەسەمكى»[1] دەيدۇ. بۇ ئايەتتىن توختىلىدىغىنىمىز «يېرىق زېمىن» دېگەن سۆز بولۇپ، ئاللاھ تائالا يەرنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن، دەل ـ دەرەخلەرنى چىقىرىش بىلەن ۋە دېڭىز ـ ئوكيانلار بىلەن يېرىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

### *ئىلمىي ھەقىقەت*

زېمىننىڭ تاش پوستى بولۇپ، ئۇ زېمىندا ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر ئەھۋالدۇر. ھازىرقى ئىلىم ـ پەن زېمىننىڭ ھەر تەرىپىدىن يېرىق ھالىتىنى كەشپ قىلغان.

## زېمىننىڭ يېرىق بولغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىسى

زېمىندىكى بۇ يېرىقلار يەر ئاستىدىكى ھارارەتنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. ئەگەر زېمىندا مۇنداق يېرىق بولمىغان بولسا ئىدى، زېمىن ئىچىدىكى ھارارەت سەۋەبلىك پارتلاپ كەتكەن بولاتتى.

زېمىندىكى بۇ يېرىقلار ئارقىلىق يەر ئاستىدىكى گاز ۋە ھور قاتارلىقلار چىقىپ، زېمىننىڭ گاز ۋە سۇ قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەلۇمكى، ھاۋا بىلەن سۇ ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

زېمىندىكى بۇ يېرىقلار زېمىننىڭ تاش پوستىنى ۋە تاغ تىزمىلىرىنى ھاسىل قىلىشىغا ياردەمچى بولىدۇ، شۇنداقلا يەر يۈزىدە دېڭىز ۋە دەريالارنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق سۇنى يىراق جايلارغا ئېلىپ بېرىشقا ياردەمچى بولىدۇ.

زېمىندىكى بۇ يېرىقلار ئارقىلىق قىممەتلىك يەر ئاستى بايلىقلىرىنى چىقىرىشقا بولىدۇ.

---

[1] تارىق سۈرىسى: 12 ـ ئايەت.

### *قۇرئان كەرىم مۆجىزىسى*

ئاللاھ تائالا (يېرىق زېمىن بىلەن قەسەمكى) دېگەن سۆزى ئارقىلىق زېمىنىنىڭ ھەر تەرىپىدە يېرىقلارنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك كائىنات ھەقىقەتلىرىدىن بىرىگە ئىشارەت قىلغان. بۇ ھەقىقەتنى ئىنسانلار پەقەت ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن بېرى بىلىپ يەتكەن بولدى. ئەمما قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتكە مۇندىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئىشارەت قىلغان. ئەگەر قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولمايدىغان بولسا، ئىنسانلار ئىلىم ـ پەن سايىسىدا ئەمدىلا بىلىپ يەتكەن بۇ ھەقىقەتنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرى نەدىن بىلدى؟

## دېڭىزنىڭ ئىچكى دولقۇنلىرى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كاپىرلارنىڭ ھىدايەت نۇرىدىن يىراقلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى دېڭىزنىڭ ئىچىدىكى قاتمۇقات دولقۇنلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشىتىپ مۇنداق دېگەن: «ياكى (ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى) چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ شۇنداق قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاركى، ئىنسان قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاللاھ بىراۋغا نۇر ئاتا قىلمىسا، ئۇنىڭ يورۇقلۇقتىن نېسىۋىسى يوقتۇر»[1].

### *ئىلمى ھەقىقەت*

كىشىلەر دېڭىزلارنىڭ سۇ ئۈستى دولقۇنلىرىدىن باشقا ئىچكى دولقۇنلارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەيتتى، شۇنداقلا سۇ ئۈستى دولقونلىرىنىڭ يۇقىرىدىن چۈشكەن يورۇقلۇقنى توسۇۋېلىپ، سۇ تېگىدە قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت ئون سەككىزىنچى ئەسىرگە كەلگەندىلا ئىنسانلار پەن ـ تېخنىكىنىڭ سايىسىدا دېڭىزلارنىڭ ئەڭ ئاستىغا كىرىشنى ئۆگەندى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار دېڭىزلارنىڭ ئىچكى دولقۇنلىرىنىڭ بارلىقىنى كەشىپ قىلىپ چىقتى. يەنە ئۇلار دېڭىزلارنىڭ سۇ ئۈستى قىسمى ۋە ئىچكى قىسمىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى ۋە دېڭىزنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىكەنلىكىنى كەشىپ قىلىپ چىقتى. ئەمما قۇرئان بۇنى مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرى سۆزلىگەن ئىدى.

---

[1] نۇر سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

ئۆتمۈشلەردە دېڭىزلار مەجھۇل ئالەملەردىن سانىلاتتى. چۈنكى كىشىلەر دېڭىزلارنىڭ ھەقىقىتى توغرۇلۇق ھېچ نەرسە بىلمەيتتى، دېڭىزلار ھەققىدە نۇرغۇنلىغان خۇراپىي ئېتىقادلار مەۋجۇت ئىدى. شۇنداق بىر زاماندا، كىشىلەرنىڭ دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە شۇڭغۇپ كىرىش ئىمكانىيىتى يوق بىر شارائىتلاردا، قۇرئان كەرىم دېڭىزلارنىڭ ئىچكى دولقۇنلىرىنىڭ بارلىقىدىن ۋە دېڭىزلارنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقلاردىن خەۋەر بەرگەن ئىدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرمىگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك خەت يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن بىر كىشىنىڭ بۇ ھەقىقەتلەردىن سۆز ئېچىشى مۇمكىنمىدى؟ بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىنى بىلىدىغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلمامدۇ؟

## سۈتنىڭ تەركىبلىنىشى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «شەكسىزكى، ھايۋانلاردىمۇ سىلەر ئۈچۈن چوڭ بىر ئىبرەت بار. سىلەرنى ھايۋانلارنىڭ قارنىدىكى غىزادىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز»[1] دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ھايۋانلاردا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئىنتايىن پايدىلىق ۋە تولىمۇ پاكىز سۈتنى چىقىرىش بۇ ئەقىلسىز ھايۋانلارنىڭ ئىشى بولماستىن، بەلكى ياراتقۇچىنىڭ كاتتا نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر.

### *ئىلمىي ھەقىقەت*

ئىلىم- پەن سۈتنىڭ تەركىبلىنىشىدىكى تۆت باسقۇچنى كەشىپ قىلىپ چىققان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ھايۋانلارنىڭ قارنىدىكى ھەزىم قىلىنىش باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭدا ھايۋاننىڭ يېگەن ئوت- چۆپلىرى غىزاغا ئايلىنىدۇ.

غىزادىن سۈتنىڭ ئايرىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭدا ھايۋانلارنىڭ ئۈچەيلىرى غىزالىق ماددىلارنى سۈمۈرۈپ ئالىدۇ، ئاندىن بۇ ماددىلار قان تومۇرلارغا بېرىپ يېتىدۇ، ئاندىن قانغا ئارىلىشىدۇ.

[1] نەھل سۈرىسى66- ئايەت.

قان ئۆزىگە كەلگەن غىزالىق ماددىلارنى جىسمىنىڭ ھەر تەرىپىگە ئەۋەتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھايۋاننىڭ ئەمچىكى قان ئارىسىدىن سۈت ماددىلىرىنى ئۆزىگە سۈزۈپ ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈت ھاسىل بولىدۇ.

ئەمچەكتە سۈتنىڭ ياسىلىشى بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ ئەمچىكى مىليونلارچە دوۋساقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دوۋساقلار خالتىلارغا ئوخشاش بولۇپ، ھەربىر دوۋساق مىڭلارچە ھۈجەيرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ھەربىر ھۈجەيرە ئۆزىگە قاندىن كەلگەن ماددىلارنى سۈت خالتىلىرىغا ئەۋەتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ مىليونلارچە دوۋساقلارغا ئەۋەتىلگەن سۈت ماددىلىرىدىن ساپ ۋە پاكىز سۈت مەيدانغا كېلىدۇ.

***قۇرئان كەرىم مۆجىزىسى***

ئىنسانلار يېقىنقى زامانلارغىچە سۈتنىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەمما قۇرئان كەرىم مۇندىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئەڭ ئىنچام ۋە ئەڭ بەدىئىي سۆزلەر بىلەن سۈتنىڭ تەركىبلىنىشىدىكى سىرلارنى بايان قىلغان ئىدى. ئەگەر بۇ ھەقىقەتلەردىن ئاللاھ تائالا خەۋەر بەرمىگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇلارنى نەدىن بىلەتتى؟

## شامال ۋە بۇلۇتلارنىڭ قوزغىلىشى

بۇلۇتلارنىڭ يۆنىلىشى بۇلۇتلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان شاماللارنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. تەتقىقاتچى ئالىملار شاماللارنىڭ دېڭىز يۈزىگە كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ بۇلۇت ھاسىل قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا شامالنىڭ چاڭ - توزانلارنى ۋە بىر قىسىم تۇپراق دانچىلىرىنىمۇ يۇقىرىغا كۆتۈرىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار يەنە شاماللار كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا ئېلىپ چىققان چاڭ - توزان، تۇپراق دانچىلىرى، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقچىلىرى ۋە تۇمان قاتارلىقلارنى دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرىغا ئارىلاشتۇرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ دانچىلارنىڭ ئەتراپىنى سۇ پارلىرى ئوراپ ئاستا - ئاستا چوڭىيىشى نەتىجىسىدە ئېغىر بۇلۇت پارچىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

قۇرئان كەرىم بۇلۇتنىڭ شامالار ئارقىلىق قوزغىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ شامالانى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنىچە تارقىتىدۇ»[1].

قۇرئان يەنە، شامالارنىڭ سۇپارلىرىنى ھەيدەيدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنىڭدىن

---

[1] رۇم سۈرىسى 47 - ئايەت.

ئېغىر بولۇت ھاسىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن يامغۇر تامچىلىرى چۈشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: «بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق. بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر»[1].

## ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكى

كىشىلەر ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. تەتقىقاتچىلار زامانىمىزدىكى ئىلىم - پەننىڭ سايىسىدا ئاسمان جىسىملىرىدىكى قالدۇق توپتوپ ماددىلىرىنى ۋە ئۇلاردىن يېڭى پلانېتلارنىڭ تەركىب بولىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئەمما قۇرئان كەرىم بۇھەقىقەتنى مۇندىن بۇرۇن قەيت قىلغان.«ئاللاھ ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى»[2].

## ئاي نۇرىنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى

تەتقىقاتچىلار ئاينىڭ ئەسلىدە قۇياشقا ئوخشاش يانىدىغان نۇرلۇق ماددا بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى ۋە كېچىدىكى ئاي نۇرىنىڭ پەقەت قارشى تەرەپتىكى قۇياشنىڭ نۇرىدىن ئەكس ئەتكەن (قايتۇرغان) يورۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ھالبۇكى قۇرئان كەرىم بۇھەقىقەتنى ئاللىبۇرۇن ئېلان قىلغان: «كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى (يەنى نۇرىنى) كۆتىرىۋەتتۇق»[3].

قۇرئان كەرىم يەنە قۇياشنى يانغۇچى چىراق، ئاينى يورۇقلۇق بەرگۈچى دەپ تەرىپلىگەن: «ئاسماندا بۇرۇجلەرنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراق(قۇياش)نى ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر»[4].

بۇ ئايەتلەرد، ئاينىڭ يورۇقلۇقنى قۇياشتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاللاھ تائالانىڭ قۇياش بىلەن ئاينى «ئىككى چىراغ» دەپ تونۇشتۇرماستىن، قۇياشنى «چىراغ»، ئاينى «نۇرلۇق» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. شۇنى ئونۇتماسلىق كېرەككى، قۇرئان كەرىمدىكى ھەر بىر

[1] ھىجر سۈرىسى 22 - ئايەت.
[2] فۇسسىلەت سۈرىسى 11 - ئايەت.
[3] ئىسرا سۈرىسى 12 - ئايەت.
[4] ئەنئام سۈرىسى 125- ئايەت.

سۆزنىڭ ئۆز ئورنىغا شۇنداق كەم - زىيادە قىلىنماستىن، ئىنتايىن مۇكەممەل ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ھەرگىزمۇ مەقسەتسىز ئەمەس. ئەرەب تىلىنىڭ زەۋقىنى تېتىغانلار بۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

## ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكى

كىشىلەر ھازىرقى ئىلىم - پەن بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن، بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ئوكسىگېننى ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدىمۇ بار، دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئايروپىلان ئىجاد قىلىنىپ كىشىلەر ئاسمانغا ئۆرلىگەندىن كېيىن، ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىنى، بۇ سەۋەبتىن ئۇ جايلاردا نەپەسنىڭ سىقىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئەمما قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى مۇندىن بۇرۇن ئېلان قىلغان: «ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ»[1].

بۇ ئايەتتە، ئىمان ئېيتىش قىيىن كەلگەنلىكتىن كۆكسى تارايغان كىشى ھاۋا بوشلۇقىغا چىققاندا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىدىن نەپسى سىقىلغان كىشىگە ئوخشىتىلغان. بۇ ئايەتتە، ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىدىن نەپەس ئېلىشنىڭ قىيىنلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

## ھەر شەيئىنىڭ جۈپ ئىكەنلىكى

تەتقىقاتچىلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ خۇددى جانلىقلارغا ئوخشاش جۈپ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا جاماداتلار(قاتتىق جىسىملار)نىڭمۇ جۈپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قۇرئان كەرىم مۇنداق دېگەن: «پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتقان، زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى جۈپ ياراتقان ئاللاھ بارچە نوقسانلاردىن پاكتۇر»[2].

## سېزىمنىڭ تېرىدە ئىكەنلىكى

تىببىي مۇتەخەسسىسلەر ئاغرىقنى ھېس قىلىش پەقەت تېرىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بەدەنگە ئوكۇل سېلىنغاندىمۇ ئوكۇل تېرىدىن گۆشكە ئۆتۈپ

[1] ياسىن سۈرىسى 36 - ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 56- ئايەت.

بولغىچە ئاغرىق ھېس قىلىنىدۇ. ئەمما ئوكۇل گۆشكە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاغرىق ھېس قىلىنمايدۇ. كۆيۈكمۇ شۇنداق. قۇرئان كەرىم بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى ئۆز ۋاقتىدىلا ئېلان قىلغان: «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازاپنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز». چۈنكى تېرە كۆيۈپ بولسا، ئازاب ھېس قىلىنمايدۇ، شۇڭا تېرە يېڭىلىنىپ تۇرغاندىلا ئازاب داۋام قىلالايدۇ.

## يەرشارىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتى

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كۆن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇ غالىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق. ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ»[1].

بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ ئورنى قۇياشتىن 93 مىليون مىل يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوقىدا 24 سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىدۇ ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىنى 365 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ بولىدۇ. زېمىن شار شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سائەتلىك ئايلىنىشى مىڭ مىل (1500 كىلومېتىر) دۇر. ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى بىر سائەتلىك ئايلىنىشى 65 مىڭ مىلدۇر. ئەگەر يەر شارى ئۆزىنىڭ ھازىرقى شەكلى ۋە ھەجمىدىن چوڭ ياكى كىچىك بولغان بولسا، زېمىندىكى ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. چۈنكى يەر شارىنىڭ شەكلى بىلەن ھەجمى ئۇنىڭ تېزلىكى ۋە ئايلىنىشىغا مۇناسىپتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى بىر سائەتتە مىڭ مىل بولماستىن، ئۇنىڭدىن كەم ياكى زىيادە بولغان بولسا يەنە ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ھازىرقىدىن زىيادە بولۇپ يۈز مىڭ مىل بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلىقى 120 سائەتكە سوزۇلۇپ كېتىپ، زىرائەتلەر كۆيۈپ كەتكەن ۋە جانلىقلارمۇ ھالاك بولغان بولاتتى. ئەگەر كەم بولۇپ يۈز مىل بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ۋاقتى ئاران 1سائەت 20 مىنۇتقا قىسقىراپ كېتىپ، زىرائەتلەر پىشمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى يىللىق ئايلىنىشى ھازىرقىدىن كەم ياكى زىيادە بولغان بولسا، دۇنيادىكى 4 پەسىلدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇپ، يامغۇرنىڭ يېغىش نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. شۇنداقلا، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش بىلەن بولغان مۇساپىسى ھازىرقى مىقداردىن يېقىن بولغان بولسا، يەرشارىدىكى ئىنسان، ھايۋان، دەل- دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەت ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولغان بولاتتى، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ مۇساپىسى

[1] سۈرە ياسىن 39- 40- ئايەتلەر.

هازىرقى مىقداردىن يىراق بولغان بولسا، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى توگۇلاپ نابۇت بولغان بولاتتى. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە پۇختا پىلانى بىلەن ئەزەلدە شۇنداق بېكىتىلگەن قانۇنىيەتلەردۇر.

## زەررىدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقى

قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمان- زېمىندىكى زەررە (ئاتوم) چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچ قايسىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدا خاتىرىلەنگەن»[1]. بۇ ئايەت ئەڭ كىچىك نەرسە - ئاتوملا ئەمەس، بەلكى ئاتومدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ماتېرىيالىزمچىلار 19 - ئەسىرگە كەلگۈچىلىك ئەڭ كىچىك نەرسە ئاتوم دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتچىلىرى ئاتومدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئاتومنىڭ كىچىك پارچىلىرى پروتون، نېيترون ۋە ئېلېكترونلاردىن ئىبارەت.

## ھەر نەرسىنىڭ ئۆلچەملىك يارىتىلغانلىقى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق. ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق. يەر يۈزىدە ھەر خىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتتۇق»[2]. دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ھەر نەرسە مەلۇم مىقداردا ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ئوكسىگېننىڭ مىقدارى % 21 بولماي % 50 بولغان بولسا، دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار ئەڭ كىچىك بىر شامال بىلەن ھالاك بولغان بولاتتى. دۇنيادىكى جانلىقلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىپ، كاربون4 ئوكسىدىنى سىرتقا چىقىرىدۇ. زىرائەتلەر، ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەل- دەرەخلەر كاربون 4ئوكسىدىنى سۈمۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى ساپ ئوكسىگېننى سىرتقا چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ قانۇنىيەت ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولسا ئىدى، جانلىقلار ۋە جانسىز ئۆسۈملۈكلەر ياشىمىغان بولاتتى. بۇ ئايەتتىكى «ئۆلچەملىك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «نىسبەتنىڭ باراۋەرلىكى» دېگەنلىكتۇر. ھازىرقى زامان خېمىيە ئالىملىرى زىرائەتلەردىكى بارلىق ماددىلارنىڭ ئەڭ نازۇك ئۆلچەمدە تەڭپۇڭلاشقان نەرسىلەردىن مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

[1] سۈرە يۇنۇس 16 - ئايەت.

[2] ھىجىر سۈرىسى 19 - ئايەت.

## بارماق ئىزلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «بىز ئۇلارنىڭ بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىشقا قادىرمىز»[1] دېگەن. بىر ئىنساندىكى ئورگان يەنە بىر ئىنساندىكىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: كۆز كۆزگە، قۇلاق قۇلاققا، قول قولغا، بۇرۇن بۇرۇنغا ئوخشايدۇ. بىراق، بارماقلارنىڭ سىزىقلىرى ھەرگىزمۇ بىر- بىرىگە ئوخشاش چىقمايدۇ. بەلكى ھېچبىر ئادەمنىڭ بارماق ئىزى يەنە بىرسىنىڭ بارماق ئىزىغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىكى «بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىشقا قادىرمىز» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزلىرىنىڭ بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ھەقىقەت 1884- يىلى كەشپ قىلىنىپ، شۇندىن بېرى بارماق ئىزلىرى ئىنسانلارنى بىر- بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا قۇرئان كەرىم ئالدىن خەۋەر بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر زامانىمىزدا، ئىلىم - پەن سايىسىدا ئىسپاتلاندى ۋە نۇرغۇنلىرىنىڭ يېقىن كېلەچەكتە ئىسپاتلىنىشىغا ئىشىنىمىز.



[1] قىيامەت سۈرىسى 4 - ئايەت.

# قېتىرقىنىپ قىلغان ئىش راۋاجلىق ئىشتۇر

دىنىنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەتتۇر. «ئېھسان» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «ياخشىلىق قىلىش» ۋە «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش» دېگەن ئىككى مەنىدە كېلىدۇ. ئەمما ئېھسان ئىماننىڭ مەرتىۋىسى قاتارىدا كەلگەندە ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ﴾ يەنى «ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر»[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىر كۈنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھسان توغرۇلۇق سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمان ۋە ئىسلامنى بايان قىلىپ بولۇپ، ئېھساننى «ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[2] دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ ئېھساننىڭ ئىبادەتتىكى مەنىسىدۇر. بۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئادەم ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتىمەن دېگەن ئېتىقاد بىلەن قىلغاندەك، دىن ۋە دۇنيالىققا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق بىر ئىشنى شۇنداق قېتىرقىنىپ قىلىشى لازىم. ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان ئاساستا ئىش كۆرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

مۇئمىن ئادەم ھەربىر ئىشنى ئاللاھ تائالا مېنى ۋە قىلىۋاتقان ئىشىمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن ئېتىقادتا چىن ئىخلاسى بىلەن قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان بولسا، ئۇ مۇئمىنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولىدۇ. مۇنداق كىشى «قۇرئان كەرىم» دىكى «شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[3] دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا

396

---

[1] 32- سۈرە سەجدە 7- ئايەت

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] نەھل سۈرىسى، 128 ئايەت.

بىلەن بىللە بولۇش مەرتىۋىسىگە يەتكەن بەندىلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. دېمەك، «مۇھسىن» (ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچى) دېگەن سۈپەت «مۇئمىن» دېگەن سۈپەتتىن خاس سۈپەت بولۇپ، ھەرقانداق مۇھسىن مۇئمىن دېيىلىدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۇئمىن مۇھسىن دېيىلمەيدۇ.

ئەمەل — ئىبادەتلەرنى رەسمىيەتكە ئوخشاشلا قىلىپ قويىدىغان، ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ۋەزىپىسىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئورۇنداپ قويىدىغان ئادەم نە ئاللاھ تائالانى، نە ئىنسانلارنى رازى قىلالمايدۇ، مۇنداق ئادەم ھېچكىمنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ سۆيگۈسىگە لايىق بولالمايدۇ. مۇنداق ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر قۇرۇلۇشچى مەلۇم بىر بىناكارلىق شىركىتىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ئاخىرى دەم ئېلىشقا چىقىدىغان ۋاقتى كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى شىركەت لىدىرىگە ئۆزىنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش ئىلتىماسىنى سۇنۇپتۇ. بىراق لىدىر ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە ئۇنىڭدىن ياخشى بىر ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئاندىن دەم ئېلىشقا چىقىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قۇرۇلۇشچى ياق دېيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەجبۇرىي ھالدا ماقۇل دەپتۇ ۋە شۇ ئۆينى تېزرەك پۈتكۈزۈپ بېرىپ، شۇ لىدىرنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇپ دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئالدىراپتۇ. قۇرۇلۇشچى دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئالدىراپ تۇرغاندا، لىدىرنىڭ ئۇنىڭدىن ئاخىرقى قېتىم بىر ئۆي سېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۇنىڭغا قەتئىي خوش ياقمىغان بولسىمۇ، قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ پۈتتۈرۈپ بېرىشكە باشلاپتۇ. قۇرۇلۇشچى ئۆيگە ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللارنىمۇ ياخشى تاللىماي، ئەرزان ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ، ئۆينىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەم قىلماي، تاملىرىنى ئەگرى — بۈگرى قىلىپ، ئۆينىڭ قۇرۇلۇشىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەي بولۇشىغا ئىشلەپ، ئۆينى پىلاندىن بۇرۇنلا پۈتتۈرۈپ چىقىپتۇ.

بۇ كاساپەت ئۆينى پۈتتۈرۈپ بولغىنىغا خوشال بولغان قۇرۇلۇشچى ئەتىسى لىدىرنىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىراش كىرىپ كېلىپ، «بولدى، ئۆي پۈتتى، مەندىن شۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ مېنى دەل ئېلىشقا قويۇپ بەرگەيسىز» دەپ ئاچقۇچنى لىدىرنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. لىدىر بىر دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشچىغا قاراپ: «ھە بوپتۇ، تېزلا پۈتتۈرۈپ چىقىپسىز. بۇ ئۆينى ئەسلىدە بىز سىزنىڭ شىركىتىمىزگە ئاتىغان قىرىق يىللىق ئەمگىكىڭىز بەدىلىگە سىزگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن سالدۇرغان ئىدۇق. ئاچقۇچنى ئېلىڭ، ئۆي سىزنىڭ، ياخشى ئولتۇرۇپ دەم ئېلىڭ» دەپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى قۇرۇلۇشچى ئۆينى قولىنىڭ ئۇچىدىلا بولۇشىغا سېلىپ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قوللىرىنى چىشلەپتۇ. ئەمما بۇ چاغدىكى پۇشايمان نېمىگە ئەسقاتسۇن!

سىز ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا مۇشۇ ھېكايىدىكى قۇرۇلۇشچىغا ئوخشاش پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالسىڭىز قانداق قىلارسىز؟ بۇنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

بۇ دۇنيا بىزنىڭ ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن ئىشلەيدىغان مەيداندۇر. ئۆزىمىزنىڭ ئاخىرەتتىكى تۇرالغۇمىزنى مۇشۇ دۇنيادا ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنى خام ماتېرىيال قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىمىز قۇرۇپ چىقىمىز. تۇرالغۇمىزنى ئېسىل قەسىر قىلىپ سېلىش ياكى كەپىدەكلا ئاددىيلا سېلىش قويۇش ئۆزىمىزنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. چۈنكى ھەركىم ئۆزىنىڭ جەننىتىنى ياكى دوزىخىنى مۇشۇ دۇنيادا ئۆزى يارىتىدۇ.

دېمەك، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش دىنىنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامدىن كېيىنكى مەرتىۋىسىدۇر. بۇ مەرتىۋىگە يەتكەنلەر ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغۇچىلاردۇر.

ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى دۇنيالىق ئىشلارنى ساختىلىق بىلەن، كۆزبويامچىلىق بىلەن، قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، پەن — تېخنىكىدا، ئىشلەپچىقىرىشتا مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردىن خېلى بەك ئارقىدا تۇرماقتا. چۈنكى ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ھەتتا ئۆزى ئىشلەپچىقىرىشقا چامى يېتىدىغان نەرسىلەرنىمۇ مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردىن ئېلىپ كېلىپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار ئاخىرەتلىك ئەمەل — ئىبادەتلەرنىمۇ رەسمىيەتكە ئوخشاشلا قىلىپ قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەل— ئىبادەتلىرى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىغا، يۈرۈش — تۇرۇشىغا قىلچە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قىلغان ئەمەل — ئىبادەتنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىگەنلىكى چىقىدۇ. بۇ دۇنيادا مېۋىسى ۋە تەسىرى كۆرۈلمىگەن ئەمەل — ئىبادەتنىڭ ئاخىرەتتە ئەسقېتىشى تەسەۋۋۇردىن يىراقتۇر. چۈنكى دىنىمىزنىڭ پېشۋالىرى بولغان ساھابە كىراملار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتكەن، ھەتتا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئۆز قىزلىرىنى نومۇستىن تىرىك تۇرغۇزۇپ يەرگە كۆمۈۋەتكەن كىشىلەرمۇ، ئىسلامدىن كېيىن ئەخلاق — پەزىلەتتە دۇنياغا ئۈلگە ياراتقان، دۇنيانىڭ يىراق بىر چېتىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغان قىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھادقا ئاتلانغان كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. ئەمەل— ئىبادەت تەسىر قىلسا، ئەنە شۇنداق تەسىر قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ئەنە شۇنداق ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما رەسمىيەت يۈزىسىدىن قىلىپ قويىدىغان ئەمەل— ئىبادەتلەر ھېچكىمگە تەسىر قىلمايدۇ، ھېچكىمنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

دېمەك، قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قويغان ئىش يا دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ئەسقاتمايدۇ.

# قىلغان ئىبادەتلىرى بىكار بولۇپ كېتىدىغانلار

ئەرەب تىلىدىكى «العبادة» (ئىبادەت) دېگەن سۆز لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «بويسۇنۇش»، «ئىتائەت قىلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە[1]، ئىسلام ئاتالغۇسىدا ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[2].

دىنىمىزدا ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئەمەلىي ئىبادەت، يەنە بىرى سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر.

ئەمەلىي ئىبادەت — دۇرۇسلۇق ۋە ھەققانىيلىق دېگەنلىك بولۇپ، مۇئامىلە بىلەن ئەخلاقتا مەركەزلىشىدۇ، يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە مەخلۇقاتقا دۇرۇس ۋە سەمىمىي بولۇشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم»[3] دېگەن سۆزىدە كۆزدە تۇتۇلغان ئىبادەت مانا مۇشۇ ئەمەلىي ئىبادەتتۇر. ئىسلام دىنىمىزنىڭ غايىسى ئەمەلىي ئىبادەتلەردە ئەكس ئەتكەن. ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىئوپىيە) پادىشاھى نەجاشىي پاناھلىنىش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا كەلگەن مۇسۇلمانلاردىن «دىنىڭلارنى ماڭا چۈشەندۈرۈڭلار» دېگەندە، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى پادىشاھ! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا - پاھىشە قىلىدىغان، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقتا رىئايە قىلمايدىغان، ھۆر كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان، ھارامنى يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق قەۋم ئىدۇق. ئاللاھ بىزگە بىز نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، ئىپپىتىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر بىزنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، ھارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە

---

[1] «لىسانۇل ئەرەب» 5- توم، 2776- بەت.

[2] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «ئەل ئۇبۇدىيە» ناملىق ئەسىرى 1- بەت.

[3] زارىيات سۈرىسى: 56- ئايەت.

قىلىشقا بۇيرىدى. بىزنى زىنا ـ پاھىشىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋېلىشتىن، ئېپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلدى»[1].

سىمۋوللۇق ئىبادەت—ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق پەرز، ۋاجىپ ئەمەللەرگە مەركەزلىشىدۇ. سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر ئەمەلىي ئىبادەتلەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ۋاستىلىك رولىنى ئوينايدۇ. ئەمەلىي ئىبادەت سىزدىن راست گەپ قىلىشنى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى، ھەر ئىشتا دۇرۇس ۋە توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىمۋوللۇق ئىبادەت سىزدىن ناماز ئوقۇشنى، روزا تۇتۇشنى، زاكات بېرىش قاتارلىق پەرزلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىي ئىبادەت غايە، سىمۋوللۇق ئىبادەت ۋاستىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر ئەمەلىي ئىبادەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ناماز يامان ئىشلاردىن توسۇۇشقا تۈرتكە بولغانغا ئوخشاش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ»[2]. روزا تەقۋالىققا ئېرىشتۈرگەنگە ئوخشاش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! تەقۋالىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى»[3]. زاكات گۇناھتىن پاكلىغانغا ئوخشاش. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ پۇل ـــ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە (زاكات) ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن»[4].

ئەمەلىي ئىبادەت جايىدا ئورۇندالمىسا، سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ پايدىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر ئەمەلىي ئىبادەتلەردىكى نۇقسانلارنى تولدۇرالمايدۇ ۋە كىشىنى دوزاختىن ساقلاپ قالالمايدۇ.

ئەمەلىي ئىبادەت مۇئامىلىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى كىشى، دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 45 ـ ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى: 183 ـ ئايەت.

[4] تەۋبە سۈرىسى: 103 ـ ئايەت.

ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ پۇل ـ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»[1] دېگەن.

بۇ ھەدىستە ئىبادەت بىلەن مۇئامىلە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. ھەدىستە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك:

- «ناماز»— ئىبادەتتۇر،
- «زاكات»— ئىبادەتتۇر،
- «روزا»— ئىبادەتتۇر.
- ئەمما «بىرىنى تىللاش»— مۇئامىلىدۇر،
- «بىرىگە تۆھمەت چاپلاش»— مۇئامىلىدۇر،
- «بىرىنىڭ پۇل — مېلىنى يەۋېلىش»— مۇئامىلىدۇر،
- «بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈش»— مۇئامىلىدۇر.

بۇ ھەدىستىن مۇئامىلىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبلىك ئىبادەتنىڭ ئۆز كۈچىنى يوقاتقانلىقىنى ۋە پايدىسى بولمىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۇستى بېشىنى چاڭ توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ‹ئى رەببىم! ئى ئىگەم!› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگەن ـ ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن!؟»[2]. چۈنكى ھارامدىن يىراق تۇرۇش، ھالالدىن يېيىش، ھالالدىن ئىچىش ۋە ھالالدىن كىيىنىش ئەمەلىي ئىبادەتتۇر، دۇئا قىلىش سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر. بۇ ھەدىستە ئەمەلىي ئىبادەت بولغان ھارامدىن يىراق تۇرۇش ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن سىمۋوللۇق ئىبادەت بولغان دۇئا ئىجابەت قىلىنمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بەزى روزار تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان روزىسىدىن ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقتىن باشقا ھېچ

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى .

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ»[1]. بۇ ھەدىس غەيۋەت، يالغان گەپ، ئەزىيەت قاتارلىق گۇناھلارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇتقان روزىسىنى بۇزۇۋەتكەن كىشى توغرۇلۇق كەلگەن بولۇپ، گۇناھتىن ساقلىنىش ئەمەلىي ئىبادەتتۇر، روزا تۇتۇش سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر. ئەمەلىي ئىبادەت ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ ساۋابى بىكار بولۇپ كەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ كۆپى تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ گۈزەل ئەخلاققا تەشەببۇس قىلىپ: «مەن ئەخلاقى گۈزەل بولغانلارنىڭ جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك قەسىرگە كىرىشىگە كاپالەت قىلالايمەن»[3] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «قىيامەت كۈنى مۆئمىن كىشىنىڭ مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن سالماقراق كېلىدىغان ھېچ ئەمەل يوقتۇر» دېگەن[4].

گۈزەل ئەخلاق دېگەن كۆپىنچە كىشىلەر چۈشەنگەندەك يالغاندىن تەبەسسۇم قىلىپ قويۇش ياكى بىراۋنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويۇش ئەمەس، بەلكى گۈزەل ئەخلاق — مۇئامىلىدە دۇرۇس بولۇش، گەپ- سۆزدە راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپادار بولۇش، دىن ۋە دۇنيالىق ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش ۋە سۆيگۈ - مۇھەببەتتە سەمىمىي بولۇشتۇر.

تەقۋالىق دېگەن نۇرغۇن كىشىلەر چۈشەنگەندەك كۆپ ئىبادەت قىلىش، مۇسۇلمانچە كىيىنىشلا ئەمەس، بەلكى تەقۋالىق — ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ياشاشتۇر. كىشىلەرنى دوزاختىن ساقلاپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئاساسلىق ئەمەللەر مانا مۇشۇلاردۇر. جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە بۇ ئەخلاقنى نېسىپ قىلغاي، ئامىن.

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئىمام تىرمىزى، ئىبن ماجە رىۋايىتى

[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[4] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

# ئەقلىيفون خۇمارىغا قانداق تاقابىل تۇرىسىز؟

*(كەترىن برايسىنىڭ «قانداق قىلغاندا يانفوندىن يىراقلاشقىلى بولىدۇ؟» دېگەن كىتابىدىن يەتتە نەسىھەت).*

*ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۈسۈپ*



يانفونغا ئېھتىياجدىن تاشقىرى ناھايىتى كۆپ بېرىلىپ كېتىمەن. نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق قىلىدۇ. يانفونغا ھەددىدىن زىيادە قاراش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئىش ئورنىدا، ماشىنىدا، مېترودا، ئۆچرەتتە، كوچىدا، بازاردا، يولدا، داستىخاندا، مېھماندارچىلىقتا ۋە ھەرقانداق جايدا يانفون بىلەن ھەپىلىشىدۇ، ھەتتا كۆڭلى سىقىلغان ھامان يانفونغا يۈزلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىشلەپچىقىرىشىمىزنىڭ ۋە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئازىيىشىغا سەۋەب بولماقتا.

شۇ سەۋەبلىك، پەن- تېخنىكا ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى كەترىن برايس كىشىلەرنىڭ يانفونغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىشىگە چەك قويۇش ئۈچۈن، «قانداق قىلغاندا يانفوندىن يىراقلاشقىلى بولىدۇ؟» دېگەن ماۋزۇدا مەخسۇس كىتاب يازغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، يانفونغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلار، يانفوننىڭ مېڭىمىزگە قانداق زىيانلىق ئىكەنلىكى، بىزگە قانداق بېسىملارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، ھەتتا ئۇيقۇمىزغا كەلتۈرىدىغان سەلبىي تەسىرى ھەققىدە توختالغان. ئىككىنچى يېرىمىدا بولسا ئېھتىياجدىن ئارتۇق يانفون قوللىنىشتىن ساقلىنىشقا ئادەتلىنىش ئۈچۈن 30 كۈنلۈك تەجرىبىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ يانفوننى پۈتۈنلەي تاشلاش ئەمەس، بەلكى ئۇنى جايىدا قوللىنىش ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان تەۋسىيەلەردۇر.

تۆۋەندىكىلەر كەترىن برايسىنىڭ يانفون خۇمارلىرىغا قانداق قىلغاندا يانفونغا قاراشنى ئازايتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەقدىم قىلغان تەۋسىيەلىرىنىڭ بەزىسىدۇر.

## يانفونغا بولغان رىغبىتىڭىزنى يېڭىڭ

تاماكا خۇمارىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئىلىپ بېرىلىدىغان چارە يانفون قوللىنىشنى ئازايتىشنى خالايدىغانلار ئۇچۇنمۇ يارايدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىسى رىغبەتنى يېڭىش بىلەن بولىدۇ. خۇددى تاماكىغا خۇمار بولۇپ قالغان ئادەم تاماكا خۇمارى كەلگەن چاغدا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تاماكا چېكىش رىغبىتىنى يەڭگەندەك، يانفون خۇمارى بولۇپ قالغان بىز يانفونغا بولغان قاتتىق رىغبىتىمىزنى يېڭىپ چىقالىساق چوقۇم غەلىبە قىلىمىز. رىغبەتنى يېڭىش ئۇنىڭغا قاتتىق قوللۇق بىلەن قارشى تۇرۇش ياكى ئۆزىمىزنى جازالاش بىلەن ئەمەس، بەلكى رىغبەت كەلگەن چاغدا، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ قولىمىزغا يانفوننى ئالماسلىق، دىققىتىمىزنى باشقا ئىشلارغا بۇيرۇپ، كۆڭلىمىزنى بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل قىلىش بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رىغبەتنى پەسەيتكىلى بولىدۇ.

## باشقىلارنىمۇ شېرىك قىلىڭ

سىز يانفون خۇمارىڭىزغا چەك قويغاندىن كېيىن، باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىڭ. ئەمما دوستلىرىڭىز، ھەتتا ئائىلىڭىزدىكىلەر ئىچىدىن سىزنىڭ بۇ دەۋىتىڭىزنى قوبۇل قىلىدىغانلار بەكمۇ ئاز بولىدۇ. لېكىن، سىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ، ھەمىشە ئۇلارنى دەۋەت قىلىپ تۇرۇڭ ۋە يانفون رىغبىتىنى ئازايتىشتا ئۇلارنىڭمۇ سىز بىلەن بىللە بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈڭ. چۈنكى بىر ئىشنى ئەتراپىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە قىلغاندا سىزگە ئېغىر چۈشمىگەندەك سىزنىڭ يانفون رىغبىتىگە تاقابىل تۇرۇشىڭىز ئوڭايلىشىدۇ. بۇ يېڭى بىر تەنتەربىيە ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلغانغا ئوخشاش بىر يېڭىلىق بولۇپ، ئەتراپىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە قىلغاندا تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ، يالغۇزلۇق ھېس قىلمايسىز.



## يانفون بىلەن بولغان ھازىرقى مۇناسىۋىتىڭىزنى ئىنقىلاپ چىقىڭ

سىزنىڭ مۇشكىلىڭىزنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، سىزنىڭ يانفونغا كۈندە قانچىلىك ۋاقىت قارايدىغانلىقىڭىزنى ئىنقىلاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى مىقدارنى بىلگىلى بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنى ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ. يانفونغا قانچىلىك ۋاقىت قارايدىغانلىقىمىزنى بىلىش ئۈچۈن، ئايفونغا moment، ئاندىرويىد تېلېفونغا offtime دېگەن پروگراممىنى چۈشۈرۈش ئازىم. بۇ پروگراممىلار سىزنىڭ يانفون قوللانغان ۋاقتىڭىزنىڭ مىقدارىنى، كۈندە قانچە قېتىم يانفوننى قولىڭىزغا ئالغانلىقىڭىزنىمۇ ئېيتىپ بېرىدۇ. سىز پروگراممىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، سىزنىڭ يانفون قوللىنىشتىكى مەقسىتىڭىزنى

بەلگىلىۋېلىشىڭىز لازىم. چۈنكى سىزنىڭ يانفون قوللىنىشتىن بولغان غايىڭىز ئېنىق بولمىسا، يانفون قوللىنىشقا چەك قويۇشتا غەلىبە قىلىش قىيىنغا توختايدۇ. سىز يانفوننى ئىش ئورنىڭىزدا ئىشلىتەمسىز؟ پەقەت ھاجەت بولغاندىلا ئىشلىتەمسىز؟ بىكار قالغاندا ئىشلىتەمسىز؟ بىر كۈندە تەخمىنەن قانچە سائەت ئىشلىتىسىز؟ سىز بۇلارنى بەلگىلىۋالمىسىڭىز، نىشانسىز يول ماڭغاندەك ئۆمرىڭىزنى زايە قىلىۋېتىسىز.

## خەۋەرلەندۈرۈش سىستېمىسىنى تاقىۋېتىڭ

يانفونىڭىزدىكى خەۋەرلەندۈرۈش سىستېمىلىرىنى، ھەتتا خەت ساندۇقىڭىزدىن كېلىدىغان خەۋەرلەندۈرۈش سىستېمىسىنىمۇ تاقاپ قويۇشىڭىز ياكى ئاۋازسىزغا ئېلىپ قويۇشىڭىز لازىم. ئەگەر خەت ساندۇقىدىن ياكى ئىش ئورنىدىن ۋە ياكى ئائىلە ئەزالىرىدىن كېلىدىغان ئۇچۇردىن خەۋەرسىز قالسام بولمايتتى دېسىڭىز، يانفونىڭىزنى «مۇھىم كىشىلەر» دەپ ئاتىۋالاردىن كەلگەن ئۇچۇرلار ھەققىدىلا خەۋەرلەندۈرۈش بەرسە بولىدىغان قىلىپ توغرىلاپ قويسىڭىز بولىدۇ. شۇنىڭدەك، داستىخان، ئىش ئورنى، ياتاقخانا قاتارلىق جايلاردا ۋە مۇئەييەن سائەتلەردە تېلېفونغا جاۋاب بەرمەسلىك دېگەندەك پىرىنسىپلارنى بەلگىلەپ ئەمەل قىلىش ناھايىتى ياخشى.

## باشقىلارنى قارىتىپ قويۇپ يانفون بىلەن ئوينىماڭ

مېھماندارچىلىقتا، دوستلار بىلەن غىزالىنىشتا ۋە ئائىلە ئەزالىرى بىلەن داستىخاندا ئولتۇرغاندا، يانفوننى ئۆزىمىزدىن يىراق قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى مۇشۇنداق ئولتۇرۇشلاردا يانفون بىلەن بولۇپ كېتىش بىزنى ئۆزىمىز قارشىپ ئولتۇرۇۋاتقان كىشىلىرىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ، گوياكى بىز بۇ ئولتۇرۇشقا ھازىر بولمىغاندەك، چىرايىمىزغا قاراپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ھېچبىر قىممىتى يوقتەك تۇيغۇنى بېرىپ قويىدۇ. ئەپسۇسكى، ھەممىمىز بىلىپ، بىلمەي بۇ خاتالىقنى سادىر قىلىپ قويىمىز. دوستلار ياكى خىزمەتداشلار ئارىسىدا بولۇپ تۇرىدىغان چوڭ-كىچىك يىغىن ياكى سۆھبەتلەردە يانفوننى يىراق جايدا قويۇش ياكى ۋاقىتلىق تاقاپ قويۇش ناھايىتى زۆرۈر.

## يانفوندىن يىراقلىشىپ بېقىڭ

30 كۈنلۈك يانفوندىن يىراقلىشىش مەشقىدە 20 ياكى 21 كۈن بويىچە، ھەر كۈنى 24 سائەت يانفوندىن تامامەن يىراقلىشىش تەجرىبىسىنى ئېلىپ بېرىڭ. بۇ

سىزنىڭ ئىرادىڭىزنىڭ قانچىلىك كۈچلەنگەنلىكىنى ۋە يانفوندىن يىراق تۇرۇشتا قانچىلىك غەلىبە قىلغانلىقىڭىزنى سىناش ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغىنى، بەلكى ئەسلى مەقسەت تالانتىنىڭ ئۆزىنى ئىسپاتلىشىغا يول قويۇش ۋە تەبىئىي ھاياتقا قايتىشتۇر. سىزنىڭ كۈچلۈك 24 سائىتىڭىز تىرىكچىلىك قىلىش، ئارام ئېلىش، تائاملىنىش، كىتاب ياكى گېزىت ئوقۇش، تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن مېڭىش، ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ۋاقىتتۇر. يەنە بۇنىڭدىن باشقا سىز قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار. ئەگەر سىز شۇ ئىشلارنى قىلالىسىڭىز يانفونغا قاراپ ئولتۇرۇپ ۋاقىت زايە قىلغاندىن مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل ئىش قىلغان بولىسىز.

## قىلىدىغان باشقا ئىشلارنى ئىزدەڭ

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى بىلەن ياكى پەرۋاسىز ھالدا يانفونغا قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن زايە قىلىنغان ۋاقىت پايدىلىق بىرەر نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىشقا ياكى بىرەر يېڭىلىقنى بايقاشقا يېتىدىغان ۋاقىتتۇر. ھېچبولمىغاندا، يانفونغا ئىسراپ قىلغان ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇزۇن مۇساپىگە ماڭغىلى، بىرەر مۇزېينى زىيارەت قىلغىلى، بىرەر دوستىتىن ياكى تۇغقاندىن ھال سورىغىلى، ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان كىتابنى ئوقۇپ مەنپەئەت ئالغىلى، بىرەر گۇرۇپپىغا قاتنىشىپ ياخشى پائالىيەت ئېلىپ بارغىلى، دوستلار ياكى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەن سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەتلىك بولغان ئىشلار بولۇپ، بىزنى ھەممىدىن بەك بەختلىك قىلىشقا، تېنىمىزنى ساق، روھىمىزنى ساغلام تۇتۇشىمىزغا يېتەرلىكتۇر.

*مەنبە: «ئەل مۇجتەمە» ژۇرنىلى، 2019- يىلى 24- سىنتەبىر.*

## مۇۋەپپەقىيەتكە ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىڭ

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى شۇنى تەكىتلەيدۇكى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ تېز ۋە ئەڭ كاپالەتلىك يولى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتۇر. دۇنيادا كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغا مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئىزدەنگەن ئادەم ئۇلارنىڭ ئومۇمەن ئۆزىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنلىكىنى ۋە ئىشنى كىچىكتىن باشلىغانلىقىنى بايقايدۇ. چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە ئەمەس، داۋاملاشتۇرۇشقا، ئاخىرقى نىشانغا ئەمەس، ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرغا قەدەر داۋاملىشىدىغان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر.



يازغۇچىلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن دەسلەپتە يۇرتىمىزدىكى مەلۇم بىر گېزىتكە ماقالە يېزىشقا باشلىغان چېغىمدا، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىش نىيىتى بىلەن تۆت كۈن ئىچىدە يىگىرمە ماقالە يېزىپ ئەۋەتىشكە ۋەدە قىلدىم. ئەمما ئون بەش ماقالىنى پۈتتۈرۈپ چىقىشىم ئۈچۈن ئالتە ھەپتە ۋاقتىم كەتتى ۋە ناھايىتى چارچاپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇسلۇبىمنى ئۆزگەرتىپ، ھەر كۈنى بىر ماقالە يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈردۈم. بۇ ئىش ماڭا دەسلەپتە بەك ئاز ۋە بەك ئاددىي كۆرۈندى. ئەمما بۈگۈن كومپيۇتېردىكى ئارخىپىمغا قارىسام سەككىز مىڭدىن ئارتۇق ماقالە يېزىپ بولۇپتىمەن. بۇنىڭدىن بىلدىمكى، غەلىبىلىك ئىش ئاز- ئازدىن قىلىش ۋە ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئىكەن».

بۇ تەجرىبە بىزگە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ غېمىنى قىلماستىن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، سىز قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان نەتىجىنىڭ غېمىنى قىلماي، ئاشۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سالماقلىق بىلەن قەدەم بېسىڭ. مەسىلەن: لاياقەتلىك بىر بەدەنگە ئىگە بولماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ غېمىنى قىلماستىن، ھەر كۈنى يېرىم سائەت بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭ. ئەگەر سىز قۇرئان كەرىمنى يادلىماقچى بولسىڭىز، ھەر كۈنى بىر بەت ياكى يېرىم قۇرئان يادلاشنى ئادەت

قىلىۋېلىڭ. ئەگەر سىز بىرەر چەتئەل تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، سىز ئىشنى ھەر كۈنى بەش، ئون سۆزلۈك يادلاشتىن باشلاڭ. ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، سىز ئادەت قىلىۋالغان ئىشلىرىڭىز كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ ماڭىدۇ. بىر كۈنى قارايدىغان بولسىڭىز ئاشۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كۈندىلىك ئادەت ئارقىلىق قانچىلىك چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىڭىزگە ئۆزىڭىزمۇ ئىشەنمەي قالىسىز. ئىشلارنى ئاز- ئازدىن داۋاملاشتۇرۇش ھاياجان كەلگەندە جىق بىر ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، قالغان چاغلاردا ئۇخلاپ قالغاندىن كۆپ ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ داۋام قىلغىنىدۇر» دېگەن كۆرسەتمىسى نېمىدېگەن ھېكمەتلىك- ھە!

شۇڭا، دەيمىزكى، ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىنىڭ كۆلىمى ھەققىدە باش قاتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئاز بولسىمۇ، كۈندىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتۇر. قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاش ياكى سەككىز مىڭ ماقالە يېزىپ بولۇش ۋە ياكى چەتئەل تىللىرىدىن بىر قانچىسىنى ئۆگىنىش ھەققىدە ئويلىنىش كۆپىنچە ھاللاردا ئادەمنى ئۈمىدسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ ۋە بۇ ئىش مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. ئەمما نەتىجە ھەققىدە باش قاتۇرماي، ئاز- ئازدىن داۋاملاشتۇرۇش ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ ئىشلار كۆزگە كۆرۈنمەيلا ۋۇجۇتقا چىقىپ قالىدۇ. بىزدە «تاما، تاما كۆل تولا» دەيدىغان ھېكمەت بار. ئەرەبلەر «داۋاملاشقان ئاز ئىش داۋام قىلالمىغان چوڭ ئىشتىن ياخشىدۇر» دەيدۇ.

كېچە- كۈندۈزدىكى يىگىرمە تۆت سائەت ۋاقىت ھەرگىزمۇ ئاز ۋاقىت ئەمەس. ئەمما بۇ ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىر ئىش قىلسىڭىزمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھېچ ئىش قىلمىسىڭىزمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىز تىرىكچىلىك قىلىش، ناماز، زىكىر ۋە دۇئا قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش، ئارام ئېلىش، تائاملىنىش قاتارلىق كۈندىلىك زۆرۈر ئىشلىرىڭىزنى جايىدا ئېلىپ بارغىنىڭىز سىرتىدا، بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ، بۇ بىر سائەتلىك ۋاقىت ئىچىدە بىر قانچە ئىشنى قىلىمەن دېسىڭىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايسىز. ياكى تۆۋەندىكى ئىككىلا ئىشنى قىلماقچى بولۇڭ:

- يېرىم سائەت قۇرئان يادلاش ياكى تەكرارلاش،
- يېرىم سائەت بەدەن چېنىقتۇرۇش ياكى مېڭىش.

بۇ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپلا كېتەلىسىڭىز، ئەلۋەتتە ھەر ئىككىلىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز. يىگىرمە تۆت سائىتىڭىز ئىچىدىكى بۇ بىر سائەت سىز ئۈچۈن سىزنىڭ ھېچقانداق ئىشىڭىزغا تاقاشمايدۇ. سىز بۇ بىر سائەتنى قاتناش زىچلىقىدا يوللاردىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىسىز، يانفونغا قاراش بىلەنمۇ ياكى تېلېۋىزور

كۆرۈش بىلەنمۇ ھېس قىلماي ئۆتكۈزۈۋېتىسىز. ئەمما سىز مۇشۇ بىر سائەتتىن پىلانلىق ھالدا پايلانغىنىڭىزدا، كېيىن ئۆزىڭىزمۇ ئىشەنمەي قالغۇدەك دەرىجىدە نەتىجە يارىتالايسىز. بىر قانچە يىلدىن كېيىن قارىسىڭىز، تېنىڭىزنىڭ ساغلام ھالدا داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى، قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ بولغانلىقىڭىزنى كۆرىسىز. مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

مەن تەجرىبە قىلىپ باقتىمكى، ناماز شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدىكى بىر يېرىم سائەتلىك ۋاقىتتىن نېمىگە ئېرىشكەنلىكىمنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇ ۋاقىت ئومۇمەن، ئۆيدە بالىلار بىلەن ئولتۇرۇش، كىتاب ۋاراقلاپ قويۇش، خەۋەر كۆرۈش، يانفونغا قاراش بىلەن ئۆتىدىكەن. بىر كۈنى ناماز شامدىن كېيىن مەسجىدتىن ئۆيگە قايتماي ناماز خۇپتەنگىچە ئولتۇرۇپ باقتىم، ئەسلىدە بۇ ئاز ۋاقىت ئەمەس ئىكەن. شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىككى پارە قۇرئان ئوقۇپ بولۇپتىمەن يەنە تېخى سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ نۇرغۇن ئىشلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈلگۈرۈپتىمەن. دېمەكچىمەنكى، ئەگەر بىز ۋاقىتتىن پىلانلىق پايدىلىنىشنى بىلسەك، ئاز ۋاقىتتا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋالغىلى بولىدىكەن.

## مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى قانداق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئاۋۋال ئۆزىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كىچىكتىن باشلىنىدىغانلىقىغا ۋە ئىزچىللىقنىڭ ئەھمىيىتىگە قايىل قىلىشىمىزغا باغلىقتۇر. تۆۋەندە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى قانداق يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بولىدىغان بەزى تەۋسىيەلەرنى سۇنىمىز.

### *1. تەدرىجىيلىك يولىنى تۇتۇڭ*

ھاياتىڭىزنى تېزلا ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماڭ. چۈنكى كۆنۈپ قالغان ئادەتلەرنى بىر كېچە- كۈندۈزنىڭ ئىچىدە ئۆزگەرتىپ بولغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ۋاقىت ۋە سەۋرچانلىق كېتىدۇ. ئىشنى دەسلەپتە ئاز- ئازدىن باشلاڭ، سىزگە مالاللىق يەتمەسلىكى ئۈچۈن باشتا ئۆزىڭىزنى ئىشقا ئۇرۇپ كەتمەڭ. ئەرەبلەردە «قاچان يېتىپ بېرىش مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى يېتىپ بېرىشتۇر» دەيدىغان ھېكمەت بويىچە ئىش قىلىڭ.

### *2. مۇئەييەن ئىشقا مەركەزلىشىڭ*

ھەممە ئىشنى بىرلا ۋاقىتتا قىلغىلى بولمىغاندەك، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشنىمۇ بىر- بىرلەپ قىلىش كېرەك. مەسىلەن: سىز كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرمەكچى

بولسـىڭىز، بارچـە ھىممىتىڭىـز شـۇنىڭغا مەركەزلىشىشـى، كىتـاب ئوقـۇش ئۈچـۈن مۇئەييـەن ۋاقىـت بەلگىلـەپ، ئۇنىڭغـا قەتئىـي رىئايـە قىلىشـىڭىز شـەرت.

### 3. ھەمراھ تېپىۋېلىڭ

بىـرەر ئىشـنى ئەمەلگـە ئاشۇرۇشـتا ئۆزىڭىزگـە بىـرەر ھەمـراھ تېپىۋالسـىڭىز، شـۇ ئىشـنى داۋاملاشتۇرۇشـقا ۋە مۇۋەپپەقىيـەت قازىنىشـقا ياردەمچـى بولـىدۇ. چۈنكـى ئـۇ چاغـدا سـىلەر بىرىڭلارنـى رىغبەتلەندۈرىسـىلەر، كۆڭلىڭىـز خالىمىغـان كۈنلەردىمـۇ ھەمراھىڭىزنىـڭ زورى بىلـەن بولسـىمۇ ئۇنـى داۋاملاشتۇرۇشـقا مەجبـۇر بولىسـىز.

### 4. مۇكەممەلشۇناس بولۇۋالماڭ

ئۇرۇنۇشـلىرىڭىزنىڭ ھەممىسـىدە مۇۋەپپەقىيـەت قازىنالماسـلىقىڭىز مۇمكىـن. شـۇڭا، ھەممىـدە نەتىجـە قازىنىشـىم كېـرەك دەپ ئۆزىڭىزگـە قاتتىـق تەلـەپ قويۇۋالمـاي، قولىڭىزدىــن كەلگەنچــە، ئىقتىدارىڭىزنىــڭ يېتىشــىچە تىرىشــچانلىق كۆرســىتىش سـىزنىڭ ۋەزىپىڭىــزدۇر، مۇۋەپپەقىيــەت ئالــلاھ تائالادىنــدۇر.

### 5. ئۆزىڭىزگە ۋەدە بېرىڭ

ئىنسـان نەپسـى راھەتكـە مايىـل بولغانلىقتىــن، پىـلان تـۈزۈپ مۇنتىزىـم ئىـش قىلىشـنى ۋە قائىدىلەرگـە رىئايـە قىلىشـنى ياقتۇرمايـدۇ. ئەممـا سـىز ئۆزىڭىزگـە ۋەدە بەرسـىڭىز ۋە ئۆزىڭىزگـە قەتئىـي خىيانـەت قىلماسـلىقىڭىز كېرەكلىكىنـى قايتـا ـ قايتـا تەكرارلىسـىڭىز، بـۇ ئىشـنى تـەرك ئەتمـەي داۋاملاشتۇرالايسـىز.

## مېھربانلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇكەممەللىكىدۇر

مېھربانلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىكى بولۇپ، مېھربانلىق دېگەن ئىنسانىنى باشقىلارنىڭ ئازابلىنىشلىرىغا، قىيىنچىلىقلىرىغا ئىچ ئاغرىتىدىغان، ئۇنى خالاس قىلىشقا تىرىشىدىغان، باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىغا ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ توغرا يول تېپىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرىدىغان بىر ئەخلاقىي مۇكەممەللىكتۇر.

بىزنىڭ دىنىمىز مېھربانلىقنى ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جانلىقلارغا قىلىشقا بۇيرۇغان. ئىنسانلار بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش ۋە مېھربانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىقلا بۇ ھاياتلىقتا ئۆزىنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ بەختلىك ياشىتالايدۇ. مېھربانلىق تۇيغۇسى بولمىغان قەلبتىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ. ناۋادا، ئىنساننىڭ تۇيغۇسى خۇنۇكلەشسە ۋە تاش يۈرەك بولۇپ كەتسە، ئۇ ئۆزىنى باشقا جانلىقلاردىنمۇ ئىنتايىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان ۋە جانسىز مېتاللارغا ئوخشاش ھېچ نەرسە تەسىر قىلمايدىغان ۋە ھېچ نەرسىنى ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئىنساندىن باشقا جانلىقلاردىمۇ مېھربانلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش بار بولغان يەردە، ئىنسان شۇ جانلىقلارچىلىكمۇ بولالمىسا، ئۇنىڭ ئىنسانلىق خىسلىتى قالمىغان ۋە باشقا جانلىقلاردىنمۇ تۆۋەنكە ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئەڭ مېھرىباندۇر. مېھربانلىق ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئۇ مېھربانلىقنى ياراتقان ۋە قەلبلەرگە ئۇنى بەخش ئەتكەن زاتتۇر. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە مېھربانلىق ئاشۇ مېھربانلىقنىڭ ئىزناسىدۇر.

### كىرىزىس زاماندا كۆرسىتىلگەن مېھربانلىق ئۇنتۇلمايدۇ

بارلىق جانلىقلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىسلام دىنىمىزنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئىنسانلىقنىڭ خىسلىتى بولغاندەك، ئىنسانلار ياردەمگە قاتتىق موھتاج بولغان كىرىزىس زامانلىرىدا ئۇلارغا مېھربانلىقنى كۆرسىتىشنىڭ ساۋابى ۋە ئەجرى ئەلۋەتتە كاتتا بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىشكە تەشەببۇس قىلىپ: «كىمكى بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ

هاجىتىنى راۋا قىلىپ بەرسە، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ»[1] دېگەن. ئۇ يەنە: «بەندە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولغان مۇددەتچە ئاللاھ ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ»[2] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىمۇ ھەمىشە كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش بىلەن بولاتتى. ھەر قانداق ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تارتىنمايلا ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى سورايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنى راۋا قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلاتتى، ھەتتا يولدا كېتىپ بارسىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى بىمالال ئېيتاتتى. بەزى نامرات كىشىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قول ئىلكىدە بار ساھابىلەرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرەتتى. ئىشقىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئادەم ھاجىتىنى راۋا قىلماي قايتمايتتى.

جەرىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇراتتى، نەجدە تەرەپتىن مۇزەر قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئاچلىقتىن، يوقسۇللۇقتىن ۋە چارىسىزلىكتىن دەردلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قاتتىق كەمبەغەللىكتىن ناھايىتى كىيىملىرى كونا ۋە يىرتىق ئىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇيدۇ، خۇتبىدە ئاللاھ تائالا تەقۋادارلىققا ۋە خەير ــ ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەردىن بىر قانچىسىنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن جامائەتكە: ‹سەدىقە قىلىڭلار! سەدىقە قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن سەدىقە قىلىۋېلىڭلار، سەدىقە قىلىڭلار! بىرەر دىنار بولسىمۇ، بىرەر دىرھەم بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار، بۇغداي بولسىمۇ، ئارپا بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار، بىر خورمىنىڭ يېرىمى بولسىمۇ ئېلىپ كېلىڭلار، سەدىقىدىن ھېچ نەرسە ئاددىي سانىماڭلار› دەيدۇ. شۇ چاغدا ئەنسارلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېنىدىكى ھەميانىنى ئۇزىتىدۇ، ھەميانىنىڭ ئېغىرلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككى قولىدا ئاران تۇتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق خوشال بولغانلىقى چىرايىدىن جىلۋىلىنىدۇ. ئاندىن باشقا ساھابىلەرمۇ ئۆيلىرىگە كېتىپ ھەممىسى بىر نەرسە ئېلىپ كېلىدۇ، نەتىجىدە ئىككى دۆۋە ئاشلىق ۋە كىيىم ــ كېچەك توپلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ خوشال بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ، ئاندىن ئۇنى

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ھېلىقى يوقسۇللارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ»[1].

## مېھرىبانلىق قىلمايدىغانلار مېھرىبانلىق كۆرەلمەيدۇ

ئادەم بەزىدە دوستلىرىغا ئۇچراشقاندا خۇش چىراي ئاچىدۇ، پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنىدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەممە كىشىدە تېپىلىدىغان بىر ئەھۋال. بۇنى ھەركىم قىلالايدۇ. ئەمما پۈتۈن ئىنسانلارغا كۆيۈنۇش، تونۇمايدىغان بىرىنىڭمۇ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، باشقىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە، خۇسۇسەن يېتىملارغا ئۇلارنى ئۆز پەرزەنتىم ئەمەسقۇ دېمەستىن مېھرىبانلىق ۋە غەمخورلۇق قىلىش، قوشنىلىرىغا، خىزمەتداشلىرىغا ۋە ئۇچراشقان ھەر قانداق كىشىگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىش پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر. مۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولىدۇ. بىر ھەدىستە: «كىشىلەرگە مېھرىبانلىق قىلمىغان ئادەمگە ئاللاھ مېھرىبانلىق قىلمايدۇ» دەپ كەلگەن. بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىگە سوۋغا قىلىنغان بۇ مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت ئېسىل خىسلەتنى قوبۇل قىلماستىن، ئۇنىڭ يولىغا تاش توسۇقلارنى قويۇپ ئۇنىڭ ئېقىنىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ھەتتا كىشىلەرنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراشتىن ئىبارەت ھېچقانداق كۈچ ياكى بەدەل تەلەپ قىلمايدىغان، ئاددىينە مېھرىبانلىق ئىشارىسىنى كۆرسىتىشكىمۇ بېخىللىق قىلىدۇ. ئەتراپىدىكىلىرىگە ئوچۇق چىراي ئاچمايدۇ، پەرزەنتلىرىگە قوپال مۇئامىلىدە بولىدۇ. دوستلىرىنى رەنجىتىدۇ. قوشنىلىرىنى بىزار قىلىدۇ، خىزمەتداشلىرىنى راھەتسىز قىلىدۇ. مۇنداق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ بەختسىز قىلغاندىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ.



## مېھرىبانلىق پۈتۈن جانلىقلاردا ئورتاق خىسلەت

مېھرىبانلىق پۈتۈن جانلىقلاردا بولىدىغان ئورتاق خىسلەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مېھرىبانلىقنى يۈزگە بۆلۈپ، ئۇنىڭ بىرىنى زېمىنگە ئەۋەتكەن. ئاشۇ بىرى بىلەن مەخلۇقاتلار ئۆزئارا مېھرىبانلىق قىلىشىدۇ. ھەتتا ھايۋان بالىسىغا دەسسەپ سېلىشتىن ئەنسىرەپ تۇيىقىنى كۆتۈرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، مېھرىبانلىق ئىنسانلارغىلا خاس ئەمەس، بەلكى بارلىق جانلىقلاردا بار بولغان بىر خىسلەتتۇر. مېھرىبانلىقنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئاجىزلارغا ياردەم

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىش، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، ھايۋانلارغا رەھىم — شەپقەت قىلىش، ئۇلارنى ئاسراش ۋە كۆيۈنۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنىڭ بىر قوينى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پىچاق ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «ھەي سېنى! ئۇنى ئۆلۈمگە سىلىق يېتىلەپ ماڭ» دەپ كايىغان. چۈنكى ھايۋانمۇ ئىنسانغا ئوخشاش ئاغرىق ھېس قىلىدىغان جانلىق بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ جېنىنى ئاغرىتماسلىقمۇ مېھرىبانلىقتۇر.

# مەزھەپ ھەققىدىكى مەسىلىلەر

مەزھەپ ـ لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بارىدىغان جاي دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىسلام ئىستىلاھىدا، دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار دېگەنلىك بولۇپ، مۇجتەھىدلارنىڭ دىنىي ماۋزۇلاردىكى پەرقلىق چۈشەنچىلىرىدىن ھاسىل بولغان جامائەتلىشىشنى ئىپادىلەيدۇ.

تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مەزھەب ـ ئىسلام دىنىدىكى پىكىر ئەركىنلىكىدىن پايدىلانغان مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ قۇرئاندا ياكى سۈننەتتە بولمىغان ماۋزۇلاردا مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن مۈشكىلىلەرنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا تايىنىپ ھەل قىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئومۇملاشقان پىكىر ۋە تەتبىقلاردىن مەيدانغا كەلگەن جامائەتلىشىش دېگەنلىكتۇر.



## مەزھەبنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى

مەزھەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ساھابىلارنىڭ زامانىدىلا پەيدا بولۇشقا باشلىغان.

### *مەزھەپلەرنىڭ كۆپ كۆپ بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى*

ئىسلام دىنىدا مەزھەپلەرنىڭ كۆپ بولىشىغا تۆرتكە بولغان سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىشى. بۇ سۆزنىڭ مۇجمەللىكى ياكى ئومۇم ۋە خاسلىق ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ياكى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مەجازىي (باشقا بىر) مەنە ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ۋە باشقىلاردۇر. مەسىلەن: ئەرەب تىلىدىكى«قۇرۇئ» سۆزىنىڭ ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرىشىنى ئىپادىلىگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ھەيزدىن پاكلانغانلىقىنىمۇ ئىپادىلىگىنىگە، «ئەمر» سۆزىنىڭ پەرزنى ئىپادىلىگىنىدەك، ۋاجىب ياكى مۇستەھەب (ياخشى كۆرۈلگەن ئىش)نى ئىپادىلىگىنىگە، «نەھيى» سۆزىنىڭ ھارامنى ئىپادىلىگىنىدەك، مەكرۇھنىمۇ ئىپادىلىگىنىگە ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمدىكى: «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوق»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىماڭلار» دېگەن مەنىدىكى چەكلەشنى ئىپادىلەمدۇ؟ ياكى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىمىدۇق» دېگەن مەنىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىشنىمۇ؟ ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي دالالىتى ۋە مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر خىل بولمىغانلىقتىن مەزھەپلەر كېلىپ چىققان. ھەتتا ساھابىلارنىڭمۇ چۈشىنىشى بىر خىل بولمىغان.

### *2. ھەدىسلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى. بۇ مۇنداق:*

(1) بەزى ھەدىسلەر بەزى ئۆلىمالارغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، باشقىلىرىغا يېتىپ بارالمىغانلىقى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام دىنىنى پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا يەتكۈزۈش يولىدا، يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ قىتئەلەرگە تارقاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلاردىن ھەر بىرى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىلا يەتكۈزەتتى.

(2) ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچسىز يول بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە باشقا بىرىگە شۇ ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرگەنلىكى.

(3) ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن شەرتلىرىگە توغرا كەلمىگەنلىكى. مەسىلەن: ئىمام ئەزەم مەيدانغا چىققان ۋاقىتتىكى ئىراقتا يالغان ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن ئويدۇرۇپ چىقىش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان ئىدى. شۇڭا ئىمام ئەزەم ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا شەرتنى بەكمۇ ئېغىر ۋە چىڭ قويغان. ئەمما مەدىنىدە ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، مەدىنە خەلقىنىڭ ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا شەرتلەرنى ئېغىر قويمىغان.

## ئىسلام دۇنياسىدىكى مەزھەبلەر

ئىسلام دۇنياسىدا ئىككى تۈرلۈك مەزھەب بولۇپ، بىرى، ئېتىقادىي (يەنى ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك) مەزھەبلەر، يەنە بىرى ئەمەلىي (يەنى ئەمەل -

[1] بەقەرە سۈرىسى 256 - ئايەت.

ئىبادەتلەرگــە مۇناســۋەتلىك) مەزھەبلــەردۇر.

ئېتىقادىــي مەزھەبلــەر: ئەھلــى ســۈننە، شــىئە، مۇتەزىلــە، خاۋارىــخ، رافىــزە، ئىســمائىلىيە، باھائىيــە، ئابازىيــە، جەبرىيــە، قەدەرىيــە قاتارلىــق مەزھەبلــەردۇر.

## ئەھلى سۈننە مەزھىبىنىڭ دۇنيادىكى نوپۇزى قانچىلىك؟

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. تۈركىستان، جۇڭگو، روسىيە، بالقان رايونى، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە، ھىندونوزىيە، شىمالىي ئافرىقا، ئەرەب ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى، ئومۇمەن ئۆتمۈشتە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى (ياكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىسى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئىران، ئەزەربەيجان، بەھرەيىن ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ 85% ى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. قالغان 15%نى باشقا مەزھەبلەرگە ئەگىشىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەشكىل قىلىدۇ.



## ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېتىقادىي مەزھەبلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى

ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېتىقادىي مەزھەبلەردىن ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئەڭ مەشھۇرلىرى ئىككى بولۇپ، بىرى، ئەھلى سۈننە مەزھىبى، ئىككىنچىسى، شىئە مەزھىبىدۇر. بۇ ئىككىسىدىن باشقا مەزھەبلەرنىڭ تولىسى دۇنيا يۈزىدىن غايىب بولۇپ تۈگەپ كەتكەن بولۇپ، بارلىرىنىڭ سانىمۇ ئىنتايىن ئاز بولغانلىقتىن پىرسەنتكە چۈشمەيدۇ.

## ھازىر دۇنيادا قانچىلىك شىئە بار؟

يېقىنقى زاماندا ئېلىپ بېرىلغان ستاتىستىكىلار ھازىر دۇنيادا 120 بىلەن 150 مىليون ئارىسىدا شىئە بارلىقىنى، بۇ ساننىڭ ئومۇمىي مۇسۇلمانلار سانىنىڭ تەخمىنەن 12 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

شىئەلەر ئەڭ كۆپ تېپىلىدىغان دۆلەت ئىران بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئەزەربەيجان، بەھرەيىن ۋە بەزى ئافرىقا دۆلەتلىرىدە شىئەلەر كۆپ ساندا تېپىلىدۇ. شىئەلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مەزھىبى ئون ئىككى ئىمام مەزھىبىدۇر.

## ئون ئىككى ئىمام مەزھىبى

ئـون ئىككـى ئىمـام مەزھىبـى ئاۋۋىلـى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ كىيئوغلـى، تۆتىنچـى خەلىپـە ئەلـى ئىبنـى ئەبـۇ تالـىب ئاخـىرى مۇھەممـەد ئىبنـى ھۇسـەين ئەسـكەرى دېگـەن كىشـىگىچە جەمـى 11ئىمامنـى كـۆزدە تۇتىـدۇ. ئـۇلاردا ئىمـام ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ قىـزى فاتىمـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھادىـن بولغـان پەرزەنتلـىرى ئىچىدىنـلا چىقىـدۇ. ئۇلار: ھەسـەن، ھۇسـەين، زەينىل ئابىدىـن، مۇھەممـەد باقىـر، جەفـەر سـادىق، مۇسـا كازىـم، ئەلـى رىـزا، مۇھەممـەد ئىبنـى ئەلـى ھـادى، ھەسـەن ئەسـكەرى، مۇھەممـەد مەھـدى قاتارلىقلاردۇر. ئۇلارنـىڭ 11 ـ ئىمامـى ھۇسـەين ئەسـكەرى ھىجرىيەنـىڭ 260 ـ يىلـى ۋاپـات بولغاندىـن كېيىن، ئۇنـىڭ ئوغلـى مۇھەممـەد ئاتىسـىنىڭ ئىزىدىـن ئىمـام بولۇشـقا تېگىشـلىك ئىـدى. لېكىـن ئـۇ چۈشىنىشـىز بىـر شـەكىلدە يوقـاپ كەتكەنىدىـن كېيىـن، شـۇ ۋاقىتتىكـى شـىئەلەر 12 ـ ئىمـام مۇھەممەدنـى ئۆلمىـدى، ئـۇ چوقـۇم مۇناسـىپ بىـر زامانـدا «ئىمـام مەھدى» بولـۇپ، ئوتتۇرىغـا چىقىـدۇ ۋە دۇنيانـى ئادالەتكـە تولدۇرىـدۇ، دەپ ئېـلان قىلغـان. شـۇندىن بىـرى شـىئەلەرنىڭ ئـون ئىككـى ئىمـام مەزھىبىـدە ئىماملىـق ئاخىرلاشـقان بولـۇپ، ئـۇلار ھازىرغىچە مۇھەممـەد مەھدىنىـڭ چىقىشـىنى كۈتمەكتـە.

شـىئەلەرنىڭ بـۇ پىرقىسـى ئـون ئىككـى ئىمـام مەزھىبـى، ئىمامىيـە مەزھىبـى، جەئفەرىيـە مەزھىبـى دەپمـۇ ئاتىلىـدۇ. ئۇلارنـىڭ ئـون ئىككـى ئىمـام مەزھىبـى دەپ ئاتىلىشـى ئـۇلاردا ئىماملىقنىـڭ ئـون ئىككـى ئىمـام بىلـەن ئاخىرلاشـقانلىقى، ئىمامىيـە دەپ ئاتىلىشـى ئۇلارنـىڭ ئىمـام تىكلەشـنىڭ پەرزلىكىگـە ئېتىقـاد قىلىدىغانلىقـى ۋە جەئفەرىيـە دەپ ئاتىلىشـى شـىئەلەرنىڭ ئىمـام جەئفـەر سـادىقنىڭ دەۋرىـدە قـۇدرەت تېپىـپ يېڭـى بىـر باسـقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكـى سـەۋەبتىن ئىـدى. ئەممـا ئۇلارنـىڭ فىقھـي مەسـىلىلىرىدىكى مەزھەبلـىرى بىـر ـ بىرىدىـن پەرقلىقتـۇر.

شـىئەلەر ئۆزلىرىنىـڭ ئىماملىرىنـى پەيغەمبـەر دەرىجىسـىگىچە، ھەتتـا بەزىـدە پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامدىنمۇ يۇقىـرى مەرتىبىلەرگـە كۆتىرىدۇ. ئۇلارنـىڭ ئىماملىرىنى چـوڭ ـ كىچىـك ھـەر قانـداق بىـر گۇناھتىـن پـاك كىشـىلەر بولـۇپ، ئـۇلاردا ئۇنتـۇپ قېلىـش، خاتالىشـىش بولمايـدۇ، ئـۇلار دۇنيـا يارىتىلىشـتىن بـۇرۇن نۇرلـۇق سـۈرەتتە يارىتىلىـپ بولغـان، ئـۇلار ئالـلاھ تائـالا تەرىپىدىـن تىكلەنگـەن ئىمامـلار بولـۇپ، كارامەتلـەر پەقـەت شـۇلارنىڭلا قولىدىـن كېلىـدۇ، دەپ ئېتىقـاد قىلىـدۇ.

شـىئەلەرنىڭ ئـون ئىككـى ئىمـام مەزھىبـى ھازىـر ئىـران، ئىـراق، ھىندىسـتان، سـۈرىيە ۋە ئافغانىسـتان قاتارلىـق دۆلەتلـەردە كـۆپ تېپىلىـدۇ.

مىلادىيىنـىڭ 1500 ـ يىلـى ئىرانـدا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان شاھ ئىسمائىل

سەفەۋى شىئەلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمام مەزھىبىنى ئىراننىڭ رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەندىن بېرى بۇ مەزھەب ھازىرغىچە ئىراندا دەۋر سۈرۈپ كەلمەكتە[1].

## ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرىۋاتقان فىقھى مەزھەبلەر

ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرىۋاتقان فىقھى مەزھەبلەر تۆۋەندىكىلەر:

- ھەنەفىي مەزھىبى
- مالىكىي مەزھىبى
- شافىئىي مەزھىبى
- ھەنبەلىي مەزھىبى

***بىرىنچى: ھەنەفىي مەزھىبى***

ھەنەفىي مەزھىبى - ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە مەنسۇب بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ بىرىنچىسىدۇر. ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ پېشىۋاسى ۋە قۇرغۇچىسى ئىمام ئەزەم (ئەڭ چوڭ ئىمام)نىڭ تولۇق ئىسمى - سابىت ئوغلى نۇئمان بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 80-يىلى (699م) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەمەۋىلەر بىلەن ئابباسىيلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ خەلىپىلىك زامانىدا ياشىغان، كاتتا مۇجتەھىد ئالىم. ئىمام ئەزەم تەقۋالىقى ۋە ھۇشيارلىقى بىلەن داڭق چىقارغان كىشى بولۇپ، تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ راستچىللىقى ۋە توغرىلىقى بىلەن تونۇلغان زات ئىدى.

ئىمام ئەزەم ئۇستازى ھەممادنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەسجىدتىكى تالىبلارنى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇ تالىبلارغا ئىنتايىن مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىدى. ھەتتا ئىمام ئەبۇ يۈسۈپكە ئوخشىغان بەزى كەمبەغەل تالىبلارنىڭ مەئىشەت يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ئوقۇش بىلەنلا شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيتتى.

ئىمام ئەزەم تالىبلارنى ئوقۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا تىجارەت ئىشىنىمۇ ئاقسىتمىغان بولۇپ، كۇفە شەھىرى مەركىزىدە خام ۋە يىپەك ساتىدىغان دۇكىنى بار ئىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ شېرىكى ماڭدۇرۇپ پايدىسىدىن ئۇنىمۇ نېسىۋىدار

[1] مىسىر ۋەقىپ ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ «ئىسلامىي ئىشلار ئالىي كېڭىشى» تەرىپىدىن ھازىرلانغان «ئومۇمىي ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»دىن ئېلىندى.

قىلاتتىكەن. ئىمام ئەزەمنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بولۇپ، ئەڭ مەشھۇرلىرى «ئەل فىقھۇل ئەكبەر»، «ئەل مەخارىج فى ئەلفىقھ» دېگەن كىتابلىرىدۇر.

ئىمام ئەزەم ھىجرىيەنىڭ 150- يىلى (767- يىلى 14- ئىيۇن كۈنى) 70 يېشىدا باغداد شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، باغداد شەھرىنىڭ ئەئزەمىيە رايونى، دىجلە دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى خىرزان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

### *ئىمام ئەزەمنىڭ ئىسلام فىقھشۇناسلىقىدىكى مەرتىبىسى*

ئىمام ئەزەم ئىسلام فىقھشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى ۋە دۇنيادىكى مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ پېشۋاسىدۇر.

ئىمام شافىئىينىڭ ئۇستازى ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ ئىمام ئەزەمنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىمام ئەزەمدىن ئالىمراق ۋە ئۇنىڭدەك ياخشى ناماز ئوقۇيدىغان بىرىنى كۆرگىنىم يوق»[1].

ئىمام شافىئي ئىمام ئەزەمنىڭ ئىلمىي مەرتىبىسىنى بايان قىلىپ: «فىقھى ئىلمىدا ھەممىمىز ئىمام ئەزەمگە موھتاجمىز»[2] دېگەن ئىكەن.

ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە فىقھشۇناس ئالىم نەزر ئىبنى شەمىل مۇنداق دېگەن ئىكەن: «كىشىلەر ھەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى، ئىمام ئەزەم ئۆزىنىڭ ماھارىتى بىلەن ئۇلارنى ئويغاتتى»[3].

ئاتاقلىق فىقھشۇناس ئالىم ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: «فىقھى ئىلمىدە ئىمام ئەزەمدەك كامالىغا يەتكەن بىرىنى كۆرمىدىم، تەقۋادارلىقتىمۇ ئۇنىڭدەك بىرىنى كۆرمىدىم».[4]

### *ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىنى توپلىغانلار*

ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىنى ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدىن 40 تىن كۆپرەك ئالىم يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ كىشىدۇر:

1. ئىمام ئەبۇ يۇسۇپ، تولۇق ئىسمى - ئىبراھىم ئوغلى ياقۇب ئەل ئەنسارى

[1] باغدادنىڭ تارىخى 13 - توم 345 - بەت.
[2] باغدادنىڭ تارىخى 3 - توم 323 - بەت.
[3] تەھزىب ئەل تەھزىب 5 - بەت 604 - بەت .
[4] تەرتىب ئەل مەدارىك 3 - توم 300 - بەت.

ھىجرىيەنىڭ 113 - يىلى (731م) كۇفە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن دىنىي ئىلىملەرگە قاتتىق قىزىقىش بىلەن يۈزلىنىپ، ئىمام ئەزەمنىڭ قولىدا 17 يىل مۇنتىزىم ئوقۇپ يېتىشكەن مۇجتەھىد ئالىم. ئابباسىيلار خەلىپىلىرىدىن خەلىپە مەھدىنىڭ زامانىدا باغداتتا تارىختا بىرىنچى قېتىم قازىلىق مەنسىپى ۋە قازى ئاتالغۇسى بارلىققا كېلىپ، ئىمام ئەبۇ يۇسۇپ ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم قازىلىق ۋەزىپىسىنى قىلغان كىشى بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىنىدۇ. كېيىنچە دۇنياغا مەشھۇر خەلىپە ھارۇن ئەل رەشىدنىڭ زامانىدا ئۇنىڭ مەنسىپى تېخىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ قازى قۇزات (قازىلارنىڭ قازىسى) بولۇپ تەيىنلەنگەن.

ئىمام ئەبۇ يۇسۇپنىڭ قازىلىق دەۋرى ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ گۈللىنىشى ۋە كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەت قىلغان. ئىمام ئەبۇ يۇسۇپ ئىمام ئەزەمنىڭ بىرىنچى شاگىرتى بولۇپ، كاتتا ئۆلىما ئىدى، نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان، تۇنجى بولۇپ ئۇسۇلى فىقھى (قانۇنشۇناسلىق پرىنسىپى)نى ئىجاد قىلغان كىشىدۇر. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 182 - يىلى (799م 21 - ئاپرىل كۈنى)، 69 يېشىدا باغداتتا ئالەمدىن ئۆتكەن، جىنازا نامىزىنى مەشھۇر ئابباسىيلار خەلىپىسى ھارۇن رەشىد ئۆزى ئوقۇغان.

2. ئىمام مۇھەممەد، تولۇق ئىسمى ھەسەن ئوغلى مۇھەممەد ئەل شەيبانىي بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 132 - يىلى (749م) ئىراقتا دۇنياغا كەلگەن. ئىمام مۇھەممەد ئىلىمدە كامال تاپقان مۇجتەھىد ئالىملاردىن بولۇپ، ئىمام ئەبۇ يۇسۇفتىن قېلىشمايتتى. ئۇ شۇ زاماننىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. ئۇ ئىمام ئەزەمنىڭ ئىككىنچى شاگىرتى بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىمام ئەبۇ يۇسۇپتە ئوقۇغان. ھىجرىيەنىڭ 187 - يىلى (803م) ئالەمدىن ئۆتكەن.

3. ئىمام زۇفەر ئەلھۇزەيل ھىجرىيەنىڭ 108 - يىلى (727م) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ھەنەفىي مەزھىبىدىكى كاتتا مۇجتەھىدلاردىن بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، خېلى كۆپ مەسىلىلەرنى يېشىپ چىقارغان كىشىدۇر. ئىمام زۇفەر ھىجرىيەنىڭ 157 - يىلى (774م) تەخمىنەن 47 ياشلار ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ھەنەفىي مەزھىبىدە مۇھىم مەسىلىلەردىن 17 مەسىلىدە ئىمام زۇفەرنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرۈلۈپ كەلمەكتە[1].

### ئىككىنچى: مالىكىي مەزھىبى

مالىكىي مەزھىبى - ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا

[1] «ئىسلام فىقھىغا كىرىش» ناملىق ئەسەردىن.

بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ ئىككىنچىسىدۇر. مالىكىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام مالىك بولۇپ، تولۇق ئىسمى مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىكتۇر.

ئىمام مالىك ھىجرىيەنىڭ 93- يىلى (715م) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھەدىسشۇناسلىق ۋە فىقھشۇناسلىقتا كامالەتكە يەتكەن مۇجتەھىد ئالىم بولۇپ، كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئەل مۇۋەتتە» دۇر. ئىمام مالىك ھىجرىيەنىڭ 179- يىلى (795م) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە 84 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مالىكىي مەزھىبى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە مەيدانغا كېلىپ ھىجاز (مەككە، مەدىنە ۋە بۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار)، مىسىر، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ماراكەش، ئەندەلۇس(ئىسپانىيە) قاتارلىق رايونلارغىچە بېرىپ يەتكەن. ھازىرقى زاماندا مالىكى مەزھىبىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق رايونلىرى ئافرىقا دۆلەتلىرى، ماراكەش، تۇنىس، ئالجىرىيە، لىبىيە، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەر بولۇپ، ئىراق، ھىجاز، پەلەستىن ۋە سۇرىيەلەردىمۇ ئاز ساندا تېپىلىدۇ.

### *ئۈچىنچى: شافىئىي مەزھىبى*

شافىئىي مەزھىبى- ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر. شافىئىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام شافىئىي بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەل شافىئىيدۇر.

ئىمام شافىئىي ھىجرىيەنىڭ 150- يىلى (767م) ھازىرقى پەلەستىنىنىڭ غەززە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە ئىككى يېشىدا ئاتىسى بىلەن مەككىگە كەلگەن. كېيىنچە ئىمام مالىكتا فىقھى ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى ئوقۇغان. ئەرەب تىلى، ئەرەب ئەدەبىياتى، قۇرئان، ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن ئىمام شافىئىي ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك دىنىي ئەسەرلەرنى ۋە شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان مۇجتەھىد ئالىمدۇر. ئۇ يەنە ئىراققا بېرىپ ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدا فىقھى ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە مىسىرغا ھىجرەت قىلغان ۋە ھىجرىيەنىڭ202- يىلى (819م) مىسىردا ۋاپات بولغان.

ئىمام شافىئىنىڭ «كونا» ۋە «يېڭى» ئىككى مەزھىبى بولۇپ، ئىراقتىكى ۋاقتىدا كونا مەزھىبى، مىسىرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى مەزھىبى ئوتتۇرىغا چىققان.

شافىئىي مەزھىبى ھازىر مىسىر، پەلەستىن، كۇردلار ياشايدىغان رايونلار، ئىران، ھىندونېزىيە، پاكىستان ۋە لىۋان قاتارلىق جايلاردا ئورۇن ئالماقتا.

### تۆتىنچى: ھەنبەلىي مەزھىبى

ھەنبەلىي مەزھىبى - ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەل شەيبانىيدۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھىجرىيەنىڭ 163- يىلى (780م) ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋە دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. باغدات، مەككە، يەمەن، شام (سۈرىيە ۋە لىۋان)، بەسرە ۋە كۇفە شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان مۇجتەھىد ئالىم. ئىمام شافىئىي باغدادتا بولغان چاغلىرىدا ئۇنىڭدا فىقھى ئىلىملىرىنى ئوقۇغان. كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان. باغداتتىكى ئابباسىيلار خەلىپىسى مەئمۇن مۇتەزىلە مەزھىبىنىڭ «قۇرئان مەخلۇقتۇر» دەيدىغان پىكرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلىمالارنى بۇ پىكرنى قوبۇل قىلىشقا زورلىغاندا، ئىمام ئەھمەد بۇ پىكرنى قوبۇل قىلمىغان. شۇ سەۋەبلىك 28 ئاي تۈرمىدە ياتقان ھەمدە كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتقان. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 271- يىلى (855م) ھازىرقى ئىراقنىڭ پايتەختى باغداد شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھەنبەلىي ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ نەجد رايونىدا پۈتۈنلەي ئورۇن ئالغان بولۇپ، ھىجازدىمۇ كۆپ ساندا تېپىلىدۇ. پەلەستىن، سۈرىيە ۋە لىۋان قاتارلىق دۆلەتلەردە شافىئىي مەزھىبىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ مەزھەب ھەنبەلىي مەزھىبى ھېسابلىنىدۇ.

## شىئەلەردە دەۋر سۈرۈۋاتقان مەشھۇر فىقھى مەزھەبلەر

شىئەلەردە دەۋر سۈرىۋاتقان مەشھۇر فىقھى مەزھەبلەر زەيدىيە ۋە جەئفەرىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەبتۇر.

زەيدىيە مەزھىبى- تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چەۋرىلىرىدىن زەيد ئىبنى ئەلى ئىبنى زەينىل ئابىدىن دېگەن كىشىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، بۇ كىشى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن زاماندىش ئىدى.

زەيدىيە مەزھىبىنىڭ فىقھىي قاراشلىرى ئەھلى سۈننە مەزھىبىدىكى مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ فىقھىي قاراشلىرىغا ئەڭ يېقىندۇر. ئېتىقادىي قاراشلىرى مۇتەزىلە

مەزھەبنىڭ ئاساس قىلىدۇ. ھەتتا مۇتەزىلە مەزھىبى ئىمام زەيدنى ئۆزلىرىنىڭ پىكرىي جەھەتتىكى ئىمامى ھېسابلايدۇ. بۇ مەزھەب مىلادىيە 8- ئەسىردە مەيدانغا چىققان بولۇپ، ھازىر يەمەن جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيىسى ئىچىدە دەۋر سۈرمەكتە.

جەئفەرىيە مەزھىبى - ئەھلى بەيتىنىڭ 6- چوڭ ئىمامى ۋە كاتتا ئالىم ئىمام جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇرىدلىرى بولۇپ، بۇ كىشى شىئەلەرنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرى بويىچە ئەڭ چوڭ ئىمامى ھېسابلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە كۇفە شەھرىدە، ئىمام مالىك مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە ئىمام جەئفەر سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كۆپلىگەن فىقھىي مەسىلىلەرنى ئۆگەنگەن.

جەئفەرىيە مەزھىبى ھازىر ئىران، ئىراق، ئەزەربەيجان، بەھرەيىن، لىۋان، تاجىكىستان، پاكىستان، ھىندىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە دەۋر سۈرمەكتە.

## ئەھلى سۈننە مەزھىبى ئىچىدە تۈگەپ كەتكەن فىقھىي مەزھەبلىرى

ئەھلى سۈننە مەزھىبى ئىچىدە تۈگەپ كەتكەن فىقھىي مەزھەبلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. ئىمام لەيس ئىبنى سەئىد (93- 174ھ/712- 791م) نىڭ مەزھىبى. بۇ مەزھەب مىسىردا مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىبى ئومۇملاشقانغا قەدەر داۋام قىلغان.

2. ئىمام داۋۇد زاھىرىي (199- 269ھ/815- 883م) نىڭ مەزھىبى. بۇ مەزھەب باغدادتا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ 4- ئاساسى بولغان قىياسنى ئېتىراپ قىلمايتتى، ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىپ كېيىنچە يوقىلىپ تۈگەشكەن.

3. ئىمام ئابدۇراھمان ئەۋزائىي (88- 157ھ/707- 774م) نىڭ مەزھىبى. بۇ مەزھەب سۈرىيىدە مەيدانغا چىققان بولۇپ سۈرىيە، لىۋان، ئىسپانىيە قاتارلىق جايلاردا ئومۇملاشقان. كېيىنچە، سۈرىيىدە ئىمام شافىئىينىڭ، ئىسپانىيىدە ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبى ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە، بۇ مەزھەبكە ئەگەشىدىغانلار تەدرىجى تۈگەپ كەتكەن.

## دۇنيادا قانچىلىك مۇسۇلمان ھەنەفىي مەزھىبگە ئەگىشىدۇ؟

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر، شەرقىي تۈركىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، تاتارىستان قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى،

تۈركىيە، مىسىر، لىۋان، سۈرىيە، ئىئوردانىيە ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. مىسىر، لىۋان، سۈرىيە، ئىئوردانىيە، ئافغانىستان ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مەھكىمە شەرئىيلەر ھازىرمۇ ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى بويىچە ئىش كۆرمەكتە. ئومۇمەن ئوسمانىي خەلىپىلىكى (ئوسمان ئىمپېرىيىسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى ئورۇن ئالغان. دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ كۆپرەكى ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. جەنۇبىي ئامېرىكىدىمۇ 25 مىليوندىن كۆپرەك مۇسۇلمان ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ[1].

## مەزھەبگە ئەگىششكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

### *مەزھەبكە ئەگىشىش زۆرۈرمۇ؟*

ئىسلام دىنىي مۇسۇلمانلارنى باشقا دىنلاردىكىگە ئوخشاش قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشقا تەشەببۇس قىلمايدۇ، بەلكى تەقلىدچىلىكنى ناھايىتى قاتتىق سۆكىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئەقىل ئىشلىتىشكە، ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىنى بىلىپ، توغرا يولغا ئەگىشىشكە چاقىرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيىنىڭ ﴿ئوقۇ﴾[2] ئەمرى بىلەن باشلانغانلىقى، يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ «بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر»[3]دېگەن چاقىرىقى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇش ئۈچۈن ئوقۇشقا، ئاندىن پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە چاقىرىشتا قاتتىق تەلەپ قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ئەقىل ئىشلەتمەستىن، توغرا - خاتانى ئايرىماستىن، ھەدەپ ئاتا - بوۋىلىرىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشتەك بېكىنمە روھىي ھالىتىنى سۆكۈپ «ئۇلارغا ئاللاھ چۈشۈرگەن ھۆكۈمگە، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەگىشىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: ‹ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە› دەيدۇ»[4] دېگەنلىكى ئىسلام دىنىنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش، ئەقىلنى قوللىنىپ ئىش

[1] «المدخل في الفقه» ناملىق ئەسەردىن.

[2] قۇرئان كەرىمدىن ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ۋەھيى ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىن مۇنۇ 5 ئايەتتۇر: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنسانىنى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى».

[3] مۇھەممەد سۈرىسى 19 - ئايەت.

[4] مائىدە سۈرىسى 104 - ئايەت.

كۆرۈشكە چاقىرىشتەك ئەۋزەللىكىنىڭ ۋە ھەققانىيلىقىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلىدۇر.

ئەمما قۇرئان كەرىم كاپىرلارنى تەقلىد قىلىشنى سۆككەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى مۇستەقىل بىلەلمىگەن مەسىلىلەردە، ئۆلىمالارنى تەقلىد قىلىشنى چەكلىگەن ئەمەس.

## ئىسلام مەزھەبلىرىنى تەقلىد قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئەمدى، ئىسلام مەزھەبلىرىنى تەقلىد قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئېتىقادىي مەسىلىلەردە ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىش زۆرۈردۇر. چۈنكى ئەھلى سۈننە - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا تولۇق ئەگىشىشنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن، ئېتىقادى ئەڭ ساغلام مەزھەبتۇر. شۇ سەۋەبتىنمۇ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى بۇ مەزھەبكە ئەگىشىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ ئېتىقادى توغرا ۋە ساغلام بولمىسا، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرى پايدا بەرمەيدۇ.

ئەمما ئەمەل - ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك فىقھىي مەزھەبلەرگە ئەگىشىش مەسىلىسى مۇنداق:

1. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆزلىرى ئوقۇپ، چۈشىنىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ئاۋام خەلقنىڭ ئەمەل - ئىبادەت مەسىلىلىرىدە، مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىشى (ئەگىشىشى) جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. چۈنكى ئاۋام خەلقمۇ ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرۈشكە چاقىرىلغان. شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرۈش ئۈچۈن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش شەرت. ئۇلارنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشىنىڭ بىرلا يولى بىلگەنلەرنى تەقلىد قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىلمەيدىغان كىشىلەرنى بىلىدىغان ئۆلىمالاردىن سوراپ ئۆگىنىشكە ئەمر قىلغان. «ئەگەر بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار».[1]

2. شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ دەلىللىرىنى ئۆز ئىجتىھادى بىلەن كۈچلۈك ياكى زەئىپ دەپ ئايرىيالايدىغان مەرتىبىگە يەتمىگەن ئۆلىمانىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىش ياكى قىلماسلىقى ئىختىيارىدۇر. يەنى خالىسا بىرەر مەزھەبكە ئەگىشىدۇ، خالىسا ئۆزى بىلگىنىچە ئىش كۆرىدۇ.

3. ئۆز ئىجتىھادى بىلەن شەرىئەت دەلىللىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇلاردىن

---

[1] نەھل سۈرىسى 43 - ئايەت.

دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش سەۋىيىسىگە يەتكەن كىشىنىڭ كۈچى يەتمىگەن بەزى مەسىلىلەردىلا باشقا بىرىنى تەقلىد قىلىشى جائىزدۇر. ئەمما ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان مەسىلىلەردە باشقىلارنى تەقلىد قىلىشى جائىز ئەمەس.

ئاۋامنىڭ بىرەر مەسىلىدە رۇخسەت ياكى ئوخشايلىق ئىزدەپ ئۆلىمالارنىڭ رۇخسەتلىرى ئارقىسىدىن چېپىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۆزى مەنسۇپ بولغان مەزھەبىدىن باشقا بىر مەزھەپكە رۇخسەت ئىزدەپ ئۆتۈش ئۆلىمالارنىڭ سۆزىنى شەرىئەت دەلىللىرىدىن ئۈستۈن بىلگەنلىك ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## مەزھەب چۈشەنچىسى

ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ھەقلىقى ۋە توغرىلىقىدا شەك يوق. بۇلار مەرتىبە جەھەتتىمۇ ئوخشاشتۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەئى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت بولۇپ، بۇ مەزھەبلەرنىڭ قايسىسىغا ئەگىشىش جائىزدۇر.

ئەمما مەزھەپ رەيىنى دىنىنىڭ رەيى دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ تۇتقان يولى ئۆزى ئەگەشكەن مەزھەپنىڭ رەيىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەزھىبىگە قارىغۇلارچە تەئەسسۇبلۇق قىلىشمۇ ئىلىم ئەھلىگە ياراشمايدىغان بىر ئىش. چۈنكى مەزھەبنىڭ رەيى شۇ مەزھەبنىڭ دىن روھىدىن چۈشەنگەنلىرى ۋە بىلگەنلىرى بەس. شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، مەزھەبنىڭ رەيى توغرا ۋە خاتاغا ئېھتىمالى بولغان كۆز قاراشلاردۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچقانداق ئىنسان خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس.

مۇجتەھىدلار دىنىي مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىپ توغرىسىنى تاپقان بولسا بىر ھەسسە ساۋابقا، ئەگەر خاتالاشقان بولسا ئىككى ھەسسە ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى ئىسلام دىنىدا قارار قىلىنغان بىر ھەقىقەتتۇر.

## نەپس جەننەتكە كىرىشنىڭ ۋەسىلىسىدۇر

نەپس ــ كىشىلەردىكى يېيىش ـ ئىچىشكە ، مال ـ دۇنياغا ، يۈز ـ ئابرۇيغا بولغان ھەۋەس ، قىزىقىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچقانداق نەرسىنى بىكارغا ياراتمىغان ، بولۇپمۇ نەپستىن ئىبارەت ھەممىلا ئادەم قىزىقىدىغان ۋە ھەممىلا ئادەمنى ئەمگەككە سالىدىغان نەرسىنىمۇ ھەرگىز مەقسەتسىز ياراتقان ئەمەس.

نەپس دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە ئىنساننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى شەيئىلەر ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ ، ئۇ ئىنساننىڭ يۈرۈش ــ تۇرۇشلىرىدا تەسىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كۆپلىگەن ئىنسانىي سۈپەتلەر ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىدۇر. نەپسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئىنسانلارغا ئېنىق مەلۇم بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئىنساننىڭ يۈرۈش ــ تۇرۇشلىرىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئۆزىنى راھەتلەندۈرىدىغان ۋە ئىستەكلىرىگە قاندۇرىدىغان نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلىش ، قىزىقىش ، تەلەپ قىلىش ، راھەت ۋە جاپانى ھېس قىلىش ، شادلىنىش ۋە غەمكىن بولۇش ، سۆيۈش ۋە نەپرەتلىنىش ، ياقتۇرۇش ۋە يامان كۆرۈش ، تەسىرلىك سۆزلەردىن ھېسسىياتقا كېلىش قاتارلىق ۋىجدانىي سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى نەپسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن سانىلىدۇ.

شۇنىڭدەك ، توغرا يولغا ھىدايەت تېپىش ياكى ئېزىش ، ئۆزىنى پاكلاش ياكى بۇلغاش خۇسۇسىيەتلىرىمۇ نەپستە بولۇپ ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق مەنبەلىرى ، ياخشى بىلەن ياماننى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ياخشىلىق ــ يامانلىقتىن خالىغانلىرىنى قىلىش قابىلىيىتى نەپستە باردۇر.

نەپس ياخشىلىق ياكى يامانلىقنى قىلىشقا قادىر بولۇپ ، قىلغانلىرىنى بىلىپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر. شۇڭا نەپسىنىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا بولغان ئىشلار ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ياكى سۈپەتلىرىدىن سانالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن نەپس قىلغانلىرىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ، ياخشى قىلغانلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ، يامان قىلغانلىرىنىڭ جازاسىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولغان.

## نەپسنىڭ تەلەپلىرى

نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسى سۆكۈلىدىغان دەرىجىدە ئەمەس، بەلكى نەپسىنىڭ يوللۇق تەلەپلىرى سۆكۈلمەيدۇ.

نەپسىنىڭ يوللۇق تەلەپلىرى — ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى زىيان — زەخمەتكە ئۇچراتمىغان ئاساستا، قائىدە — يوسۇن بويىچە، ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

نەپسىنىڭ يولسىز تەلەپلىرى — ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى زىيان — زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەۋەسلىرىنى قائىدە — يوسۇنغا يات بىر شەكىلدە قاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

## نەپسنى پاكلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئاللاھ تائالا «نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. ئۇنى (گۇناھ — مەئسىيەتكە) كۆمگەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ»[1] دېگەن سۈرىدە، نەپسىنى پاكلىغان ئادەمنىڭ مۇرادىغا يېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ۋە نەپسىنى پاكلاشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كاتتا مەۋجۇداتلاردىن ئون بىر مەۋجۇدات بىلەن قەسەم قىلغان. مەلۇمكى، ئىنسانلار قەسەم قىلماقچى بولسا، ئۇلار چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەنلا قەسەم قىلالايدۇ. ئۇلار: «ۋەللاھى» ، «تەللاھى» ۋە «بىللاھى» دېگەن سۆزلەردۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغا ئادەم ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ كاپىر بولىدۇ ياكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا قەسەم قىلماقچى بولسا، ئۆزى خالىغان مەخلۇقاتىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قەسەم قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا قەسەم قىلسا، بىرەر مۇھىم ئىشنى ياكى ئىشلارنى تەكىتلەش ئۈچۈنلا قەسەم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەرگىز ئاددىي ئىشلارغا قەسەم قىلمايدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا قەسەم بىلەن تەكىتلىگەن ئىشلارغا ئالاھىدە رىئايە قىلىش كېرەك.

نەپسىنى پاكلاش دېگەننىڭ مەنىسى: ئىنسان ئەقلىنى ۋە پىكرىنى ئىسلام

[1] شەمس سۈرىسى: 9- 10- ئايەتلەر.

[2] «سنن الترمذي» 3- توم، 162- بەت، 1535- ھەدىس.

ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان بارلىق ئېتىقاد ۋە پىكىر ــ ئېقىملىرىدىن ئازاد قىلىپ ئۆزىنى پاك تۇتۇشى، ھەسەت، كىبىر، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇپ ئۆزىنى ساپ تۇتۇشى، ھارام يېيىشتىن ۋە ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىشى دېگەنلىكتۇر. بەزى ئۆلىمالار نەپسىنى پاكلاشنى: «نەپستىكى ھاۋايى- ھەۋەسلەرنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىدە گۈزەل- خىسلەتلەرنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش» دەپ تەرىپلىگەن.

ئىسلام دىنى پۈتۈن تەلىماتلىرىدا ئەڭ ئاۋۋال نەپسىنى پاكلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى ئىنساننىڭ نەپسى پاكلانغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى ۋە يۈرۈش ــ تۇرۇشلىرى دۇرۇسلۇققا ۋە ھەققانىيلىققا قاراپ يول ئالغان بولىدۇ.

## نەپس يامانلىقنىڭ مەنبەسى ئەمەس

بەزى كىشىلەر نەپسنى بارلىق يامانلىقنىڭ باشلامچىسى ۋە ئىنسانلارنى يولدىن چىقىرىدىغان نەرسە دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەت بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، نەپس جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر. نەپسنىڭ تەلەپلىرىنى ئۆز يولىدا ئىشلەتمەسلىك يامانلىقنىڭ بېشىدۇر. نەپس بەزى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ بارسا، يەنە بەزى كىشىلەرنى شەيتان بىلەن دوست قىلىپ، ئۇنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. نەپسنىڭ ئىنساندىكى رولى ماشىنىنىڭ موتورىغا ئوخشاش بولۇپ، موتور يولنى ئوبدان بىلىدىغان، قاتناش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىدىغان، سالاھىيەتلىك بىر شوپۇرنى نىشانىغا سالامەت ئېلىپ بېرىشقا تۈرتكە بولغاندەك ۋە يولنى بىلمەيدىغان، قاتناش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلمايدىغان، سالاھىيەتسىز شوپۇرنى ھالاكەتكە تاشلىۋەتكەندەك، نەپسمۇ ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىلىدىغان، شەرىئەتنىڭ چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىدىغان، تەقۋادار مۇئمىن ئادەمنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىنى تونۇمايدىغان، شەرىئەتكە ئەمەل قىلمايدىغان، پاسىق ئادەمنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا بىز نەپسكە تۆھمەت قىلماسلىقىمىز ۋە ھەممىنى ئۆزىمىزدىن كۆرۈشىمىز لازىم. چۈنكى نەپس موتور، بىز شوپۇرمىز. بىز رولنى قايسى تەرەپكە بۇرىساق، نەپس بىزنى شۇ تەرەپكە ئېتتىرىدۇ.

## نەپس بولمىسا جەننەت ۋە دوزاخمۇ بولمايتتى

ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئاخىرەتتە جەننەتنى قازىنىش ئۈچۈن نەپستىن باشقا يول بارمۇ؟ مال ــ دۇنيامۇ نەپستۇر. چۈنكى ئۇ سۆيۈملۈكتۇر. دۇنيادا مال ــ دۇنيانى ياخشى كۆرمەيدىغان، ئۇنىڭغا قىزىقمايدىغان ئادەم يوق. سىز مال ــ دۇنيانى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ھالال يولغا ئىشلەتسىڭىز، سىز ئەلۋەتتە ئاللاھ

تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە قازىنىسىز. يەنە سىز قولىڭىزدىكى پۇلنى ئۆزىڭىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە كەڭ تاشا خەجلىسىڭىزمۇ ئىختىيارىڭىز، ئەگەر سىز شۇ پۇلدىن يوقسۇللارغا، يېتىملەرگە ياردەم قىلسىڭىز، سىز ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە قازىنىسىز. ئەگەر پۇل سىزگە شۇنچىلىك بەك سۆيۈملۈك بولمىغان بولسا، سىز ئۇنى سەرپ قىلىش ئارقىلىق مەرتىۋە قازىنالمايتتىڭىز. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە «سىلەر ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلارنى سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا (جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا ئەرلەردە ئاياللارنى، ئاياللاردا ئەرلەرنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت نەپسنى ياراتقان. ئەرلەر ئايال جىنسىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە ئۇلارغا قاراشتىن ھۇزۇر ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن، كوچىلاردىكى، ئىنتېرنېت تورلىرىدىكى ۋە بەزى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىكى يېرىم يالىڭاچ ئاياللاردىن كۆزىنى يۇمۇپ ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە قازىنىدۇ. شۇڭا كور ئادەم ئاياللارنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن مەرتىۋە قازانمايدۇ. بىر گۇناھقا كۆنۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنى تاشلىغان ئادەمنىڭ ساۋاب جەھەتتىكى مەرتىۋىسى ئۇ گۇناھنى قىلمىغان ئادەمنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى ئالدىنقىسى شۇ گۇناھنى تاشلاش يولىدا قىيىنىلىدۇ، جاپا تارتىدۇ، ئەمما كېيىنكىسى بۇنداق بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچكىمنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئىبادەت قىلىش يولىدا، گۇناھتىن ساقلىنىش يولىدا جاپا تارتقانلارنىڭ مەرتىۋىسى يۈكسىلىپ ماڭىدۇ.

مۇسۇلمان ئادەم بىر كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يۈكسىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن سىزىق ئىچىدىلا ماڭسا، ئۇ بىر كۈندە مىڭلارچە قېتىم ناماز ئوقۇغاندەك ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يۈكسىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇچرىغان ھەربىر هارامدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئارقىلىق مەرتىۋە قازىنىپ مېڭىۋېرىدۇ.

ئىنساننىڭ جىسمى تۇپراقتىن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ روھى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن. مەلۇمكى، تۇپراقنىڭ ئورنى زېمىن، روھنىڭ ئورنى ئاسماندۇر. شۇڭا ئىنساندا ئۇنى تۆۋەنگە تارتىپ تۇرىدىغان تۈرتكىلەر بىلەن ئۇنى يۇقىرىغا تارتىپ تۇرىدىغان تۈرتكىلەر مەۋجۇتتۇر. ئىنسان نەپسىنىڭ تەلەپلىرى ئۇنىڭ زېمىندىن يارىتىلغانلىقىنىڭ ئەسىرى بولسا، ئۇنىڭدىكى مەنىۋى قۇۋۋەت ئاللاھ تائالادىن كەلگەن روھنىڭ ئەسىرىدۇر. چۈنكى ئىنسان پەرىشتىلەردە بولغان روھانىيلىق بىلەن ھايۋانلاردا بولىدىغان شەھۋانىيلىقتىن تەركىپ تاپقان مەخلۇقاتتۇر. شۇڭا، ئۇنىڭدا پەرىشتىلەرگە خاس ئىتائەتچانلىق بولغاندەك، ھايۋانلارغا خاس ئاچكۆزلۈكمۇ بار.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 14 ئايەت.

## ئىسلام نەپسنىڭ ئىستەكلىرىنى پۈتۈنلەي چەكلىمەيدۇ

ئاللاھ تائالا نەپسنىڭ تەلەپلىرىنى مۇتلەق ئەركىن قويۇپ بەرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى شەرىئەتنىڭ چەك ــ چېگرىسى ئىچىدە قىلغان. ئاللاھ تائالا ئىنسان نەپسىدە ياراتقان پۇل ــ مالنى ياخشى كۆرۈش، ئايال جىنسىنى ياخشى كۆرۈش، نام ــ نىشان قالدۇرۇشنى ياخشى كۆرۈش، يەپ ــ ئىچىشتىن ھۇزۇرلىنىش قاتارلىق ئىستەكلەرنىڭ ھەربىرىدىن يوللۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇئەييەن قانۇن ــ پرىنسىپ بەلگىلىگەن. مەسىلەن: پۇل ــ مالغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن سودا ــ سېتىق ۋە تىجارەت قىلىشنى ھالال قىلىپ، جازانىخورلۇقنى، پارىخورلۇقنى، ئوغرىلىقنى ھارام قىلدى. ئايال جىنسىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن نىكاھنى يولغا قويۇپ، زىنانى ھارام قىلدى. نام ــ نىشان قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئەمگەك قىلىشنى يولغا قويۇپ، رىياكارلىقنى، ئالدامچىلىقنى ھارام قىلدى. يېيىش، ئىچىشتىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن پاك، ھالال نەرسىلەرنى ئىسراپ قىلماي يېيىشنى ھالال قىلىپ، ھارام نەرسىلەرنى يېيىشنى ۋە ئىسراپخورلۇقنى ھارام قىلدى.

## نەپس بىلەن ئاللاھقا ئىككى قېتىم ئۆرلىگىلى بولىدۇ

ئەللامە مۇھەممەد راتىپ نابلىسى مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىدىكى شۇ نەپسنىڭ سايىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا ئىككى قېتىم ئۆرلەپ، ئىككى قېتىم مەرتىۋە قازىنالايدۇ. بۇ بىر قېتىم شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق، يەنە بىر قېتىم سەۋر قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: سىز جىنسىي ھەۋەسگىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئايالى بىلەن قاندۇرسىڭىز، سىز ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق مەرتىۋە قازىنىسىز، ئەگەر سىزگە ھالال بولمىغان ئايال بىلەن ئالاقە قۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ ئىپپىتىڭىزنى ساقلىسىڭىز، سىز سەۋر قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە قازىنىسىز.

شۇنىڭدەك، سىز ھالالدىن پۇل تېپىپ، ئۇنى ھالال يولغا ئىشلەتسىڭىز، يەنى ئائىلىڭىزدىكىلەرگە خەجلەپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلسىڭىز، سىز ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق مەرتىۋە قازىنىسىز. ئەگەر سىز پۇلغا ناھايىتى موھتاج تۇرۇقلۇق، ھارامدىن پۇل تېپىشتىن ۋە شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ساقلانسىڭىز، سىز ئەلۋەتتە سەۋر قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە قازىنىسىز.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ــ كۈمۈشتىن توپلانغان پۇل ــماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈش ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتلىرىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (ياخشىلار)

قايتىدىغان گۈزەل جاي بار»[1]. ئىنسان مۇشۇ سەھۋەتلەرنى ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن چەك ــ چېگرىسى ئىچىدە ئىشلىتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا ياخشى ئەمەللەر بىلەن بارسا، ئۇ پۈتمەس ــ تۈگىمەس بەخت ــ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (ياخشىلار) قايتىدىغان گۈزەل جاي بار» دېگەن قىسمى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىنساندىكى نەپس سانائەتتىكى ئۇران ماددىسىغا ئوخشاش ئۇنى ئىشلەشكە، ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىشقا ۋە ئارزۇ قىلغان نەرسىسگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئىتتىرىدۇ. سىز ئۆزىڭىزدىكى نەپسنى ياخشى ئىشلارغا ۋاستە قىلسىڭىز، ئەلۋەتتە ئۇ سىزنى مەنزىلگە سالامەت ئېلىپ بارىدۇ، ئەگەر سىز نەپسنىڭ ئۆزىنىلا غايە قىلىۋېلىپ، ئۇنى چەك ــ چېگرىسىغا رىئايە قىلماي ئىشلەتسىڭىز بۇ نەپس سىزنى ۋەيران قىلىدىغا كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئىنسان پۇل ــ مال ۋە ئايال ئىككىسىدە كۆپرەك سىنىلىدۇ. تارىخلاردا سەتچىلىككە قالغانلار يا ئىقتىسادىي يولسىزلىق سەۋەبلىك ياكى ئىستىلدىكى ئەخلاقسىزلىق سەۋەبلىك سەتچىلىككە قالغان».

بەزى ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە، بىراۋ ئۆزىگە ھالال بولمىغان بىر ئايال بىلەن يالغۇز قالسا ياكى جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدىغان گەپ ــ سۆزلەرنى ئاڭلىسا ۋە ياكى ئەخلاقسىز رەسىم ۋە فىلىملەرنى كۆرسە، ئۇنىڭ مېڭىسى بىر خىل ماددىنى چىقىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىش ــ ھەرىكىتىنى كونترولدىن چىقىرىش تاشلايدىكەن. يامان ئىش ئەنە شۇنداق ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «يات ئەر بىلەن يات ئايال ئىككىسى يالغۇز قالمىسۇن، بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولۇپ قالىدۇ»[2] دېگەن سۆزىنىڭ نەقەدەر ھېكمەتلىك، نەقەدەر ئىلمىي ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئىنساننىڭ مۇشۇ نەپسىي ئىستەكلىرىنى ئۆز يولىدا ئىشلىتىش ۋە ئۆز چەك ــ چېگرىسى ئىچىدە پايدىلىنىش ئارقىلىق ئاخىرەتتە ئەڭ بەختلىك كىشىلەردىن بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئىنسان نەپسىدىكى ئىستەكلەر يا ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ياكى دوزاخقا ئىتتىرىدىغان تۈرتكىلەردۇر. ئاللاھ تائالانى نەپسنى جەننەتكە كىرىشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ مۇرادىغا يەتكەنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغاي، ئامىن.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 92 ئايەت.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، «سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس.

# نەسىھەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالايلى!

بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا نەسىھەت قىلىش، ئۇنىڭغا توغرا يولنى تەۋسىيە قىلىش مەسئۇلىيىتى بار. ئەمما كۆپ ھاللاردا بەزى كىشىلەر نەسىھەت قىلىشنىڭ ئەدەب- ئەخلاقىنى بىلمىگەنلىكتىن، توغرا بولمىغان جايدا ۋە توغرا بولمىغان ئۇسۇلدا نەسىھەت قىلماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەي ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ. بۇ خۇددى «چاپىقىنى تازىلايمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويۇپتۇ» دېگەندەكلا ئىش. قۇرئان ۋە سۈننەت بىزگە نەسىھەت قىلىشنىڭ ئەخلاق- پرىنسىپلىرىنى ئۆگەتكەن. ئەپسۇسكى، قۇرئان ۋە سۈننەتنى ياخشى بىلىدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ توپلاردا ئۆزىنىڭ بىر سەپتىكى قېرىنداشلىرىغا قارىتىپ تۇرۇپ تەنبىھ نەسىھەتلەرنى ياغدۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك. سىز بۇنداق قىلىشتىن نېمە پايدا تاپىسىز؟ ياكى سىز بۇنى رىيا ئۈچۈن قىلامسىز؟ سىز بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىر قېرىندىشىڭىزنىڭ كۆڭلىدىن يىراقلىشىپ قالغان بولىسىز. بۇ قازىنىشمۇ ياكى يوقىتىشمۇ؟ قازىنىمەن دەپ تۇرۇپ يوقىتىپ قويۇش زىيان تارتقانلىق ئەمەسمۇ؟

ئەزىز قېرىنداشلار! بىز ئاۋۋال كۆڭلىمىزنى كەڭ تۇتايلى، ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا پىكىردىكى ئوخشىماسلىقنى ياكى دىنىي مەسىلەردىكى ئىختىلاپلارنى ئىسلامنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان كەڭچىلىكى ۋە رەھمىتى دەپ بىلەيلى. بىز بىلەن بىر پىكىردە بولمىدى دەپلا، ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى باشقا تائىپىلەرگە مەنسۇپ قىلىۋېتىشتىن ۋە ئۇلارنى يامان كۆرۈشتىن ساقلىنايلى بۇ تولىمۇ سەۋىيەسىزلىكتۇر، ئاڭسىزلىقتۇر ۋە ئىنساپسىزلىقتۇر. دىنىي مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپ ھەرگىزمۇ بىزنى بىر-بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن باشلاپ ئىسلام ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدا دىنىي مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپلار ۋە پىكىر ئوخشاشماسلىقلىرى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەمما ھېچبىر ئۆلىمانىڭ يەنە بىر ئۆلىمانى دىنىي مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپ سەۋەبلىك يامان كۆرگەنلىكىنى ياكى سۆككەنلىكىنى بىلمەيمىز. چۈنكى ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ تۇرۇپ بىر- بىرىنى سۆيەتتى، تارتىشىپ تۇرۇپ بىر- بىرىگە يول قوياتتى.

شۇڭا، ئەگەر بىز سەممىي بولۇپ، بىرەر قېرىندىشىمىزغا نەسىھەت قىلماقچى ياكى ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا تۈزىتىش بەرمەكچى بولساق، نەسىھەتنى چوقۇم ئۇنىڭ ئۆزىگە

شەخسىي قىلايلى. ئەگەر بۇنداق قىلمىغاندا، ئارىمىزدىكى مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشىگە، ئارىمىزدا بىزنى بىر- بىرىمىزدىن ئايرىپ تۇرىدىغان يوغان بىر هاڭنىڭ پەيدا نولۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىمىز. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، بىز نەسىهەت قىلىپ نېمە پايدا تاپقان بولىمىز؟ شۇڭا بىر سەپتىكى قېرىنداشلار ئارىمىزدىكى دوستلۇقنى، مۇهەببەتنى ۋە ئىخلاسنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىر- بىرىمىز هەققىدە قىلغان گەپ- سۆزىمىزگە ئالاهىدە دىققەت قىلىشىمىز، بىر- بىرىمىزنىڭ نىيىتىنى ئوقۇماسلىقىمىز (يەنى نىيىتىگە هۆكۈم قىلماسلىقىمىز)، بىر- بىرىمىز هەققىدە كېيىن پۇشايمانغا سەۋەب بولۇپ قالىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

## 1. نەسىهەتنى شەخسنىڭ ئۆزىگە قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئومۇمغا قارىتىلغان نەسىهەتنى ئومۇمغا قىلاتتى، بىرەر شەخسكە نەسىهەت قىلماقچى بولسا، ئاشۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئايرىم قىلاتتى. مانا بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ ئەخلاقىدۇر.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «بىراۋغا مەخپىي هالدا نەسىهەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا نەسىهەت قىلغان بولىدۇ، ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نەسىهەت قىلغان ئادەم ئۇنى سۆككەن ۋە ئۇنى چۈشۈرگەن بولىدۇ». ئەللامە فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەم كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يۆگەيدۇ ۋە نەسىهەت قىلىدۇ، گۇناهكار ئادەم كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ ۋە ئەيىب ئىزدەيدۇ».



## 2. نەسىهەتنى تولۇپ تاشقان كۆيۈمچانلىق بىلەن قىلىش

كىشىلەرگە مېهىر — شەپقەتلىك بولۇش ۋە ئۇلارغا تولۇپ تاشقان مېهرىبانلىقنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋەز — نەسىهەت قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ياخشىلارنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزلىرىگە تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن كاپىر قەۋمگىمۇ «ئى قەۋمىم!» دەپ ناهايىتى مېهرىبانلىق بىلەن خىتاب قىلغانلىقى بۇنىڭ مىسالى. ئاللاھ تائالا بىزگە تەلىم بېرىپ: «رەببىڭنىڭ يولىغا هېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز — نەسىهەت بىلەن دەۋەت قىلغىن» دەپ بۇيرۇغان. بىراۋنى تەنقىتلەپ تۇرۇپ ئۇنى ياخشى ئىشقا دەۋەت قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ هېچقانداق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدا يوق ئىشتۇر.

## 3. نەسىهەتنى مۇناسىپ پەيتتە قىلىش

نەسىهەت قىلغۇچى نەسىهەت قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇناسىپ پەيتنى

تالللىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، نەسىھەت پايدىسىز قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىشنىڭ ياخشى پەيتىنى تالللايتتى ۋە شۇنداق ۋاقىتتا نەسىھەت قىلاتتى.

ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال:

ئۆتكەندە ئۆلىما قېرىنداشلىرىمدىن بىرى «ئۆلىمالار مۇنبىرى»گە ئەۋەتىلگەن بىر ئاۋازغا رەددىيە بەرمەكچى بولۇپ ئۆلىمالارنىڭ ئەخلاقىغا ياراشمايدىغان بىر يازمىنى يازغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ ياقامنى چىشلەپ قالدىم. ئۇ يازمىسىدا مۇنداق دېگەن: «بۇنداقلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە ئېشەك تەپسۇن! .... (جائىز) پەتىۋانى خاتا ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ باشقىلارغا تاماشا قىلىپ بېرىۋاتقان ئەھلى ئىلىملەرگە ئاللاھ ھېكمەت، ئىلىم ئاتا قىلسۇن....». بۇ رەددىيەدە «كۆڭلىگە ئېشەك تەپسۇن!» دېگەن سۆز بىر ئۆلىمانىڭ ئاغزىدىن چىقماسلىقى كېرەك. چۈنكى بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسى بولغان بىر كىشىنىڭ دەيدىغان گېپى ئەمەس. ئاندىن ئۆزىنىڭ بىر سەپتىكى ئۆلىما قېرىنداشلىرىغا رەستىدە يەنى توپتا ھېكمەت ۋە ئىلىم ئۆگەتمەكچى بولۇشىنىڭ ئۆزى ھېكمەتلىك ئىش ئەمەس. دېمەك، ھېكمەت ئۆگەتىمەن دەپ تۇرۇپ ئۆزى ھېكمەتسىزلىك قىلغان.

ئەگەر سىز نەسىھەت قىلىشتا سەمىمي بولسىڭىز ئاشۇ ئۆلىما بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىپ ئۆزىگە نەسىھەت قىلسىڭىز، ئۇ كىشى سىزدىن ئالەمچە خوش بولۇپ كېتىدۇ ۋە دوستلۇقىڭلار كۈچلىنىپ ئەبەدىي بولۇپ كېتىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا سىزنىڭ سەمىمىيىتىڭىز شەكلىك بولۇپ قالىدۇ ۋە كىشىلەر سىزنى ئۆزىنى نەسىھەت قىلغۇچى، ھېكمەت ئۆگەتكۈچى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان بىر رىياكار ئىكەن دەپ قالىدۇ. ئەڭ يامان بولغىنى ئاللاھ تائالا راۋا كۆرمەيدۇ.

### تەجرىبەم

مەن كۆپ قېتىم توپلاردىكى بەزى يازما ۋە ئاۋازلارغا تۈزىتىش بەرمەكچى بولغىنىمدا، ئاشۇ يازما ۋە ئاۋازنىڭ ئىگىسى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشتىم، ھەتتا بىر قانچە كۈن ۋاقىت كەتسىمۇ ئۆزىنى تاپتىم ۋە پىكرىمنى ئۆزىگە يەتكۈزدۈم، نەتىجىدە ئۇ بەك خۇش بولدى ۋە دەرھال تۈزىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، بەزىسى مەقسىتىنى ماڭا چۈشەندۈردى، مەن خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىمنى بىلىپ قايىل بولدۇم. شۇ سەۋەب بىلەن ئارىمىزدا شۇنداق كۈچلۈك باغلىنىش، سەمىمىيەت ۋە دوستلۇق بەرپا بولدىكى، بىز ئۇنىڭ بەرىكىنى ھازىرمۇ ياشاپ كېلىۋاتىمىز. مۇشۇنداق مەخپىي نەسىھەت ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ۋە مۇھەببىتىنى قازاندىم ۋە دوستلىرىم كۆپەيدى.

مېنىڭ يازمىلىرىمغا قارىتا ئۆز پىكرىنى بىلدۈرمەكچى ياكى رەددىيە ۋە ياكى تۈزىتىش بەرمەكچى بولغان قېرىنداشلارمۇ مەن بىلەن ئالاقە قۇردى. شۇنىڭ بىلەن خاتا كەتكەن يەرلىرىمنى تۈزىتىۋالدىم. بۇ مەن ئۈچۈن بەك ياخشى بولدى. بەزىدە خاتا چۈشىنىلىپ قالغان تەرەپلىرىنى ئىزاھلاپ قايىل قىلدىم. بۇنداق قىلىش ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن بىباھا دوستلىشىشى پۇرسىتى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بەزى يازمىلىرىمنى نەشر قىلىشتىن بۇرۇن ئاشۇ سەمىمي دوستلارغا ئەۋەتىپ پىكرىنى ئالدىغان بولدۇم.

دېمەك، مەن بۇ گۈزەل ئۇسۇل ئارقىلىق كۆپ پايدا ئالدىم.

بىز نېمىشقا مۇشۇنداق قىلمايمىز؟ ياكى پالانىغا نەسىھەت قىلغانلىقىمىزنى خەلقى ئالەمنىڭ بىلىشى شەرتمۇ؟

## نەسىھەتنى سۈيئىستېمال قىلغۇچىلاردىن ھەزەر ئەيلەڭ

زامانىمىزدا ئۆزىنىڭ ئەركەك ياكى چىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان، دادىسى قويغان ئۆز ئىسمى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا جۈرئەتى بولمىغان، نامىسىز تور قەھرىمانلىرى كۆپىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق دەردى دىنغا ۋە مىللەتكە ئاز - تولا خىزمەت قىلىپ كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەرنى بىر تەرەپتىن سۆكۈش ئارقىلىق خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى رەددىيەلىرى بىلەن مەشغۇل قىلىش ئارقىلىق قىلىۋاتقان ئىشىدىن توسۇپ قويۇش ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ روھىدىكى سۈزۈكلۈكنى بۇزۇشتۇر. ئۇلار يەنە خەلقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان تەشكىلاتلارنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشقا تىرىشىش، كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا ئىناقسىزلىقنىڭ ۋە جېدەل- ماجىرانىڭ ئۇرۇقلىرىنى سېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇنداق بۇزغۇنچىلارنى تۇتاي دېسىڭىز سېپى يوق، چاقىراي دېسىڭىز ئىسمى يوق. مۇنداقلار ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان خىتايلارمۇ ياكى غەرەزلىك ئىش قىلىۋاتقان ھەسەتخورلارمۇ ۋە ياكى پىسخىكا كېسەللىرىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇلاردا ياخشى نىيەتنىڭ يوقلۇقى ئېنىق. چۈنكى قانداقلا بىر خاتالىقنى تۈزەتكۈسى كەلگەن ئادەم شۇ شەخسنىڭ ئۆزى بىلەن ئالاقىلىشىپ مەسىلىنى ئۆزىگە يەتكۈزىدۇ. مانا بۇ ئىسلام ئەخلاقى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئۇسلۇبىدۇر. بۇنداق قىلىشنىڭ قارشى تەرەپنى قايىل قىلىش ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىش نىسبىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. مەن نۇرغۇن قېرىنداشلار بىلەن شۇنداق قىلىمەن. بەزىدە ئۇلار ماڭا نەسىھەت قىلىدۇ ياكى خاتالىقلىرىمنى ئۆزۈمگە كۆرسىتىپ قويىدۇ، دەرھال تۈزىتىمەن ۋە ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بەزىدە مەن ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى ئۆزىگىلا كۆرسىتىپ قويىمەن، تۈزىتىۋالىدۇ ۋە رەھمەت ئېيتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قېرىنداشلىقىمىز، دوستلۇقىمىز ۋە ھەمكارلىقىمىز بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

زامانىمىزدا ئىسلام ئەخلاقىدىن نېسىۋى بولمىغان بەزى نامىسىز ياكى ناملىق تور قەھرىمانلىرى ئۆزلىرىدە ئازراق بولسىمۇ ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدۇ ۋە يازىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ئۆلىمالارنىڭ، زىيالىيلارنىڭ ۋە سىياسىيونلارنىڭ سۆزلىرىگە ياكى يازمىلىرىغا ئەدەپسىزلەرچە قوشۇق سېلىشتىن ۋە ئۇلارنى سۆكۈشتىن تەپ

تارتمايدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى شۇلارغا تەڭ قىلىپ كۆرسەتكۈسى كېلەمدۇ ياكى باشقا غەرىزى بارمۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا مائىشلىق ئىشلەمدۇ؟ بۇ تەرىپى تازا ئېنىق ئەمەس، يەنە بەزىسى ئۆزىدە قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىنى ياكى يازمىسىنى چۈشىنىدىغان ئەقىل - ئىدراك يوق تۇرۇپ، ئۇلارغا چەندەك ئاتىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن ساناپ تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالانىڭ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار»[1]، «(ئىنسان قانداقلا بىر سۆزنى قىلسۇن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىتىپ يازىدىغان پەرىشتە بولىدۇ»[2] دېگەن سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ، بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ تەپەككۇر قىلىپ كۆرمەيدۇ. ئىنساندىن سادىر بولغان ھەربىر سۆزنىڭ ۋە ھەربىر يازمىنىڭ ئەلۋەتتە مەسئۇلىيىتى بار. شۇڭا، ھەربىر سۆزنى ئېغىزدىن چىقىرىشتىن، ھەربىر يازمىنى يېزىپ تارقىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ توغرا- خاتالىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى نۇرغۇنلىغان يازمىلار ۋە سۆزلەر ئۇنى يازغان ياكى ئېيتقان كىشىگە بىر ئۆمۈر پۇشايمانلىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ھېسابىنى بېرىش ئوڭاي ئەمەس. خۇيمۇ تىللىۋالدىم، ئوبدان بىر ئەدىپىنى بېرىۋالدىم، ئۆزۈمنى تازا بىر كۆرسىتىۋالدىم، دەپ ئېغىزنى ۋە قەلەمنى قويۇۋەتكەن بىلەن، ئۇنىڭ ھېسابى ۋە سورىقى بار. بۇنداقلارنىڭ قانچىلىك كۆپ ساۋابلىق ئەمەللىرى بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئەمەللىرى ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىنى ھەرگىز يېنىكلەتەلمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ياخشى ئەمەللىرىنى يەپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال - مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ساۋابلىق ئەمەللىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ساۋابلىرى تۈگەپ قالسا، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»[3] دېگەن.

[1] ئەھزاب سۈرىسى:70- ئايەت.

[2] قاف سۈرىسى: 18- ئايەت.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## نەسىھەتنى قانداق قىلىش كېرەك؟

### *1. نەسىھەتنى شەخسنىڭ ئۆزىگە قىلىش*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇمۇمغا قارىتىلغان نەسىھەتنى ئۇمۇمغا قىلاتتى، بىرەر شەخسكە نەسىھەت قىلماقچى بولسا، ئاشۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئايرىم قىلاتتى. بىرەر كىشىنىڭ خاتا قىلمىشىغا ئۇمۇمنىڭ ئالدىدا تۈزىتىش بەرمەكچى بولسا، ھەرگىز «پالانى مۇنداق قىلدى» دېمەيتتى، بەلكى «بۇ قەۋمگە نېمە بولغاندۇ؟ مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ» دەپ تۈزىتىش بېرەتتى. مانا بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ياخشى ئادىتىدۇر.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «بىراۋغا مەخپىي ھالدا نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولىدۇ، ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۇنى سۆككەن ۋە ئۇنى چۈشۈرگەن بولىدۇ». ئەللامە فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەم كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يۆگەيدۇ ۋە نەسىھەت قىلىدۇ، گۇناھكار ئادەم كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ ۋە ئەيىب ئىزدەيدۇ». ئەللامە ئىبنى ھەزم مۇنداق دېگەن: «سەن بىراۋغا نەسىھەت قىلماقچى بولساڭ، چوقۇم ئۇنى مەخپىي قىلغىن. نەسىھەت قىلغاندىمۇ، گەپنى ئۇنىڭغا نەق قاراتماي، ئەگىتىپ قىلغىن. ئەگەر سەن مۇشۇنداق قىلمىساڭ، نەسىھەت قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى زۇلۇم قىلغۇچى بولۇپ قالىسەن». دېمەك، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا بىراۋلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ رەددىيە بېرىش نەسىھەت ئەمەس، بەلكى بۇزغۇنچىلىق ۋە دۈشمەنلىكتۇر.

### *2. نەسىھەتنى تولۇپ تاشقان كۆيۈمچانلىق بىلەن قىلىش*

كىشىلەرگە مېھىر ــ شەپقەتلىك بولۇش ۋە ئۇلارغا تولۇپ تاشقان مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋەز ــ نەسىھەت قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ياخشىلارنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزلىرىگە تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن كاپىر قەۋمگىمۇ «ئى قەۋمىم!» دەپ ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن خىتاب قىلغانلىقى بۇنىڭ مىسالى. ئاللاھ تائالا بىزگە تەلىم بېرىپ: «رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ــ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن»[1] دەپ بۇيرۇغان. بىراۋنى تەنقىدلەپ تۇرۇپ ئۇنى ياخشى ئىشقا دەۋەت قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ھېچقانداق پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتىدە يوق ئىشتۇر.

[1] نەھل سۈرىسى: 125 ئايەت.

### *3. نەسىھەتنى مۇناسىپ پەيتتە قىلىش*

نەسىھەت قىلغۇچى نەسىھەت قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇناسىپ پەيتنى تاللىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، نەسىھەت پايدىسىز قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىشنىڭ ياخشى پەيتنى تاللايتتى ۋە شۇنداق ۋاقىتتا نەسىھەت قىلاتتى.

## نامسىز تور قەھرىمانلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەر مىللەت ئۆلىمالىرىنىڭ ۋە دانالىرىنىڭ نامسىز تور قەھرىمانلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدىكى چارە- تەدبىرلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇلارنىڭمۇ مۇنداقلاردىن تارتقان ئەزىيەتلىرى ئاز ئەمەس ئىكەن. چۈنكى بىزنىڭ مىللەتتىكى ئىللەتلەر ئۇلاردىمۇ بار ئىكەن. تۈرك ۋە ئەرەب ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەۋسىيەلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ بىردەك تەۋسىيەسى تۆۋەندىكىلەرگە مەركەزلىشىدىكەن:

- نامسىز تور قەھرىمانلىرىنى ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى دوستلار تىزىملىكىگە قوشماسلىق.
- نامسىز تور قەھرىمانلىرىنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇش.
- نامسىز تور قەھرىمانلىرىغا رەددىيە بېرىمەن دەپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق.
- نامسىز تور قەھرىمانلىرىنىڭ يازمىلىرىغا ۋە سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماسلىق.
- نامسىز تور قەھرىمانلىرىنىڭ ئەزىيەتلىرى سەۋەبلىك كۆڭۈلنى يېرىم قىلماسلىق.

# ھەسەت ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى

ھەسەت — باشقىلارنىڭ ئىلكىدە بولغاننىڭ يوق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ھەسەتخورلۇق ئۆچ ـ ئاداۋەتنىمۇ كۈچلۈك بولغان ئىنتايىن قەبىھ روھىي ھالەتتۇر. ئۇ قەلبنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنىڭ، ئەخلاقنىڭ نۆلگە چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ ۋە ئېتىقادسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھەسەتخور ئادەم باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك، ھوقۇق ـ مەنسەپ، ئىلىم ـ ھېكمەت قاتارلىق دىنىي ۋە دۇنياۋى نېمەتلىرىنىڭ يوقىلىشىنى ئويلاپ قىزىلكۆزلۈك قىلىدۇ. جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەر بۇ دۇنيادىن ئىبارەت قىسقىغىنا ھاياتلىق سەھنىسىدە بىلىپ ـ بىلمەي بۇ خىل رەزىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. دوست بۇرادەرلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى، ھەتتا قېرىنداشلىرىنىڭمۇ ئازغىنە مال ـ مۈلۈكىگە، كىچىككىنە ھوقۇق ـ مەنسىپىگە ھەسەت قىلىشىدۇ. مۇنداقلار باشقىلارنىڭ شادلىقىدىن غەمكىن بولىدۇ، ئەلەم تارتىدۇ. ئۇلارنىڭ راھىتىدىن زەخمەت چېكىدۇ.

ھەسەت ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىپ تا قىيامەتكىچە لەنەتكە ردىگە ئايلىنىشىغا سەۋەب بولغان. چۈنكى ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا سەجدە قىل دېگەن ئەمرىگە قارشى چىققان. «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئۇ (سەجدە قىلغىلى) ئۇنىمىدى، تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى»[1].

ھەسەت يەر يۈزىدە تۇنجى قاتىللىق دېلوسىنىڭ سادىر بولۇشىغا سەۋەب بولغان. «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئادەمنىڭ (ھابىل ۋە قابىل) ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنى ئەينەن بايان قىلىپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرى (يەنى ھابىل)نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرى (يەنى قابىل) نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا): ‹مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن› دېۋىدى، (ھابىل) ئېيتتى: ‹ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇڭنى سوزۇدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇمنى سوزغۇچى ئەمەسمەن. چۈنكى مەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن

[1] بەقەرە سۈرىسى:34 ـ ئايەت.

قورقمـەن. مـەن ھەقىقەتـەن سـىنىڭ مېنىـڭ گۇناھىمنـى ۋە ئۆزۈڭنىـڭ گۇناھىنـى ئۈسـتۈڭگە ئېلىـپ دوزاخ ئەھلىدىـن بولۇشـۇڭنى تىلەيمـەن، زالىملارنىـڭ جازاسـى شـۇدۇر› . ئـۇ (قابىل)نىـڭ نەپسـى خاھىشـى ئۇنـى قېرىندىشـىنى ئۆلتۈرۈشـكە قۇتراتتى ــ دە، ئۇنـى ئۆلتـۈرۈپ قويـۇپ زىيـان تارتقۇچىلاردىـن بولـدى»[1].

ھەسـەت يەھۇدىيلار بىلـەن خىرىستىيانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماسلىقىغا سـەۋەب بولغـان. چۈنكـى ئـۇلار ئىسـلامنىڭ ھـەق دىـن ئىكەنلىكىنـى بىلىـپ تـۇرۇپ، پەيغەمبەرنىـڭ ئۆزلىرىنىـڭ نەزىرىـدە تـۆۋەن سـانىلىدىغان ئەرەبلەردىـن چىققانلىقىنى قوبـۇل قىلالمىغـان. «بىـز كىتـاب بەرگەنلـەر ئۇنـى (يەنـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنى) خـۇددى ئۆزىنىـڭ ئوغۇللىرىنـى تونۇغانـدەك تونۇيـدۇ. ئۆزىگـە زىيـان سـالغۇچىلار ئۇنىڭغـا ئىمـان ئېيتمايـدۇ»[2]، «ئەھلـى كىتـاب ئىچىدىكـى نۇرغۇن كىشـىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقـەت ئاشـكارا بولغاندىـن كېيىـن، ئىـچ ــ ئىچىدىـن ھەسـەت قىلىـپ، سـىلەرنى ئىمانىڭلاردىـن قايتـۇرۇپ كاپىـر قىلىشـنى ئـارزۇ قىلىـدۇ»[3].

ھەسـەت ئـۆز ۋاقتىدىكـى قۇرەيـش كاتتىباشـلىرىنىڭ ئىمـان ئېيتماسـلىقىغا سـەۋەب بولغـان. ئـۆز ۋاقتىـدا قۇرەيـش كاتتىباشـلىرىدىن بىـرى مۇنـداق دېگـەن: «مۇھەممەدنىـڭ دىنـى ھەقتـۇر. ئەممـا بىـز مەخـزۇم ئايمىقـى ئابدۇمانـاپ ئايمىقـى بىلـەن ياخشـى ئىشـلاردا بەسلىشـىپ كېلىۋاتىمىـز، ئـۇلار كەئبىگـە خىزمـەت قىلسـا بىزمۇ قىلـدۇق، ئـۇلار ھەرەمنىـڭ زىيارەتچىلىرىگـە تائـام ۋە سـۇ بەرسـە بىزمۇ بـەردۇق. ئەمـدى كېلىـپ، ئۇلاردىـن پەيغەمبـەر چىقسـا، بىزدىـن چىقمىسـا، بىـز بۇنىڭغـا قانداق تاقـەت قىلىـپ تۇرالايمىـز؟ شـۇڭا بىزنىـڭ ئۇلاردىـن چىققـان پەيغەمبەرگـە قارشـى تۇرۇشـتىن باشـقا يولىمىـز يوقتـۇر».

ھەسـەت كاپىرلارنىـڭ كاپىرلىقىنـى ئاشـۇرۇۋەتكەن بولـۇپ، مۇسـۇلمانلارغا بولغـان ئۆچمەنلىكىدىـن ئۇلارنىـڭ كاپىـر بولۇشـىنى تىلەيدىغـان دەرىجىگـە يەتكـەن. ئاللاھ تائـالا كاپىـرلار ھەققىـدە مۇنـداق دېگـەن: «ئـۇلار سـىلەرنىڭ ئۆزلىرىـدەك كاپىـر بولۇشـۇڭلارنى، شـۇنىڭ بىلـەن ئۆزلىرىگـە ئوخشـاش بولۇشـۇڭلارنى ئۈمىد قىلىـدۇ»[4].

ھەسـەت زامانىمىزدىكـى نۇرغـۇن كىشـىلەرنى ھەقىقەتنـى قوبـۇل قىلىشـتىن توسـۇپ كەلمەكتـە. بۇنىـڭ ئۆرنەكلىرى ئىنتايىـن كـۆپ. ئۆزلىرىنـى ئىسلامغا مەنسۇپ قىلىۋالغانـلار ئارىسـىدىكى بـەزى ئىچـى تـار كىشـىلەر ئۆزلىرىنىڭمـۇ باشـقىلاردەك نەتىجىلىـك، پەزىلەتلىـك ۋە گـۈزەل ئەخلاقلىـق بولالمىغانلىقىغـا ئاچچىقلىنىـپ،

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 28 ـ 30 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەنئام سۈرىسى: 20 ـ ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى: 109 ـ ئايەت.

[4] نىسا سۈرىسى:80 ـ ئايەت.

نەتىجىلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ھەسەت قىلىدۇ، دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئۇلارنى كىشىلەرگە يامان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەر خىل ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىدۇ.

ھەسەت نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، دىلىنى پاكلىشىغا، گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشىگە ۋە ئىلىم - ھېكمەت ئۆگىنىشىگە توسالغۇ بولۇپ كەلمەكتە. بۇنىڭ زامانىمىزدىكى ئۆرنەكلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان ياكى ئۆزى بىلەن بىلىم سەۋىيەسى تەڭ بولغان ۋە ياكى يۇقىرى بولغان كىشىلەرگە ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىلىم- مەرىپەت سورۇنلىرىنى ياقتۇرمايدۇ، ۋەز- نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمايدۇ، يازمىلىرىنى ئوقۇمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ھەسەتخورلۇقىدىن نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلاردىن، ئىلىم- مەرىپەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ كېسەل ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە ساھە كىشىلىرىدە ئورتاقلاشقان نىجىس كېسەلدۇر. ئەپسۇسكى، بۇ كېسەل ئىلىم تالىبلىرى ۋە بەزى ئۆلىمالىرىمىز ئارىسىدىمۇ بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، بىر - بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، بىر- بىرىڭلاردىن يۈز ئۆرۈشمەڭلار، تۇغقانچىلىق ھەققىنى تەرك ئەتمەڭلار، ئۆزئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەسەتتىن ساقلىنىڭلار، ھەسەتخورلۇق خۇددى ئوت ئوتۇننى يېگەندەك ياخشى ئەمەللەرنى يەپ كېتىدۇ»[2] دېگەن.

ھەسەتخور ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا رازى بولمىغان ۋە ئىلاھىي ھېكمەتكە قارشى چىققان كىشىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدىكەن؟ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىز تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىنىڭكىدىن ئۈستۈن قىلدۇق»[3].

ئۆلىمالار ۋە پەيلاسوپلار ھەسەتنى «بەختسىزلىكنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر» دەپ تەرىپلەيدۇ. مەلۇمكى، ھەسەتنىڭ زىيىنى ھەسەت قىلغۇچى بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ، بەلكى باشقىلارغىمۇ يېتىدۇ. ھەسەتخور ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى تىتىپ يەپ، ئازاب بىلەن ياشايدۇ، باشقىلارنىمۇ راھەتسىز قىلىدۇ. ئىچىدىكى ھەسەت كۈچىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھەمىشە ئاغزىنى بۇزىدۇ، ھاقارەت قىلىدۇ،

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى .

[3] زۇخرۇف سۈرىسى: 32- ئايەت.

ئاچچىقنى باشقىلاردىن چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا، ھەسەتخورنى ئەڭ بەختسىز ئادەم دېيىشكە بولىدۇ.

ھەسەتكە مۇپتىلا بولغانلار ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئۇلار باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەشكىمۇ رازى بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر پادىشاھنىڭ ئىككى ۋەزىرى بار بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىگە قاتتىق ھەسەت قىلىشىدىكەن. پادىشاھ بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئوڭشاپ قوياي دەپ، ئۇلارنى چاقىرتىپتۇ ۋە دەپتۇ: «ئىككىڭلارنىڭ بىرىڭلار ئۆزىڭگە نېمە تىلىسە، مەن يەنە بىرىڭلارغا شۇنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى بېرىمەن». ئۇلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ بىر كۆزىنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ رەقىبىنىڭ ئىككى كۆزىنى ئەما قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، «پادىشاھىم! مېنىڭ بىر كۆزۈمنى قۇيۇۋەتكەيلا» دەپتۇ.

ئۈچ ئادەم بىر شەھەردىن ئايرىلىشنى قارار قىلىپ ئەينى ۋاقىتتا يولغا چىقىپ يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا تونۇشقاندىن كېيىن، مەلۇم بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ئېسىللىكى ۋە ياخشىلىقىغا ھەسەت قىلىپ چىداپ تۇرالماي، مەزكۇر شەھەردىن ئايرىلغان كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار يولدا كېتىپ بارغىنىدا بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋاپتۇ. ئۇنى ھەربىرى ئۆزى ئالماقچى بولۇپ، تەگدىن بۆلۈشۈشكە ياكى باشقا تەكلىپلەرگە قەتئىي كۆنمەپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئۆزئارا جېدەللىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. شۇ جايغا يېقىن بىر يەرگە شىكارغا چىققان بىر ھاكىمنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇشۇۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىنى ھاكىمغا بىلدۈرۈپتۇ. ھاكىم ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ ئەھۋالنى تولۇق ئۇقۇپتۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۆزىنىڭ قايسى دەرىجىدە ھەسەتخور ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. تەلەپكە ئاساسەن، مەزكۇر ھەسەتخورلاردىن بىرى دەپتۇ:

مېنىڭ ھېچكىمگە قىلچە ياردەم قىلغۇم كەلمەيدۇ.

بىراۋغا ياردەم قىلغان ئادەمنى كۆرسەم قاتتىق ئاچچىقىم كېلىپ كېتىدۇ، دەپتۇ ئىككىنچىسى. ئاندىن ئۈچىنچىسى سۆز باشلاپ دەپتۇكى،

مەن ماڭا ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى كۆرسەم ئۇنىڭدىكى بۇ گۈزەل ئەخلاققا قاتتىق ھەسەت قىلىپ ئۇ ئادەمنى بەك يامان كۆرۈپ كېتىمەن.

پادىشاھ ھەممىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ:

بۇ ئىنسانلارغا ياشاش ھارامدۇر! بىرىنچىسىنى كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ چۆلگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىڭلار، شۇ يەردە يىرتقۇچلارغا يەم بولسۇن. ئىككىنچىسىنى بىلىگە تاش باغلاپ دەرياغا تاشلىۋېتىڭلار، شۇ يەردە ئۆلسۇن. ئۈچىنچىسى بويىنىدىن

ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار.

***ھەسەتخورنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟***

دىنىمىزدا ھەرقانداق بىر قىيىنچىلىقنىڭ بىر چوقىش يولى بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىدىغان ھەرقانداق دەردنىڭ داۋاسى بار. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەسەتتىن، سېھىردىن ۋە يامان كۆزلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن مۇنۇ ئىككى سۈرىنى ئۆگەتكەن: ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ. مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ . وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ. وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ .وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر! سەن) ‹ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (بولغان ئاللاھ)غا سىغىنىپ، كىشىلەر (غەپلەتتە قالغاندا، ئۇلار)نىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلىدىغان، (ئۇلار ئاللاھ بىلەن بولغاندا) يوقىلىدىغان جىن شەيتاننىڭ ۋە ئادىمىي شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن› دېگىن»، ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ . مَلِكِ النَّاسِ. إِلَهِ النَّاسِ . مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ. الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ . مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ﴾ «(ئى پەيغەمبەر! سەن) ‹مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن، قاراڭغۇلۇقتا تولغان كېچىنىڭ يامانلىقىدىن، چىگىكلەرگە دەم سالىدىغان سېھىرگەرلەرنىڭ يامانلىقىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن سۇبھىنىڭ رەببىگە سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن› دېگىن». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر ئاخشىمى بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇپ، ئىككى ئالىقىنىغا سۈپلەپ بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن جايلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىلاپ چىقىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنلەرگە ‹أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لامَّةٍ› يەنى ‹ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سىغىنىپ، ھەربىر شەيتاندىن، ھەربىر زىيانلىق نەرسىدىن ۋە ھەربىر يامان كۆزدىن پاناھ تىلەيمەن› دەپ دەم سالاتتى».

# ۋاقىتنىڭ قىممىتى ۋە ۋاقىت ئوغرىسى

ۋاقىت چىرايلارغا قورۇق، بەدەنلەرگە ئاجىزلىق، چاچ ۋە ساقاللارغا ئاقلىق ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە ئەجەلنىمۇ چاقىرىپ كېلىدۇ. ۋاقىتنى توختىتىپ قالغىلى بولمايدۇ. ئىنسان قۇدرىتى ئۇنى ئارقىغا چېكىندۈرەلمەيدۇ. مانا بۇ - ۋاقىت. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزى بىلىم ئېلىش، ئىجاد قىلىش، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش پۇرسىتىدۇر.

دېمەك، بۇ ھاياتلىق مۇساپىسى ئۇزۇن مۇسابىقىلەرگە تەييارلانغان مەيدان بولۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلگەنلەر ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ۋاقتىدا ۋە مۇكەممەل قىلىش ئارقىلىق نەتىجە يارىتىش بىلەن ئاللاھنى ۋە خەلقنى مەمنۇن قىلالايدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدىغان مۇسابىقىدۇ.

ۋاقىت — ھايات، ۋاقىت — پۇل، ۋاقىت — ئىلىم، ۋاقىت — سالامەتلىك، ۋاقىت — پەن — تېخنىكا، ۋاقىت — قىممەتلىك ھەر نەرسە. بەزى شىركەتلەر ئاخىرقى بىر مىنۇتلۇق ۋاقىت ئىچىدە ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشسە، بەزىسىنىڭ بىر مىنۇت كېچىكىش ۋەيران بولىدىغانلىقى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق بەزى كېسەللەرنىڭ داۋالاشقا بىر مىنۇت كېچىكىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر رېئاللىق.

ئىنساننىڭ قولىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر. ۋاقىت ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دەسمايىسىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئەقىل ئىگىسى بولغان ئىنسان ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلىشى، ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بىلىشى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ زايە قىلماسلىقى لازىم.

## ئۆلگۈرەلمەسلىك ۋە ۋاقتىدا قىلالماسلىقنىڭ سەۋەبى

قانداقلا بىر ئىشنى ۋاقتىدا قىلالماسلىق، بىرەر ۋەزىپىنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا ئورۇندىيالماسلىق ۋە قانداقلا بىر ئىشقا ياكى بىرەر جايغا ئۆلگۈرەلمەسلىكنىڭ

بىرلا سەۋەبى بار. ئۇ بولسىمۇ، «تېخى ۋاقىت بارغۇ» دەپ ئۆزىنى ئالداشتىن ئىبارەتتۇر. ھەممە ئىشنى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتتا ئالدىراپ- تېنەپ قىلىدىغان ئادەملەر ھەقىقەتەن ئۆزىنى بىھۇدە ئازابلايدىغان ئەخمەقلەردۇر. مۇنداقلارنىڭ قىلغان ئىشى ھەمىشە كەمتۈك، چولتا بولىدۇ، ھەرگىز غەلىبىلىك بولمايدۇ. چۈنكى ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدىغان ئادەم ھەرقانداق بىر ئىشقا «ۋاقتىم بار» مۇئامىلىسىنى قىلىپ، باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە قىلىدىغان ئىشنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ، بارىدىغان يېرىگە كېچىكىپ بارىدۇ. بۇ ئارىدا كۆپ ئىزتىراپ چېكىدۇ، ئىشنى ئالدىرا تېنەپ چالا — پۇچۇق قىلىدۇ. ئەمما ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان ئادەم ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ، بارىدىغان يېرىگە ۋاقتىدا بارىدۇ، ئىزتىراپ چەكمەيدۇ، كېچىكىپ قېلىپ ئاقىزادە بولمايدۇ، ھەممە ئىشنى تەمكىنلىك بىلەن قىلىدۇ. مۇنداق ئادەم ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىدۇ.

## نەتىجە قازانغانلار ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدۇ

ھاياتىدا چوڭ ئىشلارنى قىلغان ۋە كاتتا نەتىجىلەرنى ياراتقان ئىنسانلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدىكەن، بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمايدىكەن. چۈنكى ئۇلار دىلىدۇكى، تىرىشچان ئادەملەر ئۈچۈن ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەتلىكتۇر. تىرىشچان ئادەملەر ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلىغۇسى كېلىدۇ. ئەمما بىكار تەلەپلەر ئۈچۈن كۈن ئۆتسە، سائەت توشسا بولدى. ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالاردۇر.



## ۋاقىت ئوغرىسى پۇل _ مال ئوغرىسىدىن ياماندۇر

ئەپسۇسكى، باشقىلارنىڭ پۇل — مېلىنى ئوغرىلىغان ئادەمنى كىشىلەر ئوغرى دەپ ئەيىبلەيدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالارنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ. ھالبۇكى، ۋاقىت ئوغرىسىنىڭ قىلمىشى مال ئوغرىسىنىڭ قىلمىشىدىن ئەلۋەتتە ئېغىردۇر. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلىغانلىق ئۇنىڭ پۇل — مېلىدىن ئوغرىلىغاندىن ياماندۇر.

سائەت مانچىگە دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ۋەدىلەشكە جايغا ۋاقتىدا بارماسلىق ئەڭ قەبىھ ئەخلاقسىزلىق ۋە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى، ئۆمرىنى ئوغرىلىغانلىقتۇر.

كېرەك بولغىنى ۋاقىتنى سەرپ قىلىش ئەمەس، ۋاقىتتىن پايدىلىنىشتۇر.

ۋاقىتنى مەنىسىز سەرپ قىلغان ئادەم ئۇنى زايە قىلغان بولىدۇ، ئەمما ۋاقىتتىن پايدىلانغان ئادەم نەتىجە قازىنىدۇ. مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىدا ۋاقىت ــ ئىبادەتتۇر. چۈنكى مۇسۇلمان ئادەم ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش (يەنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش) ئۈچۈنلا بۇ دۇنيادا مەۋجۇتتۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم»[1] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. ئەمما مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ، خۇسۇسەن، غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە «ۋاقىت ــ پۇلدۇر» دېگەن پەلسەپە ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ پەلسەپىنى ھەسەن بەسرىنىڭ «مەن ھاياتىمدا ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئالتۇن، كۈمۈشتىن قىممەتلىك بىلىدىغان كىشىلەرنى كۆردۈم» دېگەن سۆزىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ۋاقىتنىڭ مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىدا نەقەدەر قىممەتلىك، نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. چۈنكى ئالتۇن، كۈمۈش زايە بولۇپ كەتسە، ئۇنى ئىشلەپ تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما ئۆمۈر زايە بولۇپ كەتسە، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ.

بىر باغلام پۇلنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ئادەمنى كىشىلەر سارالڭ دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە ئىشلار بىلەن، ئويۇن ــ تاماشا بىلەن زايە قىلىۋەتكەن ئادەم ھەقىقىي ساراڭدۇر. چۈنكى ۋاقىت پۇلدىن قىممەتلىكتۇر. بەزى شىركەتلەر بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشسە، بەزىسىنىڭ بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ۋەيران بولىدىغانلىقى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق كېسەللەرنىڭ داۋالاشقا بىر مىنۇت كېچىكىپ قېلىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمۇ رېئاللىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «كۆپىنچە كىشىلەر قەدرىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى نەرسە باردۇر: ئۇنىڭ بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.



[1] زارىيات سۈرىسى، 56 - ئايەت.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

# ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش — ئاللاھ تائالانى ئېسىدىن چىقارماسلىق، ئۇنىڭ بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش، مەدھىيەلەش، ئۇنىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتقانلىقتۇر. ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ. الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطِلًا سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ «شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ (ۋە مۇنداق دەيدۇ:) ‹ئى رەببىمىز! سەن بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. (ھېكمەتسىز ئىش قىلىشتىن) ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن! بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن› »[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان ئادەم بىلەن ئاللاھنى ياد ئەتمەيدىغان ئادەمنىڭ پەرقى تىرىك بىلەن ئۆلۈككە ئوخشاشتۇر»[2].

ئاللاھ تائالانىڭ ياد ئېتىش بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا بولغان باغلىنىشىنى كۈچەيتىدۇ، سۆيگۈ- مۇھەببىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى ۋە بارلىق ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، دىندا مۇستەھكەملىكىنى، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنى، ئىشەنچنى ۋە ئىستىقامەتنى كۈچەيتىدۇ.



## ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ تۈرلىرى

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش تىل بىلەن، دىل بىلەن ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن بولىدۇ.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 190 - 191 - ئايەتلەر.

[2] «صحيح البخاري»

## ئاللاھ تائالانى تىل بىلەن ياد ئېتىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ «رەببىڭنىڭ نېمىتىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تىلىڭ ئاللاھقا زىكىر ئېيتىش بىلەن ھۆل بولۇپ تۇرسۇن.[1]

## ئاللاھ تائالانى دىل بىلەن ياد ئېتىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: ﴿وَاذْكُرْ رَبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ وَلَا تَكُنْ مِنَ الْغَافِلِينَ﴾ «رەببىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە ــ ئاخشامدا پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا زىكىر ئېيتقىن، ھەرگىز غاپىللاردىن بولمىغىن»[2].

## ئاللاھ تائالانى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ياد ئېتىش

مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك ھەممە ئىشلىرىمىزدا، گەپ- سۆزلىرىمىزدە، مۇئامىلىمىزدە ۋە بارلىق يۈرۈش- تۇرۇشىمىزدا ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر.

## ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش پەرزدۇر

ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش، ئۇنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتۇش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار»[3]، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لاَ تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلاَ أَوْلاَدُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل ــ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن»[4] دېگەن ئايەتلەر بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەن دىل ئارام تاپىدۇ

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ ھەقىقىي مېۋىسى كۆڭۈلنىڭ ئارام تېپىشى،

[1] «مسند الإمام أحمد».
[2] ئەئراف سۈرىسى:205- ئايەت.
[3] ئەھزاب سۈرىسى:40- ئايەت.
[4] مۇنافىقۇن سۈرىسى: 9- ئايەت.

دىلنىڭ خاتىرجەملىكىدۇر. ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُمْ بِذِكْرِ اللَّهِ أَلَا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾ «ئۇلار (يەنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىدىغان كىشىلەر) ئىمان ئېيتقان، دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغان كىشىلەردۇر. بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ»[1]

## ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىشنىڭ يوللىرى

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كۆپتۇر. مەسىلەن: قۇرئان ئوقۇش، پەرزلەرنى ئادا قىلىش، ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتنىشىش، ئەتىگەن - ئاخشىمى ۋە ھەر نامازدىن كېيىن ئۇنىڭغا زىكىر ئېيتىش، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ۋە مۇناجات قىلىش قاتارلىقلار.

### *قۇرئان ئوقۇش*

قۇرئان كەرىم ئۆزى زىكىردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز»[2] دېگەن سۆزىدە ئۇنى زىكىر دەپ ئاتىغان. شەكسىزكى، قۇرئان ئوقۇغان، ئۇنى يادلىغان ۋە ئاڭلىغان كىشى ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەن بولىدۇ.

### *پەرز ئەمەللەر*

پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلىش ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر. مەسىلەن: ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر. ﴿إِنَّنِي أَنَا اللَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾ «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھمەن، مەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا، سەن ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى ياد قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»[3].

### *ئىلىم سورۇنى*

ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، ۋەز- نەسىھەتلەرنى ئاڭلاش، ئۆلىمالارنىڭ مەجلىسلىرىگە ھازىر بولۇش قاتارلىق ئىشلارنى ھەممىسى ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر. چۈنكى يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى

[1] رەئد سۈرىسى:27- ئايەت.
[2] ھىجر سۈرىسى:9- ئايەت.
[3] تاھا سۈرىسى:14- ئايەت.

بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنداش ئۇنى ياد ئەتكەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنى زىكىر ئەھلى دەپ سۈپەتلىگەن. ﴿فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار»[1].

### ئاللاھ تائالانى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىش

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئەتىگەن-ئاخشىمى، ھەر نامازدىن، ئۇيقۇغا بارغان ۋە ئۇيقۇدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىش، دۇئا قىلىش، ئىستىغفار ئېيتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىككە كىرىدۇ. چۈنكى دۇرۇد ئېيتىشقا ئەمر قىلغۇچى زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش ئۇنى ياد ئەتكەنلىكتۇر. ﴿إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ «شەكسىزكى، ئاللاھ پەيغەمبەرگە رەھمەت قىلىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭ ئۈچۈن) مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرمۇ ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار»[2]. «ئەللامە ئىززۇددىن ئىبنى ئابدۇسسالام مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھقا دۇرۇد ئېيتىشىمىز بىزنىڭ ئۇنىڭغا شاپائەت قىلغانلىقىمىز ئەمەس، چۈنكى بىز رەسۇلۇللاھقا شاپائەت قىلالمايمىز. لېكىن ئاللاھ بىزنى بىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇشقا، ئەگەر قايتۇرالمىساق، ئاللاھنىڭ قايتۇرۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان. بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇغان»[3]. ئىسلام ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكى ۋە ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن.

### بەزى ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى

تەسبىھ — ئاللاھ تائالانى بارچە نۇقسانلاردىن ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك دەپ تەرىپلەش دېمەكتۇر. مەسىلەن: سُبْحَانَ الله سۇبھانەللاھ يەنى» ئاللاھ تائالا پاكتۇر» دېگەنگە ئوخشاش.

---

[1] نەھل سۈرىسى: 43- ئايەت.

[2] ئەھزاب سۈرىسى: 56- ئايەت.

[3] «فتح الباري» 11- توم، 168- بەت.

تەكبىر — ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر. مەسىلەن: اللهُ أَكْبَرْ- ئاللاھۇ ئەكبەر يەنى «ئاللاھ تائالا ئەڭ بۈيۈكتۇر» دەپ تەكبىر ئېيتقانغا ئوخشاش.

ھەمدۇ سانا ـ ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش دېمەكتۇر. مەسىلەن: اَلْحَمْدُ لِلَّهِ - ئەلھەمدۇ لىللاھ يەنى «بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش.

تەھلىل — ئاللاھ تائالانىڭ يالغۇزلىقىنى ۋە شېرىكى يوقلۇقىنى ئىقرار بىلەن جاكارلاش دېمەكتۇر. مەسىلەن: لاَ اِلَهَ اِلاَّ الله وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَه - «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىكە لەھۇ» يەنى » ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر» دېگەنگە ئوخشاش.

ھەۋقەلە — كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەبىرلەش جۈملىسىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. مەسىلەن: لاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إلاَّ بِاللَّهِ - «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» يەنى «ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بولمىسا، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىستىغفار— گۇناھىغا تەۋبە قىلىش ۋە ئاللاھتىن كەچۈرۈم سوراش دېمەكتۇر. مەسىلەن: أَسْتَغْفِرُاللهَ وَأَتُوبُ اِلَيْهِ - «ئەستەغفىرۇللاھە ۋە ئەتۇبۇ ئىلەيھ» يەنى «ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش.

# ئاللاھ تائالانىڭ «القريب» (يېقىن) دېگەن ئىسمى ھەققىدە

يالغۇزلۇق تارتىۋاتامسىز؟ روھىڭىز ئازابلىنىۋاتامدۇ؟ يېقىن دوستىڭىز سىزنى رەنجىتتىمۇ؟ ئىشەنچ قىلغان كىشىلىرىڭىز سىزدىن يىراقلىشىپ كەتتىمۇ؟ سىزدىن ۋاپا كۆرگەنلەر جاپا قىلدىمۇ؟

دىلىڭىزنى ياشارتىشنى خالامسىز؟ روھىڭىزنى كۆتۈرۈشكە، مەنىۋىيىتىڭىزنى كۈچەيتىشكە موھتاج بولۇۋاتامسىز؟ ھەقىقىي بىر ۋاپادار ئىزدەۋاتامسىز؟ ئۇنىڭ ۋاپادارنىڭ يۈرىكىڭىزنى ئىللىتىشنى، بېشىڭىزنى سىلىشنى خالامسىز؟

ئۇنداقتا، سىز ھەممىنى كۆڭلىڭىزنى چىقىرىۋېتىڭ، سىزنى قەتئىي يالغۇز قويمايدىغان، سىزگە مەدەت بېرىپ قوللايدىغان، ھەرگىز جاپا قىلمايدىغان ھەقىقىي ۋاپادار زاتقا يۈزلىنىڭ، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ۋە شەپقىتىنى تىلەڭ.

رەببىڭىز ئاللاھ تائالا سىزگە جان تومۇرىڭىزدىنمۇ بەك يېقىندۇر. نۆۋەت سىزدە، سىز ئۇنىڭغا يېقىنلىق ئىزدەپ بىر قەدەم ئالسىڭىز، ئۇ سىز تەرەپكە ئىككى قەدەم ئالىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھەدىس قۇدسىيدا «بەندەم ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا ئۆملەپ بارىمەن»[1] دېگەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

سىز ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولغىنىڭىزدا، دىلىڭىز ھەممە ئىشتىن ئارام تاپىدۇ، كۆڭلىڭىز بارچە قورقۇنچلاردىن خاتىرجەم بولىدۇ، ھاياتىڭىز ھۇزۇرلۇق، كۈنلىرىڭىز مەنىلىك ئۆتىدۇ.

گەرچە ئاللاھ تائالا سىزدىن ئىنتايىن يۇرىقىدا، ماكان جەھەتتە يىراقتا — ئەرشتە بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ سىزگە گۈرەن تومۇرىڭىزدىنمۇ بەك يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز ۋە ئۇنىڭغا جەزم قىلىشىڭىزنى خالايدۇ. ئۇ سىزنىڭ گەپ- سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ئىش - ھەرىكەتلىرىڭىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا سىزنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشىڭىز مەخپىي قالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەسجىدكە كىرىۋىدى، ساھابىلەرنىڭ ناھايىتى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار، سىلەر ئاڭلىمايدىغان ياكى يىراقتىكى بىرىنى

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

چاقىرىۋاتمايسىلەر، بەلكى ھەممىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇرىدىغان تۇرىدىغان ۋە سىلەرگە يېقىن بولغان زاتنى چاقىرىۋاتىسىلەر»[1] دېدى. بەندە دۇئاسىنى تۆگىتىپ بولغىچە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىگىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولىدۇ. ياكى دەرھال تىلىگىنى ئىجابەت قىلىپ بېرىدۇ، ياكى تىلىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بىر ۋاقىتقا كېچىكتۈرىدۇ ۋەياكى ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنى بالا- قازادىن ۋە زىيان- زەخمەتتىن ساقلاپ قالىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئەجىر بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە يېقىنلىقى ماكان ياكى مەرتىۋە جەھەتتىكى يېقىنلىق ئەمەس، بەلكى بىلىش، ئاڭلاش، كۆرۈش، ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىش، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىش جەھەتتىكى يېقىنلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ئەرشتە بولۇپ، ئۇ ئىلمى بىلەن بىزنى ۋە كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى قورشاپ تۇرىدۇ، ھەممىنى نەق مەيدان كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ «القريب» (يېقىن) دېگەن ئىسمىنىڭ كۆپلىگەن مەنىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

### *ئاللاھ تائالانىڭ دۇئا قىلغۇچىغا بولغان يېقىنلىقى*

ئاللاھ تائالا ئىلتىجا قىلىپ چاقىرغان كىشىگە ئەڭ يېقىندۇر. بىر كۈنى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «رەببىمىز بىزگە يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ؟ ئەگەر يېقىن بولسا مۇناجات قىلايلى، ئەگەر يىراق بولسا چاقىرايلى» دېگەندە، ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. شۇڭا ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا تولۇق ئىشەنسۇن»[2].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىشتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇماستىن، ئۆزى بىۋاستە جاۋاب بېرىپ: «مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن» دېگەن. ئاندىن بۇ يېقىنلىقنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ: «ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن» يەنى دۇئا قىلغۇچىغا يېقىنمەن دېگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ دۇئا قىلغۇچىغا يېقىنلىقىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، دەردلىرىنى ئاڭلايدۇ، ھاجەتلىرىنى راۋا

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 186- ئايەت.

قىلىدۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىدۇ، كېسەللىرىگە شىپالىق بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىندىن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن «ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە قانچىلىك؟» دەپ سورالغاندا، «ئىجابەت بولغان دۇئادۇر»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. چۈنكى ئىجابەت بولىدىغان دۇئانى ئاللاھ تائالا ئۆز تەرىپىگە كۆتۈرىدۇ ۋە ئىجابەت قىلىدۇ.

«شۇڭا ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا تولۇق ئىشەنسۇن» يەنى ئاللاھ تائالادىن دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى، ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشىنى، كېسىلىگە سىپالىق بېرىشىنى، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويۇشىنى تىلىگەن ئادەم دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا توغرا يول تېپىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن ۋە ئۇنىڭغا چىن ئىشەنسۇن.

### *ئاللاھ تائالانىڭ تەۋبە قىلغۇچىلارغا بولغان يېقىنلىقى*

ئاللاھ تائالا گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان بەندىلىرىگە ھەقىقەتەن يېقىندۇر. ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئورنىغا ساۋاب يازىدۇ. ﴿فَاسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي قَرِيبٌ مُجِيبٌ﴾ «ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. چۈنكى رەببىم (ئۆزىگە يۈزلەنگەن كىشىگە) يېقىندۇر، (دۇئالارنى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر»[2].

### *ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى كۆزىتىشتىكى يېقىنلىقى*

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىدا ۋە ئىلمى بىلەن ئۇلارنى قورشاپ تۇرىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر. ﴿وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنْتُمْ﴾ «سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئۇ سىلەر بىلەن بىللىدۇر»[3]. ﴿وَلاَ أَدْنَىٰ مِنْ ذَٰلِكَ وَلاَ أَكْثَرَ إِلاَّ هُوَ مَعَهُمْ أَيْنَ مَا كَانُوا﴾ «مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولسۇن، ئاللاھ ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر»[4]. ئاللاھ تائالا ئۆز ئىلمى بىلەن بەندىلىرىگە ئىنتايىن يېقىندۇر، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ. ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنىمۇ بىلىمىز،

[1] ئىبنى ئەساكىر «دەمەشىق تارىخى» ناملىق ئەسەردە بايان قىلغان.
[2] ھۇد سۈرىسى: 61- ئايەت.
[3] ھەدىد سۈرىسى:4- ئايەت.
[4] مۇجادەلە سۈرىسى:7- ئايەت.

بىز ئىنسانغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز»[1].

### ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قوغداش، ياردەم قىلىش جەھەتتىكى يېقىنلىقى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، تەقۋادار ۋە بۇيرۇلغان ئىشلارنى كۆڭۈل بۆلۈپ، قېتىرقىنىپ قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە بولغان يېقىنلىقى بولۇپ، ئۇلارنى ئاسرايدۇ ۋە ئالاھىدە قوغدايدۇ. ﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَوْا وَالَّذِينَ هُمْ مُحْسِنُونَ﴾ «شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[2].

### ئاللاھ تائالانىڭ زىكىر ئېيتقۇچى بەندىلىرىگە بولغان يېقىنلىقى

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ياد ئەتكەن، ھەمدۇسانا ۋە تەسبىھلەرنى ئېيتقان بەندىلىرىگە تولىمۇ يېقىندۇر. ئۇلارنى كاتتا ئەجىرلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، بارچە بەختسىزلىكلەردىن ساقلايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا «مەن مېنى ياد ئەتكەن بەندەم بىلەن بىللە»[3] دېگەن. ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان كىشىلەر نېمىدېگەن بەختلىك- ھە!

ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلەن ۋە ھېس قىلغان ۋاقتىڭىزدا سىز ھېچ نەرسىدىن قورقمايسىز، پۈتۈنلەي خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىسىز. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ۋەسەنلىك بىلەن بىر مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىشتىن قورققاندا، ئاللاھ تائالا: ﴿لَا تَخَافَا إِنَّنِي مَعَكُمَا أَسْمَعُ وَأَرَى﴾ «سىلەر قورقماڭلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە، (ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (مۇئامىلىسىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن»[4] دەپ ئۇنىڭ ۋە ئاكىسى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ پىرئەۋندىن قورقماسلىقى ئۈچۈن كۇپايە ئىدى.

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە يېقىنلىقى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە سالىھ بەندىلىرىگە خاس بولغان يېقىنلىقىدۇر. يەنە بىرى، ئومۇمىي بەندىلىرىگە بولغان يېقىنلىقىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ خاس يېقىنلىقى ياردەم قىلىش، يېتەكلەش ۋە قوغداش

---

[1] قاف سۈرىسى: 16- ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 128- ئايەت.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[4] تاھا سۈرىسى: 46- ئايەت.

مەنىسىدە بولىدۇ، ئومۇمىي يېقىنلىقى بولسا بىلىش، ئاڭلاش ۋە كۆرۈش مەنىسىدە بولىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ۋە سالىھ بەندىلىرىنى ئالاھىدە قوغدايدۇ، ئۇلارغا ھەر زامان ياردەم قىلىدۇ، بارچە مەخلۇقاتىنى بولسا كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بولغان يېقىنلىقى ياردەم قىلىش، قوغداش ۋە ئاسراش مەنىسىدىكى يېقىنلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ پىرئەۋننىڭ ئالدىغا دادىللىق بىلەن بېرىپ ھەق سۆزنى قورقماي ئېيتقان ۋە ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان.

ئاللاھ تائالا سىزگە ھەقىقەتەن يېقىندۇر. ئۇنىڭ ياردىمىگە ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، پەقەتلا قەلبىڭىزنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ، تىلىڭىزنى مىدىرلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا زىكىر ۋە تەسبىھ ئېيتىشىڭىز يېتەرلىكتۇر. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا بېلىقنىڭ قارنىدىكى قاتمۇقات قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىنتايىن پەس ئاۋاز بىلەن ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىپ: ﴿لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ﴾ «(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»[1] دەپ ئىلتىجا قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نىداسىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنى قۇتقۇزغان. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئىنتايىن يېقىن ئىدى.

ئاللاھ تائالانىڭ خاس يېقىنلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەت ئەمەللىرىنى تولۇق ئورۇنداش، يامان، گۇناھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ۋە نەپلى (ئىختىيارىي) ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ خاس يېقىنلىقى بەندىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قولغا كېلىدۇ. ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَى رَبِّهِمُ الْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ﴾ «ئۇلار قانداق قىلساق ئاللاھقا يېقىن بولارمىز دەپ رەببىگە يېقىن بولۇش يولىنى ئىزدەپ دۇئا قىلىدۇ»[2]. مۇئمىن ئادەمدە چوقۇم ئالىي ھىممەت ۋە يۈكسەك ئىرادە بولۇشى، ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇشنىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ يېقىن بولۇشنى تىلىشى ۋە شۇنىڭغا لايىق ئەمەللەرنى قىلىشى لازىم.

ئى رەببىم! سېنىڭ «القريب» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمىڭغا ۋە بارلىق گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىڭگە بولغان چىن ئىمانىمنى ۋەسىلە قىلىپ ساڭا ئىلتىجا قىلىمەن. ئى رەببىم! بىزنى ئۆزۈڭگە ئەڭ يېقىن بەندىلىرىڭ قاتارىدىن قىلغىن، بىزگە خاس يېقىنلىقىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلغىن، ھاياتنىڭ رەھىمسىزلىكىگە، تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىغا بىزنى تاشلاپ قويمىغىن، بىزگە مەدەت بەرگىن، بىزنى قوغدىغىن، بىزگە بولغان خاس يېقىنلىقىڭ بىلەن بىزنى فىردەۋس جەننەتلىرىڭنىڭ ئەھلىدىن قىلغىن، ئامىين.



[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 87 ـ ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى: 57 ـ ئايەت.

# ئاللاھ تائالانىڭ «ئەل جەببار» دېگەن ئىسمى ھەققىدە

ھاياتىنىڭ رەھىمسىزلىكى سىزنى قىيناپ قويدىمۇ؟ تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى بېلىڭىزنى ئېگىپ قويدىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى دىلىڭىزنى بىئارام قىلدىمۇ؟ ئەقىلسىزلارنىڭ تەنتەكلىكى كۆڭلىڭىزنى رەنجىتتىمۇ؟

سىز راستىنلا دەردلىرىڭىزگە شىپالىق تىلەمسىز؟ كۆڭلىڭىزگە تەسەللى ئىستەمسىز؟ يۈرەك يارىلىرىڭىزنى تېڭىشنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا، سىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەل جەببار» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن تونۇشۇڭ، بۇ ئىسمغا بولغان ئىمانىڭىزنى كۈچەيتىڭ، بارلىق يارىلىرىڭىزنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ ئىسمى بىلەن تېڭىڭ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ «ئەل جەببار» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنىڭ مەنىلىرىدىن بىرى بەندىلىرىنىڭ يۈرەك يارىلىرىنى تاڭغۇچى، ھەر خىل ئاغرىقلىرىغا شىپالىق بەرگۈچى، دىللىرىغا تەسەللى بەرگۈچى دېگەنلىكتۇر.

ئەرەب تىلىدا تېڭىقنى «جَبِرَة» دەيدۇ، تاڭغۇچىنى «جابىر» دەيدۇ. «جەببار» دېگەن سۆز «جابىر» دېگەن سۆزنىڭ مۇبالىغە شەكلى بولۇپ، ھەمىشە تاڭىدىغان دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «ئەل جەببار» دېگەن مۇبارەك ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق ئۈچ خىل مەنىدە كەلگەن:

رەھىم- شەپقەت قىلىش ۋە كۆيۈنۈش مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئاجىزلارنى يۆلەيدىغانلىقىنى، رەنجىگەنلەرنىڭ يۈرەك يارىلىرىنى ئۆزىنىڭ رەھىم- شەپقىتى بىلەن تاڭىدىغان، كېسەللىرىگە ۋە بارلىق دەردلىرىگە شىپالىق بېرىدىغانلىقىنى، ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇشۇ مۇبارەك ئىسمى بىلەن ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ، كېسەللەرگە شىپالىق بېرىدۇ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ئوڭايلىق بېرىدۇ. شۇڭا بىز نامازلىرىمىزدىكى ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاجْبُرْنِي وَارْفَعْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي» «ئى ئاللاھ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، يارىلىرىمنى تاڭغىن، مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلغىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن»[1] دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇلغان.

460

---

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

كۈچ- قۇۋۋەت مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىنسانلارنى ئەزگەن ۋە ئۇلارغا زورلۇق- زومبولۇق قىلغان زالىملارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ جازالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۈستۈنلۈك مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ جىمى خەلقىگە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، رەھىم- شەپقىتى ۋە ياردىمى بىلەن ئۇلارغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جاراھەتلىرىنى تاڭغۇچى، شىپالىق بەرگۈچى ۋە كۆڭۈللەرگە تەسەللى بەرگۈچى زاتتۇر. يىقىلىپ كېتىش، تېيىلىپ كېتىش دېگەندەك كېلىشمەسلىكلەر يوغان قىلسا ئىنسانلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرىدۇ، ئەمما ئاھانەت، دىل ئازار، شەپسەتسىزلىك، خىيانەت قاتارلىق قىلمىشلار ئىنسانىنىڭ دىللىرىنى سۇندۇرىدۇ، يۈرەكلىرى ئېزىلگەن، دىللىرى سۇنغان كىشىلەرنىڭ دەردىنى يەنە شۇنداق يۈرەكلىرى ئېزىلگەن، دىللىرى سۇنغانلار بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ مۇشۇنداق ھەر تۈرلۈك سۇنۇقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ «ئەل جەببار» يەنى تاڭغۇچى، ئاسرىغۇچى دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن داۋالايدۇ.



ھاياتنىڭ رەھىمسىزلىكى، دۇنيانىڭ ھەلەكچىلىكى، تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقى بېلىنى ئېگىپ قويغان، كۆڭلىنى پەرىشان قىلغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېلىنى ئاللاھ تائالا ئۆز شەپقىتى بىلەن رۇسلايدۇ، كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىدۇ، ئاللاھ تائالا يوقسۇللارغا ياردەم قىلىدۇ، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، كېسەللەرگە شىپالىق بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىككى سەجدە ئارىسىدا ۋە بارلىق دۇئالىرىمىزدا «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاجْبُرْنِي وَارْفَعْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي» «ئى ئاللاھ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، يارىلىرىمنى تاڭغىن، مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلغىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن»[1] دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن. «يارىلىرىمنى تاڭغىن» دېگەن دۇئا كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇنلىغان كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە كۈتۈلمىگەن كېلىشمەسلىكلەرگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ شەپقىتىگە موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيدۇ.

بىرەر دەردمەننى كۆرسىڭىز ، ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇڭ، بىرەر موھتاجنى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭ، يىغلىغاننى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتۈڭ، ئاچ قالغاننى كۆرسىڭىز چوقۇم ئۇنى تويغۇزۇڭ، غەمكىننى كۆرسىڭىز ئۇنىڭ دىلىغا

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئۈمىد شامىنى يېقىڭ. ئاللاھ تائالانىڭ سىز ئارقىلىق بەندىلىرىنىڭ يۈرەك يارىلىرىنى تېڭىشىغا سازاۋەر بولۇڭ. ئاللاھ تائالانىڭ سىزنى بۇ شەرەپلىك كاتتا ئىشلارغا ئىشلەتكەنلىكىدىن خۇشال بولۇڭ. بۇ سىز ئۈچۈن نېمىدېگەن كاتتا شەرەپ، ھە!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەھۇدىي بالىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ ئۇنى ئالەمچە خۇشال قىلىۋېتىدۇ، بۇ خۇشاللىق پۈتۈن ئائىلىگە يېتىدۇ.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئەما ئايالنىڭ ئۆيىنى سۈپۈرۈپ بېرىش ۋە تامىقىنى پۇشۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇ ئايالنىڭ دىلىنى يايرىتىۋېتىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان يوقسۇل ئائىلىلەر ئۆزلىرىگە يىللاردىن بېرى يوشۇرۇنچە يېمەك-ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىپ كېلىۋاتقان كىشىنىڭ ئاشۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەسرەت چېكىدۇ ۋە ھەققىدە كۆپ دۇئا قىلىشىدۇ.

ئەللامە ئىبنى يەتمىيە ئۆزىگە يىللاردىن بېرى دۈشمەنلىك قىلىپ كېلىۋاتقان بىر كىشى ۋاپات بولغاندىن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سولغۇن دىللىرىنى ياشارتىدۇ.

ئۇلار كىشىلەرنىڭ سولغان دىللىرىنى ياشارتىش ۋە ئۇلارنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇنداق كاتتا شەرەپلىك ئىشلارغا ئىشلەتكەن. نەتىجىدە، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ «ئەل جەببار» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنىڭ دىللارغا تەجەللى قىلىشىغا ۋەسىلە بولغان.

ئاللاھ تائالا دىلى سۇنغان، كۆڭلى ئازابلانغان، بىرەر ياردەمگە، مېھىر-شەپقەتكە ۋە تەسەللىگە موھتاج بولغان نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ۋە ياردىمىنى يەتكۈزۈش يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىشلىتىدۇ. ھاياتىمىزدا بۇنىڭ مىساللىرىنى كۆپ كۆرىمىز.

دوستلىرىمدىن بىرى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: «بىر كۈنى ھاۋانىڭ ئىنتايىن ئىسسىق سائەتلىرىنىڭ بىرىدە ھەرەمنىڭ ئەتراپىدا بىر مومايىنىڭ تەسلىكتە ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. قارىسام ھارۋىدىكى نەرسىلەر سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ چىققان ئۇششاق-چۈششەك تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئىكەن. مومايىنىڭ قورۇق باسقان يۈزى ئاپتاپتا قارىيىپ كەتكەن، قوللىرى يېرىلىپ كەتكەن، ئۈستى بېشىدىن تەر قۇيۇلماقتا ئىدى. مومايغا قاراپ ئانامنى ئەسلىدىم، توغرىسى مومايدا ئانامنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچىم ئاغرىدى، ئىختىيارسىز يىغلاپ سالدىم. يانچۇقۇمدا بار بولغان ئازراق پۇلۇمنى

ئۇنىڭغا بەردىم ۋە ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ سايىغا ئاپىرىپ بېرىپ مۇماي بىلەن خوشلاشتىم. بىر قانچە كۈنگىچە بۇ مەنزىرە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئاردىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتمەيلا ئاللاھ تائالا مېنى قاتتىق خۇش قىلىۋەتتى، خۇددى مەن ھېلىقى موماينى خۇش قىلغاندەك خۇش قىلىۋەتتى. چۈنكى مەن ئۇزۇندىن بېرى ھەل قىلالمىغان ئىشىم ھەل بولدى ۋە بانكامغا كۆپ مىقداردا پۇل كىردى».

مەككىدە ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېدە ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى بېشىدىن ئۆتكەن بىر قىسسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بىر كۈنى ئاخىرقى ئىمتىھانغا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۇنىۋېرسىتېتكە كېتىۋاتاتتىم. يولدا بىر كىشى ماشىنامنى توستى ۋە ساقچى ئىدارىسىنى سورىدى، مەن ئالدىراش بولسامۇ، ئۇنى ماشىنامغا ئېلىۋالدىم. يولدا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇ كىشى ئەسلىدە ئۆمرىگە كەلگەن بولۇپ، ئۈچ كۈن بۇرۇن قول سومكىسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، پاسپورتى، پۇلى ۋە ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىكەن. ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى يولدا ياتقانلىقىنى ۋە كىشىلەر نېمە بەرسە شۇنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، ئارقىدىن قاتتىق يىغلاپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا: «تاغا ئۆزىڭىزنى خار قىلىپ يۈرمەڭ، پەقەت ئاللاھقا سەجدە قىلىپ دەردىڭىزنى ئېيتىڭ، ئاللاھ سىزگە چىقىش يولى بېرىدۇ» دەپ تەسەللى بەردىم ۋە يانچۇقۇمنى ئاختۇرساق ئاران 83 رىيال پۇلۇم بار ئىكەن. ھەممىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىمتىھان نەتىجىلىرى چىقتى، مەن چوقۇم ئۆتەلمەيمەن دەپ ئويلىغان ۋە ئەڭ قورققان پەندىن 83 دەرىجە ئالغانلىقىمنى بىلدىم. ئەھۋالدىن بىر ئاز ھەيران قالغان بولسامۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن بەك سۆيۈندۈم».

دۇنيادا ھېچقانداق ئىش تاسادىپىي بولۇپ قالمايدۇ، ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ. 83 رىياللىق ياردەمنىڭ ئەڭ قىيىن پەندىن 83 دەرىجە ئېلىشقا سەۋەب بولغانلىقى تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشىدۇر.

ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بىز قانچىلىك ئىنكار قىلساقمۇ، كۆرمەسكە سېلىۋالساقمۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنى، ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ ۋە ھېچقانداق بىر ئىشنىڭ تاسادىپىي بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرىدۇ. بۇ قىسسىدە، ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئوقۇغۇچىنى كۆڭلى يارىلانغان شۇ كىشىنىڭ يارىسىنى داۋالاشقا ئىشلەتكەن، ئاندىن ئۇنىڭغا تېگىشلىك مۇكاپاتىنى بەرگەن.

قىسقىسى، سىز كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسىڭىز، ئاللاھ تائالا چوقۇم

سىزنىڭ ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىدۇ، سىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە خۇشال ئېلىپ كەلسىڭىز، ئاللاھ تائالا چوقۇم سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە خۇشال ئاتا قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسىڭىز، ئاللاھ تائالا سىزنىڭمۇ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ زور ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىپ بېرىدۇ. ﴿هَلْ جَزَاءُ الْإِحْسَانِ إِلَّا الْإِحْسَانُ﴾ «ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا ياخشىلىقتۇر»[1].

ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنىڭ دەردلىرىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولۇشنى خالىسا، خالىغىنىنى قىلىدۇ، بەدىلى قانچىلىك بولۇپ كەتسۇن، قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۆلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تائىف شەھىرىدىن مۇبارەك پۇتلىرىدىن قان ئاققان ھالدا غەمكىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جىبرىلنى ئەۋەتىپ، «ئەگەر خالىساڭ ساڭا تاش ئېتىپ ئەزىيەت بەرگەن تائىفلىقلارنىڭ ئۈستىگە ئەخشەبەين تېغىنى باستۇرىمەن» دېگەن.

ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسى ئۈچۈن دۇنيانى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنى ھالاك قىلىۋېتەلەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۆڭلىگە ئازار بەرگەندە، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ﴿أَنِّي مَغْلُوبٌ فَانْتَصِرْ﴾ «مەن راستتىنلا ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدىم، ماڭا ياردەم قىلغىن»[2] دەپ قەۋمىگە قارشى ياردەم تىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا «توپان بالاسى»نى ئەۋەتىپ، يەر يۈزىنى سۇدا غەرق قىلغان. يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن دۇنيانى غەرق قىلىۋەتكەن. ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرى سۇنداق قىلالامدۇ؟



[1] رەھمان سۈرىسى: 60 ـ ئايەت.
[2] قەمەر سۈرىسى: 10 ـ ئايەت.

# ئالىي ھىممەت سىزنى يۇلتۇزلارغا تاقاشتۇرىدۇ

ھىممەت — بىر ئىشقا بەل باغلاش، كۈچلۈك ئىرادە دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىنساننى بىر غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىتتىرىدىغان كۈچتۇر. بەزى ئۆلىمالار ھىممەتنى ئىنساندىكى يوشۇرۇن ئېنىرگىيە دەپ تەرىپلىگەن. چۈنكى بىزنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەشكە ئىتتىرىپ تۇرىدىغان نەرسە ھىممەتتۇر. ھاياتلىق سەپىرى ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك سەپەر بولۇپ، ئىنسانلار بۇ سەپەرنى كۆڭۈللۈك ۋە غەلىبىلىك داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن، ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ تۇرىدىغان، قەدىمىنى رۇسلاپ تۇرىدىغان، ئۇنى ئىزچىللىققا يېتەكلەيدىغان ئالىي ھىممەتكە موھتاجدۇر. ئىنسان ھاياتىدا ھىممەتنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كىشىلەر ئالىي ھىممەتنىڭ شارائىتى بىلەن كۆز يەتمىگەن مەنزىللەرگە يېتىدۇ. بۇنىڭغا تارىخ گۇۋاھتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئالىي ھىممەت نەتىجىلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى كۆرەلەيمىز.

465

ئىنسانلار كۆرۈنۈشتە بىر- بىرىگە ئوخشىغان بىلەن ھىممەت جەھەتتىن پەرقلىق بولۇپ، بەزى ئىنسانلار يېيىش- ئىچىشتىن ۋە ھاياتتىن ھۇزۇر ئېلىشتىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ. ئۇلاردا بىرەر نىشان، غايە دېيىدىغان نەرسە بولمايدۇ، ئۇلار نېمە قىلىشنى ۋە نېمە قىلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ياشايدۇ. يەنە بەزى ئىنسانلار ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ، بارچە ھىممىتىنى باشقىلارغا ياخشىلىق يەتكۈزۈشكە ئاتايدۇ. تارىخشۇناسلار بىر ئۈممەتنى بەرپا قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشقان بىر قانچە يۈز يىللىق ئىزچىل ئەمگەك كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۈممىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ غايىنى چارەك ئەسىرگە يەتمەيدىغان بىر ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرالىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالىي ھىممەتلىك، ئۈمىدۋار، قورقماس زات ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك دېيىدىغان نەرسىلەر بولمىغان. ئۇ كىچىكنىڭ زۇلمەتلىرىنى ئىمانىنىڭ نۇرى بىلەن، ھاياتىنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن يورۇتقان زات ئىدى.

ئالىي ھىممەت ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈردۇر. چۈنكى بۇ دۇنيادا ئىززىتى بىلەن ياشاش، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىش ھىممەت دەرىجىسىگە قاراپ

بولىدۇ. ئالىي ھىممەتلىك ئىنسانلار كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىپ بارالايدۇ. ئەمما ھىممەتسىز ئادەملەر سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن ئەخلەتلەردەك ياكى ئۆلۈك بېلىقلاردەك سۇ ھەيدىگەن تەرەپكە ھەيدىلىپ يۈرىدۇ. ھىممەتسىز ئىنساننىڭ كەلكۈن سۈپۈرۈپ دېڭىز قىرغىقىغا چىقىرىپ قويغان ئەخلەتتىن ھېچقانداق پەرقى يوقتۇر. ئىنسانلار جەننەتكە ھىممىتى بىلەن كىرەلەيدۇ. ھىممەتمۇ ئالىي ھىممەت ۋە تۆۋەن ھىممەت دەپ دەرىجىلىنىدۇ. ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەر فىردەۋس جەننەتلىرىگە لايىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «سىلەر ئاللاھتىن جەننەتنى تىلىمەكچى بولساڭلار، فىردەۋس جەننىتىنى تىلەڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. مۇسۇلمان ئادەمنىڭ تىلىكى ۋە ئارزۇسى ھەرگىز ئاددىي بولماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇ ئاشۇ ئارزۇسىغا ۋە ئاشۇ تىلىكىگە ئاساسەن تىرىشىدۇ، ئەزىز، ھۆر ياشاشنى تىلىگەن ئادەم ئاشۇ ئەزىزلىك بىلەن ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەيدۇ، فىردەۋس جەننىتىنى تىلىگەن ئادەم ئۆزىنى فىردەۋس جەننىتىگە كىرىشكە لايىق قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئالىي ھىممەت ماشىنىنىڭ موتورىغا ئوخشاش ئىنساننى نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئىتتىرىدۇ، قوزغىتىدۇ. ھىممەتلىك كىشىلەر بىلەن ھىممەتسىز كىشىلەرنىڭ پەرقى تىرىك بىلەن ئۆلۈكنىڭ پەرقىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ھىممەتلىكلەر ھايات، ھىممەتسىزلەر ئۆلۈكلەردۇر.

مۇسۇلمان ئادەم ئالىي ھىممەت بىلەن پەزىلەت قايناملىرىغا شۇڭغۇيدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالىي دەرىجىلەرگە ئۆرلەيدۇ. ئۇ ئالىي ھىممەت، ئۇلۇغ مەقسەت، يۈكسەك نىشانلار بىلەن ئۆزىنى بېزىشى ۋە قۇراللاندۇرۇشى لازىم. چۈنكى، ھىممەت- ۋۇجۇدىڭىزدىكى پەزىلەتلەرنىڭ قوزغاتقۇچىسى، شۇنداقلا چەكسىز مەنپەئەتلىرىڭىزنىڭ كاپالىتىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم ئىلىم تەھسىل قىلىشتا، ئەمەل- ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشتا، غايە ئۈچۈن ئىشلەشتە ئازغا قانائەت قىلمايدىغان، سەپنىڭ كەينىدە تۇرۇپ قالمايدىغان كىشى ياكى ئۆز ھالى بىلەن يۈرۈپ، ئۆزىدىن ئېشىنالمايدىغان كىشى بولۇپ قالماسلىقى لازىم. ئىنسان ئالىي ھىممىتى بىلەن ئەبەدىي پاكلىق، مۇقەددەسلىك ۋە پەزىلەتكە قاراپ ئۆرلەيدۇ. ئالىي ھىممەت ئىگىسى قولىدىن كەتكەن ياخشىلىقلار ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدۇ، كۆپلەپ ياخشىلىقلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىزچىل ئىشلەيدۇ.

ئالىي ھىممەت پەيغەمبەرلەرنىڭ تەۋەررۈكى، ياخشىلارنىڭ خىسلىتى ۋە نەتىجە قازانغانلارنىڭ مەخپىي رېتسېپىدۇر. ئالىي ھىممەت ئىگىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلەيدۇ.

## ئالىي ھىممەتنى ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرى

ئالىي ھىممەتنى ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرىدىن بىرى ئىلىم ۋە يىراقنى كۆرۈشنى ئاساس قىلغان ئويغاقلىق، ھوشيارلىق ۋە جىددىيلىكتۇر. بۇنىڭغا غايىنىڭ ئېنىق بولۇشى، غايىگە يېتىش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارغا قارىتا ئالدىن تەييارلىق ۋە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىش قاتارلىق ئۈچ ئىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئالىي ھىممەتنى ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرىدىن يەنە بىرى ھىممەتلىك كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇش، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتۇر.

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! سىز ۋۇجۇدىڭىزغا ئالىي ھىممەت تامغىسىنى بېسىڭكى، ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغايسىز، نىشانغا قاراپ ئۆرلىگەيسىز، ھەرگىز ھېرىپ قالمىغايسىز.

ئى ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى! ئالىي ھىممەتنى يۈرىكىڭىزگە يېزىڭكى، ئۇ سىزنى ئېگىز چوققىلارغا ـ ياق، يۇلتۇزلارغا تاقاشتۇرىدىغان ئاكتىپ ئېنېرگىيەگە ئايلانسۇن!

# يانفون ۋە غەيۋەتچى ئاياللار

يانفون ۋە باشقا ئالاقىلىشىش قوراللىرى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەت بولۇپ، ھەر خىل ئىنسانلار ھاياتىدا كۆپلىگەن قولايلىقلارغا ۋەسىلە بولۇپ كەلمەكتە. يانفوننى ئىنسانىي ئېھتىياجلار ۋە يوللۇق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىش نېمەت بولسا، ئۇنى غەيۋەت قىلىش، سۇخەنچىلىك قىلىش، پىتنە تېرىش، چېقىمچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش ئاپەتتۇر.

ئىنسانلارنىڭ يانفون ئىشلىتىشى ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتلار ئاياللارنىڭ يانفون ئىشلىتىش نىسبىتى ئەرلەرگە قارىغاندا ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئەكىتلەيدۇ. جەنۇبى كورىيەدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتا كۈنلۈكى ئالتە سائەت يانفون ئىشلىتىدىغان ئاياللارنىڭ نىسبىتى 22.9% بولۇپ، ئەرلەرنىڭ نىسبىتى 10.8% چىققان. دېمەك، ئاياللارنىڭ يانفون ئىشلىتىش نىسبىتى ئەرلەرنىڭكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك چىققان. تەتقىقاتلار ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىمۇ ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن كۆپ ئىكەنلىكى، ھەتتا بەزى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش، ئەقلىنى زەئىپلەشتۈرۈش دەرىجىسىدە كۆپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى يەكۈنلىدى.

رەسمىي بولمىغان تەتقىقاتلار، ئاياللارنىڭ يانفوننى غەيۋەت، شىكايەت ۋە سۇخەنچىلىك قىلىش ئۈچۈن كۆپرەك ئىشلىتىدىغانلىقىنى يەكۈنلىدى. بىزدە «ئايالنىڭ مەزھىپى يوق» دەيدىغان گەپ بار. ئىسلام دىنىمىزدا قىزلارنى دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق كىشىلەرگە ياتلىق قىلىش قاتتىق تەۋسىيە قىلىنىدۇ. چۈنكى دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ئەر ئايالنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادىتى ئۈچۈن ياردەمچى بولىدۇ، ئۇنى ياخشى ئەمەللەرنى، پايدىلىق سۆزلەرنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يامان ئىشلاردىن، ناچار ئەخلاقتىن توسىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر- بىرىنى تولۇقلىغان ھالدا سائادەت ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ. شۇڭا، ئەر دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق بولسا، ئايالنى ئۇنىڭ دىيانىتىگە ۋە ئەخلاقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان غەيۋەت، شىكايەت، سۇخەنچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەردىن يىراق تۇتىدۇ ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشىگە ياردەمچى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئايالنى توغرا يولغا سالالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ دىيانىتىگە ۋە ئەخلاقىغا ياردەم قىلالمايدۇ.

ئايالىنىڭ سائەتلەرچە غەيۋەت قىلىشىغا، سۇخەنچىلىك قىلىشىقا قاراپ ئولتۇرىدىغان، ئۇنى توسمايدىغان ئەر ھەرگىز ياخشى ئەر ئەمەس. بۇنداق ئەر مۇكەممەل ئەر دېيىلمەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ جامائەت توپى ئىچىدىكى بىر ئادەمگە قاراپ، «بۇ ئادەم ھەجەپ پاكاركەنە» دېگەن سۆزىگە قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: «سىز ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدىڭىز، سىز شۇنداق بىر يامان گەپنى قىلدىڭىزكى، ئۇ گەپنى دېڭىزغا تاشلىسا، دېڭىزنى بۇلغىۋەتكەن بولاتتى» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمانى بار ھەرقانداق ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆگىنىشى، ئۆزىنىڭ ئىبادەتلىرى، ئەخلاقى ۋە ئىستىقامىتى بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماي، ئايالىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ گەپ- سۆزلىرىگە، يۈرۈش- تۇرۇشلىرىغا، ئىبادەتلىرىگە دىققەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ نۇقسانلىرىنى تولۇقلىشى، كەمچىلىكلىرىگە تۈزىتىش بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن مەسئۇل بولۇشى لازىم.

ئېغىزدىن چىققان ھەربىر سۆزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېسابى بار. بەزىدە بىر كەلىمە سۆز جەننەتكە كىرىشكە ۋەسىلە بولۇپ قالسا، بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز دوزاخ ئەھلى بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە سورىقى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسان ھېچ ۋەقەسى يوق دەپ ئويلاپ بىرەر سۆزنى قىلىپ تاشلايدۇ، ئەمما بۇ سۆز ئۇنىڭ يەتمىش يىل دوزاختا قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ» دېگەن.

ئەرنىڭ ئايالىنى توغرا ئىشلارغا ۋە گۈزەل ئەخلاققا يېتەكلەش ۋەزىپىسى بار، ئۇنى غەيۋەت ۋە سۇخەنچىلىكتىن توسۇش مەسئۇلىيىتى بار. ئەر ئەگەر ئۆزىنىڭ ئەرلىك ۋەزىپىسىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىسا، بۇنىڭ زىيىنى ئەر- ئايال بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ، بەلكى پەرزەنتلىرىنىڭ ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ بىپەرۋا، مەسئۇلىيەتسىز، غەيۋەتچى ۋە شىكايەتچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. چۈنكى پەرزەنتلەر ئاتا- ئانىنىڭ سۆز بىلەن قىلغان تەربىيەسىنى ئەمەس، ئۇلارنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشىنى، گەپ- سۆزلىرىنى ۋە مۇئامىلىسىنى ئۆگىنىدۇ.

غەيۋەت قىلىش بىراۋنىڭ گۆشىنى يېگەندىنمۇ بەك يىرگىنىشلىك، ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان، خەتىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان ئېغىر گۇناھتۇر. نۇرغۇن ئاياللار، ھەتتا ئەرلەرمۇ غەيۋەتنىڭ بۇ قەدەر خەتەرلىك ئىللەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماسلىقى مۇمكىن. گەپ قىلماق ئوڭاي، ئەمما ئۇنىڭ ھېسابىنى بەرمەك قىيىن. سۆز ئېغىزدىن چىقماستا ئادەم ئۇنى باشقۇرغان بىلەن، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆز ئادەمنى باشقۇرىدۇ. جۈملىدىن غەيۋەت، شىكايەتمۇ ئېغىز ياكى يېزىق ئارقىلىق تارايدىغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى سۆز - چۆچەك، ئىغۋا، پىتنە -

پاسات بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بۇلغاپ، مەنىۋىيەتنى زەھەرلەيدىغان ئالۋاستى ماھىيەتلىك كېسەل ـــ مەنىۋى راكتۇر.

## غەيۋەت دېگەن نېمە؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيۋەتنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن توسۇش ۋە ئۇنىڭ يامانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بىر كۈنى ساھابىلەردىن: «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشىراق بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «غەيۋەت دېگەن بىراۋ ھەققىدە يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتۇر» دەيدۇ. ساھابىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، «بىراۋ ھەققىدە ئېيتقانلىرىم راست بولسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ناۋادا ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ يالغان بولسا، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولىسەن»[1] دەيدۇ.

بىراۋنىڭ چىراي - شەكلى، قىياپىتى، نەسەبى، مىللىتى، ئەخلاقى، يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق نەرسە ھەققىدە ئېيتىلغان يامان سۆزلەر غەيۋەت كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ﴾ «بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ ئۇنى ئەلۋەتتە يامان كۆرىسىلەر. ئۇنداقتا ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[2] دەپ تەۋسىيە قىلغان. بۇ ئايەتتە غەيۋەت قىلىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى بىراۋنىڭ گۆشىنى يېگەنگە ئوخشىتىلغان. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنسان پايدىسىز گەپ - سۆزدىن، خۇسۇسەن غەيۋەت - شىكايەتتىن ساقلىنىشى، سۆز قىلىشتا سەممىي، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ھەر بىر سۆزنىڭ ئەدەپلىك، ئىلمىي يوسۇندا بولۇشىغا ئېتىبار بېرىشى، قىلىسمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئارتۇق سۆزلەرنى قىلماسلىقى لازىم.

بىر ھەدىستە: «كىمكى بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ. ئاللاھ ئەيىبىنى ئاچقان ئادەمنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدىلا رەسۋا قىلىدۇ» دېيىلگەن.



[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] 49- سۈرە ھۇجۇرات 12 - ئايەت

# ئاۋۋال نىيەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەسلىك كىرىزىسى

دوكتور يۈسۈپ ئەلقەرداۋى

ئىشلارنىڭ ئەھمىيەت جەھەتتە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەستىن، مۇھىم ئەمەسىنى مۇھىمىنىڭ ئورنىغا قويۇۋېلىش ياكى زۆرۈر ئەمەس ئىشلارغا زۆرۈرلۈك مۇئامىلىسى قىلىش ۋە مۇھىم بولغانغا ھېچ ئەھمىيەت بەرمەسلىك كىرىزىسى بەزى ئاۋامlar ئىچىدىلا توختاپ قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنى ئىلىم ئەھلى دەپ سانىغان ۋە دىندارلىق دەۋاسى قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ ئومۇملىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن. بۇنداق بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى دىنىنى چۈشەنمەسلىك ۋە توغرا بىلىم ھاسىل قىلمىغانلىقتىندۇر.

ئىلىم ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى مۇھىملىرىدىن، ئەڭ ئەۋزەللىرىنى ئەۋزەللىرىدىن، توغرىلىرىنى خاتالىرىدىن، ياخشىلىرىنى يامانلىرىدىن ئايرىپ بېرىشكە كېپىلدۇر. ئىلىم ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ياكى نەرسىنىڭ قىممىتىنى، باھاسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئۆلچەمدۇر.

ئىلىم- مەرىپەتنىڭ نۇرىدىن، دىنىنى توغرا چۈشىنىشتىن مەھرۇم قالغان نۇرغۇن كىشىلەر دىنىي مەسىلىلەردىكى چەك- چېگرانى ئايرىيالماي، ئاشۇرۇۋېتىش ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىشتەك پاسسىپلىقى بىلەن دىنغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

نىيىتى دۇرۇس، ئىخلاسى ساغلام بىراق بىلىمى يېتەرسىز، دىنىي چۈشەنچىسى ئاز نۇرغۇن كىشىلەر ئەھمىيەت جەھەتتە ئىككىنچى دەرىجىدە كېلىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىدە كېلىدىغان زۆرۈرلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئەۋزەل ئىشلارنى تاشلاپ قويۇپ ئاددىي ئىشلارغا بېرىلىپ كېتىش خاھىشى بىلەن دىن نامىدىن كەچۈرۈلمەس خاتالىقلارنى سادىر قىلماقتا. بىر ئەمەل ياكى بىر ئىش مەلۇم بىر ۋاقىتتا نىسبەتەن تولىمۇ زۆرۈر، ئورۇندىلىش تەرەپتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇشى باشقا بىر ۋاقىتتا نىسبەتەن بۇ ئەمەل ياكى ئىش ئەھمىيەت جەھەتتە ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار دىن ۋە ئىلىمدىن ئالغان دەسمايىسى ئاز بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ پەرقىنى ۋە بۇ ئىككى ھالەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايرىيالمىغان.

مەسجىدلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن شەھەرلەرگە مەسجىد بىنا قىلىش ئۈچۈن مىليونلاپ پۇل سەرپ قىلىدىغان، ئەمما ئىسلام دەۋىتىنى دۇنيادا قانات يايدۇرۇش، ھىندونېزىيە، بېنگال، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنى خرىستىيان دەۋەتچىلىرىنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پەلەستىندىكى قېرىنداشلارغا ياردەم قىلىشقا ئوخشىغان ئادەم كۆچى تېپىلىپ ئىقتىساد يېتەرسىزلىكىدىن دەردلىنىۋاتقان جايلارغا ئازراق مىقداردا ياردەم قىلىشنى سورىسىڭىز بىر تىيىن بەرمەيدىغان نۇرغۇنلىغان ياخشى نىيەتلىك مۇسۇلمانلارنى كۆردۈم. يەنە نۇرغۇنلىرىنى كۆردۈمكى، ئۇلار ھەر يىلى ئۆزمەستىن ھەج قىلىش ئۈچۈن سېخىيلەرچە پۇل سەرپ قىلىدۇ. ھەتتا ھەج پەرز بولمىغان يوقسۇللاردىن نۇرغۇنلىرىنى ھەج قىلدۇرىمىز دەپ پۇل سەرپ قىلىدۇ. ئەمما جاھالەتتە تېگىرقاپ قالغان مۇسۇلمان خەلققە ھەق دىنىنى ئۆگىتىش يولىدا كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن ماددىي ياردەم سورىغىنىڭىزدا ئۇلار سىزدىن يۈزىنى ئۆرۈيدۇ. بۇ تەلەپنى ئۇلار گويا ساۋاب بولمايدىغان بىھۇدە ئىشقا پۇل سەرپ قىلىش دەپ چۈشىنىدۇ. ئەگەر بىلسە، مۇنداق قىلىش ھازىرقى پەيتتە پەرز، تەكرار ھەج قىلىش بولسا بۇ پەيتتە ئىسراپچىلىقتۇر.

مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمنىڭ روشەن ئايىتى ۋە كەسكىن ھۆكۈمىگە ئاساسەن، جىھاد ئەمەللىرى ھەج ئەمەللىرىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. رەببى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتكە ئېرىشىدۇ».

ئاتېئىزمچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش ھازىرقى ئەسىرنىڭ پەرز ئەينى ۋە زامانىنىڭ زۆرۈرىيىتىدۇر. بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئىسلام مۇتەپەككۇر فەھمى ھۇۋەيدى بىر ماقالىسىدا: «بوسنىيەدىكى مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش پەرز ھەجدىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ يازغان ئىدى. كۆپلىگەن كىشىلەر مېنىڭدىن بۇ ماقالىدىكى سۆزنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ھەققىدە سوراشقاندا، مەن ئۇلارغا: يازغۇچىنىڭ بۇ ماقالىدىكى سۆزى ئىسلام فىقھىغا كۆرە، توغرا ۋە ئېتىبارلىق سۆزدۇر. چۈنكى ئىسلام فىقھىدا «دەرھال ئورۇنداش تەلەپ قىلىنغان ئىشنى ئورۇنداش كېچىكسىمۇ ئورۇندىسا بولىدىغان ئىشلاردىن ئالدىنقى قاتاردا

كېلىدۇ» دەيدىغان ئومۇمىي قائىدە بار. ئىسلام ئۆلىمالىرىغا كۆرە، پەرز ھەجنى كېچىكتۈرۈپ ئادا قىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما بوسنىيەدىكى مۇسۇلمانلارنى ئاچلىق، ئاغرىق- سىلاق ۋە يوقسۇللۇقنىڭ ھالاكەتلىرىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن جامائىي شەكىلدە ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگىشىش خەتىرىدىن ئازات قىلىش تېز ئادا قىلىنىدىغان، كېچىكتۈرۈشكە قەتئىي بولمايدىغان پەرزدۇر. چۈنكى بۇ ھازىرقى زامان تەقەززا قىلغان پەرز. ئۇستاز ھۇۋەيدىنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى شۇكى، ھەر يىلى ھەج قىلىمىز دەپ قىستىلاڭغۇ پەيدا قىلىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئىلگىرى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغانلارنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىلگىرى ھەج قىلمىغان بولۇپ، ھەر يىلى تۇنجى قېتىم ھەجگە كېلىدىغانلارنىڭ سانى ئىلگىرى ھەج قىلغانلارنىڭ سانىدىن ئاران 15%نى ئىگىلەيدۇ. ھەر يىلى ھەج مەۋسىمدە ھەرەمگە كېلىدىغان ئومۇمىي ھاجى سانى 2 مىليون بولسا، ئۇلاردىن تۇنجى بولۇپ ھەجگە كەلگەنلەر سانى ئاران 300مىڭ كىشى چىقىدۇ. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تەكرار ھەج قىلىدىغانلاردۇر. كاشكى، ھەر يىلى ھەج چىقىمى ئۈچۈن ھەر بىرى مىڭلارچە سەرپ قىلىدىغان شۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى ياكى چارىكىنى بولسىمۇ، ماددىي ياردەمگە زۆرۈر ئېھتىياجلىق بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھالىنى ياخشىلاش ياكى ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش، خۇراپاتلارغا، دىنسىزلىققا قارشى كۈرەش قىلىش ياكى خىرىستىيانلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئېزىلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلسا، نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى! چۈنكى ھازىرقى زاماندا غەلىبە ھەقىقەتنىڭ كۈچىگە ئەمەس، بەلكى كۈچنىڭ ھەقىقەتكە مەنسۇپ بولىدۇ.

تېبابەت، ئەدەبىيات، ئىنژېنېرلىق، يېزا ئىگىلىك پەنلىرىدە ئوقۇپ نەتىجە قازانغان نۇرغۇنلىغان ئىخلاسلىق ۋە ديانەتلىك ياشلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە ئۆزىمىزنى ئاتايمىز دېگەن دەۋا بىلەن تەخەسسۇسلىرىنى تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ مەزكۇر تەخەسسۇسلاردا يېتىشىپ چىقىشى پەرز كۇپايە ئەمەللىرىدىن سانىلىدۇ. پەرز كۇپايە تەرك قىلىنسا پۈتۈن مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدىغان گەپ. بۇ ياشلار بىلسە ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ تەخەسسۇسلىرى دائىرىسىدىكى ئىشلىرىنى ھەم ئىبادەت ھەم جىھاد قاتارىغا ئۆتكۈزەلەيتتى ئەمەسمۇ!؟ چۈنكى ئادەتتىكى تىرىكچىلىك ئىشلىرى نىيەتنىڭ دۇرۇس بولىشى ۋە قېتىرقىنىپ راۋاجلىق قىلىنىشى، شەرىئەتنىڭ چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلغان بولىشى شەرتى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا ئۆتىدۇ. مۇسۇلمانلار ھەممىسى ئۆز كەسپىنى تاشلاپ دەۋەت يولىغا كىرىۋالسا، مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك نۇرغۇن ئىشلارنى كىم بېجىرىدۇ؟ دەۋەتنى ھەركىم ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك كەسپى دائىرىسىدىمۇ ئېلىپ بارالايدۇ

ئەمەسمۇ؟! چۈنكى دەۋەت تىل بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ئەمەلىيەتتە نامايان قىلىش ۋە باشقىلارغا ئىسلامنى ياشاپ كۆرسىتىش بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ شۇنداق قىلاتتى.

ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى كەسىپ ئىگىلىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن كەسپىنى تاشلاپ، تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى تەرك ئېتىپ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن چىقىشقا بۇيرىغان ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپى، ھۈنىرى ۋە تىرىكچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ھېكمەتلىك ئۇسۇلى بىلەن كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلاتتى، جىھاد قىلىش ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىناتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئىشلىرىنى تاشلاپ جىھادقا ھازىر بولاتتى.

ئىمام ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىي ئۆز زامانىسىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا پەنلەرنى قويۇپ پەقەت ئىسلام فىقھىنى ئۆگىنىشكىلا يېتىۋالغانلىقىغا قارشى چىققان. چۈنكى شۇ ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىدا مۇسۇلمان دوختۇرلار بولمىغانلىقتىن، خىرىستىيان ياكى يەھۇدىي دوختۇرلار ئىش بېشىدا ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاش ئىشلىرى شۇلارغا تاپشۇرۇلاتتى.

يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى كۆردۈم ئۇلار مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە، شۇنداقلا ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ئىشلاردا ئەمەس، پەقەت ھېچكىمگە پايدىسى يوق، بەلكى زىيىنى كۆپ ئىشلاردا ۋە مۇھىم بولمىغان دىنىي مەسىلىلەردە تالاش- تارتىش قىلىش بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ. مەسىلەن: ئامىنىنى ئۈنلۈك دېگەن ئەۋزەلمۇ ياكى ئىچىدىمۇ؟ ئاياللار مەسجىدلەرگە كىرسە بولامدۇ ياكى ھارامۇ؟ ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش بىدئەتمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ قوشۇق ۋە ئارىلارنى ئىشلىتىشكە بولامدۇ ياكى بىدئەتمۇ؟ بۇلارنى تارتىشىشنىڭ كىمگە پايدىسى بار؟ مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگىلا پايدىسى بار. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇنداق بىخۇتلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا خىرىس قىلىشنى تېپىلماس پۇرسەت دەپ بىلىدۇ.

يەنە بەزى دىندار سۈپەتلىك، مۇخلىس ناملىق، پەرىشتە قىياپەتلىك ياشلارنى كۆردۈمكى، ئۇلار ئاتا- ئانىسىغا، قەۋم- قېرىنداشلىرىغا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ئۆزلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تىپىدىكىلەردىن باشقا ھەممە كىشىنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق، دىنى ناقىس، يولى خاتا. شۇڭا ئۇلارغا كاپىرغا، مۇشرىككە قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىش كېرەك دەپ چۈشىنىدۇ، ئۇلارغا قاتتىقلىق قىلىدۇ. ھالبۇكى قۇرئان كەرىم كاپىرلارغا، مۇشرىكلەرگە، ھەتتا دۈشمەنلەرگىمۇ قائىدىلىك ۋە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرىدۇ. ھەتتا بالىسىنى كۇپرىلىققا

زورلىغان ئاتا - ئانىغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كەلگەن: «ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن».

يەنە شۇنداق دىندار سۈپەتلىك، مۇخلىس نامىلىق، پەرىشتە قىياپەتلىك ئۇزۇن ساقاللىق كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى كىشىلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان، ئىشلەتكەن ئادەملىرىنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمەي قاقشىتىدىغان، ئىدارە جەمئىيەتلەردە ئىش بېجىرىش ئۈچۈن ئالدىغا بارغانلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، سەۋەبسىز ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىدىغان، نامازغا بارىمىز دېگەن باھانە بىلەن سائەتلەپ يوقاپ كېتىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى قىيىنچىلىقلارغا سالىدىغان، سالام قىلسا قايتۇرمايدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان، ئەخلاقى ناچار ئىنسانلاردۇر.

يەنە شۇنداق دىندارلار باركى، ئۇلار ئوغرىلاردۇر! ئۇلار قانداق ئوغرىلار دېگەندە، ئۇلار باشقىلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئۇغرىلايدىغان ئوغرىلاردۇر. مۇنداق دىندارلار كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىلىرىگە چېقىلىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىدۇ ۋە مۇنداق قىلىشنى شۇنچىلىك بەك يامان كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ماددىي مەنپەئەتتىن قىممەتلىك بولغان ۋاقىتلىرىنى ئوغرىلايدۇ. سائەت بەشكە ۋەدە قىلغان بولسا سائەت ئالتىدە ئاران كېلىپ بولىدۇ، ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپ ئۆزىنىڭ يولدا ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ، ھازىر كېلىمەن دەيدۇ. بىراق بۇ ھازىر بىر سائەتتىمۇ تەييار بولمايدىغان ھازىر بولۇپ، ۋەدە قىلغان كىشىنى جاق تويغۇزىدۇ. بىراۋنىڭ ھېچ نەرسە كەلمەيدىغان بىر قۇرۇش پۇلىنى كۆرسەتمەي ئېلىۋېلىش ئوغرىلىق ھېسابلانغان يەردە، قەدرىنى بىلگەنلەر ئۈچۈن ئالتۇندىن قىممەتلىك بولغان ۋاقتىنى ئوغرىلىغانلار ئوغرى ئەمەسمۇ؟!

## مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كىرىزىسلەر

1. مۇھىم بولغان پەرز ئەمەللىرىنى قايرىپ قويۇش. مەسىلەن: كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ناماز، زاكات ۋە روزىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان مۇھىم پەرزدۇر. «مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». بۇ ئايەتتە ئەمرۇ-مەرۇپ، ۋەز- نەسىھەت ناماز ۋە زاكاتنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈلگەن.

شۇنداق تۇرسىمۇ، ناماز ئوقۇيدىغان، زاكات بېرىدىغان ۋە روزا تۇتىدىغان مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. كۆز ئالدىدا بىراۋ شەرىئەتكە خىلاپ كېلىدىغان يامان ئىش قىلسا ياكى يالغان سۆزلىسە، ئۇنى ئاگاھلاندۇرمايدۇ، بىرەر قېتىم بەش مىنۇت ۋاقتىنى چىقىرىپ قوشنىلىرىدىن، تۇغقانلىرىدىن ۋە يېقىنلىرىدىن ناماز ئوقۇمايدىغانلارنى چىرايلىق ئۇسۇلدا مەسجىدكە ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ، غايىسىز، نىشانسىز يۈرۈۋاتقان ياشلارغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىشنى بىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرز بولغان ۋەز- نەسىھەتتۇر. ھەربىر مۇسۇلمان ئادەم بۇ دىنغا مەسئۇل، ئۇنىڭغا كۆيۈنىدۇ، ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭغا خىلاپ ئىش قىلغانلارنى چىرايلىق ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا ياخشىلارنىڭ سېپىگە قوشۇۋالىدۇ.

2. بەزى پەرزلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوخشاش دەرىجىدىكى باشقا پەرزلەرنى تەرك ئېتىش. مەسىلەن: رامىزان ئېيىدا روزا تۇتمايدىغان مۇسۇلمان ئىنتايىن ئاز تېپىلىدۇ. ئەمما ناماز ئوقۇمايدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ. شۇنىڭدەك بەزى مۇسۇلمانلار نامازغا ئەھمىيەت بەرسىمۇ زاكاتقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. قۇرئان كەرىمدە زاكات ھەمىشە ناماز بىلەن بىرگە يانداش قىلىپ 28 ئورۇندا بايان قىلىنغان تۇرسىمۇ ناماز ئوقۇيدۇيۇ، زاكات مەرمەيدۇ. چۈنكى ناماز چىقىم كەتمەيدىغان ئىبادەت، ئەمما زاكات چىقىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ئەمەسمۇ!؟

3. نەپلە ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، بەزى پەرزلەرنى تەرك ئېتىش. مەسىلەن: بەزى دىندار سۈپەتلىك، تەقۋا قىياپەتلىك كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن زىكىر چۈشمەيدۇ، ئۇلار ئولتۇرغاندىمۇ، يول يۈرگەندىمۇ، زىكىر، تەسبىھ ۋە تەھلىللەرنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمىگەندەك، بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەقۋالىقىنى كۆرسىتىپ ئېغىزىدىن مىسۋاكنىمۇ چۈشۈرمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھېچبىرى پەرز ياكى ۋاجىپ ئەمەس، بەلكى مۇستەھەب دەرىجىسىدىكى ئىشلار. ئەمما ئۇلار ئەڭ مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي پەرزلەردىن ئاتا- ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش، ئۇرۇق- تۇغقانلارغا تۇغقاندارچىلىقنى يەتكۈزۈش، قولۇم- قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، يېتىم- يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش قاتارلىق ساۋابى كۆپ ئىشلارنى تەرك ئېتىدۇ.

4. پايدىسى شەخس بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، پايدىسى ھەممىگە ئومۇم بولىدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش. مەسىلەن: كۆپ ساندىكى دىندارلار ناماز، زىكىرگە ئوخشىغان شەخسىي ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، پايدىسى ھەممىگە يېتىدىغان، ئومۇمغا مەنپەئەتلىك بولغان تەلىم- تەربىيە، ئارىسى بۇزۇلغانلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش، كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، ھەقسىزلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق پەرزلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

5. شاخچە مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك. مەسىلەن: نامازدا ئامىننى ئۈنلۈك دېگەنلىكى سەۋەبلىك ئەقىدىسى دۇرۇس بىر جامائەتنى بەتمەزھەبكە ياكى ئامىننى ئىچىدە دېگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇلارنى ئىمام ئەزەمگە چوقۇنىدىغان ئادەملەر دەپ تۆھمەت قىلىپ، ئېتىقادى ساغلام مۇسۇلمانلارنى خۇراپاتچىغا چىقىرىۋېتىش ۋە كىشىلەرنى ئۇلاردىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئورۇنۇشقا ئوخشاش.

6. ئاشكارا ھارام ئىشلارنى توسۇشنىڭ ئورنىغا ھارام ياكى ھالاللىقىدا ئىختىلاپ بار مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋېلىش. مەسىلەن: نۇرغۇن مۇسۇلمانلار رەسىم تارتىش، ناخشا- مۇزىكا ئاڭلاش، ئاياللارنىڭ يۈزىگە نىقاب تاقىشى قاتارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرگىلا ئېسىلىۋېلىپ، مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرگە كۆز يۇمىدۇ.

## ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ تۇرايلى!

ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسى بىر لېكسىيەسىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. ئى ئىنسان! سەن كىم؟ يەيسەن، ئىچىسەن، ئۆيلىنىسەن، بالا تاپىسەن، ئىشلەيسەن، يەنە ھاياتلىقتا نۇرغۇن ئىشلىرىڭ بار. لېكىن سېنىڭ ھەقىقىتىڭ نېمە، سېنىڭ باشقا مەخلۇقات ئارىسىدىكى ئورنۇڭ ۋە مەرتىۋەڭ نېمە، ئەسلى ۋەزىپەڭ نېمە؟

بۇلار ئىنسان ئۆزىدىن ئۆزى سورىشى زۆرۈر بولغان چوڭ سوئاللاردۇر. بىز كۆپىنچە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىگە غەرق بولۇپ كېتىمىز. يېدۇق، ئىچتۇق، ئۆيلەندۇق، بالىلارنى تاپتۇق، ئۇلارنى چوڭ قىلدۇق، ئۇلارنىمۇ ئۆيلەندۈردۇق. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولماقچى؟ ئۆلگەندىن كېيىن ئىش قانداق بولىدۇ؟ قەبرىگە كىرگەندىن كېيىن قانداق ئىشلار بولىدۇ؟ ئاخىرەتتە نېمە بولماقچى؟ بۇلار ئومۇمىي سوئاللاردۇر. «ھەرقانداق زەكىي ئەقىللىق دېيىلمەيدۇ» دەيدىغان سۆز بار. چۈنكى زەكىيلىق جۇزئىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىدۇر. سىز فىزىكىدا ئەڭ يۇقىرى نەتىجە قازىنىپ، ئەڭ ئالىي دوكتورلۇق دىپلومىغا ئىگە بولىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر سىز رەببىڭىزنى تونۇمىسىڭىز، سىزنى ئەقىللىق دېگىلى بولمايدۇ. جۇزئىي ئىشلار باشقا، كۇللىي ئىشلار باشقىدۇر. كۇللىي ئىشلار سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىزنىڭ پەلسەپىسىگە ۋە سىزنىڭ كىملىكىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر. سىز كىم؟ سىز نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنياغا تۆرەلدىڭىز؟ سىز ئۆلگەندىن كېيىن نەگە بارىسىز؟ جەننەت، دوزاخ دېگەن نېمە؟ بۇ كائىناتنى كىم ياراتتى ۋە نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ بۇلار دىنىنىڭ كۇللىي مەسىلىلىدۇر، سىزدىن جاۋاب تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەردۇر. جۇزئىي ئىشلارغا غەرق بولۇپ كەتكۈچىلەر ئەرزىمەس نەرسىلەرگە بېرىلىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۆلۈم كەلگەندە، ئۇ ئۆلۈم ھەممىنى يوق قىلىدۇ، ئۆلۈم بايلىقنى، يوقسۇللۇقنى، كۈچلۈكلۈكنى، ئاجىزلىقنى، گۈزەللىكنى، سەتلىكنى، زەكىيلىقنى، دېۋەڭلىكنى ۋە ھەممە نەرسىنى بىراقلا يوق قىلىۋېتىدۇ. ئۆلۈمدىن كېيىن نېمە قالىدۇ؟ ئۆلۈمدىن كېيىن پەقەتلا ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل قالىدۇ. شۇڭا ئەقىللىق كىشىلەر ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھايات ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

شەكسىزكى، ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مەخلۇقاتتۇر.

چۈنكى روھىي ئالەمدە ئاللاھ تائالا دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت ئامانەتنى ئاسمانلارغا ۋە زېمىنغە تەكلىپ قىلغاندا، ئۇلار قوبۇل قىلىشتىن قورقتى ۋە ئىنسان ئۇنى قوبۇل قىلدى. ئىنسان بۇ ئامانەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئەگەر سىز ئاللاھ تائالانى تونۇغان، ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرىنى بىلگەن ۋە ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىڭىزدىن ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلغان، ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن، قانۇنلىرىغا بويسۇنغان بىرى بولسىڭىز، سىز مەڭگۈلۈك سائادەتكە ئېرىشىدىغان بولىسىز. چۈنكى سىز مەڭگۈلۈك ھايات ئۈچۈن يارىتىلغان، ئاخىرەتتە كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ باقمىغان ئېسىل نېمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغان جەننەتكە ئېرىشىدىغان قىممەتلىك مەۋجۇداتسىز. سىز جەننەت ئۈچۈن يارىتىلغان. ئەمما ئۆزىنى مۇشۇ پانىي دۇنيا ئۈچۈن يارىتىلغان دەپ ئويلاپ قالغانلار ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ﴿قُلْ إِنَّ الْخَاسِرِينَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنْفُسَهُمْ وَأَهْلِيهِمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَلَا ذَلِكَ هُوَ الْخُسْرَانُ الْمُبِينُ﴾ «ئېيتقىنكى، ‹ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنى ھەم ئۆزلىرىنى ھەم ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر. بىلىڭلاركى، بۇ ئوپئوچۇق زىيانكارلىقتۇر›»[1]. سىز دۇنياغا كېلىپ، ھەممە نەرسە دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ۋە شەھۋەتلىرىدۇر ياكى ھەممە نەرسە مال - دۇنيادۇر ياكى مەنسەپ ۋە يۈز - ئابرۇيدۇر ۋە پەرزەنتلەردۇر، دەپ ئويلاپ قالسىڭىز، بۇ دۇنياغا تۆرەلگەنلىكىڭىزنىڭ غايىسىنى ۋە سىرىنى بىلمەستىن، بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىسىز. شۇڭا ئوقۇش، ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر. بۇ خالىغاندا ئوقۇپ قويسا بولىدىغان كۆڭۈل خۇشاللىقى ئەمەس، بەلكى ئىلىم بىز نەپەس ئالىدىغان ھاۋاغا ئوخشاشتۇر. ئەگەر بىز ئىلىمدىن نەپەس ئالمىساق ئۆلۈككە ئوخشاپ قالىمىز. ئاللاھ تائالادىن ۋە ئۇنىڭ كالامى بولغان قۇرئاندىن كەرىمدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى تەسۋىرلىگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ كۆرەيلى. ﴿أَمْوَاتٌ غَيْرُ أَحْيَاءٍ﴾ «ئۇلار تىرىك ئەمەس، ئۆلۈكتۇر»[2] ﴿كَأَنَّهُمْ خُشُبٌ مُسَنَّدَةٌ﴾ «ئۇلار گويا تامغا يۆلەپ قويۇلغان ياغاچلارنىڭ ئۆزىدۇر.»[3]، ﴿إِنْ هُمْ إِلَّا كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ سَبِيلًا﴾ «ئۇلار پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر.»[4] ﴿كَمَثَلِ الْحِمَارِ يَحْمِلُ أَسْفَارًا﴾ «ئۇلار خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ».[5] قۇرئان كەرىمدە ئەقلىنى ئىشلەتمەي، ئاللاھ تائالادىن ۋە ئۇنىڭ كالامىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ھەققىدە كەلگەن بۇنداق ئايەتلەر

---

[1] زۇمەر سۈرىسى: 15 - ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 21 - ئايەت.

[3] مۇنافىقۇن سۈرىسى: 4 - ئايەت.

[4] فۇرقان سۈرىسى: 44 - ئايەت.

[5] جۇمۇئە سۈرىسى: 5 - ئايەت.

كـۆپ. ئوقـۇش، ئۆگـىنىـش ھاياتتىكـى قوشـۇمچە ئـىـش ئەمـەس، بەلكـى ئـۇ سـىزنىڭ مەۋجۇتلۇقـىڭىزغـا، مەۋجۇتلۇقـىڭىزنـىـڭ سـەۋەبىگە ۋە غايىسـىگە، سـىزنىڭ دۇنيـا ۋە ئاخىرەتلىـك كېلەچىكىڭىزگـە مۇناسـىۋەتلىك نەرسـىدۇر. ئىلىمنىـڭ بېشـى ئالـلاھ تائالانـى تونۇشـتۇر. «ئـى ئـادەم بالىسـى! مېنـى ئىزدىسـەڭ تاپىسـەن، مېنـى تاپساڭ، ھەممىنـى تاپقـان بولىسـەن، ئەگـەر مېنـى تاپالمىسـاڭ، ھېـچ نەرسـىنى تاپالمىغـان بولىسـەن، مـەن سـاڭا ھەممىدىـن سۆيۈملۈكمەن». ئىنسـان بارچـە مەخلۇقـات ئىچىـدە بىرىنچـى دەرىجىلىـك مەخلۇقاتتـۇر. بۇنىـڭ دەلىلـى شـۇكى، ﴿إِنَّ الَّذِيـنَ آمَنُـوا وَعَمِلُـوا الصَّالِحَـاتِ أُولَـئِـكَ هُـمْ خَـيْرُ الْبَرِيَّةِ﴾ «شەكسىزكى، ئىمـان ئېيتقان ۋە ياخشـى ئەمەللەرنى قىلغانـلار ــ ئەنـە شـۇلار مەخلۇقاتنىـڭ ئـەڭ ياخشىسـىدۇر»[1] يەنـى ئىمـان ئېيتقان ۋە شـۇ ئىمانىنىـڭ تەقەززاسـى بويىچە ياخشـى ئەمەللەرنـى قىلغانـلار بارچـە مەخلۇقاتنىڭ ئـەڭ ياخشىسـىدۇر، ئـۇلار پەرىشـتىلەردىنمۇ ئۈسـتۈن تۇرىـدۇ. ئۇلارنىـڭ ئەكسـىچە، ﴿إِنَّ الَّذِيـنَ كَفَـرُوا مِـنْ أَهْـلِ الْكِتَـابِ وَالْمُشْرِكِـينَ فِي نَـارِ جَهَنَّـمَ خَالِدِيـنَ فِيهَـا أُولَـئِـكَ هُـمْ شَرُّ الْبَرِيَّـةِ﴾ «شەكسـىزكى، ئەھلـى كىتابتىـن ۋە مۇشـرىكلاردىن بولغـان كاپىـرلار دوزاخ ئوتىـدا بولىـدۇ، ئـۇلار ئۇنىڭـدا مەڭگـۈ قالىـدۇ. ئەنـە شـۇلار مەخلۇقاتنىـڭ ئـەڭ يامىنىـدۇر». يەنـى ئالـلاھ تائالانـى تونۇغانـلار پەرىشـتىلەردىن ئۈسـتۈن بولسـا، ئالـلاھ تائالانـى تونۇمىغانـلار ھايۋانلاردىنمـۇ تۆۋەنـدۇر. ئىلـم ھاۋاغـا ئوخشـاش زۆرۈردۇر. سـىز ئىمـان بىلەنـلا ھەقىقـي تىرىـك ھېسابلىنىسـىز، ئەگـەر ئىمانىڭىـز بولمىسـا، سـىز ئۆلۈكنىـڭ ئورنىـدا بولـۇپ قالىسـىز. ئۆلـۈپ قەبرىگـە كىرگەنلـەر ئۆلـۈك ئەمـەس، ھەقىقـي ئۆلـۈك تىرىكلەرنىـڭ ئارىسـىدىكى ئۆلۈكلـەردۇر. ئىنسـان ــ ئىـدراك قىلىدىغـان ئەقىـل، سۆيىدىغان قەلـب ۋە ھەرىكـەت قىلىدىغـان بەدەنـدۇر. ئەقىلنىـڭ غىزاسـى ئىلىـم، قەلبنىـڭ غىزاسـى مۇھەببـەت، بەدەنىنىڭ غىزاسـى تائامدۇر. ئەگـەر سـىز ئەقلىڭىزنـى ئىلـم بىلـەن غىزالاندۇرسـىڭىز، ھەقىقەتنـى ئىزدىسـىڭىز، ھاياتلىقنىـڭ ھەقىقەتلـىرى ئۈسـتىدە ئىزدەنسـىڭىز، ئۆزىڭىزنىـڭ مەۋجۇتلۇقىنىـڭ سـىرى، سـەۋەبى، غايىسـى، ئاخىـر قايتىدىغـان يېرىڭىـز، ئاخىرەتتىكـى جەننـەت ۋە دوزاخ ھەققىـدە ئىزدەنسـىڭىز، سـىز بـۇ دۇنيـادا مەۋجـۇت بولغانلىقىڭىزنىـڭ سـىرىنى بىلگـەن، مەۋجۇتلۇقىڭىزنىـڭ غايىسىنى ئەمەلگـە ئاشـۇرغان بولىسـىز. ئەگـەر سـىز بـۇ ئىشـلاردىن غەپلەتتـە ھايـات كەچۈرسـىڭىز، باشـقا جانلىقلارغـا ئوخشاشـلا ياشـىغان ۋە ئورنىنـى تولدۇرغىلـى بولمايدىغـان چـوڭ زىيانغـا ئۇچرايسـىز.

سـىز كۆڭلـەردىـن تەركـىب تاپقـان بىـر مەۋجـۇدات بولـۇپ، ھاياتىڭىزدىـن ئۆتـۈپ كەتكـەن ھەربىـر كـۈن سـىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىـن ئايرىلغـان بىـر پارچىـدۇر. دېمـەك، سـىز ۋاقتىنىـڭ ئۆزىسـىز. ئالـلاھ تائـالا ۋاقىـت يەنـى زامـان بىلـەن قەسـەم قىلىـپ دەيدۇكـى، ﴿وَالْعَـصْرِ. إِنَّ الْإِنْسَـانَ لَـفِي خُـسْرٍ. إِلَّا الَّذِيـنَ آمَنُـوا وَعَمِلُـوا الصَّالِحَـاتِ وَتَوَاصَـوْا

[1] بەيyينە سۈرىسى:7 ـ ئايەت.

بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾ «زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە (ئۇنىڭدا) چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ»[1] يەنى ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. چۈنكى مەيلى سىز مۇئمىن بولۇڭ ياكى كاپىر بولۇڭ، ۋاقتىنىڭ زايە بولغانلىقىنىڭ ئۆزى زىياندۇر. ئۆمرىڭىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن ھەربىر كۈن، ھەربىر سائەت ۋە ھەربىر لەھزە سىز ئۈچۈن يوقىتىشتۇر. ئۇنى ئۆزىڭىزگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلار ئارقىلىق ئۆتكۈزگەن بولسىڭىز، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسىز. ئەگەر مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىڭىز چوقۇم پۇشايمان قىلىسىز.

مەيلى ئون يىل ياشاڭ ياكى يىگىرمە يىل، ئوتتۇز يىل، قىرىق يىل، ئەللىك يىل، ئاتمىش يىل، يەتمىش يىل، سەكسەن يىل، توقسەن يىل، مەيلى يۈز يىلمۇ ياشىدىڭىز دەيلى، بىر كۈنى ئۆلۈم سىزنى چوقۇم تاپىدۇ. ئۇ چاغدا سىز ئۆلمەيمەن دېيەلەمسىز؟ ئۆلۈم كەلگەن چاغدا سىز ئىگە بولغان ھەممە نەرسە نۆلگە ئايلىنىدۇ، يەنى قولىڭىزدىن چىقىپ كېتىدۇ. بىز ئۆلۈم ئۈچۈن قانچىلىك تەييارلىق قىلدۇق، ئۆلۈمدىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك ھايات ئۈچۈن نېمىلەرنى ھازىرلىدۇق؟ ئەقىل بۇ يەردە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. كۆپ مال-دۇنياغا ئېرىشكەنلىك، دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن كۆپ ھۇزۇرلانغانلىق، جەمئىيەتتە قالتىس ئادەم بولغانلىق ۋە ئالاھىدە يۈز- ئابرۇي قازانغانلىق ئەقىلدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلايدۇ، ئاخىرەتلىكىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلايدۇ.

يۈرەك ھەرىكەتتىن توختىغان چاغدا، ھەممە تۈگەيدۇ. گەرچە ئادەم دۇنياغا كېلىپ، ئوقۇپ بىلىم ئېلىپ، ئەڭ ئالىي دىپلوملارغا ئېرىشكەن، يىللارچە تىرىشىش ۋە هارماي ئىشلەش نەتىجىسىدە ھېسابسىز بايلىققا، يۇقىرى ئابرۇيغا ۋە ئىجتىمائىي ئالىي ئورۇنغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۆلۈم ئۇنى نۆلگە قايتۇرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ تاپقانلىرى ۋە ئېرىشكەنلىرى بىر لەھزىنىڭ ئىچىدە يوققا چىقىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانى تونۇغان ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان مۇئمىن ئادەمنىڭ ئەھۋالى باشقىچە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلغانلىقى نېمەتتىن ئايرىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى بىر نېمەتتىن يەنە بىر نېمەتكە يۆتكەلگەنلىكىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! مەن ئۈچۈن دۇنيا نېمىتىنى ئاخىرەت نېمىتىگە ئۇلاپ بەرگىن» دەپ دۇئا قىلاتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ

[1] ئەسر سۈرىسى.

جَنَّتَانِ﴾ «رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تۇرۇشتىن قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار»[1] دېگەن ئايەتنى بۇ دۇنيادا بىر جەننەت، ئاخىرەتتە بىر جەننەت دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بۇ دۇنيادىكى جەننەت بەزى ئۆلىمالارنىڭ تەبىرى بويىچە ئاللاھقا بولغان يېقىنلىقتۇر. شۇڭا، ئۆلىمالاردىن بىرى «جەننىتىم قەلبىمدىدۇر، پالانغانلىقىم مېنىڭ ساياھىتىمدۇر، تۈرمىگە تاشلانغانلىقىم مەن ئۈچۈن خىلۋەتتۇر، ئۆلتۈرۈلسەم، شېھىتلىقتۇر» دېگەن ئىكەن. سىزنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇغانلىقىڭىزنىڭ ئۆزى ھاياتىڭىزدا ۋە ئۆلگىنىڭىزدە، بايلىقىڭىزدا ۋە يوقسۇللۇقىڭىزدا، ساقلىقىڭىزدا ۋە كېسەللىكىڭىزدە، شۇنداقلا ھەممە ھالىتىڭىزدا ئەڭ بەختلىك ئىنسان بولۇشىڭىزغا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى ئىمان بەخت- سائادەتنىڭ كېپىلىدۇر.



[1] رەھمان سۈرىسى: 46- ئايەت.

# بىزدە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن سۈننەت ئەمەل

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ رَأَى شَيْئًا فَأَعْجَبَهُ، فَقَالَ: مَا شَاءَ اللَّهُ، لَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ، لَمْ يَضُرَّهُ الْعَيْنُ» «بىراۋ (ئۆزىدە ياكى پەرزەنتلىرىدە ۋە ياكى پۇل ـــ مېلىدا ياكى باللىرىدا) خۇشاللىنارلىق بىر نەرسىنى كۆرگىنىدە: ﴿ماشائاللاھ لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ!﴾ دېسۇن، زىيان ـــ زەخمەتتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.»[1] شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۆزىدە ياكى باشقىلاردا خۇشاللىنارلىق قانداقلا بىر ئىشنى كۆرگىنىدە بۇ گۈزەل سۆزنى ئېيتىشقا بۇيرۇلغان. مېنىڭ ئەپسۇسكى، بىز ئۇيغۇرلاردا بۇ گۈزەل سۆزنى ئېيتىش ئومۇملاشمىغان. بۇ بىزنىڭ ئىسلامي تەلىم ــ تەربىيەدىن قانچىلىك يىراق ياشىغانلىقىمىزنىڭ بىر ئەمەلىيىتىدۇر. بىراۋ ئۆزىنىڭ ياكى باشقا بىرىنىڭ ئۇماق بالىسى بىر تاتلىق گەپ قىلىپ بەرسە ياكى چىرايلىق كىيىم كىيگەن بولسا، «بەك تاتلىق گەپ قىلدى»، «كىيىمى بەك يارىشىپتۇ» دەيدۇيۇ، «ماشائاللاھ!» دېمەيدۇ. شەكسىزكى، بۇ بىزدىكى چوڭ نۇقسانلىقتۇر. چۈنكى كۆزنىڭ تېگىدىغانلىقى راستتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «العين حق ولو كان شيء سابق القدر لسبقته العين» يەنى «كۆزنىڭ تېگىشى راستتۇر، ئەگەر تەقدىرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسە بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە كۆز بولغان بولاتتى»[2] دېگەن. بۇنىڭ مەنىسى يامان كۆز ئادەمگە زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا ئىش بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ساقلىسا ھېچكىم ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

بىزگە ئاتا ـــ بوۋىلىرىمىز ئىسلام دىنىمىزنىڭ تەلىماتلىرىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتكەن بولسىمۇ، خۇشاللىنارلىق بىر ئىشنى كۆرگەندە «ماشائاللاھ» دەيىشنى بىز ئۆگەنمىگەنمۇ ياكى ئۆگىنىپ ئۇنتۇپ قالغانمۇ؟ بۇ تەرىپى ئېنىق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، بىز ئۇيغۇرلار «مۇبارەك بولسۇن» دېگەن سۆزنى دىنىي تۈس ئەمەس، پەقەت مىللىي ئەنئەنە ئورنىدا ناھايىتى تار دائىرىدە قوللىنىپ كەلگەن ئىكەنمىز. نۇرغۇن كىشىلەر سىزنىڭ بىرەر نەتىجىڭىزنى ياكى سىزدىكى بىرەر نېمەتنى كۆرگىنىدە، «ۋاي بۇ چوڭ ئۇتۇق»، «ۋاي نېمىدېگەن تەلەيلىك» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئەمما كۆتۈرۈپ تۇرسىڭىزمۇ ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن «مۇبارەك

---

[1] «ابن السُّنِّي» 1- توم 171- بەت 207- ھەدىس.

[2] «صحيح مسلم» 4- توم، 1719- بەت، 2188- ھەدىس.

بولسۇن!» ياكى «ماشائاللاھ» دېگەن سۆز چىقمايدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلاردىن باشقا بارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر بۇ سۆزلەرنى ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىدۇ. بىز ئۇچراشقان مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئەغزىدىن «ماشائاللاھ» دېگەن سۆزنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلايمىز. ئويلاپ قالدىم، بىز دىنىمىزنى قاچان ئۆگىنىپ بولارمىز؟!

# ئۇيغۇرلاردا پاكىزلىق مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلار پاكىز، مەدەنىيەتلىك ۋە ئاڭلىق مىللەت. كۈندە بەش ناماز ئۇچۈن بەش قېتىم تاھارەت ئېلىپ، قول- پۇتلارنى، يۈزنى پاكىز يۇيۇش، ئېغىزنى پاكىز چايقاش، بۇرۇننى تازىلاش، غىزالىنىشتىن بۇرۇن ۋە غىزادىن كېيىن قولنى يۇيۇش، پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ غۇسلى قىلىپ تۇرۇش، چىرايلىق، ئېسىل ۋە پاكىز كىيىنىش. مېھمانغا چاي بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئالدىغا چىلاپچا بىلەن ئاپتۇۋىنى ئېلىپ كېلىپ ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ قولىغا سۇ بېرىش، ئاندىن قولىنى سۈرتىشى ئۈچۈن پاكىز لۆڭگىنى ئۇنىڭغا سۇنۇش، ھويلا ۋە قورا - جايلىرىنى ھەر ئەتىگىنى كۈن چىقىشتىن بۇرۇن تازىلاپ سۈپۈرۈش ۋە باشقىلار قاتارلىق ئېسىل ئادەتلەر ئۇيغۇرلارغا خاس تارىخي ئەنئەنىلەردۇر.

تازىلىق، پاكىزلىق مۇسۇلمانلاردا مىلادىيە 6 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بېرى ئەڭ مۇقەددەس سانىلىپ كەلگەن بىر ئەنئەنە. مۇسۇلمانلار ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار قۇرئان كەرىمنىڭ تەربىيىسى ۋە ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاز دېگەندە ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم مۇنچىغا كىرىشنىڭ، ساقال - بۇرۇتلارنى ۋە قول - پۇتلارنىڭ تىرناقلىرىنى ھەپتىدە بىرەر قېتىم قىسقارتىپ، تازىلاپ تۇرۇشنىڭ، كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن بەش قېتىم تاھارەت ئېلىپ، ئېغىز، بۇرۇن، قول، پۇت ۋە يۈزلىرىنى بەش قېتىم يۇيۇشنىڭ، گاھىدا پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ غۇسلى قىلىشنىڭ،كىيىم كونا بولسىمۇ، يۇيۇپ چىرايلىق، پاكىز كىيىشنىڭ، ئاممىۋىي پائالىيەتلەرگە، جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلارغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، ئۆزىگە خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى چېچىپ بېرىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئەنئەنە ۋە ئېسىل مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

پاكىزلىق ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ كەلگەن ئەڭ ئېسىل سوۋغىلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم ھەر ۋاقىت تازىلىقتا، پاكىزلىقتا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇنىڭ كىيىمى، بەدىنى ھەمىشە پاكىز، خۇشپۇراق بولىدۇ. پاكىزلىق ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاكىزلىق ئىمانىنىڭ يېرىمىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىسلام دىنىنىڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا بۇيرىشىدا، ئۇلارنىڭ تەن ساقلىقى، روھى، دىنى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان كۆپلىگەن ئالىي ھېكمەتلەر بار. قىسقىسى، ــ تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىغىنىدەك ــ يۇيۇنۇشتا تەرلەشتىن كېلىپ چىققان مايلىق تۇز ماددىلىرى بىلەن بەدەنىنىڭ يېپىلىپ قالغان تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ ئىنساننىڭ نەپەس ئېلىشىنىڭ ئوڭايلىشىشىغا، بەدەنىنىڭ راھەتلىنىشىگە، روھىنىڭ كۆتىرىلىشىگە پايدىلىق بولغان ئەجايىپ نەتىجىلەر باردۇر. مۇندىن باشقا بەدەنىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ تۇرۇش ئارقىلىق بەدەندىكى يېقىمسىز ھىدلار يوقىلىدۇ، ۋۇجۇدنىڭ پائالىيەتچانلىقى ئاشىدۇ. پائالىيەتچانلىقى ئاشقان ئادەم مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى روھلۇق، جوشقۇنلۇق بىلەن كامىل ئورۇنلاش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدە روھ بىلەن بەدەن ئوتتۇرىسىدا پاكىزلىق تەرەپتىن باغلىنىش بولۇپ، بەدەن كىرلەشكەن ۋاقىتتا روھ چۈشكۈنلىشىدۇ، بەدەن پاكىز بولغان ۋاقىتتا روھمۇ جانلىنىدۇ.

ئىسلام دىنى بىزنى ھەر تۈرلۈك بەختسىزلىكلەردىن ۋە ئاغرىق- سىلاقلاردىن ساقلاشقا يېتەرلىك قانۇن- پىرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ھازىر بىز خىتاي ۋىرۇسى بالاسىدىن ساقلىنىش مەقسىتى بىلەن ئىسلام دىنىمىزغا يېڭىدىن قايتىۋاتىمىز. ئەگەر بىز بەش ۋاخ نامازغا تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىپ، ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىمىز بىلەن يۈزلىنىپ ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلساق، ئىسلام مەدەنىيىتى بىزگە ئاتا قىلغان تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، تېببىي جەھەتتىكى تەۋسىيەلەرنى يۈزدە يۈز ئورۇندىساق، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن بىزنىڭ بۇ ۋابادىن ساقلىنىپ قېلىشىمىزدا شەك يوق.

مەجبۇرىي دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى يەۋقۇلئاددە كۈچەيتىۋالساق، بۇ بىز ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى، ھە!

مەجبۇرىي دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ بەش ۋاخ نامازنى يەتتە ۋاختا چىقارساق، يەنى بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتىدىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى رەكئەت تەھەججۇد نامىزى ئوقۇساق، ئاندىن قۇرئان ئوقۇش، زىكىر، تەسبىھ ئېيتىش، دۇئا قىلىش ۋە سىرتتا ساپ ھاۋادا مېڭىش بىلەن بولۇپ، كۈن چىققاندىن كېيىن ئاز دېگەندە ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇپ، ئاندىن ئائىلە ئەزالىرىمىز بىلەن خۇشال- خۇرام ناشتا قىلساق نېمىدېگەن ياخشى، ھە! بۇ نېمىدېگەن كاتتا نېمەت!

## يېزىلمىغان قائىدە-يوسۇنلىرىمىزنىڭ ئەھمىيىتى

يېزىلمىغان قائىدە- يوسۇنلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا زەنجىرسىمان ھالدا يېتىپ كەلگەن ئەدەپ- ئەخلاق ۋە قائىدە -پىرىنسىپلار بولۇپ، كىشىلەر ئوقۇماستىن ۋە ئۆگەنمەستىنمۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرۈپ كەلگەن ئېسىل قىممەتلەردۇر. ئەجدادلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «بۇ ياخشى، بۇ يامان» دېگەن ئىككى جۈملە سۆزگە ناھايىتى ھېكمەتلىك ھالدا سىغدۇرغان ۋە تەربىيەنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئېلىپ بارغان. مەكتەپ كۆرمىگەن، ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ پەرزەنتلىرىنى ئۆزلىرىدىكى يېزىلمىغان قائىدە- يوسۇنلارنىڭ سايىسىدا، ئىمانلىق، ئەدەپ -ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرگەن. گەرچە ئۇلاردا زامانىمىزدىكىدەك ئۆگىنىش، بىلىش يوللىرى ۋە شارائىت يېتەرلىك بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلار بىلگەنلىرىگە ۋە ئاڭلىغانلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىدىغان بولۇپ چىققان.

زامانىمىز ئۇچۇر دەۋرى بولغانلىقتىن، بىلىش ۋە ئۆگىنىش يوللىرى كۆپ، شارائىتلار تولۇقتۇر. ھازىر بىلىش ۋە ئۆگىنىش قىيىنچىلىقى يوق دېسەكمۇ بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم بىلمەكچى ۋە ئۆگەنمەكچى بولغانلىرىنى بىمالال ئۆگىنەلەيدۇ، ئىزدىنىپ تاپالايدۇ. ئەمما ئۆتمۈشلەردە بۇ پۇرسەتلەر ۋە بۇ شارائىتلار يوق ئىدى.

زامانىمىزدىكى ئاساسلىق كىرزىس بىلمىگەنلىكتىن ۋە ئۆگىنەلمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلمىغانلىقتىن بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى كىشىلەر نېمىنىڭ ھەق ۋە نېمىنىڭ باتىل، نېمىڭ توغرا ۋە نېمىنىڭ خاتالىقىنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە ئەمەس. پەقەت بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلماسلىق كىرزىسى ئىچىدە قالماقتا. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئائىلىلەرنىڭ بۇرۇنقىدەك چوڭ بىر ئائىلە ھاياتىدىن كىچىك - كىچىك ئائىلەر ھاياتىغا ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، باللارنىڭ چوڭ ئاتا ۋە چوڭ ئانا تەربىيەسىدىن مەھرۇم ھالدا چوڭ بولغانلىقى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ياش ئاتا- ئانىلارمۇ چوڭلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغان يەردە، ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە چوڭلارنىڭ بېرىدىغانلىرىنى بېرەلمەيدىغانلىقى بىر رېئاللىقتۇر. چۈنكى ئىنسان ئۆزىدە بولمىغاننى باشقىلارغا بېرەلمەيدۇ.

زامانىمىزدا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بەزى

دۆلەتلەردىكى رادىيو، تېلېۋىزورلارنىڭ تەشۋىقاتلىرى، ئىنتېرنېت بەتلىرىدىكى مەلۇماتلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئىنسانلار ئىزدىگەن نەرسىلىرىنى تېزلا تاپالايدىغان ۋە بىلمەكچى بولغانلىرىنى ئوڭايلا بىلىدىغان بولۇپ كەتتى. گۈزەل ئەخلاق ھەممىلا يەردە سۆزلىنىپ تۇرىدۇ، ئىسلامىي دەۋەتلەر ياڭراپ تۇرىدۇ. ئەمما ئىنسانلاردىكى ئەخلاق چېكىنىشى، بىلگەنگە ئەمەل قىلماسلىق كىرزىسى كۈنسايىن ئېشىپ بارماقتا. كىلىۋاتقان ھەربىر كۈن ئالدىنقى كۈندىن ناچار بولۇپ ماڭماقتا. چۈنكى زامانىمىزدا تەلىم - تەربىيە نەزەرىيەگىلا مەركەزلىشىپ قالغان بولۇپ، ئەمەلىي مەشىقتىن، ئەمەلىياتچانلىقتىن يىراقلىشىپ قالغان.

بىلگەنگە ئەمەل قىلىش، ئۆزى توغرا دەپ قايىل بولغان پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش نەتىجە قازىنىشنىڭ ۋە غەلىبە قىلىشنىڭ كېپىلىدۇر. ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل ئۈلگە بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلگىنىگە ئەمەل قىلغان، ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرغان، ساھابىلىرىغىمۇ شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتكەن زات ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا: «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرىغىن ۋە ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا چىدامچان بولغىن» دەپ ئەمر قىلىش ئارقىلىق دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلار ئۈممىتىگە ئۈلگە بولۇشنى ۋە بۇيرۇغانلىرىنى ئاۋۋال ئۆزى قىلىشنى ئۆگەتكەن. ساھابىلەرمۇ بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىپ ماڭغان. ھەتتا بەزى ساھابىلەر: «بىز ئون ئايەتنىڭ ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئون ئايەت ئۆگەنىدۇق» دېگەن. دىنىمىزنىڭ بارلىق تەلىماتلىرى يېزىق بىلەنلا ئەمەس، مۇشۇنداق ئۈلگە بولۇش ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىش بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن.

بىز ئۇيغۇرلار ئىسلامىي تەلىماتلار بىلەن مىللىي ئەنئەنىسى بىرلىشىپ كەتكەن بىر ئىلغار مىللەت. شۇڭا بىزدە مىللىي جەھەتتىن پەزىلەت سانالغان ئىشلار دىنىمىزدىمۇ پەزىلەت سانىلىدۇ. مىللىي جەھەتتە ئەيىب سانالغان ئىشلار دىنىمىزدىمۇ گۇناھ سانىلىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئەجدادلىرىمىز نۇرغۇن گۇناھ ۋە ئەيىب ئىشلارنى «يامان بولىدۇ» دېگەن بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلەپ، ئەۋلادلىرىنى ئەمەلىي جەھەتتىن تەربىيەلەپ چىقىشتا غەلىبە قىلغان. بىزنىڭ يېزىلمىغان قائىدە- يوسۇنلىرىمىز بىزنىڭ دىنىي ۋە مىللىي قىممەتلىرىمىزدۇر. بۇ قىممەتلەرنى بىزگە ئاتا قىلغان ئەجدادلار ئۇلارنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىپ مىللىتىمىزنىڭ روھىغا يەرلەشتۈرگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلاردىكى ئومۇمىيۈزلۈك چۆكۈش ۋە ئارقىغا چېكىنىش دەۋرى باشلىنىشى بىلەن بىزمۇ چېكىنىدۇق ۋە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق.

488

## ئىبادەتتىن تەلەپ قىلىنغىنى كۆپ قىلىش ئەمەس، ياخشى قىلىشتۇر

ئىبادەتتىن مەقسەت ئۇنى كۆپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن نەتىجە ئېلىشتۇر. چۈنكى ئىبادەت ئۆزى غايە ئەمەس، ۋاستىدۇر، يەنى ئىبادەت كامالەت دەرىجىلىرىگە يۈكسىلىشنىڭ شوتىسى، قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ دورىسىدۇر. شۇڭا ئىبادەتنىڭ كۆپ قىلىنىشىغا ئەمەس، ئۇنىڭ قەلبتە قالدۇرغان تەسىرىگە ۋە ئىنسانىنىڭ ئەخلاقىغا بەرگەن مېۋىسىگە قاراش كېرەك. قەلبنىڭ ئەمەللىرى بەدەنىنىڭ ئەمەللىرىدىن ئەۋزەل ۋە مۇھىمدۇر. قەلب ئەمەللىرى دېگىنىمىز: ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇھەببەت باغلاش، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇش، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا موھتاجلىقىنى ھېس قىلىش، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

كۆپ ناماز ئوقۇش، كۆپ روزا تۇتۇش، خەير ـ ساخاۋەتنى كۆپ قىلىش، كۆپ قۇرئان ئوقۇش، ساۋابلىق ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ناھايىتى ياخشى. ئەمما بۇ ئىبادەتلەر قەلبنى ئىسلاھ قىلىش، گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىش يولىدىكى سەۋەبلەردىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئاساسلىق غايە قەلبنى ئىسلاھ قىلىپ ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى ساغلام قەلبتۇر. «پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن ئادەملا (پايدا تاپىدۇ)».

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قايسى؟» دېگەن سوئالغا: «قەلبنىڭ بىلەن قىلغان ئەمەلىڭدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. چۈنكى مەقسەت ئەمەل ـ ئىبادەتنى كۆپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن تەسىر ئېلىش، ئۇنىڭ ئارقىلىق ئەخلاقنى تۈزىتىش، مۇكەممەللىككە قاراپ ئىلگىرلەشتۇر. نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىدۇ، ھەتتا نەپلە ناماز، نەپلە روزا، خەير ـ ئېھسان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بار، ئەمما ئەخلاقى ناچار، مۇئامىلىسى قوپال ياكى توغرا ئەمەس. مۇنداق كىشىلەر ئىبادەتنىڭ مېۋىسىنى ئالالمىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇلار خۇددى بىر يىل جاپالىق يەر تېرىپ، ھېچقانداق ھوسۇل ئالالمىغان دېھقانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى دېھقان ئۈچۈن كېرەك بولغان نەرسە يەرگە قانچىلىك كۆپ ئىشلىگەنلىكى، ئۇنى قانچە قېتىم سۇغۇرغانلىقى،

قانچە قېتىم ئوغۇتلىغانلىقى ۋە قانچە قېتىم سۇ كۆتۈپ ئېتىزلىقتا نۆۋەت تۇتقانلىقى ئەمەس، بەلكى ئالىدىغان مول هوسۇلدۇر. ئىبادەتمۇ شۇنداق.

يەنە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار دىندا ئالىم ۋە ناتىق. ئۇلارنىڭ تەبلىغلىرى كىشىلەرنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ تەبلىغلىرى نەتىجىسىدە نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولىدۇ، يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش يولىغا كىرىدۇ. ئۇلار تەبلىغلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەيلى قايسى ئىرقتىن ۋە قايسى دۆلەتتىن بولسۇن، رەڭگى قانداق رەڭدە بولسا بولسۇن، ھەممىسى قېرىنداش، ھەممىسى باراۋەر مۇئامىلىگە لايىق ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكى، ھارام يېيىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى، ۋەدىسىدە تۇرماسلىقنىڭ مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتا سۆزىنىڭ تەسىرىدىن ئاڭلىغۇچىلىرىنى يىغلىتىۋېتىدۇ، ئەمما ئەپسۇسكى، بۇ تەبلىغ مەزكۇر تەبلىغ قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە قىلچە تەسىر قىلمايدۇ، كىشىلەر ئۈچۈن تەشەببۇس قىلغان ئىشلارنى ئۆزى قىلمايدۇ، ئۇلارنى توسقان ئىشلارنى ئۆزى قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ كىيگەن كىيىمىگە ۋە چىرايىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرگە قوپاللىق قىلىدۇ، قوشنىلىرىغا ئەزىيەت بېرىدۇ، كىشىلەرگە ۋەدە قىلىپ خىلاپلىق قىلىدۇ، مۇئامىلىدە كىشىلەرنى قاقتى — سوقتى قىلىدۇ. مانا بۇ تۆردىكى كىشىلەر قىلغان ئەمەل — ئىبادەتلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمىگەن، مېۋىسىنى يېيەلمىگەن كىشىلەردۇر.

## كىشىلەر جەننەتكە تەقۋالىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كىرىدۇ

كىشىلەر جەننەتكە ئەمەل — ئىبادەتنىڭ كۆپلىكى بىلەن كىرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغىنىدا: «ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى سايىسىدا كېچىسى ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بەزى كىشىلەر تاغدەك كۆپ ئەمەل — ئىبادەتلەر بىلەن كېلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەمەل — ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابى بوران تۇزىتىپ كەتكەندەكلا يوق بولۇپ كېتىدۇ». ساھابىلەر: يارەسۇلۇللاھ! ئۇلار قانداق كىشىلەر؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، ئۇلارمۇ

سىلەر ناماز ئوقۇغانىدەك ناماز ئوقۇيتتى، كېچىلىرى تەھەججۇد ئوقۇيتتى، ئەمما ئۇلار ئاللاھ هارام قىلغان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى توسالمايتتى» دېگەن.
يەنى ئۇلارنىڭ بەدىنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغان بىلەن، قەلبى ئىتائەت قىلمايتتى، ئۇلار كۆرۈنۈشتە ناھايىتى تەقۋا بەندە بولغىنى بىلەن، قەلبىدە تەقۋالىقتىن ئەسەر يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولغىنى بىلەن، ئىچكى دۇنياسى خاراب ئىدى، ئۇلار ئەمەل — ئىبادەتنى كۆپ قىلغىنى بىلەن، ئەمەل — ئىبادەتنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىدى. شۇڭا ئەمەل — ئىبادەتنى كۆپ قىلىشقا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن نەتىجە ئېلىشقا تىرىشىش لازىم. مۆئمىن ئادەم ئەمەل — ئىبادەتتىن ئەلۋەتتە ھۇزۇر — ھالاۋەت ئالىدۇ. ئەمما بىزگە زۆرۈر بولغىنى ئەمەل — ئىبادەتنىڭ ھالاۋىتىلا ئەمەس، ئۇنىڭ نەتىجىسى ۋە مېۋىسىدۇر.

## ئەمەل — ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىنى ساقلاپ قېلىش مۇھىمدۇر

قىلىنغان ئەمەل — ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىنى ساقلاش مەسىلىسىمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. چۈنكى ئەمەل — ئىبادەت قىلىش ئوڭاي، ئەمما ئۇنىڭ ساۋابىنى زايە بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش قىيىندۇر. چۈنكى بىر قېتىملىق غەيۋەت بىلەن، نۇرغۇن ئەمەل — ئىبادەت بىكار بولۇپ كېتىپ، ئورنىغا غەيۋەتنى قىلىنغان كىشىنىڭ گۇناھلىرى يۈكلىنىدۇ، بىر قېتىملىق مىننەت قىلىش ئارقىلىق قىلىنغان خەير — ساخاۋەتنىڭ ۋە سەدىقىنىڭ ساۋابى پۈتۈنلەي يوققا چىقىدۇ، مىننەت قىلىپ بېرىلگەن زاكات ھەرگىز ئادا تاپمايدۇ. «پۇل — مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير — ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەرگە رەببىنىڭ دەرگاھىدا (خاس) مۇكاپاتلار بار. ئۇلارغا قورقۇنچ ۋە غەم — قايغۇ بولمايدۇ. ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈۋېتىش ئەزىيەت ئەگەشىپ كېلىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سەدىقىسىگە) موھتاج ئەمەستۇر، (گۇناھكارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر. ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل — مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىگە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا — چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن يۇيۇلۇپ (بۇرۇنقىدەك بولۇپ) كەتكەن سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە ساۋابتىن) ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».

ئەمەل - ئىبادەت قىلىپ باشقىلارنىڭ باھالىشىنى ياكى ماختىشىنى كۈتكەن

ئادەمنىڭ ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك، بىراۋ مەسجىد ھەرەمدە قەدىر كېچىسىنى ئۆتكۈزەلىسە، بۇ ناھايىتى چوڭ ئۇتۇق ۋە كاتتا ئىبادەتتۇر. ئەمما ئەتىسى بۇنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپ پەخىرلەنسە، قىلغان ئىبادەتلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتسە، كىشىلەرنىڭ ماختىشىدىن ھۇزۇر ئالسا، ئۇنىڭ بىر كېچە ئۇخلىماي قىلغان بۇ كاتتا ئىبادىتىنىڭ ساۋابى يوقاپ كېتىدۇ.

ئەمەل — ئىبادەتنى بىر كادىرنىڭ ياكى بىر ئىشچىنىڭ كۈندىلىك تىرىكچىلىك ئىشىغا ئوخشىتىۋېلىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلار زىيان تارتىدۇ. رەسمىيەت ئۈچۈن ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ، سائەتنى توشقۇزۇش بىلەنلا ھېسابلىشىدىغان ئادەم بىلەن، قىلغان تىرىكچىلىكىدە پايدىنى كۆزلەيدىغان، بىر قەدەمنىمۇ بىكار ئاتمايدىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟ خۇددى بۇ مىسالدىكىدەك، ئىبادەتنى رەسمىيەت ئورنىدا قىلىپ قويىدىغان كىشىلەر بىلەن ئەمەل — ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قېتىرقىنىپ قىلغان ئادەممۇ ئوخشاش ئەمەس.

## ئىخلاس ئىبادەتنىڭ جېنىدۇر

ئىبادەتتە كەيپىيات بەك مۇھىمدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئەمەل - ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش بىلەن ياكى كۆپ كىشىلەرنى دىنغا ئەگەشتۈرۈش بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئىخلاس بىلەن، ئەمەلنى ياخشى ۋە سۈپەتلىك قىلىش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز ياكى بىرەر ياخشى نىيەت ھەقىقىي سائادەتكە ۋە مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەمەل- ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ قىلىنىشىغا ئەمەس، بەلكى قەلبتىكى ئىخلاسقا قاراش كېرەك. چۈنكى كېرەك بولغىنى ئىخلاستۇر. زادى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمەي باشقا مەقسەت ۋە مەنپەئەتلەرنى كۆزلەپ قىلىنغان ياكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش بىلەن بىللە باشقا مەقسەتلەرنىمۇ كۆزلەپ قىلىنغان پۈتۈن ئەمەللەر ۋە ئىبادەتلەر بىكاردۇر. ئۇمامە ئىبنى باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن: «يارەسۇلۇللاھ! بىراۋ ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە نامىنى چىقىرىشنى نىيەت قىلىپ جىھاد قىلسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا ساۋاب يوق» دەپ جاۋاب بەردى، ئاندىن يەنە: «ئاللاھ ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ خالىس قىلىنغان ئەمەلدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېدى.

دېمەك، ئەمەل - ئىبادەتنىڭ سانى ئەمەس، ئىخلاس مۇھىمدۇر. ئەمەل -

ئىبادەتنى تەلەپ لايىق هالدا سۈپەتلىك قىلىش نۇرغۇنلىغان سۈپەتسىز ئەمەللەردىن ئەۋزەلدۇر. مەسىلەن: كۆمۈر كىلوگىراما بىلەن ھەتتا تونىلاپ، ئالتۇن بولسا گىراملاپ تارتىلىدۇ. ئىخلاسلىق ئەمەل ئالتۇن بولسا، ئىخلاسسىز ئەمەل كۆمۈرگە ئوخشايدۇ.

# بىزگە قانداق تىجارەتچىلەر كېرەك؟

تىرىكچىلىك يولىدا ئىشلەش، ھالال رىزىق ئۈچۈن تەر تۆكۈش دىنىمىز تەشەببۇس قىلغان ئەڭ شەرەپلىك ئەمەللەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇنى بايان قىلىپ: «كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋاقىت قىلدۇق»[1] دەپ كۆرسەتكەن. تىجارەت قىلىش قەدىمقى زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن تىرىكچىلىك يوللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ پۇل ــ مېلىنى يولسىزلىق بىلەن يەۋېلىشتىن توسقان ئايەتتە تىجارەتنى يوللۇق تىرىكچىلىك ئەمەللىرىدىن ساناپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر - بىرىڭلارنىڭ مال ــ مۈلكىنى ھارام يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ــ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[2].

ئىسلام ئۆلىمالىرى تىجارەت قىلىشنىڭ ئەدەپ ــ ئەخلاقلىرىنى ۋە پەزىلىتىنى بايان قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان:

تىجارەتچى ئۆزى قىلىۋاتقان ھەرقانداق بىر تىجارەتنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تىرىكچىلىك قىلىپ، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالمايدىغان، شەرەپلىك، ئېپپەتلىك بىر تۇرمۇشتا ياشىتىشنى مەقسەت ۋە غايە قىلىشى لازىم. نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن تىرىكچىلىك يولىدا ئىشلەش ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى نىيەت ئادەتتىكى تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى ئىبادەتكە ئۆزگەرتىدىغان سېھىرلىك نەرسىدۇر. نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىدىن مەقسەت ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان ھالدا قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەتتۇر.

تىجارەتچى ئېلىم ــ سېتىم ئىشلىرىدا راستچىل، سەممىي بولۇشى، يالغانچىلىقتىن، ئالدامچىلىقتىن ۋە ساختىپەزلىكتىن يىراق تۇرۇشى لازىم. چۈنكى يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىقلار مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، مۆئمىنلەرگە قەتئىي ياراشمايدۇ. راستچىللىق بولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۆلگىلىك

[1] نەبەئ سۈرىسى: 11 ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى: 29 ئايەت.

كىشىلەرنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا راستچىل بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «راستچىل تىجارەتچى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، راستچىللار ۋە شېھىتلار بىلەن بىللە بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بىر تىجارەتچى ئۈچۈن راست گەپ قىلىش قىيىن بولغان بىلەن بۇ راستچىللىقنىڭ بەرىكىتى ۋە مۇكاپاتى ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە كاتتا بولىدۇ. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن تىجارەتچىلەر «بۈگۈنكى ئۆپكە، ئەتىكى دۇمبىدىن ياخشى» دېگەندەك، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، كېيىنكى يامان ئاقىۋەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ــ دە، ئازراق پايدىنى كۆزلەپ يالغان سۆزلەيدۇ، كىشىلەرنى ئالدايدۇ. ناچارا ۋە ئەرزان ماللارنى ئېسىل ۋە قىممەتلىك باللار قاتارىدا ساتىدۇ، بەزىلەر خىتاينىڭ ناچار ماللىرىغا ياۋروپانىڭ داڭلىق ماركىلىرىنى چاپلاپ ساتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھالالنى ھارام قىلىپ يەيدۇ. سودا ــ سېتىقتىكى ۋە ھەرقانداق بىر ئىقتىسادىي مۇئامىلىدىكى ئالدامچىلىق، سەمىمىيەتسىزلىك بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە شۇنچىلىك بەك ئومۇملاشقانكى، كىمنىڭ راستچىل، كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ نە تىجارىتىدە، ياكى كەسپىدە بەرىكەت يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئايرىلمىغانلار بولسا سودىدىن يېنىۋېلىش ئىختىيارىغا ئىگىدۇر، ئەگەر ئۇلار راستچىل بولسا، قىلغان سودىسىدا بەرىكەت تاپىدۇ، ئەگەر يالغان ئېيتسا ۋە مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، ئۇلارنىڭ سودىسىنىڭ بەرىكىتى كېتىپ قالىدۇ»[2].

ساتقۇچىنىڭ قەسەم ئىچىشتىن ساقلىنىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «كۆپ قەسەم ئىچىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى كۆپ قەسەم ئىچىش مالنىڭ بەرىكىتىنى كەتكۈزىدۇ ۋە پايدىسىنى يوق قىلىۋېتىدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە كۆپ قەسەم ئىچكۈچىنى قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ساناپ: « ... ئالسىمۇ قەسەم ئىچىدىغان، ساتسىمۇ قەسەم ئىچىدىغان ئادەم»[4] دېگەن.

زامانىمىزدا خۇسۇسەن مۇسۇلمان تىجارەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا يالغاندىن قەسەم ئىچىپ خېرىدارلارنى ئالداش قىلمىشى ناھايىتى ئېغىردۇر. ھەتتا خېرىدار سورىمىسىمۇ، ئەرزان ئالغان مالنى قىممەت ئالغانلىقىغا قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ.

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخار ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

شـۇنداق قىلىــپ ھالالنــى ھــارام قىلىــپ يەيــدۇ.

ســاتقۇچىنىڭ تارزىــدا ياكــى ئۆلچەمــدە كەم بېرىشــتىن ساقلىنىشــى لازىم. بۇ ســودا ــ ســېتىق ئىشــلىرىدا ئــەڭ كــۆپ ئومۇملاشــقان ھــارام قىلمىشــلارنىڭ بــىرى بولــۇپ، بــۇ ئالــلاھ تائالانىــڭ نەزىرىــدە ئــەڭ ئېغىــر ۋە ئــەڭ كەچۈرۈلمــەس قىلمىشــتۇر. ئالــلاھ تائــالا تارازىــدا ياكــى ئۆلچەمــدە كــەم بەرگۈچىلەرنــى ئاخىرەتكــە ئىشــەنمەيدىغان كاپىرلارنىــڭ قاتارىــدا ســاناپ، ئۇلارنــى مۇنــداق ئاگاھلاندۇرغــان: «(ئۆلچەمــدە ۋە تارازىــدا) كــەم بەرگۈچىلەرنىــڭ ھالىغــا ۋاي! ئــۇلار كىشــىلەردىن ئۆلچــەپ ئالغــان چاغــدا، تولــۇق ئالىــدۇ، كىشــىلەرگە ئۆلچــەپ ياكــى تارتىــپ بەرگــەن چاغدا كــەم بېرىــدۇ. ئــۇلار بۈيــۈك بىــر كۈنــدە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشــەنمەمدۇ؟»[1]. «شەكســىزكى، كىشــىلەرنىڭ ھەققىنــى يەۋالىدىغــان، ھارامدىــن قورقمايدىغــان ئادەملــەر قىيامــەت كۈنىگــە ئىشــەنمەيدىغان كىشــىلەردۇر. چۈنكــى ئاخىرەتتىكــى ھېســاب بېرىشــكە ئىشــەنگەن ئــادەم شــۇنداق قىلامــدۇ؟ ھەرگىــز ئۇنــداق قىلمايــدۇ. ھەقىقەت شــۇكى، زامانىمىزدا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىــڭ ئاخىرەتكــە ئىشــىنىدىغانلىقىنى ســۆزلەيدۇ، مۇســۇلمانچە يۈرىــدۇ، مۇسۇلمانچە نامــاز ئوقۇيــدۇ، ئەممــا مۇسۇلمانچە ياشــىمايدۇ. توغــرا، ئــۇلار مۇسۇلمانچە ياشــىمايدۇ، ئاخىرەتكــە ئىشــىنىمەن دەيــدۇ، ئەممــا ئاخىرەتكــە ئىشــەنگەن مۇئمىنــدەك ياشــىمايدۇ، ئالــلاھ تائالانىــڭ ئازابىدىــن قورقىمــەن دەيــدۇ، ئەممــا ئالــلاھ تائالادىــن قورقىدىغــان مۇئمىنــدەك ياشــىمايدۇ. بــۇ ئايەتلــەردە، كىشــىلەرنى قاقتى ــ ســوقتى قىلىدىغــان، تارازىنــى دۇرۇس تۇتمايدىغــان، ســودىدا ئادالەتلىــك بولمايدىغــان، ھارام يېيىشــتىن قورقمايدىغــان قــارا كۆڭــۈل ئىنســانلار ئاخىرەتكــە ئىشــەنمەيدىغان كاپىــرلار بىلــەن بىــر ئورۇنــدا قويۇلغــان. چۈنكــى كاپىــرلار ئاخىرەتكــە ئىشــەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېســاب بېرىشــتىن قورقمايــدۇ، ئۆلچەمــدە ئادالەتلىــك بولمىغــان ئادەمنىڭ بــۇ قىلىقىمۇ ئاخىرەتكــە ئىشــەنمىگەنلىكتىن ياكــى ئۇنىڭغــا شــەك قىلغانلىقتىــن ۋە ياكــى ئۆزىنىــڭ ياخشــى ئەمەللىرىگــە ئىشــەنچ قىلىــپ كەتكەنلىكىدىــن بولســا كېــرەك. شــۇ ئېنىقكــى، ئىبادەتلەرنــى كــۆپ قىلىــش، تەۋبــە ــ ئىســتىغپارنى كــۆپ ئېيتىــش ئارقىلىــق گۇنــاھ ــ مەســىيەتلەرنى يۇيۇۋەتكىلــى بولغىنــى بىلــەن، كىشــىلەرنىڭ ھەققىنــى يۇيۇۋەتكىلــى بولمايــدۇ. چۈنكــى ئالــلاھ تائــالا ئۆزىنىــڭ «قىــل» ۋە «قىلمــا» دېگــەن ئەمرىگــە خىلاپلىــق قىلغۇچىلارنىــڭ گۇناھىنــى خالىســا تەۋبــە قىلــەن، خالىســا تەۋبىســىزمۇ كەچۈرۈۋېتىــدۇ، ئەممــا باشــقىلارنىڭ ھەققىنــى قەتئىــي كەچۈرمەيــدۇ.

ســاتقۇچىنىڭ ســاختىپەزلىكتىن ۋە كىشــىلەرنى ئالداشــتىن ساقلىنىشــى، مالنىــڭ ئەيىبىنــى ئوچــۇق ئېيتىشــى لازىــم. پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام: «كىمكــى بىزنــى ئالدايدىكــەن، ئــۇ بىزدىــن ئەمــەس»[2] دەپ كۆرســەتكەن. بــۇ ھەدىســنىڭ مەنىســى

[1] مۇتەففىفىين سۈرىسى: 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

شۇكى، كىمكى ئىنسانلارغا ساختىلىق قىلىپ ئۇلارنى ئالدايدىكەن، يولسىزلىق قىلىپ ئۇلارنى ھەققىنى يەۋالىدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزىنى بوياپ ناچار مالنى ياخشى دەپ ساتىدىكەن، مۇنداق ئادەم ئىسلام ئۇممىتىدىن ئەمەس دېگەنلىكتۇر. يەنى ساتقۇچى مەيلى قانچىلىك تەقۋا سۈپەتلىك كىشى بولۇپ كەتسۇن، مەيلى ئاغزىدىن مىسۋاك چۈشمەيدىغان، ساقىلى ئىككى مېتىر كېلىدىغان بولۇپ كەتسۇن، مەيلى بەش نامازنى مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتسۇن، كىشىلەرنى ئالدايدىكەن، ساختىپەزلىك قىلىدىكەن، ئۇنداق كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن سانالمايدۇ.

ساتقۇچىنىڭ كەڭ قورساق، سېخىي، قانائەتلىك بولۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېيىپ كۆرسەتكەن: «ساتقاندىمۇ، سېتىۋالغاندىمۇ، ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلغاندىمۇ كەڭ قورساق بولغان ئادەمگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن!»[1]. مۇسۇلمان ئادەم باشقىلاردىن قانداق مۇئامىلىنى كۈتسە، ئۆزىمۇ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بىر نەرسە سېتىۋالغاندا ئالدانماي، مۇۋاپىق باھادا سېتىۋېلىشنى خالىغان ئادەم باشقىلارغا ساتقاندىمۇ ئۇلارنى ئالدىماي، مۇۋاپىق باھادا سېتىشى لازىم. ئەگەر مۇنداق قىلمىغاندا، ئۇ كىشى بۈگۈن باشقىلارنى ئالدىغان ۋە ئۇلارغا ئۆز باھاسىدىن قىممەت ساتقان بولسا، ئەتە ئۇ باشقىلاردىن ئالغاندا، ئۇمۇ ئالدىنىپ كېتىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ. «بۇ ئالەم ئۆتنە ئالەم» دېگەن بىكار گەپ ئەمەس. ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئالدىنقى سۈپىتى كۆڭۈلنىڭ يۇمشاقلىقىدۇر. شۇڭا مۇئمىن ئادەم ھەرقانداق ئىشتا كۆڭلى يۇمشاق، كەڭ قورساق، كەچۈرۈمچان كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، يۈرىكى قاتتىق، كۆڭلى قارا ئادەملەرنى مۇئمىن دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداقلارنىڭ قەلبى ئىمان تەسىر قىلمىغان قەلبتۇر.



[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئەھلى سۈننەت ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى

سۈننەت- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، قىلغان ئىشلىرى، سۈپەتلىرى ۋە تەقرىرلىرى (تەستىقلىغان ئىشلىرى) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. سۈننەت دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى: يول، ئۇسلۇب، مېتود، ئەگىشىپ ماڭىدىغان يول خەرىتىسى دېگەنلىك بولۇپ، ئومۇمەن، بىرخىل ئەقىدە ئەتراپىغا توپلاشقان جامائەت ياكى ئۈممەتنىڭ ئېتىقاد يولىدۇر. ئىسلام ئاتالغۇسىدا ئەھلى سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا ئىزچىل ماڭغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدىكى ئەقىدىسى

قۇرئان كەرىم كەم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر دەستۇرى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەئىدۇر. قۇرئان كەرىم زىيادە قىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالغان، ئاللاھ تائالادىن چۈشكەن پېتى داۋام قىلىپ كەلگەن، ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى كىتابتۇر.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ھەدىس (ياكى سۈننەت) پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش — پائالىيەتلىرى، ئەمەل — ئىبادەتلىرى ۋە تەقرىرى (يەنى ساھابىلەردىن سادىر بولغان ئىش - ھەرىكەتلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا كۆرۈپ تەستىقلىغانلىرى ياكى رەت قىلماستىن سۈكۈت قىلغانلىرى) قاتارلىقلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرى، ئۆگەتكەنلىرى ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەنبەئى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىپ چۈشەندۈرگۈچى بىردىنبىر مەنبەدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغانلىقى ئېنىقلانغان ھەدىسنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەدىسنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشتا تونۇلغان مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىرىنسىپى ئاساس قىلىنىدۇ.

498

## ئەھلى سۈننەتنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى ئوخشىشى يوق. ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچى يوق. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرىنى تەۋىل قىلماستىن، باشقىلارغا ئوخشاتماستىن كەلگەن پېتى چۈشىنىش كېرەك. غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شاپائەت ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەنلا بولىدۇ. ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئاساسىي دىن، ئاندىن ئەقىلدۇر.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرۈش ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ئاللاھ تائالانى بۇ دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاخىرەت كۈنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان مۇئمىن بەندىسىگە ئۆزىنىڭ جامالىنى كۆرسىتىدۇ. ئاخىرەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانى كۆرۈش مۇكاپاتلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى، نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.



## ئەھلى سۈننەتنىڭ غەيب ھەققىدىكى ئەقىدىسى

غەيب ـــ ئىنسانلار سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمەيدىغان ئىشلار دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مەلۇم دىنىي ئېھتىياج يۈزىسىدىن بەزى پەيغەمبەرلەرگە بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرگەن. «ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئۆزى بىلدۈرۈشنى خالىغانلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ» دېگەن ئايەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ شەرىئەت ۋە ھەقىقەت ھەققىدىكى ئەقىدىسى

شەرىئەتنىڭ ئۆزى ھەقىقەتتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بۇيرۇغانلارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگەن. ھېچ نەرسىنى يوشۇرغان ئەمەس. ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن، ھەرقانداق يامانلىقتىن توسقان. بەندىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە دۇئا قىلىش ئۈچۈن بىراۋنىڭ ۋاستىسى كېرەك ئەمەس. پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئىنسانلار كەمچىلىكلەردىن ۋە خاتالىقلاردىن پاك ئەمەس.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ خەلىپە ياكى ئىماملىق ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ئىسلام دۆلىتىنى مۇسۇلمانلار ئاممىسى رازى بولغان ۋە مەخسۇس شۇرا ھەيئىتى سايلاپ چىققان خەلىپە باشقۇرىدۇ. خەلىپە بولۇپ سايلىنىش ئۈچۈن ئەقىل، ئىلىم، تەقۋالىق، ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا سالاھىيەتلىك بولۇش شەرت قىلىنىدۇ. خەلىپە ياكى ئىمام قۇرئان ۋە سۈننەت يولىدا ماڭغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر. خەلىپە ياكى ئىمامغا نەسىھەت قىلىش، خاتا كەتكەن يەرلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش بىرىش ھەربىر ئۆلىمانىڭ بۇرچى ۋە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەمما مۇرتەد بولۇپ كەتمىگەن ياكى قۇرئان، ھەدىسنىڭ ئوچۇق ھۆكمىنى رەت قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، گەرچە ئۇ پاسىق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى ئىنقىلاب قىلىشقا بولمايدۇ.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ فىقھى مەسىلىلىرى ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ئىسلامى فىقھىنىڭ مەنبەلىرى قۇرئان، سۈننەت، ئىجما ۋە قىياستۇر. قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت ئەڭ ئاساسلىق مەنبە بولۇپ، بۇ ئىككى مەنبە بىلەن بېكىتىلگەن شەرئىيەت ئەھكاملىرىنى ھېچكىمنىڭ ئۆزگەرتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققى يوق. ساھابى ۋە تابىئىين ئۆلىمالىرىنىڭ قىلغانلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۈلگىدۇر. ئىجما بىلەن قىياسنىڭ يولى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر[1].

## ئەھلى سۈننەتنىڭ ساھابىلەر ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ساھابە ــ مۇئمىنلىك ھالىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ۋە مۇئمىنلىك ھالىتىدە ئۆلگەن كىشى دېمەكتۇر. مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان بولسۇن، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرگەن بولسۇن، ئۇ ساھابى ھېسابلىنىدۇ. ئەھلى سۈننەت ساھابىلەر ھەققىدىكى ئەقىدىسى مۇنداق: ساھابىلەر پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش گۇناھتىن ۋە خاتالىقتىن پاك ئەمەس، بەلكى ئۇلارمۇ باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپ ۋە توقۇنۇشلار توغرۇلۇق بىر نەرسە دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس. ئۇلارنى ئىجتىھاد بىلەن ئىش كۆرگەن كىشىلەر دەپ قارايمىز. دىنىي مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلغان ئۆلىمالار توغرىسىنى تاپالىغان بولسا، ئىككى ھەسسە ساۋابقا، ئەگەر خاتالاشقان بولسا بولسا، بىر ھەسسە ساۋابقا ئېرىشكەندەك، ئۇلارنىمۇ توغرا قىلغان ئىشلىرىدا ئىككى ھەسسە

---

[1] «دىن ۋە ھايات (2000 سوئالغا جاۋاب)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ساۋابقا، خاتالاشقان ئىشلىرىدا بىر ھەسسە ساۋابقا ئېرىشىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. ساھابىلەرنى سۆكمەيمىز. چۈنكى ساھابىلەرنى سۆكۈش ئېغىر گۇناھتۇر.

ئىمام تاھاۋى مۇنداق دېگەن: «بىز ساھابىلەرنى سۆيىمىز، ئەمما ئۇلارنى سۆيۈشتە ۋە ئۇلارغا ئەقىدە قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيمىز، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى سۆكمەيمىز. ئۇلارنى پەقەت ياخشى ئىشلىرى بىلەنلا خاتىرىلەيمىز ۋە ياخشى تەرەپلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىمىز. ساھابىلەرنى سۆيۈش ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساننىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلارنى يامان كۆرۈش كۇفرىنىڭ، مۇناپىقلىقنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ جۈملىسىدىندۇر».

## ئەھلى سۈننەتنىڭ دوست تۇتۇش ۋە دۈشمەن تۇتۇش ھەققىدىكى ئەقىدىسى

مۇئمىننىڭ دوستى پەقەتلا مۇئمىندۇر. شۇڭا، مۇئمىننى قوغداش، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش، ئۇنى دوست تۇتۇش مۇئمىننىڭ بۇرچىدۇر. مۇئمىن ئادەم بىراۋنى دوست تۇتسا، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ، بىراۋنى يامان كۆرسە، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلارنى يامان كۆرۈش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر. بىرەر مۇئمىن ئادەمنى ئۇنىڭ ئازغۇنلۇقى ياكى زالىملىقى ۋەياكى پاسىقلىقى تۈپەيلىدىن دۈشمەن تۇتۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلار»[1] دېگەن سۆزى بۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلاردىن بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان كىشىلەرنىمۇ مۇئمىنلىكتىن چىقىرىۋەتمىگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار»[2].

بىر ئادەمدە ياخشىلىق ـ يامانلىق، تەقۋالىق ـ پاسىقلىق، ئىتائەت ـ ئاسىيلىق قاتارلىق بىر ـ بىرىگە زىت سۈپەتلەر تېپىلغاندا، ئۇنىڭ ياخشىلىق، تەقۋالىق، ئىتائەتچانلىق تەرەپلىرىنى دوست تۇتۇپ، يامانلىق، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىق تەرەپلىرىنى يامان كۆرۈش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر. بىر ئادەم ئەينى ۋاقىتتا ھەم غەمخورلۇققا ھەم جازاغا لايىق بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: يوقسۇللۇقى يۈزىسىدىن دۆلەت خەزىنىسىدىن ياردەمگە تېگىشلىك بولسا، ئوغرىلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن جازاغا تېگىشلىك بولغىنىغا ئوخشاش. ئۇنىڭ يامانلىقى ياخشىلىقىنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ ياخشىلىق ئۈچۈن ساۋابقا، يامانلىقى ئۈچۈن جازاغا لايىق بولىدۇ.

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى:10 ـ ئايەت.

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى:9 ـ ئايەت

## ئەھلى سۈننەتنىڭ ۋەسىلە ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ۋەسىلە ــ دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى، ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى بىرەر ھاجەتنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر شەخسنى ۋاستە قىلىپ ئارىغا سېلىش دېگەنلىكتۇر. ئەھلى سۈننەتنىڭ ئەقىدىسىگە كۆرە، ۋەسىلە (يەنى ۋاستە) ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، بۇيرۇلغان ۋەسىلە، ئىككىنچىسى، مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە، ئۈچىنچىسى، دىنىمىزدىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلىدۇر.

بۇيرۇلغان ۋەسىلە ـ قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىسلەردە بۇيرۇلغان ۋە ساھابىلەر قوللانغان ۋەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلار: ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانىنى ۋەسىلە قىلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى ۋە سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش، ھەركىم ئۆزىنىڭ ياخشى قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىشى ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى تاشلىغانلىقىنى ۋەسىلە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە ـ ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەنئى قىلغان ۋەسىلە بولۇپ، ئۇ شېرىك ۋە خۇراپاتتۇر. مەسىلەن: دۇئانى ئۆلۈكلەردىن بىرەرسىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن«يا پىرىم!» ياكى «يا ئىمام غەۋسۇلئەزەم!» ياكى «يا تۆت ئىماملىرىم!» ياكى «يا ئىمام جەپىرى تەيران!» ئاللاھ تائالادىن ماڭا پەرزەنت تىلەپ بەرگىن، بايلىق تىلەپ بەرگىن، شىپالىق تىلەپ بەرگىن، دەپ سورىغانغا ئوخشاش.

يول قويۇلغانلىقىغا دىنىمىزدىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلە ـ قۇرئان كەرىمدە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ياكى ئۆلگىلىك ساھابىلەرنىڭ دۇئالىرىدا ئۇچرىمايدىغان، «ئى ئاللاھ! پالانىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن مېنىڭ دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، تىلىگەنلىرىمنى بەرگىن»، دەپ دۇئا قىلغانغا ئوخشاش. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ «پەتىۋا ئىشلار كومىتېتى»دىكى ئۆلىمالار:«ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى بىلەن.....» دەپ دۇئا قىلسا بولامدۇ؟ دەپ سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «دۇئادا «ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ياكى بەرىكىتى يا ئۇلۇغلۇقى يۈزىسىدىن مېنىڭ دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، تىلەكلىرىمنى بەرگىن» دەپ ۋەسىلە قىلىش شېرىك سانالمايدۇ، ئەمما شېرىككە بېرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن

مۇنــداق ۋەســلىنى قىلماســلىق كېــرەك»[1].

ئەھلى سۈننەتنىڭ ئىمان ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ئىمانىنىــڭ ئاساســي پىرىنســپى تۆۋەندىكــى 6 ھەقىقەتكــە چىــن ئىشــىنىپ ئېتىقــاد قىلىشــتىن ئىبــارەت:

1. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.
2. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.
3. ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.
4. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.
5. قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.
6. ياخشــىلىق ۋە يامانلىــق ئالــلاھ تائالانىــڭ تەقدىــرى بىلــەن بولىدىغانلىقىغــا چىــن ئىشــىنىپ ئېتىقــاد قىلىــش.

يۇقىرىقــى 6 ھەقىقەتكــە چىــن دىلىدىــن ئىشــىنىپ، ئۇنىــڭ تەقەززاســى بويىچــە ئەمــەل قىلغــان ئــادەم «مۇئمــىن» دەپ ئاتىلىــدۇ. پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالام مۇنــداق دېگــەن: «ئىمــان — ئاللاھقا، ئۇنىــڭ پەرىشــتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگــە، كىتابلىرىغا، قىيامــەت كۈنىگــە ۋە ياخشــىلىق - يامانلىــق ئاللاھنىــڭ تەقدىــرى بىلــەن بولىدىغانلىقىغا چىــن ئىشــىنىپ، قوبــۇل قىلىشــتىن ئىبــارەت »[2].

ئىمــان كــەم — زىيــادە بولىــدۇ ، يەنــى ئالــلاھ تائالانــى يــاد ئېتىــش ۋە ياخشــى ئەمەللەرنــى قىلىــش بىلــەن ئىمــان زىيادىلىشــىدۇ ۋە كۈچىيىــدۇ، ئالــلاھ تائالانــى ئۇنتــۇش ۋە گۇنــاھ، يامــان ئىشــلارنى قىلىــش بىلــەن ئىمــان ناقىسلىشــىدۇ ۋە ئاجىزلىشــىدۇ. مانــا بــۇ، ئىمانىنىــڭ كــەم - زىيــادە بولىدىغانلىقىــدۇر. ئالــلاھ تائــالا مۇنــداق دەيــدۇ: «مۇئمىنلــەر پەقــەت ئالــلاھ يــاد ئېتىلســە يۈرەكلىــرى تىترەيدىغــان، ئاللاھنىــڭ ئايەتلىــرى تىــلاۋەت قىلىنســا ئىمانــى كۈچىيىدىغــان، رەببىگــە يۆلىنىــپ ئىشــەنچ باغلايدىغــان كىشــىلەردۇر»[3].

---

[1] www.islamQA.com
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] ئەنفال سۈرىسى 2 - ئايەت

# بىكار نەرسە يوق

كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھېچبىرى بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس. بەلكى ھەر نەرسە بىرەر ھېكمەت ۋە بىرەر مەقسەت بىلەن يارىتىلغاندۇر.

كائىناتقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ئەڭ ئاددى شەيئىلەردىن باشلاپ، يۇقىرىسى ئىنسان، ئۆسۈملۈكلەر ئالەمى، ھايۋاناتلار ئالەمى ۋە باشقا ئالەملەردىكى ھەر نەرسىنىڭ مۇكەممەل ئىنتىزام ۋە ئاجايىپ ھېكمەت بىلەن يارىتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنساننى ئالايلى، ئىنسان باشتىن ئاخىر پەقەت ھېكمەتلەر مەجمۇئەسىدۇر.

## 1. تۈكۈرۈك

ئىنسان ئېغىزىنىڭ ئىچىدە يۈرىدىغان تۈكۈرۈكنى بىز ئېغىزدا پەيدا بولىدىغان ۋە يەرگە تۈكۈرۈپ ئېتىلىدىغان بىر خىل سۇ دەپلا بىلەتتۇق. ئەمما ئىلىم - پەن ئاشۇ سۇنىڭ يەنى تۈكۈرۈكنىڭ ئېغىزىمىزدىكى 3 ئورۇندىن چىقىپ 3 تۈرلۈك خىزمەت ئىشلەيدىغان ۋە 3 خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان سۇ ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتە. بەلكى بۇنى ئاڭلاشتىن بۇرۇن سىز بىلەن مەنمۇ بىلمەيتتۇق. ئېغىزىمىزدىكى تۈكۈرۈكنىڭ ئۆتەيدىغان 3 تۈرلۈك ۋەزىپىسىنىڭ بىرىنچىسى، تەم بېرىش يەنى يېگەنلىرىمىزدىن تەم ۋە تات ئېلىشىمىز تۈكۈرۈكنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىككىنچىسى، تۈكۈرۈك يېمەكلەرنى يۇتىشىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەت قىلىدۇ. تۈكۈرۈك سايىسىدا بىز ھەرقانداق قاتتىق نەرسىلەرنىمۇ ئوڭايلا يۇتالايمىز. ئۈچىنچىسى، تۈكۈرۈك يېمەكلىرىمىزنى چاينىغىنىمىزدا ئۇنى يۇمشىتىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

نورمالدا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدا كۈنىگە1 لېتىر بىلەن 1.5 لېتىر ئارىسىدا تۈكۈرۈك يىغىلىدۇ. مۇندىن باشقا، ئېغىز كۈندىلىك ئۇنىڭغا تاشقىرىدىن كىرىدىغان مىڭلارچە مىكروبلارنى پەقەت تۈكۈرۈك سايىسىدىلا ئۆلتۈرۈپ تۇرىدىغان ئورگاندۇر. چۈنكى، تۈكۈرۈك تەركىبىدە «سولفۇسىيا نورۇن»دەپ ئاتىلىدىغان مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ماددا باردۇر. تۈكۈرۈك بولمايدىغان بولسا، بىز يېگەن نەرسىلەردىن ھېچقانداق تەم ئالالمايدىغانلىقىمىز ئېنىق. يەنە تۈكۈرۈك

تەركىبىدە «فوسفور» ماددىسى بولۇپ، ئۇ چىشلارنىڭ پارلاقلىقىنى ساقلاش ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ماددىدۇر. تۇخۇمۇ تەركىبىدە يەنە «فولور» ماددىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چىشلارنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## 2. سوقۇر ئۈچەي

ماتېرىيالىزمچىلار سوقۇر ئۈچەينى دەسلەپكى مايمۇننىڭ قالدۇقى ۋە ھېچ ئەھمىيىتى بولمىغان بىر ئارتۇق ئورگان، دەپ تەرىپلىگەنىدى. سوقۇر ئۈچەي - قىلىن ئۈچەي بىلەن ئىنچىكە ئۈچەينىڭ ئارىسىدىكى بىر ئورگاندۇر. زامانىمىزدىكى پەن - تېخنىكىنىڭ سايىسىدا بۇ ئورگاننىڭمۇ بىكارغا يارىتىلمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق رولى بار ئىكەنلىكى كەشىپ قىلىنغان. بۇرۇن بىئولوگىيە ئالىملىرى سوقۇر ئۈچەيلىرىنى ئېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭمۇ ھېچبىر سەلبى تەسىر كۆرمىگەن ھالدا بېجىرىم ئۆمۈر سۈرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سوقۇر ئۈچەي بولمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقان. كېيىنكى يىللاردا، سوقۇر ئۈچەيلىرىنى ئېلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قىلىن ئۈچەي راكىغا ئۇچرىغانلىقى كۆرۈنۈشكە باشلىغان. چۈنكى سوقۇر ئۈچەي مېكروبلارغا قارشى ماددىلارنى ئۆزىدىن چىقىرىشى ئارقىلىق ۋۇجۇتتىكى ئەڭ كۆپ مىكروب قوبۇل قىلىدىغان ئورگان - قىلىن ئۈچەينى مىكروبلار بىلەن زەھەرلىنىشتىن قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن.

## 3. ئاغرىق

ھېچبىر ئاغرىق ھېس قىلمىساق نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ھە! 1942 - يىلى Sr Tomas.L ئەپەندى ئاغرىق ھەققىدە سۆزلەپ: «ئاغرىقنىڭ تولۇق تەرىپىنى سۆزلەپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتۇر» دېگەن بولسا، 1969- يىللىرىدا ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى دوكتور Sargent.M ئاغرىق توغرۇلۇق «ئاغرىقنى تەرىپلەش كېرەكسىز بىر ئىشتۇر. چۈنكى ھەركىم ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۇبدان بىلىدۇ» دېگەنىكەن.

ئىنسانلار تەرىپىدىن ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە ھېكمىتى يوق دەپ بىلىنگەن ئاغرىق تۇيغۇسى بولمىغان بولسا، ئۆزىمىزنىڭ كېسەل بولغىنىمىزنى نەدىن بىلەر ئىدۇق؟ ھالبۇكى، ئاغرىق بىكارغا ھېس قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ھېس قىلىنغانلىقى ۋۇجۇتتا چوقۇم غەيرى نورمال بىرەر ئۆزگىرىش بولغانلىقىنىڭ سىگنالى ئەمەسمۇ؟!

ئاغرىقنى ھېس قىلىش بولمىغان بولسا ئۆزىمىزنى ساغلام دەپ چۈشىنىپ، كېسەللىك ئېغىرلىشىپ داۋالاش ئۇنۇم بەرمەيدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغاندا، ياكى

ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولار ئىدۇق. ئەمما ئاغرىقنى ھېس قىلىش سايىسىدا بىز بىرەر ئاددى كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىنىمۇ ھامان ھېس قىلىمىز ـ دە، داۋالىنىشقا ئالدىرايمىز. مەسىلەن: چىشىمىز ئاغرىغاندا ئۇنىڭ چىرىگەنلىكىنى بىلىمىز ۋە دەرھال داۋالىنىمىز. ئەگەر ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق ئاغرىق پەسەيتىش دورىلىرىنى قوللىنىش بىلەن كۇپايە قىلىپ، چىش دوختۇرىغا بارماي يۈرۈۋەرسەك ئۆزىمىزگە زىيانكەشلىك قىلغان بولىمىز. چۈنكى، چىشلارنىڭ مىكروب سەۋەبى بىلەن چىرىيدىغانلىقى ۋە ئاغرىيدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئۇنى ۋاقتىدا داۋالاتمىغاندا، چىشلاردىن ئۆتىدىغان قان تومۇرلىرى ئارقىلىق بۇ جايدىكى مىكروبلار ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن ئورگانلارغا تارقىلىدۇ. نەتىجىدە، بەزى ئورگانلاردا، خۇسۇسەن يۈرەكتە كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق بولمىغان بولسا، بىز نە چىشىمىزنىڭ مېكروبلانغانلىقىنى، نە باشقا ئورگانلىرىمىزنىڭ كېسەللىككە يۈز تۇتقانلىقىنى بىلەلمىگەن بولاتتۇق. دېمەك، ئاللاھ ھېچ نەرسىنى ھېكمەتسىز، بىكارغا ياراتقان ئەمەس!

# چېقىمچىلىق ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىرى

چېقىمچىلىق ــ بىراۋنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان بىر - ئىككى ئېغىز گەپنى، يالغان سۆزلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ قارشى تەرەپكە ئاڭلىتىش يالغانچىلىقى بولۇپ، خائىنلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ ئادەتتىكى گەپ توشۇشتىن پەرقلىق جىنايەتتۇر. چۈنكى گەپ توشۇش مەقسەتسىزمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما چېقىمچىلىق رەزىل مەقسەتلەر ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق چېقىمچىلىق شۇ ئىنساننىڭ نىيىتى بۇزۇق، روھى كېسەل، بىپەرۋا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى چېقىمچىلىق ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان: « بىر قېتىملىق چېقىمچىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن دوستلار ۋە ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، بەختنىڭ ئاساسى بولغان خاتىرجەملىك، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ. بۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى چېقىمچىلىقنىڭ ئاددىي بىر مىسالى. ئەمما كىشىلەرنى زالىم ھۆكۈمدارلارغا چېقىپ قويۇپ، ئۇلارنى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان شەكىلدىكى چېقىمچىلىقنى مۇسۇلمان ئادەم قىلمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئىنسانلىق دەرىجىسىدىن ۋە ئىنسانلىق خىسلىتىدىن چۈشۈپ ئەڭ پەس ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان ئەبلەخلەرنىڭ قىلىقىدۇر. چېقىمچىنى ئاللاھ ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ ۋە ئۇنى بۇ دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە دوزاخقا تاشلايدۇ. دۇنيادا چېقىمچىلارنىڭ زىيانكەشلىكى سەۋەبلىك ھاياتى نابۇت بولغان مىڭلارچە بىگۇناھ ئىنسانلار بار. بۇلارنىڭ بۇنداق نابۇت بولۇشىغا بىر چېقىمچى مۇناپىقنىڭ نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكى سەۋەب بولىدۇ. چېقىمچىنىڭ ئاخىرەتتىكى يامان ئاقىۋىتى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىر كىشىنىڭ باشقىلار ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان سۆزىنى ئاڭلىتىپ قويىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا قوغۇشۇن قۇيۇلىدۇ»دەپ كۆرسەتكەن.

ئانا ۋەتەندىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇر ئېلىدە مەسجىدلەرگە كىرگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى چېقىپ قويۇش، ئېغىر ئاياق ئاياللارنى دەرھال مەلۇم قىلىش، خوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىققانلارنى تىزىملاش، ياراتقۇچىسىنى تونۇش يولىدا مەخپىي ھالدا دىنىي بىلىم ئوقۇغانلارنى ساقچىلارغا مەلۇم قىلىپ

تۇتۇپ بېرىش قاتارلىق چېقىمچىلىق تۈرلىرىنى سادىر قىلىدىغانلار بار بولۇپ، ئۇلار خوجايىنلىرى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئازغىنە ۋاقىتلىق ئىنئاملارغا سېتىلىپ، ئۆز مىللىتىنى نابۇت قىلىش يولىغا كىرگەن مەلئۇنلاردۇر. مۇنداق مەلئۇنلار ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ھەممە قاتلاملىرىدا تولۇپ تاشماقتا. مۇنداقلاردا ئازراق بولسىمۇ ئىمان ۋە ۋىجدان يوقمىدۇ؟ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قەۋم - قېرىنداشلىرىنى سېتىشتىن توسىدىغان كىچىككىنە بولسىمۇ ئادىمىيلىك غۇرۇرىمۇ قالمىغانمىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى ھېس قىلمامدىغاندۇ؟!

# ھىجرەت

ئىسلام تارىخىدا ھىجرەت ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بىرى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككىدىكى باشلىنىش دەۋرى، يەنە بىرى مەككە ئازات بولغاندىن كېيىنكى دەۋرىدۇر.

1. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مەككىدىكى بۇتپەرەس ئەرەبلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان تۈرلۈك قىيىن- قىستاقلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانكەشلىكلىرى سەۋەبلىك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاۋۋال ھەبەشىستانغا (ھازىرقى ئېفىيوپىيەگە)، ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن. ھەتتا ھىجرەتتىن ئايرىلىپ قېلىش چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانالغان. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە بىرلىكتە بۇ تۇنجى دۆلەتنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىش، كۈچ- قۇدرىتىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلامغا قارشى كۈچلەر ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىش يولىدا قۇدرەت تېپىشقا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى قاتتىق تەشەببۇس قىلىنغان، ھەتتا ئۆزۈرسىز تۇرۇپ ھىجرەتنى تەرك ئەتكۈچىلەردىن دوستلۇقنى ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ھەققىدە ئايەتلەر چۈشكەن. «ئىمان ئېيتقان، بىراق (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش بولمايدۇ»[1]، «ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار»[2] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلاردىن ئۆزىنىڭ بىزار ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

2. ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت بەرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى بەرپا بولغان ۋە ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنىڭ

---

[1] ئەنفال سۈرىسى72- ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى89- ئايەت.

مەركىزى بولغان مەككىمۇ ئازات بولۇپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەندىن ھىجرەتنىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا «مەككە ئازات بولغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق، پەقەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە نىيەتلا قالدى. جىھادقا چاقىرىلغان ۋاقىتلاردا دەرھال چىقىڭلار»[1] دېگەن مەشھۇر سۆزىنى جاكارلىدى.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، سەھرالىق بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھىجرەت توغرىسىدا سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:«ھىجرەتنىڭ ئىشى بەك قاتتىق. سېنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئادەم تۆگىسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن تۆگىنىڭ زاكىتىنى بېرىۋاتامسەن دەپ سورايدۇ. ئادەم بېرىۋاتىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا ئۇنىڭغا: «تۇغان يېرىڭدە ئىشىڭغا داۋام قىلغىن، ئاللاھ سېنىڭ ئەمەلىڭدىن ھېچ نەرسىنى مۇكاپاتسىز قويمايدۇ»[2] دەيدۇ. يەنى بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنى ھىجرەت قىلىشتىن قايتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىدا بىلگىنىچە ئەمەل- ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، مەككىدە، «ھىجرەت قىلمىغان ئادەمنىڭ دىنى قوبۇل قىلىنمايدۇ»دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ مەدىنىگە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ مەككىدە ئاڭلىغان ھېلىقى سۆزنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن مەككىگە قايتقىن، سىلەر شۇ جايدا تۇرۇشقا داۋام قىلىڭلار، ئەمدى ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەت قالدى»[3] دەيدۇ.

## ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدىمۇ؟

ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىگەن يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەت قالدى»دېگەن سۆزىنى ئۆلىمالار مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، دەپ شەرھلەيدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، دارى كۇفرىدىن دارى ئىسلامغا ھىجرەت قىلىشنىڭ يولى



[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

تـا قىيامەتكىچـە ئوچۇقتۇر.

### دارى كۇفرى بىلەن دارى ئىسلامنىڭ تەرىپى

دارى كۇفـرى- ئاھالىسـىنىڭ كـۆپ سـانلىقى كۇففارلاردىـن بولـۇپ، كۇففارلارنىـڭ ھاكىمىيىتـى يۈرگۈزۈلىدىغـان دۆلـەت.

دارى ئىسـلام- ئاھالىسـىنىڭ كـۆپ سـانلىقى مۇسـۇلمانلاردىن بولـۇپ، ئىسـلام ئەھكاملىـرى كۆپـرەك يۈرگۈزۈلىدىغـان دۆلـەت.

### ئىسلام فىقھشۇناسلىرىنىڭ تەرىپلىرى

ھەنەفىـي مەزھىبىنىـڭ ئۆلىمالىرىدىـن سەرەخسـى دارى ئىسـلامنى مۇنـداق تەرىپلىگـەن: مۇسـۇلمانلارنىڭ قولىـدا بولغـان ۋە مۇسـۇلمانلارنىڭ ئامانلىقـى كاپالـەت قىلىنغـان دۆلـەت دارى ئىسـلامدۇر.

شـافىئىي مەزھىبىنىـڭ پېشـۋالىرىغا كـۆرە، ئىسـلام ئەھكاملىـرى يۈگۈزۈلىدىغـان ياكى ئاھالىسى مۇسـۇلمانلار بىلـەن مۇسـۇلمان ئەمەسلەردىن تەركىپ تاپقـان ياكى ئەسـلىدە مۇسـۇلمانلار ياشـىغان بولسـىمۇ، ئـۇلار قوغـلاپ چىقىرىلغـان جايـلار دارى ئىسـلامدۇر.

بۇنىڭغا بىنائـەن، دارى ئىسـلام مەيلـى ئۇجايلارنـى كاپىرلار مۇستەملىكە قىلىۋالغان بولسـۇن، مەيلـى مۇسـۇلمانلارنى قوغـلاپ چىقىرىـپ ئۆزلـىرى ئىگىلىۋالسـۇن، ھېچبىـر ۋاقىـت دارى كۇفرىغـا ئايلىنىـپ قالمايـدۇ. چۈنكـى ئـۇ ئەسـلىدە مۇسـۇلماننىڭ يۇرتـى. پەلەسـتىن، چېچەنىسـتان بۇنىـڭ مىسـالى.

ئەممـا مالىكىـي ۋە ھەنبەلىـي مەزھەبلىرىگـە كـۆرە، دارى ئىسـلام كاپىرلارنىـڭ قانـۇن- تۈزۈملىـرى يولغـا قويۇلـۇش بىلـەن دارى كۇفرىغـا ئايلىنىـپ قالىـدۇ.

ھازىرقـى زامـان ئۆلىمالىرىغا كـۆرە، دارى ئىسـلام مۇسـۇلمانلارنىڭ قولىـدا بولغـان، ئىسـلام ئەھكاملىـرى ئىجـرا قىلىنىدىغـان، مۇسـۇلمانلار ئەزاننـى ئەركىـن ياڭرىتىـپ، ئىبادەتلىرىنـى توسالغۇسـىز، ئـازادە قىلالايدىغـان دۆلەتنـى كۆرسـىتىدۇ.

يەنـە ھازىرقـى كۆپلىگـە ئىسـلام دۆلەتلىرىگـە ئوخشـاش مۇسـۇلمانلارنىڭ قولـىدا بولسـىمۇ، ئىسـلام ئەھكاملىـرى تولـۇق ئىجـرا قىلىنمايدىغـان دۆلەتلەرمـۇ دارى ئىسـلاملىقتىن چىقىـپ كەتمەيـدۇ.

ئىسلام ئۆلىمالىرىغـا كـۆرە، ئەسـلىدە دارى كۇفـرى بولسـىمۇ مۇسـۇلمانلار تەرىپىدىـن

ئـازات قىلىنغـان دۆلەتلەرمۇ دارى ئىسلام قاتارىدىـن سـانىلىدۇ. مۇنـداق دۆلەتلـەردە ئىسلام ئىبادەتلىرى ئاشكارا ۋە ئـازادە قىلىنغـان ئىكـەن، ئۇنىڭدىـن ھىجـرەت قىلىـپ چىقىـپ كېتىـش قەتئىـي جائىــز ئەمـەس. بەلكـي مۇنـداق دۆلەتكـە ھىجـرەت قىلىـپ بېرىـش لازىـم كېلىـدۇ.

بۇنىڭغـا بىنائـەن، ئىسـلام ئىبادەتلىـرى ئەركىـن ۋە ئـازادە قىلىنىدىغـان، مۇسـۇلمانلارنىڭ جېنىغـا، مـال- مۈلكىگـە ۋە ئـار- نومۇسـىغا زىيـان- زەخمـەت يەتمەيدىغانلىقى كاپالـەت قىلىنغـان قانداقلا بىـر دۆلەتتىـن ھىجـرەت قىلىـپ كېتىـش جائىــز ئەمـەس.

ئەللامـە مـاۋەردى مۇنـداق دېگـەن: «كاپىرلارنىـڭ دۆلىتىـدە مۇسـۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىسـىنى ئاشـكارا ئېـلان قىلىـپ، ئىبادەتلىرىنـى ئـازادە، ئەركىـن قىلالىسـا، ئـۇ دۆلـەت دارى ئىسلامدىن سـانىلىدۇ. مۇنـداق بىـر دولەتتـە تـۇرۇش ھىجـرەت قىلىشـتىن ئەۋزەلـدۇر. مۇنـداق قىلىشـتا باشـقىلارنىمۇ مۇسـۇلمان قىلىـش ئىمكانىيىتـى بولىـدۇ.»

## ھىجرەتنىڭ ھۆكۈمى

ئۆلىمالارغـا كـۆرە، دارى كۇفرىدىــن دارى ئىسـلامغا ئۆزىنىـڭ دىنىنـى سـاقلاش يۈزىسـىدىن ھىجـرەت قىلىشـنىڭ ھۆكۈمـى پـەرز ۋە مۇسـتەھەبتىن ئىبـارەت ئىككـى تۈرلـۈك بولىـدۇ.

1. دارى كۇفرىــدا دىنىنــى ئاشــكارا قىلىشــقا پېتىنالمايدىغـان ۋە زورلـۇق بىلـەن دىنىدىـن ياندۇرۇلـۇش خەۋپىـدە قالغـان ئـادەم ئۈچـۈن دارى كۇفرىدىـن دارى ئىسـلامغا ھىجـرەت قىلىـش پـەرزدۇر.

2. دىنىنــى ئاشــكارا قىلالايدىغــان، ئىبادەتلىرىنــى ئــازادە ئورۇنديالايدىغــان، ئۆزىنىــڭ ئامانلىقـى كاپالەتكـە ئېلىنغـان ئادەمنىــڭ دارى كۇفرىدىــن دارى ئىسـلامغا ھىجـرەت قىلىشـى مۇسـتەھەبتۇر.

مۇسـتەھەب- قىلىسـا ياخشـى بولىدىغـان، قىلمىسـا گۇنـاھ بولمايدىغـان ئىـش دېمەكتــۇر.

چۈنكـى پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ تاغىسـى ئاببىاسـمۇ مۇسـۇلمان بولغـان تـۇرۇپ مەككـە ئـازات بولغـان ۋاقىتقىچـە مەككىـدە تۇرغـان. بـەزى ئۆلىمـالار مۇنـداق شـارائىتتا دارى كۇفرىـدا تـۇرۇش مۇسـۇلمانلار ئۈچـۈن مەنپەئەتلىـك بولسـا، ھىجـرەت قىلماسلىقنىڭ مۇسـتەھەبلىكىنى سـۆزلەيدۇ.

### ھجرەتنىڭ ھۆكۈمى تا قىيامەتكىچە باقىيدۇر

قايسىبىر دۆلەتتە ۋە قايسىبىر ۋاقىتتا ھجرەت قىلىشقا زۆرۈرىيەت تېپىلسا ھجرەت قىلىشنىڭ يولى ئوچۇق، ھۆكۈمى باقىيدۇر. چۈنكى ئەقىدىنى مۇھاپىزەت قىلىش دىنىمىزدا جان تىكىپ قوغداشقا تېگىشلىك 5 چوڭ قىممەتنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسىدۇر. بۇ بەش چوڭ قىممەت دىن، ئەقىل، جان، نومۇس ۋە مال-مۈلۈكتۇر.

### ھجرەت قىلىپ بارغان جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ قوبۇل قىلىشى شەرت

ئەمما ھجرەت قىلىش ئۈچۈن ھجرەت قىلىدىغان جايىنىڭ ئۇنىڭغا ھجرەت قىلىپ كەلگۈچىلەرنى قوبۇل قىلالىشى ۋە ئۇلارنىڭ جېنى بىلەن مال- مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت قىلالىشى شەرت. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى بىرىنچى قېتىم ھجرەت قىلىشقا بۇيرىغىنىدا، ئۇلارنى ھەبەشىستانغا بېرىشقا بۇيرىغان ۋە «ئۇنىڭدا يېنىغا بارغانلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان، ئادالەتلىك بىر پادىشاھ بار» دەپ تەكىتلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ئۇجايغا ھجرەت قىلىپ بارغانلارنىڭ ھەقسىزلىككە ئۇچرىمايدىغانلىقى ۋە جېنى بىلەن مال- مۈلكىنىڭ قوغدىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئەگەر پەيغەمبىرىمىزدە بۇ ئىشەنچ بولمىسا ئىدى، ساھابىلىرىنى ئۇجايغا ھجرەت قىلىشقا ھەرگىز بۇيرىمىغان بولار ئىدى.

دېمەك، ھجرەت قىلىش ئۈچۈن ھجرەت قىلىپ بارىدىغان جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇھاجىرلارنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئامانلىقىغا تولۇق كاپالەت قىلىشى شەرت.

### قايسى دۆلەت ھجرەتنى قوبۇل قىلىدۇ؟

پاناھ ئىزدەپ ھجرەت قىلىپ بارغانلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى مەدىنىلىك ئەنسارلار مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلارنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلىدىغان بىرەر ئىسلام دۆلىتى بارمۇ دۇنيادا؟

جاۋاب: ھجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، باغرىغا باسىدىغان ۋە يەكلىمەي ئۆز گەرەزدانلىرى قاتارىدا سانايدىغان بىرەر ئىسلام دۆلىتى يوق! ئەمما كاپىر دۆلەتلىرى بار.

مۇسۇلمانلار ئۆز يۇرتلىرىدىكى جەۋر- زۇلۇملار سەۋەبلىك دىنىنى قوغداپ

قىلىش، ئىسلامىي ئەقىدىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش يولىدا، ئانا ۋەتىنىنىڭ، بالا- چاقىسىنىڭ، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، ھازىرقى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىنى پاناھ تارتىپ، مىگىبىر جاپادا چەتكە چىقسا، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلمىگەنلەر قالمايدۇ. قوشنا دۆلەتلەردىكى ئىرقداشلىرى ئۇلارنى ئازراق مەنپەئەت يۈزىسىدىن زالىملارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، يىراقتىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئۇلارنى يەكلەيدۇ، ھەتتا ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ.

دېمەك، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار ھىجرىتىنى ھېچكىم قوبۇل قىلمايدۇ.

## مۇسۇلماننى باغرىغا باسىدىغان ئىسلام دۆلىتى يوق

دۇنيادا كۆپلىگە دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىش كۆرىدىغانلىقىنى سۆزلىسە، يەنە بەزىلىرى ئۆزلىرىنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ يولىدا توپتوغرا مېڭىۋاتقان ئىسلام دۆلەتلىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئىشلار ھەرگىز ئاڭلانغىنىدەك ۋە كۆرۈنگىنىدەك ئەمەس. دۇنيادا ئىسلام دۆلىتى يوق. بەلكى مۇسۇلمانلار دۆلىتى مەۋجۇت. ئۆزلىرىنى ئىسلام دۆلىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يۆلەكچىسى دەپ دەۋا قىلىپ كېلىۋاتقان دۆلەتلەردە ئىسلامنىڭ زاھىرىي ئىبادەتلىرىدىن ۋە كىشىلەرنىڭ ئىسلامىي قىياپىتىدىن باشقا ئىسلامنى كۆرگىلى بولمايدۇ. مەيلى ئاتالمىش ئىسلامىي ھۆكۈمەتلەر بولسۇن، مەيلى نامىدىكى تەقۋادار مۇسۇلمانلار بولسۇن، چەتئەللەردىن ھىجرەت قىلىپ، ئۇلارنى پاناھ تارتىپ كەلگەن ئەزىز مۇسۇلمانلارنى غەرىبلىك كاپىرلارنى ھۆرمەتلىگەنىنىڭ يۈزدىن بىرىچىلىكمۇ ھۆرمەتلەپ قويمايدۇ. بەلكى ئۇلاردىن سەسكىنىدۇ، خورلايدۇ، كۆزنىگە ئىلمايدۇ. ئەمما ئامېرىكىلىقلارنى ۋە غەربلىكلەرنى بولسا، خوشامەتلىك بىلەن ئەزىزلايدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمدىكى «كۇففارلارغا قاتتىق، مۆمىنلەر ئارا مېھرىبان» دېگەن ئايەتنىڭ تامامەن تەتۈرىسىدۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا بۇ ئايەتتە ماختالغان مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدىن بىرىمۇ يوق.

ھازىرقى ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ئىسلامىي قېرىنداشلىق پەقەت جۈمەنىڭ خۇتبىلىرىدا سۆزلىنىدىغان، ئەمما ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارمانغا ئايلىنىپ قالغان بىر نەرسە.

قوشنا دۆلەتلەرنىڭ سېتىۋېتىشى، يىراقتىكى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مۇرىسىدىن ئىتتىرىشى، ھەيدەپ چىقىرىشى، تۈرمىلەرگە يىغىپ ئاندىن ئۆز يۇرتىغا زورلۇق بىلەن يولغا سېلىپ قويۇشى قاتارلىق مۇئامىلىلەرنى كۆرگەن قېرىنداشلىرىمىز ئاستا- ئاستا ئاچچىق رىئاللىقنى قوبۇل قىلىپ، ھازىرقى دۇنيادا ھىجرەت قىلىدىغان جاينىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلماقتا.

## ھىجرەتنى كىملەر قوبۇل قىلىدۇ

ئۆز يۇرتىدا ئېزىلگەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىي ئەقىدىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىپ مىڭ جاپادا چەتكە چىققان مۇسۇلمان قېرىنداشنى «خۇش كەپسىز» دەپ قوبۇل قىلىدىغان، باغرىغا باسىدىغان بىرەر ئىسلام دۆلىتى بولمىغان بىلەن، ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ گىرەۋدانلىق بېرىدىغان كاپىر دۆلەتلىرى بار.

ئەمما كاپىرلار مۇسۇلمانلارغىلا ئەمەس، ھەتتا قانداقلا بىر ئىنسانغىمۇ غەرەزسىز ياخشىلىق قىلمايدۇ. ئۇلار بەكمۇ يىراقنى كۆزلەپ پىلان تۈزىدۇ. ئۇلار يېڭىغا ھىجرەت قىلىپ بارغانلارنى ئىسلامىي ئەقىدىسىدىن ياندۇرالمىسىمۇ، ئالدىرىماستىن ئۇلارنىڭ باللىرىنى، نەۋرىلىرىنى، ۋە ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ چەۋرىلىرىنى يولدىن چىقىرالايدۇ. شۇڭا ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئەللىرىدە تۇغۇلغان بالىغا ئاتا-ئانىسى ئىگە بولۇشتىن ئاۋۋال ھۆكۈمەت ئىگە بولۇپ بولىدۇ. ئۇلار بىر ئائىلىلەرنى قىلىپ باللارنىڭ قەلبىنى ئوۋلاشنى، ئاندىن پۈتۈنلەي ئۇلارغا ئىگە بولۇشنى بىلىدۇ.

نۇرغۇنلىغان مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ئاتالمىش ئىسلام دۆلەتلىرىگە بېشىنى سىغدۇرالمىغانلىقتىن، چارىسىزلىكتىن ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ھىجرەت قىلىپ كېتىشكە مەھبۇر بولدى. ئۇلار كەتكەن بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھەرگىزمۇ خاتىرجەم ئەمەس. ئۇلار ماددىي جەھەتتىن غەمدىن قۇتۇلغان بىلەن ئەقىدىسىنى قانداق ساغلام ساقلاپ قېلىش، باللىرىنىڭ ئەقىدىسىنى قانداق قوغداپ قېلىش، توغرىسى ئۆز باللىرىغا قانداق ئىگە بولۇشنىڭ غېمىدە ياشىماقتا.

## نېمە بىلەن قوراللىنىش كېرەك؟

ئەڭ ئاۋۋال ئىلىم- مەرىپەت بىلەن قوراللىنىش كېرەك. ئىلىم- مەرىپەت بىلەن قوراللىنىش دېگەن كىچىك تېما ئەمەس. ئۇ دىنىنى توغرا چۈشىنىشتىن باشلاپ ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىنى چۈشىنىش، مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىشىگە توغرا دىئاگنوز قويۇشنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ دورىسىنى بىلىش، ھازىرقى ئەسىردە نېمە بىلەن قوراللىنىش لازىملىقىنى بىلىش ۋە ئۆگىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خۇددى ئىنساننىڭ تېنىگە كېسەل يەتكەندەك، ھازىر ئىسلام دۇنياسىغا كېسەل تەككەن ۋە ئېغىر كېسەل دەردىدە كۆرپىگە چۈشۈپ قالغان. كېسەلدىن ساقىيىش ئۇنىڭ شىپاسىنى تېپىپ داۋالىنىشتىنمۇ بۇ كېسەلگە توغرا دىئاگنوز قويۇشقا باغلىق ئىش.

خـۇددى شـۇنىڭدەك، ھازىرقـى زامـان بىزگـە ئوخشـاش ئاجىـز مىللەتلەرنىـڭ قـۇرال كۈچىگـە تايىنىـپ بىـرەر ئىـش قىلالايدىغـان ۋاقتـى ئەمـەس. بـۇ دېگەنلىـك چېكىنگەنلىـك ياكـى قورقانلىـق ئەمـس، بەلكـى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ يولىغـا ئەگەشـكەنلىك ۋە ئۇنىـڭ تاكتىكىسـىدىن پايدىلانغانلىقتـۇر. چۈنكـى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسساالام مەككىـدە كۇففارلارنىـڭ شـۇنچىلىك كـۆپ ئەزىيىتىگە ۋە دۈشـمەنلىكىگە ئۇچرىغـان بولسـىمۇ، ئۇلارغـا ۋاقتىنچـە تىـغ تەڭلىمىگـەن. پەقـەت مەدىنىـدە ئىسـلام دۆلىتـى قـۇرۇپ، مۇسـۇلمانلارنى قـۇدرەت تاپقـۇزۇپ بولـۇپ ئانـدىـن دۈشـمەنگە قارشـى ئـۇرۇش ئاچقـان. مانـا بـۇ ھېكمـەت، مانـا بـۇ ئەقـل- پاراسـەت.

زامـان، شـارائىت ھەمىشـە مۇشـۇنداق بولىـدۇ، دەپ ھېچكىـم ئېيتالمايـدۇ. زامـان چوقـۇم ئۆزگىرىـدۇ، خـار بولغانـلار ئەزىـز، ئەزىـز بولغانـلار خـار بولىدىغـان ۋاقتىمـۇ كېلىـدۇ. پەلەكنىـڭ چاقـى ھەمىشـە شـۇنداق ئايلىنىـپ كەلگـەن. بۇ خۇددى بـۇرۇن ئۇچ قىتئەگـە ھاكىمىيـەت يۈرگـۈزگـەن قۇدرەتلىـك، شـانۇ- شـەۋكەتلىك مۇسـۇلمانلارنىڭ ھازىرقـى ھالغـا چۈشـۈپ قالغىنىغـا ئوخشـاش بىـر ئىـش.

ئۆتكـەن ئەسـىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىـدا ۋە ئاخىرلىرىـدا ئۇيغۇرلارنىـڭ قولىغـا خېلـى ياخشـى پۇرسـەتلەر كەلگـەن بولسـىمۇ، بىلىمسـىزلىكتىن ئىبـارەت ئۇلارنىـڭ ئەشـەددىي دۈشـمىنى ئۇلارنـى مەغلـۇب قىلغـان ئىـدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكـى، ئۇيغۇر مۇسـۇلمانلىرى ھەممىدىـن ئـاۋۋال ئۆزلىرىنىـڭ بىلىـم سەۋىيىسـىنى كۆتۈرۈشـكە مۇھتـاج.

# ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ

دۇنيادا كۆپلىگەن نەرسە ئىختىيارسىز ھالدا يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. كۆنلەر، پەسىللەر، دەل- دەرەخلەر ۋە باشقىلار تۇرماستىن ئۆزگىرىپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئىنسان ھاياتىلا تىرىشچانلىق بولماستىن ئۆزلىكىدىن يېڭىلانمايدۇ ۋە ئۆزگەرمەيدۇ.

ئىسلام مۇتەپەككۇر ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي« ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:« ئىنسان ئۆز ھاياتىدا يېڭى بىر بەت ئېچىشنى خالايدۇ. ئەمما تولىراق بۇ يېڭىلىقنى ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشى ياكى باشقا بىر جايغا يۆتكىلىش دېگەندەك مەجھۇل ۋاقىتلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۆنى كۈتىدۇ. بەزىسى بۇ يېڭىلىقنى مەلۇم بىر پەسىلگە ياكى تۇغۇلغان كۈنگە ئوخشاش مۇئەييەن كۈنگە ياكى يېڭى يىلنىڭ كىرىشىگە باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈن ئۆتىدۇ، ۋاقىت ئۆتىدۇ. كۆپ ھاللاردا بۇ ھاياجان يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق كىچىكتۈرۈش ئارقىلىق گويا غەيبتىن بىر كۈچ كېلىپ ئۇنى بىر ئاندىلا ئۆزگەرتىپ قويىدىغاندەك ياكى تۇيۇقسىزدىن ھاياتى يېڭىلىنىپ قالىدىغاندەك كۈتىدۇ.

بۇ پەقەت خام خىيال ۋە ئالدىنىشتۇر، بەس. چۈنكى ھاياتنى يېڭىلاش پەقەت ئىنساننىڭ ئۆز ئىچىدىن كەلگەن تىرىشچانلىق بىلەن بولىدۇ. بىرەر ئىشقا مۇستەھكەم ئىرادە ۋە چىدام بىلەن ئالدىنى قىلغان ئادەمنى ئوڭايسىزلىقلار ۋە توسالغۇلار باش ئەگدۈرەلمەيدۇ ۋە ئىرادىسىدىن قايتۇرالمايدۇ. بۇ خۇددى يەرنىڭ ئاستىدىكى ئۇرۇقچىنىڭ قاتتىق تۇپراقنى تېشىپ چىققىنىدەك بارلىق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ چىقىدۇ. ئىنسان ئۆزىدىكى چەكلىك قۇدرەت، چەكلىك ۋاقىت ۋە چەكلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاياتىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقالايدۇ. ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشكە ئۆزرە يوق.»

## ھاياتىڭىزنى مەجھۇل قەدەرنىڭ ئۈستىگە قۇرماڭ

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ:« ھاياتىڭىزنى غەيبتىن كېلىدىغان مەجھۇل قەدەرنىڭ ئۈستىگە قۇرماڭ. چۈنكى ئۇ سىزگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بۈگۈنكى ھاياتىڭىزلا سىزگە ئائىت ھاياتتۇر.

سىز ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ھايات مۇشۇدۇر. ئىشلارنى بۆگۈندىن باشلىسىڭىز پايدىنى سىز تاپىسىز. كېچىكتۈرۈشنىڭ مەنىسى يوق. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش، يېڭى پىلاننى ئورۇنداش ئىشنى ئارقىغا سۈرۈش، دەرھال تۈزىتىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ئەتىگە قويۇش زىياندىن باشقىسىنى كەلتۈرمەيدۇ. بەلكى بۇنداق كېچىكىش ئادەمنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋاللارغا سۆرەپ ئاپىرىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:« پۇشايمان قىلغۇچى ئاللاھتىن رەھمەت كۈتىدۇ، ئۆزىگە ئىشىنىپ كۆرەڭلىگۈچى جازاسىنى كۈتىدۇ. بىلىڭلاركى، ھەر كىم ئۆزى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، ھېچكىم بۇ دۇنيادىن ياخشى ئىشىنىڭ ياخشىلىقىنى، يامان ئىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ ئايرىلمايدۇ. ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ تۈگەنچىسى بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈز سىلەر ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتلارنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن تولدۇرۇڭلار، ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشتىن ھەزەر قىلىڭلاركى، ئۆلۈم دېگەن تۇيۇقسىز كېلىدىغان نەرسە. ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكىگە ئىشىنىپ غەپلەتتە قالماڭلار. جەننەت بىلەن دوزاخ سىلەرگە ئاياق تېۋىشىڭلاردىنمۇ يېقىندۇر. «كىمكى قىچا چاغلىق ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى قىچا چاغلىق يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ».» ئىنسان ھاياتىنى پات- پات رەتكە سېلىپ تۇرسا، كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىپ، پەزىلەتلىرىنى ئاشۇرۇپ تۇرسا، نېمىدېگەن ياخشى- ھە!»

# گۇناھ قىلمايدىغان ئادەم يوق

ئىنسان گۇناھ قىلمايدىغان پەرىشتە ئەمەس ياكى ئەقىل ۋە ۋىجداندىن مەھرۇم جانلىقمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ پەرىشتىلەردىكى روھانىيلىق بىلەن باشقا جانلىقلاردىكى نەپسانىيەتچىلىكنى ئۆزىگە جەم قىلغان يېگانە مەخلۇقات.

شۇڭا ئىنساندىن خۇددى پەرىشتىلەردىن سادىر بولغاندەك ياخشى ئەمەل-ئىبادەتلەرمۇ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ، ھايۋانلاردىن سادىر بولغاندەك نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ئەقىلسىزلىقلارمۇ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ قولىدىن ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلىدىغان مەخلۇقات.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە:« ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالىشىدۇ. خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»دەپ كۆرسەتكەن.



## ھەر قانداق گۇناھنىڭ تەۋبىسى

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مۇھەممەد ئەرىفى«ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر قىسسىنى بايان قىلغان:« قەدىمقى زاماندا بىر قاتىل بار بولۇپ، 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ئىكەن. ئاندىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، تەۋبە قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ ۋە كېچە- كۈندۈز ئىبادەتتىن باش كۆتۈرمەيدىغان بىر ئابىدنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە تەۋبە قىلىشقا يول بار ياكى يوقلىقىنى سوراپتۇ. ئابىد ئۇنىڭ 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ ۋە « ساڭا تەۋبە يوق» دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ. بۇ جاۋابقا غەزەبلىنىپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھېلىقى قاتىل بۇ ئابىدنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. ئاندىن ئۇ بىر ئالىمنىڭ يېنىغا بېرىپ بارلىق ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تولۇق ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئالىم ئۇنىڭغا:« سۇبھانەللاھ! تەۋبىنىڭ ئىشىكىنى كىم تاقىۋاپتۇ؟ تا قىيامەتكىچە تەۋبە قىلىشنىڭ ئىشىكى ئوچۇق. سىز تەۋبە قىلسىڭىز ئاللاھ كەچۈرىدۇ. لېكىن سىز يامان بىر شەھەردە تۇرىۋاتىسىز. سىز پالانى شەھەرگە بارسىڭىز، شۇ يەردە ياخشى ئادەملەر بار. شۇلار بىلەن بىللە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىڭ» دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

ئـادەم ئاللاھقا تەۋبـە قىلغـان ھالـدا، ياماىلىقتىـن قـول ئـۈزۈپ مەزكـۇر شـەھەرگە قـاراپ يـول ئېلىپتـۇ. ئەممـا ئـۇ يولنىـڭ يېرىمىغـا كەلگەنـدە ئۆلـۈپ كېتىپتـۇ. شـۇ ھامـان ئاسـماندىن رەھمـەت پەرىشـتىلىرى بىلـەن ئـازاب پەرىشـتىلىرى چۈشـۈپ ئۇنىـڭ يېنىغـا ھازىـر بولۇپتـۇ ۋە بـۇ ئادەمنـى ئـۇلار تالىشـىپ قاپتـۇ. رەھمـەت پەرىشـتىلىرى ئۇنىـڭ تەۋبـە قىلىـش يولـدا مېڭىـپ ئۆلـۈپ كەتكەنلىكـى ئۈچـۈن ئۇنـى جەننەتكـە ئېلىـپ ماڭماقچـى بولۇپتـۇ. ئـازاب پەرىشـتىلىرى ئۇنىـڭ 99 ئادەمنـى ئۆلتۈرگـەن قاتىـل بولغانلىقـى ئۈچـۈن ئۇنـى دوزاخقـا ئېلىـپ ماڭماقچـى بولۇپتـۇ. ئاخىرىـدا ئاللاھ تائـالا ئۇلارغـا ئـادەم سـۈرىتىدە بىـر پەرىشـتە ئەۋەتىپتـۇ. پەرىشـتە ئۇلارنىـڭ ئوتتۇرىسـىدا ئادالەتلىـك ھۆكـۈم چىقارماقچـى بولـۇپ، ئۇلارغـا دەپتـۇ: «سـىلەر مۇنداق تارتىشماسـتىن، ئـاۋۋال بـۇ ئـادەم جـان ئۈزگـەن يـەر ئـۇ كەلگـەن شـەھەرگە يېقىنراقمۇ ياكـى بارماقچـى بولغـان شـەھەرگە يېقىنراقمـۇ ئۆلچـەپ كـۆرۈڭلار، ئەگـەر كەلگـەن شـەھەرنىڭ مۇساپىسـى ئـۇ بارماقچى بولغـان شـەھەرنىڭ مۇساپىسـىدىن يېقىن بولسـا، ئـۇ دوزاخقـا مەنسـۇپ بولـىدۇ، ئەگـەر بارماقچـى بولغـان شـەھەرگە يېقىـن بولسـا، جەننەتكـە مەنسـۇپ بولـىدۇ» دەپتـۇ. شـۇنىڭ بىلـەن ئاللاھ تائـالا ئـۇ ئـادەم كەلگـەن شـەھەرنىڭ مۇساپىسـىنى يىـراق، ئـۇ بارماقچـى بولغـان شـەھەرنىڭ مۇساپىسـىنى يېقىن قىلىـپ بېرىپتـۇ. نەتىجىـدە، ئـادەم ئۆلگـەن يـەر ئـۇ بارماقچـى بولغـان شـەھەرگە يېقىـن بولـۇپ چىققانلىقـى سـەۋەبلىك ئۇنـى رەھمـەت پەرىشـتىلىر جەننەتكـە ئېلىـپ كېتىپتـۇ».

## ئىنسانلار مەدەنلەرگە ئوخشايدۇ

پۈتـۈن ئىنسـانىيارچە ئـادەم بالىسـى ئىنسـانلىق ھۆرمەتتـە ۋە جىمـى مەۋجۇداتنىـڭ ئەۋزىلـى ئىكەنلىكىـدە بىـردەك بولسـىمۇ، ئۇلارنىـڭ خاراكتېـرى، ئەخلاقـى ۋە نۇرغـۇن تەرەپلىـرى ئوخشـاش ئەمـەس.

خـۇددى يەرنىـڭ ئاسـتىدىن چىقىدىغـان مەدەنلەرنىـڭ ئارىسـىدا ئالمـاس بىلـەن ئالتۇنغـا ئوخشـىغان قىممەتلىـك مەدەنلـەر ۋە كۆمـۈر بىلـەن تۆمۈرگـە ئوخشـاش ئـەرزان مەدەنلەرمۇ بولغىنىـدەك، ئىنسـانلار ئارىسـىدىمۇ ئالمـاس بىلـەن ئالتۇنغـا تېگىشـكىلى بولمايدىغـان ئالىيجانـاب ئىنسـانلارمۇ ۋە ھاياتلىقتـا ھېـچ ئەھمىيىتـى يـوق، ھەتتـا يـەر يۈزىگـە ئېغىرلىقىدىـن باشـقا پايدىسـى يـوق ئىنسـانلارمۇ بـار.

سـەئۇدى ئەرەبىستانىنىن كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى«ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ»ناملىـق ئەسـىرىدە مۇنـداق دەپ يازىدۇ:«ئىنسـانلارنى تەپەككـۇر كۆزىڭىـز بىلـەن ئانالىـز قىلىـپ كۆرسـىڭىز ئۇلارنىـڭ خـۇددى يەرنىـڭ ئاسـتىدىن چىقىدىغـان مەدەنلەرگـە ئوخشـاش بىرەردىـن مەدەن ئىكەنلىكىنى بايقايسـىز. ئىنسـانلارنىڭ ئىچىدە

مەدەنلەردە بولغىنىدەك يۇمشاقلىرى ۋە قاتتىقلىرىمۇ بار، زىرائەتچىلىككە يارامىلىق مۇنبەت يەردەك پايدىلىق ۋە سېخىيلىرىمۇ بولغىنىدەك، سۇنى قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ھېچ نەرسە ئۈندۈرگىلى بولمايدىغان قاتتىق يەرگە ئوخشاش پايدىسىز، بېخىل ئىنسانلارمۇ بار. بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:» ئاللاھ ئادەمنى زېمىننىڭ ھەممە يېرىدىن ئېلىنغان بىر ئۇچۇم تۇپراقتىن ياراتقان بولۇپ، ئادەم بالىلىرىمۇ خۇددى يەرگە ئوخشاش بولۇپ چىققان. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل تەنلىكمۇن بار، ئاق تەنلىكمۇ بار، قارا تەنلىكمۇ بار ۋە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەڭلىكلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ بار، قاتتىق نىتەبىئەتلىكمۇ، يۇمشاق تەبىئەتلىكمۇ بار.» شۇڭا ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، بۇ ئۆزگىچىلىكلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك».

## مۇئامىلە قىلىش سەنئىتىنى ئۆگىنىۋېلىڭ

ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىز ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك. تەبىئىيكى، تېيىلغاق ۋە قاتتىق يەرنىڭ ئۈستىدە ماڭغىنىڭىزدا، تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىشىڭىزدىن قورقۇپ ئېھتىيات بىلەن ماڭىسىز، ئەمما يۇمشاق يەرنىڭ ئۈستىدە ماڭغىنىڭىزدا راھەت ۋە خاتىرجەم ماڭالايسىز. ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئەسلىدە ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشىش چوڭ بىر سەنئەت. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خاراكتېر پەرقى كىچىك پەرقلەردىن ئەمەس. ھەتتا بىراۋنىڭ خاراكتېرى يەنە بىرىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن: بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئىككى ئادەمگە مەسلىھەت سالسىڭىز، ئۇلارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى كۆپ ھاللاردا بىر خىل بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ مەزكۇر مەسىلىگە قارىتا تونۇشى ۋە ھەل قىلىش چارىسى بىر خىل ئەمەس».

# شەرم- ھايا

شەرم - ھايا — رەزىل ۋە قەبىھ ئىشلار ئالدىدا كۆڭۈلنىڭ سىقىلىپ، ئۇنى قىلىشتىن تارتىنىشى دېگەنلىكتۇر. ھايالىق ئادەم ئەخلاقسىزلىقلارنى ۋە قانداقلا بىر رەزىل ئىشنى قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا، ئىنسانلار ئالدىدا ۋە ۋىجدانى ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا تاقەت قىلالمايدۇ - دە، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ.

شەرم - ھايا گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىكى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى ئەڭ زور ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىدۇر. شەرم - ھايا خۇددى مېۋىنىڭ پوستىغا، ئادەمنىڭ كىيىمگە ئوخشايدۇ، پوستى سويۇۋېتىلگەن مېۋە تېزلا بۇزۇلغاندەك، كىيىمسىز قالغان ئادەمنىڭ ئۇياتلىق جايلىرى ئېچىلىپ قالغاندەك، شەرم - ھايادىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم ئىچكى دۇنياسىدىن بۇزۇلىدۇ، ئۇ تۈرلۈك يامانلىقلارنىڭ پاتقىقىغا پاتىدۇ.

## شەرم – ھايا ۋە نومۇسچانلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر

شەرم- ھايا يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا، ھەر قانداق ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل گۈزەل ئەخلاق. ھايا كىشىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ قالارمەنمۇ دېگەن غەم - ئەندىشە قورقۇنچىسىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى ناچار ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ.

شەرم - ھايا ۋە نومۇس ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇل تېمى. قىسقىسى ئىماننىڭ پوستى شەرم - ھايا ۋە نومۇستۇر. پوستى سويۇۋېتىلگەن دەرەخ قۇرۇپ كەتكەندەك، شەرم - ھايا ۋە نومۇستىن ئايرىلغان ئىنسانمۇ ئىمانىي خىسلەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ۋىجدان بولسا ئىچكى نومۇستۇر. شەرم - ھايا بىلەن نومۇسچانلىق ھەر قانداق ئىنساننىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى بېيىتىپ ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدىغان يوشۇرۇن گۈزەللىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى هالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن هايانى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن هايا سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر كىمنىڭ نەپرىتىگە ۋە غەزىپىگە لايىق بىرى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە خىيانەت قىلىدىغان خائىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ خائىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەھىم - شەپقەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن رەھىم - شەپقەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ لەنەتكەردىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ لەنەتكەردى بولغاندىن كېيىن، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ»[1].

بۇ ھەدىس قەلبتىكى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، بۇ باسقۇچلارنىڭ بارغانسېرى يۇقىرىلاپ ماڭىدىغانلىقىنى بىزگە ئېنىچكىلەپ بايان قىلىپ بېرىدۇ. كىشىنىڭ هايا چۆمبىلى يىرتىلسا، ئۇ قىلغان ئىشلىرىدا ئەيىبلىنىشلەردىن تەپتارتىپ قالمايدۇ. مۇنداقلار كىشىلەرگە ئازار قىلىدۇ. قول ئاستىدىكىلەرنى ئېزىدۇ. پەرزەنتلىرىگە ۋە قوشنىلىرىغا يېرىكلىك قىلىدۇ. بۇنداق ئادەمنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ. ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە ئۆچمەنلىك ئۇرۇغىنى سالىدۇ. بۇ دەرىجىگە يېتىپ قالغان ئادەمگە ھېچكىم ئىشەنچ قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلىنى يەۋېلىش ياكى ئابروينى تۆكۈشتىن خىجىل بولۇپ قالمايدىغان، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدىغان ياكى مەجبۇرىيەتكە سەل قارايدىغان ياكى سودىدا ھىيلە ئىشلىتىدىغان ئادەمگە قانداقمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولسۇن؟!



### هايا - هاياتلىقتۇر

ئەرەب تىلىدىكى هايا سۆزى هايات سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، هايالىق ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتى هايات، يەنى تىرىك بولىدۇ. هايا قىلغان ئادەمنىڭ هاياسى ئىچكى هايات قايىنمىدىن چىققان بىر خىل كۈچ بولۇپ، بۇ كۈچ ئۇنى رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

هايالىق ئادەمنىڭ قەلبى تىرىك، هاياسىز ئادەمنىڭ قەلبى ئۆلۈك بولىدۇ. قەلبنىڭ ئويغاقلىقى ئاشقانسېرى ئۇنىڭ هاياسى ئاشىدۇ. قەلبى ئۆلگەن ئادەمدە هايانى قوزغايدىغان ھېسسىياتمۇ ئۆلگەنلىكتىن، مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرنى

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

رەزىللىك دەپ بىلمەيدىغان ۋە ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا شەرم ـ ھايانىڭ يوقلىشى بارلىق رەزىللىك ۋە يامانلىقلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ھاياسىز ئادەمدىن ھەممە يامانلىقلارنى كۈتۈشكە بولىدۇ.

## ھايا بىلەن خىجىللىقنىڭ پەرقى

نۇرغۇن كىشىلەر ھايا قىلىش بىلەن خىجىل بولۇشنى بىر مەنىدە چۈشىنىدۇ. ئەمما ھەقىقەتتە ھايا بىلەن خىجىللىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بار.

پىسخولوگىيە ئالىملىرى خىجىللىقنى مەلۇم شارائىتلاردا ئىنساندا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئەندىكىش دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ خۇددى مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا قورقۇنچتىن جاۋاب بېرەلمىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. خىجىللىق قورقۇنچاقلىقتىن كېلىدىغان نەرسە. خىجالەتچان ئىنسان ئىرادىسى ئاجىز ئىنساندۇر. ئەمما شەرم ـ ھايا بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىرادىسى كۈچلۈك، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان ئادەمدە بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتىدۇ.

خىجالەتتىن ئۆزىنىڭ يوللۇق ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ئادەم ھايالىق سانالمايدۇ. چۈنكى ھايالىق ئادەم ئېزىلىشكە، بوزەك قىلىنىشقا رازى بولۇپ تۇرالمايدۇ.

# هايا بىلەن ئىمان قوشكېزەكتۇر

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام : «هايا بىلەن ئىمان ئىككىسى قوشكېزەكلەر بولۇپ، بىرى يوقالسا، ئىككىنچىسىمۇ يوقىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. «هاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن سۆز بۇ ھەدىسقا ئاساسەن ئېيتىلغان بولۇشى ئېھتىمال.

يەنە بىر ھەدىستە : «ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئۇنىڭ بىر شاخچىسى هايادۇر»[2] دەپ كەلگەن.

## هايا دەرىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى

شەرم ـ هايا دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ۋە ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالادىن هايا قىلىشتۇر. گۇناھ ـ مەسىيەتلەر پەقەت ئاللاھ تائالادىن هايا قىلمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ كۆز ئالدىدا يامان ئىش قىلىشتىن هايا قىلىدۇ ـ دە، نەدە بولمىسۇن، يامان ئىش قىلىشتىن توسۇلىدۇ.

ئىنسان گاهىدا چوڭ گۇناهلارنى ئىشلەپ قويغانلىقىغا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ۋە هايا قىلىپ هامان تەۋبە قىلىدۇ ـ دە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناهىنى كەچۈرىۋېتىدۇ. گاهىدا ئۇ كىچىك بىر گۇناھ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلماستىن، ئاللاھ تائالادىن هايا قىلماستىن يۈرۈۋېرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بۇ كىچىككىنە گۇناهى چوڭ گۇناهلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. مۇندىن باشقا ئاللاھ تائالادىن هايا قىلماسلىق، گۇناهنى كىچىك ساناپ ئۇنىڭغا داۋام قىلىش چوڭ گۇناهلارغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر گۇناھ ئۈچۈن تەۋبە قىلىش كېرەك.

ئىبنى قەييۇم جەۋزى هايا توغرۇلۇق مۇنداق ئېسىل بىر سۆزنى قالدۇرغان: «گۇناھ بىلەن خوشال بولۇش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىشلىگەن گۇناهتىن

[1] هاكىم رىۋايىتى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئېغىــردۇر، گۇنــاھ قىلىۋېتىــپ كۆلــۈش ئاللاھ تائالانىــڭ نەزىرىــدە، ئــۇ گۇناھتىــن ئېغىــردۇر، گۇناھنــى ئىشلىيەلمىگەنلىك سەۋەبلىك غەمكىــن بولــۇش ئاللاھ تائالانىــڭ نەزىرىــدە گۇنــاھ ئىشــلىگەندىن ئېغىــردۇر، گۇناھقــا قىزىقىــش ئاللاھ تائالانىــڭ نەزىرىــدە گۇناھتىــن ئېغىــردۇر».

## شەرم – ھايا قىممەتلىك جەۋھەردۇر

ھەقىقىــي ھايــا ۋە نومــۇس كۆپچىلىــك ئۈچــۈن مەنپەئەتلىــك ئىشــقا ھــەر قانــداق ۋەزىيەتتــە جۈرئــەت قىلىشــنى بىلىشــتۇر. نومــۇس، ھايــا ئېگىــى ئىنســاننى جــازا ھەققىدىكــى ھــەر قانــداق ۋەز - نەســىھەت كىتابلىرىدىنمــۇ بەكــرەك توغــرا يولغــا سالىدۇ. شــۇڭا بارچە ساماۋى دىنلار ئىنسانغا شــەرم - ھايا ۋە نومۇسنى ئۆگەتكــەن ۋە ئۇنىڭغــا تەشــەببۇس قىلغــان.

ئىنســانلارنىڭ تەبىئىتىــدە ئۆزىنىــڭ كەمچىلىكىنــى، مۇكەممەلســىزلىكىنى ھېــس قىلىــش ئىقتىــدارى مەۋجــۇت. شــۇ ســەۋەبتىن بولســا كېــرەك، ئاللاھ تائــالا ئىنسانلارغا ئۇياتنــى يەنــى ئــۆز كەمچىلىكلىــرى، مۇكەممەلســىزلىكى ۋە ئاجىزلىقىدىــن ئۇيۇلــۇش تۇيغۇســىنى ئاتــا قىلغان. شــۇڭا قانــۇن توســۇپ قالالمىغــان ئىشــلارنى ھايــا - نومــۇس توسۇپ قالالايــدۇ. ئىنســان ئۆزىدىــن خــۇددى باشــقا ئادەملەردىــن ھايا قىلغانــدەك ھايا قىلىشــى ۋە يالغــۇز ئۆزــلا بىلىــپ تۇرۇپمــۇ باشــقىلارنىڭ بىلىــش - بىلمەســلىكىدىن قەتئىينــەزەر يامــان ئىشــتىن قەتئىــي قــول ئۈزۈشــى لازىــم. ئــەدەب - ئەخلاقنــى نومۇســتىن، نومۇســنى ئــەدەب ئەخلاقتىــن ئاجراتقىلــى بولمايــدۇ. نــاۋادا ئۇمــۇ، بۇمــۇ يېمىرىلىشــكە باشلىســا بارلىــق كۆركــەم بىنــا يېقىلغــان بولــدۇ، قەدىرسىــز بولــدۇ ۋە نەپرەتتىــن باشــقا ھېچبىــر تۇيغــۇ ئويغاتمايــدۇ. شــۇڭا ئۇلــۇغ مۇتەپەككــۇر ئەلىشىــر ناۋايــى: «ھاياســىزدا ۋاپــا يــوق، ۋاپاســىزدا ھايــا يــوق» دېگــەن ئىكــەن.

ئەجدادلىرىمىزمۇ : «ھايالىــق كىشى باھالىــق كىشــى»، «ھاياســىزدا ئىمــان يــوق» دېگــەن ئۇلــۇغ ھېكمەتلەرنــى قالدۇرغــان. ھايا ۋاپادارلىقنىــڭ ئاچقۇچىــدۇر. ۋاپادارلىقنى پەقــەت شــەرم - ھايالىــق كىشــلەردىنلا كۈتــۈش مۇمكىــن.

## شەرم – ھايا بىلەن مېھرى – مۇھەببەت ئىككىسى قوش كېزەكتۇر

شــەرم ھايــا بىلــەن مېھــرى - مۇھەببــەت بىــر ۋاراق قەغەزنىــڭ ئىككــى يۈزىگــە ئوخشــايدۇ. پەقــەت بىــرلا يــۈزى بــار قەغەزنــى تەســەۋۋۇر قىلغىلــى بولمىغىنىــدەك، شــەرم - ھاياســىز مېھــرى - مۇھەببەتنــى، مېھــرى - مۇھەببەتسىــز شــەرم - ھايانىمــۇ تەســەۋۋۇر قىلغىلــى بولمايــدۇ. مېھــرى - مۇھەببــەت شــەرم - ھايــا دەرىخىنىــڭ رەڭدار

چاقناپ تۇرىدىغان خۇشبۇي، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان مېۋىسىدۇر.

ئەڭ پەسكەش ئادەملەر نومۇس، هايا ئېڭى يوق كىشىلەردۇر. مۇنداق كىشىلەرگە هەممىلا يەردە نەپرەتلەر يېغىپ تۇرىدۇ. شەرم - هايا بىلەن نومۇسنى يوقاتقان كىشىنى ئۆلۈك دەپ سانىسا بولىدۇ. ئىنساننىڭ بىرلا كەتكەن ئۇيات، نومۇسى قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا هەركىم ئۆزىنىڭ ئۇيات، نومۇسىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىپ قوغدىشى لازىم. شائىر تاگور: «گۈزەل نەرسىلەرنىڭ هەممىسى رەڭدار» دېگەن ئىكەن. دۇنيادا قايسى رەڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ رەڭدار دېسە نومۇسچانلىقنى بىلدۈرىدىغان رەڭ ئەڭ گۈزەل دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ئادەم خىجىل بولغاندا، هايا قىلغاندا، نومۇس قىلغاندا تەنلىرى تىترەپ يۈزى قىزىرىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدىكى قىزارغان ۋە ئوت ئالغان يۈزنىڭ رەڭگى ئەڭ گۈزەلدۇر.

# هايا ۋە نومۇسچانلىق چوڭ نېمەت

هايا ۋە نومۇسچانلىق ئاللاھ ئاتا قىلغان چوڭ نېمەت، شۇنداقلا ئاڭنىڭ، تەربىيىنىڭ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. دېمەك، شەرم ـ هايا بىلەن نومۇس پۈتكۈل گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ يۈرىكى ۋە تۈپ يىلتىزىدۇر. شەرم ـ هايا بىلەن نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلاردىكى ئەڭ ساپ، ئەڭ تەبىئىي بولغان ھېسسىي ھادىسە، ئۇ ئەڭ ئالىي ماقامدىكى ئەخلاق ئۇستازى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قۇلاقنىڭ قىزىرىشى بىلەن كۆزنىڭ ھەرىكىتى كىشىنىڭ چېھرىدە گەۋدىلەنگەن نومۇس تۇيغۇسىنى چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. نومۇس تۇيغۇسى بولماي تۇرۇپ نومۇسچان يۈز بولمايدۇ. نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدىلىك. شۇڭا ھايۋانلاردا مۇنداق تۇيغۇ بولمايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ھايالىق ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرمەسكە سالاتتى. ئەبۇ سەئىد خۇدرى ئىسىملىك ساھابە: «رەسۇلۇللاھ يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەك ھايالىق ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر ئىشنى ياقتۇرمىغانلىقىنى چىرايىدىن بىلگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆڭى سۈزۈك ۋە نېپىز ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئالىيجاناپ، ھايالىق بولغانلىقتىن كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشنى ئۇلارغا يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئېيتمايتتى» دېگەن.

دېمەك، قىز ـ ئاياللار ئۈچۈنمۇ شەرم ـ هايا ۋە نومۇس تۇيغۇسى ھاياتلىق دېمەكتۇر. ھەتتا ھاياتىنىمۇ قىممەتلىكتۇر. نومۇسىنى قوغداش يولىدا جاننى پىدا قىلىش ئەڭ ئاددىي تەلەپتۇر.

شۇڭا ئۇيغۇر دىيارىدىكى نۇزۇگۇم ۋە يەتتە قىزلىرىمدەك نومۇس ئابىدىلىرى تارىختىن بويان ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ بىلەن يادلىنىپ كەلمەكتە.

## ھايالىق بولۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ساپلىقىدۇر

بىر ئادەمدىكى شەرم ـ هايا بىزگە شۇ ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. سىز بىر ئادەمنىڭ تېگىشلىك بولمىغان ھەرىكەتتىن ئۆزىنى تارتىۋاتقانلىقى ياكى تېگىشلىك بولمىغان

ئىشنى قىلىپ قويغان ۋاقىتتا چىرايىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئويغاق، ئەسلىنىڭ پاك، تەبىئىتىنىڭ ساپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. شۇنداقلا بىرەرسىنىڭ پەس، گۇناھ ئىشلارنى ھايا قىلماستىن قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئالغان - قويغىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا، ئۇنىڭ قولىدىن ياخشى ئىش كەلمەيدىغان كۆڭلى قارا، يۈزى قېلىن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.

ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ھەر قانداق دىنىنىڭ بىر ئەخلاقى بار، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر» دېگەن. مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەزالى «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىمان بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك ئالاقە بولۇپ، قەلبنى پاكلاش، ئەخلاقنى توغرىلاش، ھەرىكەتنى دۇرۇسلاش قاتارلىقلار بۇ بۈيۈك ئالاقىنىڭ تەلىپى، بەلكى ئۇنىڭ تۇنجى ئىزناسىدۇر. قەلبنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، خاتالىقلار ۋە پەس ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمىغىچە بۇ تەلەبنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن تەپتارتماسلىق تەدرىجى ھالدا گۇناھلارنى قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمانىمۇ يوقىتىدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىنى ئەڭ پەس ۋە تۆۋەن ئورۇندا كۆرىدۇ».

## ھايانى يوقاتقان ئادەم ئامانەتنىمۇ يوقىتىدۇ

ھايانىڭ يوقىلىشى ئىشەنچ - ئامانەتنىڭ يوقىلىشىدۇر. كىمكى ھايانى يوقىتىدىكەن، ئۇ ئامانىتىنى يەنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەم جەمئىيەتتە قىممەتسىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش يولىدا يۈگۈرىدىغان ياۋايىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىدىكى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك ئىللەتلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ۋە ئەقلى قېلىن پەردىلەر بىلەن پەردىلەنگەن بولۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ ئازدۇرىدىغان، تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغان نەپسىي ھەۋەسلەردىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ.

ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ قىلغان خاتالىقلىرى ۋە بەزى يامانلىقلىرىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن تەپ تارتىش ھايانىڭ ئۆزىدۇر.

# سەۋرچانلىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسىدۇر

سەۋر ــ كۆڭۈل ھاۋايى- ھەۋەسنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەقىلنىڭ ئىداسىغا قولاق بېرىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، بۇنداق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش، ئازار، كۈلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىققا، مۇسىبەتلەرگە ۋە بالايىئاپەتلەرگە چىداشلىق بېرىش دېگەنلىكتۇر. سەۋرنىڭ مۇكاپاتىمۇ چوڭدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: «سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز»[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ھەقىقىي سەۋر ئىنساننى گۇناھ، مەسىيەتلەردىن توسىدۇ ۋە ئۇ ئىشلارنى قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ. ھەقىقىي سەۋر ۋە چىدامغا ئىگە بولغان ئادەم ھاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تىت ـ تىت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىينچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ. سەۋر كۆپلىگەن كىشىلەر چۈشەنگەندەك، ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا ۋە يامانلىققا كۆز يۇمۇپ جىم تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە، يامانلىقنى قايتۇرۇش، زۇلۇمنى يوق قىلىش ۋە ھەققانىيلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىشلەش ۋە بۇ يولدا چىداملىق بولۇش سەۋرنىڭ جەۋھىرىدۇر.

«ساقلاش، سەۋر قىلىش ۋە كۈتۈشلەر دۇنيا قانۇنىيىتى ۋە رەت تەرتىپىدۇر. مەسىلەن: يەرگە ئۇرۇق سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ. ئۈنسىمۇ ھامان ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى ھەر بىر ھەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ كىيىمى. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدىماسلىقنىڭ ئوتىدا ئازابلانغاندىن باشقا قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

كىرىزىس كۈچىيىپ مۇرەككەپلەشسە، قىيىنچىلىق ئېغىرلىشىپ زۇلمەتلىك كېچە

[1] نەھل سۈرىسى 16 ـ ئايەت.

ئۇزارسا، پەقەت سەۋرلا ئىنسانغا گاڭگىراشتىن قوغدايدىغان نۇر، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يول ئاتا قىلىدۇ. سەۋر ھەر قانداق ئىنسان دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان پەزىلەت. ئىنسانىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، ئارزۇ ئۈمىدلىرى، سەۋرچانلىق ۋە چىدام بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇشى زۆرۈر. بىر ھەدىستە: «سەۋر - چىراقتۇر» دەپ كەلگەن. چىراق قاراڭغۇنى يورۇتقاندەك، سەۋرچانلىقمۇ ئىنساننىڭ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

بۇ دۇنيا سىناق ۋە ئىمتىھان دۇنياسى بولغانلىقتىن، ئىنسان باشتىن كەچۈرگەن ھەر بىر سىناق ھەرخىل سىناقلار ئىچىدىكى بىر ھالقىدۇر. ئېغىر سىناقلارنىڭ سەۋەبلىرىمۇ يوشۇرۇن بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنى جەڭ مەيدانىكى ئەسكەردەك ھەر سىناققا ھازىر تۇتۇشى زۆرۈردۇر. كىشىلەر ئادەتتە سەۋردىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە گاڭگىراپ قالىدۇ. بىئارام بولىدۇ. ئىنسان ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلسە كەڭ جاھان ئۇنىڭغا تارىيىدۇ. كۈنلەر قىيىنلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. سەۋرچانلىق بۈيۈكلۈكنىڭ نامايەندىسى، مۇكەممەللىكنىڭ بەلگىسى، روھنىڭ ئەتراپتىكى ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر»[1].

## سەۋرچانلىق پىشىپ يېتىلگەنلىكنىڭ ئالامىتى

سەۋرچانلىق پىشقان ئەرلىكنىڭ، يۈكسەك باتۇرلۇقنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ھاياتلىقنىڭ سىناقلىرىغا تۇترۇقسىز ئادەملەر بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئادەتتە بىراۋدا يۆتكىمەكچى بولغان ئېغىر يۈك بولسا، ئۇ كىچىك بالا، كېسەلچان ياكى ئاۋاق كىشىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ. بەلكى كۈچلۈك ئەرنى تاللايدۇ. ھاياتلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ۋەزىپىسى ھاياتلىقنى بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈشنى پەقەت ئەڭ چىداملىق، سەۋرچان، پىشقان كىشىلەرلا ئۈستىگە ئالالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېتەكچى ۋە يولباشچىلارنىڭ سىناق ۋە مۇشەققەتلەردىكى نېسىۋىسى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

## نەپسنىڭ شەھۋانىي ئىستەكلىرىنى پەقەت سەۋرلا تۇرغۇزالايدۇ

ئادەتتە ئۆزى قىزىقىپ كەتمەيدىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، قىزىقىدىغان نەپسانىيەتچىلىكتىن ئۆزىنى تارتىش پەقەت سەۋرچانلىق بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

[1] ئۇلۇغ ئۇستاز مۇھەممەد غەزالىينىڭ «خلق المسلم» ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

چۈنكى ئىرادىلىك كىشىلەر ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، نەپسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىستەكلىرىنى سەۋرچانلىقىنىڭ سايىسىدا قايرىپ قويالايدۇ ۋە يولىغا داۋام قىلىدۇ. ئۆرۈكنى پىشىشتىن بۇرۇن قېقىۋەتكەن باغۋەن مول ھوسۇلدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. ئىنسان ئۆزىنى سەۋر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان، مەنزىل يىراق بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىق قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمايدىغان، ئىرادىلىك، پاراسەتلىك، قىيىنچىلىقتىن كېيىن ھامان ئوڭايلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن يورۇقلۇقنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئۈمىدۋار، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك بولۇشى لازىم.

سەۋر قىلىش ۋە چىداملىق بولۇش ھەر قانداق بىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل ئەخلاق ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. سەۋر بىلەن چىدام ئىنسان ئۆزىنىڭ روھى ۋە نەپسىي خاھىشى بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، بىر ھەدىستە: «ھېچكىمگە سەۋردىن ئارتۇق كەڭ سوۋغا بېرىلگىنى يوق»[1] دېيىلگەن. چۈنكى سەۋرچانلىق بىلەن چىدام ئىنساننىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

## سەۋرنىڭ ئەھمىيىتى

ئىنسان رېئال تۇرمۇشتا تەقدىرنىڭ نۇرغۇن سىناقلىرىغا ئۇچرايدۇ. بەزىلىرى شۇ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋايساپ تەقدىردىن ۋە زاماندىن ئاغرىنىدۇ، سىناقلار ئالدىدا تەمتىرەيدۇ، بۇنى ھەرگىزمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن سىناق دەپ قارىمايدۇ. نەتىجىدە شۇ سىناقلاردىن ئۆتەلمەي بىر ئۆمۈر قايمۇقىدۇ. بەزىلەر بولسا سىناق ۋە كۈلپەتلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، بۇ سىناق ۋە كۈلپەتلەرنى يېڭىش ئۈچۈن بارلىق سەۋەبلەرنى ۋە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئاللاھنى ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ ئۇنىڭ مۇشكىلاتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، سىناقلاردىن ئۆتۈشكە ياردەم قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقىغا ۋە چىداملىق بولغانلىقىغا كاتتا ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: «سەۋر قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز» دەپ كۆرسىتىلگەن.

چىداملىق بولۇش تۇرمۇشقا ئادىل قارايدىغان كىشىلەرنىڭ شوئارى، پىشىپ يېتىلگەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مىزانى بولۇپ، سەۋر بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سەۋرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن قىيىن. شۇڭا



[1] ئۇسۇلى خەمسەدە رىۋايەت قىلىنغان.

چىداملىق بولۇش ئۈچۈن سەۋرچان بولۇش كېرەك.

## ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىش سەۋرچانلىق ئەمەس

نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ تائالا ساۋاب ۋە كۆپ ئەجىر بېرىشنى ۋەدە قىلغان سەۋرچانلىقنى توغرا چۈشەنمەستىن، زۇلۇمغا، ناھەقچىلىككە ۋە ئېزىلىشكە رازى بولۇپ قاراپ تۇرۇش قاتارلىقلارنى سەۋردىن سانايدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى يامان كۆرىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: «ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟[1] ئاللاھ ئۇلارنى «ئۆلۈڭلار» دېدى (ئۇلار ئۆلدى). ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى تىرىلدۈردى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ»[2] دېگەن ئايەتتە قىسسىسى بايان قىلىنغان ئىنسانلارمۇ زۇلۇمغا رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلار ئىدى.



[1] بۇ ئايەتتە بەنى ئىسرائىلدىن بىر قەۋمنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبىرى ئۇلارنى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان، ئاللاھنىڭ قازاسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلگەن، ئاندىن پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن تىرىلگەن.

[2] بەقەرە سۈرىسى 243 ـ ئايەت.

## غەربلىكلەر نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆچ كۆرىدۇ؟

غەربلىكلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يامان كۆرۈشى يېقىندا پەيدا بولغان نەرسىدە ئەمەس. بەلكى ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەندىن بىرى خرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىدە بۇ ئۆچمەنلىكنىڭ ئوتى يېنىپ كەلمەكتە. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇ سوئالغا ئاللاھ تائالا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «سەن يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ»[1]. بۇئايەتتىن مەلۇمكى، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە قۇرئان كەرىمگە بولغان ئۆچمەنلىكى قەدىمىي ئۆچمەنلىك بولۇپ، كېيىنكىلىرى بۇرۇنقىلىرىنىڭ ئىزىغا دەسسەپ ماڭماقتا.

ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن شۇنداق قىلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى قوللىرىدىكى دىنىي مەنبەلىرى ۋە تارىخىي ۋەقەلىكلەر بىلەن ناھايىتى ياخشى تونۇيدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى ئۆز ۋاقتىدىلا جاكارلىغان. «بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) بۇ پەيغەمبەرنى ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ»[2].

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ئۆلىمالىرى قوللىرىدىكى بىشارەتلەر ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ياخشى تونۇيتتى. ئەمما خۇددى ھازىرقى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى بەزى نان قېپى موللىلارغا ئوخشاش خەلقنىڭ دىنغا بولغان ئىخلاسىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى سۆمۈرۈپ كەلگەن يەھۇدىي ۋە خرىستىيان موللىلىرى بۇ يېڭى دىننى قوبۇل قىلسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلسا، دۇنيالىق پايدىلاردىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى، ئابرۇيى تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن، خەلقنىڭ پۇل-مېلىنى دىن نامىنى يەۋېلىش يولىنىڭ تاقىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا

[1] بەقەرە سۈرىسى120- ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى146- ئايەت.

ئۇلار ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانىيلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملار ئىلگىرى بىشارەت بەرگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىنكار يولىنى تاللىدى ۋە خەلقىنى ئالداپ بۇ دىنغا ئەگىشىشتىن توسۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋال شۇ بويىچە داۋام قىلدىغان بولۇپ، كېيىنكىلىرىمۇ بۇرۇنقىلىرىنىڭ يولىنى تۇتتى.

2006- يىلى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىپ قويۇپ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ غۇرۇرىنى زىدىلىگەن ۋاتىكان پوپى بېنىدىكت ئەگەر ئىنجىلنى ياخشى بىلىدىغان، دىنلار ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا دىيالوگقا ئەھمىيەت بېرىدىغان سەۋىيىدە بولسا ئىدى. ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئابروينى نۆلگە تەڭ قىلمىغان بولاتتى. ئەمما بۇ پوپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىشا ھەقىقەتنى بىلمىگەنلىكتىن ئەمەس. بەلكى ئۇ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنى خاتاشتى ياكى بىلمىدى دەپ ساناشقا بولمايدۇ. بەلكى بۇ دۈشمەنلىك بىلەن قىلىنغان جىنايەت. ھەقىقەتكە بولغان دۈشمەنلىكنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولغان بولسىمۇ، دۈشمەنلىكنىڭ مۇددىئاسى ئۆزگەرگىنى يوق. قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولۇپ كەلگەن. مۇندىن كېيىنمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياخشىلىقنىڭ نەمۇنىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى بۇ دۇنياغا چۈشۈرگەندە، يامانلىقنىڭ نەمۇنىسى ئىبلىسنىمۇ بىرگە چۈشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىمتىھان دۇنياسىنى ئاۋات قىلغان. پەيغەمبەرلەرنىڭ دۈشمەنلىرى ھەچ ئاز بولمىغان. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى جاكارلاپ دەيدۇكى، «شۇنىڭدەك ھەر بىر پەيغەمبەرگە گۇناھكارلاردىن دۈشمەنلەرنى قىلدۇق»[1].

غەرب دۇنياسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولۇشتا ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، تارىختا ھېچقان بىر شەخسكە مۇنداق مۇنتەزىم دۈشمەنلىك قىلغان ئەمەس. غەرب دۇنياسىنىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكى مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگىدۇر.

## بۇنچىلىك دۈشمەنلىك نېمە ئۈچۈن؟

ئەمدى نېمە ئۈچۈن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇنچىۋالا دۈشمەن بولىدۇ دېگەن سوئال كېلىدۇ. بۇ ئىسلام ئەھلىنىڭ زېھنىنى ئەڭ كۆپ مەشغۇل قىلىۋاتقان بىر مەسىلە. تارىختىن بېرى ھەقىقەتنى جاكارلىغان پەيغەمبەرلەرگە قارشى دۈشمەنلىكلەر داۋام قىلىپ كەلگەن. ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى نۇھ

[1] فۇرقان سۈرىسى31- ئايەت.

ئەلەيھىسسالامنى قەۋمىنىڭ دۈشمەنلىكىگە ۋە مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمى تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان، ئىسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچرىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئۆز زامانىسىدا ئەرەبلەرنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچرىغان بولسا، ھازىر غەربلىك مۇتەئەسسىپلەرنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچراپ كەلمەكتە. ئاللاھ تائالا شۇنداق بولىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەن. «شۇنىڭدەك ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇغان ھىيلە ـ مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن (ئاللاھ ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ)»[1].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان مەڭگۈلۈك ۋە ئالەمىي دەۋەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بولغان دۈشمەنلىكلەرنىڭ يېڭىلىنىپ ۋە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئىسلام تارىخىنى ۋە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولغانلار بىلىدۇكى، غەرب چېركاۋلىرىنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە قارشى دۈشمەنلىكى ئىسلام دەۋىتىنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدىن بىرى باشلانغان.

مۇسۇلمانلار باشقا دىن ئىگىلىرى بىلەن دىئالوگ ئىچىدە ياخشى ئۆتۈشكە چاقىرىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، غەرب دۇنياسى بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش ئېلىپ بارماقتا.

غەرب چېركاۋلىرى راستتىنلا دىندار بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلمىغان ۋە ئۇلارغا ھاقارەت قىلمىغان بولاتتى. غەربلىك ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ قىلىقى خۇددى ئاللاھ تائالا سۆيەتلىگەندەك ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.



[1] ئەنئام سۈرىسى112 ـ ئايەت.

## ئىجابىي كىشىلەرگە گۈلدەستە

ئىجابىي كىشىلەر ئاللاھ تائالاغا قارىتا ياخشى قاراشتا بولغانلىقى، ھاياتلىقتا ئىجابىي مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى ئازادە، روھى سۆزۈك بولىدۇ. سەلبىي كىشىلەر ئاللاھ تائالاغا قارىتا توغرا قاراشتا بولمىغانلىقتىن، ھەمىشە ئۆزىنى تەلەيسىز دەپ ئويلايدۇ ۋە شۇنداق بولىدۇ.

ئىجابىي كىشىلەر ئۆزىدىكى نېمەتلەرنى ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى ھەر زامان كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆزىنى خۇشال ۋە سائادەتمەن قىلىدۇ، سەلبىي كىشىلەر بولسا ئۆزىدىكى نېمەتلەرنى كۆرمەي، باشقىسىدىكى ئازراق ئارتۇقچىلىققا كۆز قىزارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ھەسەتنىڭ ئوتىدا كۆيدۈرۈپ ئازابلايدۇ.

ئىجابىي كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق ئىشنىڭ يورۇق تەرىپىگە ۋە ياخشى تەرىپىگە قارايدۇ. سەلبىي كىشىلەر بولسا ھەرقانداق ئىشنىڭ بولۇمسىز تەرىپىگە ۋە قاراڭغۇ تەرىپىگە قارايدۇ.

ئىجابىي كىشىلەر قىيىنچىلىقتىن دەرتلەنمەيدۇ، ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. سەلبى كىشىلەر بولسا قىيىنچىلىق ئەمەس ئىشلارنىمۇ قىيىنچىلىققا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ.

ئىجابىي كىشىلەردە ياخشىلىق ۋە ياخشىلىق قىلىش روھى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، يۇقىرىسى، «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن شاھادەت كەلىمىسى، تۆۋىنى يولدىكى ئەزىيەتنى ئېلىۋېتىشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە يولدا كىشىلەرگە تاقىشىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتەك ئاددىي بىر ئىجابىيلىقنى ئىماننىڭ قاتارىدىن سانىغان. بۇ ھەدىستە ئىماندىن سانالغان نەرسە يولدىكى ئەزىيەتنى ئېلىۋېتىشتىن ئىبارەت پېئىل ئەمەس، بەلكى شۇ پېئىلنى قىلدۇرغان روھتۇر.

بىزنىڭ دۇنياغا ۋە ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرگە قارىتا كۆزقارىشىمىز بىزنىڭ سائادىتىمىزنى ياكى بەختسىزلىكىمىزنى بەلگىلەيدىكەن. بىزنىڭ ئىجابىي كۆزقارىشىمىز ھاياتتىكى ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىشىمىز ئۈچۈن يۈرىكىمىزدە قىزغىنلىق گۈلخانلىرىنى ياندۇرىدىكەن. ھەر ئەتىگەندە ئورنىمىزدىن تۇرۇشتىن ئاۋۋال بىر مىنۇت تۇرۇۋېتىپ،

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بىزنى خۇشال قىلىدىغان بىرەر خۇشاللىنارلىق ئىشىمىزنى ئېسىمىزگە ئېلىپ تۇرۇپ، «ئەلھەمدۇ لىللاھ!» دەپ يۈرىكىمىزنىڭ چىن قېتىدىن ئاللاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرگىنىمىزدە ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، تىرىكچىلىك يولىغا قەدەم باسقىنىمىزدا، ئۆزىمىزنى بەختلىك، تەلەيلىك ھېس قىلىمىز ۋە شۇ كۈنلۈك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېرىمىنى ھاسىل قىلىپ بولغان بولىمىز. ھايات ھەمىشە كۆڭۈللۈك بولمايدۇ، بەزىدە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ۋە كىرىزىسلارغا دۇچ كېلىمىز. ئالىملارنىڭ يەكۈنلىشىچە، بەختسىزلىكىمىزنىڭ 10% گە ھادىسىلەر سەۋەب بولسا، 90% گە بىزنىڭ ھادىسىلەرگە قارىتا كۆزقارىشىمىز سەۋەب بولىدىكەن.

ئۆتكەن زاماندا، بىر پادىشاھ خەلقىنى سىناش ئۈچۈن، يوغان بىر تاشنى ئادەملەر كۆپ ئۆتىدىغان بىر يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېقىن بىر دەرەخنىڭ كەينىدە نازارەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇمىش. شۇ شەھەرنىڭ مەشھۇر بايلىرىدىن بىرى ھېلىقى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ تاشنى كۆرۈپتۇ ۋە «بۇنى يول ئوتتۇرىسىغا قانداق نائەھلى قويغاندۇھە» دەپ تىللاپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن بىناكارلىقتا ئىشلەيدىغان بىر ئادەم يولدىن ئۆتۈۋېتىپ، «قانداق قاملاشمىغان ئىش بۇ؟» دەپ غۇدۇراپ قويۇپتۇ. ئاندىن يەنە بىر قانچە ياش يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، «بۇ قانداق قىلغىنىدۇ؟» دەپ ئاچچىقلىنىپ كېتىپ قاپتۇ. ئاندىن بىر دېھقان كېلىپ، تاشنى كۆرۈپ لام، جىم دېمەيلا تاشنى يۆتكىۋەتمەكچى بولۇپ تۇتۇش قىلىپتۇ، ئەمما كۈچى يەتمىگەچكە يولدىن ئۆتكەنلەردىن ياردەم سوراپ، تاشنى يۆتكىۋېتىپتۇ. تاشنىڭ ئاستىغا قارىسا بىر ساندۇق تۇرغۇدەكمىش، دېھقان ساندۇقنى ئېچىپ كۆرسە، ئىچىدە بىر قانچە تىللا ئالتۇن بىلەن بىر پارچە خەت چىقىپتۇ. خەتتە: «پادىشاھتىن بۇ تاشنى يولدىن ئېلىۋەتكەن ئەزىمەتكە سالام، بۇ، ھەرقانداق بىر مۈشكۈلدىن دەردلىنىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشقان ھەربىر ئىجابىي ئىنسانغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

ئەينىشتېين مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىجابىي كىشىلەرگە ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئۈچۈن چىقىش يولى كۆرۈنىدۇ، ئەمما سەلبىي كىشىلەرگە ھەرقانداق چىقىش يولىدىمۇ قىيىنچىلىق كۆرۈنىدۇ».

ھاياتىمىزدا نۇرغۇنلىغان كىرزىسلارغا ئۇچراپ تۇرىمىز. ئەگەر بىز دەردلىنىشنىڭ ئورنىغا ئىجابىي ئىش قىلىش يولىنى تۇتساق، بۇ مۈشكۈللەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ناھايىتى ئوڭايلا ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز. نۇرغۇن ئىشلارنى كۆزىمىزدە چوڭايتىۋېتىمىز، ئاندىن ئۆزىمىزنى راستتىنلا چوڭ مۈشكۈلگە يولۇققاندەك ئويلاپ دەردلىنىپ كېتىمىز. ئەگەر ئىجابىي بولۇپ، ھەر ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاپ ئىش كۆرسەك، بىز نۇرغۇنلىغان يۈكلىرىمىزنى يەڭگىللىتەلەيمىز.

# ئىبادەت ۋە ئادەت

ئەرەب تىلىدىكى «العبادة» (ئىبادەت) دېگەن سۆز لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «بويسۇنۇش»، «ئىتائەت قىلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە[1]، ئىسلام ئاتالغۇسىدا ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[2].

دىنىمىزدا ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى مۇئامىلىۋى ئىبادەت، يەنە بىرى سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر.

## مۇئامىلىۋى ئىبادەت

مۇئامىلىۋى ئىبادەت— دۇرۇسلۇق ۋە ھەققانىيلىق دېگەنلىك بولۇپ، مۇئامىلە بىلەن ئەخلاقتا مەركەزلىشىدۇ، يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە مەخلۇقاتقا دۇرۇس ۋە سەمىمىي بولۇشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم»[3] دېگەن سۆزىدە كۆزدە تۇتۇلغان ئىبادەت مانا مۇشۇ مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر. ئىسلام دىنىمىزنىڭ غايىسى مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەردە ئەكس ئەتكەن. ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىوپىيە) پادىشاھى نەجاشىي پاناھلىنىش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا كەلگەن مۇسۇلمانلاردىن «دىنىڭلارنى ماڭا چۈشەندۈرۈڭلار» دېگەندە، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى پادىشاھ! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا - پاھىشە قىلىدىغان، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقتا رىئايە قىلمايدىغان، ھۆر كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان، ھارامنى يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق قەۋم ئىدۇق. ئاللاھ بىزگە بىز نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، ئىپپىتىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر بىزنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە،

---

[1] «لىسانۇل ئەرەب» 5 -توم، 2776 - بەت.

[2] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ«ئەل ئۇبۇدىيە» ناملىق ئەسىرى1 -بەت.

[3] زارىيات سۈرىسى: 56 - ئايەت.

ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، هارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىدى. بىزنى زىنا - پاهىشىدىن، يالغان گۇۋاهلىق بېرىشتىن، يېتىملارنىڭ مال - مۈلكىنى يەۋېلىشتىن، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلدى»[1].

## سىمۋوللۇق ئىبادەت

سىمۋوللۇق ئىبادەت ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، هەج قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق پەرز، ۋاجىپ ئەمەللەرگە مەركەزلىشىدۇ. سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋىي ئىبادەتلەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ۋاسىتىلىك رولىنى ئوينايدۇ. مۇئامىلىۋىي ئىبادەت سىزدىن راست گەپ قىلىشنى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى، هەر ئىشتا دۇرۇس ۋە توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىمۋوللۇق ئىبادەت سىزدىن ناماز ئوقۇشنى، روزا تۇتۇشنى، زاكات بېرىش قاتارلىق پەرزلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇئامىلىۋىي ئىبادەت غايە، سىمۋوللۇق ئىبادەت ۋاستەدۇر. بۇنىڭ مەنىسى سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋىي ئىبادەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ناماز يامان ئىشلاردىن توسۇلۇشقا تۈرتكە بولغانغا ئوخشاش. «ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناهلاردىن توسىدۇ»[2]. روزا تەقۋالىققا ئېرىشتۈرگەنگە ئوخشاش. «ئى ئىمان ئېيتقانلار! تەقۋالىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى»[3]. زاكات گۇناهتىن پاكلىغانغا ئوخشاش. «(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە (زاكات) هېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناهلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن»[4].

مۇئامىلىۋىي ئىبادەت جايىدا ئورۇندالمىسا، سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ پايدىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋىي ئىبادەتلەردىكى نۇقسانلارنى تولدۇرالمايدۇ ۋە كىشىنى دوزاختىن ساقلاپ قالالمايدۇ.

مۇئامىلىۋىي ئىبادەت مۇئامىلىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ هەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ساهابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا،

---

[1] ئىمام ئەهمەد رىۋايىتى.

[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 45 - ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى: 183 - ئايەت.

[4] تەۋبە سۈرىسى: 103 - ئايەت.

ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى كىشى، دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ پۇل ـ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»[1] دېگەن.

## ئادەت

ئادەت — ئۆگىنىپ قالغان ھەرىكەت، قىلىق دېگەنلىكتۇر. ناۋادا ئىبادەت ھېس-تۇيغۇسىز، بىپەرۋالىق بىلەن قىلىنغاندا، ئۇ ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇنداق قىلىنغان ئىبادەتلەر ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ ۋە كۈتۈلگەن مېۋىسىنى بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئىبادەت قەلب، ئەقىل ۋە ھېس- تۇيغۇ بىلەن قىلىنىدۇ. ﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ (1) الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ﴾ «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن مۇرادىغا يەتتى. ئۇلار نامىزىدا ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر»[2].

## ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش

ياخشى بىر ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى شۇنىڭغا چېنىقتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ياخشىلىق — ئادەتتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭ مەنىسىنى ھەرقانداق بىر ياخشى قىلىقنى ۋە ياخشى ئەمەلنى داۋاملىق قىلىش ئارقىلىق ئادەت ھالىغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

## ئىبادەتنىڭ ئادەتكە ۋە ئادەتنىڭ ئىبادەتكە ئايلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەركىم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[3]. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت نىيەت بىلەن ھەرقانداق ئادەت ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى قازاندۇرىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق مۇباھ ئىشلار نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى .

[2] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 1 2- - ئايەتلەر.

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئارقىلىق ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭگەك، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىدىن باشقا غەرەزلەر بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق ئىبادەت ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە ئۇنى قىلغۇچىنىڭ ساۋابتىن ھېچقانداق نېسىۋىسى بولمايدۇ.

# زەمزەم قۇدۇقىغا سىيگەن سەھرالىق ۋە ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىكى سىيگەكلەر

ئەللامە ئىبنى جەۋزىي ھەج ۋاقتىدا ھەرەمدە يۈزگەن مۇنداق بىر قىسسىنى بايان قىلغان. ھاجىلار كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان ئەسنادا سەھرالىق ئەرەبلەردىن بىرى زەمزەم قۇدۇقىغا ئۇزۇن جىلبابىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سىيىدۇ. ھاجىلار دەسلەپتە بۇ ئەدەپسىزلىككە ھەيران قالىدۇ، ئاندىن يۈگۈرەپ كېلىشىپ سەھرالىقنى ئۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئەسنادا ھەرەمنىڭ ساقچىلىرى سەھرالىقنى ھاجىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ قويىدۇ ۋە قازىينىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. قازىي سەھرالىق ئەرەبكە كايىپ، «سەن نېمە ئۈچۈن بۇ قەبىھ ئىشنى قىلدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. سەھرالىق ئەرەب: «مېنىڭ باشقا غەرىزىم يوق ئىدى، بۇ ئىشنى پەقەت بىرلا سەۋەب بىلەن قىلدىم» دەيدۇ. قازىي: «قايسى سەۋەبكەن ئۇ؟» دەپ سورايدۇ. سەھرالىق ئەرەب: «خەلق مېنى تونۇسۇن ۋە زەمزەم قۇدۇقىغا سىيگەن سەھرالىق دېگەن نامىم قالسۇن دەپلا شۇنداق قىلدىم» دەيدۇ.

بۇ سەھرالىق ئەرەب مەشھۇر بولۇش ۋە تارىختا ئىسمىنى قالدۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇنداق ئەدەپسىز قىلمىشنى تاللىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ تارىخقا ئىسمىنى يازالىغان. يېزىلغاندىمۇ ئۇنىڭ ئىسمى ئەخمەقلىقنىڭ، نادانلىقنىڭ ۋە پەسكەشلىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ يېزىلغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ سەھرالىق مۇرادىغا يەتكەن بولدى.

زامانىمىزدا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە، قاملاشمىسىمۇ جۆيلۈپ قويۇش، توغرا گەپلەرگىمۇ پىتاق چىقىرىش، لۈزۇمسىز گەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نامىنى چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئەخمەقلەر ئاز ئەمەس. زىيالىيلارنىڭ، ئۆلىمالارنىڭ ۋە ھەرقانداق بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ سۆزلىرىدىن ئەيىب ئىزدەپ، ئۇلارغا بىرەر چەندەك ئاتالسا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدىغان، نامىم چىقتى دەپ خۇش بولىدىغان بۇ سىيگەكلەر ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىنى پاسكىنا قىلىۋەتتى بۇ ۋاستىلەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى بۇلغىۋەتتى.

بەزى ئىنسانلار ھەسەل ھەرىسىدەك گۈل- چېچەكلەرنىڭ ئۈستىگە قونماي، پاسكىنا چىۋىندەك سېسىق نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە قونىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار

ھەربىر شەخسنىڭ خۇش پۇراق ۋە گۈزەل تەرەپلىرىنى يۆگەپ، ئۇنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ﴿وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولًا﴾ «ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسىگە ئەگەشمە. چۈنكى قۇلاق، كۆز، دىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سوراققا تارتىلىدۇ»[1]. ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن»[2]، «ئىنسان ئويلىمايلا ئاللاھ يامان كۆرىدىغان بىرەر سۆزنى ئېيتىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىدۇ»[3].

شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بىز بىراۋغا يامانلىق قىلىپ قويۇپ، يۈز مىڭ قېتىم ھەج قىلساقمۇ بۇ يامانلىقنىڭ گۇناھىنى يۇيالمايمىز. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى تەۋبە بىلەن ياكى تەۋبىسىزمۇ كەچۈرىۋېتىدۇ. ئەمما بەندىلەرنىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك قىلمىشلارنىڭ گۇناھىنى بەندىلەر ئەپۇ قىلمىغۇچە ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلمايدۇ. بۇ ئادالەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. بەندىلەرنىڭ ھەق- ھوقۇقىغا قارىتا سادىر قىلىنغان قىلمىشلارنىڭ گۇناھىنى كۆپ ئىبادەت قىلىش بىلەن ياكى تەۋبە - ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىش بىلەن يۇيۇۋەتكىلى بولمايدۇ.



---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 36 - ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى. 6487 - ھەدىس.

# سۇدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز

شەكسىزكى، بىز ھېس قىلالايلى ياكى ھېس قىلمايلى، قەدرىنى بىلەيلى ياكى بىلمەيلى، سۇدەكلا ئېقىپ كېتىۋاتقان، كەينىگە قەتئىي قايتمايدىغان نەرسە بىزنىڭ ئۆمرىمىزدۇر. ئۆمرىمىز بىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىمىزدۇر. چۈنكى بىز ئاشۇ ئۆمرىمىزنى سەرپ قىلىپ، بۇ دۇنيادا نەتىجە يارىتىمىز، ئاخىرەتتە جەننەتنى قازىنىمىز. تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە ھەسەن بەسرىي مۇنداق دېگەن: «ئىنسان كۈنلەردىن تەركىپ تاپقان بىر مەۋجۇداتتۇر. ئۆتكەن ھەربىر كۈن ئۇنىڭ ئۆمرىدىن بىر كۈننى ئېلىپ ماڭىدۇ». ئىنساننىڭ ئەسلى ۋاقىتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئۆزى بولغان ۋاقىت بىلەن قەسەم قىلىپ، ئىنساننىڭ زىيان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ. وَالْعَصْرِ. إِنَّ الْإِنْسَانَ لَفِي خُسْرٍ﴾ «زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر». ئىنسان نېمە ئۈچۈن زىيان ئىچىدە؟ چۈنكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىنىڭ ئۆزى ئىنساننى تۈگىتىپ ماڭىدۇ. مەيلى مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن، مەيلى تەقۋا ياكى پاسىق بولسۇن، ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ھاياتىدىن ئۆتكەن ھەربىر كۈن، ھەربىر سائەت، ھەربىر مىنۇت ۋە ھەربىر سېكونت ئۇنىڭ ھاياتىنى كېمەيتىپ ماڭىدۇ. ۋاقىت ئىنساننىڭ دەسمايىسى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش پۇرسىتى، جەننەتنى قازىنىدىغان سەرمايىسى بولۇپ، ئىنساننىڭ ھاياتىدىن ئۆتكەن ھەربىر لەھزە، ھەربىر مىنۇت ۋە ھەربىر سائەت ئۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىپ ماڭىدۇ. چۈنكى، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆمرىنى بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي زىياندۇر. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ شەپقىتى ۋە ئىنئامى كېيىنكى ئايەتلەردە كەلگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ﴿إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾ «پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە (ئۇنىڭدا) چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ»[1] دېگەن ئايەتلەردۇر. شۇڭا ئىمام شافىئىي « ‹پەقەت› دېگەن سۆزدىن كېيىنكى ئايەتلەر قۇتۇلۇشنىڭ ئامىللىرىدۇر» دېگەن. خۇددى

---

[1] ئەسر سۈرىسى.

تىجارەتتىكى ھەقىقىي زىيان تىجارەتكە سالغان دەسمايىدىن ئايرىلىپ قېلىش بولغانىدەك، ئىنسانىنىڭ ھاياتىدىكى ھەقىقىي زىيان ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ، ئۆمرىنىڭ مەنىسىز، بىكارغا ئۆتۈپ كېتىشىدۇر.

ئالايلۇق، ئىككى قېرىنداشقا ئاتىسىدىن بىر مىليون دوللاردىن مىراس قالغان بولۇپ، بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ بىرى بىر مىليوننى دەسمايە قىلىپ چوڭ ئىشلارنى قىلدى ياكى شىركەت قۇرۇپ ئىشنى چوڭايتتى، نەتىجىدە، كۆپ پايدا تاپتى، مىراس قالغان پۇلنى كۆپەيتتى. يۇ، كېمەيتمىدى. يەنە بىرى قېرىنداش ئۆزىگە تەككەن مىراس پۇلنى ئۆستۈرۈش ياكى بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلىمىدى، پەقەت خەجلەپ تۈگەتتى. ئاخىرىدا قۇرۇق قول بولۇپ قالدى. بىزگە بېرىلگەن ئۆمۈرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، مۇشۇ ئۆمۈرنى دەسمايە قىلىپ، ئۇنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزسەك، خۇددى سۇدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان بۇ ئۆمرىمىز بىكارغا كەتمىگەن ۋە شۇنىڭغا لايىق پايدا تاپقان بولىمىز. ئاۋادا ئەكسىچە ئىش كۆرسەك، خۇددى بىر مىليون مىراس پۇلنى خەجلەپ تۈگىتىپ قۇرۇق قول قالغان قېرىنداشقا ئوخشاپ قالىمىز.

بۇ سۈرىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ ئامىللىرى قىلىنغان تۆت چوڭ ئەمەلنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

«ئىمان ئېيتىش» بۇ ئايەتتىكى ئىمان ئېيتىشتىن مەقسەت ئاللاھ بىلەن ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي ماھىيىتى بويىچە تولۇق تونۇش، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا، بىرلىكىگە، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە، ئاندىن ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ يۇقىرىقى تۆت ئامىلنىڭ ئېتىقاد قىسمى بولۇپ، ئېتىقاد دۇرۇس بولمىسا، ئەمەل- ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش دېگەن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى بىلىپ ئېتىقاد قىلىش ۋە شۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىشتۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىل» دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، بىلمەي ئىشىنىش ئەمەس، بەلكى بىلىپ ۋە قايىل بولۇپ ئىشىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

1. «ياخشى ئەمەل قىلىش» ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنى ۋە ئىشلارنى قىلىش، مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك بولسۇن، ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەتلىك بولغان ئىشلارنى قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئايەتتىكى «ياخشى ئەمەل» ئاللاھ تائالاغا كۆرسەتكىلى بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەرزىيدىغان ئەمەل» دېگەنلىكتۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿الَّذِى خَلَقَ الْمَوْتَ

﴿وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ «ئۇ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىي ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتتى»[1] دەپ كەلگەن. چۈنكى، دىنىمىزنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلغىنى ئەمەل- ئىبادەتنى كۆپ قىلىش ئەمەس، بەلكى سۈپەتلىك قىلىشتۇر. شۇڭا بەزىدە بىرەر ياخشى نىيەت ياكى ئاددىيغىنە بىرەر ياخشىلىق جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. خۇددى ئالتۇن، كۈمۈش گىراملاپ، كۆمۈر ۋە تۆمۈر قاتارلىق مەدەنلەر توننىلاپ تارتىلغاندەك، تەلەپكە لايىق قىلىنغان ھەربىر ئەمەل گەرچە ئاز بولسىمۇ قىممەتكە ئېرىشىدۇ، ئەمما سۈپەتسىز قىلىنغان كۆپ ئەمەل قانچىلىك كۆپ بولسىمۇ قەدىرسىز بولىدۇ.

2. «بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىش» كۈچىنىڭ يېتىشىچە كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقىقىتىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى تەۋسىيە قىلىش، يېتەكلەش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر. «بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىش» دېگەن سۆز ۋە دەۋەت ئارقىلىقلا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىش بىلەن بولىدۇ. «ھەقنى تەۋسىيە قىلىش» دېگەننى» بۇيرۇش، تەبلىغ قىلىش، ئۆگىتىش دەپلا چۈشەنگەن ئادەم خاتالاشقان بولىدۇ. چۈنكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ تەسىرلىك تەۋسىيە ئەمەلدە قىلىپ كۆرسىتىشتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا چىداملىق بولغىن» دەپ ئەمر قىلغان. چۈنكى، ئەمەلدە كۆرسىتىلمىگەن دەۋەت ياكى تەۋسىيە جانسىزدۇر.

3. «ھەق ئۈستىدە چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىش» ھەقىقەت يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئوڭاي ئەمەس، بۇ يولدا توسقۇنلۇقلار ۋە قىيىنچىلىقلار كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۇنيا ئىمتىھان ۋە سىناق دۇنياسى بولۇپ، ئىنسان ياخشى بىلەن يامان، ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەردە ھەمىشە ئىمتىھان قىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە سىناقلارغا قارشى چىداملىق ۋە كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن بىر-

[1] مۈلك سۈرىسى: 2 - ئايەت.

بىرىگە بۇنى تەۋسىيە قىلىشنىشقا موھتاجدۇر. چۈنكى، ئىنسان ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرسە، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭدا چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن باشقىلارنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

### بەزى كىشىلەرنىڭ ئىككىنچى ئۆمرى بولىدۇ

ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنسانلارغا بىرلا ئۆمۈر ئاتا قىلىدۇ. ئۇ ئۆمۈر مەيلى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن، بىر قېتىملا بېرىلىدۇ. بەزى كىشىلەر مۇشۇ بىر قېتىملىق ئۆمرىدىن پايدىلىنىپ ئىككىنچى ئۆمرىنى يارىتالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالەمدىن ئۆتسىمۇ، ئۇلارنىڭ نام- نىشانىسى، قىلغان ياخشى خىزمەتلىرى تارىخ بەتلىرىدە، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە پارلاپ تۇرىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ۋاقىتنى پىلانلىق ئىشلىتىپ، پىلانلىق ئىش قىلىدۇ ۋە ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۇنتۇلماس كاتتا ئىشلارنى رويابقا چىقىرالايدۇ. ئىمام شافىئىي، ئىمام غەززالىي، ئىمام نەۋەۋىي قاتارلىق ئۆلىمالار 50 يىلدىن ئاز ياشىغان. ئەمما قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرى تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان كاتتا ئەسەرلەردىن بولۇپ قالغان. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆمرىگە سېلىشتۇرغاندا، ھەربىرى كۈنىگە 90 بەتتىن كەلگەنلىرى بار. مەلۇمكى، 90 بەتنى بىر كۈندە ئوقۇپ بولالمايدىغانلار كۆپ. ئۇلار ۋاقىتنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى پىلانلىق ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىككىنچى ئۆمرىنى ياراتقان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، بەزى كىشىلەر 100 ياش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياشايدۇ. ئەمما سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسە، ئۇلارنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان ھېچ نەرسىسى چىقمايدۇ، تىلغا ئالغۇدەك بىر نەرسە قالدۇرالمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈنمۇ بىرەر ياخشى ئەمەل قىلالماي كېتىپ قالىدۇ.

# مۇھاجىرەتتىكى تويي مۇراسىملىرىمىزغا نەزەر

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز دىنىي ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ جارى قىلدۇرۇشقا ۋە قوغداشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشتۇر. بىزنىڭ مىللىي تويي مەرىكىلىرىمىزمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن مۇشۇنداق تويي مەرىكىلىرىمىزنىڭ كۆپ بولۇپ تۇرۇشىنى، ياشلىرىمىزنىڭ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ خاتىرجەم بولۇشىنى تىلەيمىز.

## تويدا قىلىنىدىغان ۋەز-نەسىھەت

ھەرقانداق بىر مۇراسىمنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە-يوسۇنى ۋە ئۆزگىچىلىكى بولغىنىدەك، ئۇنىڭدا سۆزلىنىدىغان گەپلەرنىڭ قائىدە-يوسۇنى بار. مەسىلەن: ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدا كىشىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدىغان ئاساستا گەپ قىلىش مۇناسىپ بولسا، تويي مەرىكىلىرىدە تويي قىلغان ئىككى ياشقا بەخت تىلەش بىلەن بىللە ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئائىلىدە تەقۋالىقنى، مۇھەببەتنى پىرىنسىپ قىلىش ھەققىدە گەپ قىلغان تۈزۈك.

يەنە تويي مەرىكىلىرىدە ئۇيغۇر ياشلارغا ئۆز مىللىتىدىن ئۆيلىنىشنى قاتتىق تەۋسىيە قىلىش، بۇنداق قىلىشنىڭ مىللەتنى ساقلاپ قېلىشتا ناھايىتى زور رولى بارلىقنى تەكىتلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت بىلەن ئۆيلەنمەسلىكى، ئۆز مىللىتىدىن ئۆيلىنىشى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ قالدى. چۈنكى، بىز كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئېچىنىشلىق ۋەقەلىكلەر بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

ئۆز مىللىتىدىن ئۆيلەنمەي تۇرۇپ، پەرزەنتلەرنى ساپ ئۇيغۇر قىلىپ تەربىيەلەش ناھايىتى قىيىن، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس.

## ئېچىنىشلىق ۋەقەلىكلەر

سەئۇدى ئەرەبىستانغا بۇنىڭدىن 60-70 يىللار ئىلگىرى كەلگەن ئۇيغۇرلار

ئېچىدىكى بويتاقلار ئومۇمەن باشقا مىللەتتىن ئۆيلەنگەن ئىكەن. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا ئۇيغۇرلار بۇ جايلاردا ئانچە كۆپ بولمىغانلىقتىن، ئۆيلىنىدىغان قىزلارمۇ يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەن. شۇڭا پۇل بارلار مىسىرلىق، يەمەنلىك ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئەرەب ئاياللارغا ئۆيلەنگەن ئىكەن، پۇلى يوقلار بېنگاللىق، ھىندىستانلىق ئاياللارغا ئۆيلەنگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ھازىر پۈتۈنلەي باشقا مىللەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلاردا ئۇيغۇرلۇقتىن ھېچقانداق ئەسەر تاپقىلى بولمايدۇ. ھەتتا ئۆز مىللىتىدىن بولغان ئاياللارغا ئۆيلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئاساسەن باشقا مىللەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ جايلاردا ئانا تىل مەكتەپلىرى بولمىغانلىقى ۋە ئائىلىدە ئۇيغۇرچە سۆزلەشمىگەنلىكتىن بولسا كېرەك.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا بىز كۆرگەن تراگېدىيەلەرنىڭ بىرى باشقا مىللەتلەرگە ئۆيلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ياشانغان ۋاقتىدا خارلىنىپ قالغانلىقى، ئائىلىسى تەرىپىدىن يەكلەنگەنلىكىدۇر. چۈنكى باشقا مىللەتتىن ئۆيلەنگەنلەر ياش ۋاقتىدا مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن بىر- بىرىنىڭ ياقمايدىغان تەرەپلىرىنى ھېس قىلمايدىكەن. مىللىي ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن. ئۇلار ياشانغاندا بولسا بىر- بىرىدىن نەپرەتلىنىدىكەن، ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئادەتلىرىگە ئېسىلىۋالىدىغان بولىدىكەن. يات مىللەتتىن بولغان ئانا پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئەنئەنىسى ۋە ئادىتى بويىچە چوڭ قىلىدىكەن. پەرزەنتلەر بالىلىق چاغلىرىدىلا ئانىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئاتىسىدىن يىراقلىشىپ بولىدىكەن. شۇڭا ئاتا- ئانا ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىققاندا پەرزەنتلەر ئانىسى تەرەپتە تۇرۇپ ئاتىسىنى يەكلەيدىكەن، ھەتتا ئاتىسىنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەنلەرمۇ بار ئىكەن. بۇ مەملىكەتتە بۇنىڭدىن باشقا تراگېدىيەلەر ئاز ئەمەس. بەزى ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئىلمىي مىراسلىرىنى — كىتابلىرىنى ۋە ئەسلىمىلىرىنى ئۇلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەرزەنتلىرىنىڭ ئەخلەت قۇتىلىرىغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ئەھۋال قانداق ئۇنى بىلمەيمەن. ئەمما تۈرك ۋە ئەرەبكە ئۆيلەنگەن دوستلىرىمنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئانىسىنىڭ تىلىدا سۆزلىگەنلىرىنى كۆپ قېتىم ئۇچراتتىم، يۈرىكىم قاتتىق ئېچىشتى. چۈنكى، بىر دادا ئۆز بالىسىغا باشقا تىلدا يەنى بالىنىڭ ئانىسىنىڭ تىلىدا گەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن چوڭ يوقىتىش بارمىدۇ؟

تۈركىيەگە بۇرۇن چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تىلى تۈركلىشىپ كەتكەن، ھەتتا 30 يىلنىڭ مابەينىدە كەلگەنلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرچە گەپ قىلالايدىغانلىرى يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرچە بىلگەنلىرى

تۈركچە ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ، خالاس. شۇڭا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ياشلىرىمىز ئۆز مىللىتىدىن ئۆيلىنىشى كېرەك. بۇ مىللەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر چارىسى.

ئەمدى مىللەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ دىن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ بۇنىڭ ناھايىتى چوڭ مۇناسىۋىتى بار. چۈنكى، خىتاي ئىستېلاسىدىن ھازىرغىچە بىزنى مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ قالغان ئەڭ چوڭ قالقان بىزنىڭ دىنىمىز. ھازىر ئانا ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىز دىنىدىن ۋە ئانا تىلىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلدى. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئانا تىلىمىزدىن ۋاز كېچىۋاتىمىز. بىز مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، چەتئەللەردە كېيىنكى ئەۋلاد ئاستا - ئاستا باشقا مىللەتلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋاسىنى قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ. بىز دىنىمىزنى ۋە ئانا تىلىمىزنى ساقلاپ قالغاندىلا، ۋەتەن دەۋاسىدا غەلىبە قىلالايمىز ۋە ئانا ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭ ئاۋازى بولالايمىز. ئەگەر بىز ئۆز تىلىمىزنى يوقاتساق، پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆگەتمىسەك، ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى تۈگەشتۈرگەن بولىمىز.

## تويدا قىلىنىدىغان دۇئا

ئى ئاللاھ! بىزنىڭ دىلىمىزنى ئۇلۇغ دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن، ئىمانىمىزنى، ئەقىدىمىزنى ساغلام قىلغىن، بىزنى ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىغىن، ئامىين.

ئى ئاللاھ! بۈگۈن توي قىلغان مۇشۇ ئىككى ياشنىڭ تۇرمۇشىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ئۇلاردىن شەيتاننى ۋە بارلىق يامانلىقلارنى يىراق قىلغىن، ئۇلارنى بەختلىك قىلغىن، ئۇلارغا دىن ۋە مىللەتنىڭ ئىشلىرىغا يارامىلىق، ئىنساپلىق، ۋىجدانلىق پەرزەنتلەرنى بەرگىن.

ئى ئاللاھ! بۇ ئىككى ياشقا ھالالدىن رىزىق ئاتا قىلغىن، ھارامدىن يىراق قىلغىن، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش روھىنى ئاتا قىلغىن، ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادار قىلغىن، تۇغقانلىرىغا مېھرىبان قىلغىن، قوشنىلىرىغا مېھماندوست قىلغىن، خەلقىمىزگە يارامىلىق قىلغىن.

ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئىمان، ھىدايەت ۋە تەۋپىق بەرگىن، ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا خار قىلمىغىن.

## ئىماننىڭ نېگىزى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر

ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. چۈنكى، ئىبلىسنىڭمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بار ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالاغا رەببىم دەپ ئىلتىجا قىلغان. ﴿رَبِّ فَأَنْظِرْنِي إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ﴾ «ئى رەببىم! ئۇنداقتا، سەن ماڭا (ئىنسانلار) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر مۆھلەت بەرسەڭ»[1]. مۇشرىكلارمۇ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ فَأَنَّى يُؤْفَكُونَ﴾ «ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) كىم بويسۇندۇرۇپ بەردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ»[2].

ئاللاھ تائالا بىزدىن ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىمان كەلتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مۇشرىكلارنى بۇ توغرۇلۇق سۆككەن. ﴿وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِشِمَالِهِ فَيَقُولُ يَا لَيْتَنِي لَمْ أُوتَ كِتَابِيَهْ . وَلَمْ أَدْرِ مَا حِسَابِيَهْ . يَا لَيْتَهَا كَانَتِ الْقَاضِيَةَ . مَا أَغْنَى عَنِّي مَالِيَهْ . هَلَكَ عَنِّي سُلْطَانِيَهْ . خُذُوهُ فَغُلُّوهُ . ثُمَّ الْجَحِيمَ صَلُّوهُ . ثُمَّ فِي سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا فَاسْلُكُوهُ . إِنَّهُ كَانَ لَا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ الْعَظِيمِ . وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ﴾ « نامە ــ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم: «كاشكى، نامە ــ ئەمەلىم ماڭا بېرىلمىگەن بولسىچۇ!. ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىگەن بولسامچۇ! كاشكى، ئۇنىڭ (يەنى ئۆلۈم) بىلەن ھەممە ئىشىم تۈگىگەن بولسىچۇ! مېنىڭ مال ــ مۈلۈكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى» دەپ كېتىدۇ. (ئاللاھ پەرىشتىلەرگە ئەمر قىلىدۇ): «ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار! ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار. ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى يەتمىش گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار. چۈنكى، ئۇ (مەندەك) ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمىغان ئىدى»[3].

---

[1] ساد سۈرىسى:79 - ئايەت.

[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 61 - ئايەت.

[3] ھاققە سۈرىسى: 25 - 34 - ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ھەر نەرسىنى ئەڭ مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، ھەربىر مەۋجۇداتنىڭ ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ، ئۇنى ئۆزلىكىدىن ئادا قىلىدىغان قىلغانلىقى، ھەربىر جانلىققا ياشاش يوللىرىنى ۋە ئۆزلىرىنى قوغداش تەدبىرلىرىنى ئۆگەتكەنلىكى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ھەربىر جانلىق ياشاش ئۇسۇلىغا ۋە ھەربىر مەۋجۇداتنىڭ كائىناتتىكى ۋەزىپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇپ يېتىمىز. تۆۋەندە، بۇ ھەقتە بىر قانچە مىسال بېرىلىدۇ:

## دوختۇر بېلىقلار

نورمالدا چوڭ بېلىقلار كىچىك بېلىقلارنى يەپ ياشايدۇ، ھەتتا ئادەتتىكى بىر كىت بىر ۋاخلىقىغا تۆت تونىنا بېلىق يەيدىكەن. ئەمما كىچىك بېلىقلار ئىچىدە كىت ياكى لەھەڭ ۋە ھېچقانداق چوڭ بېلىق يېمەيدىغان، زىيان يەتكۈزمەيدىغان بىر تۈرى بار ئىكەن. كۆزەتكۈچىلەر دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇپ ئەمەلىي ئەھۋاللارنى كۆزىتىش جەريانىدا ھەيران قالارلىق بىر ئەھۋالنى ئۇچراتقان ۋە پۈتۈن جەرياننى سىنئىغا ئېلىپ ماڭغان. ئەھۋال مۇنداق: «بىر كىتنىڭ يېنىغا كىچىك بېلىقلاردىن نۇرغۇنى قورقماي يېقىنلىشىپ كېلىشىدۇ. ئاندىن كىت ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ بېرىدۇ. كىچىك بېلىقلار ناھايىتى تېز ھەرىكەتچانلىق بىلەن كىتنىڭ ئېغىزىغا كىرىپ، ئېغىزىنىڭ ئىچىنى، چىشلىرىنىڭ ئارىلىرىنى، گاللىرىنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ بولۇپ قايتىپ چىقىدۇ ۋە يولىغا راۋان بولىدۇ. كۆزەتچىلەر بۇ ئەھۋالدىن ھەيران قېلىپ، يەنە بىر قانچە قېتىم كۆزىتىش ئېلىپ بارىدۇ.

نىھايەت كۆزەتچىلەر شۇنى بايقاپ چىقىدۇكى، مەزكۇر كىچىك بېلىقلار ئەسلىدە بېلىقلارنى داۋالايدىغان مەخسۇس بېلىقلار بولۇپ، كىت، لەھەڭ قاتارلىقلارنىڭ ئېغىز ياللۇغى، كاناي ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىكەن. شۇڭا ئۇلارغا ھېچقانداق بېلىق زىيان يەتكۈزمەيدىكەن، ھەتتا بۇ بېلىقلار كىتنىڭ ئېغىزىنى تازىلاۋاتقان ئەسنادا، ئۇ كىتنىمۇ چوڭ بىر كىت كېلىپ ئۇنى يېمەكچى بولسا، كىت ئېغىزىدىكى كىچىك بېلىقلارنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، تېز قاچىدىكەن. يەنى كىچىك بېلىقلارغا قەتئىي زىيان يەتكۈزمەيدىكەن. بەزىدە كىتلەر تازىلىغۇچى كىچىك بېلىقلار ئۇچۇن سەپ تۈزۈپ تۇرىدىكەن. كۆزەتچىلەرنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغان ئەھۋاللاردىن بىرى شۇكى، كىتلەر خۇددى مەدەنىيەتلىك ئىنسانلاردەك ئۆزلىرىنىڭ ئۆچىرىتىنى كۈتۈپ رەت بىلەن تۇرىدىكەن، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئالدىغا ئۆتۈۋالمايدىكەن ۋە ناھايىتى ئىنتىزاملىق ھالدا تازىلىنىپ

بولـۇپ يولىغـا راۋان بولىدىكـەن»[1].

ئەمـدى ئويـلاپ باقايلـى، كىچىـك بىلىقلارغـا كىتلەرنىـڭ ئىگىـز بوشـلۇقنى ۋە گاللىرىنـى داۋالاشنى كىم ئۆگەتتـى؟ كىتلەرگـە بـۇ كىچىـك بىلىقلارنىـڭ داۋالىغۇچـى بىلىقلار ئىكەنلىكىنـى كـىم بىلـدۈردى؟ ئەلۋەتتـە ئالـلاھ تائـالا ئۆگەتتـى ۋە بىلـدۈردى. ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى . الَّذِي خَلَقَ فَسَوَّى . وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَى. وَالَّذِي أَخْرَجَ الْمَرْعَى. فَجَعَلَهُ غُثَاءً أَحْوَى﴾ «(بارچـە مەخلۇقاتنـى) يارىتىـپ، ئۇلارنـى بىجىرىـم قىلغـان، (ئۇلارنىـڭ ھەممـە ئىشـىنى) ئورۇنلاشـتۇرۇپ، ئۇلارنـى (پايدىلىنىـش يوللىرىغـا) يېتەكلىگـەن، (زېمىنىدىـن) ئۆسـۈملۈكلەرنى چىقىرىـپ بېرىـپ، ئاندىـن ئۇلارنـى قوپقـۇرۇق ئـوت ــ خەسـكە ئايلاندۇرغـان، ھەممىدىـن ئۈسـتۈن رەببىڭنىـڭ ئىسـمىنى پـاك دەپ ئېتىقـاد قىلغىـن»[2]. يۇقىرىقـى ئايەتلەر ئارىسـىدىكى «ئۇلارنـى (پايدىلىنىش يوللىرىغـا) يېتەكلىگـەن» دېگـەن ئايـەت ئالـلاھ تائالانىـڭ ھەرقانـداق بىـر جانلىققـا ئۆزىگـە پايدىلىـق نەرسـىلەرنى ئىلھام قىلىدىغانلىقىنـى ۋە ئۇنىڭغا ياشاش يوللىرىنى، كائىناتتىكـى نەرسـىلەردىن پايدىلىنىـش ئۇسـۇلىنى ئۆگەتكەنلىكىنـى ئىپادىلەيـدۇ.

## ئەقىللىق بېلىقلار

ئەللامـە مۇھەممـەد راتىـب نابلىسـي مۇنـداق دەيـدۇ: «سـەلمۇن بېلىقـى ئاتلانتىـك ئوكياندىـن يولغـا چىقىـپ، ئامېرىكىدىكـى دېڭىزلارنىـڭ بىرىـدە توختايـدۇ ۋە ئـۇ جايـدا تۇخۇملىرىنـى قالـدۇرۇپ يەنـە ئاتلانتىـك ئوكيانغـا قايتىـپ كېتىـدۇ. بىـر قانچـە ئايدىـن كېيىـن ئـۇ قالـدۇرۇپ كەتكـەن تۇخۇملاردىـن چىققـان بېلىقچانـلار يۈزلەرچـە كىلومېتىـر يىراقلىقتىكى ئانىلىرىنـى ئىزدەپ بارىـدۇ. ئۇلار يولىدىـن ئادىشـىپ قالمايدۇ ۋە توپتوغـرا بارىـدۇ. بـۇ بېلىقچانـلار ئانىلىرى بـار جايغـا كـىم باشلاپ قويىـدۇ؟ ئۇلارغـا يولنـى كـىم كۆرسـىتىدۇ؟ ئەلۋەتتـە ئالـلاھ تائـالا كۆرسـىتىدۇ.

## زېرەك تاشپاقا

كۆزەتكۈچىلـەر بىـر تاشـپاقىنىڭ ھەرىكىتىنـى يېقىندىـن كۆزەتكـەن بولـۇپ، تاشـپاقا بىـر ئۆلـۈك چايانـنى يەيـدۇ، ئاندىـن بېرىـپ بىـر خىـل ئۆسـۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنـى يەيـدۇ، ئاندىـن كېلىـپ ھېلىقـى چاياندىـن ئـازراق يـەپ بولـۇپ، يەنـە ئاشـۇ ئۆسـۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنـى يەيـدۇ، يەنـە كېلىـپ چايانـنى يېيىشـنى داۋاملاشـتۇرىدۇ. بـۇ ئەھۋالنـى كۆزىتىـپ تۇرغـان كىشى ھېلىقـى ئۆسـۈملۈكنى قومـۇرۇپ تاشـلىۋېتىدۇ،

---

[1] «ومضات في الاسلام» 214 - بەت.

[2] ئەئلا سۈرىسى: 1 5- - ئايەتلەر.

تاشپاقا ئۆسۈملۈك بار يەرگە كېلىپ ئۇنى ئىزدەيدۇ ۋە تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرئاز تۇرغاندىن ئۆلىدۇ. بۇ تاشپاقىغا زەھەر قايتۇرىدىغان ئۆسۈملۈكنى كىم بىلدۈردى، ئۇنى يېيىشنى كىم ئىلھام قىلدى؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ «ئەلهادىي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن بىلدۈردى»[1].

## ئاچ قالمايدىغان ئاسلانلار

مەن بالىلىق چاغلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى مومامنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزگەن ئىدىم. مومامنىڭ ناھايىتى يېقىملىق بىر مۈشۈكى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مۈشۈك تۇغقان ئىدى، ئەمدىلا تۇغۇلغان بۇ ئاسلانلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيتتى، ھەممىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئانىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتى، ئۇلار تۇرماستىن پۇراپ ۋە ئىزدەپ يۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى تاپتى ۋە ئېمىشكە باشلىدى. مەن ئۇ چاغدا، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈشنى بىلمەيتتىم. شۇڭا، ئاسلانلارنىڭ بۇ ئىشى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ، نورمال ئەھۋالدەك بىلىنگەن ئىدى. ئەمدى، ئويلىسام بۇ تەپەككۇر قىلىشقا تېگىشلىك ئەھۋال ئىكەن. ئاشۇ ئاسلانلارغا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىدە ئۇلارنىڭ غىزاسى بارلىقىنى ۋە ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ئېمىشنى كىم ئۆگەتتى؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆگەتتى ۋە ئۆزىنىڭ «ئەلهادىي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن ئۇلارغا رىزقىنى تېپىش ۋە قوغدىنىش يوللىرىنى كۆرسەتتى.



[1] «لأنك الله» 147 - بەت.

# دىندارلىق بىزنىڭ نىجاتلىق يولىمىزدۇر

«دىنىدار» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە: «دىنغا ئەمەل قىلىدىغان، ئاللاھقا، دىنغا ئىشىنىدىغان كىشى»[1] دەپ شەرھلەنگەن. بۇ سۆزنى ئەرەبچىدە «متدين» (دىنغا ئەمەل قىلغۇچى) دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، دىندار ياكى دىندارلىق ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىنغا ئەمەل قىلغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ. «مۇسۇلمان» دېگەن سۆز بويسۇنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق مۇسۇلمان دىنغا ئەمەل قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ، دىندار بولۇشقا تېگىشلىك. ئۆزىنى مۇسۇلمان دېگەن ھەرقانداق ئادەم دىندار بولۇشى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقى يالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾(يەنى«(ئى پەيغەمبەر!) سەن توغرا دىنغا — ئاللاھنىڭ دىنىغا يۈزلەنگىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، بۇ توپتوغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ»[2].

ئەگەر بىراۋ بىرەر دىنغا مەنسۇپ بولۇپ قويۇپ، ئۇ دىنغا ئەمەل قىلمىسا، ئۇنى دىندار دېگىلى بولمايدۇ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنىڭ ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئەگەر ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئىسلام دىنىغا ھەقىقىي ئىشىنىدىغان ۋە راستتىنلا ئېتىقاد قىلىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم دىندار بولۇشقا تېگىشلىك. ئەكسى تەقدىردە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقىنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭا بىز دىندار بولۇشقا، بولغاندىمۇ ھەقىقىي مەنىدە دىندار بولۇشقا موھتاج. ئەگەر بىز دىندار بولۇشنى خالىمىساق، ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان ئەمەس دەپ يۈرگىنىمىز تۈزۈك. چۈنكى مۇسۇلمانلىق مەسئۇلىيەت بولۇپ، بىز مۇسۇلمان بولغان كۈنىمىزدىن باشلاپ ئىسلام دىنىنىمىزنى قوغداشقا، ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەنسۇپ بولۇشقا ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلىشقا مەسئۇلمىز. ئاللاھ تائالا بىزنى مۇشۇ مەسئۇلىيەت ھەققىدە سوراق- سوئال قىلىدۇ.

---

[1] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 532 - بەت.

[2] رۇم سۈرىسى 30 - ئايەت.

### ھەقىقىي دىندارلىق

مۇسۇلمانلىق پاكى دىندارلىق شەكلەن ئورۇنداپ قويسا بولىدىغان ئادەت پاكى ئەنئەنە ئەمەس، بەلكى ئۇ مەسئۇلىيەت، ئەخلاق ۋە پاكلىقتۇر. مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇمىغان ۋە ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلىغان ھالدا، گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ھايات كەچۈرۈشكە بۇيرۇلغان. ھەقىقىي دىندارلىق — قەلبىنى ناتوغرا ئېتىقاد ۋە ئازغۇن پىكىرلەردىن، ھەسەت، ئىچى تارلىق دېگەندەك ناچار ئەخلاقتىن پاك قىلىپ، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش دېگەنلىكتۇر. مۇشۇنداق قىلغان ئادەم ئۆزىنى ھەقىقىي مۇسۇلمان دېيەلەيدۇ. شۇڭا ھەرقانداق مۇسۇلمان دىندار بولۇشقا موھتاج. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقى ئېغىزىدىكى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

### شەكلىي جەھەتتىكى دىندارلىق ئەسقاتمايدۇ

ھەربىر مۇسۇلمان ھەقىقىي دىندار بولۇشقا بۇيرۇلغان ۋە ئۇ شۇنىڭغا موھتاج. ئەكسىچە بولغاندا ئۇنىڭ شەكلىي جەھەتتىكى دىندارلىقى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇنداق دىندارلىق يەكشەنبە كۈنلۈكتە بىر كۈن چېركاۋغا بېرىپ قويىدىغان خىرىستىيانلارنىڭ دىندارلىقىدىن پەرقلەنمەيدۇ. غەرب دۇنياسىدا ئۆزىنى خىرىستىيان دەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى خىرىستىيان دەپ ئاتىلىدۇ، ھەپتىدە بىرەر قېتىم چېركاۋغا بېرىپ قويىدىغانلىرى دىندار سانىلىدۇ. بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىقى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ دىنغا ئەمەل قىلمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇندىمايدۇ، يەنە بەزىسى ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ، مۇسۇلمانچە يۈرىدۇ، مۇسۇلمانچە كىيىنىدۇ، ئەمما مۇئامىلىدە، ئەخلاقتا نۆل. بۇنداق كىشىلەرنى ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان پاكى دىندار دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا دىندارلىقنىڭ ھېچبىر ئالامىتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما مۇسۇلمانچە يۈرىدۇ، مۇسۇلمانچە گەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناپىقلاردىن قىلچە پەرقى كۆرۈنمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا رَأَيْتَهُمْ تُعْجِبُكَ أَجْسَامُهُمْ وَإِنْ يَقُولُوا تَسْمَعْ لِقَوْلِهِمْ كَأَنَّهُمْ خُشُبٌ مُسَنَّدَةٌ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، سەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ قالىسەن، (دىلىنىڭ ئىماندىن خالىيلىقىدا) ئۇلار گويا تامغا يۆلەپ قويۇلغان قۇرۇق ياغاچلارنىڭ ئۆزىدۇر»[1].

[1] مۇنافىقۇن سۈرىسى: 4 - ئايەت.

## دىنىنىڭ ئېگىزى مۇئامىلە ۋە ئەخلاقتۇر

جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىينىڭ ھۇزۇرىدا ئىسلام دىنىمىزنى مۇنداق تونۇشتۇرغان: «ئى پادىشاھىم! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا - پاھىشە قىلىدىغان، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىققا رىئايە قىلمايدىغان، كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان، ھارامنى يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق مىللەت ئىدۇق. بىزگە بىز نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، ئىپپىتىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. ئۇ بىزنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، ھارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بىزنى زىنا - پاھىشىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىزنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، روزا تۇتۇشقا ئەمر قىلىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىنىڭ يادروسى ئەخلاق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» «ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ كۆپى تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقتۇر»[2]، «مەن ئەخلاقى گۈزەل بولغانلارنىڭ جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك قەسىرگە كىرىشىگە كاپالەت قىلالايمەن»[3].

## تەقۋالىق دىندارلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر

تەقۋالىق دىندارلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدە تەقۋا بولغاندىلا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۈرۈن ئۈچ قىتئەدە ھۆكۈم سۈرگەن كۈچلۈك مۇسۇلمانلار ھازىرقى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلاردەك ئېغىزىدا ئەمەس، بەلكى ئەمەلدە مۇسۇلمان ۋە ھەقىقىي دىندار ئىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى قومانداندان ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغاندەك تاپشۇرۇپ ئېلىپ دەرھال ئورۇندايتتى.

---

[1] دوكتور راغىب سەرجانىنىڭ لېكسىيەسىدىن.

[2] ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

تەقۋالىقنىڭ ئەڭ ئىخچام مەنىسى: ئاللاھتىن قورقۇش ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ــ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى باشقىلارغا سېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى زىيانغا ئۈچرىتىپ بۇ مالنى ماختاپ ئۇنىڭ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر- بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىر ــ بىرىڭلارغا تۇزاق قۇرۇشماڭلار، بىر- بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە مۇھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار ۋە ھېقىر كۆرمەيدۇ. تەقۋالىق مانا بۇ يەردە». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق مانا بۇ يەردە!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. گويا يۈقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق قاتارىدىن سانىغان. ئۇ يەنە: «ئىنساننىڭ بىرەر مۇئمىن قېرىندىشىنى خار كۆرۈشى ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر، مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى بوزەك قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال ــ مۈلۈكىگە ۋە نومۇسىغا تېگىش ھارامدۇر»[9] دېگەن. بىراۋنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى ئۇنى يۇقىرىقى گۇناھلاردىن توسالمىسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ قىلچە پايدىسى يوقتۇر. مۇنداق ئىبادەت ئۇنىڭغا يا دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە قىلچە ئەسقاتمايدۇ.

# قازاقستان سەپىرىم ...

قازاقىستان مەن ئۈچۈن ئانا ۋەتىنىمدىن قالسا ئەڭ سۆيۈملۈك دۆلەت. چۈنكى پەرزەنتلىرىم شۇ گۈزەل زېمىندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى. مەنمۇ ئۇ جايدا ئون يىلغا يېقىن ياشىدىم.

قازاقىستان خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقى، كۆڭلى- كۆكسىنىڭ كەڭلىكى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە تىرىشچانلىقى ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە تېگىشلىك. قازاقىستان ناھايىتى چىرايلىق بىر دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. ياپ يېشىل مەنزىرىسى كۆڭۈلنى يايرىتسا، ساپ ھاۋاسى تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاش ئېتىبار بېرىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىلىم- پەنگە ئەھمىيەت بېرىش، قايسى مىللەتتىن بولسۇن ئىختىساس ئىگىلىرىنى قەدىرلەش ۋە ئۇلارغا ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىش دېگەندەك ياخشى سىياسىتى نەتىجىسىدە، ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ھەر جەھەتتە پەن- تېخنىكىلىشىش، شەھەر قۇرۇلۇشىنى يېڭىلاش قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

نۆۋەتتىكى زىيارىتىمىز ئەسناسىدا قازاقىستاندىكى كۆپلىگەن ئۆزگىرىشلەرنى كۆردۇق. رەتلىك سېلىنغان ئېگىز بىنالار، پاك- پاكىز مەكتەپلەر، مەسجىدلەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنارىلار، ئاۋات كوچىلار، قايناپ تۇرغان بازارلار ھازىرقى تەرەققىياتنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

بىزنى ئالمۇتا ئايروپورتىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك پەرزەنتى، «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆرمەتلىك گىرەجدانى» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن، دىنىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ جانكۆيەرى، پىرمۇھەممەد ھاجىم ئوغلى دىلمۇرات قۇزىيېۋ ئاكام، دوستى قۇددۇس ئوغلى ماھمۇدوۋ تۇرغانجان، پولكوۋنىك جاقسىلىكوۋ ئايبول، شوپىرى ھاشىم ئوغلى قاسىموۋ ئىلىم قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە كۈتۈۋالدى، ئاندىن تاغ باغرىدىكى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. شۇ كۈنى چۈشكىچە تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى بىر قاتار قىسقا زىيارەت قىلىپ چىقتۇق، ئاندىن چۈشتىن كېيىن، دىلمۇرات ئاكام بىلەن بىللە ئالمۇتا شەھرىدىكى باغچىلارنى كەزدۇق.

بىزنىڭ قازاقىستاندىكى ئاساسلىق زىيارىتىمىز مەكتەپلەرنى، مەسجىدلەرنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىمگاھلىرىنى زىيارەت قىلىش بىلەن باشلاندى. ئاندىن تۇغقانلارنى، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىكى يۇرت چوڭلىرىنى يوقلاش، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىش، سۆھبەتلىشىش دېگەندەك پائالىيەتلىرىمىزنى قىلدۇق.

## سۇلتانقورغان مەھەللىسىدىكى 101- ئۇيغۇر مەكتىۋىدە

بىر كۈنى ئەتىگەن سۇلتانقورغان مەھەللىسىدىكى 101- ئۇيغۇر مەكتىپىدە زىيارەتتە بولدۇق. مەن بۇرۇنمۇ بۇ مەكتەپنىڭ داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. چۈنكى ئۇ ئالمۇتا شەھىرى بويىچە 16- گىمنازىيە دەپ باھالانغان ئەڭ سۈپەتلىك مەكتەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. بىز دىلمۇرات ئاكام بىلەن بۇ مەكتەپنى ئالاھىدە زىيارەت قىلىشقا باردۇق. مەكتەپ ئالدىدا بىزنى مەكتەپ مۇدىرى خۇرشىدە خانىم ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. ئاندىن مەكتەپنى تولۇق تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بارلىق سىنىپلىرىنى، تەجرىبىخانىلىرىنى ۋە زاللىرىنى زىيارەت قىلدۇردى. ئاندىن مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

101- ئۇيغۇر مەكتىپىدە 1200 ئوقۇغۇچى، 130 مۇئەللىم بار بولۇپ، 1- سىنىپتىن 11- سىنىپقىچە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى پۈتۈنلەي ھەقسىز بولۇپ، ئۇنى قازاقىستان دۆلىتى تەمىنلەيدىكەن. مەكتەپ دۆلەت تەرىپىدىن يېقىندا تولۇق رېمونت قىلىنغان ۋە ئەڭ ئالىي ئوقۇتۇش قوراللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، سىنىپلار پاك- پاكىز ۋە رەتلىك ھالدا پارقىراپ تۇرغان، مەكتەپ ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارغا بارلىق ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بېرىلگەن. ھەتتا مېيىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە خىزمەت ھازىرلانغان، كۆزى كۆرمەيدىغان باللارنى ماڭىدىغان يوللىرى، ئىشلىتىدىغان قوراللىرى ئەڭ ئوڭاي شەكىلدە ھازىرلاپ بېرىلگەن. مەكتەپنىڭ كىرىشىدىكى تاختىغا مەكتەپكە غەمخورلۇق قىلىدىغان ۋە ھەر تۈرلۈك ياردەملەر قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ رەسىملىرى ئېسىلغان بولۇپ، دىلمۇرات قۇزىيېۋ ئاكىمىزنىڭ رەسمى ئەڭ ئالدىغا تىزىلغان.

مېنىڭ بۇ مەكتەپنى كۆرۈپ ھەممىدىن بەك تەسىرلەنگەن يېرىم قازاقىستان دۆلىتىنىڭ غەمخورلۇقى، قازاقىستاندىكى ھەممە مىللەتكە كۆڭۈل بۆلگەندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ مەكتەپلىرىگە، تىل- يېزىقىغا ۋە مەدەنىيەت- سەنئەتلىرىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ياردەمسۆيەر كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتا تىلىدا بىلىم تەھسىل قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇلارغا

ھەر تەرەپتىن ياردەم قولىنى سۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقى بولدى.

قازاقىستاندا ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن بۇ ئىمكانىيەتلەر دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە يوق. چۈنكى ئالمۇتا ۋىلايىتى تەۋەسىدە 80 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر مەكتىۋى بار، ئۇيغۇرلار كۆپ بولمىغان جايلاردىكى رۇس ۋە قازاق مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇر سىنىپلىرى بار. بۇ مەكتەپلەرنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىنى دۆلەت تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تىلىدىكى گېزىت- ژۇرناللارمۇ دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن داۋاملىشىپ كەلمەكتە. يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ۋە ئۇيغۇر سەنئەت ۋە مۇزىكا مەكتىۋى قاتارلىقلارمۇ دۆلەت تەرىپىدىن تەمىنلىنىدۇ. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى دۆلەت خىراجىتى بىلەن باستۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، 2016- يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» بۇنىڭ مىسالى. مەن بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە ۋە خەلقىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتتىم.

### سۇلتانقورغان «ئالى مۇھەممەد مەسجىدى»دە

بىز 101- ئۇيغۇر مەكتىدىكى زىيارىتىمىزنى تۈگىتىپ، شۇ كۈنى پېشىن نامازنىڭ ئالدىدا سۇلتانقورغان «ئالى مۇھەممەد مەسجىدى»دە بولدۇق. دىلمۇرات ئاكام، قۇربانجان، نىزامىدىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سۇلتانقورغان جامائىتى بىزنى كۈتۈۋېلىشقا ھازىر بولۇپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار بىزنى مەسجىدنىڭ ھويلىسىدا ئۇلار بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. شۇ مەسجىدنىڭ ئىماملىرىدىن مۇھەممەد قاسىم ھاجىم، قانات ئەلى، يەنە بىر مەسجىدنىڭ ئىمامى ئابدۇلخەبىر ھاجىم، تاغىمىز نۇرمۇھەممەد ھاجىم، ژۇرنالىست شەمشىدىن ئايۇپ، ئالىمجان، ئابدۇلئەھەد ھاجىم قاتارلىق 40تىن كۆپرەك كىشى بىلەن كۆرۈشتۇق. يەنە نۇرغۇن ئاياللار كەلگەن بولۇپ، ئۇلار مەسجىدنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بىزگە سالام بەردى. ئۇ كۈنى مەسجىدنىڭ ئىچى ۋە ھويلىسى تولۇپ توشقان بولۇپ، خۇددى جۈمە كۈنىنى ئەسلىتەتتى. بۇ كۈندە شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ مەسجىدنىڭ ھويلىسىغا توپلىنىشى ئۇلارنىڭ بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى بىز بۇنىڭدىن بۇرۇن دىلمۇرات ئاكام بىلەن نۆۋەتتىكى ئالمۇتا زىيارىتىمىزنىڭ كۈن تەرتىپىنى تۈزۈپ بولغان ئىدۇق. شۇڭا بىز قازاقىستانغا كېلىشتىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى تۈركىيەدىكى ۋاقتىمدىلا بەزى توپلاردىن بىزنىڭ 14- ئىيۇن كۈنى «ئالى مۇھەممەد مەسجىدى»دە ۋە 15- ئىيۇن كۈنى دوستلۇق مەھەللىسىنىڭ چوڭ مەسجىدىدە زىيارەتتە بولىدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق خەۋەرلەر كەلگەن ئىدى.

سۇلتانقورغان مەھەللىسىدىكى «ئالى مۇھەممەد مەسجىدى» مەرھۇم پىرمۇھەممەد ھاجىم ئاتىمىزنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر جامائىتى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان مەسجىد بولۇپ، قازاقىستان مۇستەقىللىقىدىن كېيىن، تۇنجى قېتىم سېلىنغان مەسجىد ھېسابلىنىدۇ. بىز پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن مەسجىدكە يىغىلدۇق. ئاندىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ نائىب مۇفتىسى سۆز باشلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇلخەبىر ھاجىم، دىلمۇرات ئاكام سۆزلىگەن بولدى. ئاندىن پېقىر سۆزگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئەسىر سۈرىسىنىڭ تەپسىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئاخىرىدا دىلمۇرات ئاكام بىلەن قۇربانجان سۇلتانقورغان جامائىتى نامىدىن ماڭا تون كىيگۈزدى. نامازدىن كېيىن مەسجىدنىڭ ھويلىسىدا ئايال جامائەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش بولدى ۋە خاتىرە سۈرەتلىرىنى قالدۇردۇق.

## ئالمۇتا شەھىرىدىكى مۇزىكا ئىنستىتوتىدا

مەن ئالمۇتا شەھەرلىك مۇزىكا ئىنستىتوتى ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغان بولسامۇ، ئۇنى كۆرۈش نېسىپ بولمىغان ئىدى. بۇ قېتىم دىلمۇرات ئاكاملار بىلەن بىللە بۇ ئىنستىتوتىدا زىيارەتتە بولدۇق. بىزنى ئىنستىتوتنىڭ كىرىشىدە ئۇيغۇر مۇزىكا سىنىپىنىڭ ئۇستازى ماناشۇۋ سابىرجان سىيتاخۇن ئوغلى كۈتۈۋالدى. ئىنستىتوتنىڭ مۇدىرى كومپوزىتور ھاسان غالىيېۋ بېرجان ئىسكەندەر ئوغلى بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئىنستىتوتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى توغرۇلۇق تەپسىلى مەلۇمات بەردى. ئاندىن ئۇيغۇر مۇزىكا سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى زىيارەت قىلدۇق، ئۇلار بىزگە مۇزىكا نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ بەردى. ئۇيغۇر سىنىپىدىكى بالىلار ھەقىقەتەن ئەقىللىق ۋە تالانتلىق بالىلار ئىكەن. بىز ئۇلاردىن ۋە ئورۇنداپ بەرگەن مۇزىكا نومۇرلىرىدىن كۆپ مەمنۇن بولدۇق.

ئاخىرىدا، ئىنستىتوت مۇدىرى ھاسان غالىيېۋ بېرجان ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا سىنىپىنىڭ ئۇستازى ماناشۇۋ سابىرجان دىلمۇرات ئاكامنىڭ بۇ ئىنستىتوتقا ھەمىشە ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتى.

## ئالمۇتا دوستلۇق مەھەللىسىدە

شۇ كۈنى ئالمۇتا دوستلۇق مەھەللىسىنىڭ چوڭ مەسجىدىدە بولدۇق. مەسجىدنىڭ كىرىشىدە بىزنى شۇ مەھەللىنىڭ يىگىت بېشى ئازاد ئاكا، ئازتېكىن ئاكا، قاسىمھاجىم ئاكا قاتارلىق چوڭلار جامائەتلىرى بىلەن بىرلىكتە قىزغىن قارشى ئالدى. ناماز پېشىندىن كېيىن، شۇ مەسجىدكە يېقىن بىر رېستورانغا تەكلىپ قىلىندۇق. ئۇ جايدا غىزالانغاچ مەھەللە خەلقى بىلەن ئۆزئارا تونۇشتۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەھەللىنىڭ چوڭى مىرسىلىم ئاكا، يىگىت بېشى ئازاد ئاكا، ئازتېكىن ئاكا، سادىقجان يۇنۇسوۋ ئاكا، قەھرىمان غوجامبەردى، غوجەخمەت ئاكا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دولقۇنتاي ھاجىم، يادىكار ئاكا، قاسىمھاجىم ئاكا يالقۇنجان قارىم، بەختجان ئىمام قاتارلىقلار ئارقا- ئارقىدىن سۆزگە چىقىپ ياخشى سۆزلەرنى قىلدى، ئۇلار ئاندىن پېقىرغا تون كىيگۈزۈپ ھۆرمىتىنى بىلدۈردى.

*ئەسكەرتىش:*

ئالمۇتا شەھىرى دوستلۇق مەھەللىسىنىڭ يىگىت بېشى ئازاد ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى ئازتېكىن ئاكا 1944- ۋەتىنىمىزدە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ باش كاتىبى مەرھۇم ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمىنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، بۇ كىشىلەر ئاتىسىدىن ئالغان ياخشى تەربىيەنىڭ نەتىجىسىدە خەلقىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلەش رولىنى ئويناپ كەلمەكتە. پېقىر 1995- يىلى مەرھۇم ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمىي ئاتىمىز بىلەن كۆرۈشكەن ۋە دادام بىلەن بىرلىكتە ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ، ئۇنىڭ ئۇنتۇلماس سۆھبەتلىرىنى تىڭشىغان ئىدۇق. ئۇ زات ئۆز ۋاقتىدا پېقىرنىڭ قازاقىستاندا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان كىتابى «ئىسلام ئەقىدىلىرى»نى كۆرۈپ چىقىپ ياخشى باھالارنى بەرگەن ئىدى.

سادىقجان يۇنۇسوۋ ئاكا بىزنىڭ يېزىقىمىزدىكى كىتابلارنى كىرىلچە ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆرۈپ نەشر قىلىشتا پېقىر بىلەن 20 يىلدىن بېرى ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتقان ئاكادېمىك ئالىم، يازغۇچى ئۇستاز.

يادىكار سابىت ئاكا بولسا ئۆز ۋقتىدا «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىگە يازغان ماقالىلىرىمنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ نەشرىگە ھازىرلايتتى.



## سارى ئاغاچ سەپىرى

مەن بۇ قېتىم ئالمۇتا سەپىرىمگە چىقىشتىن بۇرۇن ئاي بۇرۇن دىلمۇرات ئاكام مەندىن ئالمۇتىنىڭ سىرتىدا قانداق جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىم ھەققىدە سورىۋىدى. ئۇنىڭغا ۋاقتىم بولۇپلا قالسا، چىمكەنت تەۋەسىدىكى سارى ئاغاچ ساناتورىيەسىگە بېرىشنى خالايدىغانلىقىمنى ئېيتقان ئىدىم. شۇنىڭغا ئاساسەن، دىلمۇرات ئاكام ئۆز ئائىلىسى بىلەن مېنىڭ ئائىلەمنى شۇ جايغا تىزىملىتىپ قويغان ئىكەن.

بىز دىلمۇرات ئاكاملار بىلەن سارى ئاغاچ ساناتورىيەسىگە بېرىشنى نىشانلاپ چىمكەنتكە يولغا چىقتۇق. چىمكەنتكە يېتىپ بارغىنىمىزدا، سارى ئاغاچ رايونلۇق ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى ئەيسا ئوغلى قۇربانوۋ ئاسخات، سارى ئاغاچ چېگرا قوغداش قىسمىدىكى پىداجان ئوغلى پولكوۋنىك رەشىتوۋ ئەزىز قاتارلىقلار چىمكەنت ئايروپورتىغا بىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىققان ئىكەن. ئۇلار بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئاندىن دىلمۇرات ئاكامغا: «بىز سىزنىڭ نامىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان ۋە بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ، بۇ بىزگە نېسىپ بولمىغان ئىدى. مانا بۈگۈن سىزنى ئەزىز مېھمان بىلەن بىللە كۆرۈپ بەك خۇشال بولدۇق» دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار بىزنى سارى ئاغاچ رايونىغا ئېلىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇردى، ئەتىسى بىزنى سارى ئاغاچتىكى كۆرۈشكە تېگىشلىك جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ساياھەت قىلدۇردى. بىز سارى ئاغاچ رايونىدىكى ساناتورىيەدە بىر ھەپتە قالدۇق. بۇ جەرياندا شۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تونۇشتۇق، ھەتتا ئاسخاتنىڭ ئوغلىنىڭ تويىغا قاتنىشىپ شۇ جايدىكى ئۇيغۇرلاردىن كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشۇش ۋە مۇڭدىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق. توي مۇراسىمى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، زال ئۇيغۇرچە بېزەلگەن ۋە ساپ ئۇيغۇرچە كىيىنگەن ئۇيغۇر ياشلىرى تويغا باشقىچە مەنا قوشقان.

قازاقىستاندا ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بىرى، ھەرقايسى شەھەر، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزىلاردا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغانلىقى، قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەممە يەردە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بار ئىكەن. بۇ مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئورۇنلاشقان رايون، مەھەللەرنى بەش قولدەك بىلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ سانىنى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى دەپ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن. مەن بۇ ئىشتىن بەك سۆيۈندۈم.

مېنىڭ بۇ قېتىمقى قازاقىستان سەپىرىمدە مېنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگەن ئىشلارنىڭ بىرى دىلمۇرات ئاكاملارنىڭ ئۆيىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان شۆكۈر چاي بولدى.

## قازاقىستاندا قۇربان ھېيت

ھېچقانداق ھېيت ئانا ۋەتىنىمىزدە ئۆتكۈزگەندەك ھېيتتەك بولمايدىغانلىقى بىر ھەقىقەت. شۇنداقتىمۇ قازاقىستاندا ھېيت ئۆتكۈزۈش ئانا ۋەتەندە ھېيت ئۆتكۈزگەندىن قېلىشمايدىغان خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. مېنىڭ قازاقىستان ھېيت ئۆتكۈزمىگىنىمگە يىگىرمە يىلغا يېقىن بولۇپ قالغانلىقتىن، ئاشۇ جايدا

ھېيتيت كۈنلىرىدە خەلقىم بىلەن بىللە بولۇشنى بەكمۇ ئارمان قىلغان ئىدىم. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇ يىل قۇربان ھېيتنى ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ھېيت نامىزىنى سۇلتانقورغان مەھەللىسىدىكى «ئالى مۇھەممەد مەسجىدى»دە ئوقۇدۇق. ھېيت نامىزى بىلەن خۇتبىنىڭ تۈگىشىگە مەسجىد مۇنارىسىدىن ناغرا، سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى. بۇ ياڭراق ئاۋاز مېنى ئانا ۋەتىنىمدە بولغاندەك ھېس قىلدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ قۇربانلىق قىلىشقا كىرىشتۇق. چەتئەلگە چىقىپ تۇنجى قېتىم بۇرۇن باللىق چېغىمىزدا كۆرگەن ئادىتىمىز بويىچە، پەرزەنتلىرىمنى چاقىرىپ، قۇربانلىق قوينىڭ ئۇچىسىنى ھەممە بىرلىكتە تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى بوغۇزلىدۇق. بۇ بىز ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق ۋە ئۇنتۇلماس خاتىرە بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەھەللىدە ھېيتلاشقا باشلىدۇق. قازاقىستاندىكى گۈزەل ئادەت بويىچە ھېيتلاپ كىرگەن ئۆيدە ئالدى بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىدۇ، ئاندىن دۇئا قىلىپ، داستىخانغا باقىدۇ. قوشنىلارنىڭ ئۆيلىدىن بىر ئۆينىمۇ چالا قويماي، ھەممە ئۆينى رەت بىلەن ھېيتلاپ چىقتۇق. بىزگە مېھمان كەلمەيدىغۇ دەپ ئىشىكلىرىنى ھەم يېپىپ ئۆيدە ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭمۇ ئىشىكلىرىنى قېقىپ، «ھېيتلاپ كەلدۇق» دېگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆردۈم. ئاندىن ئۆيلىرىگە كىرىپ قۇرئان ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۇلارنىڭ چىرايىدا جىلۋىلەنگەن مەمنۇنىيەت ۋە خۇشاللىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بولدۇق. بەزى ئائىلىلەردە مېنىڭ كىتابلىرىمنى ئۇچراتتىم. بولۇپمۇ «دىن ۋە ھايات 2000 سوئالغا جاۋاب» دېگەن كىتابىم كۆپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە بار ئىكەن. ئالمۇتا شەھرى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلاردىكى مەن بارغان مەسجىدلەرنىڭ ھەممىسىدە «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق ئەسىرىمنى ئۇچراتتىم. بۇ ئەھۋال مېنى ئىنتايىن خۇرسەن قىلدى.

## شۆكۈر چاي

قازاقىستاندىكى زىيارىتىمىزنىڭ ئىككىنچى كۈنى دىلمۇرات ئاكام ماڭا: «بىز ھەر يىلى دادام پىرمۇھەممەد ھاجىم ئائىلىسىدىكى بارلىق قېرىنداشلىرىم ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن جەم بولۇپ، شۆكۈر چاي پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتۇق. بۇ يىل سىز قازاقىستانغا كەلدىڭىز. سىزنى مۇشۇ پائالىيەتكە دەۋەت قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قازاقىستاندا تونۇلغان خەلق ئارتىسى گۈلۋېرا رازىيېۋا خانىمنىڭ سىزنى كۆرۈش ئارزۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى دەۋەت قىلىۋىدىم، دەۋىتىمنى ناھايىتى خۇشاللىق ئىچىدە قوبۇل قىلدى. شۇڭا سىزمۇ ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز» دېدى. مەنمۇ بۇ دەۋەتنى خۇشاللىق بىلەن

قوبۇل قىلدىم. ئەتىسى ئائىلەم بىلەن بىرلىكتە دىلمۇرات ئاكامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بۇ گۈزەل پائالىيەتكە قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشتۇق. بىز ئىشىكتىن كىرىشىمىزگە دىلمۇرات ئاكام بارلىق ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ھەممىسى ئۇيغۇرچە چىرايلىق كىيىنگەن ھالدا بىزنى قىزغىن چاۋاكلار بىلەن قارشى ئالدى. ئاندىن باشقا مېھمانلار كېلىپ بولغۇچىلىك باغچىنى ئايلىنىپ چىقتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەممە بىردەك داستىخانغا ئولتۇردۇق. بىزنىڭ بۇ كۈنىمىز ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ۋە تولىمۇ مەنىلىك ئۆتتى. شۈكۈر چاي پائالىيىتىدە. ئاخىرىدا دىلمۇرات ئاكام ماڭا تون كىيگۈزۈپ ھۆرمىتىنى بىلدۈردى. مەن بۇ شۈكۈر چاي پائالىيىتىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم، بۇنىڭدىن چەكسىز خۇرسەن بولدۇم ۋە چوڭقۇر تەسىرلەندىم. دىلمۇرات ئاكامغا بىزنى ئۆز ئائىلىسىگە قوشۇپ بۇ گۈزەل پائالىيەتكە دەۋەت قىلغانلىقى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

شۈكۈر چاي ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

شۈكۈر چاي قۇزىيېۋلار ئائىلىسىگە خاس يىللىق پائالىيەت بولۇپ، بۇ ئائىلىگە تەۋە بولمىغانلار قاتناشمايدۇ. پائالىيەت بىر كۈن داۋاملىشىدۇ، ئۇنىڭغا مەرھۇم پىرمۇھەممەد ھاجىمنىڭ پەرزەنتلىرى بارلىق ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ھازىر بولىدۇ. ئائىلىنىڭ چوڭلىرى مېھمان سۈپىتىدە قاتنىشىدۇ، باللار خىزمەت قىلىدۇ. مېھمانلارنى كۈتۈش، داستىخانلارنى راسلاش، تائاملارنى تەييارلاش ۋە مېھمانلارغا خىزمەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قۇزىيېۋلار ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئايالار تائاملارنى ھازىرلايدۇ، باللار مېھمانلارغا تەقدىم قىلىدۇ ۋە خىزمەت قىلىدۇ. مېھمانلار غىزالىنىپ ئولتۇرۇپ باللارنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى كۆرىدۇ. قۇزىيېۋ ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇسسۇل ئويناشنى ۋە ناخشا ئېيتىشنى بىلىدۇ. ئۇلار مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ سەھنىگە چىقىدۇ، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ۋە ناخشىلارنى مۇكەممەل ئورۇندايدۇ ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى، ھەتتا قازاقچە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ۋە ناخشىلارنىمۇ ئورۇنلايدۇ. ئۇلارنى سەھنىدە كۆرگەن كىشى ئارتىستلارمىكىن دەپ قالىدۇ.

شۈكۈر چايغا چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئۇيغۇر مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ كېلىشى شەرت قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار مەلۇم مىقداردا تۆلەم تۆلەيدۇ. شۇڭا ھەممىسى ئەڭ گۈزەل مىللىي كىيىملىرى بىلەن كېلىپ شۈكۈر چايغا ھازىر بولىدۇ. مېھمانلار غىزالىنىپ بولغان ۋە باللار تەييارلىغان سەنئەت نومۇرلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، مۇسابىقە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئارغامچا تارتىشىش، ئۇزاققا يۈگرەش، سەكرەش ئويۇننى ئويناش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، ئېسىلىش، توپ ئويناش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاخىرىدا مۇسابىقە باھالىنىپ ئۇتۇپ چىققانلارغا مۇكاپات ۋە تەقدىرنامە بېرىلىدۇ.

شۇ كۈندىكى مۇسابىقىگە ئايالىم زەيتۇنەممۇ قاتناشقان بولۇپ، دىلمۇرات ئاكامنىڭ قولىدىن تەقدىرنامە ئېلىش شەرىپىگە ئېرىشتى ۋە ناھايىتى خۇشال بولدى.

شۈكۈر چاي پائالىيىتى دىلمۇرات قۇزىيېۋ ئاكىمىزنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، بۇ پائالىيەتكە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ چىقىملىرىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ. دىلمۇرات ئاكىمىز قۇزىيېۋلار ئائىلىسىدىكى ئوغۇللارنىڭ چوڭى ۋە ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ئالاھىدە يۇقىرى بولغانلىقتىن، بارچە ئائىلە ئەزالىرى ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ. شۈكۈر چاي يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن گۈزەل ئادەت. بۇ گۈزەل ئادەتنىڭ قۇزىيېۋلار ئائىلىسىنىڭ بىرلىكىنى، ئىناقلىقىنى ۋە قېرىنداشلىقىنى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇرۇق- تۇغقانلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە ۋە تۇغقاندارچىلىقنى قوغداشقا بۇيرۇغان. مەلۇمكى، تۇغقانلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش ۋە تۇغقاندارچىلىقنى قوغداشنىڭ يوللىرىدىن بىرى ئىزدىشىپ تۇرۇش، بىر- بىرىنى يوقلاپ تۇرۇش، پات- پات بىر يەرگە جەم بولۇش قاتارلىقلاردۇر. شۇڭا دەيمەنكى، دىلمۇرات ئاكام يولغا قويغان بۇ شۈكۈر چاي پائالىيىتى ھەربىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە بولۇشقا، ھەربىر ئۇيغۇر كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ياخشى پائالىيەت ئىكەن.

شۈكۈر چاينىڭ ئاتىلىشى

مېنىڭ ھەممىدىن بەك دىققىتىمنى تارتقان ئىش بۇ گۈزەل پائالىيەتنىڭ «شۈكۈر چاي» دەپ ئاتىلىشى بولدى. بۇ ناھايىتى جايىدا تاللانغان بىر ئاتالغۇ ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆمۈر ۋە تەن ساقلىق بېرىپ، ھەممە ئائىلە ئەزالىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ خۇشال بولىدىغان بۇنداق بىر پۇرسەتنى ئاتا قىلغانلىقى ئەلۋەتتە شۈكۈرنى تەقەززا قىلىدىغان كاتتا نېمەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن ئائىلە ئەزالىرى ھەممە بىرلىكتە بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش نېمىدېگەن كاتتا ئىبادەت- ھە! ئاللاھ تائالادىن دىلمۇرات ئاكىمىزنى نېمەتكە شۈكۈر قىلىدىغان ئۈلگىلىك بەندىلەردىن قىلىشىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق تىلەكلىرىنى ئېرىشىنى تىلەيمەن.

## شۈكۈر چاي تەسراتلىرى....

شۈكۈر چاي پائالىيىتىنى ھەر يىلى قىلىپ كېلىۋاتقان قۇزىيېۋ ئائىلىسىگە نىسبەتەن بۇ يېڭىلىق سانالمىسىمۇ، ماڭا ئوخشاش سىرتتىن قاتناشقا ۋە تۇنجى قېتىم بۇنداق گۈزەل پائالىيەتنى كۆرگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە بىر يېڭىلىق ۋە تولىمۇ تەسىرلىك بىر ئىش ئىدى. بولۇپمۇ، پائالىيەتنىڭ قۇزىيېۋلار

ئائىلىسىدىكى پەرزەنتلەردىن بىرىنىڭ قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشى، ئاندىن ئائىلىنىڭ يېتەكچىسى بولغان دىلمۇرات ئاكمىزنىڭ دۇئا قىلىشى بىلەن باشلانغانلىقى كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى. دىلمۇرات ئاكامنىڭ دەپ بېرىشىچە، قۇزىيېۋ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىكەن ۋە ھەممىسىنىڭ قۇرئان ساۋادى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاماكا چېكىدىغان ياكى ھاراق ئىچىدىغانلار يوق ئىكەن. پەرزەنتلەر ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى گۈزەل ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلىدىغانلىرى كۆپ بولغاندەك، ھەممىسى مىللىي سەنئىتىمىزنى ياخشى بىلىدىكەن.

قۇزىيېۋلار ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتلىرىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئاسراش ۋە يېتەكلەش روھى ئۈستۈن بولۇپ، ئۆز ئارىسىدىكى ئىناقلىقىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىي ۋە مىللىي قائىدە- يوسۇنلىرىمىزنى مۇكەممەل بىلىدىغان بولۇپ، ھەربىر ئىشنى ئۆز لايىقىدا ۋە ۋاقتىدا قىلىدىكەن.

دىلمۇرات ئاكامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بىر يىلىسى ئۇنىڭ داغىستانلىق دوستلىرى شۈكۈر چاي پائالىيىتىگە قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار بۇ پائالىيەتتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن، ئاندىن ۋەتىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەربىرى ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە بۇ پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلگەن. ئەمما ئۇلار بىرەر ھەپتىدىن كېيىن، دىلمۇرات ئاكامغا تېلېفون قىلىپ، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنى بۇنداق بىر چايغا توپلاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىمۇ بىر ئارىغا يىغالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، «سەندە قانداق سېھىر بار؟ سەن بارلىق ئائىلە ئەزالىرىڭنى قانداق قىلىپ مۇشۇنداق ۋاقتى- سائىتىدە يىغىلىدىغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرەلىدىڭ؟» دەپ سورىغان ئىكەن. ئېنىقكى، بۇنداق بىر چوڭ پائالىيەتنى قىلىش ئۈچۈن، كۆپ مەبلەغ، كۆپ ۋاقىت، كۆپ زېھىن سەرپ قىلىش، كۆپ ئىشلەش ۋە قەتئىي ئىرادە كېتىدۇ. شۇڭا كۆپلىگەن كىشىلەرنى بۇنى ئويلاشقان بولسىمۇ، ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس.

شۈكۈر چاي پائالىيىتى جەريانىدا بارلىق خىزمەتلەرنى، كۈتۈشلەرنى قۇزىيېۋلار ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بىرەرمۇ ئىشچى تەلەپ قىلمايدۇ. پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىدىغان باغچىغا چېدىرلارنى تىكىش، داستىخانلارنى ھازىرلاش، مېھمانلارغا مۇلازىمەت قىلىش، كېيىن داستىخان ۋە چېدىرلارنى يىغىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ پەرزەنتلەر ئۆزى قىلىدۇ. دىلمۇرات ئاكام ئۇلارنى ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن قانداق ياخشى يېتىشتۈرگەن بولسا، جىسمانىي جەھەتتىنمۇ كۈچلۈك ۋە چىدامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرگەن. مەن بۇ باللارنىڭ تورنىكلارغا ئېسىلىش ۋە كۈچ سىنىشىش ئويۇنلىرىنى كۆرۈپ،

ئۆلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. چۈنكى، دىلمۇرات ئاكام ئۆز پەرزەنتلىرىنى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن تەربىيەلەيدىكەن، تەتىل كۈنلىرىدە بولسا ئۆلارنى ئۆزىنىڭ زاۋۇدىدا ئىشلىتىدىكەن. شۇڭا بۇ بالىلار جاپادىن ۋە ئېغىر ئىشلارنى قىلىشتىن قەتئىي قورقۇپ قالمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بالىلار ئىنتايىن كەمتەر، تولىمۇ ئەقىللىق ۋە قائىدە- يوسۇنلۇق چوڭ بولغان بولۇپ، ئۆلاردا: «بىز باينىڭ بالىلىرى» دەپ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش خاھىشى ياكى ھورۇنلۇق دېگەندەك ئىللەتلەر قەتئىي يوق ئىكەن. كەلگەن ھەربىر مېھماننىڭ ماشىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە تۆۋەنچىلىك بىلەن سالام قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشى، كىچىك پېئىللىقى، كەمتەرلىك بىلەن خىزمەت قىلىشى بۇنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ، قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى دىلمۇرات ئاكامlar بىلەن ھېيتلىغان كۈنىمىزدە، دىلمۇرات ئاكامنىڭ نەۋرىسى ئېرىكنىڭ بىز ماشىنىغا يېقىنلىشىشتىن بۇرۇن بىزگە ئىشىكنى ئېچىپ تۇرۇشى، بىز چۈشۈشتىن بۇرۇن ئالدىمىزدا چۈشۈپ بىزگە ئىشىكنى ئېچىپ بىزگە خىزمەت قىلىشى مېنى ئىنتايىن بەك تەسىرلەندۈردى.

يەنە مېنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگەن ئىشلارنىڭ بىرى، دىلمۇرات ئاكامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ چوڭى بولغان دىنمۇھەممەدنىڭ چوڭ- كىچىك بارلىق قېرىنداشلىرىنى يېتەكلەش روھىغا ئىگە يېتىلگەنلىكى، ئۆلارغا بولغان مېھرىبانلىقى ۋە ھەممىسىنىڭ سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولغانلىقى ئىدى. بولۇپمۇ، دىنمۇھەممەدنىڭ بارلىق قېرىنداشلىرىغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشى، ئۆلارنى يېتەكلىشى ۋە ھەممىگە لايىقىدا مۇئامىلە قىلىشى كىشىنى ھاياجانغا سالماي قالمايدۇ. بۇنىڭدىن دىلمۇرات ئاكامنىڭ پەرزەنتلىرىنى مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋە دىنىي قائىدە- يوسۇنلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىر ئاتىنىڭ پەرزەنتلىرىنى مۇشۇ ھالەتتە كۆرگەنلىكىدىن ئارتۇق خۇشاللىق ۋە بۇنىڭدىن چوڭ سائادەت بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئاتا بۇ ۋاقىتتا پەرزەنتلىرىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىدىن تولۇق خاتىرجەم بولىدۇ ۋە ئالەمدىن ئۆتكەندىمۇ كۆزى ئارقىدا قالمايدۇ. پەرزەنتلىرىنى مۇشۇنداق تەربىيەلەپ يېتىشتۈرەلىگەن قانچىلىك ئاتا باردۇ؟!

بىز بۇ پائالىيەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، مەن پەرزەنتلىرىمنى، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيەلەشكە كۈچىگەن بولساممۇ، جىسمانىي جەھەتتىنمۇ يېتەرلىك تەربىيەلەپ چىقالمىغانلىقىمغا ئەپسۇسلاندىم، ئۆزۈمدىكى بەزى كەمچىلىكلەرنى ھېس قىلدىم ۋە پەرزەنتلىرىم ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن

ئىشــلاردا كىچىكىــپ قالغانلىقىمنــى بايقىدىــم.

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دىنىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىشى، شۇنداقلا كېيىنكى نەسىللەرگە ئۆز پېتى يەتكۈزۈشى ئۈچۈن، شۇكۇر چايغا ئوخشىغان مۇشۇنداق ياخشى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى ناھايىتى پايدىلىق ئىكەن دەپ ئويلىدىم. ئاللاھ تائالا بىز ئۇيغۇرلارغا ئۆز دىنىنى، تىلىنى، مىللىي ئەنئەنىسىنى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى قوغداش ئىمكانىيىتىنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن.

# ھايات سىناقتۇر

ھاياتىمىزنىڭ ھەربىر لەھزىسى ۋە ھەربىر سەھنىسى پەقەتلا ئىمتىھان ۋە سىناقتىن ئىبارەت بولۇپ، بىز ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىمىزدە، گەپ-سۆزىمىزدە ۋە يۈرۈش-تۇرۇشىمىزدا ھەرخىل تاللاشلارغا دۇچ كېلىمىز. بۇ تاللاشلارنىڭ ھەربىرى بىزنىڭ سىناقلىرىمىز بولۇپ، ئىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى سىناق ئۈچۈن ياراتقاندەك، ئاسمانلارنى، زېمىننى، شۇنداقلا بارلىق كائىناتنى بىزنىڭ سىنىقىمىز ئۈچۈن ياراتقان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى تۆۋەندىكى بىر قانچە ئايەتتە ئېنىق بايان قىلغان:

مۇلك سۈرىسىنىڭ بېشىدا مۇنداق دېگەن: ﴿تَبَارَكَ الَّذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ «(پۈتۈن كائىناتنىڭ) ھۆكۈمرانلىقى قولىدا بولغان ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئۇ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر» يەنى ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى ياراتقانلىقى سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، قايسىڭلارنىڭ ئەڭ ئىخلاسمەن، ئەڭ ئىتائەتمەن، ئەڭ تەقۋادار ئىكەنلىكىڭلارنى سىناش ئۈچۈندۇر. دېمەك، ئاللاھ تائالا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى ياراتتى. بۇ ھاياتلىق پەقەتلا سىناق مەيدانىدۇر.

ھۇد سۈرىسىنىڭ 7-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَهُوَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ وَكَانَ عَرْشُهُ عَلَى الْمَاءِ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ «ئاللاھ سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان زاتتۇر. (ئىلگىرى) ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى» يەنى زېمىندىكى ھەر نەرسىنى يارىتىش ۋە كائىناتتىكى شەيئىلەرنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بېرىش بىر تۈرلۈك سىناق بولۇپ، كىم نېمەتكە شۈكۈر قىلىدۇ ۋە كىم ئۇنى ئىنكار قىلىپ تۇزكورلۇق قىلىدۇ؟ بۇنى بىلىش ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىش، يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ يامانلىقىغا يارىشا جازا بېرىش ئۈچۈندۇر.

كەھف سۈرىسىنىڭ 6 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ «ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ قىلغان ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنى ھەقىقەتەن يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق» يەنى بىز كىمنىڭ ياخشى ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ يامان ئىش قىلىدىغانلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، يەر يۈزىدىكى ئىنسان، ھايۋان، تاغ، دەريا، ئۆسۈملۈك ۋە باشقا مەۋجۇداتنى بۇ زېمىننىڭ زىننىتى قىلىپ ياراتتۇق ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردۇق.

بىز ئۆزىمىزنىڭ دۇنياغا ئىمتىھان ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى ئىدراك قىلغان چېغىمىزدا، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز جەريانىدا ئالدىمىزغا چىقىپ تۇرىدىغان ھەربىر قىيىنچىلىقنىڭ ساۋاب قازىنىش پۇرسىتىمىز ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلىپ يېتىمىز. ئۆزىنى ئىمتىھاندا دەپ بىلگەن كىشىنىڭ بارچە غېمى بۇ ئىمتىھاندا قازىنىشتۇر. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خائىن خەنجىرى بىلەن شېھىت قىلىنىپ، نەپەس ئۈزۈش ئالدىدا «كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، قازاندىم» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ دۇنيا ھاياتىدا ئارزۇ-ئارمىنىغا يەتكەنلىكىنى، رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا شېھىتلىق مەرتىۋىسى بىلەن بېرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇئمىن ئادەم ھاياتىنىڭ ھەربىر لەھزىسىدە يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئىمتىھانلارنى ئۆزىدىكى مۇستەھكەم ئەقىدە ۋە قىممەت قاراشلىرى بىلەن قازىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىمانى ۋە ئەقىدىسى سايىسىدا توغرا بولغاننى قىلىدۇ، خاتا ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. ھاياتىنى مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرغان مۇئمىن ئادەمنىڭ ھەربىر نەپىسى ئىبادەت قاتارىغا يېزىلىپ مېڭىۋېرىدۇ. ئىسلام دىنىمىز بىزنى ئەنە شۇنداق ھاياتىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرغان مۇئمىنلەردىن بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

مۇئمىن ئادەم بالا-قازاغا سەۋر قىلىش ۋە نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە قازىنىدۇ، ھاياتىنى ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى قەلبى ئاللاھ تائالاغا باغلانغان ئادەم تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە بولغانلىقتىن، بالا، مۇسىبەت كەلسە ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدۇ، ئامەت كەلسە كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ، بەلكى ھەممىنى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن بىلىپ كۆڭلىنى تىندۇرىدۇ. ھاياتتىكى ئىمتىھانلار ۋە سىناقلار مۇئمىن ئادەمنى تاۋلايدۇ، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

دۇنيادا ئەڭ كۆپ جاپا تارتقان زاتلار پەيغەمبەرلەر بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارغا بۇ دۇنيانىڭ سىناق مەيدانى ئىكەنلىكىنى، ئەسلى ھاياتنىڭ ئاخىرەت ھاياتى

ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرەت يولىدىكى بىكەت ئىكەنلىكىنى ئۆگەتكەن. پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلگىلىك مۇئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ سىناقتا ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ سىناقلاردىن سالامەت ئۆتۈپ ئەسلى ھايات بولغان ئاخىرەتكە ساغلام قەلب بىلەن بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلگەن ۋە ﴿لِيَبْلُوَكُمْ﴾ «سىلەرنى سىناش ئۈچۈن» دېگەن ئايەتنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان زاتلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار جېنىنى، مېلىنى، ئۆمرىنى ۋە ھەر نەرسىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا ئاتىغان، بۇ دۇنيالىق ھېچ نەرسىسىگە تارتىشمىغان، ھېچ نەرسىنى ئاخىرەتتىن بەك ياخشى كۆرۈپ باقمىغان.

تۇرمۇشىمىز مەيلى باياشاتلىق ئىچىدە ئۆتسۇن، مەيلى جاپا ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتسۇن، ھەر ئىككىلىسى ئىمتىھان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەمنىڭ ھەر ئىككى ھالىتى ئىبادەت قاتارىدا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم باياشاتلىق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ، قىيىنچىلىق ۋە جاپالىق تۇرمۇشى ئۈچۈن سەۋر قىلىدۇ. شەكسىزكى، شۈكۈر بىلەن سەۋر ئىبادەتتۇر.

شۇڭا ھاياتقا ئىجابىيلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىمتىھان ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارمىغان ئادەم دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا ۋايسىمايدۇ، ئۇنىڭ پاراغەتلىرى بىلەن غەپلەتكە چۈشمەيدۇ.

دۇنياغا كەلگەن ھەربىر ئىنسان ئىمتىھان ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. بۇ ئىمتىھاندىن ھېچكىم مۇستەسنا ئەمەس، ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ مۇستەسنا ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بەندىسىنى بۇ ئىمتىھاندىن مۇستەسنا قىلمىغان. ئەڭ كۆپ ئىمتىھانغا تۇتۇلغانلار پەيغەمبەرلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرى ھەممىدىن كۆپ ۋە ئېغىر بولۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى بولغان.

ئىمتىھان قىلىنىش ۋە سىنىلىش ھەرگىز يامان ئىش ئەمەس، چۈنكى ئۇ قازىنىشقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىدۇر. ئەگەر ئۇ يامان نەرسە بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر ئىمتىھانلارغا تۇتۇلمىغان ۋە ھېچبىر جاپا تارتمىغان بولار ئىدى. ئەكسىچە، ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى ئەڭ چوڭ سىناقلارنى باشلىرىدىن كەچۈرگەن ئەزىمەتلەردۇر.

خۇلاسە كالام: ئەگەر بىز ھاياتىمىزنىڭ ھەربىر لەھزىسىنىڭ ۋە ھەربىر سەھنىسىنىڭ ئىمتىھان ۋە سىناق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىنىمىزدە، تۇرمۇشىتىكى تاللاشلىرىمىزدا توغرىلىقنى ۋە دۇرۇسلۇقنى تاللايدىغان، ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا ئۆزىمىزدىن تەسەللى تاپىدىغان ۋە ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان بەخت-سائادەت ئۈچۈن ئۆزىمىزنى تەييارلايدىغان كىشىلەردىن بولىمىز.

# قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى

قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە قىمامەت كۈنىگە ئىشىنىش ئۇنىڭ يادروسىدۇر. قىيامەت كۈنى — بۇ دۇنيا ھاياتى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە پانىي بولغاندىن كېيىن، ئاخىرەت ئىسىملىك يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشى دېمەكتۇر. قىيامەت كۈنى قۇرئان كەرىمدە «ھېساب كۈنى»، «دىن كۈن»، «ئاخىرەت كۈنى» ۋە «مۇكاپات ـ جازا كۈنى» دېگەن ھەرخىل ئىسىملار بىلەن نۇرغۇن ئورۇندا بايان قىلىنىپ كەلمەكتە. ﴿زَعَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَن لَّن يُبْعَثُواْ قُلْ بَلَىٰ وَرَبِّى لَتُبْعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلْتُمْ وَذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ﴾ يەنى ﴿كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى، «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر﴾[1].

قىيامەتنى ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ السَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَاهَا قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِنْدَ رَبِّي لَا يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَا إِلَّا هُوَ ثَقُلَتْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَا تَأْتِيكُمْ إِلَّا بَغْتَةً﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت رەببىم بىلىدۇ. ئۇنى پەقەت بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ. قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئەھلىگە ئېغىر ۋەقەدۇر. ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ» (ئەئراف، 187 - ئايەت).

## قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن مەقسەت قىيامەت قايىم بولۇشتىن بۇرۇن يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى، يەنە بىرى، ئۇنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدۇر. قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى بىلەن كىچىك ئالامەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى قىيامەت قايىم بولۇشتىن خېلى بۇرۇن يۈز بېرىدىغان ۋە نۇرغۇن كىشىلەر ھېس قىلالمايدىغان ئەھۋاللاردۇر. ئەمما ئۇنىڭ

[1] تاغابۇن سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

چوڭ ئالامەتلىرى قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا يۈز بېرىدىغان ۋە دۇنيادا چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان ئەھچاللاردۇر. ئۆلىمالار قىيامەتنىڭ چوڭ ۋە كىچىك ئالامەتلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان:

## بىرىنچى: قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى

### *1. كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغان ئاجايىپ ئىشلار*

زامانىمىزدا ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تېخى مۇندىن يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن پەن ـ تېخنىكىلىرى، كەشپىياتلار ۋە ئىجادىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. تېلېۋىزىيە ، ئانتېننا ، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت، تور ئۈچۈرلىرى ۋە باشقا يېڭىلىقلار زامانىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ ئىشلاردىندۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا كېلەچەكتىكى ئاجايىپ ئىشلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. سىلەر كۆرۈپ باقمىغان ۋە خىيالىڭلارغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ئاجايىپ ئىشلار مەيدانغا كېلىدۇ».

### *2. يالاڭتۆشلەرنىڭ ئېگىز قەسىرلەرگە ئىگە بولۇشى*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى، پادىچىلىقتىن باشقا ھۈنەر ـ كەسىپنى بىلمەيدىغان، نامراتلىقتىن موھتاجلىقتا كۈن ئۆتكۈزىدىغان يالاڭتۆشلەرنىڭ ئېگىز قەسىرلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا نېفىتتىن ئىبارەت كاتتا بايلىقنى ئاتا قىلغىنىدىن كېيىن، ئەسىرلەر بويى پادىچىلىقتىن باشقا كەسىپ بىلمەيدىغان، نامراتلىقتا ئۆتكەن ئەرەبلەرنىڭ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىن خەۋەر بەرگەندەك، ئېگىز قەسىرلەرگە ئىگە بولغانلىقى ۋە تۇرمۇشىنىڭ موھتاجلىقتىن ئۆزگىرىپ، باشقا موھتاجلارغا خەيرىيەت قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «موھتاجلىقتا كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ئاچ ـ يالىڭاچ پادىچىلارنىڭ ئېگىز قەسىرلەرگە ئىگە بولغىنىنى كۆرگىنىڭدە قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ»[1].

### *3. يېرىم يالىڭاچ كىيىنىدىغان، باشلىرىغا تاج تاقىۋالغان ئازغۇن ۋە ئازدۇرغۇچى ئاياللارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى*

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن خەۋەر بەرگەنلىرىنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

زامانىمىزدا مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن ھېچكىم شەكلەنمەيدۇ. ھازىرقى كۈندە تېلېۋىزىيە قانالLIرىدىن بېرىلىۋاتقان پىروگراممىلاردىكى، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكلىرىدىكى ناخشىچى ئاياللار ۋە رەستىلەردە يېرىم يالىڭاچ كىيىنىپ يۈرىدىغان ئاياللار، «دۇنيا گۈزىلى» دەپ باشلىرىغا ئاتالمىش گۈزەللىك تاجلىرىنى تاقىۋالغان ئاياللار بۇنىڭ مىسالىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن دوزاخقا كىرىدىغان ئىككى خىل كىشىلەرنى تېخى كۆرگىنىم يوق: بىرى، قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدىغان قامچىلارنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرىدىغان (يەنى كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىدىغان)لار، يەنە بىرى، يېرىم يالىڭاچ كىيىنىۋالغان، باشلىرىغا تۆگىنى لۈكىسىغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى تاقىۋالغان، ئازغۇن ۋە ئازدۇرغۇچى ئاياللار بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ»[1].

### 4. جانسىز نەرسىلەرنىڭ سۆزلەيدىغانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دېگەن:«قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئادەم ئۆيىدىن چىقىپ قايتقىچە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئايىغى ۋە قامچىسى سۆزلەپ بېرىدۇ»[2].

ئاياغ جانسىز نەرسە، قامچىمۇ جانسىز نەرسە. بىر زامانلار كېلىپ جانسىز نەرسىلەردىن ئاۋاز چىقىدىغانلىقىنى مۇندىن تېخى يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلار تەسەۋۋۇر قىلغىنىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. زامانىمىزدا يانفون ئىجاد قىلىنىشى بىلەن كىشىلەر سىرتتا كېتىۋېتىپ ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلايدىغان بولدى.

### 5. دىنىي ئالىملارنىڭ تۈگەپ كېتىشى، يەر تەۋرەشنىڭ كۆپ بولۇشى، ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈشى، پاساتچىلىقنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئېگىز بىنالارنىڭ بارلىققا كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئالىملار تۈگەپ كەتمىگىچە، يەر تەۋرەش كۆپ بولمىغۇچە، زامانلار يېقىنلاشمىغۇچە، پىتنە-پاساتچىلىق كۆپەيمىگۈچە ۋە كىشىلەر ئېگىز بىنالارغا ئورۇنلاشمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[3].

ھەدىستىكى «ئالىملار»دىن دىنىي ئالىملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «زامانلارنىڭ

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[3] بۇخارى رىۋايىتى.

يېقىنلىششى»دىن تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىدىن ئىشنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى سەۋەبلىك، كۈنلەرنىڭ خۇددى سائەتلەردەكلا تېز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.

ھەقىقەتنى قورقماي سۆزلەيدىغان دىنىي ئالىملارنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكى، يەر تەۋرەش ھادىسىلىرى بىلەن پاساتچىلىقلارنىڭ كۆپ بولۇۋاتقانلىقى، تىرىكچىلىكنىڭ قىيىنلىقى سەۋەبلىك ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتكەندەك ھېس قىلىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئېگىز بىنالاردا ئولتۇرۇشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى زامانىمىزدا كۆرۈلۈۋاتماقتا.

### 6. جازانىخورلۇقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە بىر زامان كېلىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا جازانە (ئۆسۈم) يېمىگەن ئادەم قالمايدۇ. جازانە يېمىگەن ئادەمگىمۇ ئۇنىڭ چاڭ توزانلىرى يېتىدۇ»[1].

زامانىمىزدا بانكىلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئۆسۈمنىڭ ھەممىلا جايدا ئومۇملاشقانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن خەۋەرلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئالىملارنىڭ تۈگەپ كېتىشى، جاھالەتنىڭ كۆپىيىشى، ئەرلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى، ھەتتا ھەر بىر ئەركىشىگە 50 تىن ئايالنىڭ توغرا كېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ. يەھۇدىيلارنى مۇسۇلمانلار تارمار قىلىدۇ. ھەتتا بىرەر يەھۇدىي (قاچقىلى يەر تاپالماي) چوڭ تاشلار ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا، تاش ۋە دەرەخلەردىن ئاۋاز كېلىپ «ئى مۇسۇلمان! ئارقامدا يەھۇدىي بار، كەل ئۇنى ئۆلتۈر» دەيدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. پەقەت «غەردەق» ناملىق يەھۇدىي دەرىخىدىنلا ئاۋاز كەلمەيدۇ»[3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەت قاچان بولىدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرگەن ‹ئامانەت يوقالغاندا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ› ئۇ، ئامانەت

[1] ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

قانداق يوقىلىدۇ دەپ سورالغىنىدا ‹لاياقەتسىز كىشىلەر ئىش باشقۇرغاندا› دەپ جاۋاب بەرگەن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر زامان كېلىدۇكى، بىراۋ ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ ھەدىسلىرىمدىن بىرەر ھەدىس ئوقۇلغىنىدا: ‹سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بار، ئۇنىڭدا ھالال دېگەنلەرنى ھالال، ھارام دېگەنلەرنى ھارام دەپ بىلسەك بىزگە يېتىدۇ› دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ئىشلارمۇ ئاللاھ ھارام قىلغانلارغا ئوخشاشتۇر!»[2].

چۈنكى، سۈننەتمۇ مەنە جەھەتتە ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە باغلىنىشى ئىنتايىن مۇستەھكەم، چەمبەرچاس باغلىنىشتۇر. چۈنكى سۈننەت قۇرئان كەرىمنى ئوچۇقلاش ئۈچۈن كەلگەن يېگانە مەنبەدۇر.

## ئىككىنچى: قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى

### *1. مەھدىينىڭ كېلىشى*

ئاخىر زاماندا ئىمام مەھدىينىڭ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن. ئىمام مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەريەم ئوغلى ئىيسا چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمىرى مەھدىي ئىيساغا « كەل، بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگىن» دەيدۇ، ئىيسا» ياق، سىلەر بىر-بىرىڭلار ئەمىردۇر. بۇ ئاللاھنىڭ بۇ ئۈممەتكە ئاتا قىلغان ھۆرمىتىدۇر» دەيدۇ». (سەھىھ مۇسلىم، 225- ھەدىس). يەنە ئىبنى ماجە، ئەبۇداۋۇد ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەھدىي مېنىڭ ئائىلەمدىن فاتىمەنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن كېلىدۇ» دېگەن. (ئەلبانىينىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» 6734- ھەدىس). ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىيسا ئىبنى مەريەم ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم بىزدىندۇر» دېگەن. (ئەلبانىينىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» 5796- ھەدىس). ئىمام شەۋكانىي ئىمام مەھدىينىڭ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە سەھىھ ۋە ئۇنىڭدىن دەرىجە جەھەتتە تۆۋەن بولۇپ، ئەللىكتىن كۆپرەك ھەدىس كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان.

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

### 2. دەججالنىڭ چىقىشى

دەججال چىققاندىن كېيىن، ئۇ خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈپ كېتىدۇ. دەججالنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن كىشى ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ دەججالنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشنى تەۋسىيە قىلغان. «مەن سىلەرنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇرىمەن. ھەربىر پەيغەمبەر قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرغان. لېكىن سىلەرگە بۇرۇن ھېچبىر پەيغەمبەر دېمىگەننى دەيمەنكى، دەججال بىر كۆزلۈكتۇر، شەكسىزكى، ئاللاھ بىر كۆزلۈك ئەمەس» (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

### 3. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى

ئىيسا ئەلەيھىسسالام قىيامەتكە يېقىنلاشقاندا ئاسماندىن چۈشۈپ دەججالنى يوقىتىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن يەر يۈزىدە ئىسلام دىنىنى قايتىدىن گۈللەندۈرىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئىككى ئايەت بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ: ﴿وَإِنَّهُ لَعِلْمٌ لِلسَّاعَةِ فَلَا تَمْتَرُنَّ بِهَا﴾ «شەكسىزكى، ئۇ (يەنى ئىيسانىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى) ئەلۋەتتە قىيامەتنىڭ (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭغا ھەرگىز شەك كەلتۈرمەڭلار» (زۇخرۇف، 61 ـ ئايەت). ﴿وَإِنْ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ إِلَّا لَيُؤْمِنَنَّ بِهِ قَبْلَ مَوْتِهِ وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكُونُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا﴾ «ئەھلى كىتابتىن ھەرقاندىقى (ئىيسا ئاخىر زاماندا ئاسماندىن چۈشكەندىن كېيىن) ئۇ جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن چوقۇم ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ. ئىيسا قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھ بولىدۇ» (نىسا، 159 ـ ئايەت).

### 4. قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى

قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى بىلەن ئىمان ۋە تەۋبىنىڭ ۋاقتى تۈگىگەن بولىدۇ، يەنى بۇ ۋاقىتتا ئېيتقان ئىمان ۋە قىلغان تەۋبىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَلْ يَنظُرُونَ إِلاَّ أَن تَأْتِيهُمُ ٱلْمَلَـٰئِكَةُ أَوْ يَأْتِيَ رَبُّكَ أَوْ يَأْتِيَ بَعْضُ ءَايَـٰتِ رَبِّكَ يَوْمَ يَأْتِي بَعْضُ ءَايَـٰتِ رَبِّكَ لاَ يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ ءَامَنَتْ مِن قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِيٓ إِيمَـٰنِهَا خَيْرًا﴾ يەنى «ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ (قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. رەببىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ»[1]. (پېقىرنىڭ «ئىسلام ئەقىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن).

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 158 ـ ئايەت.

# يەھۇدىيلار ۋە زىيونىزم

## يەھۇدىيلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمائىل ۋە ئىسھاق دەپ ئىككى ئوغلى بولغان ۋە ئىككىلى ئوغلى پەيغەمبەرلەردىن بولغان. چوڭ ئوغلى ئىسمائىل كىچىك ۋاقتىدىلا ئانىسى ھاجەر بىلەن مەككىدە ياشىغان ۋە كېيىنچە يەمەندىكى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن مەككىگە كېلىپ يەرلىشىپ قالغان جۇرھۇملاردىن ئۆيلەنگەن. كېيىنچە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئەرەبلەرگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن. ئۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام كەنئان زېمىنىدا (ھازىرقى پەلەستىن، لىۋان، سۇرىيە ۋە ئىيوردانىيە قاتارلىق جايلاردا) ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەسلىدىن يەھۇدىيلار بارلىققا كەلگەن.

## پەلەستىن يەھۇدىيلارنىڭ زېمىنىمۇ؟

پەلەستىن يەھۇدىيلارنىڭ زېمىنى ئەمەس، چۈنكى پەلەستىن زېمىنىدا دەسلەپ يەرلەشكەنلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن بارغان ئەرەبلەر بولۇپ، ئۇلار «كەنئانلىقلار» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىراقتىن شامغا ھىجرەت قىلىپ بارغان. ئۇ كىچىك ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بىلەن شامدا ياشىغان. ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى «بەنى ئىسرائىل» (ئىسرائىل ئەۋلادى) دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. چۈنكى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىبى «ئىسرائىل» (ئاللاھنىڭ بەندىسى) ئىدى. دېمەك، يەھۇدىيلار پەلەستىن زېمىنىغا كۆچمەن ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بوۋىسى ئىبراھىم پەلەستىن زېمىنىغا ئىراقتىن كۆچۈپ بارغان ئىدى.

## «يەھۇدىيلار» بىلەن «بەنى ئىسرائىل»نىڭ پەرقى

ھازىر دۇنيادا يەھۇدىيلار بىلەن بەنى ئىسرائىل ئىككىسى ئومۇمەن بىر مەنىدە

ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىمدە كەلگەن «بەنى ئىسرائىل» دېگەن ئاتالغۇ ئومۇمەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇلالىسىدىن كەلگەنلەرگە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، «يەھۇدىي» دېگەن ئاتالغۇ ئومۇمەن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەۋجۇت بولغان يەھۇدىيلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئۇلار يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەھۇزانىڭ سۇلالىسىدىن كەلگەنلەردۇر. ھازىرقى پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارمۇ يەھۇزانىڭ نەسلىدىن سانىلىدۇ.

## يەھۇدىيلارنىڭ مىسىرغا كۆچۈشى

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاكىلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلانغاندا، يولدىن ئۆتكەن كارۋان ئۇنى قۇدۇقتىن چىقىرىۋالىدۇ ۋە ئاكىلىرىدىن ئەرزان پۇلغا سېتىۋالىدۇ. (يۈسۈف سۈرىسى 20 - ئايەت). ئاندىن ئۇنى مىسىرنىڭ قۇل بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ، مىسىرنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئىشلىرى ۋەزىرى بۇتىفارغا سېتىۋېتىدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام مىسىردا ناھەق تۈرمىگە تاشلىنىش، ئاندىن ئاقلىنىپ چىقىپ مىسىرنىڭ مالىيە ئىشلىرى ۋەزىرى بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، كەنئان زېمىنىدا ئاچارچىلىق يۈزبەرگەندىن يەنە ياردەم سوراپ كەلگەن قېرىنداشلىرىنى تونۇپ قېلىپ، ئۇلارنى ياشىنىپ قالغان ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى مىسىرغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، مىسىردا تۇرغۇزىدۇ. (يۈسۈف سۈرىسى 99 - 100 - ئايەتلەر). ئۇلار مىسىرغا كەلگەندە 75 كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم. كېيىنچە ئۇلارنىڭ سانى تېز كۆپىيىشكە باشلايدۇ.



## يەھۇدىيلارنىڭ مىسىردىكى كەچۈرمىشلىرى

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مىسىرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھىمۇ ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىسىرنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە مىسىر پادىشاھلىرى »پىرئەۋن« دەپ ئاتىلىدىغان بولىدۇ. مىسىر پىرئەۋنى رەمسىس2 نىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئۇ بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشكە تەبىر بەرگەنلەر مىسىردىكى بەنى ئىسرائىل جەمەتىدىن چىقىدىغان بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭ تەختىنى ئۆرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پىرئەۋن شۇنىڭ بىلەن بەنى ئىسرائىل جەمەتىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا تۇغۇلغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنى

ئانىسى كىچىك مۇسانى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاللاھتىن كەلگەن ئىلھام بويىچە ئۇنى بىر ساندۇققا سېلىپ دەرياغا قويۇپ بېرىدۇ. (تاھا سۈرىسى 38- 39- ئايەتلەر). ساندۇق سۇدا ئېقىپ پىرئەۋننىڭ باغچىسىغا كېلىپ قالىدۇ، پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تېپىۋېلىپ ساندۇقتىن چىقىرىدۇ ۋە پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى بېقىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋندىن پىرئەۋننىڭ سارىيىدا قوغدايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇ سارايدا چوڭ بولىدۇ، كېيىنچە ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كېلىدۇ ۋە پىرئەۋننى ئىمانغا دەۋەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنى بولغان كەنئان زېمىنىغا بېرىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بىردىنبىر تەلىپى شۇ ئىدى. ئەمما پىرئەۋن ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىدۇ، ئىسرائىل ئەۋلادىنىمۇ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىشنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن قەۋمىنى باشلاپ كەنئان زېمىنلىرىغا قاراپ كېچىلەپ يولغا چىقىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پىرئەۋن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ ماڭىدۇ.

پىرئەۋن قوشۇنلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە دېڭىز بويىدا يېتىشىۋالىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى قوغلاپ كەلگەن پىرئەۋن قوشۇنلىرىنى كۆرۈپ، «بىز ئەمدى تۇتۇلىدىغان بولدۇق» دەيدۇ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە باشلايدۇ. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلار: «ياق، بىز تۇتۇلۇپ قالمايمىز، چۈنكى رەببىم ماڭا يول كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. (شۇئەرا سۈرىسى 62- ئايەت). شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇنى ھاسىسى بىلەن دېڭىزنى ئۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. نەتىجىدە، دېڭىزدىن قۇرۇقلۇق يولى ئېچىلىپ، ئۇلار سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ، پىرئەۋن قوشۇنى دېڭىزغا كىرىپ بولغاندا، دېڭىز سۈيى ئەسلىگە كېلىپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي غەرق قىلىۋېتىدۇ. (شۇئەرا سۈرىسى 63- 66- ئايەتلەر).

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەمما پىرئەۋننىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنەلمەيدۇ. مۇسا ئالەيھىسسالام قايتا- قايتا تەكىتلىسىمۇ ئۇلار يەنىلا ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇنى بەك چوڭ بىلگەنلىكتىن، «پىرئەۋن ئۆلمەيدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا پىرئەۋننىڭ جەستىنى دېڭىزنىڭ ساھىلىغا چىقىرىپ قويىدۇ. (يۇنۇس سۈرىسى 92- ئايەت). ئۇلار جەسەتنى كۆرۈپ ئاندىن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

### يەھۇدىيلارنىڭ مىسىردىن چىقىشى

ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئالايھىسسالامنىڭ يول باشلىشى بىلەن ۋەدە قىلىنغان

مۇقەددەس زېمىنغا قاراپ ماڭدۇ. يول بويىدا بۇتقا چوقۇنۇۋاتقان قەۋملەرنى كۆرۈپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىگىمۇ بۇت ياساپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى بۇ غەلىتە تەلىپىگە رەدىيە بېرىدۇ ۋە يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ. (ئەئراف سۈرىسى 138 - ئايەت). يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئۇلار «پىرئەۋنمۇ ئۆلدى، بىزنىڭ مىسىردا باغلىرىمىز ۋە ئۆيلىرىمىز قالغان ئىدى. شۇ يەرگە قايتىمىز» دەپ تۇرىۋالىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «ئى قەۋمىم! سىلەر ئەجدادىڭلارنىڭ يۇرتىغا قايتىشنى ئارزۇ قىلغان ۋە مەندىن تەلەپ قىلغان ئەمەسمىدىڭلار، ئەمدى نېمىشقا ئارقىغا چېكىنمەكچى بولىسىلەر» دەپ كايىيدۇ. (مائىدە سۈرىسى 23 - 26 - ئايەتلەر).

## يەھۇدىيلارنىڭ سىينا چۆلىگە مەھكۇم قىلىنىشى

يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى چۆلگە مەھكۇم قىلىدۇ. ئۇلار مىسىرغا قايتمىغى بولۇپ، ھەر كۈنى يول يۈرىدۇ، ئەتىسى ئورنىدىن تۇرسا تۈنۈگۈنكى يېرىگە كېلىپ قالىدۇ، يەنە ماڭسا، يەنە شۇنداق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېگىلى يوق، ئىچكىلى يوق، ھېچنەرسە يوق، قاقاسلىق سىينا چۆلىدە قالىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئۇلار رەھىم- شەپقەت قىلىپ، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ، بېرىپ، ئاسماندىن تەرەنجىۋىل ھالۋىسى ۋە بۆدۈنە كاۋىپى قاتارلىقلارنى چۈشۈرۈپ بېرىپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ. (بەقەرە سۈرىسى 57 - ئايەت). بۇ يەرە يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالا چۈشۈرۈپ بەرگەن تاماققا ناشۈكۈرلۈك قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن سامساق، پىياز، لوۋىيا قاتارلىق كۆكتاتلاردىن چۈشۈرۈپ بېرىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (بەقەرە سۈرىسى 61 - ئايەت).

## يەھۇدىيلارنىڭ موزايغا چوقۇنۇشى

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن تۇر تېغىغا كېتىدۇ، ئاكىسى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى قەۋمىگە مەسئۇل قىلىپ قويىدۇ. ئەمما ئۇلار ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە كىرمەيدۇ ۋە موزايغا چوقۇنۇشقا باشلايدۇ. (بەقەرە سۈرىسى 52 - ئايەت). مۇسا ئالايھىسسالام قايتىپ كېلىپ قەۋمىنىڭ بۇ قىلمىشىدىن قاتتىق نارازى بولىدۇ. ئاندىن قەۋمىنىڭ ئىچىدىن 70 ئادەمنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى قەۋمىنىڭ موزايغا چوقۇنغانلىق گۇناھى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش ئۈچۈن سىينا تېغىغا ئېلىپ چىقىدۇ. (ئەئراف سۈرىسى 155 - ئايەت). مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئەمما ئۇلار

بۇ سۆزلەرنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن ئاللاھنى كۆرۈشىمىز كېرەك، دەپ تۇرۇۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاتتىق يەر تەۋرەشكە تۇتۇلىدۇ. (بەقەرە سۈرىسى 55 - ئايەت).

## يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلىشى

تۇرسىينا ئېلىپ چىقىلغان 70 كىشى يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى ئىچىدىن تاللاپ چىقىلغان تۇرۇقلۇق، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قىلمىغان ئەدەپسىزلىكى ۋە يامانلىقى قالمايدۇ. بىر كۈنى ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجىلى كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇنى ئېگىزرەك بىر تاغقا ئېلىپ چىقىشقا ئەمر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ شەببەر ۋە شەبىر ئىسىملىك ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان جايغا چىقىدۇ. شۇ جايدا ھارۇن ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىككى ئوغلى ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ دەپنە قىلىدۇ. ئۇلار قەۋمىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارنى ئەھۋالدىن ۋاقىپ قىلغىنىدا، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلىپ، «ھارۇن سەندىن ياخشى ئىدى، سەن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ» دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام قاتتىق بىئارام بولۇپ، ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگەنلىكىنى، ئۇنى ھېچكىمنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەيىبلەشتىن توختايدۇ.

شۇ ۋاقىتتىكى يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئاسىيلىقى سەۋەبلىك ۋەدە قىلىنغان زېمىن — پەلەستىن زېمىنىغا كىرىشتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ، مۇسا ئالايھىسسالامۇ شۇ چۆلدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. تولۇق قىرىق يىل ئۆتكەن ۋە شۇ چاغدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئاساسەن ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىگەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيەسىدە يېتىلگەن يۇشەئ ئىبنى نۇن دېگەن كىشىگە پەيغەمبەرلىك كېلىدۇ.

## يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كىرىشى

يۇشەئ ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنى باشلاپ پەلەستىن زېمىنىغا كىرىدۇ ۋە ئۇ جايدا ھاكىمىيەت قۇرىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەلەستىندىكى تۇنجى پادىشاھى تالۇت بولىدۇ. يەھۇدىيلار كىتابلىرىدا ئۇنى شاۋۇل دەپ ئاتىشىدۇ. تالۇتنى ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن بولسىمۇ، يەھۇدىيلار ئۇنى نارازىلىق بىلدۈرۈپ تەسلىكتە قوبۇل قىلىدۇ. (بەقەرە سۈرىسى 246 - ئايەت). تالۇتتىن كېيىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام

پادىشاھ بولىدۇ. كېيىنچە بۇ دۆلەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، پەلەستىندە يەھۇزا ئىسىملىك پادىشاھنىڭ ئىسمىدا يەھۇزا دۆلىتى، نابلۇستا يەھۇدىي دۆلىتى بارلىققا كېلىدۇ.

## يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنىڭ تارمار قىلىنىشى

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەر يەھيا ئەلەيھىسسالامنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇزاققا قالماي بابىل پادىشاھى بۇختەنەسسەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 586- يىلى پەلەستىنگە ھۇجۇم قىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىدۇ، كىتابلىرىنى كۆيدۈرىدۇ، ئالىملىرىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە خەلقىنى ئەسىرگە ئېلىپ بابىلغا (ھازىرقى ئىراققا) ئېلىپ كېتىدۇ. (ئىسرا سۈرىسى 4- 8- ئايەتلەر). يەھۇدىيلار شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ دۆلىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، سەرسانلىقتا ھايات كەچۈرۈپ كېلىدۇ.

## يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە دۆلەت قۇرۇشى

ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇستەھكەم قەلئەسى بولۇپ كەلگەن ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسىرلەردىن بېرى سەرسانلىقتا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن يەھۇدىيلار ئەنگلىيەنىڭ قوللاپ- قۇۋۋەتلىشى ۋە ھەر تۈرلۈك ياردەملىرىنى قىلىشى بىلەن، 1948- يىلى پەلەستىندە زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك بىلەن دۆلەت قۇرۇۋالىدۇ، پەلەستىندىكى يەرلىك خەلقنى ئۆلتۈرۈش، قوشنا دۆلەتلەرگە پالاش قاتارلىق ۋەھشىيلىكلىرى بىلەن پەلەستىندىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ھازىرغا قەدەر پەلەستىن خەلقى مۇستەملىكىگە بوي ئەگمىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىغان. ئىسرائىلىيە تاجاۋۇزچى كۈچلىرى ناھەق ئۆلتۈرگەن پەلەستىنلىكلەرنى سانى 100 مىڭدىن ئاشقان بۇ قېتىمقى غەززە قەتلىئامىدا شېھىت بولغانلار بىلەن بۇ سان ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى كەلگەن.

## يەھۇدىيلارنىڭ لەنەتلىنىشى

قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ لەنەتلەرگە قەۋم يەھۇدىيلار بولۇپ، ئۇلار يەنە ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋم دەپ تەبىرلەنگەن. مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمدە يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىغانلىقى بايان قىلىنغان، يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان كەرىمدە يەھۇدىيلاردىن باشقا ھېچقانداق بىر قەۋم «ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋم» دەپ تەبىرلەنمىگەن. نېمە ئۈچۈن؟

چۈنكى دۇنيادا يەھۇدىيلاردەك تۈزكور، ۋاپاسىز، خىيانەتچى، سۇيىقەستچى، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ۋە جىنايەتچى قەۋم بولمىسا كېرەك. قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان:

1. يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالانى بېخىل دەپ سۈپەتلىگەن ئەدەپسىز قەۋمدۇر. (مائىدە سۈرىسى 64 ئايەت).

2. يەھۇدىيلار ئۆزلىرى ساماۋى دىنغا ئېتىھاد قىلىپ تۇرۇقلۇق، «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەپ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگەن قەۋمدۇر. (تەۋبە سۈرىسى 31 ئايەت).

3. يەھۇدىيلار پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەن ۋە دۇنيا تارىخىدا ھېچقانداق بىر قەۋم قىلمىغان جىنايەتنى سادىر قىلغان قەۋمدۇر. (نىسا سۈرىسى 155 ئايەت).

4. يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان تەۋراتنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنىڭ بەزىسىنى يوشۇرغان، بەزىسىنى بورمىلىغان قەۋمدۇر. (نىسا سۈرىسى 46 ئايەت).

5. يەھۇدىيلار مۇشرىكلارغا «سىلەرنىڭ دىنىڭلار مۇھەممەدنىڭ دىنىدىن ياخشى» دەپ بەرگەن يالغانچى قەۋمدۇر. (نىسا سۈرىسى 51 ئايەت).

6. يەھۇدىيلار پەيغەمبىرى ھايات بار تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ موزايغا چوقۇنغان قەۋمدۇر. (بەقەرە سۈرىسى 54 ئايەت).

7. يەھۇدىيلار ئۆز پەيغەمبىرىگە «سەن رەببىڭ بىلەن بېرىپ جىھاد قىلغىن، بىز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرايلى» دېگەن ئەدەپسىز ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى قورقۇنچاق قەۋمدۇر. (مائىدە سۈرىسى 24 ئايەت).

8. يەھۇدىيلار ئۆز پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەي، «ئاللاھنى بىزنى كۆرسەت» دەپ تۇرۇۋالغان كاپىر قەۋمدۇر. (بەقەرە سۈرىسى 55 ئايەت).

9يەھۇدىيلار ھەقىقەتنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىدىغان قەۋمدۇر. (بەقەرە سۈرىسى 146 ئايەت).

10. يەھۇدىيلار نېمەتكە تۈزكورلۇق قىلىدىغان، شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا كۇفرىلىق قىلىدىغان قەۋمدۇر. (بەقەرە سۈرىسى 61 ئايەت).

### زىيونىزم

زىيونىزم — 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر قىسىم يەھۇدىيلار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان سىياسىي تەشكىلات بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنى پەلەستىن زېمىنىغا كۆچۈشكە تەرغىب قىلىش ۋە پەلەستىنندە يەھۇدىي

دۆلىتى قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئەرەبچە «الصهيونية» ، ئىنگىلىزچە «Zionism» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ پەلەستىندىكى «الصهيون» دېگەن تاغنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغانلىقى سۆزلىنىدۇ، ئىسرائىلىيەلىك يەھۇدىيلار بۇ سۆزنىڭ ئورۇشلىم دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. چۈنكى زىيونىستلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ تېرور تەشكىلاتىنى دىنىي ئىسىم بىلەن ئاتاش ئاقىلىق تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ.

زىيونىزم تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى تېيودور ھېرتزل (1860 - 1904) ئىسىملىك يەھۇدىي بولۇپ، ئىسرائىلىيەلىك يەھۇدىيلار ئۇنى «دۆلەت ئاتىسى» دەپ ئاتايدۇ. تېيودور ھېرتزل ئاۋۇستىرىيەلىك يازغۇچى ۋە ژۇرنالىست بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا دۇنيادىكى يەھۇدىيلارنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن پەلەستىنگە كۆچۈرۈشكە قاتتىق كۈچىگەن ۋە ئۇلارغا يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ۋەدىلەرنى بەرگەن.

## زىيونىستلار ۋاستە تاللىمايدۇ

زىيونىستلار ۋاستە تاللىمايدىغان تېرورىست تەشكىلات بولۇپ، دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەھشىي تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ كەلگەن ۋە قىلمىشلىرىنى دىنىي تەرەپتىن يوللۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپلىگەن رىۋايەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىققان. ئۇلارنىڭ پەلەستىن زېمىنىنى يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان مىراسى قىلىپ كۆرسىتىشتە ئىشلەتكەن ھۆججەتلىرىدىن بىرى «تەۋرات»نىڭ «تەكۋىن» بابى 13- تېكىستى بولغان «رەب ئىبراھىم بىلەن كېلىشتى ۋە ئۇنىڭ نەسلىگە كەنئان زېمىنىنى بەرگەنلىكىنى ئېيتتى» دېگەن تېكىست بولۇپ، بۇ تېكىست توغرا ۋە راست دەپ قوبۇل قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان زېمىندا ئەرەبلەرنىڭمۇ ھەققى بولىدۇ. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنىڭمۇ، يەھۇدىيلارنىڭمۇ ئەجدادى ھېسابلىنىدۇ. زىيونىستلار پەلەستىننى پۈتۈنلەي يەھۇدىي دۆلىتى قىلىش بىلەن كۇپايە قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار چوڭ يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشنى پىلانلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ «نىلدىن فۇراتقىچە» دەيدىغان سەپسەتىسى بار.

ئىسرائىلىيە ئامېرىكا بىلەن ئەنگىلىيەنى ئارقىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، دۇنيادا مۇشتۇمزورلۇق قىلغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارارلىرىنىڭ بىرىگىمۇ ئەمەل قىلمىغان، پەلەستىن خەلقىنىڭ ھەق- ھوقۇقىنى ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن دەپسەندە قىلغان تېرورىست دۆلەتتۇر.

## زىيونىستلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكىنى يوشۇرىدۇ

زىيونىزم ھەرىكىتىنىڭ ۋەھشىيلىكلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تېررور تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئوچۇق يورۇتۇپ بەرگەن قىممەتلىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار زىيونىستلارنىڭ ۋاستە تاللىمايدىغان ۋەھشىيلىكىنى، قاتىللىقىنى ۋە ئۇچىغا چىققان زالىملىقىنى بايان قىلغان. مىسىرلىق دوكتور مۇھەممەد ئابدۇلۋەھھاب مەسىرىي ئۈچ توملۇق «يەھۇدىي ئېنسىكلوپېدىيەسى» يازغان، فرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر ئالىم راجىيە گارودى 1982- يىلى ئالجىرىيەدە ئالجىرىيە خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق يولىدىكى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە ئېلىنغان، كېيىنچە مۇسۇلمانلار ياخشى مۇئامىلىسى ۋە ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن «ئىسرائىلىيەنىڭ ئەپسانىلىرى ۋە تېررورلۇقى» ناملىق بىر ئەسەر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا زىيونىزمنىڭ ۋەھشىي يۈزىنى ئېچىپ بەرگەن. گارودى مەزكۇر كىتابى سەۋەبلىك فرانسىيەدە نەزەربەنتكە ئېلىنغان ۋە كىتابلىرى پۈتۈن ياۋروپادا چەكلەنگەن، ئارىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قاتتىق بېسىملىرىغا ئۇچرىغان، ھەتتا ۋېنگىرىيەدە بىر ئادەم مەزكۇر كىتابنى ۋېنگىر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغانلىقى سەۋەبلىك، كىتابنى باسقان نەشرىياتنىڭ مۇدىرى بىلەن بىرلىكتە تۈرمىگە تاشلانغان.

2012- يىلى گارودى ۋاپات بولغاندا تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى مىنىستىرلىقى فرانسىيەدىكى تۈركىيە باش ئەلچىسى ئارقىلىق بىر ھەيئەت ئەۋەتىپ، گارودىنىڭ ئائىلىسىگە تەزىيە بىلدۈرگەن ۋە خەتمە قۇرئان قىلىپ روھىغا دۇئا قىلغان. فرانسىيە ھۆكۈمىتى گارودىنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ ھۆرمەت قىلمىغان بولۇپ، ئۇنى جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى دېڭىزغا سورۇۋەتكەن. تۈركىيە تەرەپ بۇنى سۈرۈشتۈرگەندە «ئۆزىنىڭ شۇنداق ۋەسىيىتى بار ئىدى» دەپ ئىشنى توگەتكەن.

# ياخشى سۆز ۋە يامان سۆز

ياخشى سۆز ئاللاھقا ياقىدىغان، ئىنسانلارنى خۇش قىلىدىغان، كۆڭۈللەرنى راھەتلەندۈرىدىغان، قەلبلەرنى ئاچىدىغان، روھنى كۆتۈرىدىغان، دوستلۇقنى كۈچەيتىدىغان، مۇھەببەتنى ئاشۇرىدىغان، گۈزەل تەسىرى مەڭگۈ قالىدىغان سېھىرلىك نەرسىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَقُل لِّعِبَادِي يَقُولُوا ٱلَّتِي هِيَ أَحْسَنُ﴾«بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار (گەپ قىلغاندا ۋە مۇنازىرىلەشكەندە) ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن» دەپ بۇيرۇغان[1].

كۈندىلىك ھاياتىمىزدا مىڭلارچە گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇ گەپلەرنىڭ ئىچىدە بىز قەتئىي ئۇنتۇيالمايدىغان، كۆڭلىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. بىز ئۇنتۇيالمايدىغان ۋە كۆڭلىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدىغان ئاشۇ گەپلەر يا بىزنى ئۇنتۇلماس خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدىغان، روھىمىزنى كۆتۈرىدىغان، ئىرادىمىزنى كۈچەيتىدىغان، بىزگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئىجابىي سۆزلەر بولىدۇ ياكى قەدەمدە يۈرىكىمىزنى ئېزىپ، كۆڭلىمىزنى بىئارام قىلىپ، روھىمىزنى ئازابلاپ تۇرىدىغان سەلبىي سۆزلەر بولىدۇ.

شەكسىزكى، ياخشى سۆزنىڭ ھاياتىمىزغا كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرىنى، يامان سۆزنىڭ سەلبىي تەسىرىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. مەسىلەن: بەزىدە«سىز چوقۇم قىلالايسىز» دېگەنگە ئوخشىغان بىرەر ئېغىز ئىجابىي سۆزنىڭ بىراۋنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكىنىگە، «سىز قىلالمايسىز» دېگەنگە ئوخشىغان بىرەر سەلبىي سۆزنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى قارايتىپ، غايە ۋە مەقسەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە سەۋەب بولغىنىغا ئوخشاش. ياخشى سۆز ئىنسانغا خۇشاللىق، ئۈمىد، غەيرەت ـ شىجائەت بېغىشلايدۇ ۋە ئۇنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىدۇ، غايىسىگە يەتكۈزىدۇ. يامان سۆز ئىنساننى غەمكىن قىلىدۇ، ئۆگىنىش ۋە ئىجاد قىلىش روھىنى تۆۋەنلىتىدۇ، ئۇنى ئۈمىدسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ، يولىدىن توسۇپ قويىدۇ. يامان سۆزلەرنىڭ خەتىرى شۇنچىلىك چوڭكى، ئىنسانلار يامان سۆزلىرى بىلەن نۇرغۇنلىغان تالانتلارنى ۋە قابىلىيەتلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. خۇسۇسەن، بالىلارنىڭ كېلەچىكىنى ئۆلتۈرىدۇ.

[1] ئىسرا سۈرىسى: 53 ـ ئايەت.

﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِى ٱلسَّمَآءِ . تُؤْتِىٓ أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍۭ بِإِذْنِ رَبِّهَا﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ياخشى سۆز يىلتىزى مۇستەھكەم بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، رەببىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋاقتى – ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ»[1]. بۇ ئايەت ياخشى سۆزنى نېمىدېگەن مۆكەممەل تەسۋىرلىگەن- ھە! خۇددى مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن بولمىغاندەك، ياخشى سۆزنىڭ قەلبلەردە قالدۇرىدىغان گۈزەل تەسىرلىرىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىلىرىنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.

﴿وَمَثَلُ كَلِمَةٍ خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ ٱجْتُثَّتْ مِن فَوْقِ ٱلْأَرْضِ مَا لَهَا مِن قَرَارٍ﴾ «يامان سۆز يەرنىڭ ئۈستىدىن قومۇرۇپ تاشلانغان، يىلتىزى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ»[2]. يامان سۆز ياخشى ئەمەللەرنى يەپ تۈگىتىشتە خۇددى يىلتىزى قومۇرۇپ تاشلانغان، ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇشۇ ئايەتلەرگە ئۇلاپ مۇنداق دېگەن: ﴿يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا بِٱلْقَوْلِ ٱلثَّابِتِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِى ٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ وَيُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلظَّـٰلِمِينَ ۚ وَيَفْعَلُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ﴾ «ئاللاھ مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى (ھەقىقەتتىن) بۇرۇۋېتىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ»[3]. يەنى ئاللاھ تائالا ياخشى سۆزلەرنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، يامان سۆزلەرنى ۋە يامان ئەمەللەرنى قىلىشتىن ساقلانغان ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى بۇ دۇنيادا شەيتاننىڭ ۋە نەپسىنىڭ ئازدۇرۇشلىرىدىن ساقلايدۇ، نەپەس ئۈزىدىغان ۋاقتىدا ۋە قەبرىدە سوئال- سوئال قىلىنغاندا مۇستەھكەم ئىمان بىلەن مەھكەم تۇرغۇزىدۇ.



[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 24 ـ 25 - ئايەتلەر.
[2] ئىبراھىم سۈرىسى: 26 ـ ئايەت.
[3] ئىبراھىم سۈرىسى: 27 ـ ئايەت.

# پەرزەنت تەربىيەسى

## پەرزەنت تەربىيەسىدە مۇھىتنىڭ تەسىرى

بىر تەربىيە مۇتەخەسسىسى مۇنداق دەيدۇ: «بىر پەرزەنتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئائىلىدە تۇغۇلۇشى، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا چوڭ بولۇشى شۇ بالىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي دۇنياسىدا چەكسىز پەرقلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ مۇھىتنىڭ شۇ بالىغا بەرگەن غىدىقلىشى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ بالىلاردا چوڭ پەرقلەر پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت زىددىيەتلىك مۇھىتتا ياشىسا، ئۇ باشقىلارنى ئەيىبلەشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت دۈشمەنلىشىش مۇھىتىدا ياشىسا، ئۇ ئۇرۇشقاق بولۇپ چىقىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت قورقۇنچ ئىچىدە ياشىسا، ئۇ غەمكىنلا يۈرىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت رىغبەتلەندۈرۈش ئىچىدە ياشىسا، ئۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان مۇھىتتا ياشىسا، ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ چىقىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت بىخەتەر مۇھىت ئىچىدە ياشىسا، ئۇ باشقىلارغىمۇ ئىشىنىدىغان بولۇپ چىقىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت دوستلۇق ئىچىدە ياشىسا، ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدىغان بولىدۇ.

بۇ پسىخولوگنىڭ پىكرىگە كۆرە، بالىلار كىچىكىدىنلا مەدەنىي، ئىناق، رىغبەتلەندۈرەلەيدىغان، دوستانىلىق بىلەن تولغان مۇھىت ئىچىدە ياشاپ چوڭ بولسا، ئۇ چوقۇم كۆڭلى مۇھەببەت بىلەن تولغان، ئىنساپلىق، دىيانەتلىك،

باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيدىغان، ئۈمىدۋار بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىكەن. بىز ئىنسانىيەتكە مانا شۇنداق نادىر ئەسەرلەرنى سوۋغا قىلالامدۇق؟ پەرزەنتلەرنىڭ سۆيۈملۈك ئاتا- ئانىسى ۋە قەدىردان ئۇستازى بولالامدۇق؟»

## ياراملىق ئائىلە ياراملىق پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرىدۇ

ئالىملار ئائىلىنى «مىللەتلەرنى قۇرۇپ چىقىدىغان قىلىپ» دەپ تەرىپلەيدۇ. چۈنكى ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى. ساغلام ئائىلىلەردىن ساغلام جەمئىيەت بەرپا بولىدۇ ۋە يارامىلىق پەرزەنتلەر يېتىشىپ چىقىدۇ. ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ بەخت- سائادىتى پەرزەنتلىرىنى توغرا يوسۇندا تەربىيەلەشكە باغلىق. شۇڭا پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ئىلمىيسىزلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ناھايىتى مۇھىم. ئاۋادا تەربىيەدىكى ئىلمىيسىزلىك ھەل قىلىنمىسا، پەرزەنت تەربىيەسىدە نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ.

ئاتاغلىق يازغۇچى يالقۇن روزى مۇنداق دەيدۇ: «بالىلارنى توغرا تەربىيەلەشتىكى چىقىش نۇقتا ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ياشاشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. خوجايىنلىق تۇيغۇسى ئاجىز، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى يېتىلمىگەن ئەۋلادلارنىڭ ھاياتىنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولىدۇ. بالىلارنى ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولىدىغان، مۇستەقىل ياشىيالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى توققۇز تۈرلۈك تەربىيە ئۇسۇلىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم:

- بالىلارغا ئۆزى ئىلگىرىلەپ ماڭىدىغان بوشلۇق بېرىش.
- ئىشلارنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ۋاقىت بېرىش.
- ئۆزى بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان شارائىت يارىتىپ بېرىش.
- ئۆزى جاۋابىنى تاپىدىغان سوئال بېرىش.
- ئۆزى ھەل قىلىدىغان قىيىن مەسىلە بېرىش.
- ئۆزى چىڭ تۇتىدىغان پۇرسەت بېرىش.
- ھەمكارلىششنى ئۆگىنىدىغان ئالاقە بېرىش.
- تاللاش ھوقۇقى بېرىش.
- ئىجادكارلىق پۇرستى بېرىش.

مەلۇمكى، بالىلار ھەرگىزمۇ بىر ئۆمۈر ئاتا- ئانىسىنىڭ قانىتى ئاستىدا يۈرمەيدۇ، ئۇلار بەرىبىر جەمئىيەتكە قەدەم قويىدۇ، رىقابەتكە دۇچ كېلىدۇ، بۇ جەرياندا ھەر خىل مەسىلىلەرگە يولۇقىدۇ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا

توغرا كېلىدۇ. مائارىپشۇناسلار مانا مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ، ئانا - ئانىسىنىڭ قويندىن ئايرىلالمايدىغان، مۇستەقىل ياشاش ئىرادىسى ئاجىز، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەن، تايىنىۋېلىش ئىدىيەسى كۈچلۈك بالىلارنى «كېنگۇرۇ بالىلىرى» دەپ ئاتاشتى. ئۇلار يەنە «كېنگۇرۇ بالىلىرى» قوشۇنىنىڭ كۈنسېرى زورىيىشى جەددىي ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلاندى، دەپ ئاگاھلاندۇردى».

## پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ئىككى چوڭ خاتالىق

جەمئىيەتتە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئاتا - ئانا مەۋجۇت: بىرى، پەرزەنتلىرىنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئاتا - ئانا، يەنە بىرى، مۇستەبىت ئاتا - ئانىدۇر. پەرزەنتلىرىنى مەيلىگە قويۇۋېتىش شەكلىدىكى ئائىلە تەربىيەسىنى قوللانغان ئاتا - ئانىلار ئادەتتە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىگە، يۈرۈش - تۇرۇشىنىڭ دىنىمىز بەلگىلىگەن ئەخلاق ئۆلچىمى دائىرىسىدە بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىغا، قىزىقىشلىرىنىڭ دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكىگە نازارەتچىلىك، يېتەكچىلىك قىلمايدۇ.

مۇستەبىتلىك ئۇسۇلىدىكى ئائىلە تەربىيەسىنى قوللانغان ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە تاللاش ھوقۇقى، ئىختىيارلىق ۋە ئازادىلىك بەرمەيدۇ. بۇنداق ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى پەرزەنتلىرىگە تاڭىدۇ، ئۆزلىرى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارمانلارنى ئۇلارغا يۈكلەيدۇ. مۇستەبىتلىك تۈسىدىكى ئائىلە تەربىيەسىنىڭ بىز ئۇيغۇرلاردا ئەڭ ئومۇملاشقان تۈرى قاتتىق قوللۇق بىلەن بالا تەربىيەلەشتۇر. تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى بالىلارنى قورقۇتۇش بىلەن مەجبۇرلاشنى ئاساس قىلغان تەربىيە ئۇسۇلىنى ئەڭ ناچار ئۇسۇل دەپ قارايدۇ.

پەرزەنت تەربىيەسى ئۆسۈملۈكلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنى ۋاقتىدا سۇلاپ تۇرمىغاندا، ئۇ قۇرۇپ قالىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق سۇلىغاندا بولسا، ئۆسۈملۈك ۋەيران بولىدۇ. شۇڭا پەرزەنت تەربىيەسىدە مەيلىگە قويۇپ بېرىش بىلەن مۇستەبىتلىك ئوتتۇرىسىدا مۇناسىپ يول تۇتۇش لازىم. شۇ ئېنىقكى، مەيلى بالىغا زىيادە ئامراق بولۇپ كېتىش بولسۇن ياكى زىيادە قاتتىق قول بولۇش بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى ئائىلە تەربىيەسىدىكى چەكتىن ئاشقان ھالەتتۇر.

## پەرزەنتلەرنى سەلبىي ئۇچۇرلاردىن قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، يوشۇرۇن مېڭىگە ئەۋەتىلگەن سەلبىي ئۇچۇرلار ئىنسانىنىڭ تەپەككۇرىغا ۋە ئېتىقادىغا، ئاندىن ئۇنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشىغا ۋە ئىش- پائالىيىتىگە زور دەرىجىدە يامان تەسىر كۆرسىتىدىكەن. ئىنسان سەلبىي ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلغىنىدا، ئۇنىڭ ئىلمىي قۇدرىتى، تالانتى ۋە ئىرىشچانلىقى تۆۋەنلەيدىكەن. مەسىلەن: «سىز غەلىبە قىلالمايسىز»، «سىز باشقىلاردىن ئارتۇق ئەمەس»، «سىز ئۆزىڭىزنى باشقىلاردىن ئەقىللىق دەپ ئويلامسىز؟» «سىز توغرا پىكىر قىلالمايسىزكەن» دېگەنگە ئوخشاش سەلبىي ئۇچۇرلار ئادەمنى ئىجادىيەتتىن ۋە ئىرىشچانلىقتىن توختىتىپ قويالايدۇ. چۈنكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىگە قارىتىلغان بۇنداق سەلبىي ئۇچۇرلارغا ئىشىنىپ كېتىدۇ، مەن راستتىنلا شۇنداق ئوخشايمەن دەپ قوبۇل قىلىدۇ، بۇنداق سەلبىي ئۇچۇرلار يوشۇرۇن مېڭىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، سىز كېيىنچە قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى روياپقا چىقىرىشقا ئىنتىلگىنىڭىزدە ياكى ئىجادىيەتكە كىرىشمەكچى بولغىنىڭىزدا، يوشۇرۇن مېڭىڭىزدىكى بۇ سەلبىي ئۇچۇرلار باش كۆتۈرىدۇ ۋە يولىڭىزنى توسۇپ قېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

## باللارغا كىچىكىدە بېرەلمىگەن مېھرنى چوڭ بولغاندا بەرگىلى بولمايدۇ

سىز پەرزەنتلىرىڭىزگە ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا مېھرىڭىزنى بېرەلمىگەن بولسىڭىز بۇ مېھرنى ئۇلار چوڭ بولغاندا بېرەلمەيسىز. چۈنكى ئۇلار ئۇ چاغدا سىزدىن ئالالمىغان مېھىر بوشلۇقىنى ئاللىقاچان باشقىلاردىن ئېلىپ تولدۇرۇپ بولغان بولىدۇ. ئاددىيسى، سىز پەرزەنتلىرىڭىزنى كىچىكىدىن باغرىڭىزغا بېسىشنى ۋە پېشانىسىگە سۆيۈشنى ئادەت قىلمىغان بولسىڭىز، ئۇلار چوڭ بولغاندا سىز شۇنى قىلاي دېسىڭىز ئۇلار ئۇچۇن غەلىتە تۇيۇلىدۇ. باللارنىڭ مېھىر- مۇھەببەتكە بولغان ئېھتىياجى تەبىئىي ئېھتىياجلاردىن بولۇپ، ئۇلار ئۇنى چوقۇم تولدۇرىدۇ، سىز بەرمىسىڭىز باشقىلاردىن، ھەتتا كوچىدىكىلەردىن تولدۇرىدۇ. شۇڭا سىز پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ بۇ تۈرلۈك تەبىئىي ئېھتىياجلىرىنى ئۆزىڭىز تولدۇرۇڭ، باشقىلار تولدۇرمىسۇن. چۈنكى باشقىلار تولدۇرۇۋالسا سىزگە بوشلۇق قالمايدۇ. بۇ سىز ئۇچۇن چوڭ قولدىن بېرىش ھېسابلىنىدۇ.

# دىنىي ۋە مىللىي كىملىكنى قوغداش

كۆپ ساندىكى ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان دىن ۋە مىللەتنى بىلەن ئىپتىخارلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنى قوغداش ئىشىنى تەربىيەگە ھاجەت بولماستىن، ئۆزلۈكىدىن قولغا كېلىدىغان قىممەت قاراش دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

ئەمما ھەقىقەت شۇكى، ئىش ھەرگىزمۇ ئۇلار ئويلىغاندەك ئوڭاي ئەمەس. بالىلار پەقەت ئىسلامىي ئەخلاق بويىچە ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل يېتىشتۈرۈلگەندىلا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ قەدىر- قىممىتىنى ھېس قىلالايدىغان ۋە بۇ ئىككىسىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ.

## بالىلار ۋە ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى

1. ئاتا - ئانا بولغۇچىلارنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىنى قوللىنىش ئىشىغا چەك قويۇشى، بۇ جەھەتتە پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولۇشى لازىم. چۈنكى ئۆزى رىئايە قىلمىغان ئىشقا بالىلارنىڭ رىئايە قىلىشى تەس.

2. بالىلارغا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ پايدا- زىيانلىرى توغرۇلۇق يېتەرلىك مەلۇماتلارنى بېرىش، بۇ ئىككىسىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ئىشلىتىشنىڭ خەتىرىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئەدەپ- ئەخلاققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تورلارغا كىرىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنى قايىل قىلىش، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرۇش.

3. بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىنى قوللىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت بەلگىلەش.

# ئوسمان مەۋلىۋى

ئوسـمان مەۋلـىۋى ئانـا ۋەتىنىمىزنىـڭ كېرىيـە ناھىيەسـىدىن بولـۇپ، ئۆتكـەن ئەسـىرنىڭ 40 - يىللىـرى ئىلىـم تەھسـىل قىلىـش ئۈچـۈن كېرىيەدىـن ئايرىلىـپ ھىندىسـتانغا چىقىـپ كەتكـەن ئىكـەن. ئـۇ ئىنتايىـن تىرىشـچان كىشـى بولـۇپ، ھىندىسـتاندىكى دىيوبەنـد مەدرىسەسـىنى ئـەلا نەتىجـە بىلـەن پۈتتۈرگـەن ۋە ئانـا ۋەتەنگـە قايتىشـقا تەييارلىـق قىلىۋاتقـان پەيتتـە «ۋەتەنـنى كوممۇنىسـتلار ئىسـتىلا قىپتـۇ» دېگـەن خـەۋەر كېلىـپ، ھىندىسـتاندا ئوقۇۋاتقـان ئۇيغـۇر ئوقۇغۇچىـلار قانـداق قىلىـش توغرىسـىدا بـاش قاتـۇرۇش ئارقىلـىق ۋەتەنگـە ۋاقتىنچـە قايتماسلىق قارارىغـا كەلگـەن ئىكـەن. شـۇنىڭ بىلـەن ئۇلارنىـڭ كـۆپ سـانلىقى سـەئۇدىي ئەرەبىستانغا كەتكـەن بولـۇپ، مۇھەممـەد ھاشـىم مەۋلـىۋى، ئابدۇسـاتتار مەۋلـىۋى، مۇھەممـەد نىيـاز مەۋلـىۋى قاتارلىـق ئونلارچـە ئۇيغـۇر مەۋلىۋىلـىرى ھىندىسـتاندىن ئۇدۇللا سـەئۇدىي ئەرەبىسـتانغا كەلگەن ۋە كۆپىنچىسى مەككە، مەدىنە شـەھەرلىرىگە، ئـازراق بىـر قىسـمى رىيـاد ۋە تائىـف شـەھەرلىرىگە يەرلەشـكەن بولـۇپ، ئوسـمان مەۋلىۋى بولسا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە يەرلەشكەن ئىكەن.

### ئوسمان مەۋلىۋى ۋە كېرىيە ۋەخپى

مەرھـۇم ئوسـمان مەۋلىۋىنىـڭ مەدىنىگـە كەلگەندىـن كېيىنكـى ئـەڭ كاتتـا ۋە ئۇنتۇلمـاس خىزمىتـى مەدىنـە مۇنـەۋۋەرە شـەھىرىدىكى كېرىيـە ۋەخپـى بىناسـىنى ئەسـلىگە كەلتـۈرۈش بولغـان. ئەسـلىدە بـۇ ۋەخپىنىـڭ بىناسـىنى كېرىيەلىـك ساخاۋەتچىلەردىن بىـرى سـەدىقە جارىيـە سـۈپىتىدە ئـۆز خىراجىتـى بىلـەن سېتىۋېلىپ، ئالـلاھ يولـىدا ۋەخپـە قىلىۋەتكـەن ئىكـەن. ئورنـى مەسجىدى نەبەۋىنىـڭ يېنىـدا ئىـدى. ئارىدىـن ئـۇزۇن ۋاقىـت ئۆتـۈپ، بـۇ ۋەخپىگـە ئىگىدارچىلىـق قىلىدىغان بىـرەر كېرىيەلىـك بولمىغاچقـا، سـەئۇدىي ئەرەبىسـتان ۋەخپـە ئىشـلىرى ئىدارىسـى دۆلـەت ئىگىدارچىلىقىغـا ئۆتكۈزىۋالغـان ئىكـەن. ئوسـمان مەۋلـىۋى كېرىيەدىـن ھـەج ۋە ئۆمرىگـە كېلىدىغـان كىشـىلەر ئۈچـۈن ئىشـلىتىش نىيىتـىدە مەزكـۇر ۋەخپىنـى قايتۇرىۋېلىـش ئۈچـۈن كـۆپ يـول ماڭغـان ۋە نۇرغـۇن جاپالارنـى تارتقـان ئىكـەن. (بـۇ ئەھۋاللارنى ماڭا ئوسمان مەۋلىۋى ھاجىم 1986 - يىلى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى).

ئوسمان مەۋلىۋى مەدىنىدىكى كېرىيە ۋەخپىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۆزى نازىر بولۇپ باشقۇرغان ئىكەن. كېيىنچە مەسجىدى نەبەۋىنى كېڭەيتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئورنىغا ھەرەمگە يېقىن بىر جايدىن تۆت قەۋەتلىك بىنا ئېلىپ بەرگەن ئىكەن. 1986 - يىلى بىز كېرىيەدىن كەلگەن ھاجىلار شۇ بىناغا چۈشكەن ۋە ئوسمان مەۋلىۋى ھاجىم بىزنى ياتاق، تاماق ۋە خىراجەت بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. ئۇ يىلى بىز كېرىيەدىن ئوتتۇزغا يېقىن ئادەم ھەجگە كەلگەن بولۇپ، ھاجىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى مەن ئىدىم. مەن ھەج سەپىرىگە چىقىشتىن بۇرۇن كېرىيەدىكى ۋاقتىمدا، ھەجگە بېرىپ كەلگەن كىشىلەردىن ئوسمان مەۋلىۋىنىڭ پوچتا ئادرېسىنى ئېلىۋېلىپ، ئوسمان مەۋلىۋىگە خەت يازغان ۋە خېتىمدە ئۆزۈمنىڭ ئىسلام ئەللىرىنىڭ بىرەرسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارزۇيۇم بارلىقىنى ئېيتىپ، ماڭا يول كۆرسىتىشىنى سورىغان ئىدىم. ئوسمان مەۋلىۋى مېنى كىچىك بالا دېمەي، خېتىمنى ئوقۇپ تەپسىلىي جاۋاب يازغان ۋە ئىككىلەنمەستىن ھەرەمگە كېلىشىمنى، كەلگەندىن كېيىن ماڭا يول كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن.

### ھەج ۋە ئىلىم سەپىرى

مېنى قارىي قىلغان سۆيۈملۈك ئۇستازىم مۇھەممەد قۇربان قارىھاجىم ئوغلى ئابدۇراھمان ھاجىم بىلەن بىرلىكتە 1984 - يىلى كېرىيەدىن ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان ئىدى. مەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قەشقەرگىچە بارغان ۋە چىنباغدا ئۇلارنى پاكىستانغا ئۇزىتىپ قويۇپ قايتقان ئىدىم. شۇ چاغدا مەن ئۇستازىمغا چەتئەلدە ئوقۇش ئارزۇيۇم بارلىقىنى ئېيتىپ، ماڭا بىرەر دۆلەتتىن چاقىرىق ئالغاچ كېلىشىنى ئۆتۈنگەن ئىدىم. ئۇستازىم ساق ئالتە ئايدا ھەجدىن قايتىپ كەلدى. چاقىرىق يېقىندا كېلىدىغانلىقىنى ۋە پاكىستاندا ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىنتىزارلىق بىلەن چاقىرىقنى كۈتتۇم. بىرقانچە ئايدىن كېيىن چاقىرىقمۇ كەلدى. 1985 - يىلىنىڭ بېشىدا يول مېڭىشقا باشلاپ، 1986 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھەج سەپىرىگە ئاتلاندۇق. دادام ئۆزى بارالمىغانلىقى ئۈچۈن، مېنى كېرىيەلىك ھاجىلارغا قوشۇپ قويدى ۋە ئوقۇپ، بىلىم ئېلىپ، قايتىپ كېلىشىمنى تاپىلاپ يولغا سالدى.

بىز مەدىنىگە چۈشكەن ھامان ئوسمان مەۋلىۋى خىزمەتچىلىرىنى ئەۋەتىپ، بىزنى ئاپتوبۇس بېكىتىدىن كېرىيە ۋەخپە بىناسىغا ئېلىپ كەلدى ۋە مىللىي تاماقلار بىلەن قىزغىن كۈتىۋالدى. شۇ كۈنى مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ مەۋلىۋى بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئۇ كىشى ئەتىسى پاكىستان لاھوردىكى بىر مەدرىسىدىن ھەجگە كەلگەن بىر ئۇستازنى چاقىرتىپ كېلىپ، مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى. ئۇ

كىشى مېنى ھەجدىن كېيىن لاھورغا بېرىپ، ئۆزىنى ئىزدىشىمنى ئېيتىپ تېلېفون نومۇرىنى ۋە ئادرېس كارتىنى بەردى. ئەمما، ھەجگە كېلىشتىن بۇرۇن پاكىستاندا بىر ھەپتە تۇرۇپ قالغان ۋاقىتتا ئۇ يەرنىڭ مۇھىتىنىڭ ناچارلىقى ۋە ھاۋاسى ماڭا قەتئىي ياقمىغان ئىدى. سەئۇدىي ئەرەبىستاندا ياكى مىسىردا ئوقۇش ئىمكانىيىتى تاپالماي قالسام، مەجبۇرىي بېرىشنى قارار قىلغان ئىدىم. مەن مەدىنىدە تۇرۇش جەريانىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوسمان مەۋلۇۋىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ سۆھبىتىنى ئاڭلايتتىم. ئۇ كىشى ئەتراپىغا لىق كىتابلارنى تىزىپ قويغان بولۇپ، قولىدا تەسبىھ، ئالدىدا قۇرئان، ھەمىشە جايىنامازدا ئولتۇراتتى. ئىشخانىسىمۇ، ياتىدىغان جايىمۇ شۇ بىر ئىشخانا ئىكەن. ناھايىتى ئاز تاماق يەيدىغان، كۆپ تەسبىھ ئېيتىدىغان، تولىمۇ كەمتەر ۋە سېخىي كىشى ئىكەن. مەن بۇ كىشىنىڭ ئەخلاقىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىدىم.

ئاخىر ھەجمۇ تۈگىدى، ھەمراھلىرىم ھەممىسى مېنى يىغا-زار بىلەن مەككىدە قويۇپ كېتىشتى. مەن بۇ جەرياندا تۈركىيە تەرەپتىن مىسىرغا بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ مىسىرغا بېرىشقا بەل باغلىدىم ۋە ئاشۇ دوستلار بىلەن بىللە مىسىرغا مېڭىشقا تەييارلىق قىلدۇق. مىسىرنىڭ ۋىزىسىنى ئالالمىغان بولساقمۇ، رەھمەتلىك رەھمەتۇللاھ قارىھاجىم دادىمىزنىڭ يول باشلىشى ۋە جاسارىتى بىلەن مىسىرغا ۋىزىسىز ھالدا يېتىپ باردۇق. جانابىي ئاللاھ تائالا رەھمەتۇللاھ قارىھاجىم دادىمىزنى فىردەۋس جەننەتلىرى بىلەن مۇكاپاتلىغاي، ئامىن.

ئوسمان مەۋلۇۋى مېنىڭ پاكىستانغا بارماي، مىسىرغا كېتىپ قالغانلىقىمنى ئاڭلاپ قاتتىق رەنجىگەن، دادامغا يازغان خېتىدە بۇنى ئىزھار قىلغان ئىكەن.

1991-يىلى مىسىردىن ئۆمرىگە كەلگەن ۋاقتىمدا مەۋلۇۋىنى زىيارەت قىلىپ، مىسىردىكى ئوقۇش ئەھۋالىمنى بىر قاتار ئېيتىپ، مىسىرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن مېنى توغرا چۈشەنگەن بولدى ۋە ماڭا ئۇزۇن-ئۇزۇن دۇئا قىلدى. كېيىن مىسىرغا پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدىغان ۋە ئەھۋالىمنى سوراپ تۇرىدىغان بولدى. مەن مىسىردىكى ئوقۇشۇمنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، سەئۇدىي ئەرەبىستانغا كەلگىنىمدە ئوسمان مەۋلۇۋى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىكەن.

ئوسمان مەۋلۇۋى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ، كېرىيەلىك ھاجىلار ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئاچقان كېرىيە ۋەخپىنى ھازىر كېرىيەلىك مۇھەممەد قارىھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئۆمەر باشقۇرۇپ كەلمەكتە. سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ مەككە، مەدىنە، تائىف شەھەرلىرىدە ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە يۇرتلىرىنىڭ نامىدا ۋەخپە بىنالىرى بار ئىكەن. بولۇپمۇ مەككىدە مىليونلارچە دوللارغا يارايدىغان كاتتا

ئۇيغۇر ۋەخپىلىرى بار. ئەمما، بۇ ۋەخپىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىدىن ۋەخپە نازىرلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئۇيغۇر پايدىلانمايدۇ. نۇرغۇنلىرى بۇ ۋەخپىلەرنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى قىلىۋالغان. ئەمما، ئۆمەر ئۆزى تىرىشچان، ئاللاھتىن قورقىدىغان ۋە ھارامدىن ساقلىنىدىغان كىشى بولغاچقا، كېرىيە ۋەخپى بىناسىدىن چۈشكەن كىرىملەرنى توپلاپ يەنە ئىككى جايدىن ۋەخپە بىناسى سېتىۋالغان ۋە ھەممىسىنى ئۆز يولىدا ماڭدۇرۇپ، چۈشكەن پۇلىنى ساقلاپ كەلمەكتە. كىتاب باستۇرۇش، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش دېگەندەك بەزى خەيرلىك ئىشلارنىمۇ قىلىپ تۇرىدۇ.

رەھمەتلىك ئوسمان مەۋلىۋىنىڭ ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن مەندەك بىر بالىنىڭ كېرىيەدىن يازغان ئاددىيغىنە سالام خېتىنى تولۇق ئوقۇپ، ئۇنىڭغا تەپسىلىي جاۋاب يازغانلىقى ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىشىم ئۈچۈن قېتىرقىنىپ يول كۆرسەتكەنلىكى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. جانابى ئاللاھ تائالادىن رەھمەتلىك ئوسمان مەۋلىۋى ھاجىمغا چەكسىز مەغپىرەت ۋە كەڭ رەھمەت تىلەيمەن.

# ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ئىككى كەلىمە سۆز

2019-يىلى يازلىق تەتىلدە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار سېمىنارى»غا بېغىشلانغان

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۈچ بىلىم كۈچى ئىكەنلىكى، بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى پەقەت بىلىمنىڭ كۈچى بىلەنلا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقى ۋە ھەر مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئاشۇ مىللەتنىڭ ياشلىرىغا باغلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىشنى ھاجەتسىز دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، بۇ مۇقەررەرلەشكەن ۋە ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان ئەمەلىيەتتۇر. دۇنيادا ئەڭ كاپالەتلىك ۋە ئاڭ ئاقىلانە مەبلەغ سېلىش تۈرىنىڭ ئۆزىگە ۋە كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىش ئىكەنلىكىدىمۇ شەك يوق.

ئىلىم تەھسىل قىلىش سەپىرىگە ئاتلانغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىز بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ تېگىگە يەتكەن ۋە چوڭ ئارزۇ، ئۈمىدلەر بىلەن بۇ يولغا كىرگەن پىداكارلاردۇر. قەدىرلىك ئوقۇغۇچى قېرىنداشلىرىم! مەن سىلەرگە كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن، پەقەت تۆۋەندە ئىخچام شەكىلدە بىرقانچە مەسىلىنى تەۋسىيە قىلىمەن:

1. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىڭلار. چۈنكى، بۇنداق پۇرسەت ھاياتتا پەقەت بىر قېتىملا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تۈركىيەدە بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سۇنۇلغان بۇ ئوقۇش پۇرسىتى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە تېپىلمايدۇ. ئوقۇش ھاياتى ئۆمرىمىزنىڭ باھار چاغلىرىدا بىزگە نېسىپ بولىدىغان ناھايىتى قىممەتلىك ۋاقىتلار بولۇپ، ئۇنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۆزىمىزگە باغلىق ئىش. بۇ، بىزنىڭ ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتىدىغان، تەقدىرىمىزنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق پەيتلەردۇر.

2. «خەلقىمنىڭ ئۈمىدى مەندە، مەن چوقۇم ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىم كېرەك» دەيدىغان شوئار ھەمىشە قۇلاق تۈۋىڭلاردا جاراڭلاپ تۇرسۇن. مۇشۇنداق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشاش تەقۋادارلىقنىڭ ئۆزىدۇر.

3. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭلار. چۈنكى، ئۆمرىمىز بىزنىڭ ئەڭ چوڭ دەسمايىمىزدۇر. بىز ئۆمرىمىزنى ئاتىۋەتكەن ئوقۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ يولدا غەلىبە قىلىشىمىز

ئۆچۈن، ۋاقتىمىزنى بىھۇدە ئىشلارغا ئىسراپ قىلماي، ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە ۋە ئۆزىمىزنى ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈرۈشكە سەرپ قىلىشىمىز لازىم. ئەجدادلىرىمىز «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

4. كىتاب ئوقۇشنى كۈنلۈك ھاياتىڭلارنىڭ مۇھىم قىسمىغا ئايلاندۇرۇڭلار. چۈنكى، كىتاب روھنىڭ غىزاسى، ئەقلنىڭ ئاچقۇچى، مەرىپەتنىڭ كېپىلىدۇر؛ كىتاب ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل-پاراسەت خەزىنىسىنىڭ ئامبىرىدۇر. كىتاب ئارقىلىق ئىنسانلارنى، دۇنيانى ۋە ئۆزىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مۇتەپەككۇرلار: «كىتاب ئوقۇش باشقىلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە جاپاسىز ئەقلىي ساياھىتىدۇر» دېگەن ئىكەن.

5. ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدىكى جاپا-مۇشەققەتلەردىن قورقماڭلار. چۈنكى، راھەت ئوقۇشنىڭ دۈشمىنى، جاپا-مۇشەققەت ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ يولىدۇر. ئەجدادلىرىمىز «جاپ چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق» دەپ بىكار ئېيتمىغان. كىچىك ۋاقتىمدا ئۇستازىم ماڭا: «بالام، رىيازەت چەكمىسەڭ، ئالىم بولالمايسەن» دەپ نەسىھەت قىلسا، رىيازەت چەكمەيمۇ ئالىم بولغىلى بولماسمۇ؟ دەپ ئۇستازىمنىڭ سۆزىدىن شەكلەنگەن ئىدىم. ئەمما، مىسىردىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە ئۇستازىمنىڭ راست ئېيتقانلىقىغا ئىشەندىم. چۈنكى، مەن ئۇ يەردە تۆت يىللىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئارقىلىق ئۈچ يىلدا پۈتكۈزدۈم. بۇ جەرياندا نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىم. تامىقىمىزنى ئۆزىمىز ئېتىپ يەيتتۇق، كۈندە ئۈچ ۋاخ قاچا-قۇچىلارنى ئۆزىمىز يۇياتتۇق، ھەپتىدە ئالتە كۈن تۇخۇمدا، ئاران بىر كۈنلا گۆشلۈك تاماق ئېتىپ يېيەلەيتتۇق. ئەمما، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاخىرقى يىلى تامىقى تەييار، جاپاسى يوق، ساپاسى بار ياتاق بىناسىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، قايتا بىرىپ ئۆتتۈم.

6. ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ بىلىم ئېلىشقا ئۆزۈڭلارنى زورلاڭلار. چۈنكى، «ئاددىي ئادەمنى بۈيۈك نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدىغىنى يەنىلا مەجبۇرلىنىش. ئۆزۈڭنى مەجبۇرلىمىساڭ، قانچىلىك مۇنەۋۋەر ئىكەنلىكىڭنى مەڭگۈ بىلەلمەيسەن» دېگەن سۆز بار. سۇنىڭ ئېقىشىغا ئىش كۆرۈش بىلەن نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ.

7. ھىممىتىڭلار ئالىي، تەلپىڭلار يۇقىرى بولسۇن. ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ مۇئەييەن پىلانى ۋە غايىسى بولىدۇ. شۇ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىزچىل كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۆلگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش غايىسىدىن قىلچە ۋاز كەچمىدى، ئۈمىدسىزلەنمىدى، دەۋىتى بىر قېتىم مەغلۇپ بولسا، قايتا باشلىدى، مەككىدىكىلەر

قۇلاق سالمىسا، تائىففا بىرىپ دەۋەت قىلدى، دەۋىتىنى تۇغقانلىرى قوبۇل قىلمىسا، ياتلارغا يەتكۈزدى، دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇش يولىدا گاھ كىشىلەرنى ئۆيىگە زىيابەتكە چاقىردى، گاھ سافا تېغىغا چىقىپ ئەتراپتىكىلەرگە نىدا قىلدى، گاھ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىرىپ دەۋەت قىلدى. ئىشقىلىپ دەۋەتتىن ھېچقاچان ۋاز كەچمىدى. مۇشرىكلار ئۇستىگە تۆگىنىڭ يىنلىرىنى ئارتىپ قويغاندىمۇ ۋاز كەچمىدى. تائىفلىقلار تاش ئېتىپ پۇتلىرىنى قان قىلىۋەتكەندىمۇ ۋاز كەچمىدى. ساھابىلىرىنى: «بۇ دىن كېچە بىلەن كۈندۈز يېتىپ بارغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە چوقۇم يېتىپ بارىدۇ» دەپ رىغبەتلەندۈردى. ئاخىر چارەك ئەسىرگە يەتمىگەن ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

8. كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار. ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى كۆرۈپ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئۇلار شۇ سەۋەبلىك قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئەگەر ئىنسانلار بىلسە ئىدى، قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلار يوشۇرۇن تالانتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان مەيداندۇر. نۇرغۇن تالانتلار قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلار ئىچىدە بىخ ئۇرۇپ چىققان. دالى كارنېگ مۇنداق دەيدۇ: «قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلاردىن خالىي، تىنىچ تۇرمۇش ئۇلۇغ ئادەملەرنى يارىتالايدۇ دەپ كىم دەيدۇ؟ ئىش تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە. يەنى ئۇلۇغ ئادەملەرنى ۋە نادىر تالانتلارنى پەقەت قىيىنچىلىقلار ۋە توسالغۇلار يارىتىدۇ. ئۆزىگە مەرسىيە ئوقۇشقا ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقتىن شىكايەت قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانلار تاۋار-دۇردۇن ئۈستىدە ياتسىمۇ، يەنىلا مەرسىيەسىنى ۋە شىكايەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ».



9. يانفون ۋە دوستلار چەمبىرەكلىرىدە ئۆمرۈڭلارنى زايە قىلماڭلار. زامانىمىزدا يانفون، كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت قاتارلىقلارنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئېلىپ كەلگەن قولايلىقلىرى قانچىلىك كۆپ بولسا، زىيىنىمۇ شۇنچىلىك كۆپ بولماقتا. بۇلاردىن پۈتۈنلەي بىھاجەت بولغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئىشلىتىشكە چەك قويغىلى بولىدۇ. شۇڭا، كۈنىنىڭ مۇئەييەن سائەتلىرىدىلا ئىشلىتىش توغرۇلۇق ئۆزىمىزگە تەلەپ قويۇپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرسەك، ۋاقتىمىزنىمۇ زايە قىلمىغان، پەن-تېخنىكىنىڭ قولايلىقلىرىدىنمۇ مەھرۇم قالمىغان بولىمىز.

10. كىتاب سېتىۋېلىشقا بېخىللىق قىلماڭلار. كىتاب ئوقۇغۇچىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك قورالى. بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن كىتابتىن قىممەتلىك ۋە مۇھىم نەرسە بولماسلىقى لازىم. كىتابقا خەجلىگەن پۇل كەلگۈسىگە سېلىنغان مەبلەغدۇر. ھاياتتا ھەر خىل كىشىلەر باركى، بەزىلەر مودا قوغلىشىپ، قىممەت باھالىق ۋە ماركىلىق كىيىم-كېچەكلەرنى سېتىۋېلىشقا كەلگەندە، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمايدۇ-

يۇ، كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىشقا كەلگەندە، پىخسىقلىشىپ كېتىدۇ؛ ئۇن بەش، يىگىرمە لىراغا لەغمەن، كاۋاپ يېيىش ئۈچۈن پۇل خەجلەشكە بېخىللىق قىلمايدۇ-يۇ، شۇ بىرەر ۋاخ تاماقتىن كېچىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا بىر پارچە كىتاب سېتىۋېلىشقا بېخىللىق قىلىدۇ؛ توردىن يېرىم كۈن ئىزدەپ، ئېلېكتىرونلۇق ھەقسىز نۇسخىسىنى چۈشۈرۈپ، بىرقانچە بەت ئوقۇپلا زېرىكىپ قالىدۇ. چۈنكى، كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق نۇسخىسىنى ئوقۇش ئۆزىنى ئوقۇغاندەك بولمايدۇ.

# يولباشچىلىق پاراسەت ۋە كۆيۈمچانلىق تەلەپ قىلىدۇ

دۇنيادا ھەرقانداق يولباشچى كۆيۈمچانلىقى، پىداكارلىقى ۋە پاراسىتى بىلەن ھەقىقىي يولباشچى بولالايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسى، گۈزەل ئەخلاق نەمۇنىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقىقىي پىداكار، تولىمۇ كۆيۈمچان بىر يولباشچى ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرلىرىنىڭ بىرىدە ساھابىلىرى بىلەن بىر قوي بوغۇزلاپ غىزالانماقچى بولغاندا، ساھابىلەردىن بىرى: «قويىنى مەن بوغۇزلايمەن» دېسە، يەنە بىرى: «مەن سويىمەن» دەيدۇ؛ يەنە بىرى: «گۆشىنى مەن پىشۇرىمەن» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمىسە، مەن ئوتۇن يىغاي» دېگەندە، ساھابىلەر:



\- ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ھەممىگە يېتىشەلەيمىز، سىز ئارام ئالغان بولسىڭىز، - دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

\- «سىلەرنىڭ ھەممىنى قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، بىراق سىلەردىن پەرقلىق بولۇۋېلىشنى خالىمايمەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەمراھلىرىدىن پەرقلىق بولۇۋالغان بەندىسىنى ياقتۇرمايدۇ» - دەپ ئوتۇن يىغىشقا باشلايدۇ. بۇ ھەدىستىن «يولباشچىنىڭ غەلبىسى قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇشىغا باغلىق» دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ.

بىر كۈنى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە مېڭىۋاتقاندا، تالىپلىرى ئارقىسىدىن ئاستا مېڭىشقان. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ ئاياق تېۋىشىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئارقىسىغا قاراپ:

\- تارقىلىپ كېتىڭلار، بۇنداق قىلىش ئەگەشكۈچىلەرگە خارلىق، ئەگەشتۈرگۈچىگە پىتنىدۇر، - دېگەن. بۇ ۋەقەلىكتىن «يولباشچى قانچىلىك كەمتەر ۋە ئالىيجاناب بولسا، ئۇنىڭغا قايىل بولىدىغانلار شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ» دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ.

يولباشچىلاردىن بىرى ئادەملىرى بىلەن سەپەرگە چىققان بولۇپ، يولدا ئۇسساپ

كېتىپ ھەممەيلەن سۈ ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ئاخىر قۇرۇق بىر ئېرىقتىكى كىچىك بىر كاتەككە يىغىلىپ قالغان سۇنى كۆرۈپ، يانلىرىدىكى كىچىك بىر قاچىغا ئېلىپ، يولباشچىغا سۇنىدۇ. يولباشچى سۇنى ئىچەي دەپ ئاغزىغا كۆتۈرىدۇ-يۇ، ئەتراپىدا سۇغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئادەملىرىگە قاراپ، سۇنى ئىچمەيلا تۆكۈۋېتىپ:

- بۇ سۇ ھەممىمىز ئۈچۈن ئاز، بىرىمىز ئۈچۈن كۆپتۇر، - دەيدۇ ۋە يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇ قىسسىدىن «ھەرقانداق يولباشچىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى ۋە مەنپەئەتىنى قەدىرلىشى ئۆز غەلبىسىنىڭ كاپالىتىدۇر» دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ.

# سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قورقايلى

«ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە»

– ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسىگە ئەگەشمە. چۈنكى، قۇلاق، كۆز، دىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سوراققا تارتىلىدۇ»[1] دەپ تەلىم بەرگەن. ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگەن، راستچىل گۇۋاھچىلار ئارقىلىق ئىسپاتلانمىغان ھەرقانداق ئىش ھەققىدە «بىلىمەن» ياكى «شۇنداق» دېيىش ھېسابىنى بېرىپ بولغىلى بولمايدىغان ئېغىر مەسئۇلىيەتتۇر. چۈنكى، ئۇ ئىش ناۋادا دېيىلگەندەك بولماي قالسا، يالغان بولىدۇ. ئېغىزدىن چىققان ھەربىر سۆزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېسابى بار. بەزىدە بىر سۆز جەننەتكە ئېرىشىشكە سەۋەب بولۇپ قالسا، بەزىدە بىر سۆز دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ھەر سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە سورىقى بار.

607

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسان ئۆزى ھېس قىلماستىن شۇنداق بىر سۆزنى دەپ سالىدۇكى، ئۇنىڭ يەتمىش يىل دوزاختا قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ» دېگەن. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاچچىقتا ئۆزىنى تۇتالماي بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «قارا خوتۇننىڭ بالىسى» دەپ قويغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن ۋە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى: «سەن جاھىلىيەتنىڭ ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغان ئادەم ئىكەنسەن» دەپ ئەيىبلىگەن. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئۆزرە تىلەش ئۈچۈن مۇبارەك يۈزىنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاپىنى ئاستىغا قويماقچى بولغان.

بىر قېتىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر ئادەمنى كۆرۈپ:

ـ قارىسىلا، ماۋۇ ئادەم ئەجەب پاكاركىنا! ـ دەپ قويغانلىقى سەۋەبلىك پەيغەمبەر

[1] ئىسرا سۈرىسى، 36 ـ ئايەت.

ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ:

- «ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدىڭىز، دەرھال تەۋبە قىلىڭ!» - دېگەن.

ئەينى چاغدىكى مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق ھوشيار ۋە مەسئۇلىيەتچان ئىدى، شۇنداق ئېھتىيات قىلاتتى، ئاللاھ تائالادىن بەك قورقاتتى. ئەمدى بىزگە نېمە بولدى؟ بىر قىسىم كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يەپ، خاتالىقلىرىغا تۈزىتىش بېرىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان ئۆلىمالارنى، خەلقىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ۋەتەن دەۋاسى قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارنى دېتىغا ياقمىغانلىقى ئۈچۈنلا، ھەر خىل ھاقارەتلەر بىلەن تىللىسا، بۇنىڭ سورىقى يوقمۇ؟ ئاللاھ تائالا بۇنى بىلمەمدۇ؟ ھېسابىنى سورىمامدۇ؟ يەنە كېلىپ تارىختىن بېرى ئادەم تىللايدىغانلار، كىشىلەرگە ھاقارەت قىلىدىغانلار، ياخشىلارنى سۆكىدىغانلار ئازغۇنلۇقنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ كەلگەن بولسا، سەۋرچانلىق بىلەن چىرايلىق نەسىھەت قىلىدىغانلار ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغانلار ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز، ئىسلام تارىخىنى ئوقۇڭ، ئىنسانىيەت تارىخىنى ئوقۇڭ. چۈنكى، دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئىسلاھاتچىلارنى تىللىغانلار پەقەت ئازغۇنلار تەبىقىسىدىكىلەر بولۇپ كەلدى. ئەينى چاغدا پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھسسالامنى «گېپىنىمۇ ئۇقتۇرالمايدىغان پەس ئادەم» دېگەن بولسا، مۇسا ئەلەيھسسالام: «مەن ساڭا رەببىمنىڭ ئەلچىسىمەن» دەپ چىرايلىق جاۋاب بەرگەن. ئۆز ۋاقتىدا ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ئەبۇ لەھەب ۋە ئەبۇجەھىل قاتارلىقلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسى، بارلىق ياخشىلىقنىڭ نەمۇنىسى ۋە گۈزەل ئەخلاق ئابىدىسى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنى «ساراڭ»، «سېھىرگەر»، «يالغانچى» دېگەن قەبىھ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىگەن. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلاردىن ھېچبىرىنى تىللىمىغان. كاپىرلار ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلگىلىرى بولغان ئۇلۇغ ساھابىلەرگىمۇ ئازغۇنلار، ئەقىلسىزلەر، يالاڭتۆشلەر دېگەندەك ھاقارەتلەرنى قىلغان. ئەمما، ئۇلار «سىلەرگە ھىدايەت تىلەيمىز» دەپ يولىنى داۋاملاشتۇرغان. ئاخىر شۇلار غەلىبە قىلغان.

يەنە بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايدىغان، ئەمما پەردە ئارقىسىدا توختىماي ئادەم تىللايدىغان تور قەھرىمانلىرى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار بىر ئوچۇم توخۇ يۈرەكلەر بولۇپ، «كىملىكىمىز نامەلۇم بولغاندىن كېيىن، ھېچكىم بىزگە چېقىلالمايدۇ، بىزدىن ھېساب ئالالمايدۇ» دەپ ئېغىزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىدۇ؛ كېچە-كۈندۈز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غېمىنى يەۋاتقان تەشكىلات مەسئۇللىرىنى، خەلقىمىزنىڭ دىلىغا ئىمان ۋە ئىلىم سېلىش يولىدا جاپا چېكىۋاتقان ئۆلىمالارنى خالىغانچە ھاقارەتلەيدۇ؛ ئۇلارغا خىلمۇخىل تۆھمەتلەرنى

توقۇيدۇ؛ قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىنى ئىككىلەنمەستىن قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئىنسانلار بىلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالامۇ بىلمەمدۇ؟ ياراتقان زات ئۇلارنىڭ بۇ نامەردلەرچە قىلىقىنى بىلمەي قالامدۇ؟ ئۇلار ئىسمىنى ئەل-جامائەتتىن يوشۇرۇش بىلەن ئاللاھ تائالانى ئالدىيالامدۇ؟ ئىسمى ۋە كىملىكىنى ئاللاھ تائالادىنمۇ يوشۇرۇپ قالالامدۇ؟

بۇنداقلارغا سەمىمىي نەسىھىتىم شۇكى، ئەگەر سىلەردە زەررىچىلىك ئىمان ياكى ئازراق ۋىجدان بولسا، يۇقىرىدىكى سۆزلىرىمنى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار!

# ھۆزۈرىڭىزنى بۇزۇشقا يول قويماڭ

ئۆزىنى قىيناش، كېلەچەكتىن غەم قىلىش، ئۆتكەن ئىشلارغا قايغۇرۇش قاتارلىقلار روھنىڭ ساپلىقىغا داغ تەگكۈزىدىغان، كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان، مىجەزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈشتىن توسىدىغان بىر ئاپەتتۇر. بۇ يەردە ئۆلگىمىز ۋە يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر نامازدا سالام بېرىشتىن بۇرۇن ۋە ئەتىگەن ئاخشاملىرى ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ غەم قايغۇدىن پاناھ تىلىگەنلىكىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارغا شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتكەنلىكىنىڭ ھېكمىتى نامايان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اَللَّهُمَّ إِنِّى عَبْدُكَ وَابْنُ عَبْدِكَ وَابْنُ أَمَتِكَ نَاصِيَتِي بِيَدِكَ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ، أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ، سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَداً مِنْ خَلْقِكَ، أَوْ اِسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ◉ أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيْعَ قَلْبِي وَنُوْرَ صَدْرِي وَجَلاَءِ حُزْنِي وذِهَابَ هَمِّي» «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن، قۇلۇڭنىڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ ئوغلىمەن، تەقدىرىم سېنىڭ قولۇڭدا. مېنىڭ ئۈچۈن تەقدىر قىلغانلىرىڭ ھەر زامان يۈرگۈچى ۋە ئادالەتلىكتۇر. ئى ئاللاھ! ئۆزۈڭ شۇنداق ئاتىغان، كىتابىڭدا چۈشۈرگەن، بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى ئۆز دەرگاھىڭدىكى غەيبلەر قاتارىدا بىزلەرگە بىلدۈرمىگەن بارچە ئىسىملىرىڭنى ۋاسىتە قىلىپ سەندىن قۇرئاننى كەرىمنى كۆڭلۈمنىڭ باھارى، قەلبىمنىڭ نۇرى، قايغۇلىرىمنى يوق قىلغۇچى ۋە ئەندىشىلىرىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىشىڭنى سورايمەن»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ھەر نامازدىن كېيىن سالام بېرىشتىن بۇرۇن مۇنۇ دۇئانى قىلاتتى: «اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ، وَالْعَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغلَبَةِ الرِّجَالِ» «ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ غەم ـ قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزدارلىقتىن ۋە كىشىلەرنىڭ قەھرىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

چامىمىز يەتمەيدىغان ئىشلارغا ئۆزىمىزنى زورلاش ئارقىلىق روھىمىزنى ۋە جىسمىمىزنى قىينىشىمىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئۇۋال قىلغانلىقىمىزدۇر. شۇڭا،

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

روھىمىز، ئەقلىمىز ۋە جىسمىمىزنىڭ ھەققىنى بېرىشىمىز، ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز ۋە ئاسرىشىمىز لازىم. ناۋادا بىز جىسمىمىزنى ئاسرىساق، جىسمىمىزمۇ بىزنى ئاسرايدۇ، بىزنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىمىزنى ۋە جاپالىرىمىزنى كۆتۈرىدۇ. ئەگەر بىز بەدىنىمىزنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلاپ قىيناپ قويساق، بەدىنىمىزمۇ بىزنى قىيناپ قويىدۇ. روھىمىزنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن غەم قايغۇدىن يىراق تۇرۇشىمىز ۋە ئۆزىمىزگە غەم قايغۇ ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. بەدىنىمىزنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇنى ئارام ئالدۇرۇشىمىز، ئاسرىشىمىز ۋە قوغدىشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى ئۇزمەي روزا تۇتۇشقا باشلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا: «ئۇنداق قىلما، كېچىسى ئۇخلا، كۈندۈزى تىرىكچىلىك قىل، نەپلە روزىنى بىر كۈن تۇتۇپ، يەنە بىر كۈن تۇتمىغىن، چۈنكى سېنىڭ ئۈستۈڭدە بەدىنىڭنىڭمۇ ھەققى بار، كۆزۈڭنىڭمۇ ھەققى بار، ئەھلى ئەۋلادىڭنىڭمۇ ھەققى بار»[1] دېگەن.

بىر ئادەم چۆلدە كۈنلەپ ئارام ئالماي، يول يۈرۈپ، قاتتىق چارچاپ كەتكەندىن كېيىن، چەت يېزىدىكى بىر ئۆلىمانىڭ يېنىغا بارىدۇ ۋە ئۇنىڭغا:

- مەن سىلىدىن ھېكمەت ئۆگىنەي دەپ كەلدىم، - دەيدۇ. ھېلىقى ئۆلىما ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنى بىر قۇدۇقنىڭ بېشىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا:

- سىز مۇشۇ قۇدۇقتىكى سۇغا قاراپ تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىڭ! - دەيدۇ. ئۇ ئادەم قۇدۇققا قاراپ، قۇدۇق سۈيىدە ئۆز ئەكسىنى ئەينەن كۆرۈپ تۇرۇپ ئويغا چۆككەن بىر پەيتتە ئۆلىما قۇدۇققا ئارقا ئارقىدىن تاش ئاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇدۇق سۈيى داۋالغۇپ، ھېلىقى ئادەم ئۆز ئەكسىنى كۆرەلمەي بىئارام بولىدۇ. ئاندىن ئۆلىماغا:

- سىلى قۇدۇققا تاش ئېتىپ تۇرسىلا مەن قۇدۇق سۈيىدە ئۆزۈمنى كۆرەلمەيدىكەنمەن، - دەيدۇ. بۇ چاغدا ئۆلىما ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ:

- بۇ سىز ئۆگەنگەن بىرىنچى ھېكمەتتۇر، - دەيدۇ. بۇ يەردە ئۆلىمانىڭ دېمەكچى بولغىنى «كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلىدىغان، روھىڭنى بۇلغايدىغان ئىشنى قىلما، غەم قايغۇدىن ساقلانغىن، غەم قايغۇغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرغىن» دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىكەن.



[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

دېمەك، ئەقلىمىزنىڭ ساپلىقى، روھىمىزنىڭ پاكلىقى ۋە كۆڭلىمىزنىڭ ئارامى غەم قايغۇدىن ۋە غەم قايغۇغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشىمىزغا باغلىق ئىكەن. چۈنكى، ئەقىل ساغلام، روھ ساپ، كۆڭۈل ئارامىدا بولمىسا، ئادەم ئۆز ئەكسىنىمۇ ھەقىقىي قىياپىتىدە كۆرەلمەيدۇ، ئۇ چاغدا ئۇ ھەقىقىي ئۆزى بولالماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە ياراشمايدىغان ھەرىكەتلەرنى ۋە نالايىق قىلىقلارنى قىلىپ قويىدۇ.

# ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلەيلى

ئۇيغۇرلار ئىسلام نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئىنسانىيەت ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، قىممەتلىك بىر مىللەت ۋە قىممەت ياراتقان بىر خەلق. ئۇيغۇرلار ياراتقان تۆت چوڭ كەشپىيات ۋە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تۇنجى ئىسلام ھاكىمىيىتى ھېسابلىنىدىغان قاراخانىيلار دۆلىتى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇيغۇرلار دۇنيا ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇرلار يەنە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ شەھەرلەشكەن خەلق. ئەپسۇسكى، كېيىنكى بىر قانچە ئەسىر مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كىرىزىسلار ۋە بەختسىزلىكلەر ئۇلارنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۆزىدىكى جەۋھەرلەرنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەربلەردە «مەغلۇپ بولغانلار غالىبلارنى ئۈلگە قىلىدۇ» دەيدىغان ماقال بار. ھازىرقى دۇنيانىڭ ھالىغا قارايدىغان بولساق، ئۆزىنى مەغلۇپلاردىن ساناپ سەپىنىڭ ئاخىرىغا تىزىلىپ تۇرىدىغان مىللەتلەر راستتىنلا ئارقىدا قالغان. ئەمما، ئۆزىنى غالىب بىلىپ، سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغانلار ھەر جەھەتتە ئۈستۈن تۇرماقتا. چۈنكى، مەغلۇپ مىللەت روھىي جەھەتتىنمۇ مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئۆزى بەلگىلەپ بولىدىكەن، شۇڭا ئۇلار ھەمىشە غالىبلارنىڭ ئارقىسىدا مېڭىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرىدىكەن. ئەمما، غالىبلار ئۆزىنىڭ غالىبىيىتىنى ئۆزى سىزىپ، شۇ يولدا ماڭىدىكەن. ئىسلام دۇنياسى 16-ئەسىردىن بۇيان دۇنيادا غالىبلىق رولىنى ۋە تەرەققىيات روھىنى ياۋروپالىقلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، ھەر تەرەپتىن مەغلۇپ خەلقلەرگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى مۇسۇلمانلار غەيرى مۇسۇلمان مىللەتلەرنى ئۈلگە قىلىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۆزلىرىدىكى جەۋھەرلەرنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلارمۇ دەل شۇنداق بولۇپ قالدۇق. بۇنىڭ مىسالى ناھايىتى كۆپ. ئاددىي بىر مىسال ئالىدىغان بولساق، بىز ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغان كۈنىمىزدىن باشلاپلا باشقىلارنى چوڭ بىلىدىغان، ئۇلارغا تەلپۈنىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى بىزنىڭكىدىن مۇكەممەل ۋە ياخشى كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز باشقا مىللەتلەرنىڭ قەھرىمانلىرىنى، ئالىملىرىنى ۋە سەنئەتكارلىرىنى ئۆز ئىچىمىزدىن يېتىشىپ چىققان قەھرىمانلاردىن، ئالىملاردىن ۋە سەنئەتكارلاردىن

چوڭ بىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇ خاھىش ھاياتىمىزنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى، ئاندىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە رەسمىي ئومۇملاشتى. ناۋادا بىز ئەينى چاغدىلا ئالىملىرىمىزنى دۇنياغا تونۇشتۇرالىغان بولساق، بىزنىڭ ئىچىمىزدىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر دۇنيا سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان بولاتتى. مەسىلەن، ئابدۇقادىر داموللام ئىسلام دۇنياسىدا مىسلى تېپىلمايدىغان ئىسلاھاتچى ئالىم ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىللىتىمىزنى ئويغىتىشقا جېنىنى ئاتىغان، شۇ چاغلارغا نىسبەتەن دۇنيادا تونۇلۇشقا تېگىشلىك ۋەتەنپەرۋەر زات ئىدى. ئەمما، بىز ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمىدۇق، ئۇلارنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە جىمىقتۇردۇق. ھازىرمۇ ئۆزىمىزدىن چىققان ئالىملىرىمىزدىن بىرى بىرەر دىنىي ياكى ئىلمىي ماۋزۇنى ناھايىتى يېتەرلىك يورۇتۇپ بېرەلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك سەۋىيەدىكى بىرەر ئەرەب ياكى تۈرك ياكى ئۆزبېك ئالىمنىڭ لېكسىيەسىنى ئاڭلاشنى ئەۋزەل كۆرىمىز. ئۇلار ئۆز مىللىتىمىزدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا، كۆزىمىزگە چوڭ كۆرۈنىدۇ. مانا بۇ بىزدىكى ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈپ، باشقىلارنى چوڭ بىلىش ياكى ئۆزىدىكى قىممەتلەرنى تونۇماي، باشقىلاردىن قىممەت ئىزدەش خاھىشىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

بىز تۈركىيە خەلقى بىلەن قانداش. ئەمما، ئۆز قىممىتىنى بىلىش مەسىلىسىدىكى ئەھۋالىمىز بىر-بىرىمىزگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. تۈركىيە تۈركلىرى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ، باشقىلارنى ئۆزىدىن ئۈستۈن كۆرمەيدۇ، باشقىلارنى چوڭ بىلمەيدۇ، ئۆزىنى چوڭ بىلىدۇ، ئۆزىنى، ئۆز خەلقىنى، ئۆزى ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەرنى ۋە ئۆزىدىن يېتىشىپ چىققان ئىختىساس ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدۇ، باشقىلارنى ئۇلارغا تەڭ قىلمايدۇ. تۈركلەردىكى مىللىي ئاڭ بىزدىن ئالاھىدە يۇقىرى، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىدىن چىققانلارنى ھىمايە قىلىش روھى ناھايىتى مۇكەممەل. ئۇلار ئۆزىگە تەۋە ھەر نەرسىنى قەدىرلەيدۇ، باشقىلارنىڭكىنى ھەرگىز ئۆزلىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن قىلىۋالمايدۇ. ئاددىيسى، باشقا مىللەتنىڭ ئالىملىرىنى ئۆزىنىڭ ئالىملىرىدىن ئالاھىدە ئۈستۈن كۆرۈپ كەتمەيدۇ، باشقىلارنىڭ سەنئەتكارلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتكارلىرىدىن چوڭ بىلمەيدۇ. تۈركلەردىكى ئۆزىدىكىنى قەدىرلەش خاھىشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، كۆپ ساندىكى تۈركلەر سەئۇدىي ئەرەبىستاندا «پادىشاھ فەھد قۇرئان نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى»دە بېسىلغان ۋە دۇنيادا ئومۇملىشىۋاتقان قۇرئان كەرىم نۇسخىسىنى ئوقۇماي، ئۆز دۆلىتىدە بېسىلغان قۇرئان كەرىم نۇسخىسىنى ئوقۇيدۇ. شۇڭا، سەئۇدىي ئەرەبىستانغا ھەج ۋە ئۆمرە قىلغىلى كەلگەن تۈرك ھاجىلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىيەدىن ئەكەلگەن قۇرئاننى يانلىرىدا ئېلىپ يۈرۈپ، شۇنى ئوقۇيدۇ ھەتتا مەسجىدى ھەرەمدە قۇرئان شۇنچە كۆپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۆزى تۈركىيەدىن ئېلىپ كەلگەن قۇرئاننى ئوقۇيدۇ. مەن بۇ گەپنى شۇنداق قىلىشنى تەرغىپ قىلىش

ئۇچۇن دېمەيۋاتىمەن، پەقەت تۇركلەردىكى «ئۆزىنىڭكىنى قەدىرلەش روھى»غا مىسال ئۇچۇنلا كەلتۇردۇم، خالاس.

ئىنسان ئۆزىنى قانچىلىك قەدىرلىسە، باشقىلارمۇ ئۇنى قەدىرلەيدىكەن. مىللەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىكەن. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلمىسە، باشقىلار قانداق بىلسۇن؟! بىر مىللەت ئۆزىنى قەدىرلىمىسە، باشقىلار ئۇنى قانداقمۇ قەدىرلىسۇن؟!

بىز مۇستەملىكىدە قېلىپ ئەركىنلىكىمىزنى يوقاتقان بىر خەلق بولساقمۇ، ئىززىتىمىزنى، قىممىتىمىزنى ۋە دۇنيادىكى ئورنىمىزنى يوقاتمىدۇق. بىز خېلى-خېلى مىللەتلەردىن ياخشى ۋە قىممەتلىك مىللەتمىز. يەنىلا دۇنيادىكى كۆپلىگەن مۇسۇلمان مىللەتلەردىن ياخشى. ئاددىيسى، بىزدىكى يېمەك-ئىچمەكلەردىكى هالال-هارامنى ئىلغاش خىسلىتى مانا مەن دېگەن كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئەللەردە يوق. چۈنكى، بىزدە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەت گىرەلىشىپ كەتكەن.

بىز گەرچە ئېزىلگەن مىللەت بولساقمۇ، ئەركىنلىكىمىزدىن مەھرۇم قىلىنغان بولساقمۇ، قىممىتىمىزنى يوقاتقىنىمىز يوق. بىز يەنىلا قىممەتلىك مىللەت. ئالتۇن توپىغا كۆمۈلۈپ كەتسىمۇ، بەربىر ئالتۇن، قىممىتىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە يەنىلا پارقىرايدۇ. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنى قەدىرلەيلى، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىگە ئىشىنەيلى ۋە ئۆزىمىزنىڭكىنى قەدىرلەيلى!

# ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ

ئـى ئىنسـان! سـەن كىـم؟ يەيسـەن، ئىچسـەن، ئۇيلىنىسـەن، بـالا تاپىسـەن، ئىشلەيسـەن، يەنـە ھاياتلىقتـا نۇرغـۇن ئىشـلىرىڭ بـار. لېكىـن سـېنىڭ ھەقىقتىـڭ نېمـە؟ سـېنىڭ باشـقا مەخلۇقـات ئارىسـىدىكى ئورنـۇڭ ۋە مەرتىـۋەڭ نېمـە؟ ئەسـلىي ۋەزىپەڭچۇ؟

بـۇلار ئىنسـان ئۆزىدىــن ئـۆزى سوراشــقا تېگىشـلىك مۇھىــم سـوئاللاردۇر. بىــز كۆپىنچــە تۇرمـۇش ھەلەكچىلىكىگــە غــەرق بولـۇپ كېتىمىــز. يېــدۇق، ئىچتــۇق، ئۇيلەنــدۇق، باللارنــى تاپتــۇق، چـوڭ قىلـدۇق، ئۆيلـۈك-ئوچاقلىـق قىلـدۇق. ئەمـدى بۇنىڭدىــن كېيىــن نېمە بولماقچــى؟ ئۆلگەنــدىــن كېيىــن ئىش قانــداق بولىــدۇ؟ قەبرىگە كىرگەنــدىن كېيىــن قانــداق ئىشـلار يـۈز بېرىــدۇ؟ ئاخىرەتتــە نېمـە بولماقچــى؟ بـۇلار ئومۇمىــي سـوئاللاردۇر. «ھەرقانــداق زېــرەك ئەقىللىــق ئەمــەس» دەيدىغـان سـۆز بـار. چۈنكــى، زېرەكلىــك نىسـپىي ئىشــتۇر. سـىز فىزىكىــدا ئــەڭ يۇقىــرى نەتىجىگــە ئېرىشــىپ، ئــەڭ ئالىــي ئۇنۋانغــا ئىگــە بولۇشــىڭىز مۇمكىــن. ناۋادا سـىز رەببىڭىزنـى تونۇمىسـىڭىز، سـىزنى ئەقىللىــق دېگىلــى بولمايــدۇ. دېمــەك، نىسـپىيلىك باشـقا، كۈللىيلىــك باشـقىدۇر. كۈللىياتلار بىۋاسـىتە سـىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىـز ۋە كىملىكىڭىزنـى بەلگىلەيــدۇ. سـىز كىـم؟ بـۇ دۇنياغــا نېمشــقا تۆرەلدىڭىــز؟ ئۆلگەنــدىــن كېيىــن نەگــە بارىســىز؟ جەننــەت، دوزاخ دېگــەن نېمــە؟ بـۇ كائىناتنــى كىــم ياراتتــى، نېمشــقا ياراتتــى؟ بـۇلار دىنىنىــڭ كۈللىــي مەسـىلىلىدۇركى، بۇلارنىــڭ ھەممىسـى سـىزدىن جــاۋاب كۈتىــدۇ. جۈزئىــي مەسـىلىلەرگە غــەرق بولـۇپ كەتكۈچىلــەر ئەرزىمــەس نەرسىلەرگە بېرىلىـپ كەتكـەن بولىـدۇ. ئۆلـۈم كەلگەنـدە، ئـۇ ھەممىنـى يـوق قىلىـدۇ، ئۆلـۈم بايلىــق ۋە يوقسـۇللۇق، كۈچلۈكلـۈك ۋە ئاجىزلىــق، گۈزەللىــك ۋە سـەتلىك، زېرەكلىـك ۋە دېۋەڭلىـك ھەممە نەرسـىنى بىراقلا يـوق قىلىۋېتىـدۇ. ئۆلۈمدىــن كېيىــن نېمـە قالىــدۇ؟ ئۆلۈمدىــن كېيىــن پەقــەت ئىمـان ۋە ياخشـى ئەمەلـلا قالىــدۇ. شـۇڭا، ئەقىللىق كىشلەر ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھايات ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

سـىز دۇنياغــا كېلىــپ، ھەممــە نەرســە دۇنيانىــڭ لەززەتلىــرى ۋە شــەھۋەتلىرى ئىكــەن، ھەممــە نەرســە مال-دۇنيــا، ئەمەل-مەنسـەپ، يۈز-ئابــرۇي ۋە پەرزەنتلــەر ئىكـەن دەپ ئويـلاپ قالسـىڭىز، بـۇ دۇنياغـا تۆرەلگەنلىكىڭىزنىـڭ غايىسـى ۋە سـىرىنى بىلمەيـلا، دۇنيادىــن كېتىــپ قالسـىز. شـۇڭا، ئوقـۇش، ئۆگىنىـش ھەربىـر مۇسـۇلمان

616

ئۈچۈن پەرزدۇر. بۇ خالىغاندا ئوقۇپ قويسا بولىدىغان كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى ئەمەس، بەلكى ئىلىم بىز نەپەس ئالىدىغان ھاۋاغا ئوخشاشتۇر. شەكسىزكى، ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگىدۇر. چۈنكى، روھىي ئالەمدە ئاللاھ تائالا دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت ئامانەتنى ئاسمانلارغا ۋە زېمىنغا تەڭلىگەندە، ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن قورقتى، ئەمما ئىنسان ئۇنى قوبۇل قىلدى. ئىنسان بۇ ئامانەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئەگەر سىز ئاللاھ تائالانى تونۇغان، ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلگەن ۋە ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىڭىزدىن ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلغان، ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن، قانۇنلىرىغا بويسۇنغان بىرى بولسىڭىز، مەڭگۈلۈك سائادەتكە ئېرىشىلىك بولىسىز. چۈنكى، سىز مەڭگۈلۈك ھايات ئۈچۈن يارىتىلغان، ئاخىرەتتە كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ باقمىغان ئېسىل نېمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغان جەننەتكە ئېرىشىلىك قىممەتلىك مەۋجۇدات. دېمەك، سىز جەننەت ئۈچۈن يارىتىلغان. ئەمما، ئۆزىنى مۇشۇ پانىي دۇنيا ئۈچۈن يارىتىلغان دەپ ئويلاپ قالغانلار ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر. قۇرئان كەرىمدە ئەقلىنى ئىشلەتمەي، ئاللاھ تائالادىن ۋە ئۇنىڭ كالامىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر كۆپ. ئوقۇش، ئۆگىنىش ھاياتتىكى قوشۇمچە ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىزغا، مەۋجۇتلۇقىڭىزنىڭ سەۋەبى ۋە غايىسىگە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك كېلەچىكىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر. ئىلىمنىڭ بېشى ئاللاھ تائالانى تونۇشتۇر. ئىنسان ئىدراك قىلىدىغان ئەقىل، سۆيىدىغان قەلب ۋە ھەرىكەت قىلىدىغان بەدەندۇر. ئەقىلنىڭ غىزاسى ئىلىم، قەلبنىڭ غىزاسى مۇھەببەت، بەدەننىڭ غىزاسى تائامدۇر. ئەگەر سىز ئەقلىڭىزنى ئىلىم بىلەن غىزالاندۇرسىڭىز، ھاياتلىق ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەنسىڭىز، ئۆز مەۋجۇتلۇقىڭىزنىڭ سىرى، سەۋەبى، غايىسى، ئاخىر قايتىدىغان يېرىڭىز، ئاخىرەتتىكى جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدە ئىزدەنسىڭىز، بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىڭىزنىڭ سىرىنى بىلگەن، مەۋجۇتلۇقىڭىزنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىسىز. ناۋادا بۇ ئىشلاردىن غەپلەتتە ياشىسىڭىز، باشقا جانلىقلارغا ئوخشاشلا ياشىغان بولىسىز ۋە ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان چوڭ زىيانغا ئۇچرايسىز.

ئىنسان دېمەك، ئىدراك قىلىدىغان ئەقىل بولۇپ، ئۇنىڭ غىزاسى ئىلىمدۇر. ئۇ سۆيىدىغان قەلب بولۇپ، ئۇنىڭ غىزاسى مۇھەببەتتۇر. ئۇ ھەرىكەت قىلىدىغان بەدەن بولۇپ، ئۇنىڭ غىزاسى يېمەك-ئىچمەكتۇر. سىز كۈنلەردىن تەركىب تاپقان بىر مەۋجۇدات بولۇپ، ھاياتىڭىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن ھەربىر كۈن سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن ئايرىلغان بىر پارچىدۇر. مەيلى ئون يىل، يىگىرمە يىل، ئوتتۇز

يىل، قىرىق يىل، ئەللىك يىل، ئاتمىش يىل، يەتمىش يىل، سەكسەن يىل، توقسان يىل، مەيلى يۈز يىل ياشاڭ، ھامان بىر كۈنى ئۆلۈم سىزنى چوقۇم تاپىدۇ. ئۇ چاغدا سىز: ئۆلمەيمەن، دېيەلەمسىز؟ ئۆلۈم كەلگەندە سىز ئىگە بولغان ھەممە نەرسە نۆلگە ئايلىنىدۇ يەنى قولىڭىزدىن چىقىپ كېتىدۇ. بىز ئۆلۈم ئۈچۈن قانچىلىك تەييارلىق قىلدۇق، ئۆلۈمدىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك ھايات ئۈچۈن نېمىلەرنى ھازىرلىدۇق؟ ئەقىل دەل مۇشۇ يەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. كۆپ مال-دۇنياغا ئېرىشكەنلىك، دۇنيا لەززەتلىرىدىن كۆپ بەھرىمەن بولغانلىق، جەمئىيەتتە قالتىس ئادەم بولغانلىق ۋە ئالاھىدە يۈز-ئابرۇيغا ئېرىشكەنلىك ئەقىلدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلايدۇ، ئاخىرەتلىكىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلايدۇ.

گەرچە ئادەم دۇنياغا كېلىپ، ئوقۇپ، بىلىم ئېلىپ، ئەڭ ئالىي دىپلوملارغا ئېرىشكەن، يىللارچە تىرىشىش ۋە ھارماي ئىشلەش نەتىجىسىدە ھېسابسىز بايلىققا، يۇقىرى ئابرۇيغا ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئالىي ئورۇنغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۆلۈم ھەممىنى نۆلگە قايتۇرۇۋېتىدۇ، تاپقان-تەرگەنلىرى بىر لەھزىدىلا يوق بولىدۇ. ئەمما، ئاللاھ تائالانى تونۇغان ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان مۇئمىن ئادەمنىڭ ئەھۋالى باشقىچە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلغانلىقى نېمەتتىن ئايرىلغانلىق ئەمەس، بەلكى بىر نېمەتتىن يەنە بىر نېمەتكە يۆتكەلگەنلىكىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! مەن ئۈچۈن دۇنيا نېمىتىنى ئاخىرەت نېمىتىگە ئۇلاپ بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى. سىزنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇغانلىقىڭىزنىڭ ئۆزى ھاياتىڭىزدا ۋە ئۆلگىنىڭىزدە، بايلىقىڭىزدا ۋە يوقسۇللۇقىڭىزدا، ساقلىقىڭىزدا ۋە كېسەللىكىڭىزدە، قىسقىسى، پۈتۈن ھالىتىڭىزدە ئەڭ بەختلىك ئىنسان بولۇشىڭىزغا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئىمان بەخت-سائادەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

# گۇناھنى تونۇغان ئادەم ياخشى ئادەمدۇر

ناچار ئادەم گۇناھىنى ۋە خاتالىقىنى تونۇمايدۇ، چۈنكى ئۇ يامانلىقلىرى بىلەن مەشغۇلدۇر. ئەمما، ياخشى ئادەم گۇناھىنى تونۇيدىغان، كەمچىلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەمدۇر. چۈنكى، ئۇ بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، بىراۋغا زىيان يەتكۈزۈپ قويسا ياكى بىرەر ئىشنى بۇزۇپ قويسا، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ھېس قىلىدۇ، بۇزۇپ قويغان ئىشنى تۈزەشكە تىرىشىدۇ. ياخشى ئادەم ۋىجدانلىق ئادەمدۇر، ئەمما يامان ئادەم ۋىجدانسىز، مەسئۇلىيەتسىز بىپەرۋا ئادەمدۇر. ناۋادا سىز يولدا قىلالمىغان ھەرقانداق ئىش توغرۇلۇق ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىيەلىسىڭىز، بىلىپ-بىلمەي سادىر قىلغان گۇناھىڭىز سەۋەبلىك ئۆزىڭىزگە مالامەت قىلالىسىڭىز، ھەرقانداق ناھەقچىلىككە غەزەپلىنەلىسىڭىز، دېمەك، سىز ياخشى ئادەم، ۋىجدانلىق ئادەم. گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ۋە ئۆزتەنقىد كىشىگە ئۆزىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، تېخىمۇ مۇكەممەللىككە يېتەكلەيدىغان نەرسىدۇر.



### ئۆزىڭىزنى گۇناھكار ھېس قىلغاندا، قانداق قىلىسىز؟

كىشىنىڭ ئۆزىنى ھەمىشە گۇناھكار ھېس قىلىپ، «مېنىڭ بولۇشۇم مۇشۇ ئىكەن» دەپ چۈشكۈنلىشىپ كېلىشى ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدۇر. چۈنكى، ئۆزىنى ھەمىشە گۇناھكار سانىۋېلىش گۇناھتىن ئۆزىنى تارتماسلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما، بىرەر گۇناھ سادىر قىلغاندا، بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندا، بىرەر مەخلۇقاتقا زىيان سېلىپ قويغاندا، ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىپ، گۇناھىنى تونۇپ، بۇزۇپ قويغان ئىشنى دەرھال ئوڭشاشقا ۋە تەۋبە قىلىشقا كىرىشىش باشقا گەپ. ئۇنداقتا، ئۆزىمىزنى گۇناھكار ھېس قىلغان چېغىمىزدا قانداق قىلىمىز؟ جاۋاب شۇكى، ئۇ چاغدا ئالدىمىزدا ئىككىلا يول بولىدۇ: بىرى، ئۆزىمىز بۇزغان ئىشنى ئوڭشاش، گۇناھقا تەۋبە قىلىش، دۇرۇسلۇققا قايتىش؛ ئىككىنچىسى، بۇنداق گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن يىراق تۇرۇش. بىز ئىنسان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، گۇناھ قىلىپ سالىمىز، خاتالىق سادىر قىلىپ قويىمىز، بەزى ئىشلارنى بۇزۇپ قويىمىز. ئەگەر بىزدە ۋىجدان بولسا، گۇناھىمىزنى تونۇيمىز، خاتالىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز ۋە ئىشلارنى بۇزۇپ قويغانلىقىمىزدىن ئەپسۇسلىنىمىز. شۇنىڭ

بىلەن ئۆزىمىزنى گۇناھكار ھېس قىلىمىز. ئەگەر بىز بۇ گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئۇنىڭدىن خالاس بولمىساق، بىز قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرىمىزغا تەسىر يېتىدۇ. ۋاقتىمىزنى ۋە ئەقلىمىزنى ئىسراپ قىلغان بولىمىز. شۇڭا، گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن تەۋبە-ئىستىغفار، دۇرۇسلۇققا قايتىش ۋە ئۆزىمىز بۇزغاننى ئۆزىمىز ئوڭشاش بىلەن خالاس بولالايمىز. بۇ نۇقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 70 قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىمەن»[1] دېگەن سۆزىدىكى ھېكمەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى، تەۋبە-ئىستىغفار ئىنساننىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىدىغان، خاتالىقلىرىنى ۋاقتىدا يۇيۇپ، گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ ئېغىر خاتالىق ۋە گۇناھلاردىن ساقلاپ تۇرىدىغان قالقاندۇر. خاتالىقنى ۋاقتىدا ئوڭشاپ، گۇناھنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرۈپ ماڭمىغاندا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىرقانچە خاتالىقنى تۇغدۇرۇپ مېڭىۋېرىدۇ-دە، كىشىنى ئايىغى چىقماس خالتا كوچىغا باشلاپ قويىدۇ. بۇ خۇددى كۆڭلەكنىڭ بىرىنچى تۈگمىسىنى خاتا ئېتىش بىلەن پۈتۈن تۈگمىلىرى خاتا ئېتىلىپ ماڭغىنىغا ئوخشايدۇ. كۆڭلەكنىڭ دەسلەپكى تۈگمىسىنى قايتىدىن توغرا ئەتكەندىن كېيىنلا، باشقا تۈگمىلەرمۇ توغرا ۋە جايىدا ئېتىلىپ ماڭىدۇ. تەۋبىنىڭ ئىشىكى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر. ئاللاھ تائالا گۇناھكار بەندىلىرىگە خۇش خەۋەر بېرىپ: «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئۇ پۈتۈن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[2] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەرقانداق ئادەمزات خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[3] دېگەن. چۈنكى، ھەركىم بىلىپ-بىلمەي چوقۇم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، گۇناھ ئىشلەپ سالىدۇ. ھەتتا قەتئىي گۇناھ قىلىپ باقمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى گۇناھسىز دەپ مەغرۇرلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ ئىشلىگەندىن ئېغىرراق گۇناھتۇر. چۈنكى، مەغرۇرلۇق ئىبلىسنى ئىماندىن چىقارغان گۇناھتۇر. دېمەك، دۇنيادا گۇناھسىز ئادەم يوق.

---

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[2] زۇمەر سۈرىسى، 53 54-ئايەتلەر.

[3] ئىمام تىرمىزىي ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

# ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلگەن بەندىگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن

ئەمەۋىلەر خەلىپىلىكىنىڭ يەتتىنچى خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز: «ئۆزىنىڭ قىممىتىنى (يەنى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى) بىلگەن بەندىگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن!» دېگەن ئىكەن. بۇ سۆز ئەسلىدە ناھايىتى ھېكمەتلىك سۆزدۇر. ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ ئېيتىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەگەر سىزدە بىرەر كىتاب، ماقالە ياكى يازمىنى توغرا ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئىقتىدارى بولمىسا، ئۇنى بىلىشكە تىرىشىڭ، چۈشەنمىگەن نەرسىڭىز ھەققىدە پىكىر قاتناشتۇرماڭ، ھەممە نەرسىگە چېقىلىدەك ئولاشماڭ، چۈنكى بۇنداق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ھەد-ھۇدۇدىڭىزنى بىلمەي خاتالىشىپ قالىسىز، دېگەنلىكتۇر.

بۇرۇنقى زامانلاردا ئانا ۋەتىنىمىزدە مەدرىسىگە كىرگەن يۈز تالىپتىن ئاران بىر ياكى ئىككىسى ئۆلىما بولۇپ چىقىدىكەن، قالغانلىرى 20 30 يىل مەدرىسىنىڭ توپىسىنى يەپ، بايلارنىڭ سەدىقىسىنى يەپ قورساق باققانلىقىدىن پەخىرلىنىپ، «ئېتى ئۆلۈغ، سۈپرىسى قۇرۇق» يۈرەركەنمىش. ئۇلار ھېچقانداق ئىلىم تەھسىل قىلالمىغان تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىنى ھېلىقى يۈزدىن تاللىنىپ چىققان بىر، ئىككى ئۆلىما بىلەن تەڭ قىلىۋالىدىكەنتۇق. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئالدىدا «بىلمەيمەن» دېيىشتىن نومۇس قىلىپ، خاتا پەتىۋالارنى بېرىپ خەلقنى ئازدۇرغان ئىكەن. بۇ ئەھۋال چەتئەللەردىمۇ كۆرۈلمەكتە. بىرقانچە ئون يىل ئەرەبنىڭ سەدىقىسىنى يەپ مەدرىسە كاشىلا قىلىپ، يەنە بىرقانچە يىل شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن جان بېقىپ، ئاندىن ئەرەبلەرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالغان كۈنىدىن باشلاپلا، ئۇلارنىڭ ھەجۋىي رەسىملىرىنى تارقىتىپ، تىللاپ يۈرگەن؛ قورسىقىدا ئۇماچىنىڭ تايىنى يوق تۇرۇپ ئۆلىما ئاتىلىپ قالغان؛ خەلقىگە بىرەر ئايەت ياكى ھەدىسنىڭ تەرجىمىسىنى بولسىمۇ يەتكۈزۈپ ئوقۇغاننىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنىڭ ئورنىغا، كىم بىر نەرسە يازسا ياكى سۆزلىسە، چۈشەنمەي تۇرۇپ قوشۇق سالىدىغان ۋە ئۆزىنى مول ھوسۇللۇق ئۆلىمالار قاتارىدىن سانىۋالىدىغان؛ بىر ئوبدان ئۇيغۇرچە يازالايدىغان تۇرۇپ، قابىلىيىتىنى پايدىلىق ئىشلارغا ئەمەس، پەقەت چېقىلىدەك باشقىلارنى بىئارام قىلىدىغان ئەبجەق رەددىيەلەرگىلا ئىشلىتىدىغان؛ بىرەر نەرسە

يېزىشى يوق، باشقىلارنىڭ بولار-بولماس بارلىق يازمىلىرىنى كۆچۈرۈپ قويۇش بىلەن ئۆزىنى چوڭ ئىش قىلغان ئادەم سانايدىغان، ئىچى قۇرۇق، تېشى پالپال ئۆلىما سۈپەتلىكلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر.

زامانىمىزدا «ئۆلىما» دېگەن سۆز مەدرىسىنىڭ قارىسىنى كۆرگەنلا ئادەمگە ئىشلىتىلىدىغان ناھايىتى ئاددىي سۆز بولۇپ قالدى. ئەسلىدە «ئۆلىما» دېگەن ئۇنداق ئاددىي ئاتالغۇ ئەمەس. قەدىمدىن بېرى ئۆلىما مول ھوسۇللىرى، گۈزەل ئەخلاقى، ئىلمىي ئىقتىدارى، خەلقنى يېتەكلەشتىكى ئىلمىيلىكى ۋە پەم-پاراستى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن. ھازىرمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. جۈملىدىن، مەن ئۆزۈمنى ھېچقاچان «ئۆلىما» دەپ باقمىدىم. «ئىززىدىنىۋاتقان، ئۆلىما بولۇشقا تىرىشىۋاتقان بىرىمەن» دەپ كەلدىم. ئاللاھ گۇۋاھكى، مېنى بىرەرسى «ئالىم» ياكى «ئۆلىما» دېسە، قاتتىق خىجىل بولۇپ كېتىمەن، ئۆزۈمنى بۇ ئاتالغۇغا لايىق ئەمەس دەپ قارايمەن. چۈنكى، مەندە بۇ خىسلەت يېتىلىپ بولالمىدى.

بىر ئادەم 4 5 يىل ئوقۇسا دوختۇر ياكى ئىنژېنېر بولىدۇ ۋە ياكى بىرەر كەسىپ ئىگىسى بولىدۇ، ئەمما 5 10 يىل دىنىدا ئوقۇغان ئادەم ئۆلىما بولۇپ بولالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ناھايىتى قىيىن يول. ئۆلىماغا يارىشىدىغان ئەڭ ئېسىل پەزىلەت كەمتەرلىكتۇر. «ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بەندىگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلگەن ئادەم چوقۇم كەمتەر بولىدۇ، ھەددىنى بىلىدۇ، ئەقلى يېتىدىغان ۋە يەتمەيدىغان ھەممىلا نەرسىگە قوشۇق سالمايدۇ، بىلمىگەنلىرىنى ئۆگىنىدۇ، بىلگەنلىرىنى ئۆگىتىدۇ. چۈنكى، ھەركىم ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. كىرىزىس دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

ئۆزىنى ئۆلىما چاغلايدىغان ئادەم بىراۋغا ياكى بىرەر يازمىغا ئالدىراپ باھا بەرمەيدۇ، ئۇنى ئوبدان چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ، مۇلاھىزە قىلىدۇ، شەرىئەتكە ئۇدۇللاپ كۆرۈپ، ئاندىن بىر نەرسە دەيدۇ. ئەمما، قارشى تەرەپنىڭ يازمىسىنىڭ مەقسىتىنى، قاراتمىلىقىنى، نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلمەي ۋە چۈشەنمەي تۇرۇپ، شۇ شەخس ھەققىدە ئالدىن تۇرغۇزۇۋالغان قارىشى، ھەسەتخورلۇقى ياكى ئۆچمەنلىكى سەۋەبلىك قارىسىغا بىر نەرسىلەرنى دېيىش نە دىيانەتكە، نە ئىنسابقا ياتمايدۇ. بۇ ئىلىم ئەھلىگىلا ئەمەس، ئادەتتىكى خەلققىمۇ ياراشمايدىغان ئەدەپسىزلىكتۇر. ئۆلىما بۇنداق بولسا، ئۇنىڭ تور چېۋىنلىرىدىن نېمە پەرقى قالىدۇ؟ خەلق ئۇنىڭ نېمىسىدىن ئۆگىنىدۇ؟ نېمىسىگە ئەگىشىدۇ؟

ئېغىزدىن چىققان ياكى يازما ئارقىلىق تارقالغان ھەربىر سۆزنىڭ ھېسابى بار. ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى يېزىپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا

ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدۇ. ئىنسانلارغا ئالدىراپ باھا بېرىش، دېتىغا ياقمىغان بىرىنى ئۆزى ئەڭ يامان كۆرىدىغان كاتىگورىيەدىكى شەخسلەرگە ئوخشىتىش تۆھمەتخورلۇق ۋە ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر. بۇنىڭ سورىقى يوقمۇ؟ تەقۋادارلىق ئەمەل-ئىبادەت بىلەنلا ئەمەس، قەلبنىڭ ئۆچمەنلىكتىن، ئاداۋەتتىن ۋە ھەسەتخورلۇقتىن پاك بولۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ ھەقتىكى سۆزۈمنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ مۇبارەك ئايىتى بىلەن تۈگىتىمەن: ﴿وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَٰئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولًا﴾ «ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسىگە ئەگەشمە. چۈنكى، قۇلاق، كۆز، دىل قاتارلىقلار چوقۇم سوئال قىلىنغۇچىدۇر»[1].



[1] ئىسرا سۈرىسى، 36-ئايەت.

# ئۆلۈك بىلىقتىن باشقىسى سۇنىڭ ئىچىگە ماڭمايدۇ

ھاياتلىق ــ ھەرىكەت، كۈرەش، تىرىشىش ۋە ئىشلەش دېگەنلىكتۇر. ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ھەرىكەتتۇر. چۈنكى، ھاياتتا ھەرىكەت، ئۆلۈمدە جىملىق بار. ئېقىن سۇ پاكىز، رەڭگى گۈزەل، تەمى ياخشى كېلىدۇ، ئەمما تۇرغۇن سۇ پاسكىنا، رەڭگى ئۆزگەرگەن، تەمى بۇزۇلغان كېلىدۇ. ھەرىكەت قىلمايدىغان، ئىشلىمەيدىغان، قورسىقىنى چىڭ تولدۇرۇۋېلىپ ئىنتېرنېت ياكى تېلېۋىزور ئالدىدا كۈن ئۆتكۈزىدىغانلار كېسەلدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەكسىچە، ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئىزچىل ئىشلەيدىغان، بىر يەردە جىم تۇرمايدىغان ئادەملەرنىڭ تېنى ساق كېلىدۇ. چۈنكى، ئىشلىمەسلىك، جاپا چەكمەسلىك ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى تىرىشىشقا ۋە ئىشلەشكە ياراتقان. «ئى ئىنسان! شەكسىزكى، سەن رەببىڭنىڭ ئالدىغا بارغانغا قەدەر جاپالىق ئىشلەيسەن» دېگەن ئايەت مۇشۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

دۇنيا تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇن ئىشلار ماشىنىلىشىش نەتىجىسىدە ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى ئازىيىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىنسانلاردا قان بېسىمى، قەنت كېسىلى، قاننى ماي قاپلاپ كېتىش قاتارلىق ئۆتمۈشتە ئەجدادلىرىمىز ئاڭلاپ باقمىغان كېسەللىكلەر پەيدا بولدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئاللاھ تائالا ياراتقان قانۇنىيەتكە زىت ئىش قىلغانلىقتىن بولسا كېرەك.

«ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى رىچارد تېمپلېر مۇنداق يازىدۇ: «ھاياتلىق جاپا-مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن تولغان بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ شۇنداق بولغانلىقىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە كاتتا ئىلتىپاتىدۇر. شۇڭا، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش لازىم. چۈنكى، ھاياتلىق ناۋادا قىيىنچىلىقتىن خالىي بولۇپ، ھەممە ئىش ئاسانلا ھەل بولسا ئىدى، بىز ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرالمىغان، ھاياتلىقتىكى مۇھىم تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئۆگىنەلمىگەن بولاتتۇق. ناۋادا ھاياتلىقنىڭ ھەممىسى خۇشاللىققىلا تولغان بولسا ئىدى، ئىنتايىن زېرىكىشلىك بولۇپ، ھېچقانداق ھالاۋىتى قالمىغان بولاتتى. يامغۇر بولمىسا ئىدى، بىزدە يامغۇر توختىغاندىن كېيىنكى خۇشاللىق بولمايتتى. ھەممە ئىش ئوڭاي بولۇپ كەتسە ئىدى، بىز كۈچ-قۇۋۋەت ھاسىل قىلالمىغان بولاتتۇق. شۇڭا، بىز ھاياتلىقنىڭ مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشىمىز كېرەك. يەنە

624

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۆلۈك بېلىقلا سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئەمما، باشقىلار ھەمىشە كۈرەش ۋە تىرىشچانلىق ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭا، بىز سۇ ئۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىمىز. بىز ھەرىكەت قىلىپلا تۇرىدىغان بولساق، ھەربىر ھەرىكىتىمىزدە، ھەربىر تىرىشچانلىقىمىزدا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولىمىز، جىسمانىي ساپايىمىز ئاشىدۇ ۋە ئالەمچە خۇشاللىق ھەم بەخت-سائادەتكە چۆمىمىز.

بەزى ئىستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، دەم ئېلىشقا چىقىش ئەرلەر ئۈچۈن ھەرگىز ياخشى ئىش ئەمەس. چۈنكى، دەم ئېلىشقا چىققان كىشىلەرنىڭ تولىسى دەم ئېلىشقا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. چۈنكى، ئۇلار سۇ ئۈزۈشتىن توختاپ قالغان ئۆلۈك بېلىقلارغا ئوخشاش سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن تۈگەشكەن. شۇڭا، سىز سۇ ئۈزۈشتىن ھەرگىز توختاپ قالماڭ. بولمىسا ھاياتىڭىز توختاپ قالىدۇ. ھاياتىڭىزدىكى ھەربىر مەغلۇبىيەت سىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىڭىز ۋە غەلىبە قىلىشىڭىز ئۈچۈن يارىتىلغان پۇرسەتتۇر. مەغلۇبىيەت سىزنى ئاجىزلاشتۇرمايدۇ، ئەكسىچە كۈچلۈك قىلىدۇ. ھاياتلىق ئەنە شۇنداق كۈرەش ۋە ئىزچىل ئىشلەشتۇر. ئەمدى قايسىنى تاللايسىز؟ ئۆلۈك بېلىق بولۇشنىمۇ ياكى كۈچلۈك سالمۇن بېلىقى بولۇشنىمۇ؟».

# ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئىلمى ئۆزلىرى بىلەن كەتمىسۇن

بالىلىق چاغلىرىمىزدا بىزگە مەدرىسىدىكى ئۇستازىمىز: «يازغان كىشىنىڭ ئىلمى قېپقالىدۇ، يادلىغان كىشىنىڭ ئىلمى ئۆزى بىلەن كېتىدۇ» دەپ ئۆگەتكەن. بۇ، مەدرىسە ھاياتىمدا ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان ھېكمەتلىك سۆز ئىدى. ئۇستازىمىز بۇنى دەپلا قويماي، بىزگە ئۆگەتكەن ئىلىمنى يېزىپ قالدۇرۇشىمىزنى تەۋسىيە قىلاتتى. بۇ نېمىدېگەن ئىلغار ئۇستاز ھە! جانابى ئاللاھ تائالا ياتقان يېرىنى فىردەۋس جەننەتتە قىلسۇن... ئامىن.

كاشكى بىزنىڭ مەدرىسىلىرىمىزدىكى ئۇستازلارمۇ شۇنداق ئىلغار پىكىرلىك، يىراقنى كۆرەر بولسا ئىدى، كاشكى ھازىر تۈركىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر مەدرىسىلىرىنىڭ ئۇستازلىرىمۇ شۇنداق بولسا ئىدى، كاشكى...

مەيلى ئانا ۋەتەندە بولسۇن ياكى بارلىق ئىسلام دۇنياسىدا بولسۇن، مەدرىسىلەردىكى ئەڭ چوڭ قاتماللىق ۋە ئەڭ كەچۈرگۈسىز خاتالىق تالىپلارنى يېزىشقا ئۈندىمەسلىك ۋە كاللا ئىشلىتىشكە ئەمەس، پەقەت قارغۇلارچە يادلاشقىلا زورلاش بولغان. بۇ خاتالىقنىڭ دەردىنى بارچە ئىسلام دۇنياسى تارتماقتا. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بارچە ئىسلام ئەللىرىدىكى مەدرىسە ئۇسۇلى تەرەققىي قىلىپ، مەكتەپ ئۇسۇلىغا ئۆزگەرگەن ۋە تالىپلارغا بىلگەنلىرىنى يېزىش، ئۇستاز ئۆگەتمىگەن كىتابلارنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ كۆپ ئوقۇش ۋە ھەر خىل تېمىلاردا ئىزدىنىش قاتارلىق ئىلغارلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىسىلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەدىمكى كىلاسسىك ئۇسۇل بىلەنلا قالغان، تەرەققىي قىلمىغان. ۋەتەندىكى مەخپىي مەدرىسىلەر تاكى خىتايلار پۈتۈنلەي تاقىۋەتكەنگە قەدەر ئاشۇنداق كىلاسسىك ئۇسۇلدا ماڭغان. ماقۇل، ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن ئۆزرىسى بار دەپ تۇرايلى. چۈنكى، ۋەتەندىكى مەدرىسىلەردە ۋەتەننىڭ ھەقىقىي تارىخىنى، تارىختىكى جەڭگىۋار ئەجدادلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى، مۇستەملىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلابلىرىنى ئۆگىتىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئەمما، ھازىر چەتئەللەردە ئەركىن دۇنيادىكى مەدرىسىلەردە بالىلارغا نېمە ئۆگىتەي دېسە، ئۆگىتەلەيدىغان شارائىت بار، ئىمكانىيەتمۇ بار. ئەلۋەتتە تەرەققىي قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە باشقا ئىلغار مەدرىسىلەردىن ئۆرنەك ئېلىش كېرەك. ئۇنداق قىلماي، يەنە شۇ كونا كاللا بىلەن ھەرىكەت قىلىش كېلەچەكنىڭ

ئۈمىدلىرى بولغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆمرىنى زايە قىلغانلىق ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقتۇر. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر مەدرىسىلىرىدە بىلگەنلىرىنى يېزىش تاپشۇرۇقى، ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى، تارىخ ۋە جۇغراپىيە، ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئۈلگىلىك شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى، ۋەتەنىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى قاتارلىقلارنىڭ بولۇشى ۋە ھەر كۈنلۈك دەرسلىك ئىچىدە مۇشۇنداق ماۋزۇلارغا كەڭ ئورۇن بېرىلىشى بۇ مەدرىسىلەردىن تەلەپ قىلىنغان ئەقەللىي تەلەپتۇر. شۇنداق بولمىغاندا، بىزنىڭ مەدرىسىلىرىمىزنىڭ باشقا مىللەتلەر ئاچقان مەدرىسىلەردىن ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى ۋە پەرقى يوق بولىدۇ. بۇ چاغدا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ باشقىلار ئاچقان مەدرىسىلەرگە بېرىشى ئەۋزەل بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ مەدرىسىلىرى بىزنىڭكىگە قارىغاندا ھەر تەرەپتىن ئىلغار. ھېچبولمىغاندا، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە.

چەتئەللەردىكى مەدرىسىلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قۇرئان يادلاش كۇرسلىرىدىن باشقىسى ئاساسەن مەكتەپ ئۇسۇلىغا ئۆزگىرىپ بولغان. قۇرئان يادلاش كۇرسلىرى بۇرۇنقى مەدرىسە ئۇسۇلى بويىچە ماڭغان بىلەن، بىزنىڭ قۇرئان كۇرسلىرىمىزدىن نەچچە ھەسسە ئىلغاردۇر. چۈنكى، مەيلى تۈركىيە ياكى باشقا دۆلەتلەردە بولسۇن، قۇرئان كۇرسلىرىدا باللار قۇرئاننىلا يادلىمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا ئۆگىتىشكە تېگىشلىك باشقا بىلىملەرمۇ ئۆگىتىلىدۇ. جۈملىدىن، يېزىش، ئىزدىنىش ۋە كۆپ كىتاب ئوقۇش قاتارلىقلار بار.

دېمەك، بىزنىڭ ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىمىز بىر ئۆمۈر تىرىشىپ تەھسىل قىلغان قىممەتلىك بىلىملىرىنى ئۆزى بىلەن گۆرگە ئېلىپ كەتمەسلىكى؛ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كېتىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىگە ئېرىشىشى ۋە خەلقىنىڭ قەلبىدە دۇئا بىلەن يادلىنىشى ئۈچۈن، بىلگەنلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ھەم سەدىقە جارىيە بولۇپ، ساۋابى ئۇلار ھاياتلىقتىن كۆز يۇمغاندىن كېيىنمۇ يېتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار تا قىيامەتكىچە ساۋابىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئۇتۇق بارمۇ؟!

ئۆلىمالىرىمىز بىلگەنلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەدرىسە ۋە قۇرئان كۇرسى ئاچقان ئۇستازلىرىمىز ئىشنى باللاردىن باشلىشى زۆرۈر. پەرزەنتلىرىمىزنىڭمۇ كەلگۈسىدە بىزدەك گەپ قىلىپ سورۇن قىزىتالايدىغان، ئەمما كېيىنكىلەرگە ھېچنېمە قالدۇرالمايدىغان بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھازىردىن باشلاپ جىددىي ھەرىكەت قىلىشنى سورايمەن. جانابى ئاللاھ تائالا بارلىق ئۆلىمالىرىمىزنى ۋە ئۇستازلىرىمىزنى ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلسۇن، ئامىن.

# ئۆلىمانىڭ تور ئەخلاقى

ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئىكەن، ئەخلاق ئۇلارنىڭ مەھكەم تۇتقۇسى بولۇشى كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ تۇنجى ئەدەپ-ئەخلاق ئۇستازلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دېگەن مۇبارەك سۆزى مۇشۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندە «ئۆلىمالارنىڭ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىكى ئەخلاقى قانداق بولۇشى كېرەك؟» دېگەن تېمىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئۆز ئىسمىنى قوللىنىش

ھەركىمنىڭ ئۆز ئىسمىنى قوللىنىشى ۋە ئۆز ئىسمى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ھەركىم قىممەتلىك، ھەركىمنىڭ ئىسمى ئىنتايىن مۇھىم ھەم چىرايلىقتۇر. سىزنىڭ ئىسمىڭىز دادىڭىز تاللىغان، ئىمام ئاخۇنۇم ئوڭ قۇلىقىڭىزغا ئەزان، سول قۇلىقىڭىزغا تەكبىر ئېيتىپ قويغان، چىرايلىق ئىسىمدۇر. ناۋادا كەمتەرلىك قىلىپ چىقارمىغان بولسىڭىز، بۇنىڭغا ھاجەت يوق. چۈنكى، بۇ كەمتەرلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى قاچۇرۇشتۇر. ئەگەر سىز دۈشمەنلەر بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئىسمىڭىزنى يوشۇرغان بولسىڭىز، بۇ ھازىرقى ۋاقىتتا توغرا ئەمەس. چۈنكى، سىز مەيلى ئىسمىڭىزنى ياكى ئۆزىڭىزنى ھەتتا ئۇيغۇرلۇقىڭىزنى يوشۇرۇڭ، دۈشمىنىڭىز سىزنى ھەرگىز دوستۇم دېمەيدۇ. بىزنىڭ بۈگۈنىمىز ئۇنچىۋالا ئېھتىياتنىڭ زامانى ئەمەس. ناۋادا سىز بەك مۇھىم ئادەم بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىڭىزنى يوشۇرماقچى بولغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىگە قېتىلماڭ، چۈنكى ئېھتىياتنىڭ يولى مۇشۇ. ئەگەر سىز خەلقىمگە نەپ يەتكۈزىمەن دېسىڭىز، ئۆز ئىسمىڭىز بىلەن تونۇلۇشىڭىز زۆرۈر. چۈنكى، خەلق سىزنى تونۇغاندىلا، ئىلمىڭىزدىن بەھر ئالالايدۇ، ئۆزى نامەلۇم ئۆلىماغا ھېچكىم ئىشەنچ قىلمايدۇ. سىز پەردە ئارقىسىدا قانچىلىك ياخشى گەپلەرنى قىلسىڭىزمۇ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ ياكى ئاز بولىدۇ.

## 2. سەمىمىي ۋە كەمتەر بولۇش

كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن

تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دىنىي زۆرۈرىيەت، ئىلاھىي پەرمان ۋە ئىجتىمائىي پەزىلەتتۇر. يامان ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلىش ۋە نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي پەرماننى ئورۇندىماسلىق ئۆلىماغا ياراشمايدىغان يېتەرسىزلىكتۇر. ھەربىر يازمىڭىز ياكى نۇتقىڭىز سەممىي نەسىھەتنى ۋە كەمتەرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاي. ئومۇمغا نەسىھەت قىلغاندا، بىرەر شەخسنى نىشانغا ئېلىشتىن ساقلىنىڭ، چۈنكى بۇنداق قىلىش سىزنىڭ سەممىيىتىڭىزگە دەخلى يەتكۈزىدۇ.

## 3. رەددىيەنى سىلىق ۋە ئىلمىي بېرىش

ئەگەر باشقىلارنىڭ يازمىسىغا رەددىيە بەرمەكچى بولسىڭىز، ناھايىتى سىلىق ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا، سەممىيلىك بىلەن قىلىڭ. ھەرگىز شۇ پۇرسەتتە ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىۋېلىشقا ئۇرۇنماڭ. چۈنكى، باشقىلارمۇ سىزدەك ئەقىللىق، بەلكى سىزدىن ئەقىللىقراق بولۇشى مۇمكىن. «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا» دەيدىغان ھېكمەتمۇ بار. كىشىلەر تېزلا سىزنىڭ غەرىزىڭىزنى بىلىپ قالىدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىڭىز رەزىل بولىسىز. ئەگەر سىز بىرەر كىشىگە نەسىھەت قىلماقچى بولسىڭىز، نەسىھەتنى توپتا ئەمەس، چوقۇم ئۆزىگە قىلىڭ! ھەرگىز توپتا بىراۋغا نەسىھەت قىلىمەن دەپ ئەخمەقلىق قىلماڭ! ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، كىشىلەرنىڭ نەپرىتىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسىز. چۈنكى، بۇنداق قىلىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن ئەخلاقىغا زىت ئىشتۇر.

## 4. ئۆلىماغا توپتا رەددىيە بەرمەسلىك

سىز بىرەر ئۆلىمانىڭ يازمىسىغا ياكى نۇتقىغا رەددىيە بەرمەكچى بولسىڭىز، ھەرگىز توپتا رەددىيە بەرمەڭ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئارىدىكى دوستلۇقنى، قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندىن سىرت، ئاۋام خەلقنىڭ مەسخىرىسىگە قالىسىز. ئۇلار: «قاراڭلار، ماۋۇ موللىلار چىقىشالماي، بىر-بىرىنى غاجاۋېتىپتۇ، بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىشىۋېتىپتۇ» دەيدۇ. مەيلى باشقىلار تورلاردا جېدەللەشسۇن، دەتالاش قىلىشسۇن، تىللاشسۇن، بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئەمما، بۇنداق قىلىش ئۆلىماغا قەتئىي ياراشمايدۇ. ئۆلىما بۇنداق قىلسا، ئۆزىگىمۇ، خەلقىگىمۇ ئېغىر زىيان سالغان بولىدۇ. بىرەر ئۆلىما يازمىسىدا ياكى نۇتقىدا خاتالاشقان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىگە تۈزىتىش بېرىپ، خاتا كەتكەن يېرىنى تۈزىتىۋېلىشىنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ. شۇنداق قىلسىڭىز، مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلغان بولىسىز. ئۆلىمالار ھەر زامان خەلققە بىرلىك، ئىناقلىق ۋە مېھىر-مۇھەببەتتە نەمۇنە بولۇشى لازىم. مېھرىبانلىق ئاۋۋال بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشتىن باشلىنىدۇ.

## 5. ئۆلىمالارنى قوغداش

دۇنيادا ھەربىر ساھەنىڭ ئادەملىرى ئۆز ساھەسىدىكىلەرنى ئىنتايىن مۇتەئەسسىپلىك بىلەن قوغدايدۇ، ئاقلايدۇ ۋە بار كۈچى بىلەن مۇداپىئە قىلىدۇ. ئۆلىمالار بىر-بىرىنى قوللاشتا ھەق ۋە ئادالەتنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا، ناھايىتى غەيرەتلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە نادانلار ھاقارەت قىلسا، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرماي، دەرھال رەددىيە بېرىپ، ئۇنى ھەقلىق رەۋىشتە قوغداش ھەربىر ئۆلىمانىڭ بۇرچى. بۇنداق قىلىش ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى، بىرلىكنى ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ، خەلق ئىچىدىمۇ ياخشى تەسىر بېرىدۇ. بۇنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باققانلار بىلىدۇ.

## 6. نامەلۇم كىشىلەرگە پەرۋا قىلماسلىق

ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان، پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئادەم تىللايدىغان، دادىسى قويغان ئىسمىنى ئاشكارا قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان، توخۇ يۈرەك تور قەھرىمانلىرىغا رەددىيە بېرىمەن دەپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش ئەخمەقانىلىق. ئۆلىمالار ئۆزئارا كەڭ قورساق بولۇپ، ئۆزىگە چالما ئاتقان نادانلارغا كۈلۈپ قويۇپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئاقىلانىلىكتۇر. بۇنداقلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشمۇ بىمەنىلىكتۇر. شۇڭا، نادانلارغا جاۋاب بېرىمەن، ئۆزۈمنى ئاقلايمەن دەپ ئاۋارە بولغاندىن كۆرە، ئەمەلىي نەتىجىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ئىسپاتلىساق، بۇ ھەقىقىي جاۋاب بولىدىكەن. ئەخمەقلەرنىڭ تىل، ئاھانەتلىرىگە رەنجىپ قالماسلىق ۋە مەرتىۋەم تۆۋەنلەپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرىمەسلىك لازىم. چۈنكى، نادانلارنىڭ، ھەسەتخورلارنىڭ ۋە ئەخلاقسىزلارنىڭ تىللاپ، ھاقارەتلىگىنىگە ھېچكىمنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەنلەپ كەتكەن ئەمەس، ئەكسىچە يۈكسەلگەن. جۈملىدىن، مۇشرىكلار ئىنسانىيەتنىڭ پەخرىلىك ئۈلگىسى، جىمى ئەيىب-نۇقساندىن پاك، گۈزەل ئەخلاق ئابىدىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىمۇ ھاقارەتلىگەن، «يالغانچى»، «سېھىرگەر»، «مەجنۇن (ئەقلى يوق)» دېگەنگە ئوخشىغان تۆھمەتلەر بىلەن ھاقارەتلىگەن. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ ئولتۇرمىغان، ئەكسىچە، «قەۋمىم ئۇقمايدۇ» دەپ ئۇلارغا ھىدايەت تىلىگەن. مۇشرىكلارنىڭ تىل-ھاقارەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرەلمىگەن، ئەكسىچە، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى تەڭداشسىز شەكىلدە يۈكسەلگەن.

## 7. ئۆلىمانى قوللاش ۋە ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىنى تارقىتىش

ئۆلىما باشقا ئۆلىما قېرىنداشلىرىنىڭ يازمىلىرى ۋە نۇتۇقلىرىنى كەڭ تارقىتىش،

ھەمبەھرىلەش قاتارلىق ئىشلارغا سەل قارىسا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى، ھەمكارلىق دىنىمىزنىڭ ئەمرى. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا بۇيرۇپ، ھەمكارلىششىنىڭ چەك - چېگراسىنى مۇنداق كۆرسەتكەن: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾ «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار»[1]. ئايەتتىكى «ياخشى ئىش» ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىككە قارشى تۇرىدىغان، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان ھەرقانداق ئىجابىي ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. «تەقۋادارلىق» ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر. ئايەتتىكى «تەقۋادارلىققا» ياردەملىشىشتىن مەقسەت «ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ۋە ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ياردەملىشىش، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلماسلىق ۋە ئورتاق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆزئارا ھەمكارلىق ئىچىدە ئۆتەش» دېگەنلىكتۇر. «گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار» دېگەنلىك «زالىملارغا يانتاياق بولماڭلار، گۇناھكارلارغا يانبېسىپ ھەقىقەتنى يوشۇرماڭلار، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەمچى بولۇڭلار، ناھەقچىلىككە ۋە زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرماڭلار» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆلىمالار بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىشتا باشلامچى بولۇشقا تېگىشلىك.



[1] مائىدە سۈرىسى، 2 - ئايەت.

# ئۈلگە ۋە ئۈلگىلىك رولىنىڭ ئەھمىيىتى

ئۈلگە — كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل، نەمۇنە، تىپ دېمەكتۇر[1]. ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىك. چۈنكى، ھەربىر مۇسۇلمان «كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش»قا بۇيرۇلغان بولۇپ، بۇ پەرزنى پەقەت ئۈلگىلىك رولنى جارى قىلدۇرۇش بىلەنلا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك دەرىجىدە ئادا قىلغىلى بولىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ھەرگىز سۆز ياكى ۋەز-نەسىھەت بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئارقىلىقمۇ بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا چىداملىق بولغىن»[2] دەپ بۇيرۇغانلىقى مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى قانداق ئىشقا بۇيرۇسا، ئاۋۋال ئۆزى ئورۇندايتتى؛ قانداق ئىشتىن توسسا، ئالدى بىلەن ئۆزى تەرك ئېتەتتى. ساھابىلەرمۇ شۇنداق قىلاتتى. سائادەت دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار باشقىلارنى ئۆزى قىلمىغان ئىشلارنى قىلىشقا، ئۆزى تەرك ئەتمىگەن ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇمايتتى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئىسلام دەۋىتىنى يايغان مۇئمىنلەرمۇ بۇ دەۋەتنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى، ئەخلاقى، مۇئامىلىسى ۋە دۇرۇسلۇقى بىلەن يايغان ئىدى. نۇرغۇن ئەللەر ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولغان. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق قىسسىسىمۇ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقىلارنىڭكىدىن تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا. چۈنكى، كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئۈلگىلىك رولىنى يوقاتقان. شۇڭا، ھازىر مۇسۇلمان بولغانلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ ئەمەس، بەلكى ئىلىم-پەن سايىسىدە ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقلىقىنى ۋە قۇرئانىمىزنىڭ مۆجىزىلىرىنى بىلىپ مۇسۇلمان بولماقتا.

---

[1] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1202-بەت.

[2] تاھا سۈرىسى، 132-ئايەت.

ھەرقانداق ئۈلگە ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. ئاندىن مەھەللىدە، ئاندىن دۆلەتتە ئومۇملىشىدۇ. ئۈلگە بولۇش تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈكى ۋە ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيەلەش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتىش؛ يەنە بىرى، سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

## 1. ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتىش

ئۆزلۈكىدىن ياكى ئىختىيارسىز تەسىر كۆرسىتىش ــ ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا ياكى مۇرەببىينىڭ پۈتۈن ياخشى ئىشلارنى «باللار مېنى دوراپ قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا مەن مەسئۇل ۋە جاۋابكارمەن» دەيدىغان ئېتىقاد بىلەن قىلغاندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇرەببىيلەر ئاۋۋال ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل يېتىشتۈرگەندىن كېيىن، باللار ئۇنىڭدىكى ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئىختىيارسىز قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا مۇرەببىيمۇ، تەربىيەلەنگۈچىمۇ جاپا تارتمايدۇ، بەلكى بۇ ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇھىمى مۇرەببىينىڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى، ياخشى ئادەت ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشىدۇر.شۇڭا، كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى تەربىيەلەش جەريانىدا ئۆزلىرىمۇ ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار باللىرىنى ئىمان ۋە ئەخلاقلىق، ئەل ئىشىغا يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەش يولىدا ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى تەربىيەلەش ۋە يېتىشتۈرۈش كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ ئۇتۇق قازىنالمايدۇ.

## 2. سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىش

سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىش ــ مۇرەببىينىڭ باللارغا يول كۆرسىتىشى، بەزى ئىشلارنى ئېغىزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگىتىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈلگىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنىڭ بىرىنچى تەربىيەچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساھابىلىرىگە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى گاھ سۆزى بىلەن، گاھ ئەمەلىيىتى بىلەن، گاھ ھەرئىككىسى بىلەن ئۆگەتتى. ئۇنىڭ: «نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[1]؛ «مەندىن ھەج قائىدىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار»[2] دېيىش

[1] ئىمام بۇخارىينىڭ: «صحيح البخاري» ناملىق ھەدىس توپلىمى، «كِتَابُ الجَنَائِزِ»، 1292 ـ ھەدىس؛ ئىمام مۇسلىمنىڭ: «صحيح مسلم» ناملىق ھەدىس توپلىمى، «كِتَابُ الْأَيْمَانِ»، 1658 ـ ھەدىس.

[2] ئىمام مۇسلىمنىڭ: «صحيح مسلم» ناملىق ھەدىس توپلىمى، «كِتَابُ الْحَجِّ»، 2 ـ توم، 943 ـ بەت، 1297 ـ ھەدىس.

ئارقىلىق ھەم سۆزى بىلەن، ھەم ئەمەلىيىتى بىلەن قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆگەتكەنلىكى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گاھىدا نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەت، دۇئا ۋە تەسبىھلەرنى بالىلارغا ئۆگىتىش مەقسىتى بىلەن، ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغانلارنىمۇ ئاۋازلىق ئوقۇپ بېرەتتى.

## يېگانە ئۈلگىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇكەممەل شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ گوياكى ئىسلامنىڭ جانلاندۇرۇلغان شەكلى ئىدى. شۇڭا، ئۇ تا قىيامەتكە قەدەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېگانە ئۈلگىدۇر. ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ «سىلەرگە، ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»[1]. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى ماختاپ: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[2] دېگەن. ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمانى ۋە جانلىق كۆرۈنۈشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرىلىق: «مېنى رەببىم ئەڭ مۇكەممەل تەربىيەلىدى»[3] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبادەتتە، مېھىر-شەپقەتتە، ئەدەپ-ئەخلاقتا، ئادالەتتە، سېخىيلىقتا، راستچىللىقتا، چىدام ۋە سەۋرچانلىقتا، كەمتەرلىكتە، تەقۋالىقتا، ئىلىم-مەرىپەتتە، بالىلىرىغا ۋە ئاياللىرىغا كۆيۈمچانلىقتا، مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يېيىشتە، يوقسۇللارنىڭ ھالىغا يېتىشتە، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاشتا، جۈملىدىن دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشتا ئەڭ مۇكەممەل ۋە يېگانە ئۈلگە ئىدى. ئاياللىرى ئۈچۈن ئەڭ ئۈلگىلىك ئەر، بالىلىرى ئۈچۈن ئەڭ شەپقەتلىك ئاتا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل رەھبەر ئىدى.

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 21-ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەدنىڭ: «مسند الإمام أحمد» ناملىق ھەدىس توپلىمى، 24645-ھەدىس.

[3] مۇتتەقىينىڭ: «كنز العمال» ناملىق ئەسىرى، 31895-ھەدىس.

### *1. باللارغا راستچىل بولۇش*

ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئانام مېنى ئۆيگە چاقىردى. كىرسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىمىزدە ئىكەن. ئانام ماڭا:

- بېرى كەل! ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن، - دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامدىن:

- «بالىڭىزغا نېمە بەرمەكچىسىز؟» - دەپ سورىدى، ئانام:

- خورما بېرەرمەن، - دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامغا:

- «ئەگەر بالىڭىزغا بىر نەرسە بەرمىسىڭىز، سىزگە بىر يالغان ئېيتقاننىڭ گۇناھى يېزىلىدۇ» - دېدى.

بۇ ھەدىس شەرىف ھەرقانداق مۇرەببىينىڭ تەربىيەسى ئاستىدىكىلەرگە ھەمىشە راستچىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۆزىمىز يالغان ئېيتىپ تۇرۇپ باللىرىمىزغا: «يالغان ئېيتماڭلار!» دەپ تەربىيە قىلغىنىمىزنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟!

شۇڭا، باللارغا ئاسانلىقچە بىرەر ئىشتا ۋەدە بەرمەسلىك، ئەگەر ۋەدە بەرسەك، چوقۇم ئۇنى ئورۇنداش كېرەك.



### *2. باللار ئارىسىدا ئادىل بولۇش*

باللارنى ئوخشاش كۆرۈش، ھەرقانداق ئىشتا ئۇلار ئارىسىدا چوقۇم ئادىل بولۇش لازىم. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئاتام مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ بالامغا بىر خىزمەتكارىمنى بېرىۋەتتىم، - دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتامدىن:

- «باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق بەردىڭمۇ؟» - دەپ سورىدى. ئاتام:

- ياق! - دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «ئۇنداقتا، بەرگىنىڭنى قايتۇرۇۋال!» - دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە:

― «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلار ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار!» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

― «ئەي بەشىر! سېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بالاڭ بارمۇ؟» ― دەپ سورىغان. بەشىر:

― ھەئە، بار، ― دېگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

― «ئۇنداقتا، مېنى بۇنىڭغا گۇۋاھچى قىلما، چۈنكى مەن ناھەقچىلىككە گۇۋاھ بولمايمەن»[1] دېگەن.

باللارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولماسلىق، بىر نەرسە بەرگەندە بەزىسىنى قايرىپ قويۇپ، بەزىسىگە بېرىش؛ بىرىنى باشقىلىرىنىڭ ئالدىدا ماختاپ قويۇپ، يەنە بىرىنى سۆكۈش؛ بىرىنى «سىز» دەپ چاقىرىپ، يەنە بىرىنى «سەن» دەپ چاقىرىش؛ بىرىگە قاپىقىنى ئېچىپ، يەنە بىرىگە قاپىقىنى تۈرۈش؛ بىرىنى ئوقۇتۇپ، يەنە بىرىنى ئۆي ئىشىغا سېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتسىزلىك بولۇپ، باللارنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتىگە ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەندىن باشقا، باللار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك، قىزغىنىش ۋە ئاداۋەتكە سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە، باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئىسيانكارلىققا ئۈندەپ قويىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار باللىرى ئارىسىدىكى ئادالەتسىزلىكلىرىنى تۈرلۈك سەۋەبلەرگە ئارتىپ، ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا تىرىشىشى مۇمكىن. مەسىلەن، پالانى ئەدەپلىك، گەپ ئاڭلايدىغان، قولىقى يۇمشاق ئىدى؛ پۇستانى ئەدەپسىز، ئىسيانكار ئىدى؛ ئۇ ئەقىللىق، بۇ ئەقىلسىز ئىدى، دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھېچبىرى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ئاقلىيالمايدۇ. ھەتتا ئاتا ـ ئانىلار تەبەسسۇم قىلىش، قۇچاقلاپ، باغرىغا بېسىش، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇش، ياخشى سۆز قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ باللىرى ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلغان.

ئىبنى ئەبىددۇنيا ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ھەدىس سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا بىر نارەسىدە بالا بىر چەتتىرەك ئولتۇرغان دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ئادەم بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئوڭ يوتىسىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قىزى كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ ئادەم قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، يەردىلا ئولتۇرغۇزدى. پەيغەمبەر

[1] ئىمام مۇسلىمنىڭ: «صحيح مسلم» ناملىق ھەدىس توپلىمى، «كِتَابُ الْهِبَاتِ»، 1622 ـ ھەدىس.

ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئادەمگە: «(قىزىڭنى) يەنە بىر يوتاڭدا ئولتۇرغۇزساڭ بولمامدۇ؟!» دېۋىدى، ھېلىقى ئادەم قىزىنى يەنە بىر يوتىسىدا ئولتۇرغۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمدى ئادىل بولدۇڭ، دېدى»[1].

ئاتا-ئانىلار يېقىنلىرىغا ئاددىي مۇئامىلىلەردىلا ئەمەس، بەلكى دۇئا ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت قاتارلىق ئىچكى ئەمەللىرىدىمۇ ئادالەتلىك بولۇشى، ھەممىسىنى تەڭ سۆيۈشى ۋە ھەممىسىنىڭ ھەققىدە ياخشى دۇئالارنى قىلىشى لازىم. بۇلارنى باللار كۆرمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەمەسمۇ؟!

### *3. باللارنىڭ ھەممىسگە ئوخشاش كۆيۈمچان بولۇش*

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى. توساتتىن نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇنبەردىن چۈشتى ۋە ئۇلارنى ئېلىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن: «ئاللاھ: باللىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلار بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، دەپ راست ئېيتقان. مەن بۇ ئىككى نارەسىدىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرالماي قالدىم ۋە ئاخىرىدا خۇتبىنىمۇ ئۈزۈپ قويدۇم»[2] دېدى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆزلەۋاتقان خۇتبىسىنى توختىتىشقا تۈرتكە بولغان نەرسە، دەل ۋايىغا يەتكەن مېھىر-شەپقەتنىڭ تىپىك ئۈرنىكىدۇر.

باللارغا ئەنە شۇنداق مېھىر-شەپقەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا تەربىيەدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، باللارغا تەربىيەنىلا ئەمەس، بەلكى ھېچبىر پىكىرنى زورلاپ تېڭىپ قوبۇل قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىش پەقەت پەرزەنتلەرگە مېھىر-شەپقەت ۋە سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنى ئۇلارغا سۆيدۈرۈش ۋە قوبۇل قىلدۇرۇش ئارقىلىقلا بولىدۇ.

مۇئەللىممۇ باللارغا سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇلارنى قايىل قىلغاندىلا، سۆزىگە كىرگۈزەلەيدۇ ۋە تەربىيەسىنى سىڭدۈرەلەيدۇ.

### *4. باللارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداش*

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر



[1] ئىبنى ئەبىددۇنيانىڭ: «العيال ويقع في مجلدين» ناملىق ھەدىس توپلىمى، 173-بەت، 36-ھەدىس.

[2] ئىمام بەيھەقىينىڭ: «سنن البيهقي» ناملىق ھەدىس توپلىمى، 3-توم، 218-بېتىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

ئەلەيھىسسالام سەجدىدە ئىدى، نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، ئۈستىگە مىنىۋالدى. شۇ سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىنى ناھايىتى ئۇزۇن قىلدى. نامازدىن كېيىن بىرسى ئۇنىڭدىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! سەجدىنى بەك ئۇزۇن قىلدىڭىزغۇ، - دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالام ئۈستۈمگە مىنىۋالغانىدى، ئۇنى چۈشۈشكە ئالدىراتقۇم كەلمىدى»[1] دېدى.

بالىلارغا كۆرسىتىلگەن شۇنچىلىك ئاددىي مېھرىبانلىقنىڭمۇ بالىلارنىڭ قەلبىدىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. ئاتا-ئانىسىدىن ياكى مۇئەللىمىدىن بۇنچىلىك كۆيۈمچانلىقنى كۆرگەن بالا ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشقا قەتئىي چىداپ تۇرالمايدۇ-دە، ئۇلارنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، نېمىگە بۇيرۇسا، شۇنى قىلىدۇ.

### *5. بالىلار بىلەن ئويناش*

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت پۇتلۇق بولۇپ مېڭىۋېتىپتۇ، نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن ئىككىسى دۈمبىسىگە چىقىۋاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ تۆگەڭلار نېمىدېگەن ياخشى، سىلەرمۇ نېمىدېگەن ياخشى مىنگۈچىلەر»[2] دەۋاتاتتى.

قېنى ئويلاپ كۆرەيلى، بىر دۆلەت رەئىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى، جامائەتنىڭ ئىمامى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن، غازاتلارغا قوماندانلىق قىلىپ ئالدىنقى سەپكە چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئىشلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىلىرى بىلەن ئالدىراش تۇرۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆي ئىشلىرىدا ياردەم قىلىش بىلەن بىرگە، بالىلىرىنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئەمدى بىزنىڭ بالىلىرىمىزنى شۇنداق شاد قىلماسلىقىمىز ۋە ئۇلارغا ماسلىشىپ، ئويناتماسلىقىمىزغا يەنە قانداق باھانىمىز بار؟

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلارنى «قىل» ياكى «قىلما» دېگەن بۇيرۇق-چەكلىمىلەر بىلەنلا تەربىيەلەپ كەتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بالىلار بۇيرۇق ياكى تاياق بىلەن باشقۇرغىلى بولىدىغان قوي-كالا ئەمەس. بەلكى بالىلار پەقەت سۆيگۈ-

[1] ئەبۇ يەئلانىڭ: «المسند» ناملىق ھەدىس توپلىمى، 3428-ھەدىس.

[2] تەبەرانىي: «المعجم الكبير» ناملىق ئەسىرى، 3-باب، 52-بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

مۇھەببەت بىلەن تەلەپلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق كۆڭلىنى خۇش قىلىش بىلەن باشقۇرۇلىدۇ.

### 6. بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاسراش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ھەمىشە ئۇزۇنراق سۈرە ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ نامازنى باشلايمەن. ناۋادا بىرەر بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قالسام، بالىنىڭ يىغىسىدىن ئانىسىنىڭ بىئارام بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، نامازنى تېزرەك ئوقۇپ تۈگىتىمەن»[1]. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئانا ـ بالىغا بولغان چەكسىز كۆيۈمچانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

### 7. بالىلارغا سالام قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن كۆرۈشۈش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بالىلارنى كۆرگەندە، ئۇلارغا خۇددى چوڭلارغا سالام قىلغاندەك سالام قىلاتتى ۋە تەبەسسۇم بىلەن ئۇلاردىن ئەھۋال سورايتتى. ئىمام بۇخارىي مۇنداق رىۋايەت قىلغان: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ يولدا قانداقلا بىر بالىنى كۆرسە، ئاۋۋال سالام قىلاتتى، ئاندىن: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام شۇنداق قىلاتتى»[2] دەيتتى.

### 8. كىچىكلەرنى ئاسراش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر ھەر يىلى دەسلەپكى مېۋىلەرنى چىققاندا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مېۋىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! بىزگە مېۋىلىرىمىزدە، شەھىرىمىزدە، كەمچىلىرىمىزدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئىبراھىم سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ بولغىنىدەك، مەنمۇ سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭمەن. ئۇ مەككە ئۈچۈن دۇئا قىلغاندەك، مەن مەدىنە ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن» دەيتتى. ئاندىن ئۇ مېۋىنى ئائىلىنىڭ ئەڭ كىچىك بالىسىنى چاقىرىپ، شۇنىڭغا بېرەتتى[3].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ھەدىستە بىزگە كىچىكلەرنى ئاسراشنى ۋە

[1] ئىمام بۇخارىينىڭ: «صحيح البخاري» ناملىق ھەدىس توپلىمى، «كِتَابُ الصَّلَاةِ»، 750 ـ ھەدىس.

[2] ئىمام بۇخارىينىڭ: «صحيح البخاري» ناملىق ھەدىس توپلىمى، «كِتَابُ اللِّبَاسِ»، 5893 ـ ھەدىس.

[3] ئىمام مۇسلىمنىڭ: «صحيح مسلم» ناملىق ھەدىس توپلىمى، «كِتَابُ الْحَجِّ»، 1373 ـ ھەدىس.

كىچىكلەرگــە چوڭلارغــا بېرىشــتىن بــۇرۇن بېرىشــنى ئۆگەتكــەن. چۈنكــى، چــوڭلار سەۋر قىلالايدۇ، ئەمما كىچىكلەر تولا ۋاقىتتا سەۋر قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى ۋە تاتلىق مېۋىلەرنى كۆرگەندە، كىچىك بالىلارنىڭ نەپسى تاقىلداپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاۋۋال شۇلارغا بەرمەسلىك ئۇلارنى قىيناپ قويغانلىقتۇر. ئەمما بۇنداق قىلىش بالىلار ئارىسىدا ئادالەتسىزلىك قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، چوڭلارمۇ كىچىك بولۇپ باققان. ئۇلارمۇ كىچىكلەرنىڭ سەۋرسىزلىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە رەنجىپ قالمايدۇ. ناۋادا چوڭلار رەنجىپ قالسا، ئۇلارغا چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەك.

### *9. ھەممەيلەننىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش*

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سورۇندا ئولتۇراتتى. ئوڭ تەرىپىدە بىر بالا، سول تەرىپىدە چوڭلار بار ئىدى. شۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈلۈۋىدى، ئۇنىڭدىن ئىچتى. ئاندىن ئوڭ تەرىپىدىكى بالىدىن:

– «بۇنى ئاۋۋال چوڭلارغا بېرىشىمگە رۇخسەت قىلامسەن؟» – دەپ سورىۋىدى، بالا:

– ياق، مەن ھەققىمنى ھېچكىمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن، – دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكىنى بالىغا بەردى[1].

ئۇ بالا پەۋقۇلئاددە ئەقىللىق ۋە زېرەك بولۇپ، ئىسلام ئەخلاقىنىڭ يېيىش-ئىچىش، ئېلىش-بېرىش ھەتتا ئۆيگە ياكى مەسجىدكە كىرىش قاتارلىق جىمى ئىشلاردا ئوڭدىن باشلاش پرىنسىپىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇۋالغان. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنلا ئىچىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ شەرەپنى قانداقمۇ باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرسۇن؟!پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بالىنىڭ ئاۋۋال ئىچىشتىن ئىبارەت ھەققىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىغان. ئەمما، بالا قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇنى زورلىمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاۋۋال بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئاددىي بىر مەسىلە ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئادالەتلىك بولۇشنى ۋە ھەركىمنىڭ ھەققىنى چوڭ-كىچىك دېمەي، جايىدا بېرىش لازىملىقىنى ئۆگەتكەن. چۈنكى، ئادالەت ھامان ئادالەتتۇر. ئۇ چوڭ ياكى كىچىك دېمەيدۇ.



---

[1] ئىمام بەيھەقىي: «سنن البيهقي» ناملىق ھەدىس توپلىمى، 7-توم، 286-بېتىدە رىۋايەت قىلىنغان.

## 10. خاتالىقنى سىلىقلىق بىلەن تۈزىتىش

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا رۇكۇدا ئىدى. مەن كېلىپ سەپكە قېتىلمايلا، ئارقىدا ئايرىم رۇكۇ قىلدىم. ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى ئېيتتىۋىدىم، ئۇ ماڭا: «ئاللاھ سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق قىلما»[1] دېدى.

ئەسلىدە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىنقى سەپكە بارغاندىن كېيىن نامازنى باشلىشى لازىم ئىدى. ئەمما، رۇكۇغا ئۈلگۈرەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، تۇرغان يېرىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلغان. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن ئالدى سەپتە بوش ئورۇن بار ھالەتتە، ئارقىدا يالغۇز تۇرماسلىققا بۇيرۇغان.بۇ ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيەنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئالدى بىلەن خاتالاشقۇچىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ، ئاندىن خاتالىقنى كۆرسىتىپ قويۇشتۇر. ئىسلامنىڭ تەربىيە ماۋزۇسىدىكى بۇ پرىنسىپى چوڭ-كىچىك ھەممىگە قارىتىلغاندۇر.شۇڭا، بالىلار خاتالاشقاندا، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنىلا تىلغا ئالماي، ئاۋۋال ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ، ئۇلارنى خۇش قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ خاتالىقىغا چىرايلىقچە تۈزىتىش بېرىش لازىم. بۇ پرىنسىپ بالىلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يېنىڭىزدا ئىشلەيدىغان كادىر، ئىشچى، شاگىرت ۋە ھەمراھىڭىز ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگىدۇر.

چۈنكى، سىز بىرەر كىشىنىڭ خاتالىقىغا تۈزىتىش بەرمەكچى بولغىنىڭىزدا، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ ماختاپ قويۇپ، ئاندىن خاتالىقىغا تۈزىتىش بەرسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ ئادالىتىڭىزنى ۋە ئۇنىڭغا ھەقسىزلىق قىلمىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىدۇ-دە، نەسىھىتىڭىزنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇسۇلدا سىز ئۇنىڭ ھەققىنى بەرگەن ئىكەنسىز، ئۇمۇ سىزنىڭ ھەققىڭىزنى بېرىش لازىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق ئېسىل ئەخلاق ئومۇملاشمىغان، تېخى ئائىلىلەردىمۇ يىلتىز تارتىپ بولالمىغان. بىزدە بالا بىرەر خاتالىقنى سادىر قىلىپ قويغان ھامان ئۇنىڭ بارلىق خاتالىقلىرىنى، يېتەرسىزلىكلىرىنى ھەتتا ئۆتمۈشتىكى گۇناھلىرىنى بىر-بىرلەپ يۈزىگە سېلىپ كېتىمىز، گويا ئۇ بىر قېتىممۇ توغرا ئىش قىلىپ باقمىغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز.

[1] ئىمام بۇخارىينىڭ: «صحيح البخاري» ناملىق ھەدىس توپلىمى، «كتاب الآذان»، 750-ھەدىس.

نەتىجىدە، بالىدا خاتالىقنى تۈزىتىش ئىستىكى ئورنىغا، ئىسيانكارلىق روھى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ.

## بالىنىڭ ھاياتىدىكى ئۈلگىلەر

### *1. ئاتا-ئانا ۋە مۇئەللىم*

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى بالىلارغا ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيەلەش ئۇسۇلى بارلىق تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ئىچىدە تەسىر ۋە ئۈنۈم جەھەتتىن ئەڭ غەلىبىلىك ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە.بالا ئاتا-ئانىسىدىن ۋە مۇرەببىيسىدىن ياخشىلىقنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆزىدە ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. شۇڭا، بالا تەربىيەلەش ھەرقانداق ئاتا-ئانا بولغۇچى ۋە مۇرەببىي ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىشىلىش، ئەخلاقىنى توغرىلىشىلىش پۈرسىتى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ بالىلارنى ئىسلامغا ئۇيغۇن تەربىيەلەش ئىشىدا غەلىبە قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

ئاتا-ئانىسىنىڭ يالغانچىلىقىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىنىڭ راستچىللىقنى ئۆگىنىشى ئاسان ئەمەس. ئاتا-ئانىسىدىن تىل-ئاھانەت ۋە ئەدەپسىز سۆزلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان بالىنىڭ چىرايلىق سۆز قىلىشقا ئادەتلىنىشى ئاسان ئەمەس. ئاتا-ئانىسىدىن قوپاللىق ۋە شەپقەتسىزلىكنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىنىڭ مۇلايىملىقنى ۋە رەھىم-شەپقەتنى ئۆگىنىشى ئاسان ئەمەس.

ئۇلۇغ دانىشمەن بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىب «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شانلىق ئەسىرىدە بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

*ئوغۇل-قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،*
*بۇزۇلسا قىلىقى، تۈزەلسە يەنە.*
*ئوغۇل-قىز خۇي-پەيلى بولسا يامان،*
*يامان قىلغان ئاتىدۇر بۇلارنى ھامان.*

### *2. بالىلارنى ئەڭ ئېسىل ئۈلگىگە باغلاش*

ئاتا-ئانىنىڭ بالىلارغا ئۆزلىرىدىنلا ئۈلگە كۆرسىتىشى كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى بالىلارنى ئۆزلىرىدىنمۇ ئېسىل ۋە مۇكەممەل ئۈلگە بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا باغلىشى زۆرۈردۇر. بۇ، بالىلارغا ئىنچىل ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

تەرجىمھالىنى، غازاتلىرىنى، ئىش-ئىزلىرىنى، سۆزلىرىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى سۆزلەپ بېرىش ۋە ئەستايىدىل ئۆگىتىش بىلەن بولىدۇ.

## ئۈلگىلىك رولىنىڭ يوقىلىشى ھەقىقىي كىرىزىسنىڭ باشلىنىشىدۇر

ھەرقانداق جەمئىيەتتە خۇسۇسەن ئائىلىدە ئۈلگىلىك رولىنىڭ يوقىلىشى ھەقىقىي كىرىزىسنىڭ باشلانغانلىقى بولۇپ، جەمئىيەتتە خەلقنى يېتەكلەيدىغان ئۆلىما، زىيالىي ۋە پېشقەدەملەردە خەلقنى قايىل قىلىپ يېتەكلىگۈدەك پەزىلەت، قابىلىيەت ۋە گۈزەل خىسلەتلەر يوقالغاندا؛ ئائىلىدە ئاتا-ئانا بولغۇچىلاردىكى ياكى ئاكا-ئاچا بولغۇچىلاردىكى ئەخلاق، پەزىلەت ۋە قابىلىيەت يوقالغاندا، بۇنداق جەمئىيەت ۋە بۇنداق ئائىلە كىشىلىرىنىڭ پارلاق كېلەچىكىدىن سۆز ئېچىش قىيىنغا توختايدۇ. مىسىرلىق ئاتاقلىق شائىر ئەھمەد شەۋقىي مۇنداق يازغان:

*ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر،*
*ئايرىلغانلار ئۇنىڭدىن زاۋاللىققا ھامان كېتەر.*



پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولالىغۇدەك ئىلىم-ھېكمەت ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن قوراللانمىغان ياكى ئۆزى ئۈلگە بولالىغۇدەك دەرىجىدە بولسىمۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەسىگە ۋە ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيەسى بىلەن چوڭ بولمىغان ياكى ئاتا-ئانىسىدىن ئۈلگە ئالالمىغان باللار كوچا تەربىيەسى بىلەن ئۆسىدۇ-دە، ئۇلارغا جەمئىيەت داشقاللىرىنى، لۈكچەكلەرنى، سەنئەتچى ۋە كىنو چولپانلىرىنى، پۇتبول ماھىرلىرىنى ئۈلگە قىلىۋالىدۇ.

## ئۈلگە بولغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك پىرىنسىپلار

1. ئۈلگە بولغۇچى چوقۇم ئىخلاسمەن بولۇشى، بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ۋە گەپ-سۆزلىرىدە سەمىمىي بولۇش.

2. راستچىللىق، چىدامچانلىق، سەۋرچانلىق، كەمتەرلىك، قانائەتچانلىق دېگەندەك مۇھىم ئەخلاقلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولۇش.

3. ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىقنى تۇتقا قىلىدىغان، ئوڭاي ۋە توغرا بولغاننى تەشەببۇس قىلىدىغان بولۇش.

4. ۋاقىتقا ئالاھىدە رىئايە قىلىدىغان، ۋەدىسىدە قەتئىي تۇرىدىغان بولۇش.

## ئۈلگە بولغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

1. ئۈلگە بولغۇچىنىڭ ئۆزى ئۈلگە بولىدىغان ئىشنىڭ ۋە بېرىدىغان مەلۇماتلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل بولۇش.

2. پىرىنسىپچان، بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان بولۇش.

3. گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش، مۇئامىلىدە ئادىل بولۇش خۇشۇسەن ئەپۇچانلىق، سېخىيلىق ۋە مېھرىبانلىق قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئۆزىدە جەم قىلغان بولۇش.

4. ھەققانىيلىقى ۋە سەممىيلىكى بىلەن باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولۇش.

5. زامانىنى ۋە ۋەزىيەتنى ياخشى چۈشىنىدىغان، مەلۇماتىنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان، قاتماللىقتىن يىراق، خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىدىغان بولۇش.

6. ئۈلگىنى شەكىلدە ياكى گەپ-سۆزىدىلا ئەمەس، ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىدىغان بولۇش.

شۇنى ئۇنتۇماڭكى، پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ قەلبىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر چاقناپ تۇرىدىغان ۋە قەتئىي ئۇنتۇلمايدىغان خاتىرە سىزنىڭ نامازنى مۇكەممەل شەكىلدە ئوقۇغان، قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا تىلاۋەت قىلغان، ئۇنىلۇك ئاۋازدا مۇڭلۇق دۇئا قىلغان، جورىڭىزغا چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ دىللىرىنى تولۇپ-تاشقان كۆيۈمچانلىقىڭىز بىلەن يايرىتىۋەتكەن كۆرۈنۈشلىرىڭىزدۇر.

# ئۈمىد - ھايات چىرىغىدۇر

﴿وَلَا تَيْئَسُوا مِنْ رَوْحِ اللَّهِ إِنَّهُ لَا يَيْئَسُ مِنْ رَوْحِ اللَّهِ إِلَّا الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ﴾ «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ».

ئۈمىد ئىنسان ھاياتىنى يورۇتىدىغان چىراغ. ئىنسانلار ھاياتلىق سەپىرىنى ئۈمىد سايىسىدە بەھۇزۇر داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن قىيىنچىلارنى يېڭىپ، مەنزىلگە يېتىدۇ. مەھبۇسلار قۇتۇلىدىغان كۈننىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، كېسەللەر بىر شىپالىقنى كۈتۈپ روھلۇق تۇرىدۇ، زور قىيىنچىلىقتا قالغانلار ھامان بىر كۈنى ئاسانلىقنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ بەرداشلىق بېرىدۇ، ئوقۇغۇچىلار پارلاق كېلەچەكنى ئۈمىد قىلىپ جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش قىلىدۇ. دېمەك، ئۈمىدنىڭ ھاياتىمىزدىكى رولى ئىنتايىن چوڭدۇر.

قۇرئان كەرىمدە مۇئمىنلەرنى ئۈمىدۋار بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. ﴿فَسَيَكْفِيكَهُمُ اللَّهُ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ «(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا قارشى) ئاللاھ ساڭا يېتەرلىكتۇر»[1]؛ ﴿لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا﴾ «غەم قىلمىغىن، شەكسىزكى، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە»[2]؛ ﴿فَإِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا . إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا﴾ «ئەلۋەتتە ھەربىر مۈشكۈللۈك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار. ھەقىقەتەن ھەربىر مۈشكۈللۈك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار»[3]؛ ﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَىٰ أَنْفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾ «(ئى پەيغەمبەر! گۇناھ قىلىۋېرىپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغان كىشىلەرنىڭ) بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما يصيب المسلم من نصبٍ، ولا وصبٍ،

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 137 - ئايەت.

[2] تەۋبە سۈرىسى، 40 - ئايەت.

[3] ئىنشىراھ سۈرىسى، 5 6 - ئايەتلەر.

[4] زۇمەر سۈرىسى، 53 - ئايەت.

ولا همٍّ ولا حـزنٍ ولا أذًى ولا غمٍّ، حـتى الشـوكة يشـاكها؛ إلا كفـر الـله بهـا مـن خطـاياه» «مۇسۇلمان ئـادەم تارتقـان ھەربىـر جاپـا، ھەرقانـداق كېسـەل، غـەم، كۆڭۈلسـىزلىك، ئەندىشـە ۋە ئەزىيـەت ھەتتـا بەدىنىگـە كىرگـەن بىـرەر تىكـەن چاغلىـق مۇسـىبەتنى سەۋەبلىك ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1].

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام سـاھابىلىرىگە: «ئاللاھتـىن جەننەتنـى تىلىمەكچـى بولساڭلار، فىردەۋس جەننىتىنـى تىلـەڭلار» دەپ كۆرسـەتكەن. مۇسۇلمان ئادەمنىـڭ تىلىكـى ۋە ئارزۇسـى ھەرگىـز ئاددىـي بولماسـلىقى لازىـم. چۈنكـى، ئـۇ ئاشـۇ ئارزۇسـىغا ۋە ئاشـۇ تىلىكىگـە ئاساسـەن ئىرىشـىدۇ. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئىسـلامنىڭ كېلەچىكىدىـن ۋە ئاللاھ تائالانىـڭ ياردىمىدىـن ناھايىتـى ئۈمىـدۋار ئىـدى. بىـر كۈنـى مۇنـداق دېگـەن: «ئاللاھ مـاڭا زېمىننـى يىغىـپ كۆرسـەتتى، مـەن ئۇنىـڭ كۈنچىقىـش ۋە كۈنپېتىـش تەرەپلىرىنـى كـۆردۈم. مېنىـڭ ئۈممىتىـم مـاڭا كۆرسـىتىلگەن جايلارنىـڭ ھەممىسـىگە ئىگـە بولىـدۇ»[2]. ئـۇ يەنـە مۇنـداق دېگـەن: «كىسـرا (ئىـران ئىمپېراتورى) ھـالاك بولسـا، ئۇنىـڭ ئارقىسـىدىن كىسـرا كەلمەيـدۇ، قەيسـەر (رىـم ئىمپېراتـورى) ھـالاك بولسـا، ئۇنىـڭ ئارقىسـىدىن قەيسـەر كەلمەيـدۇ، جېنىـم ئىلكىـدە بولغـان زاتنىـڭ نامـى بىلـەن قەسـەم قىلىمەنكـى، سـىلەر ئۇلارنىـڭ بايلىقلىرىنـى ئاللاھ يولىدىكـى جىھادقـا ئىشلىتىسـىلەر»[3]. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ساھابىلىرىگە ئەنـە شۇنداق ئۈمىد بېغىشلايدىغان بولۇپ، ئۇنىـڭ ئالدىـن بەرگـەن خەۋەرلىـرى مەشھۇر تـۆت خەلىپىنىـڭ دەۋرىـدە ئەمەلگـە ئاشـقان. مۇسـۇلمانلار رىـم ۋە ئىـران ئىمپېراتورلۇقلىرىنى يىقىتىپ، شۇ جايلاردا ئىسلام بايرىقىنى لەپىلدەتكەن.

ساھابىلەرمۇ ناھايىتـى ئۈمىـدۋار ئىـدى. ئۇلار ھەمىشـە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئەمەللەرنىـڭ ئـەڭ ياخشىسـى قايسـى؟»، «ئاللاھقـا ئـەڭ يېقىملىـق ئەمـەل قايسـى؟» دېگەنگـە ئوخشـاش سـوئاللارنى سـورايتتى. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئىسـتانبۇلنىڭ فەتھـى قىلىنىدىغانلىقـى ھەققىـدە خـۇش خـەۋەر بېرىـپ مۇنـداق دېگـەن: «قۇسـتەنتىنىيە چوقـۇم فەتھـى قىلىنىـدۇ. ئۇنـى فەتھـى قىلىدىغـان قومانـدان نېمىدېگەن ياخشى قوماندان، ئۇنىڭ قوشۇنى نېمىدېگەن ياخشى قوشۇن»[4].

ئۆلىمـالار پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ بۇ ھەدىسـنى پەيغەمبەرلىـك مۆجىزىلىرىدىن سـانايدۇ. ئەمەۋىلـەر ۋە ئابباسـىيلار خەلىپىلىكلىرىدىـن ھەربىـرى مۇشـۇ ھەدىسـتە ماختالغـان قوماندانىنىـڭ ئـۆزى بولـۇش شـەرىپىگە ئېرىشىشـنى كـۆپ ئـارزۇ قىلغـان

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

بولۇپ، بۇ شەرەپ ئوسمانىيلارنىڭ يەتتىنچى سۇلتانى مۇھەممەد فاتىھقا نېسىپ بولغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئوسمانىيلار سۇلتانلىرى ئىستانبۇلنى فەتھى قىلىشتىن ئىبارەت شەرەپكە ئېرىشىشنى شۇنچە ئارمان قىلغان بولسىمۇ، بۇ شەرەپكە نائىل بولالمىغان.

ئۈمىد قانچىلىك چوڭ بولسا، شۇنچىلىك كاتتا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. «ھەرقانداق نەرسە ئىككى قېتىم يارىتىلىدۇ» دېيىلىدۇ. بىرىنچى قېتىم پىكىردە، ئىككىنچى قېتىم ئەمەلىيەتتە. ئەجدادلىرىمىزدىن ئەلىشىر ناۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ئەينەكتىن ئىلھاملىنىپ، «جاھاننەما ئەينىكى»نى قىياس قىلغان. بۇ ئۇلۇغۋار قىياس مەيدانغا كېلىپ تۆت-بەش ئەسىردىن كېيىن، «تېلېۋىزور» دېگەن نەرسە ياسالدى»[1]. 1865-يىلى فرانسىيەلىك يازغۇچى گول فېرن «ئايغا سەپەر» ناملىق رومان يازغان بولۇپ، ئارىدىن تولۇق يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1965-يىلى تۇنجى ئىنسان ئايغا چىقتى. يازغۇچىلاردىن يەنە بىرى، پىروبىركا بوۋاقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، 1932-يىلى «قورقماس يېڭى دۇنيا» ناملىق رومان يازغان. يەنە بىرى غەۋۋاس توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈپ، «سۇ ئاستىدا يۈرۈش» ناملىق رومانىنى يازغان بولۇپ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن، غەۋۋاس ئىجاد قىلىنغان. 1970-يىلى ئامېرىكىلىق ئارسۇر كلارك سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئىنتېرنېت تورى مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، «قورقۇنچلۇق بالا» دەپ رومان يازغان.

كېلەچەككە ئۈمىد باغلىغان ۋە تەسەۋۋۇرغا باي كىشىلەر كېيىنكىلەرنىڭ ئىزدىنىش يوللىرىنى ئېچىپ بەرگەن، ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغان يېڭىلىقلار ۋە ئۇتۇقلار مەيدانغا كەلگەن.



[1] ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى.

# بالدۇر ئۆيلىنىشنىڭ 10 چوڭ پايدىسى

## ئۆيلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشىنىڭ سىرىدۇر. شۇڭا دىنىمىز ئائىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بارلىق دەۋەتنى ۋە ئىسلاھاتنى ئەڭ ئاۋۋال ئائىلىدىن باشلىغان. ھازىرقى زاماندىمۇ ئائىلە ئەھمىيەت جەھەتتە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان دۇنياۋى مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالماقتا. چۈنكى قۇرئان كەرىم: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ﴾ «سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر» دېگەن ئايەتتە مەقسەت قىلغان »ياخشى ئۈممەت« بىلەن، پەيلاسوپلار ئارمان قىلغان «پەزىلەتلىك جەمئىيەت» ئەنە شۇ ساغلام ئائىلىدىن چىقىدۇ. يەنى ياخشى ئائىلىدىن ياخشى ئۈممەت، پەزىلەتلىك ئائىلىدىن پەزىلەتلىك ئىنسانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياخشى ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدۇ. كۈچلۈك ۋە پەزىلەتلىك ئائىلىلەر دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن ياراملىق پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ.

## ئائىلە قۇرۇش بىر مۆجىزە

تۇرمۇش قۇرۇپ بىر ئائىلىنى تەسىس قىلىش چوڭ بىر مۆجىزە. چۈنكى بىر-بىرى بىلەن ياشاپ باقمىغان، بىرگە ئۆسمىگەن، ھەتتا بىر-بىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە تونۇمايدىغان، بىرى ئەر، يەنە بىرى ئايالدىن ئىبارەت يات ئىككى ئىنسان بىر-بىرىگە ئۆيلىنىپ بىرگە تۇرمۇش قۇرۇش ئارقىلىق دۇنيادا بىر-بىرىگە ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئامراق ۋە سەممىي ھايات شېرىكلىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار شۇنداق شېرىكلەرگە ئايلىنىدۇكى، مۇھەببىتىنى، بەخت- سائادىتىنى، مال-دۇنياسىنى ۋە بارلىق نەرسىسىنى بىر-بىرىگە ئاتاپ، تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ.

ئۆيلىنىش مۆجىزىسى ئىككى يات مىللەت كىشىلىرىنىمۇ بىر ياستۇقتا باش قويغۇزۇش ئارقىلىق ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر تەنگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۆيلىنىشتىن باشقا قايسى سەۋەب ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە مۇنداق يېقىن قىلالايدۇ؟!

## ئۆيلىنىشنىڭ ھۆكمى

ئۆيلىنىشنىڭ ھۆكمى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئۆيلىنىشكە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن كۈچى يېتىدىغان، ئۆيلەنمىگەن تەقدىردە، ئۆزىنىڭ گۇناھ، ھارام ئىشلارغا چۈشۈپ قالماسلىقىغا ئىشەنچىسى بار كىشىلەر ئۈچۈن سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە «ئۆيلىنىش ـ مېنىڭ يولۇمدۇر. كىمكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ يولۇمدا ماڭغۇچىلاردىن ئەمەس»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئىككىنچىسى، ئۆيلەنمىسە گۇناھ، ھارام ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىش قورقۇنچىسى بار كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار، ئۈچۈن بالدۇر ئۆيلىنىش پەرزدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: (يَا مَعْشَرَ الشَّبَابِ، مَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمُ الْبَاءَةَ فَلْيَتَزَوَّجْ، فَإِنَّهُ أَغَضُّ لِلْبَصَرِ، وَأَحْصَنُ لِلْفَرْجِ، وَمَنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَعَلَيْهِ بِالصَّوْمِ؛ فَإِنَّهُ لَهُ وِجَاءٌ ) « ئى ياشلار جامائەسى! سىلەردىن ئۆيلىنىشكە كۈچى يېتىدىغانلار ئۆيلەنسۇن، چۈنكى ئۆيلىنىش ھارامغا قاراشتىن ۋە زىنادىن ساقلايدىغان ئەڭ ياخشى چارىدۇر. ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدىغانلار روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا نەپسىنىڭ ئىستىكىنى پەسەيتىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇ ھەدىستىكى «ئۆيلەنسۇن» دېگەن بۇيرۇقنى پەرز دەپ قارايدۇ.



## بالدۇر ئۆيلىنىشنىڭ 10 چوڭ پايدىسى

قىز ـ يىگىتلەرنىڭ بالدۇر ئۆيلىنىشى دىنىمىزدا كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىنغان مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا باندىلىرىنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك ھايات كەچۈرىشىنى خالايدۇ. شۇڭا ئۇلارغا بىر قاتار ئەمر ـ پەرمانلارنى چۈشۈرگەن. ئۆيلىنىپ بىر موردىن تۇتۇن چىقىرىش قانچىلىك مۇھىم ۋە پايدىلىق بىر ئىش بولسا، بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق ئۆيلىنىش تېخىمۇ مۇھىم ۋە پايدىلىقتۇر. قىز ـ يىگىتلەرنىڭ بۇرۇنراق ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشى بۇ دۇنيانىڭ جەننىتىگە بۇرۇنراق كىرگەنلىكىدۇر.

1. بالدۇر ئۆيلىنىش ئارقىلىق مۇستەقىل تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى بۇرۇنراق تېتىغىلى، كۆڭۈلنى ئارام تاپقۇزغىلى ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگىلى بولىدۇ. ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَكُمْ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ إِذَا أَنْتُمْ بَشَرٌ تَنْتَشِرُونَ . وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «ئاللاھنىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ (يەر يۈزىگە) تارقىلىپ يۈرۈشۈڭلار ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ)

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئالامەتلىرىدىندۇر. كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز تېپىڭلاردىن جۈپلەرنى ياراتقانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن ئاراڭلاردا مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق ئورناتقانلىقى ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار». ئاللاھ تائالا ئاۋۋالقى ئايەتتە، ئىنساننى تۇپراقتىن يارىتىپ، ئۇنى يەر يۈزىگە تارقاتقانلىقىنى ئۆزىنىڭ كاتتا قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن قىلىپ كۆرسەتكەن بولسا، كېيىنكى ئايەتتە، ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆز تېپىدىن جۈپلەرنى تاللاپ ئۆيلىنىدىغان قىلغانلىقىنى ۋە ئارىسىدا مۇھەببەت ئورناتقانلىقىنى يەنە ئۆزىنىڭ كاتتا قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن قىلىپ كۆرسەتكەن. دېمەك، ئۆيلىنىپ ئائىلە تەسىس قىلىش ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەس. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۆيلىنىش ئىشىنى كېچىكتۈرۈش ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى، ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتتىن ئالىدىغان نېسىۋىسىنى كېچىكتۈرگەنلىكتۇر. چۈنكى، بىزنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىمىز ئۆز ئىلكىمىزدە بولمىغان بولسىمۇ، بۇ دۇنيادىن ئالىدىغان ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرىمىزنى كېكتۈرمەي ئېلىش بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى ئىشتۇر. بۇنى كېچىكتۈرۈش ئۆزىمىزگە زىيان سالغانلىقىمىز ۋە تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى كېچىكتۈرگەنلىكىمىز بولىدۇ. شۇڭا بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق ئۆيلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىش بىزنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشىمىزدۇر.

2. بالدۇر ئۆيلىنىش ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئىپپىتىنى قوغدىشىغا، ئەخلاقىنى ساقلىشىغا ياردەمچى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ دىنىنى تولۇقلايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم ئۆيلىنىش ئارقىلىق دىنىنىڭ يېرىمىنى تولۇقلىغان بولىدۇ، قالغان يېرىمىنى تەقۋالىق بىلەن تولۇقلايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئادەم ئۆيلىنىش ئارقىلىق ھارامغا قاراش، ھارامنى ئويلاش ۋە ھارامغا يېقىنلىشىش دېگەندەك رەزىللىكلەردىن ئۆزىنى ساقلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىنىنى قوغدايدۇ.

3. بالدۇر ئۆيلىنىش يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىدۇر. ﴿وَأَنْكِحُوا الْأَيَامَى مِنْكُمْ وَالصَّالِحِينَ مِنْ عِبَادِكُمْ وَإِمَائِكُمْ إِنْ يَكُونُوا فُقَرَاءَ يُغْنِهِمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ «ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر ۋە ئاياللارنىڭ، ئۆيلىنىشكە لاياقەتلىك قۇل ـ چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇل بولسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر»[2]. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئۆيلەنگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغانلىقىنى ۋە ئەگەر ئۇلار يوقسۇل بولسا تۇرمۇشىنى باي قىلىدىغانلىقىنى

[1] تەبەرانىي ۋە بەيھەقىي رىۋايىتى.

[2] نۇر سۈرىسى: 32 ـ ئايەت.

ۋەدە قىلغان. شۇڭا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتكە ئاساسلىنىپ، «ئۆيلىنىش ئارقىلىق بايلىق تىلەڭلار» دېگەن. مۇشۇ ئايەتكە بولغان ئىمانى بىلەن ئۆيلەنگەن ئادەمنى ئاللاھ تائالا چوقۇم كىشىلەردىن بىھاجەت قىلىدۇ، تۇرمۇشىنى موللۇق ۋە بەرىكەت بىلەن بېيىتىدۇ.

4. بالدۇر ئۆيلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى مەسئۇلىيەتلەرنى ئورۇنداشقا كۆندۈرگىلى ۋە بىر ئائىلىنىڭ غېمىنى يېيىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ساۋابىغا ۋە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۆيلىنىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەمرنى ئورۇنداش ۋە ئۆزىنىڭ جورىسىغا قارىتا مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەش كاتتا ساۋابلىق ئەمەللەردۇر.

5. بالدۇر ئۆيلىنىش بۇرۇنراق پەرزەنت كۆرۈشنىڭ يولىدۇر. مەلۇمكى، پەرزەنتلىرىمىز بىزنىڭ نام-نىشانىمىزنى داۋاملاشتۇرىدىغان، ئىرادىمىزگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە بىزنىڭ ئىزىمىزنى ئۆچۈرمەيدىغان ئەڭ ياخشى ئاۋانگارتلاردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرزەنتلەر دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقى، ئانا-ئانىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بارلىقىدۇر. ﴿الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ «پۇل _ ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر»[1]. رىئاللىق شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بالدۇر ئۆيلىنىپ، بۇرۇنراق پەرزەنت كۆرگەنلىكتىن، پەرزەنتلىرى ئۆزلىرىدىن ياش جەھەتتە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان كىشىلەر ھاياتتا كۆپ ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزى ياش تۇرۇپ پەرزەنت كۆرگەن كىشىلەر ياشانغاندا پەرزەنتلىرىنىڭ دۆلىتىنى كۆپرەك كۆرىدۇ ۋە ئۇلار ئارقىلىق نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالغانلىقتىن، ئۇلار ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىنمۇ كۆزى ئارقىدا قالمايدۇ.

6. بالدۇر ئۆيلىنىش تەن ساقلىقىغا زور پايدىلىق بولۇپ، تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى، ئەر-ئاياللىق تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلار كۆپلىگەن يۇقۇملىنىشلاردىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ھارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزىنىڭ تور بېكىتىدە، 127 مىڭ ئامېرىكىلىق ئەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي ئىستاتىستىكا ئارقىلىق ئۆيلۈك-ئوچاقلىق ئەرلەرنىڭ ئۆيلەنمىگەن ياكى ئۆيلىنىپ ئاجرىشىپ كەتكەن ئۆز قۇرامىدىكى ئەرلەرگە نىسبەتەن تەن ساقلىقى جەھەتتىن ئالاھىدە ياخشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغانلىقىنى ئېلان قىلغان. يەنە ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، قىز-ئوغۇللارنىڭ بۇرۇنراق ئۆيلىنىشى ئۇلاردىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، ۋىتامىن كەمچىللىكى، قان يۈرۈشمەسلىك قاتارلىق ئەھۋاللارنى نورماللاشتۇرىدىكەن.



[1] كەھف سۈرىسى: 46-ئايەت.

7. بالدۇر ئۆيلىنىش دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى، سالىھ (ياراملىق) ئەر ئۆچۈن ياراملىق ئايال ئەڭ ياخشى ياردەمچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋاپادار ئايالى ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۈچلۈك قوللىشى ۋە ئارقىسىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ئارقىلىق تۇنجى ئىسلام دەۋىتىنى يېيىشقا مۇۋەپپەق بولغان. مەشھۇر فورد ئاپتوموبىلىنىڭ ئىجادكارى ھېنرى فورد ھېچكىم قوللىمىغان شارائىتتا، پەقەت ئايالىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن ئىزچىل تىرىشىپ، فورد ئاپتوموبىلىنىڭ موتورىنى ياساپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان. قىسقىسى، ئەقىللىق ۋە سىزگە سادىق بىر جورىڭىز بولسا، ھاياتتا ئارزۇ قىلغان نۇرغۇن ئىشلىرىڭىزنى رويابقا چىقىرالايسىز. مەن ئۆزۈمنى مىسال قىلسامۇ، مېنىڭ ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرگەن ئاز-تولا ئۇتۇقلىرىم ئالدى بىلەن رەببىمنىڭ ياردىمى، ئاندىن ئايالىمنىڭ ئەمەلىي قوللىشى ۋە ئائىلىنىڭ جاپالىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ماڭا پۇرسەت چىقىرىپ بېرىشى نەتىجىسىدە قولغا كەلدى.

8. بالدۇر ئۆيلىنىش ھاياتنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ۋە تۇرمۇشنىڭ بېسىمىغا قارشى تەسەللى تېپىشنىڭ ۋە پسخىكا جەھەتتىن راھەتلىنىشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى، تىرىكچىلىكنىڭ جاپالىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك بېسىملىرىنى پەقەت ئەر-ئاياللار بىر-بىرىگە تەسەللى بېرىش بىلەنلا يەڭگىللىتەلەيدۇ. كۈنبويى جاپالىق ئىشلەپ، بەدىنى، مېڭىسى ۋە ھەممە ئەزالىرى قاتتىق چارچىغان كىشى ئۆيىگە قايتىپ جورىسى بىلەن دەردلىشىش، مۇڭدىشىش ۋە گۈزەل سۆزلەرنى قىلىشىش ئارقىلىق يەڭگىللەپ قالىدۇ، مېڭىسى راھەتلىنىدۇ، ھاردۇقى چىقىپ قالىدۇ.

9. بالدۇر ئۆيلىنىش پسخىكا كېسەللىكلىرىگە سەۋەب بولىدىغان «يالغۇزلۇق»تىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىدۇر. زامانىمىزدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار يالغۇزلۇقنىڭ ئالدى بىلەن پسخىكا كېسەللىكىگە، ئاندىن كۆپلىگەن بەختسىزلىكلەرگە ۋە كېلىشمەسلىكلەرگە يول ئاچىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۆيلەنمىگەن كىشىلەر مەيلى ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىدا بولسۇن، ياكى يالغۇز ياشىغان بولسۇن، بەربىر ئۇلار يالغۇزدۇر ۋە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇشتىكى مۇھەببەتتىن مەھرۇمدۇر. چۈنكى، «ئاراڭلاردا مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق ئورناتقانلىقى...» دېگەن ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك، ئاللاھ تائالا ئۆيلەنگەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىدىغان بۇ مۇھەببەتنى ئىنسان ئۆزىنىڭ جورىسىدىن باشقا ھېچكىمدىن، ھەتتا ئاتا-ئانىسىدىنمۇ، قېرىنداشلىرىدىنمۇ ۋە ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىنمۇ تاپالمايدۇ. بۇ مۇھەببەت دۇنيانىڭ قاتتىقچىلىقلىرىنى يېنىكلەشتۈرىدىغان، كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرىدىغان ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان ئالاھىدە مۇھەببەتتۇر. شۇڭا ئۆيلۈك-ئوچاقلىق ئىنسان ئاشۇ مۇھەببەتنى ۋە ئاشۇ ئىسسىق ئۆينى دەپ ھاياتلىق كۈرىشىگە كۆكرەك كېرەلەيدۇ، ھەرقانچە قىيىن شارائىتتىمۇ بۇ كۈرەشتىن ۋاز

كەچمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، ئائىلىسى ئۈچۈن ھاياتتا قىلىشقا تىرىشىۋاتقان بىر ئەزىمەتتۇر.

10. بالدۇر ئۆيلىنىش جەمئىيەتنى بۇزۇقچىلىقتىن، ئەخلاقسىزلىقتىن ۋە ھەر تۈرلۈك ھاياسىزلىقلاردىن قوغداشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى، جەمئىيەتنى بۇزىدىغان قىلمىشلارنىڭ بېشىدا زىنا - پاھىشە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانداقلا بىر قەۋمدە زىنا - پاھىشە ياكى جازانىخورلۇق ئومۇمىيلىشىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ» دېگەن[1]. بۇنىڭ بىر مىسالى شۇكى، پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيى كەلگەن چاغلاردا، ئىران پادىشاھلىقى بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېراتورلۇقى دۇنياغا خوجايىن ئىدى. يەر يۈزى ئۇلارنىڭ سايىسىدىن قورقۇپ تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتا، بۈيۈككى چوڭ ھاكىمىيەتنىڭ مۇكەممەل بىلىم - ھۈنەرلىك، مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن، كۈچلۈك ئەسكەرلىرى مەككە تاغلىرىدىن چىققان، ئەسكەر كۈچى ئاز، دۇنيالىق بىلىم - ھۈنەردە تېخى يېتىلىپ بولالمىغان ئەرەب ئىسلام كۈچلىرىگە تەڭ كېلەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بونىڭ سەۋەبى شوكى، رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلاردا زىنا - پاھىشە ئومۇملىشىش نەتىجىسىدە ئەخلاق بۇزۇلغان، ئەمما ئەرەبلەردە ۋەھيىنىڭ تەربىيەسى بىلەن ئەخلاق تۈزەلگەن ئىدى.

دېمەك، ھەر تەرەپتىن قوغدالغان بىر جەمئىيەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەن قىز - ئوغۇللار پەزىلەتلىك شەخسلەردىن بولۇپ چىقىدۇ. مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ راۋاج تېپىشى ياكى زاۋال تېپىشى شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

مىسىرلىق ئاتاغلىق شائىر ئەھمەد شەۋقىي مۇنداق دەپ يازغان:

إنما الأمم الأخلاق مابقيت      فإن همو ذهبت أخلاقهم ذهبوا

ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر

ئايرىلغانلار ئۇنىڭدىن زاۋاللىققا ھامان كېتەر.

[1] ھاكىم رىۋايىتى.

# ئۇيغۇرچە دۇئا

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-دۇئالىرىمنى يوللايمەن.

ئى ئاللاھ! سەن بىزنىڭ ئىگىمىز، مەدەتكارىمىز ۋە پەرۋىشكارىمىزسەن. بىزنىڭ سەندىن باشقا ئىگىمىز ياكى مەدەتكارىمىز ۋەياكى تايانچىمىز يوق. سەن بىزنى يوقتىن بار قىلىپ، چىرايلىق سۈرەتتە ياراتتىڭ، بىزگە تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلدىڭ، بىزگە ئەقىل ئىدراك ئاتا قىلىپ، بارچە مەۋجۇداتتىن ھۆرمەتلىك ۋە ئەزىز قىلدىڭ. ئى ئۇلۇغ رەببىمىز!

ئى ئۇلۇغ رەببىمىز! بىز سېنى قانچىلىك مۇكەممەل مەدھىيەلىسەكمۇ، سەن ئۆزۈڭنى مەدھىيەلىگەن دەرىجىدە مەدھىيەلەشتىن ئاجىز كېلىمىز، ئۇنىڭغا تىلىمىز ئاجىز، سۆزلىرىمىز يېتەرسىزدۇر. بىز ساڭا قانچىلىك كۆپ شۈكرى قىلساقمۇ، قانچىلىك كۆپ ئىبادەت قىلساقمۇ، سەن بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ، ئىنئاملارنىڭ ۋە ياخشىلىقلارنىڭ مىليوندىن بىرىنىمۇ ئادا قىلالمايمىز. ئى رەببىمىز! ئۈستىمىزدىكى ھەقلىرىڭ ھەقىقەتەن كۆپ ۋە چوڭ. بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە، سېنى رازى قىلىشقا ۋە ھەقلىرىڭنى ئادا قىلىشقا تىرىشىمىز. سەن بۇ يولدا بىزگە مەدەت بەرگىن، شۈكۈر ۋە ئىبادەتنىڭ يوللىرىنى بىزگە ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگىن. شۇ ئەرزىمەس ئىبادەتلىرىمىز ۋە لاياقەتسىز قۇلچىلىقىمىزنى ئۆز دەرگاھىڭدا قوبۇل قىلغىن، بىزنى دۇنيادا ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىدىن قىلغىن، ياخشى بەندىلىرىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغىن، ئاخىرەتتە بىزنى پەيغەمبەرلەر، شېھىتلەر، راستچىللار ۋە سالىھلار بىلەن بىرگە قىلغىن.

ئى رەببىمىز! سەن بىزنى سېنى ياخشى كۆرىدىغان، سېنىڭ مۇئمىن، سالىھ بەندىلىرىڭنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن قىلغىن، بىزنى كاپىرلارنىڭ، زالىملارنىڭ ۋە گۇناھكارلارنىڭ قاتارىدا قىلمىغىن. بىزنى سېنىڭ ھەق يولۇڭدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان، ئىمان بىلەن ياشاپ، ئىمان بىلەن ئۆلىدىغان ۋە ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرغان ئۈلگىلىك كىشىلەردىن قىلغىن.

ئـى ئالـلاھ! ئـى بىزگـە ئاتا ـ ئانىمىزدىنمۇ كۆيۈمچان، جـان تومۇرىمىزدىنمۇ يېقىن، تولىمـۇ شـەپقەتلىك ئالـلاھ! ئـى چـىن يۈرەكتىـن قىلىنغـان سـەممىي دۇئالارنـى ئىجابـەت قىلغۇچـى، بەندىلىرىنىـڭ ھاجەتلىرىنـى بىلگۈچـى، مۇناجاتلىرىنـى ئاڭلىغۇچـى ئالـلاھ! ساڭا قىلغـان ئىبادەتلىرىمىزنـى قوبـۇل قىلغىـن، دۇئالىرىمىزنـى ئىجابەت قىلغىن، ساڭا ئىلتىجا قىلىپ كۆتۈرگەن قوللىرىمىزنى قۇرۇق قايتۇرمىغىن.

ئـى شـەپقەتلىك ئىگـەم ئالـلاھ! بىـز ئاسـىي گۇناھـكار ۋە تولىمـۇ ھېقىـر بىـر قۇلۇڭمىـز، شـۇ تاپتـا ئىككـى قولىمىزنـى ئېگىـز كۆتـۈرۈپ تـۇرۇپ، سـېنىڭ چەكسىز مېھىـر شـەپقىتىڭگە، كـەڭ مەغپىرىتىڭگـە ۋە كاتتـا پەزلىڭگـە سـىغىنىپ ساڭا ئىلتىجا قىلىۋاتىمىـز. ئـى ئالـلاھ! جىمـى گۇناھلىرىمىـز ئۈچـۈن سـەندىن مەغپىـرەت تىلەيمىـز. ئـى ئالـلاھ! گۇناھلىرىمىزنـى ئەپـۇ قىلغىـن، يېتەرسـىز تەرەپلىرىمىزنـى تۈزىگىـن، بىزنى ياردىمىڭدىن ۋە شەپقىتىڭدىن قەتئىي مەھرۇم قىلمىغىن!

ئـى ئالـلاھ! بارلىـق ئىشلىرىمىزنىڭ كاپالىتـى بولغـان دىنىمىزغـا مۇكەممـەل ئەمەل قىلىشـقا نېسـىپ قىلغىـن. تىرىكچىلىكىمىزنىـڭ ئاساسـى بولغـان دۇنيالىقىمىزنـى بىـز ئۈچـۈن ياخشـىلاپ بەرگىـن، بىزگـە ھالالدىـن پـۇل تېپىـپ، ھالالدىـن يېيىشـنى ۋە پەرزەنتلىرىمىزنـى ھـالال بىلـەن ئوزۇقلاندۇرۇشـقا نېسـىپ قىلغىـن، قايتىدىغـان جايىمىـز بولغـان ئاخىرەتلىكىمىزنـى بىـز ئۈچـۈن ياخشـى قىلىـپ بەرگىـن، بىزنـى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خارلىقلىرىدىن ساقلىغىن.

ئـى زەررىچىلىـك ياخشـىلىقنىمۇ مۇكاپاتسـىز قالدۇرمايدىغـان كەرەملىـك ئالـلاھ! ئىككـى قولـلاپ بېشـىمىز ئۈسـتىدە كۆتـۈرۈپ سـاڭا تۇتقـان بـۇ ئىخلاسـىمىزنى، بـۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمىزنى بىزدىن قوبۇل قىلغىن!

ئـى دىللارنـى باشقۇرغۇچى ئالـلاھ! دىلىمىزنـى دىنىڭغـا مۇسـتەھكەم قىلغىـن. ئـى دىللارنـى ئۆزگەرتىـپ تۇرغۇچـى ئالـلاھ! دىللىرىمىزنـى سـېنىڭ تائـەت ـ ئىبادىتىـڭ تەرەپكە يۈزلەندۈرگىن.

ئـى ئالـلاھ! رەھمىتىڭنـى ئۈمىـد قىلىمىـز، بىزنـى كـۆز يۇمـۇپ ئاچقۇچىلىكمـۇ ئـۆز ھالىمىزغـا قويۇۋەتمىگىـن، بارلىـق ئىشـلىرىمىزنى ياخشـىلاپ بەرگىـن، سـەن بىزنىـڭ يېگانە ئىگىمىزسەن، سەندىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر.

ئـى ئالـلاھ! بارلىـق ئىشـلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنـى ياخشـى قىلغىـن، بىزنـى دۇنيانىـڭ خارلىقىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن.

ئـى ئالـلاھ! بىـز سـەندىن پەيغەمبىرىـڭ مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالام تىلىگـەن نەرسـىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسـىنى تىلەيمىز ۋە سـاڭا سـىغىنىپ پەيغەمبىرىـڭ مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالام پانـاھ تىلىگـەن نەرسـىلەرنىڭ يامانلىقىدىـن پانـاھ تىلەيمىز. سـەن ئەڭ

ياخشى مەدەتكارسەن، تولىمۇ شەپقەتلىكسەن. سېنىڭ ياردىمىڭ بولمىسا، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

ئى ئاللاھ! بىزگە ئىماننى قىزغىن سۆيدۈرگىن، ئۇنى دىلىمىزغا چىرايلىق كۆرسەتكىن. بىزگە كۇفرى، بۇزۇقچىلىق ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتكىن، بىزنى توغرا يولدا ئىزچىل يۈرگۈچىلەردىن قىلغىن.

ئى ئاللاھ! سەندىن قورقمايدىغان دىلدىن، قوبۇل بولمايدىغان دۇئادىن، تويمايدىغان نەپستىن، پايدىسىز ئىلىمدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئى ئاللاھ! مۇشۇ تۆت نەرسىدىن پاناھ بەرگىن.

ئى ئاللاھ! بىزگە پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرگىن، بىزگە بىلدۈرگەنلىرىڭدىن بىزنى پايدىلاندۇرغىن، ئىلمىمىزنى زىيادە قىلغىن.

ئى ئاللاھ! سەندىن بىزنى رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان، مەغپىرىتىڭگە مۇيەسسەر قىلىدىغان ئەمەللەرنى، بارلىق گۇناھلاردىن ساقلىنىشنى، جىمى ياخشىلىقلارغا ئېرىششنى، جەننەتكە مۇيەسسەر بولۇشنى ۋە دوزاختىن يىراق بولۇشنى تىلەيمىز. ئى ئاللاھ! ھەرقانداق گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغايسەن، ھەرقانداق قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلغايسەن ۋە سەن رازى بولىدىغان ھەرقانداق ھاجىتىمىزنى راۋا قىلغايسەن!

ئى شەپقەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكى ئاللاھ! شەپقىتىڭنى بىزدىن ئايىمىغىن، بىزنى يۆلەكسىز تەرك ئەتمىگىن.

ئى ئاللاھ! سەندىن قايتماس ئىمان، تۈگىمەس نېمەت ۋە مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشنى تىلەيمىز.

ئى ئاللاھ! بىزگە ھەقنى ھەق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى نېسىپ قىلغىن، بىزگە باتىلنى باتىل كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى نېسىپ قىلغىن.

ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن ۋە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرىسەن، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن.

ئى ئاللاھ! بىزگە ئاتا قىلغان نېمىتىڭنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، بەرگەن ئامانلىقىڭنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىڭدىن ۋە بارچە غەزەپلىرىڭدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ئى ئاللاھ! غەم-قايغۇدىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قەرزدارلىقتىن، دۈشمەننىڭ غالىب كېلىشىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ئى ئاللاھ! قۇرئان كەرىمنى قەلبىمىزنىڭ باھارى، كۆڭلىمىزنىڭ نۇرى، غەم-قايغۇلىرىمىزنى كەتكۈزگۈچى قىلىپ بەرگىن. ئى ئاللاھ! بىزنى قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ سۈننەتنىڭ يولىدىن ھەرگىز ئايرىمىغىن.

ئى ئاللاھ! بىزگە بىزنى گۇناھتىن تامامەن يىراق قىلىدىغان، بۇيرۇغانلىرىڭنى تولۇق ئورۇندايدىغان تەقۋالىق، جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان تائەت-ئىبادەت، دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرى ۋە قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا ھالسىراپ قالمايدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلغىن.

ئى ئاللاھ! سەن بىزنى ھايات قالدۇرغان مۇددەت ئىچىدە بىزنىڭ كۆزىمىزنى، قۇلىقىمىزنى ۋە بارلىق ئەزالىرىمىزنى ساق قىلغىن، بىزگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئىنتىقامىمىزنى ئېلىپ بەرگىن، دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، بىزنى دىنىمىزدىن ئايرىمىغىن، بىزنى دۇنيالىقنىڭلا غېمىنى قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقىسى بىلمەيدىغانلاردىن قىلمىغىن، بىزگە رەھىم قىلمايدىغانلارنى ئۈستىمىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن.

ئى ئاللاھ! بىز ئۆزىمىزگە كۆپ زۇلۇم قىلدۇق، گۇناھلىرىمىزنى سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ، بىزگە رەھىم قىلغىن، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىسەن.

ئى ئاللاھ! سېنى ياد ئېتىشىمىز، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمىز، ۋە ساڭا لايىقىڭدا ئىبادەت قىلىشىمىز ئۈچۈن بىزگە مەدەت بەرگىن.

ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭغا تەلمۈرۈپ، غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمىز، سېنىڭ قوغدىشىڭغا تەلمۈرۈپ، ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمىز، ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمىز، ئى رەببىم! بىز سېنى سەن ئۆزۈڭگە تەرىپلىگەندەك مۇكەممەل رەۋىشتە تەرىپلەشتىن ئاجىزمىز.

ئى ئاللاھ! زالىملارنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان خەلقىمگە رەھىم- شەپقەت قىلغىن، ئۇلارنى تېز ۋاقىت ئىچىدە زۇلۇمدىن قۇتقۇزغىن، دىنسىزلىقتا ۋە ئەخلاقسىزلىقتا زورلىنىۋاتقان سەبىي پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئاپئاق قۇنىدۇزدەك پاك دىللىرىغا ئىمان ۋە ھىدايەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتى بەرگىن، ئۇلارنىڭ كېلەچىكىنى بىزلەرنىڭكىدىن ياخشى ۋە پارلاق قىلغىن.

ئى ئاللاھ! بىز سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكارمىز، خەلقىمىزنىڭ ئالدىدا ئەيىبكارمىز، بىز ۋاپاسىز، قارا يۈز بەندىلەردىن بولۇپ قالدۇق. گۇناھىمىزنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى بىلىمىز. چۈنكى بىز ئەركىن دۇنياغا چىقىۋېلىپ، ئەسلىمىزنى ئۇنتۇپ قالدۇق، بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىدا كۆيۈۋاتقان خەلقىمىز ۋە كېلەچىكى نابۇت

بولۇۋاتقان پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلالمىدۇق، بىز غەپلەتتە ياتتۇق، ئۆزىمىزنىلا ئويلىدۇق، خەلقىمىزنى ئەستىن چىقاردۇق. ئۇلارنىڭ چەككەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئاڭلىماسقا، بىلمەسكە ۋە كۆرمەسكە سالدۇق. بىز يەنىلا سېنىڭ كەڭ مەغپىرىتىڭگە سىغىنىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. چۈنكى بىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يولىمىز يوق.

ئى ئاللاھ! زامانىمىزنىڭ پىرئەۋنلىرىنى ئۆزۈڭنىڭ ئىبرەتلىك جازالىشىغا ھاۋالە قىلدۇق. ئۇلارنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىۋەتكىن، رەزىل مەقسەتلىرىگە يەتكۈزمىگىن، ئۇلارغا ئاد، سەمۇد ۋە پىرئەۋن قەۋملىرىنىڭ كۈنلىرىنى كۆرسەتكىن.

ئى ئاللاھ! ئانا ۋەتىنىمىدىكى ئەزىز خەلقىمنى قوغدىغىن، ئۇلارنى نابۇت بولۇپ كېتىشتىن ساقلىغىن، ئۇلارغا رەھىم قىلغىن، ئۇلارغا كۈچ ـ قۇۋۋەت، سەۋر ـ تاقەت ئاتا قىلغىن.

ئى ئاللاھ! ساڭا قولىنى كۆتۈرۈپ دەرد ـ ئەلەملىرىنى ۋە تىلەكلىرىنى ئاڭلىتىشقىمۇ ئىمكانىيىتى بولمىغان، ھەر خىل رەزىل باھانىلەر بىلەن قىرغىنچىلىققا يۈزلىنىۋاتقان ئاشۇ ئەزىز خەلقىمىزنى ساڭا تاپشۇردۇق، ئۇلارغا سەن ئىگە بولغىن، ئۇلارنى سەن قوغدىغىن ۋە سەن قۇتقۇزغىن.

ئى ئاللاھ! ئەركىن دۇنيادىكى ئۇيغۇر خەلقىمگە ئىمان، ھىدايەت، بىرلىك، ئىناقلىق، غەيرەت، شىجائەت، ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىمكانىيەت ئاتا قىلغىن. بىزنى بۆلۈنۈشنىڭ ۋە تەپرىقىچىلىكنىڭ ۋابالىدىن ساقلىغىن، خەلقىمىزگە ئەقىل ۋە ئىنساپ بەرگىن.

ئى ئاللاھ! قولىمىزدىن كەلگەنچە سەۋەب قىلىپ، سېنى رازى قىلىش ۋە خەلقىمىزنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن بىزگە پاراسەت، ئىمكانىيەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن.

ئى ئاللاھ! مۇشۇ مۇقەددەس جايدا، مۇشۇ ئۇلۇغ جۈمە كۈنىدە، مۇشۇ ئۇلۇغ سائەتلەردە ساڭا قىلغان دۇئايىمىزنى قوبۇل قىلغىن، كۆتۈرگەن قوللىرىمىزنى قۇرۇق قايتۇرمىغىن.

ئى ئاللاھ! سەندىن خەلقىمىزگە نۇسرەت، زالىملارغا ھالاكەت تىلەيمىز. (حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ ) «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!»